新 · 疆 · 文 · 库

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

# قۇتادغۇبىلىك

# 福乐智慧

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى
نەزمىي يەشمىسى

维吾尔文古语诗体今译本

«شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلىش ھەيئىتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com



ISBN 978-7-228-16921-4

定价：195.00 元

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

# قۇتادغۇ بىلىك

**福乐智慧**

## ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسى

维吾尔文古语诗体今译本

«شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلىش ھەيئىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

福乐智慧:维吾尔文古语诗体今译本:维吾尔文 / (宋)优素甫·哈斯·哈吉甫著;阿不都热依木·吾铁库尔,艾合买提·孜亚依,买买提明·玉素甫译. — 乌鲁木齐:新疆人民出版社,2013.8

(新疆文库)

ISBN 978-7-228-16921-4

Ⅰ.①福… Ⅱ.①玉… ②阿… ③艾… ④买… Ⅲ.①维吾尔族—古典诗歌—中国—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I222.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 183323 号

新疆文库《新疆文库》编辑出版委员会

**福乐智慧**

维吾尔文古语诗体今译本

译　　者　阿不都热依木·吾铁库尔
　　　　　艾合买提·孜亚依　买买提明·玉素甫
责任编辑　阿不都热合曼·艾白
　　　　　买买吐尔地·米尔孜艾合买提
责任校对　阿达来提·买合苏提　古丽夏尔·耐和买提
设计总监　宁成春　刘堪海
印制总监　郑　忠
维文标识　买买提·诺比提
书名题写　买买提·诺比提

出　　版　《新疆文库》编辑出版委员会
　　　　　新疆人民出版社
地　　址　乌鲁木齐市解放南路 348 号
邮　　编　830001
电　　话　(0991)2827472
制　　版　艾克拜尔·沙力
印　　刷　中华商务联合印刷(广东)有限公司
版　　次　2013 年 11 月第 1 版　第 1 次印刷
开　　本　889 毫米 × 1194 毫米　1/16
印　　张　48.625 印张
字　　数　1381 千字
印　　数　1-1 500 册
定　　价　195.00 元

《新疆文库》官网网址:http://www.xjwenku.com

《新疆文库》编辑出版工作领导小组

**顾问**

张春贤　努尔·白克力

**组长**

胡　伟　李学军

**副组长**

铁力瓦尔迪·阿不都热西提　艾尔肯·吐尼亚孜　张贵亭

**成员**

景海燕　李春阳　吕焕斌　许小宁　陈宇明　弯海川　吾买尔·阿不都拉

韩子勇　吐尔逊·伊不拉音　张小雷　买买提·牙森　石永强

古力先·吐拉洪　宋振亚　李冀东　吴福环　傅春利　陈　彤

阿扎提·苏里坦　廖运建　万卫平　张新泰　阿不都热合曼·艾白

塔西甫拉提·特依拜　夏里甫汗·阿布达里　吴志强　陈建平　侯世新

*

《新疆文库》编辑出版工作领导小组办公室

**主任**

石永强(兼)

**副主任**

古力先·吐拉洪(兼)　米吉提·卡德尔　赛力克·巴勒夏提

黄晓新　任　澄

《新疆文库》编辑出版委员会

**主任**

张贵亭

**副主任**

石永强　古力先·吐拉洪　米吉提·卡德尔　刘　宾

黄晓新　张新泰　阿不都热合曼·艾白

田卫疆　哈布丁·卡德尔

**成员**

（按姓氏笔画排序）

于志勇　马克来党·玉买尔拜　马合木提·阿布都外力　马品彦　马雄福

王　博　牛汝极　丹　碧　艾力·吾甫尔　艾尔肯·伊明尼牙孜　艾尔肯·哈德尔

扎米尔·赛都拉　丛冬梅　束迪生　齐清顺　伊河山·伊明　伊第里斯·阿不都热苏勒

买买提·赛来　纪大椿　李季莲　李维青　吴志强　吴福环　别克苏勒坦·卡塞

苗普生　孟　楠　陈世明　陈　彤　阿不力米提·艾海提　阿尔斯兰·阿布都拉

阿扎提·苏里坦　周　轩　周俊林　侯世新　修仲一　施新荣

禹宾熙　贺　灵　贾木查　贾丛江　贾合甫·米尔扎汗

海热提江·吾斯曼　高建龙　高　健　管守新

**编务人员**

史亚康　聂光玉　刘伟利　张新革　荆鲁洲　古丽巴哈尔·艾海提

赵新华　李　真　顾春虎

# «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر

**مەسلىھەتچىلەر:** جاڭ چۈنشيەن، نۇر بەكرى

**گۇرۇپپا باشلىقلىرى:** خۇ ۋېي، لى شۆجۈن

**مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىرى:** تىلىۋالدى ئابدۇرېشىت، ئەركىن تۇنىياز، جاڭ گۇيتىڭ

**گۇرۇپپا ئەزالىرى:** جىڭ خەيىيەن، لى چۈنياڭ، لۇ خۇەنبىن، شۇ شياۋنىڭ، چېن يۇمىڭ، ۋەن خەيچۈەن، ئۆمەر ئابدۇللا، خەن زىيۇڭ، تۇرسۇن ئىبراھىم، جاڭ شياۋ-لېي، مەھەممەت ياسىن، شى يۇڭچياڭ، گۈلشەن تۇراخۇن، سۇڭ جېنيا، لى جىدۇڭ، ۋۇ فۇخۇەن، فۇ چۈنلى، چېن تۇڭ، ئازاد سۇلتان، لياۋ يۈنجيەن، ۋەن ۋېيىڭ، جاڭ شىنتەي، ئابدۇراخمان ئەبەي، تاشپولات تېيىپ، شارىپقان ئابدالى، ۋۇ جىچياڭ، چېن جيەنپىڭ، خۇ شىشىن

# «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش ئىشخانىسىدىكىلەر

**مۇدىرى:** شى يۇڭچياڭ (قوشۇمچە)

**مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:** گۈلشەن تۇراخۇن (قوشۇمچە)، مىجىت قادىر، سېرىك بالشات، خۇاڭ شياۋشىن، رېن چېڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىستانى
www.uyghurkitap.com

# «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلىش ھەيئەتىدىكىلەر

**مۇدىرى:** جاڭ گۇيتىڭ

**مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:** شى يۈكچياڭ، گۈلشەن تۇراخۇن، مىجىت قادىر، ليۇ بىن، خۇاڭ شياۋشىن، جاڭ شىنتەي، ئابدۇراخمان ئەبەي، تيەن ۋېيجياڭ، قابدەن قادىر

**ھەيئەت ئەزالىرى:** يۈ جىيۇڭ، ماكېلېك ئۆمەرباي، ماخمۇت ئابدۇۋەلى، ما پىنيەن، ما شيۇڭفۇ، ۋاڭ بو، نيۇ رۇجى، دەنبى، ئېلى غوپۇر، ئەركىن ئىمىنىنىياز، ئەركىن قادىر، زامىر سەيدۇللا، سۇڭ دۇڭمېي، لا دىشېڭ، چى چىڭشۇن، ئىھسان ئىمىن، ئىدرىس ئابدۇرۇسۇل، مەھەممەت سەلەي، جى داچۈن، لى جىليەن، لى ۋېيچىڭ، ۋۇ جىچياڭ، ۋۇ فۇخۇەن، بېكسۇلتان كاسېي، مياۋ فۇشېڭ، مېڭ نەن، چېن شىمىڭ، چېن تۇڭ، ئابلىمىت ئەھەد، ئارسلان ئابدۇللا، ئازاد سۇلتان، جۇ شۇەن، جۇ جۇنلىن، خۇ شىشىن، شيۇ جۇكيى، شى شىنرۇڭ، يۈ بىڭشى، خې لىڭ، جيامچا، جيا سۇڭجياڭ، جاقىپ مىرزاقان، غەيرەتجان ئوسمان، گاۋ جيەنلۇڭ، گاۋ جيەن، گۇەن شۇشىن

**خىزمەتچىلەر:** شى ياكاڭ، نيې گۇاڭيۇ، ليۇ ۋېيلى، جاڭ شىنگې، جىڭ لۇجۇۋ، گۈلباھار ئەخەت، جاۋ شىنخۇا، لى جېن، گۇ چۇنخۇ

(خەنزۇچە فامىلە خەت سىزىقىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى بويىچە تىزىلدى)

# 出版说明

盛世修典，是我国优秀的文化传统。编辑出版《新疆文库》是新疆历史上规模最大的一项文化基础工程，是一项里程碑式的文化德政工程，也是一项文化自信工程，是目前新疆经济社会发展欣欣向荣、繁荣昌盛的体现。

编辑出版《新疆文库》是贯彻党的十八大和十七届六中全会及自治区第八次党代会精神的重大举措。对于落实"以现代文化为引领"的战略方针，有效发挥出版物在民族文化积累、文明传承、知识创新中的重要作用；对于引导各族干部群众，特别是青少年正确了解认识新疆历史、民族发展史、宗教演变史，自觉维护祖国统一，加强民族团结，努力培育"爱国爱疆、团结奉献、勤劳互助、开放进取"的新疆精神；对于传承中华民族优秀文化和新疆民族优秀文化，推动新疆文化大发展、大繁荣，更好地服务于新疆跨越式发展和长治久安；对于丰富完善中华文化宝库都具有重要意义。

一、《新疆文库》编辑出版的宗旨和目的是坚持社会主义先进文化的前进方向，通过对新疆自古以来文化经典力作大规模、系统化地挖掘、收集、整理，全面、客观、真实地反映新疆文化发展的全貌。以科学翔实的史料、资料确证新疆自古以来就是祖国大家庭的重要成员，使世人和后人全面了解新疆独特的地域文化，使新疆优秀文化传播世界、流播后世。同时反映新疆作为古代"丝绸之路"枢纽地区、对世界东西方文化交流交融做出的重要贡献；反映新疆作为现代文化蓬勃发展的新兴地区所具有的丰富多彩的文化生态；反映新疆文化从属于中华整体文化的"一体多元"的显著特征。

二、《新疆文库》编辑出版的基本原则是：维护国家统一，促进

民族团结；尊重历史、新疆特色；古今中外、兼收并蓄；面向世界、面向未来；先易后难、循序渐进；统一领导、统一管理。

三、《新疆文库》收集整理汉、维吾尔、哈萨克、蒙古、柯尔克孜、锡伯文（目前新疆主要的出版物文字）等文字（包括其古代文字）的文献作品，以纸介质版和数字版两种形式，主要择优出版自古以来至1949年10月1日（即中华人民共和国成立）之前有关新疆的哲学和社会科学、历史地理、文学艺术、科学技术、综合等类别的历史文献，古籍资料等，1949年10月以后已出版的新疆古代、近代史的有特别重要社会历史文化价值的研究著述经专家评审鉴定后也有收入，原则上不组织新的专门约稿。《新疆文库》拟包涵约1000册（卷），其中汉文文献约600册（卷），少数民族文献约400册（卷）。

四、《新疆文库》入选文献的标准：

1. 符合上述规定的入编基本原则和内容要求；

2. 具有重大历史文化社会影响和价值的；

3. 需要保护濒临消亡或亟待抢救发掘的；

4. 对研究新疆历史文化发展具有重大参考研究价值的；

5. 对新疆各民族文化具有传播、传承作用的。

五、《新疆文库》对自古以来已经出版的优秀经典文献作品进行广泛搜集、整理、集成，使零散的优秀作品系统化、规范化。对散失在民间社会上、具有历史价值的优秀文化遗产给予抢救、挖掘整理，使之重现光芒。原文是使用不同历史时期少数民族语言文字撰就的古籍，维持原貌，不另行组织翻译，列入文库影印编辑出版。

六、参考其他文库编辑体例，结合新疆特有的多民族、多语种、多元文化的特点，为体现文库的学术性、经典性、科学性，《新疆文库》选收作品分甲、乙、丙、丁四部和附录，下按民族文种分，每文种内按时代顺序编排。

**甲部** 新疆各民族经典力作。主要收录新疆各民族优秀文化典籍和文学名著的优秀汉译本、民文译本等。

**乙部** 新疆珍贵史籍和史料。包括正史中有关新疆的内容，其他大型历史文献和类书中有关新疆的内容，汇辑成册收入，还有史籍、档案、地方志等。

**丙部** 新疆历代各类人物文集、传记。

**丁部** 综合性和专题性著述集。综合反映新疆地缘优势和

民族特色，表现和深入研究新疆各民族历史、文化、科技、民俗、风物和民间文学等内容的作品集。现代有地域特色的优秀著作、译著等酌情收入。

为反映新疆地方文献的全貌，编辑《新疆历史文献古籍要目辑录》或未列入文库作品在内的《〈新疆文库〉存目图书》，作为“附录”列入文库出版。

七、 本文库为便于读者对照考证研究，对经典作品的少数民族文字、汉文译本都有收入。少数民族文作品收入了经专家评审出的最原始或最完整的版本，汉文收入经专家评审出的译文最好的版本。

八、 本文库对建国60多年来国内各出版社已整理出版有关新疆的优秀古代、近代作品优先予收入。

九、 本文库对建国60多年来尚未整理出版而有重要社会历史价值的新疆地方文献中的孤本、善本优先予收入。

十、 本文库所收文献多为易获取的优秀版本。

十一、 本文库入库文献采用原本还是校注本，一般根据专家评审出的原本和校注本的质量而定。

十二、 本文库对内容相同或重复的需要补充合并的书目为尽可能完整，进行了必要的补充合并。

十三、 本文库对部头较大的书，如文集或方略，只选取与新疆有关的内容单独入库。

十四、 本文库在部分书目入库时做了必要的技术处理。

《新疆文库》的编辑出版是一项在新疆史无前例、历时持久、规模宏大的出版工程，由于缺乏经验和限于编选者的学术、业务水平，失当之处在所难免。敬请社会各界批评指正。

**《新疆文库》编辑出版委员会**

二〇一二年七月三十一日

www.uyghurkitap.com

# نەشر قىلىنىشى ھەققىدە

ئاسايىشلىق دەۋردە پۈتۈك - رىسالىلەرنى رەتلەش — ئېلىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى. «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلىش شىنجاڭ تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان بىر تۈرلۈك مەدەنىيەت ئۇل قۇرۇلۇشى، دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە مەدەنىيەت ساخاۋەتچىلىكى قۇرۇلۇشى، شۇنداقلا مەدەنىيەتتە ئۆزىگە ئىشىنىش قۇرۇلۇشى بولۇپ، نۆۋەتتىكى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ تازا گۈللەنگەن ۋە يۈكسىلىپ ئاۋاتلاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

«شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلىش، پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 17 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 8 - قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيى روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر. ئۇ «زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىش» ئىستراتېگىيەلىك فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇپ، نەشر بۇيۇملىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەتنى توپلاش، ئۇنىڭغا مەدەنىي ۋارىسلىق قىلىش ۋە بىلىمدە يېڭىلىق يارىتىشتىكى مۇھىم رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇشتا، ھەر مىللەت كادىر - ئاممىسى، بولۇپمۇ ياش - ئۆسمۈرلەرنى شىنجاڭ تارىخىنى، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى، دىنىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخىنى توغرا تونۇپ، ئاڭلىق ھالدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە، تىرىشىپ «ۋەتەننى، شىنجاڭنى سۆيۈش، ئىتتىپاقلىشىپ تۆھپە قوشۇش، تىرىشىپ ئۆزئارا ياردەملىشىش، ئېچىۋېتىپ ئالغا ئىنتىلىش»تەك شىنجاڭ روھىنى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلەشتە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتى ۋە شىنجاڭنىڭ مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئۇزاق ئەمىنلىكىگە تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشتا، جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىپ مۇكەممەللەشتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

1. «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى ۋە مەقسىتى: سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تارىختىن بۇيانقى نادىر مەدەنىيىتى، كىلاسسىك ئەسەرلىرىنى چوڭ كۆلەملىك،

سىستېمىلىق قېزىش، توپلاش، رەتلەش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى تولۇق، ئوبيېكتىپ، راستچىللىق بىلەن ئەكس ئەتكۈزۈش؛ ئىلمىي بولغان ئەتراپلىق ۋە ھەقىقىي تارىخىي ماتېرىياللار ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ قەدىمدىن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى دەلىللەش؛ ھۆججەت ـ مەلۇماتلار ئارقىلىق بوگۈنكىلەر ۋە كېيىنكىلەرگە شىنجاڭنىڭ ئۆزىگە خاس يەرلىك مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تارقىتىش، كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈش؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى بولۇش سۈپىتى بىلەن شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا قوشقان مۇھىم تۆھپىسىنى نامايان قىلىش؛ شىنجاڭنىڭ زاماننۋى مەدەنىيەت جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان، يېڭى، گۈللەنگەن رايون بولۇشىدىكى مول ھەم رەڭگارەڭ مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسىنى نامايان قىلىش؛ شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە تەۋە بولغان «بىر گەۋدە، كۆپ مەنبەلىك» روشەن ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىش.

2. «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلىشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى: دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ تارىخقا، شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ھۆرمەت قىلىش؛ قەدىمدىن بۈگۈنگىچە، جۇڭگودىن چەت ئەلگىچە بولغان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى كىرگۈزۈش؛ دۇنياغا، كەلگۈسىگە يۈزلىنىش؛ ئاۋۋال ئاسانلىرىنى، كېيىن قىيىنلىرىنى تەرتىپ بويىچە تەدرىجىي ئىشلەش؛ بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، بىرتۇتاش ياشقۇرۇش.

3. «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»گە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە، شىبەچە يېزىقلار (ھازىر شىنجاڭدىكى ئاساسلىق نەشر بۇيۇملىرى يېزىقلىرى)دىكى (ئۇلارنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مەدەنىيەت يازما يادىكارلىقلىرى كىرگۈزۈلۈپ، باسما نۇسخا ۋە رەقەملىك (ئېلېكترونلۇق) نۇسخىدىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلدە نەشر قىلىنىدى. ئاساسلىقى قەدىمدىن تارتىپ 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە (جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىغا قەدەر) بولغان شىنجاڭنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن، تارىخ ـ جۇغراپىيە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، پەن ـ تېخنىكا ۋە ئۇنىۋېرسال ساھەلىرىگە دائىر تارىخىي يادىكارلىقلار، قەدىمىي كىتاب ـ ماتېرىياللار تاللاپ كىرگۈزۈلدى. 1949 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن كېيىن نەشر قىلىنغان شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئالاھىدە مۇھىم ئىجتىمائىي، تارىخىي مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە تەتقىقات ئەسەرلىرىمۇ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھالاپ بېكىتىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن تاللاپ كىرگۈزۈلدى، پىرىنسىپ جەھەتتىن يېڭىدىن مەخسۇس ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇلمىدى. «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى» تەخمىنەن 1000 كىتاب (توم) بولۇپ، خەنزۇچە يادىكارلىقلار تەخمىنەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

600 كىتاب (توم)، ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار تەخمىنەن 400 كىتاب (توم) بولدى.

4. «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»گە كىرگۈزۈلگەن يادىكارلىقلارنى تاللاش ئۆلچىمى:

1) يۇقىرىدا بېكىتىلگەن ئاساسىي پرىنسىپ ۋە مەزمۇن تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن بولغانلار؛

2) زور تارىخىي مەدەنىيەت قىممىتى ۋە ئىجتىمائىي تەسىرى بارلار؛

3) قوغداش زۆرۈر بولغان، يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ياكى جىددىي قېزىپ قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك بولغانلار؛

4) شىنجاڭنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتا زور پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولغانلار؛

5) شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى تارقىتىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش رولىغا ئىگە بولغانلار.

5. «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»دە تارىختىن بۇيان نەشر قىلىنغان مۇنەۋۋەر كىلاسسىك يادىكارلىقلارنى كەڭ توپلاپ، رەتلەپ، يىغىپ، تارقىلىپ كەتكەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر سىستېمىلاشتۇرۇلدى، قېلىپلاشتۇرۇلدى. خەلق ئارىسىدا، جەمئىيەتتە چېچىلىپ يۈرگەن تارىخىي قىممەتكە ئىگە مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مىراسلىرى قۇتقۇزۇلدى، قېزىپ رەتلەندى، ئۇلار قايتا جۇلالاندۇرۇلدى ۋە ئەسلىي ئارگىنالى ئوخشاشمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقلىرىدا يېزىلغان قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي ھالىتى ساقلاپ قېلىنىپ، ئۇلار ئايرىم تەرجىمە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلماستىن، مەجمۇئەنىڭ سۈرەتكە ئېلىپ بېسىپ نەشر قىلىش تۈرىگە كىرگۈزۈلدى.

6. باشقا مەجمۇئەلەرنىڭ تۈزۈلۈش شەكلىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان كۆپ مىللەتلىك، كۆپ تىللىق، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەجمۇئەنىڭ ئىلمىيلىكى، كىلاسسىكلىقى، تەرتىپلىكلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»گە تاللانغان ئەسەرلەر ئا، ئە، ب، پ دىن ئىبارەت تۆت قىسىم ۋە قوشۇمچە قىسىمغا ئايرىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە مىللىي يېزىقلار بويىچە ئايرىلىپ، ھەرقايسى يېزىق تۈرى ئىچىدە ۋاقىت تەرتىپى ئاساسىدا رەتكە تىزىلدى.

ئا قىسىم: شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ نادىر كىلاسسىك ئەسەرلىرى. بۇنىڭغا ئاساسلىقى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە دائىر مۇنەۋۋەر قەدىمكى ئەسەرلەرنى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مۇنەۋۋەر خەنزۇچە تەرجىمىلىرى، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى تەرجىمىلىرى قاتارلىقلار كىرگۈزۈلدى.

ئە قىسىم: شىنجاڭنىڭ قىممەتلىك تارىخىي ئەسەرلىرى ۋە تارىخ ماتېرىياللىرى. بۇنىڭغا

رەسمىي تارىخنامىلەردىكى شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار، باشقا چوڭ تىپتىكى تارىخىي يادىكارلىقلار ۋە تۇرلەر بويىچە يېزىلغان پۈتۈك ـ دەستۇرلاردىكى شىنجاڭغا دائىر مەزمۇنلار توپلاپ كىتاب قىلىنىپ كىرگۈزۈلدى، يەنە تارىخىي ئەسەر، ئارخىپ، تەزكىرە قاتارلىقلارمۇ كىرگۈزۈلدى؛

ب قىسىم: شىنجاڭ تارىخىدىكى تۈرلۈك شەخسلەر توپلىمى، شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرى؛

پ قىسىم: ئۇنىۋېرسال ئەسەرلەر مەخسۇس ئەسەرلەر توپلىمى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ رايون ئەۋزەللىكى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئۇنىۋېرسال ئەكس ئەتكۈزگەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەتنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، پەن ـ تېخنىكىسى، ئۆرپ ـ ئادىتى، تىرىكچىلىك مۇھىتى ۋە خەلق ئەدەبىياتى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتكۈزگەن، ئۇلارنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان ئەسەرلەر توپلىمى. بۇنىڭغا ھازىرقى دەۋردىكى رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر، تەرجىمە ئەسەرلەر ئەھۋالغا قاراپ كىرگۈزۈلدى.

شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتكۈزۈش ئۈچۈن، «شىنجاڭنىڭ تارىخىي يادىكارلىقلىرى ـ قەدىمكى ئەسەرلەر مۇندەرىجىسى» ياكى مەجمۇئەگە كىرگۈزۈلمىگەن ئەسەرلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ««شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»گە توپلانغان كىتابلار كاتولوگى» تۈزۈلۈپ، مەجمۇئەنىڭ «قوشۇمچە»سى سۈپىتىدە نەشر قىلىندى.

7. ئوقۇرمەنلەرنىڭ سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشىغا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، مەزكۇر مەجمۇئەگە كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى نۇسخىسى بىلەن خەنزۇچە تەرجىمىسى بىردەك كىرگۈزۈلدى. ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنىڭ مۇتەخەسسىسلەر باھالاپ بېكىتكەن ئەڭ دەسلەپكى ياكى ئەڭ مۇكەممەل نۇسخىسى، خەنزۇچىسىنىڭ مۇتەخەسسىسلەر باھالاپ بېكىتكەن ئەڭ ياخشى تەرجىمە نۇسخىسى ئېلىندى.

8. بۇ مەجمۇئەگە دۆلەت قۇرۇلغان 60 يىلدىن بۇيان دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى نەشرىياتلار رەتلەپ نەشر قىلغان قەدىمكى ۋە يېقىنقى زاماندىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئاۋۋال كىرگۈزۈلدى.

9. بۇ مەجمۇئەگە دۆلەت قۇرۇلغان 60 يىلدىن بۇيان تېخى رەتلەپ نەشر قىلىنمىغان، ئەمما مۇھىم ئىجتىمائىي، تارىخىي قىممەتكە ئىگە بولغان شىنجاڭنىڭ يەرلىك يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ بىرلا نۇسخىسى بار يەككە نۇسخىلىقلىرى ۋە مۇكەممەل نادىر نۇسخىلىقلىرى ئاۋۋال كىرگۈزۈلدى.

10. بۇ مەجمۇئەگە كىرگۈزۈلگەن يادىكارلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەڭ ئاسان ئېرىشكىلى

www.uyghurkitap.com

بولىدىغان مۇنەۋۋەر نۇسخىلاردۇر.

11. بۇ مەجمۇئەگە كىرگۈزۈلگەن يازما يادىكارلىقلارنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ئاساسىي قىلىنىپ تاللاندى ياكى تۈزىتىلگەن ئىزاھلىق نۇسخىسىنى تاللاشتا، ئادەتتە مۇتەخەسسىسلەر باھالىغان ئەسلىي نۇسخىسى بىلەن تۈزىتىلگەن ئىزاھلىق نۇسخىسىنىڭ سۈپىتىگە قاراپ تاللاندى.

12. بۇ مەجمۇئەدە مەزمۇنى ئوخشاش ياكى تەكرار بولۇپ، ئۆزئارا تولۇقلاپ بىرلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك كىتابلار ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، زۆرۈر بولغان تولۇقلاشلار ئارقىلىق بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى.

13. بۇ مەجمۇئەگە ئومۇمىي ھەجمى نىسبەتەن چوڭ بولغان كىتابلار، مەسىلەن، ئەدەبىي توپلاملار ياكى پىلان، پىروگراممىا توپلاملىرى قاتارلىقلارنىڭ پەقەت شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلىرىلا تاللىنىپ ئايرىم كىتاب قىلىپ كىرگۈزۈلدى.

14. بىر قىسىم كىتابلار بۇ مەجمۇئەگە كىرگۈزۈلگەندە زۆرۈر تېخنىكىلىق بىر تەرەپ قىلىشتىن ئۆتكۈزۈلدى.

«شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نىڭ تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنىشى شىنجاڭ تارىخىدا ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان، تارىخىي دەۋرى ئۇزاق، كۆلىمى چوڭ بولغان نەشر قۇرۇلۇشى، تەجرىبىلەرنىڭ كەملىكى ۋە تۈزگۈچىلەرنىڭ ئىلمىي، كەسپىي سەۋىيەسىنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلىدىن بەزى نۇقسانلاردىن خالىي بولۇش تەس. جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلارنىڭ تەنقىدىي تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمىز.

«شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلىش ھەيئىتى
2012 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى

# 总　序

张春贤*

"盛世修典籍，太平纂鸿帙"是中华民族的优秀文化传统。2011年，中共新疆维吾尔自治区委员会和新疆维吾尔自治区人民政府决定编辑出版大型文献丛书《新疆文库》，启动了新疆历史上由政府主导和组织的规模最大的文化出版工程。这是进一步推动社会主义文化大繁荣大发展的重要举措，对于进一步向世人展示中华民族文化积累、推进中华文明传承、促进中华民族文化创新，具有重大意义。同时，对于帮助国内外全面了解古代西域和深入认识今日新疆，也必将发挥重要作用。

新疆是我们伟大祖国的一块宝地。"一体多元"是中华文明，更是新疆文化的突出特征，也是当代新疆能够从容面对"经济全球化"的文化优势所在。古代新疆曾经是人类四大文明——中华文明、印度文明、阿拉伯—波斯文明和希腊文明的交汇之地，被人们视为保存和展示人类"文化多样性"的博物馆。在这块异彩纷呈的历史文明交汇区，中华文明以其"有容乃大"的开放博大胸怀，广纳博取、包容吸收，接受不同文明的滋养，丰富壮大了自身，形成了"一体多元"的文化格局。编辑出版《新疆文库》，就是通过对新疆久远厚重、丰富多样的文化遗产开展一次大规模挖掘、收集和系统整理出版，展现新疆历史文化积累的规模和从属于中华文明的"一体多元"特征；展现新疆作为我国历史文化资源大区的概貌；展现新疆作为古丝绸之路枢纽地区对中外文化乃至东西方文明交流作出的杰出贡献；展现新疆作为现代文化

www.uyghurkitap.com

蓬勃发展的新兴地区所依托的丰富厚重的文化生态基础。

我们党历来主张，对待历史文化遗产，要坚持辩证唯物主义和历史唯物主义的基本立场，坚持批判地继承人类文明一切有益成果的基本原则，坚持为中国特色社会主义服务和为人民服务的方向，坚持“古为今用、洋为中用”和“百花齐放、百家争鸣”的方针。《新疆文库》体现文明守护和文化传承功能，为新疆实现现代化提供关于变化变革的历史启迪，激发人们关于历史进步和社会发展的现实思考。我们对新疆“一体多元”文化遗产的系统梳理，必将对建设、发展和繁荣中国特色社会主义文化，促进整个现代化事业的发展，发挥承前启后的重要作用。

2010 年，中央召开新疆工作座谈会以后，为加快推进新疆现代化建设的跨越式发展和实现长治久安，自治区提出了“以现代文化为引领”的战略选择。现代文化的内涵主要是现代知识、现代观念、现代制度，包括现代科学技术、现代生产方式、现代生活方式、现代艺术等。现代文化的核心就是引领人们在社会主义现代化建设中实现人的现代化和自由而全面的发展。《新疆文库》的编辑出版，为现代文化在新疆的繁荣提供了发展的历史根基、传承和提升的历史依据。了解历史，是为了更加自觉地创造美好未来。历史是一面镜子，鉴古而知今。坚持继承和创新的辩证统一，挖掘和继承传统文化的精华，创造性吸收和融合世界优秀文化成果，并不断与当代社会相适应、与现代文明相协调，实现优秀传统文化和时代发展要求的有机结合，实现各民族文化、新疆地域文化和现代文明的交相辉映、融汇奔流，正是编辑出版《新疆文库》的根本宗旨。希望《新疆文库》的编辑出版，有助于人们在漫长历史长河中回溯中华民族强大向心力和凝聚力的共同民族精神本源，树立和巩固科学的世界观和人生观，自觉地塑造具有世界眼光、开放思维、奋力追求历史进步、懂得尊重差异、包容多样、相互欣赏的现代人格，树立高度的文化自觉和文化自信，大力发展一体多元、融合开放、具有新疆特色的现代文化。

天山南北万象新，当代丝路竞春晖。以中央新疆工作座谈会

为标志，当代新疆文化已经从新的发展起点迈步，进入了新的发展阶段。当今世界仍旧处在大发展大变革大调整时期，在综合国力竞争中，文化的地位和作用更加凸显。同时，在维护国家文化安全方面，新疆负有特殊重要和艰巨的任务。面对着机遇和挑战并存的局面，在当前和今后一个时期，我们要牢牢把握新时期新阶段经济社会发展新要求，努力回应各族人民精神文化生活新期待，变化变革、传承创新，不断开创文化发展新局面，为增强国家文化软实力、增强中华文化国际影响力做出新疆应有的贡献。

* 作者系中共中央政治局委员、新疆维吾尔自治区党委书记

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

جاڭ چۈنشيەن*

«ئاسايىشلىق دەۋردە پۈتۈك ــ رىسالىلەرنى رەتلەپ، دەستۇر ــ كالاملارنى كامالىغا يەتكۈزۈش» جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى. ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 2011 ــ يىلى چوڭ تىپتىكى يازما يادىكارلىقلار مەجمۇئەسى ــ «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلىشنى قارار قىلىپ، شىنجاڭ تارىخىدىكى ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلغان ۋە تەشكىللىگەن كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان مەدەنىيەت يازما يادىكارلىقلىرىنى نەشر قىلىش قۇرۇلۇشىنى باشلىدى. بۇ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم تەدبىر بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت جۇغلانمىسىنى جاھان ئەھلىگە يەنىمۇ ئېنىق نامايان قىلىش، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە دۆلەت ئىچى ــ سىرتىدىكىلەرنىڭ قەدىمكى غەربىي يۇرتنى ئەتراپلىق تونۇشى ۋە بۈگۈنكى شىنجاڭنى چوڭقۇر چۈشىنىشىدىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

شىنجاڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ گۆھەر زېمىنى. «بىر گەۋدە، كۆپ مەنبەلىك» بولۇش جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى، بولۇپمۇ شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ «ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىشىشى»غا بىمالال يۈزلىنەلىشىدىكى مەدەنىيەت ئەۋزەللىكىدۇر. قەدىمكى شىنجاڭ ئىنسانىيەتنىڭ تۆت چوڭ مەدەنىيلىكى ــ جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى، ھىندى مەدەنىيلىكى، ئەرەب ــ پارس مەدەنىيلىكى ۋە يۇنان مەدەنىيلىكى ئۆزئارا گىرەلىشىپ تۇتاشقان رايون بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ئىنسانىيەتنىڭ «مەدەنىيەت كۆپ خىللىقى» ساقلاپ قېلىنغان ۋە نامايان قىلىنغان مۇزېي، دەپ تەرىپلەشكەن. ئىنسانىيەتنىڭ پارلاق نەتىجىلىرى گىرەلىشىپ چاقناپ، تارىخىي مەدەنىيلىكلەر مۇجەسسەملەنگەن بۇ رايوندا جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى ئۆزىنىڭ «ھەممىنى سىغدۇرىدىغان» ئېچىۋېتىلگەن كەڭ باغرىغا ھەر

خىل مەدەنىيەتلەرنى كەڭ قوبۇل قىلىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئوخشاشمىغان مەدەنىيلىكلەردىن ئوزۇق ئېلىپ ئۆزىنى بېيىتقان ۋە زورايتقان، شۇنداقلا «بىر گەۋدە، كۆپ مەنبەلىك» بولغان مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرگەن. «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى» مەجمۇئەسىنى تۈزۈپ نەشر قىلىش شىنجاڭنىڭ ئۇزاق تارىختا ئىگە مول ھەم رەڭگارەڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى كەڭ كۆلەملىك قېزىش، توپلاش ۋە سىستېمىلىق رەتلەپ نەشر قىلىش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت جۇغلانمىسىنىڭ كۆلىمىنى ۋە ئۇنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىگە تەۋە بولغان «بىر گەۋدە، كۆپ مەنبەلىك» ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىش، شىنجاڭنىڭ ئېلىمىزنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت بايلىقى چوڭ رايونى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ، شۇنداقلا شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا قوشقان ئاجايىپ تۆھپىسىنى نامايان قىلىش، شىنجاڭنىڭ زامانىۋى مەدەنىيەت جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان يېڭى گۈللەنگەن رايون بولۇشىدا تايانغان مول ھەم مۇستەھكەم مەدەنىيەت ئېكولوگىيە ئاساسىنى نامايان قىلىشتۇر.

پارتىيەمىز ئەزەلدىنلا تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا مۇئامىلە قىلىشتا دىيالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ئاساسىي پوزىتسىيەدە چىڭ تۇرۇش، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق ئىجابىي نەتىجىلىرىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىي پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن ۋە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، «قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن، چەت ئەللەرنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلەپ كەلدى. «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى» مەدەنىيەتنى قوغداش ۋە مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك نامايەندىسى، ئۇ شىنجاڭدا زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزگىرىش ياساش ۋە يېڭىلىق يارىتىشتا تارىخىي تۈرتكىلىك رول ئويناپ، كىشىلەرنىڭ تارىخىي ئىلگىرىلەش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا بولغان تەپەككۇرىنى جانلاندۇرىدۇ. بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ «بىر گەۋدە، كۆپ مەنبەلىك» بولغان مەدەنىيەت مىراسلىرىنى سىستېمىلىق رەتلىشىمىز جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشىمىز ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ گۈللەندۈرۈشىمىزدە، پۈتكۈل زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشىمىزدە بۇرۇنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئېچىشتەك مۇھىم رول ئوينايدۇ.

مەركەز 2010 ـ يىلى شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچقاندىن كېيىن ئاپتونوم

رايون شىنجاڭنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى ئېلىپ ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، «زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىش» ئىستراتېگىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. زامانىۋى مەدەنىيەت ئاساسلىقى زامانىۋى پەن-تېخنىكا، زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، زامانىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلى، زامانىۋى سەنئەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زامانىۋى بىلىم، زامانىۋى قاراش، زامانىۋى تۈزۈمنى كۆرسىتىدۇ. زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ يادروسى كىشىلەرنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا شەخسنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە ئەركىن ھەم ئومۇميۈزلۈك يۈكسىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يېتەكلەشتۇر. «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نىڭ تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنىشى شىنجاڭدا زامانىۋى مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تەرەققىيات تارىخى ئاساسى ۋە ۋارىسلىق قىلىش، يۈكسەلدۈرۈش تارىخىي ئاساسى يارىتىپ بېرىدۇ. تارىخنى چۈشىنىش تېخىمۇ ئاڭلىقلىق بىلەن پارلاق كەلگۈسىنى يارىتىش ئۈچۈندۇر. تارىخ ئەينەك، قەدىمكى ئارقىلىق بۈگۈننى بىلگىلى بولىدۇ. ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ دىيالېكتىكىلىق بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى قېزىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش، ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى ئىجادىي قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش، شۇنداقلا ئۇنى بۈگۈنكى جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ۋە زامانىۋى مەدەنىيلىك بىلەن ئۈزۈكسىز ماسلاشتۇرۇپ، ئىلغار ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن دەۋرنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش، ھەر مىللەت مەدەنىيىتى، شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەدەنىيىتى ۋە زامانىۋى مەدەنىيلىكنىڭ گىرەلىشىپ بىرلىكتە نۇر چېچىشىنى، بىرلىشىپ غول ئېقىن ھاسىل قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش دەل «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلىشتىكى ئاساسىي مەقسەتتۇر. «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نىڭ تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنىشى خەلقنىڭ ئۇزاق تارىخ ئېقىمىدا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كۈچلۈك جەلپكارلىقى ۋە ئۇيۇشۇشچانلىقىدەك ئورتاق مىللىي روھىنى ئەسكە ئېلىپ، ئىلمىي دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك قاراش تۇرغۇزۇپ ھەم ئۇنى مۇستەھكەملەپ، ئاڭلىق ھالدا دۇنياۋى نەزەرگە ئىگە، ئوچۇق تەپەككۇرلۇق، جاسارەت بىلەن تارىخىي ئىلگىرىلەشكە ئىنتىلىدىغان، ئوخشاشماسلىقلارنى ھۆرمەت قىلىشنى بىلىدىغان، خىلمۇخىللىقنى قوبۇل قىلالايدىغان، بىر-بىرىدىن زوقلىنالايدىغان زامانىۋى خاراكتېر يارىتىپ، يۈكسەك مەدەنىيەت ئاڭلىقلىقى ۋە مەدەنىيەت ئىشەنچى تۇرغۇزۇپ، بىر گەۋدە، كۆپ مەنبەلىك بولغان، يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ھەم ئېچىۋېتىلگەن، شىنجاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە زامانىۋى مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كۆللى مەۋجۇدات يېڭىلانماقتا، بۈگۈنكى يىپەك

يولى باھار نۇرىغا چۆمۈلمەكتە. بۈگۈنكى شىنجاڭ مەدەنىيىتى مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى بەلگە قىلغان ھالدا يېڭى بىر تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قەدەم ئېلىپ، يېڭىچە تەرەققىيات باسقۇچىغا يۈرۈش قىلدى. بۈگۈنكى دۇنيا يەنىلا چوڭ تەرەققىيات، چوڭ ئۆزگىرىش، چوڭ تەڭشىلىش دەۋرىدە تۇرماقتا، مەدەنىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك سۈزۈلەشتۈرۈش دۆلەت كۈچى رىقابىتىدىكى ئورنى ۋە رولى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭ دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت بىخەتەرلىكىنى قوغداش جەھەتتە ئالاھىدە مۇھىم ۋە ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. بىز پۈرسەت بىلەن خىرىس تەڭ مەۋجۇت بولۇۋاتقان ۋەزىيەتكە دۇچ كەلمەكتىمىز، ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، بىز چوقۇم يېڭى دەۋر، يېڭى باسقۇچتىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى تەلىپىنى پۇختا ئىگىلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىكى يېڭى ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىغا تىرىشىپ جاۋاب قايتۇرۇپ، ئۆزگىرىش ياساپ، ۋارىسلىق قىلىپ ۋە يېڭىلىق يارىتىپ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا ئۆزۈكسىز يېڭى سەھىپە ئېچىپ، دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت يۇمشاق كۈچىنى ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ خەلقئارادىكى تەسىرىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇشىمىز كېرەك.

* ئاپتور ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 编选说明

《福乐智慧》是我国维吾尔族的一部古典哲理长诗。本书是该书的维吾尔文古语诗体今译本暨原文标音转写合璧本。

《福乐智慧》于公元1069至1070年在新疆喀什噶尔用中古回鹘语写成，作者是出生在位于古代中亚的西辽都城"虎思斡耳朵"的回鹘人优素甫·哈斯·哈吉甫。据考证，"虎思斡耳朵"位于巴拉萨衮附近，也即唐籍所载西疆重镇"碎叶"城东南方十余公里处，其遗址在今日中亚吉尔吉斯斯坦楚河畔的托克马克城附近。优素甫·哈斯·哈吉甫的生卒年代不详。据原书序言和作者在作品附篇中的自述，可知他出生于虎思斡耳朵的"名门之家"，为撰写这部著作，"离乡背井，漂泊四处"，最后于伊斯兰历462年在喀什噶尔完成，共用了十八个月。

这部哲理长诗的原稿已失，现有三部抄本遗存于世，分别用回鹘文和阿拉伯文字母手抄而成。经多次辗转，三部抄本现分别收藏于奥地利维也纳、埃及开罗、乌兹别克斯坦塔什干。此外，俄罗斯圣彼得堡存有俄国学者复制的"开罗抄本"副本。

作品的情节并不复杂，主要由四位具有象征含义的人物形象——日出（国王）、月圆（大臣）、贤明（月圆之子，亦为大臣）、觉醒（隐士）四人之间大量富含哲理思想的诗体对话结构而成。长诗内容具有厚重的思想和历史文化内涵，诗体格律具有维吾尔族古典诗学的艺术特征。通过不同人物间的对话，反映了11世纪喀喇汗朝回鹘人的哲学观念、社会思想和社会生活形态，折射出处于丝绸之路枢纽地区的古代新疆乃至中亚多元融合的历史文化背景，具有重要的学术和文化价值，是中华民族重要的历史

文化遗产。

《福乐智慧》的三部抄本自19世纪后期陆续被刊布于世以来，引起国际学术界关注，逐步形成一个重要研究领域。1947年，土耳其学者热西特·拉赫麦特·阿拉特在对上述三部抄本校勘整理后，出版了校勘本全文的拉丁字母标音转写本。这个校勘本共计13,290诗行，由85章正文、3个附篇组成。因其内容较为完整而被国际学术界普遍接受，成为出版和研究时依据的主要版本。目前，该书已有汉语和多种国际语言译本。

1984年，北京民族出版社出版了新疆社会科学院民族文学研究所完成的维吾尔文古语诗体今译本暨原文标音转写合璧本。本书即为该版本的重印本。为尽可能地反映维吾尔古典诗歌格律特点和美学风格，该版本运用维吾尔古典诗体形式完成了古语今译。同时，为了方便读者和研究者们逐句对照，还按照通行的国际研究惯例，对每一双行标示出序号，并同时刊印了对全书原文的拉丁字母标音转写。

《福乐智慧》维吾尔文古语诗体今译本，由阿不都热依木·吾铁库尔、艾合买提·孜亚依、买买提明·玉素甫三位学者完成。

刘 宾

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
www.uyghurkitap.com

# تۇزۇلۇشى ھەققىدە

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمكى پەلسەپىلىك داستانى. بۇ كىتاب مەزكۇر كىتابنىڭ ئۇيغۇر قەدىمكى تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نەزمە نۇسخىسى بولۇپ، ئەسلىي نۇسخىسىغا ئاھاڭ بەلگىسى قويۇلۇپ كۆچۈرۈلگەن توپلام.

«قۇتادغۇ بىلىك» 1069 ـ يىلىدىن 1070 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ قەشقەردە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان، بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي ياقىسىدىكى بالاساغۇندا تۇغۇلغان يۇسۇپ خاس ھاجىپ. تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىنىشىچە «قوزئوردو» بالاساغۇن ئەتراپىغا جايلاشقانىكەن، يەنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرى تارىخىي خاتىرىلەرگە خاتىرىلىنىشىچە غەربىي يۇرتتىكى مۇھىم شەھەر «سۇيىپ» شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبى تەرىپىدىن ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايدا بولۇپ، بۇ خارابە ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى چۇ دەرياسى بويىدىكى توقماق شەھىرى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ. يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قاچان تۇغۇلغانلىقى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات يوق. ئەسلىي ئەسەرنىڭ كىرىش سۆزى ۋە ئاپتورنىڭ ئەسەرگە بەرگەن ئىزاھاتلىرىدىن ئۇنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى «كاتتا ئائىلە»دە تۇغۇلغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ بۇ بۈيۈك ئەسەرنى يېزىپ پۈتكۈزۈش ئۈچۈن «يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلىپ، ھەر تەرەپلەردە سەرسان بولۇپ يۈرۈپ»، ئەڭ ئاخىرى بۇ كىتابنى ھىجرىيە 462 ـ يىلى قەشقەردە يېزىپ پۈتكۈزگەن بولۇپ، بۇنىڭغا جەمئىي 18 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلغان.

بۇ پەلسەپىۋى داستاننىڭ ئەسلىي نۇسخىسى يىتىپ كەتكەن بولۇپ، ھازىرغىچە ئۈچ كۆچۈرمە نۇسخىسى ساقلىنىپ قالغان، ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرى. بۇ ئۈچ خىل كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى نۇرغۇن يەرلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ھازىر ئايرىم ھالدا ئاۋستىرىيەنىڭ ۋېنادا، مىسىرنىڭ قاھىرەدە، ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت شەھىرىدە ساقلانماقتا. بۇنىڭدىن باشقا رۇسىيە پېتېربۇرگدا رۇسىيە ئالىملىرى نۇسخىلىۋالغان «قاھىرە نۇسخىسى»نىڭ قوشۇمچە نۇسخىسى بار.

كىتابنىڭ مەزمۇنى مۇرەككەپ ئەمەس، كىتابتىكى مەزمۇنى ئاساسلىقى سىمۋول خاراكتېرلىك تۆت پېرسوناژ — كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمىشلارنىڭ زور مىقداردىكى پەلسەپىۋى دىيالوگلىرى بىلەن تۈزۈلگەن. داستاننىڭ مەزمۇنى مول ئىدىيە ۋە تارىخىي مەدەنىيەت مەنىسىگە تولغان، داستاننىڭ ئۇسلۇبىدا ئۇيغۇر قەدىمكى كىلاسسىك داستانچىلىقنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى بار. ئوخشىمىغان پېرسوناژلارنىڭ دىيالوگلىرى ئارقىلىق 11 ـ ئەسىردىكى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپىۋى كۆز قارىشى، ئىجتىمائىي ئىدىيەسى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھالىتىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق، يىپەك يولى رايونىدىكى قەدىمكى دەۋر شىنجاڭ، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆپ مەنبەلەر يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن تارىخىي مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولۇپ، مۇھىم ئىلمىي ۋە مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە، بۇ ئەسەر جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت مىراسى ھېسابلىنىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئۈچ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە ئىلگىرى ـ كېيىن دۇنياغا تونۇلغاندىن بۇيان، خەلقئارالىق تەتقىقات ساھەسىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، بارا ـ بارا مۇھىم بىر تەتقىقات ساھەسىگە ئايلىنىپ قالدى. 1947 ـ يىلى تۈركىيە ئالىمى رەشىد رەھمەتى ئارات يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ پارچە كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنى تېكىستلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ رەتلىگەندىن كېيىن، لاتىن يېزىقىدىكى نۇسخىسىنى نەشر قىلدۇردى. بۇ نۇسخا جەمئىي 13290 مىسرا بولۇپ، 85 باب تېكىست، ئۈچ پارچە قوشۇمچىدىن تەركىب تاپتى. بۇ نۇسخىنىڭ مەزمۇنى بىرقەدەر تولۇق بولغانلىقى ئۈچۈن خەلقئارادىكى ئالىملارنىڭ بىردەك ئالقىشىغا ئېرىشىپ، نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىشتا ئاساس قىلىنىدىغان ئاساسىي نۇسخىغا ئايلاندى. نۆۋەتتە مەزكۇر كىتابنىڭ خەنزۇ تىلى يېزىقى ۋە كۆپ دۆلەت تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرى بار بولدى.

1984 ـ يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنى پۈتكۈزگەن ئۇيغۇر قەدىمكى تىل ـ يېزىقىنىڭ ھازىرقى زامان تىلىغا ئاغدۇرۇلغان نەزمىي يەشمىسىنى ۋە ترانسكرىپسىيەلىك تېكستىنى نەشر قىلدى. بۇ كىتاب شۇ نۇسخىنىڭ نەزمىي يەشمىسىنى قايتا باسقان كىتاب بولىدۇ. ئۇيغۇر قەدىمكى كىلاسسىك شېئىرىيەت ئۇسلۇبىنى ۋە ئېستېتىك ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مەزكۇر كىتاب ئۇيغۇر قەدىمكى كىلاسسىك شېئىرىيەت شەكلىنى ئۆزگەرتمىگەن ھالدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا نەزمىي يەشمە قىلىپ ئىشلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوقۇرمەنلەر ۋە تەتقىقاتچىلارغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن،

ھەربىر مىسرانىڭ سېلىشتۇرمىسى بېرىلدى، يەنە ئورتاق بولغان خەلقئارالىق تەتقىقات ئادىتى بويىچە ھەر بىر جۈپ مىسراغا نومۇر قويۇلدى ھەمدە پۈتۈن كىتابنىڭ ئەسلىدىكى لاتىن يېزىقى ئۆزگەرتىپ يېزىلدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن ھازىرقى زامان تىلىغا نەزمىي يەشمە قىلىش خىزمىتىنى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئەخمەد زىيائى، مەمتىمىن يۇسۇپ قاتارلىق ئالىملار تاماملىغان.

ليۇ بىن

## نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

«قۇتادغۇ بىلىك» (بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم) ــ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن يېزىلغان چوڭ ھەجىملىك داستان. بۇ داستان قەدىمكى زامان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدىن ھازىرغىچە بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن يېگانە بەدىئىي ئەسەر ۋە 11 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى بولۇش بىلەن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەرلەرنىڭ بىرى ۋە خەلقىمىزنىڭ ئىپتىخارى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ ئىلمىي ۋە بەدىئىي قىممىتى بىلەن جاھان مەدەنىيىتى سەھنىسىدىمۇ ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنىڭ ئېسىل دۇردانىلىرىدىن بولغان مەشھۇر ئەسەرلەر قاتارىدا ئۇزۇندىن بۇيان پەخىرلىك ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بۇ ئەسەرنىڭ ئەنە شۇنداق قىممىتى ھەمدە ئىلمىي تەتقىقاتتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى نەشر قىلىش ئىشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. نەتىجىدە، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يولداش ھامۇت ئىمىنوپ مەسئۇللۇقىدا بىر تەھرىر ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي ھەم نەسرىي يەشمىسى بىلەن خەنزۇچە تەرجىمىسىنى، ئاخىرىدا ئىندېكس (سۆزلۈك) قىسمىنى نەشرگە تەييارلاش قارار قىلىندى.

مەزكۇر قارارغا ئاساسەن، بۇ ۋەزىپە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىغا تاپشۇرۇلدى. تەتقىقات ئىنستىتۇتى كوللېكتىپى مەمتىمىن يۈسۈپ، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، لىيۇ زىشياۋلاردىن تەركىب تاپقان مەخسۇس گۇرۇپپىنىڭ يېتەكچىلىكىدە «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ قولىمىزدىكى بۇ نۇسخىسىنى نەشرگە تەييارلاپ چىقتى. بۇ نۇسخا ھەققىدە تۆۋەندىكىچە ئىزاھات بېرىمىز:

1) بۇ نۇسخا «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ئەسلىي مەتنى (تېكىستى)گە بېرىلگەن ترانسكرىپسىيە بىلەن ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلەنگەن نەزمىي يەشمىسىدىن ئىبارەت.

2) بۇ نۇسخىنىڭ نەزمىي يەشمىسى ۋە ترانسكرىپسىيەسىنى ئىشلەشتە، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ۋېنا نۇسخىسى، قاھىرە نۇسخىسى ۋە پەرغانە نۇسخىسى ئاساس قىلىندى. رەت تەرتىپى تۈركىيە ئالىمى پىروفېسسور رەشىت رەھمەتى ئارات تەرىپىدىن 1947 ـ يىلى نەشر قىلدۇرۇلغان ترانسكرىپسىيەلىك تولۇق مەتنىنىڭ رەت نومۇرى ئاساسىدا ئىشلەندى.

3) بۇ نۇسخىنىڭ نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلەشتە، رەشىت رەھمەتى ئاراتنىڭ يۇقىرىدا بايان

قىلىنغان ترانسكرىپسىيەلىك تولۇق مەتىن بويىچە تۈركچىگە قىلىنغان نەسرىي تەرجىمىسى (1952 ـ يىلى، ئەنقەرە) «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ پەرغانە نۇسخىسى بويىچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى قېيۇم كەرىموۋ تەرىپىدىن ئۆزبېك تىلىغا قىلىنغان نەسرى تەۋسىپى (1972 ـ يىلى، تاشكەنت) ۋە باشقا ئالاقىدار ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىلدى.

4) نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلەشتە، مۇئەللىپىنىڭ ئۆزى قوللانغان ۋەزنىنى ئەينەن ساقلاشقا ۋە مىسرالارنى سۆزمۇسۆز ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. شۇنداقتىمۇ شېئىرىيەت زۆرۈرىيىتى بىلەن بەزى مىسرالارنى مەزمۇنەن ئېلىشقا توغرا كەلدى؛ بەزى مىسرالار ئالماشتۇرۇلدى؛ ۋەزىن ۋە قاپىيە تەقەززاسى بىلەن ئايرىم مىسرالاردا قەدىمكى سۆزلەر ئىزاھات بىلەن ئىشلىتىلدى.

5) ئىزاھاتلار تەرتىپ نومۇرى بويىچە كىتابنىڭ ئاخىرىغا بېرىلدى.

## مۇقەددىمە

ئۇيغۇرلار — ئۇزۇن تارىخقا، مول مەدەنىيەتكە ۋە قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلارغا ئىگە قەدىر-
مىي بىر مىللەت. ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك ۋە پارلاق مەدە-
نىيەتكە ئىگە مەملىكەت بولۇپ شەكىللىنىشىدە، ئۇيغۇر خەلقىمۇ باشقا قېرىنداش مىللەتلەرگە
ئوخشاشلا، تۈرلۈك تارىخىي دەۋرلەردە سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي جەھەتلەردە مۇھىم رول
ئوينىغان، بولۇپمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ مول مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىشقا چوڭ تۆھپىلەرنى
قوشقانىدى. ئەنە شۇنداق تۆھپىلەرنىڭ بىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك مۇ-
تەپەككۇرى ۋە دانىشمەن شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك»
داستانىدۇر.

بۇ داستان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەت قوبۇلىدىن كېيىنكى يازما ئەدەبىياتىدىن ھازىرچە زاما-
نىمىزغا يېتىپ كەلگەن تۇنجى بەدىئىي ئەسەر؛ 11 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ ياخشى
نەمۇنىسى ھەم قاراخانىيلار دەۋرى ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيەسىنىڭ
روشەن ئىنكاسى ۋە ئىپادىسىدۇر. بۇ داستان پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدىكى پارلاق نامايەن-
دە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تارىخىدىمۇ زور قىممەتكە ئىگە.

### 1

10 ـ، 11 ـ ئەسىرلەردە، بىزنىڭ ھازىرقى بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىزدە
بىرقانچە ھاكىمىيەت تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانىدى. شىمالىي جۇڭگودا كىدان (قىتان)لار ھاكى-
مىيىتى، جەنۇبىي جۇڭگودا سۇڭ سۇلالىسى، غەربىي شىمال ئېگىزلىكىنىڭ بىر قىسمىدا تاڭ-
غۇتلار ھاكىمىيىتى، خېشى كارىدورىدا گەنجۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى، تۇرپان ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ
ئەتراپىدىكى بىر قىسىم جايلاردا قوجو (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى، كۇچانىڭ غەربىدىن تارتىپ
بۇخاراغىچە ۋە شىمالدا ئىسسىق كۆلدىن تارتىپ جەنۇبتا خوتەنگىچە بولغان كەڭ زېمىندا قاراخا-
نىيلار ھاكىمىيىتى مەۋجۇت ئىدى. دەسلەپ بالاساغۇن[1] شەھىرىنى، ئاندىن قەشقەر (ئوردىكەنت)
نى پايتەخت قىلغان قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەجدادلىرى تەرىپىدىن قۇرۇل-
غان بىر سۇلالە بولۇپ، بۇ سۇلالە مىلادىيە 9 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە دەۋر

[1] بالاساغۇن شەھىرىنىڭ ئورنى ھازىرقى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى توقماق رايونىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



سۈرگەن ۋە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ئىقتىساد ھەم مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى بولۇپمۇ 11 - ئەسىردە زور گۈللىنىش دەۋرىگە كەلدى. بۇ دەۋردە، بىر تەرەپتىن، ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەن يېزا ئىگىلىك ۋە قول ھۈنەر سانائىتى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ ئاساسىي قىسمى بولۇپ قېلىش نەتىجىسىدە، ئولتۇراقلىشىش ۋە شەھەرلىشىش ئومۇملىشىپ كەتتى. قەشقەر، بارچۇق (مارالبېشى)، بالاساغۇن، ئوترار، فاراب، سەمەرقەند ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يىرىك ئىقتىساد، سودا ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى مەيدانغا كەلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئاساسىدا، ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكى مەدەنىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا يېڭى بىر دەۋر باشلاندى. بۇ يېڭى دەۋر مەدەنىيىتى (تاكى 13 - ئەسىرگىچە) غەرب مەدەنىيىتىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئەنە شۇ چاغلاردا قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەسىدە ئەبۇ ئابباس پەرغانىي، ئەبۇ نەسىر فارابىي، ئەبۇ رەيھان بىرۇنىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرىي قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىم، مۇتەپەككۇر ۋە شائىرلار مەيدانغا كەلدى. شەرقتىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى «ئىدىقۇت» ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە ساڭغۇسالى تۇتۇڭ قاتارلىق بۈيۈك ئالىم ۋە تەرجىمانلار يېتىشىپ چىقتى. دىنىي ئايرىمىلىقلاردىن قەتئىينەزەر، ئۇز دەۋرىگە نىسبەتەن يۈكسەك سەۋىيەگە ئىگە بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋۇجۇدقا كەلدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئەنە شۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا مەيدانغا كەلدى.

2

بۇ داستان قەشقەردە يېزىلغان بولۇپ، مۇئەللىپنىڭ ئېيتىشىچە، ھىجرىيەنىڭ 462 - يىلى 18 ئايدا تاماملانغان. شۇنىڭغا قارىغاندا، داستاننىڭ يېزىلغان ۋاقتى مىلادىيە 1069 — 1070 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. مۇئەللىپنىڭ ئۆزى بالاساغۇندا تۇغۇلۇپ، ئىجادىي پائالىيىتىنى قەشقەردە ئۆتكۈزگەن.

تەگۈردى ماڭا ئەلكىن ئەللىگ ياشىم،
قوغۇ قىلدى قۇزغۇن تۈستەك باشىم.
(تەگكۈزدى ماڭا قولىنى ئەللىك يېشىم،
قوغۇ[1] قىلدى قۇزغۇن تۈسدەك بېشىم).

[1] قوغۇ — ئاق قۇ.

بۇ مىسرالاردىن مۇئەللىپىنىڭ بۇ داستانىنى يېزىۋاتقان چاغلىرىدا ئەللىك ياشلاردىن ئاشقانلىقى. داستاننى يېزىپ بولغان ۋاقتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا، تەخمىنەن مىلادىيە 1018 - ياكى 1019 - يىلى تۇغۇلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

داستان يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، مۇئەللىپ ئۇنى قاراخانىيلار ھۆكۈمدارى تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەنگە تەقدىم قىلغان، ھەسەن بۇغراخان مۇئەللىپكە خاس ھاجىپلىق[1] ئۇنۋانىنى بەرگەن.

داستاننىڭ ئەسلىي قول يازمىسى تېخى تېپىلغىنى يوق. ھازىر ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغىنى ئۆز زامانىسىدىن خېلى كېيىن كۆچۈرۈلگەن ۋېنا، قاھىرە، پەرغانە (ياكى نەمەنگان) نۇسخىلىرىدىن ئىبارەت.

ۋېنا نۇسخىسى مىلادىيە 1439 - يىلى ھىرات شەھىرىدە ھەسەن قارا سايىل شەمس دېگەن كىشى تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلۈپ، مىلادىيە 1474 - يىلى ئىستانبۇلغا كەلتۈرۈلگەن ۋە كېيىن ئاۋستىرالىيەلىك شەرقشۇناس ھاممېر پورگىشتال بۇ نۇسخىنى ۋېنا ئوردا كۇتۇپخانىسىغا كەلتۈرگەن، بۇ نۇسخا ھازىرمۇ شۇ كۇتۇپخانىدا ساقلانماقتا (بۇ نۇسخا ھىرات شەھىرىدە كۆچۈرۈلگىنى ئۈچۈن، ھىرات نۇسخىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ). 1823 - يىلى فىرانسۇز شەرقشۇناسى ژائۇبېرت ئامبېدى تۇنجى بولۇپ مەتبۇئاتتا «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدە خەۋەر ئېلان قىلىش بىلەن تەڭ، ئۇنىڭدىن بەزى نەمۇنىلەرنى نەشر قىلدۇرغان. 1870 - يىلى ۋېنگىرىيە ئالىمى ۋامبېرى شۇ نۇسخا بويىچە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەڭ مۇھىم قىسىملىرىنى نېمىسچىگە تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان.

قاھىرە نۇسخىسى ئەرەب ھەرپى ئاساس قىلىنغان ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، قاھىرەدىكى «ھىدىۋ» (ھازىرقى قىرال) كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا، بۇ نۇسخىنى 1896 - يىلى نېمىس ئالىمى موريتىز تۇنجى قېتىم ئاشكارىلىغان ھەم 1897 - يىلى مەشھۇر رۇس ئالىمى رادلوفقا شۇ نۇسخىنىڭ كۆچۈرمىسىنى ئەۋەتكەن، رادلوف ۋېنا نۇسخىسى بىلەن بۇ نۇسخىنى سېلىشتۇرۇپ، نۇرغۇن ئەمگەك سىڭدۈرگەندىن كېيىن، 1910 - يىلى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ترانسكرىپسىيەسى بىلەن نېمىس تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىسىنى نەشر قىلدۇرغان. 1943 - يىلى قاھىرە نۇسخىسىنىڭ فوتو نۇسخىسى تۈركىيەگە كەلتۈرۈلۈپ، قايتا بېسىلىپ چىققان.

پەرغانە نۇسخىسى ئەرەب ھەرپى ئاساس قىلىنغان ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن ۋە ھەممىدىن تولۇق نۇسخا بولۇپ، بۇ نۇسخىنى تۇنجى قېتىم تاتار ئالىمى زەكى ۋەلىدى 1914 - يىلى پەرغانە-

① ھاجىپ — (ئەرەبچە) ئارىچى، ۋاكالەتدار، خاننىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى دېگەن مەنىلەردىكى سۆز بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئېيتىشىچە، بۇ سۆزنىڭ قەدىمكى تۈركچىسى «تاياڭۇ»، يەنى تايانچ، سەلتەنەت تايانچى، دۆلەت تۈۋرۈكى دېمەكتۇر. («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، فوتو نۇسخا 230 - بەت).

www.uyghurkitap.com



نىڭ نەمەنگان شەھىرىدىكى مۇھەممەد هاجى ئىشان لالەرىش دېگەن كىشىنىڭ شەخسىي كۇتۇپخانىسىدا كۆرگەن ۋە بۇ ھەقتە خەۋەر ئېلان قىلغان. 1924 ـ يىلى ئۆزبېك ئالىمى پىترەت بۇ نۇسخىنى قولغا چۈشۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان ۋە بىر يىلدىن كېيىن بۇ نۇسخا ھەققىدە ماقالە ئېلان قىلغان، ئاندىن 1928 ـ يىلى بۇ نۇسخىنىڭ ئايرىم پارچىلىرىنى زۆرۈر ئىزاھلار بىلەن ئۆزبېك تىلىدا نەشر قىلدۇرغان. يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل كۆچۈرمە نۇسخىدا بېيىتلار سانى ھەر خىل ئىدى. مەسىلەن، قاھىرە نۇسخىسى 5400 بېيىتتىن، پەرغانە نۇسخىسى 6095 بېيىتتىن تەركىب تاپقان. ۋېنا نۇسخىسى تېخىمۇ تولۇقسىز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۈچ نۇسخىدا دېگۈدەك كۆچۈرگۈچىلەردىن كەتكەن ئايرىم خاتالارمۇ بار ئىدى. كېيىن تۈركىيە ئالىمى رەشىت رەھمىتى ئارات يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ نۇسخىنى تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ تولۇقلاش يىلەن 1947 ـ يىلى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ A. نەسرىي مۇقەددىمە؛ B. نەزمىي مۇقەددىمە؛ C. بابلار مۇندەرىجىسى؛ D. «قۇتادغۇ بىلىك» تېكىستى؛ E مۇئەللىپ تەرىپىدىن ئىلاۋە قىلىنغان ئۈچ پارچە لىرىكىدىن ئىبارەت تىرانسكرىپسىيەلىك تولۇق مەتىن (تېكىست)نى تۈرغۇزۇپ چىقتى. شۇ مەتىن بويىچە ئېيتقاندا، «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى 85 بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، 6645 بېيىت، يەنى 13290 مىسرادىن تەركىب تاپقان (كېيىن قوشۇلغان نەسرىي ۋە نەزمىي مۇقەددىمىلەر بۇنىڭ سىرتىدا).

داستان ئايرىم تۆتلۈكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەسنەۋى (ئىككىلىك) شەكلىدە ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىب بەھرىدە يېزىلغان بولۇپ، 3800 ـ ۋە 3801 ـ بېيىت بىلەن ئاخىرىدا ئىلاۋە قىلىنغان ئۈچ لىرىكىنىڭ ئىككىسى مۇتەقارىبى مۇسەممەنى سالىم (يەنى فەئۇۋلۇن، فەئۇۋلۇن، فەئۇۋلۇن، فەئۇۋلۇن) ۋەزنىدە، قالغان بېيىتلارنىڭ ھەممىسى مۇتەقارىبى مۇسەممەنى مەھزۇپ ياكى مەقسۇر (يەنى فەئۇۋلۇن، فەئۇۋلۇن، فەئۇۋلۇن، فەئۇل) ۋەزنىدە يېزىلغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ھەجىم جەھەتتىن چوڭ، ژانىر ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن ئۆز دەۋرى ئۈچۈن تامامەن يېڭى بىر بەدىئىي ئەسەر بولۇش بىلەن بىللە، شۇ زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭمۇ مۇجەسسەم قامۇسىدۇر. مەشھۇر سوۋېت ئالىمى س. ي. مالوفمۇ «قۇتادغۇ بىلىك» ــ ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىلغان يىلى مەلۇم بولغان ئەڭ قەدىمكى ئىسلام دىداكتىك مەزمۇندىكى يادىكارلىقىدۇر»... ئۇنىڭ «ئەرەب ئېلىپبەسى بىلەن يېزىلغان نۇسخىلىرى 11 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇشلىرىنى بىرقەدەر روشەن ئەكس ئەتكۈزىدۇ» دەيدۇ[1].

## 3

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۆزىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇنى بىلەن ھەممىدىن بۇرۇن بىر ئەدەبىي ئە-

[1] س. ي. مالوف: «قەدىمكى تۈركىي يېزىقلار يادىكارلىقلىرى» 1959 ـ يىلى. موسكۋا ـ لېنىنگراد. 229 ـ بەت.

سەر ۋە ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ تىپىك نەمۇنىسىدۇر. ئۇنىڭدا لىرىكا ئامىللىرى بىلەن ئېپىك بايان، دىرامىلىق ئېپىزوتلار يىلەن تەبىئەت تەسۋىرى، ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر بىلەن شەخس (ئادەم) خاراكتېرى، پەلسەپىلىك تەپەككۇر بىلەن مەجاز (مېتافورا) ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن جىپسىلاشتۇرۇلغان. لېكىن، ئۇ مۇھەببەت داستانى ياكى قەھرىمانلىق داستانى ئەمەس، شۇنداقلا بەزىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك، نوقۇل پەند - نەسىھەت (دىداكتىكا) كىتابىمۇ ئەمەس. بۇ ئەينى زاماندا ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن زىچ باغلانغان، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن رېئاللىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان ئەدەبىي ئەسەردۇر. «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى نۇرغۇن تەسۋىرلەردە رېئالىزم نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ، مۇئەللىپ ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى قۇرۇق پەند - نەسىھەتكە تايىنىپ ئەمەس، بەلكى بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىپ، كونكرېت ۋەقە ئېپىزوتلىرى ئارقىلىق ئەكس ئەتكۈزىدۇ. ئەسەردىكى تۆت پېرسوناژ ئۆزئارا بىر - بىرىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى پەرقلەر پېرسوناژلارنىڭ بىر - بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان ھايات پەلسەپىسى ۋە پائالىيەتلىرى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. مانا بۇ نۇقتا «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى باشقا ھەرقانداق پەند - نەسىھەت خاراكتېرىدىكى ئەسەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

ئەسەردىكى ھۆكۈمدار كۈنتۇغدى مۇئەللىپ تەرىپىدىن يۈكسەك دەرىجىدە غايىۋىلەشتۈرۈلۈپ، «ئادىل قانۇننىڭ سىمۋولى» قىلىنغان. ئۇ مۇنداق دەپ جاكارلايدۇ:

كۆنىلىك ئۇزەلە كەسەرمەن ئىشىگ،
ئادىرمازمەن بەكسىگ يا قۇلسىغ كىشىگ.
(قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن،
ئايرىماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ ھېچ كىشىن).

كەرەك ئوغلۇم ئەرسە ياقىن يا ياغۇق،
كەرەك بارقىن ئەرسە كەچىگلى قونۇق.
(كېرەك ئوغلۇم بولسۇن، يېقىن تۇغقىنىم،
يولۇچى، ئۆتكۈنچى، بىرەر قونىقىم).

تۆرۈدە ئىكىگۈ ماڭا بىر سانى،
كەسەردە ئادىن بولماغاي ئول مېنى.
(ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا).

ئەسەردىكى ۋەزىر ئايتولدى ئۆزىنىڭ بەخت ـ سائادەت سىمۋولى ئىكەنلىكىنى، ئەمما بەخت ـ سائادەتنىڭ قارارسىزلىقىنى، تۇتۇشنى بىلمىسە، ئۇنىڭ تېز قېچىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ ۋە بەخت ـ سائادەتنى تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلى گۈزەل ئەخلاقلىق بىر كىشى بولۇش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىش ئەقىل ـ پاراسەت سىمۋولى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوبرازى ئاتىسىنىڭ ئوبرازىدىنمۇ يارقىنراق، ئۇ بىرمۇنچە ئالىيجاناب پەزىلەتلەرنى تولۇق ئىگىلىگەندىن تاشقىرى، يەنە يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسەت ۋە بىلىمگە ئىگە ھەم ئاشۇ ئەقىل ـ پاراسەت ۋە بىلىم ئارقىلىق دۆلەت ۋە پۇقرالار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئىنتىلىدىغان بىر ئوبرازدۇر.

ئەسەردىكى قانائەت سىمۋولى ئودغۇرمىش ھەممىدىن مۇرەككەپ شەخس. ئۇ زور ئالىم، دانىشمەن، پەيلاسوپ، لېكىن، رېئال دۇنيادىن قول ئۈزگەن زاھىت. ئۇ، بۇ دۇنيانى بىر قونالغۇ (ئۆتەڭ)، كىشى ئۈچۈن ئازغىنا يېمەكلىك بىلەن بەدەننى ياپقۇدەك بىر پارچە لاتا كۇپايە، باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك دەپ قارايدۇ. كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ ساراي خىزمىتىدىگە تەكلىپ قىلىپ يازغان خېتىگە قاتتىق جاۋاب قايتۇرىدۇ. لېكىن، ئاخىرىدا ئۆگدۈلمىش بىلەن كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ: «خەلققە پايدىلىق بولۇش كېرەك، خەلققە خىزمەت قىلغان كىشىلەرلا ھەقىقىي بەختكە ئېرىشىدۇ، خەلققە خىزمەت قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئىبادەت» دېگەن مەزمۇندىكى گەپلىرىگە قايىل بولىدۇ ۋە ئۆگدۈلمىشكە: «سېنىڭ ماڭغان يولۇڭ توغرا، سەن شۇ يولدا مېڭىشنى داۋام ئەت» دەپ ئىپادە بىلدۈرىدۇ.

دېمەك، مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن ئىدىيە سىستېمىسىنى ئەنە شۇ تۆت پېرسوناژ، يەنى ئادالەت سىمۋولى كۈنتۇغدى ئەلىگ (ھۆكۈمدار)، بەخت ـ سائادەت سىمۋولى ئايتولدى (ۋەزىر)، ئەقىل ـ پاراسەت سىمۋولى ئۆگدۈلمىش (ۋەزىرنىڭ ئوغلى)، قانائەت سىمۋولى ئودغۇرمىش (زاھىت) ئارىسىدىكى دىراملىق سۆھبەتكە سىڭدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى قانۇن، بىلىم ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەت بىلەن ئىدارە قىلىش ھەققىدىكى بىر قاتار غايىۋى قاراشلىرىنى نامايان قىلىدۇ. ئۆز دەۋرىدىكى رېئاللىقنى ئىسلاھ قىلىشقا قارىتىلغان بىر قاتار ئىجتىمائىي تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئۇ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ شەخس بولسىمۇ، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەردىن ئۆزىنى قاچۇرماستىن ۋە رېئاللىقنى پەردازلىماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىكى مەۋجۇت ئىللەتلەرنى دادىللىق ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلايدۇ ھەم سۆكىدۇ. مەسىلەن:

ئەي ئەلىگ، ئوتاچى ساتى سەن بۇ كۈن،
يۇدۇن بارچا ئىگلىگ ساڭا مۇڭلۇغۇن.

(ئەلىگ سەن تېۋىپقا ئوخشارسەن بۇ كۈن،
ساڭا موھتاج ئېرۇر ئاغرىق — خەلق پۈتۈن).

قايۇسى كۆتۈرمىش بولۇر كۈچ ئىرىنچ،
قايۇسى چىغايلىق بىلە يەر ساقىنىچ.
(بىرى چەككەچ زۇلۇم، بەختى قارادۇر،
بىرى يوقلۇق غېمىدە بىناۋادۇر).

قايۇ ئاچ، قايۇسى يالىڭىمىش بولۇر،
قايۇ قادغۇ بىرلە ئۇنىمىش بولۇر.
(بىرى ئاچ، ئۇ بىرسى يالىڭاچ يۈرۈر،
بىرى قايغۇ ـ غەمدە يىغانلار چېكۈر).

سېنىڭدە تۇرۇر، كۆر، بۇلارنىڭ ئەمى،
ئوتاغىل دارۇ بىرلە، بولغىل قامى.
(سېنىڭدە تۇرۇر، كۆر، بۇنىڭ دورىسى،
داۋالا بولۇپ سەن ھېكىم ـ ئۇستىسى).

قالى قىلماسا سەن ئەمى يا ئوتى،
بودۇنقا بولۇرسەن تىرىگلىك يۇتى.
(بېرىپ دورا ـ داۋاسىن قىلمىساڭ گەر،
سېنىڭدىن بۇ خەلققە پالاكەت كېلەر).

مۇئەللىپ يەنە بىر قانچە بېيىتتا شۇ ۋاقىتتىكى رېئال جەمئىيەتكە بولغان كۆزقارىشىنى تۆۋەندىكى مەزمۇنلار بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ:

«ئەي بىلىملىك كىشى، ئەتراپىڭغا بىر باق. نېمىلەرنى كۆرەرسەن، بىلىملىكلەر خارلانغان، ئېتىباردىن چۈشكەن، چەتكە قېقىلغان... ئەقىللىقلەر تىلسىز، ئۇلار ئاغزىنى ئاچماس... ھالالنىڭ پەقەت ئېتىلا قالدى، ھەممە ياقنى ھارام قاپلىدى، بۇنى سەزگەن كىشى يوق... ۋاپا ئورنىنى جاپا ئىگىلىدى، توغرا يولدا ماڭغان كىشى نەدە؟!»

ئۆز دەۋرىدىكى رېئاللىققا قارىتا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى ياراتقان غايىۋى پېرسوناژلار

ئاغزىدىن ئادىل قانۇن يۈرگۈزۈش، بىلىم، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئەخلاقنى [illegible] ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئىجتىمائىي غايىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنداق بىر ئىجتىمائىي غايىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر «ئوتوپىيە» (خىيال) بولسىمۇ، شۈبھىسىزكى، ئۇ مەلۇم دەرىجىدە ئەينى دەۋردىكى خەلق ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ۋە مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، تارىخىي تەرەققىيات تەلىپىنى ئىپادىلىگەن، شۇڭا بۇ مۇئەييەن ئىلغارلىققا ئىگە. ئەنە شۇ نۇقتىلار بويىچە ئېيتقاندا، «قۇتادغۇ بىلىك» باشقا بارلىق مۇنەۋۋەر كىلاسسىك ئەدەبىيات مىراسلىرىغا ئوخشاشلا، روشەن خەلقچىللىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئەسەردۇر.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىش كېرەككى، «قۇتادغۇ بىلىك» تىل ۋە شېئىرىي ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ 11 ـ ئەسىردىلا خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە ئېرىشكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ. مەسىلەن، ئەسكەر باشلىقى يۈرەكلىك ۋە جەسۇر بولۇشى لازىم، شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ جەڭچىلىرىمۇ جاسارەتلىك بولالايدۇ، دېگەن پىكىر مۇنداق گەۋدىلەندۈرۈلگەن:

كۆر، ئارسلان بولۇ بەرسە ئىتقا باشى،
بۇ ئىت بارچا ئارسلان بولۇر ئۆز تۇشى.
قالى بولسا. ئارسلانقا ئىت باشچىسى.
ئول ئارسلان بولۇر بارچە ئىت ساقىشى.

(بولىۋەرسە ئىتقا، كۆر، باش ئارسلان،
بولۇر ئىتلار ھەممە ئارسلانسىمان.
ئەگەر بولسا ئىت ئۇ ئارسلانغا باش،
بولۇر ئارسلانلار ھەم ئىتتەك ھامان).

مۇئەللىپ ئادەمنىڭ مەنىۋى كامالەتكە ئېرىشىش ۋاقتى ياشلىق چېغى ئىكەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

بودۇم ئۇقتەك ئەردى، كۆڭۈل ئەردى يا،
كۆڭۈل قىلغۇ ئۇقتەك بودۇم بولدى يا.
(بويۇم ئىدى ئۇقتەك، كۆڭۈل ئىدى يا،
كۆڭۈل قىلغۇ ئۇقتەك، بويۇم بولدى يا).

تەبىئەت تەسۋىرىگە بىر مىسال:

قالىق يىرتتى كەدمىش قارا كۆڭلەكىن،
ئاچىلدى ياروق يۈز كۆتۈردى ئەگىن.
كۆلە باقتى ئۆرلەپ تانۇ قىز يۈزى،
يارۇدى بۇ دۇنيا ئىرى ھەم قوزى.

(پەلەك يىرتتى كىيگەن قارا كۆڭلەكىن،
كۆتۈرۈپ پەرەنجە، ئۇ ئاچتى يۈزىن،
كۈلۈپ باقتى ئۆرلەپ گۈزەل قىز يۈزى،
يورۇدى جاھاننىڭ ھەر ئىككى يۈزى[1]).

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى يەنە بىر مۇھىم تۆھپىسى شۇكى، ئۇنىڭدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بەزى نادىر ژانىرلار (مەسنەۋى، رۇبائىي، تەجنىس، تۇيۇق) نىڭ شۇ دەۋرلەردىن تارتىپ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكى، يەنى بۇ ژانىرلارنىڭ قەدىمدىن قالغان مىللىي مىراسلىرىمىز ئىكەنلىكى روشەن نامايان قىلىنغان. بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيەسىدىكى بەزى چىگىش مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا بەك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

رۇبائىيلارغا مىسال:

نەڭگۈ ئەر بولۇر، كۆر، مىڭەر دۇشمەنى
مىڭەر سۆزلەمەسە كۇنگە ئانى.
بۆرىمۇ بولۇر كۆرگىل ئىتتەن قايار،
ئۇدۇلا ئىشىتسە مىڭ ئىتلەر ئۇنى.

(نېچۈك ئەر سانىلۇر مىڭ ئەر دۇشمىنى،
مىڭ غەيۋەت قىلمىسا ئۇنى ھەر كۇنى.
كۆر، ئىتتىن قاچقان ئۇ بۆرە بولۇرمۇ،
ئاڭلانسا كەينىدىن مىڭ ئىتنىڭ ئۇنى).

[1] ئىككى يۈزى — كۇنگەي ۋە تەسكەي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قۇت ئول بەگ بودۇنقا قۇتادغۇ كەرەك،
قۇتادسا بودۇن قارىنى تودغۇ كەرەك.
بۇ بەگلەر تەڭىز ئول تۇپى يىنچۇلۇگ،
تەڭىزگە ياغۇغلى بايۇغۇ كەرەك.

(بەگدۇر بەخت، ئەلگە بەخت بەخش قىلماق كېرەك،
بەخت بەرسە، ئەل قارنىن تويدۇرماق كېرەك.
بۇ بەگلەر دېڭىزدۇر، تۈۋى ئۈنچىلىك،
دېڭىزغا يېقىنلار بېيىماق كېرەك).

مانا بۇ كۇپلېتلاردا رۇبائىينىڭ ھەممە ئالاھىدىلىكلىرى، يەنى چوڭقۇر پەلسەپىلىك پىكىر، مەنە جەھەتتىن مۇستەقىللىق ۋە تولغۇنلۇق، تىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن پىششىق ھەم ئىخچاملىق، شەكىل جەھەتتىن تۆتلۈك بولۇش خۇسۇسىيەتلىرى تولۇق ئىپادىلەنگەن.

تەجنىس ۋە تۇيۇق ئومونىم سۆزلەردىن پايدىلىنىپ يېزىلغان بىر خىل شېئىر شەكلى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى بولۇپمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كەڭ تارقالغان بىر خىل نادىر سۆز سەنئىتىدۇر. بۇ خىل شېئىر شەكلى قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە، بەلكى تەرەققىي قىلماقتا. «قۇتادغۇ بىلىك»تە مانا شۇ سۆز سەنئىتىگىمۇ ئاللىقاچان ئاساس سېلىنغانلىقىنى كۆرىمىز.

مەسىلەن: «قىز» دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا ھازىرقى مەنىسىدىن تاشقىرى، «قىس»، «كەم»، «نادىر» دېگەن مەنىلەرنى بېرەتتى. شائىر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مۇنداق يازىدۇ:

بۇ مۇنداق كىشىلەر بولۇر ئىزى قىز،
بۇ قىز قىزلىغى قىلدى قىز ئاتى قىز.
(مۇشۇنداق كىشىلەر بولۇر بەكمۇ قىز،
بۇ قىز قىزلىقى قىلدى قىز ئاتى قىز).

«ھېساب» دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «ساقىش» دېيىلەتتى. «ساقىش» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى (كېلىپ چىقىشى) «ساق ئىش» بولغاچقا، شائىر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مۇنداق يازغان:

ساقىش ساقلىغىن بولدى ئاتى ساقىش،
كۆرۈ بارسا ساقىش ئىزىئۆك ساق ئىش.

(ھېساب ساقلىقىدىن ئاتالدى «ساقىش»،
كۆرۈرسەن ھېساب ئۇ ئۆزى بەك ساق ئىش).

«قەسىر»، «ساراي»، «ئوردا» سۆزلىرى قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «قارشى» دېيىلەتتى. «قارشى» سۆزى يەنە ھازىرقى مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلەتتى. شائىر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مۇنداق يازغان:

بۇ بەگلەر ئەۋى ئاتى قارشى تۇرۇر،
بۇ قارشى ئىچىندەكى قارشى تۇرۇر.
(بۇ بەگلەر ئۆيىنىڭ ئېتى «قارشى»دۇر،
بۇ «قارشى» ئەھلى ئۆزئارا قارشىدۇر).

«ئۆگ» دېگەن سۆز قەدىمكى زاماندا ئەقىل ـ ئىدراك، ماختىماق، چوڭ ياكى بۈيۈك دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلاتتى، شائىر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ناھايىتى ئوبدان تۈيۈق (مۇختەمىلات) يازغان:

قايۇ ئەردە بولسا ئوقۇش بىرلە ئۆگ،
ئانى ئەر ئاتاغىل، نەچە ئۆگسە ئۆگ.
ئوقۇش ئۆگ بىلىك كىمدە بولسا تۈگەل،
ياۋۇز ئەرسە كەدتى، كىچىك بولسا ئۆگ.

(ئەگەر كىمدە بولسا ئاڭ ـ ئىدراك ۋە ئۆگ،
ئۇنى ئەر ساناپ سەن قانچە ئۆگسەڭ ئۆگ.
ئەقىل ـ ئاڭ، بىلىم كىمدە بولسا تولۇق،
يامان بولسا خوپ دە، كىچىك بولسا ئۆگ).

بۇ يەردە «ئۆگ» سۆزى بىرىنچى مىسرادا ئەقىل، ئىككىنچى مىسرادا ماختىماق، تۆتىنچى مىسرادا چوڭ دېگەن مەنىلەردە كەلگەن.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە مول ۋە كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان پەلسەپىلىك پىكىرلەر شەرھلەنگەنلىكى، يۈكسەك بەدىئىيلىك ئىپادىلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ دۇنياغا كېلىشى بىلەنلا قاراخانىيلار تېررىتورىيەسىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەڭ رايونلاردا چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان. كىتابقا شۇ دەۋرلەردىلا باشقىلار تەرىپىدىن ئىككى مۇقەددىمە يېزىلغانلىقى ۋە 14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە ياشىغان «ئالتۇن ئوردا» دۆلىتىنىڭ مەركەزلىرىدىن بولغان سارايچىق شەھىرى خارا-

بىسىدىن 1909 ـ يىلى تېپىلغان بىر كوزىدا «قۇتادغۇ بىلىك»كە تەقلىدەن يېزىلغان مىسرالارنىڭ ئۇچرايدىغانلىقى بۇنىڭ جانلىق دەلىلىدۇر.

12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى بىلەن 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان ئەدىب ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق» (ھەقىقەت ئىشىكى) ناملىق دىداكتىكا داستانىنىڭ مەزمۇن، ئۇسلۇب ۋە تىل جەھەتتىن «قۇتادغۇ بىلىك»كە ئوخشايدىغانلىقى، «قۇتادغۇ بىلىك»تىن 250 يىل كېيىن نەسىردىن رابغۇزى تەرىپىدىن يېزىلغان «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق ئەسەرنىڭ بېشىدىكى «باھار ھەققىدىكى مەدھىيە»دىمۇ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەدەبىي ماھارەت تەسىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ دۆلەت، سىياسەت ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيەلەر جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى ئەدەبىيات جەھەتتىمۇ كېيىنكىلەرگە قانچىلىك كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

4

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن مەلۇم بولىدۇكى، «قۇتادغۇ بىلىك» يىگىردىن ئايىغى چىقىپ، تاپتاڭلاپ مېڭىۋاتقان بىر مەدەنىيەتنىڭ ئەمەس، بەلكى قەدىمىي ۋە يۈكسەك بىر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ بىۋاسىتە مەھسۇلى. ئۇ ئەدەبىي ئەسەر بولۇش بىلەن بىللە ھەم تارىخ، ھەم پەلسەپە، ھەم «سىياسەتنامە» ياكى دۆلەتشۇناسلىق، ھەم ئىجتىمائىي تەلىم ـ تەربىيە ۋە ئۇزاق ئۆتمۈش ھايات بىلەن قاراخانىيلار دەۋرىدىكى رېئال ھاياتنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن سىستېمىلىق بىر ئىلمىي ئەسەر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ شەرق مەدەنىيىتىنى، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر تارىخىنى، بولۇپمۇ قاراخانىيلار سەلتەنەتى تارىخى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى تارىخىنى، قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ پەلسەپە، ھوقۇق (قانۇن)، ئېتىكا (ئەخلاق)، تەلىم ـ تەربىيە، دىنىي ئېتىقاد، دۇنيا قاراش، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

شۇنداق بولغاچقا، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپلا، بۇ ئەسەر خەلقئارادا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ زور دەرىجىدە دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى، ھەرقايسى مەملىكەت ئالىملىرى ۋە تەتقىقات خادىملىرى «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى. ھەقىقەتەنمۇ «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە ھەممىدىن كۆپ تەتقىق قىلىنغان ئەسەر، بۇ ئەسەر خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ مۇھىم تەتقىقات تېمىلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلمەكتە. ئېلىمىزدىمۇ ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك ۋە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلماقتا. ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، «قۇتادغۇ بىلىك» 11 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق بىر ئەدەبىي ئەسەر بولغاچقا، بارلىق كىلاسسىك مەدەنىي مىراسلارغا ئوخشاشلا، بۇ ئەسەر ۋە ئۇنىڭ مۇئەللىپىمۇ بەزى جەھەتلەردە سى-

تىپى ھەم تارىخىي چەكلىمىلەردىن خالىي بولالمىغان. شۇڭا، بىز تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن، ئۇنىڭ شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى پايدىلىق تەرەپلەرنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئۆز ۋەزنى بىلەن نەزمىي شەكىلدە ئىشلەش تۈنجى قېتىم بولۇۋاتقان ئىش. سەۋىيەمىزنىڭ چەكلىك بولۇشى تۈپەيلىدىن، بۇ نۇسخىدا بەزى يېتەرسىزلىكلەرنىڭ كۆرۈلۇشى تەبىئىي، كىتابخانلارنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرىنى ئايىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز.

«قۇتادغۇ بىلىك» نى نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسى
1983 ـ يىلى، ماي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# مۇندەرىجە


出版说明 ........ 1

نەشر قىلىنىشى ھەققىدە ........ 5

总序 ........ 张春贤 11

كىرىش سۆز ........ جاڭ چۈنشيەن 15

编选说明 ........ 19

تۈزۈلۈشى ھەققىدە ........ 21

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن ........ 1

مۇقەددىمە ........ 3

A. نەسرىي مۇقەددىمە ........ 1

B. نەزمىي مۇقەددىمە ........ 3

C. بابلار مۇندەرىجىسى ........ 11

D. ئەسلىي مەتىن (تېكىست) ........ 15

بىرىنچى باب ھەممىدىن ئەزىز ۋە ئۇلۇغ بولغان تەڭرىنىڭ مەدھىيەسى بايانىدا ........ 15

ئىككىنچى باب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدھىيەسى بايانىدا ........ 19

ئۈچىنچى باب تۆت ساھابىنىڭ مەدھىيەسى بايانىدا ........ 21

تۆتىنچى باب پارلاق باھار پەسلى ۋە ئۇلۇغ بۇغراخان مەدھىيەسى بايانىدا ........ 23

بەشىنچى باب يەتتە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرج بايانىدا ........ 29

ئالتىنچى باب ئادەم بالىسىنىڭ قىممىتى بىلىم ۋە ئەقىلدىن ئىكەنلىكى بايانىدا ........ 32

يەتتىنچى باب تىلنىڭ پەزىلىتى بىلەن قۇسۇرى ۋە پايدىسى بىلەن زىيىنى بايانىدا ........ 34

سەككىزىنچى باب مۇئەللىپنىڭ ئۆز ئۆزرىسىنى ئېيتقانلىقى بايانىدا ........ 37

توققۇزىنچى باب ياخشىلىق قىلماقنىڭ مەدھىيەسى ۋە پايدىسى بايانىدا ........ 41

ئونىنچى باب بىلىم بىلەن ئەقىلنىڭ پەزىلەت ۋە پايدىلىرى بايانىدا ........ 47

ئون بىرىنچى باب كىتابنىڭ نامى، مەنىسى ۋە مۇئەللىپنىڭ ئۆز قېرىلىقىنى ئېيتقانلىقى بايانىدا ........ 53

ئون ئىككىنچى باب سۆز بېشى، كۈنتۇغدى ئەلىگ ھەققىدە ........ 58

ئون ئۈچىنچى باب — ئايتولدىنىڭ كۆنتۆغدى ئەلىگ خىزمىتىگە كىرگەنلىكى بايا-
نىدا ........................................ 65

ئون تۆتىنچى باب — ئايتولدىنىڭ كۆنتۆغدى ئەلىگ ھۇزۇرىغا كىرگەنلىكى بايا-
نىدا ........................................ 78

ئون بەشىنچى باب — ئايتولدى ئۆزىنىڭ بەخت ـ سائادەت ئىكەنلىكىنى ئېيتقانلىقى
بايانىدا ........................................ 83

ئون ئالتىنچى باب — ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە بەخت ـ دۆلەتنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا
ئېيتقانلىرى ........................................ 87

ئون يەتتىنچى باب — كۆنتۆغدى ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا ئادالەت سۈپەتلىرى ھەققىدە
ئېيتقانلىرى ........................................ 99

ئون سەككىزىنچى باب — كۆنتۆغدى ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا ئادالەت سۈپىتىنىڭ قانداق-
لىقىنى ئېيتقانلىقى بايانىدا ........................................ 102

ئون توققۇزىنچى باب — ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە تىلنىڭ پەزىلىتى ۋە سۆزنىڭ پايدىلى-
رىنى ئېيتقانلىقى بايانىدا ........................................ 119

يىگىرمىنچى باب — بەختنىڭ داۋامسىزلىقى ۋە دۆلەتنىڭ تۇراقسىزلىقى بايانىدا ... 129

يىگىرمە بىرىنچى باب — ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە نەسىھەت قىلغانلىقى بايا-
نىدا........................................ 141

يىگىرمە ئىككىنچى باب — ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە نەسىھەتى ........................ 153

يىگىرمە ئۈچىنچى باب — ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە ۋەسىيەتنامە يازغانلىقى بايانىدا ......... 160

يىگىرمە تۆتىنچى باب — كۆنتۆغدى ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشنى قىچقىرتقانلىقى بايانىدا .. 181

يىگىرمە بەشىنچى باب — ئۆگدۈلمىشنىڭ كۆنتۆغدى ئەلىگ ھۇزۇرىغا كىرگەنلىكى با-
يانىدا ........................................ 185

يىگىرمە ئالتىنچى باب — ئۆگدۈلمىشنىڭ كۆنتۆغدى ئەلىگ خىزمىتىگە كىرگەنلىكى بايا-
نىدا........................................ 187

يىگىرمە يەتتىنچى باب — ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە ئەقىلنى سۆرەتلەپ بەرگەنلىكى بايانىدا 214

يىگىرمە سەككىزىنچى باب — بەگلىككە لايىق بەگنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى بايانىدا .. 222

يىگىرمە توققۇزىنچى باب — بەگلەرگە ۋەزىر بولىدىغان كىشىنىڭ قانداق بولۇشى لازىم-
لىقى توغرىسىدا ئۆگدۈلمىشنىڭ ئېيتقانلىرى ........................ 248

ئوتتۇزىنچى باب — ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە ئەسكەر باشلىغۇچى كىشىنىڭ
قانداق بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى .......... 257

www.uyghurkitap.com




ئوتتۇز بىرىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۇلۇغ ھاجىپلىقا قانداق كىشى لازىملىقى توغرىسىدا ئەلىگكە ئېيتقانلىرى ........................ 273

ئوتتۇز ئىككىنچى باب ئىشىكئاغىسىنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى ھەققىدە ئۆگ- دۈلمىشنىڭ ئەلىككە ئېيتقانلىرى ........................ 282

ئوتتۇز ئۈچىنچى باب ئەلچىلىككە ئەۋەتىشكە قانداق كىشى يارايدىغانلىقى توغرى- سىدا ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە ئېيتقانلىرى ........................ 289

ئوتتۇز تۆتىنچى باب پۈتۈكچى قانداق بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدا ئۆگدۈلمىش- نىڭ ئەلىگكە ئېيتقانلىرى ........................ 297

ئوتتۇز بەشىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ خەزىنىدارلىقا قانداق كىشى لازىملىقى توغرىسىدا ئەلىگكە ئېيتقانلىرى ........................ 304

ئوتتۇز ئالتىنچى باب باش ئاشپەزنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدا ئۆگ- دۈلمىشنىڭ ئەلىگكە ئېيتقانلىرى ........................ 312

ئوتتۇز يەتتىنچى باب ئىچىملىك بېشىنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدا ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە ئېيتقانلىرى ........................ 318

ئوتتۇز سەككىزىنچى باب خىزمەتچىلەرنىڭ بەگلەر ئۈستىدە قانداق ھەقلىرى بارلىقى ھەققىدە ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە ئېيتقانلىرى ........................ 326

ئوتتۇز توققۇزىنچى باب كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىشقا خەت يېزىپ ئەۋەتكەنلىكى بايانىدا ........................ 349

قىرىقىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىش قېشىغا بارغانلىقى بايانىدا ...... 359

قىرىق بىرىنچى باب ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىش بىلەن مۇنازىرە قىلغانلىقى بايانىدا ........................ 362

قىرىق ئىككىنچى باب ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە دۇنيانىڭ ئەيىبلىرىنى ئېيت- قانلىقى بايانىدا ........................ 382

قىرىق ئۈچىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا دۇنيا ۋاستىسى بىلەن ئاخى- رەتنى تېپىش مۇمكىنلىكىنى ئېيتقانلىقى بايانىدا ............ 395

قىرىق تۆتىنچى باب ئودغۇرمىشنىڭ ئەلىگكە خەت يېزىپ ئەۋەتكەنلىكى بايانىدا ... 402

قىرىق بەشىنچى باب كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىشقا ئىككىنچى قېتىم خەت يازغانلىقى بايانىدا ........................ 421

قىرىق ئالتىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىش بىلەن ئىككىنچى قېتىم مۇنازىرە قىلغانلىقى بايانىدا ........................ 429

| | | |
|---|---|---|
| قىرىق يەتتىنچى باب | ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئېيتقانلىقى بايانىدا ...................... | 436 |
| قىرىق سەككىزىنچى باب | ئۆگدۈلمىشنىڭ ساراي ئەھلى بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولۇش توغرىسىدا ئېيتقانلىرى ................................ | 449 |
| قىرىق توققۇزىنچى باب | ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا ئاۋام بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش توغرىسىدا ئېيتقانلىرى ............................... | 464 |
| ئەللىكىنچى باب | پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بايانىدا ..... | 466 |
| ئەللىك بىرىنچى باب | ئالىملار بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بايانىدا .................... | 467 |
| ئەللىك ئىككىنچى باب | تېۋىپلار بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بايانىدا .................... | 469 |
| ئەللىك ئۈچىنچى باب | ئەپسۇنچىلار بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بايانىدا ................ | 470 |
| ئەللىك تۆتىنچى باب | چۈش ئۆرۈگۈچىلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بايانىدا ....... | 471 |
| ئەللىك بەشىنچى باب | مۇنەججىملەر بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بايانىدا ............... | 473 |
| ئەللىك ئالتىنچى باب | شائىرلار بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بايانىدا .................... | 475 |
| ئەللىك يەتتىنچى باب | دېھقانلار بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بايانىدا .................... | 476 |
| ئەللىك سەككىزىنچى باب | سودىگەرلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بايانىدا ................ | 478 |
| ئەللىك توققۇزىنچى باب | چارۋىچىلار بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بايانىدا ................ | 480 |
| ئاتمىشىنچى باب | قول ھۈنەرۋەنلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بايانىدا .......... | 482 |
| ئاتمىش بىرىنچى باب | پېقىرلار بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بايانىدا .................... | 485 |
| ئاتمىش ئىككىنچى باب | ئۆيلىنىشنىڭ قانداق بولۇشى بايانىدا ............................. | 484 |
| ئاتمىش ئۈچىنچى باب | پەرزەنتلەرنى قانداق تەربىيىلەش بايانىدا ...................... | 488 |
| ئاتمىش تۆتىنچى باب | خىزمەتچىلەر بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىش بايانىدا ......... | 491 |
| ئاتمىش بەشىنچى باب | ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا زىياپەتكە بېرىش قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئېيتقانلىقى بايانىدا ................................ | 496 |
| ئاتمىش ئالتىنچى باب | ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا زىياپەتكە چاقىرىش قائىدىلىرى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى .................................................. | 503 |
| ئاتمىش يەتتىنچى باب | ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە دۇنيادىن يۈز ئۆرۈپ، بارىغا قانائەت قىلىش ھەققىدە ئېيتقانلىرى ............................ | 507 |
| ئاتمىش سەككىزىنچى باب | كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىشنى ئۈچىنچى قېتىم دەۋەت قىلغانلىقى بايانىدا .................................................. | 532 |
| ئاتمىش توققۇزىنچى باب | ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىش يېنىغا كەلگەنلىكى بايانىدا ..... | 543 |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




يەتمىشىنچى باب كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىش بىلەن كۆرۈشكەنلىكى بايانىدا ........................................ 544

يەتمىش بىرىنچى باب ئودغۇرمىشنىڭ ئەلىگكە نەسىھەت قىلغانلىقى بايانىدا ........ 554

يەتمىش ئىككىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى ........................ 587

يەتمىش ئۈچىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۆتكەن ھاياتىغا ئېچىنىپ تووۋا قىلغانلىقى بايانىدا ........................................ 604

يەتمىش تۆتىنچى باب ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە كېڭەش بەرگەنلىكى بايانىدا ... 613

يەتمىش بەشىنچى باب توغرىلىقتا توغرىلىق، ئادەمگەرچىلىككە ئادەمگەرچىلىك قىلىش بايانىدا ........................................ 617

يەتمىش ئالتىنچى باب ئودغۇرمىشنىڭ ئاغرىپ قېلىپ، ئۆگدۈلمىشنى چاقىرغانلىقى بايانىدا ........................................ 636

يەتمىش يەتتىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا چۈش تەبىرىنى ئېيتقانلىقى بايانىدا ........................................ 641

يەتمىش سەككىزىنچى باب ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە چۈش كۆرگەنلىكىنى ئېيتقانلىقى بايانىدا ........................................ 645

يەتمىش توققۇزىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىش چۈشىگە تەبىر بەرگەنلىكى بايانىدا ........................................ 646

سەكسىنىچى باب ئودغۇرمىشنىڭ بۇ چۈشكە باشقا تەبىر بەرگەنلىكى بايانىدا ... 648

سەكسەن بىرىنچى باب ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە نەسىھەت قىلغانلىقى بايانىدا ... 652

سەكسەن ئىككىنچى باب قۇمارۇنىڭ ئۆگدۈلمىشكە ئودغۇرمىشنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئېيتقانلىقى بايانىدا ........................................ 672

سەكسەن ئۈچىنچى باب قۇمارۇنىڭ ئۆگدۈلمىشكە تەزىيە بىلدۈرگەنلىكى بايانىدا ..... 673

سەكسەن تۆتىنچى باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا ماتەم تۇتقانلىقى بايانىدا ........ 674

سەكسەن بەشىنچى باب ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە تەزىيە بىلدۈرگەنلىكى بايانىدا ...... 675

E. ئىلاۋىلەر ........................................ 698

I يىگىتلىككە ئېچىنىپ، قېرىلىق ھەققىدە ئېيتقانلىرى ........................ 698

II زامانىنىڭ بۇزۇقلۇقى ۋە دوستلارنىڭ جاپاسى توغرىسىدا ........................ 703

III كىتاب ئىگىسى يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزىگە نەسىھەتى ........................ 707

IV ئىزاھلار ........................................ 711

A

## نەسرىي مۇقەددىمە

بسم الله الرحمن الرحيم

(ئامەتلىچى ۋە ئوبىولۇچى تەڭرىنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن،)

.1 ھەمدۇسانا، مىننەت ۋە سانسىز مەدھىيەلەر
.2 ئەزىز ۋە ئۇلۇغ تەڭرىگەكىم، (ئۇ) ئۇلۇغلۇق ئىگىسى ۋە كامال
.3 قۇدرەتلىك پادىشاھتۇر. (ئۇ) يەرنى، كۆكنى ياراتقان،
.4 بارلىق جانلىقلارغا رىزىق بەرگەن. ئۇ نېمىنىكى
.5 خالىدى، شۇنى قىلدى؛ ھەمدە نېمىنىكى خالىسا، شۇنى قىلۇر.
.6 يەفئەلۇللاھۇ مايەشا ۋە يەھكۇمۇ مايۇرىد (خۇدا خالىغىنىنى قىلىدۇ ۋە ئىرادىسى بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ).
.7 يەنە سانسىز سالام ۋە دۇرۇتلار ئىنسانلارنىڭ
.8 ياخشىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ سەرخىلى (ۋە تەڭرىنىڭ ئۇلۇغ ئەلچىسى)
.9 مۇھەممەد مۇستاپاغا بولسۇن، يەنە ئۇنىڭ يارانلىرى بولغان ئەزىز ۋە مۆھتەرەم ساھابىلەردىن ئاللا رازى بولغاي.
.10 بۇ بەك ئەزىز بىر كىتابتۇر، (ئۇ) چىن ھېكىملەرنىڭ
.11 ھېكمەتلىرى بىلەن بېزەلگەن، ماچىن ئالىملىرىنىڭ
.12 شېئىرلىرى بىلەن ياسانغاندۇركى،
.13 بۇ كىتابنى ئوقۇغان ۋە بۇ بېيىتلارنى (باشقىلارغا) بىلدۈرگەن (كىشى بۇ)
.14 كىتابتىنمۇ ئەزىزرەكتۇر. چىن ـ ماچىن
.15 ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى بىر قارارغا
.16 كەلدىلەركى، مەشرىق ۋىلايىتىدە،
.17 پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان يەرلەردە، بۇغراخان تىلىدا
.18 تۈركىي سۆز بىلەن (ھېچكىم) بۇنىڭدىن ياخشىراق كىتابنى ھەرگىز

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



19. يازغىنى يوق. بۇ كىتاب قايسى پادىشاھلىققا
20. ياكى قايسى ئىقلىمغا يەتسە، غايەت
21. ئۈزلۈكى ۋە پەۋقۇلئاددە گۈزەللىكىدىن،
22. ئۇ ئەللەرنىڭ ھېكىملىرى بىلەن ئالىملىرى قوبۇل قىلىپ،
23. ئۇنىڭغا ھەربىرى بىر تۈرلۈك ئات ۋە لەقەب (لەقەم) بەردى.
24. چىنلىقلار «ئادابۇل ـ مۇلۇك» (شاھلارنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى) دەپ ئاتىدى؛ ماچىن
25. مەملىكىتىنىڭ ھېكىملىرى «ئايىنۇل ـ مەملىكە» (مەملىكەتنىڭ دەستۇرى)
26. دېسە، مەشرىقلىقلار «زىينەتۇل ـ ئۇمەرا» (ئەمىرلەر زىننىتى) دېدى؛
27. ئىرانلىقلار «شاھنامەئى تۈركىي» دەپ ئات قويدى؛
28. بەزىلىرى «پەندنامەئى مۇلۇك» (پادىشاھلارغا نەسىھەت) دەپ ئاتىدى؛
29. تۇرانلىقلار «قۇتادغۇ بىلىك» دەپ ئات قويدى.
30. بۇ كىتابنى يازغۇچى بالاساغۇندا
31. تۇغۇلغان بىر تەقۋادار زاتتۇر؛ ئەمما،
32. بۇ كىتابنى قەشقەر ئېلىدە تاماملاپ، مەشرىق
33. شاھى تاۋغاچ بۇغراخان ھۇزۇرىغا سۇنغاندۇر.
34. شاھ بۇغراخانمۇ ئۇنى قەدىرلەپ
35. (ۋە) ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭغا خاس ھاجىپلىقنى
36. ئىلتىپات قىلغان (ۋە) شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس
37. ھاجىپ دەپ نام ـ شۆھرىتى دۇنياغا يېيىلغاندۇر.
38. بۇ ئەزىز كىتاب تۆت ئۇلۇغ (ۋە) مۇھىم ئۇل ئۈستىگە بىنا
39. قىلىنغان: بىرىنچىسى، ئەدىل (ئادالەت)؛ ئىككىنچىسى، دۆلەت (بەخت)؛
40. ئۈچىنچىسى، ئەقىل؛ تۆتىنچىسى، قانائەت بولۇپ، يەنە (ئۇلارنىڭ)
41. ھەربىرىگە تۈركچە بىر ئات قويۇلغان. ئەدىلگە
42. «كۈنتۇغدى ئەلىگ» [1] ئېتى بېرىلىپ پادىشاھ ئورنىغا
43. قويۇلغان؛ دۆلەتكە «ئايتولدى» دەپ ئات قويۇلۇپ،
44. ۋەزىر ئورنىغا قويۇلغان؛ ئەقىلگە
45. «ئۆگدۈلمىش» دەپ ئات قويۇلۇپ، ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئورنىغا قويۇلغان؛
46. قانائەتكە «ئودغۇرمىش» ئېتى بېرىلىپ، ۋەزىرنىڭ
47. قېرىندىشى دەپ ئېيتىلغان. شۇنىڭدەك (مۇئەللىپ ئۆز پىكىرلىرىنى)
48. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇنازىرە ۋە سوئال ـ جاۋابلىق سۆزلەر ئارقىلىق
49. ئىپادىلىگەن، تاكى (بۇنى) ئوقۇغانلارنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ،
50. مۇئەللىپنى ياخشى دۇئا بىلەن ياد قىلسۇن دەپ.

B

## نەزمىي مۇقەددىمە

1 قادىر بىر خۇدا ئۇ، جىمىدىن ئۇزا،
تولا كۆپ شۈكۈر، مەدھ ئاڭالا سازا [2]

2 ئۇلۇغلۇق ئىگىسى، قادىر زۇلجەلال[3]
ياراتقان، تۆرەتكەن ۋە قادىر كامال.

3 يەر، ئاسمان ۋە مەخلۇق ئىگىسى يەنە،
تەييار قىلدى رىزقىڭ، يېگىن سەن كۈلە.

4 بېرۇر ئۇ جىمىگە ساناقسىز روزى[4]
جىمىگە يېگۈزۈر، يېمەس ئۇ ئۆزى.

5 ئۇ قويماس ئاچ ھەرگىز جىمى تىنغۇچىن،
يېگۈزۈر، ئىچۈرۈر ئۇ زات ھەممىسىن.

6 تىچۇك خالىدى، بولدى شۇنداق قامۇغ[5]
تىلىسە ئۇ كىمنى قىلۇ ئۇ ئۇلۇغ.

7 تاللانغان رەسۇلغا دۇرۇت ھەم سالام،
يەنە يارلىرىغا سالام ـ ئېھتىرام.

8 مۇھەممەد رەسۇلدۇر خالايىق بېشى،
ئېرۇر ھەممىنىڭ ئۇ كۆزى ۋە قېشى.

9 يەنە بۇ كىتابتۇر ناھايەت ئەزىز،
ئالىملارغا بولغاي بىلىمدىن دېڭىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



10 بىزەلگەن ئۇ قىممەت بىلىملەر بىلە،
ئەي كىمسە، شۈكۈر قىل، قانائەت تىلە.

11 ھېكىملەر سۆزىنى جىمىگە يېزىپ،
گۆھەر ـ ئۈنچىلەردەك قويۇپتۇ تىزىپ.

12 ماچىنلار بېگى[6]، شەرق سۇلتانلىرى،
بىلىملىك، ئاقىل، دۇنيا ياخشىلىرى،

13 جىمىسى كىتابنى ئۆزىنىڭ قىلىپ،
يوشۇرغان خەزىنە ئىچىگە قويۇپ.

14 بىرىدىن ـ بىرىگە مىراس قالدۇرۇپ،
بۆلەكلەرگە بەرمەس ئۆزىگە قويۇپ.

15 ئېرۇر پايدىلىق، ھېچ زىيان ئۇندا يوق،
تولا تۈركلەر ئۇقماس مەنىسىن تولۇق.

16 كىتابنى چۈشەنگەن بىلۇرلار ئۇنى،
ئوقۇپ، يازسىلا ئۇ بىلەلمەس بۇنى.

17 بېرۇر يوليورۇق بۇ كىتاب سۆزلىرى،
ھەر ئىككى جاھاندا تۈزەر ئىشلىرى.

18 ماچىن، چىن ھېكىمى ئۇلار يارچىسى،
گۈزەل دەپ ماختىدى ئۇنى ھەممىسى.

19 پۈتۈن تۈرك، چىن، شەرق ئېلىدە دېمەك،
بۇنىڭدەك كىتاب يوق جاھاندا بۆلەك.

20 كىتاب قەدرىنى ھەم بىلىملىك بىلۇر،
ئەقىلسىز كىشىدىن بۆلەك نە كېلۇر؟

21 كىتابنى ھەر ئادەمگە بەرمەس كېرەك،
ئەگەر بولسىمۇ دوست، ئىشەنمەس كېرەك.

22 نىچۇككىم، بىلىمسىز بىلمەس قەدرىنى،
ئەقىللىك ئوقۇبان كۆرەتۇر ئۇنى.

23 بۇ بۇغراخان ۋاقتى مۇئەللىپ ئۇنى،
يەنە خان تىلى بىرلە ئېيتمىش بۇنى.

24 بۇنىڭدەك كىتابنى كىم ئېيتقان ئەۋەل،
كېيىن كىممۇ ئېيتار بۇنىڭدەكنى دەل؟

25 كىم ئۇلسا بۇنىڭدەك يازارمۇ، قېنى؟
يازغۇچى بار ئۇلسا، مەن ماختاي ئۇنى.

26 كى ھەربىرساراي ـ ئوردا، كەنت ھەم شەھەر
كىتابقا ئالاھىدە نام بەردىلەر.

27 ھەر ئەلنىڭ بىلىملىك ھېكىمى تۇرۇپ،
ئۆتۈپتۇ شۇ ئەل رەسمىچە ئات قويۇپ.

28 بۇ چىنلىق «ئادابۇل ـ مۇلۇك» ئاتىدى،
ماچىنلىق «ئەنىسۇل ـ مەمالىك»[7] دېدى.

29 بۇ شەرق ئەللىرىدە ئۇلۇغلاپ ئۇنى،
«زىينەتۇل ـ ئۇمەرا» دېدىلەر كۆنى[8].

30 ئىرانلىقلار «شاھنامە» دەپ ئاتىشار،
تۇرانلىق «قۇتادغۇ بىلىك» دەپ ئاتار.

31 نە تۈرلۈك ئەللەردە، تۈرلۈك تىل ئار،
ئاڭا تۈرلۈك ئاتلار قويۇلمىش، قارا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



32 يەنە بۇ كىتابقا قويۇچى بۇ ئات
ئۇلۇغ قۇللىرىنى كەچۈرسۇن بايات[١].

33 ئايا، بۇ كىتابنى قوبۇل قىلغۇچى،
بۇ تۈركچە ئەسەرگە ئەجەبلەنگۈچى،

34 قارا، بۇ كىتابكى جىمىگە يارار،
بولۇپمۇ شاھلارغا كى، ئەل ـ يۇرت تۇتار.

35 ئەل ـ يۇرتنى ئىدارە قىلغۇچىلار كىم،
ئاڭا نە كېرەكنى دېمىشتۇر ھېكىم.

36 نېمىكى ئۇ قوغدار ھۆكۈمدارىنى،
كېرەكلىك نىزام ۋە شەرتلەر بارىنى؛

37 بۇ شاھلىق خارابى، باقاسى نەدىن،
ئۇنىڭ تۈزۈشى، كېتىشى نېمىدىن؛

38 يەنە چېرىك ـ لەشكەر، خادىملار بارى،
نېچۈك تۇپلىنۇر، قونۇر، سەپەر يوللىرى؛

39 بۇلارنىڭ تەرتىپىن كىتابتا ئېچىپ،
سەرەلەپ ئايرىغان بارچىسىن يېشىپ.

40 يەنە ئەلنى مەھكەم تۇتۇچى كىشى،
يارامىلىق كىشىگە بۇيرۇسۇن ئىشى.

41 ئەقىللىك ۋە لايىق كىشىلەر كېرەك،
گويا ئاي چىراغدەك ئېھسان ئۇلغاندەك.

42 خان ئۈستىدە باردۇر خەلقلەر ھەققى،
خەلق ئۈزرە خاننىڭمۇ ھەققى بار تېخى.

43 يەنە پۇقرالار ھەم كۆزەتسۇن ئۇنى،
شاھلارمۇ كۆزەتسۇن ئۇنىڭ جان ـ تېنى.

44 بۇ شاھلار نېچۇك ئەيلەسۇنلەر ئۇرۇش،
ئۇرۇشقاندا لەشكەرنى قانداق قۇرۇش.

45 يەنە ئېيتۇر نېچۇك قىلماقنى ھىيلە،
يېگەي دېسە ياۋنى بىر ھىيلە بىلە.

46 بۇ شاھ ھەرىكىتىدە نە ئەتمەك كېرەك،
كى خەلق قىلسا ھەرىكەت ئۇنىڭ كۆڭلىدەك.

47 شۇ ياڭلىغ بولسا شاھ، ئۇنى خەلق سۆيەر،
يۈزىنى كۆرەي دەپ كىشى تەلمۈرەر.

48 دېبان كىمنى قۇتلۇق ئاڭا بەرسۇن ئىش،
ئۆزىدىن يەنە كىمنى نېرى قىلىش؛

49 ئۇ كىمنى ئۆزىگە يېقىن تۇتقۇلۇق،
ئۇ كىمنى يامان دەپ يىراق قىلغۇلۇق؛

50 سىياسەتلە كىمنىڭ بېشىن چاپقۇلۇق،
پاراسەتلە قانداق كۆڭۈل ئالغۇلۇق.

51 ئەقىللىك، بىلىملىك، باتۇر شىر يۈرەك،
نېچۈك خەزنە توپلاپ، تاراتماق كېرەك.

52 خەلق ئۈزرە كۆپ بولسا بەگ قۇۋۋىتى،
پۈتۈن ئىش ئىچىدە بولۇر راھىتى.

53 بۇ بىرنەچچە سۆزنى ۋەسىيەت ساڭا
قىلىپ قويدۇم، ئۇنتۇما، دۇئا قىل ماڭا.

54 كۆرەرسەن كىتابنى بۇ يازغان كىشى،
ھۈنەرلىك ئەرەنكەن، كىشىلەر بېشى.

55 بۇ تۈرلۈك پەزىلەت، ئەقىل - ئاڭ بىلە
ئۇ ئەرمىش بېزەنگەن، يۈرەرمىش كۈلە.

56 ئۇ تۇغرا، باھۆرمەت بىر زاھىت ئېرۈر،
بىلىملىك ۋە تەقۋا، ئېرىغ - پاك يۈرۈر.

57 تۈرۈقلۇق ماكانى «قۇز ئوردۇ»[10] ئېلى،
تۈپ ئەسلى نەسەبتىن خەۋەرچى تىلى.

58 ئۇ تۇغقان ئېلىدىن كېتىپتۇ چىقىپ،
كىتابنى نەزمگە قوشۇپ تۈگىتىپ.

59 پۈتۈن ھەممىسىگە بېكىتكەچ نىزام،
ئۇنى قەشقەر ئىچىدە قىلغان تامام.

60 ھۇزۇرىدا خاننىڭ ئوقۇغان مۇنى،
ئۇ تاۋغاچ قارا بۇغراخانلار خانى

61 قەدىرلەپ ئۇنى كۆپ بېرىپ خىلئىتى[11]،
قەلەم ھەققى دەپ كۆپ قىلىپ ھۆرمىتى،

62 ئۇنىڭغا بېرىپ خاس ھاجىپلىق ئېتىن،
ئۇنى ئەيلەمىشتۇر ئۆزىگە يېقىن.

63 بۇ مەنە ئۈچۈن، كۆر، قەدىرلەر ئۈنى،
يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەپ ئاتارلار كۆنى.

64 يەنە بۇ كىتابنىڭ بايانىنى دەر،
بۇنى تۆت ئۇلۇغ ئۇل ئۈزرە ئۇ تۈزەر:

65 بىرى، توغرىلىق ئۈزرە ئادالەت ئېرۈر،
ئىككىنچىسى، دۆلەت ۋە ئىقبال تۇرۇر.

66 ئۈچىنچى، ئەقىلدۇر ئۇلۇغلۇق بىلە،
تۆتىنچى، قانائەت، ئاپىيەت ئىلە.

67 بۇنىڭ ھەربىرىگە بېرىپ باشقا نام،
ئاتاپ باشقا ئات بىرلە قىلمىش تامام.

68 ئادالەتنى كۈنتۇغدى ئەلىگ ئاتار،
ئۇنى كۆر، بۇ شاھلىق ئورۇندا قويار.

69 بۇ ئايتولدى دۆلەت ئاتالدى كۆنى،
ۋەزىرلىك ئورۇندا تۇتار ئۇ بۇنى.

70 ئەقىلنى ئاتاپ ئۇ دېدى ئۆگدۈلمىش،
بۇنى ئۇ ۋەزىرنىڭكى ئوغلى دېمىش.

71 قانائەتكە ئودغۇرمىش ئاتىن بېرىپ،
بۇنى ھەم ۋەزىرنىڭ يېقىنى قىلىپ،

72 بۇنىڭ ھېكمەتىن، كۆر، مۇشۇ تۆت ئۈزە،
كىتابنى تۈگەتكەن بۇلارنى تۈزە.

73 ئەرەبچە، تاجىكچە كىتابلار تولا،
بىزنىڭ تىلىمىزدا بۇ يالغۇز، شۇلا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



74 ئىلىملىك بىلۇرلار بۇنىڭ ھۆرمىتىن،
ئەقىللىك ئۇقارلار بىلىم قىممىتىن.

75 بۇ تۈركچە قوشاقلارنى تۈزدۈم ساڭا،
ئوقۇردا ئۇنتۇما، دۇئا قىل ماڭا.

76 كېتۈرمەن جاھاندىن، ئىشىت سەن ئۆزۈڭ،
تولا ئىبرەت ئالغىن ۋە ئاچقىن كۆزۈڭ.

77 ئىلاھىم، سەنلا سەن، بىزنى يارلىقا[12]،
نەسىب قىلغىن پۈتۈن مۆمىنگە لىقا[13].

ج

## بابلار مۇندەرىجىسى*


1. باب ئەزىز ۋە ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ مەدھىيەسى بايانىدا

2. باب پەيغەمبىرىمىز ئۇلۇغ مۇھەممەت مۇستاپانىڭ مەدھىيەسى بايانىدا

3. باب پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۆت يارى مەدھىيەسى بايانىدا

4. باب ياز پەسلى ۋە بۇغراخان مەدھىيەسى بايانىدا

5.باب يەتتە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرج بايانىدا

6.باب ئىنسان ئوغلى ھۆرمىتىنىڭ ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن ئىكەنلىكى بايانىدا

7. باب تىلنىڭ پەزىلىتى، قۇسۇرى، پايدىسى، زىيىنى بايانىدا

8. باب كىتاب ئىگىسىنىڭ ئۆز ئۆزرىنى ئېيتقانلىقى بايانىدا

9. باب ياخشىلىق قىلماق خۇسۇسىدا ئۆگۈت ۋە نەسىھەت

10. باب بىلىم ۋە ئەقىلنىڭ پەزىلەت ھەم پايدىسى بايانىدا

11. باب كىتابنىڭ نامى، مەنىسى ۋە ئۆزىنىڭ قېرىلىقى بايانىدا

12. باب قىلىق ۋە خۇي ـ پېئىل بۇزۇقلۇقىنىڭ زەرەرى بايانىدا

13. باب سۆز بېشى كۈنتۇغدى ئەلىگ بىلەن ئادالەتنىڭ سۈپىتى بايانىدا

14. باب ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئەلىگ ھۇزۇرىغا كەلگەنلىكى بايانىدا

15. باب ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئەلىگكە كۆرۈنگەنلىكى بايانىدا

16. باب ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئەلىگكە ئۆزىنىڭ بەخت ـ دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئېيتقانلىقى بايانىدا

17. باب بەخت ـ دۆلەتنىڭ سۈپىتى ۋە تەبىئىتىنىڭ ۋاپاسىزلىقى بايانىدا

18. باب كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا ئۆزىنى كۆرسەتكەنلىكى بايانىدا

19. باب كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ ئادالەتنىڭ قانداقلىقىنى ئېيتقانلىقى بايانىدا

20. باب ئايتولدىنىڭ ئەلىگدىن سوئال سورىغانلىقى بايانىدا

21. باب ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

22. باب تىلنىڭ پەزىلەتلىرى ۋە سۆزنىڭ پايدىلىرى بايانىدا


* بەزى ئالىملارنىڭ ئەتقىق قىلىشىچە، بۇ مۇندەرىجە مۇئەللىپنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن ئەمەس، كىتابنى كۆچۈر- گۈچىلەر تەرىپىدىن قوشۇپ قويۇلغان. شۇڭا بەزى ماددىلىرى تېكىست مەزمۇنىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



23. باب ۋەزىر ئايتولدىنىڭ سوئالى ۋە ئەلىگنىڭ جاۋابى
24. باب سۆز سۆزلىمەك ياخشىراقمۇ ياكى شۈك تۇرماقمۇ
25. باب بەختنىڭ تۇراقسىزلىقى ۋە دۆلەتنىڭ ۋاپاسىزلىقى بايانىدا
26. باب ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە نەسىھەت قىلغانلىقى بايانىدا
27. باب ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە ۋەسىيەتنامە يازغانلىقى بايانىدا
28. باب ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشنى قىچقىرتقانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەلىگكە كۆرۈنگەنلىكى بايانىدا
29. باب ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى
30. باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى
31. باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە ئەقىل سۈپىتىنى ئېيتقانلىقى
32. باب بەگلەرنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى بايانىدا
33. باب ۋەزىرلەرنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى بايانىدا
34. باب لەشكەربېشىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى بايانىدا
35. باب ئۇلۇغ ھاجىپنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى بايانىدا
36. باب ئىشىكئاغىسىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى بايانىدا
37. باب ئەلچىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى بايانىدا
38. باب كاتىپنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى بايانىدا
39. باب خەزىنىدارنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى بايانىدا
40. باب باش ئاشپەزنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى بايانىدا
41. باب باش ساقىينىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى بايانىدا
42. باب خىزمەتچىلەرنىڭ بەگلەر ئۈستىدە قانداق ھەقلىرى بارلىقى بايانىدا
43. باب ئەلىگنىڭ سوئاللىرىغا ئۆگدۈلمىشنىڭ جاۋابلىرى بايانىدا
44.باب كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىشقا خەت ئەۋەتكەنلىكى بايانىدا
45. باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىش قېشىغا بارغانلىقى بايانىدا
46. باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىش بىلەن مۇنازىرلەشكەنلىكى بايانىدا
47. باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشنى دەۋەت قىلغانلىقى بايانىدا
48. باب دۇنيانىڭ پەزىلىتى، پايدىسى ۋە زىيىنى بايانىدا
49. باب ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە دۇنيانىڭ قۇسۇر ۋە ئەيىبلىرى ھەققىدە ئېيتقانلىرى
50. باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا بۇ پانىي دۇنيا بىلەن باقىي ئاخىرەتكە ئېرىشىش ھەققىدە ئېيتقانلىرى

51. باب ئودغۇرمىشنىڭ ئەلىگكە نەسىھەتلىرىنى يېزىپ ئەۋەتكەنلىكى بايانىدا
52. باب ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىشقا ئىككىنچى قېتىم خەت ئەۋەتكەنلىكى بايانىدا
53. باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىش بىلەن ئىككىنچى قېتىم مۇنازىرىلەشكەنلىكى بايانىدا
54. باب بەگلەرگە خىزمەت قىلماقنىڭ ئەدەپ ۋە ئۇسۇللىرى بايانىدا
55. باب ئوردا خادىملىرى بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش بايانىدا
56. باب ئاۋام خەلق بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش بايانىدا
57. باب پەيغەمبەر ئەۋلادى بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش بايانىدا
58. باب ئالىملار، تېۋىپلار، ئەپسۇنچىلار، چۈش ئۆرۈگۈچىلەر، مۇنەججىملەر، شائىرلار، دېھ-
قانلار، چارۋىچىلار، ھۈنەرۋەنلەر ۋە پېقىرلار بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش بايانىدا
59. باب ئۆيلىنىش ۋە ئوغۇل - قىز پەرزەنتلەر تەربىيەسى بايانىدا
60. باب ئەلىگ خادىملىرى بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش بايانىدا
61. باب زىياپەتكە چاقىرىلىش ۋە بېرىش - بارماسلىق بايانىدا
62. باب زىياپەتكە بارغاندا، غىزانى قانداق يېيىش - يېمەسلىك بايانىدا
63. باب چايغا چاقىرىش قائىدىلىرى بايانىدا
64. باب ئودغۇرمىشنىڭ دۇنيادىن بېزىپ، ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى ئېيتىپ، بارىغا قانائەت قىلىشنى
ماختىغانلىقى بايانىدا
65. باب غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانماقلىق بايانىدا
66. باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشنى زىيارەت ئۈچۈن چاقىرىشقا بارغانلىقى بايانىدا
67. باب ئودغۇرمىشنىڭ ئەلىگ قېشىغا كەلگەنلىكى بايانىدا
68. باب ئودغۇرمىشنىڭ ئەلىگكە نەسىھەت قىلغانلىقى بايانىدا
69. باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئېيتقانلىقى بايانىدا
70. باب ئۆگدۈلمىشنىڭ پۇشايمان چېكىپ، تەۋبە قىلماقچى بولغانلىقى بايانىدا
71. باب ئادەمگەرچىلىككە ئادەمگەرچىلىك قىلىش بايانىدا
72. باب ئودغۇرمىشنىڭ ئاغرىپ قېلىپ، ئۆگدۈلمىشنى چاقىرتقانلىقى بايانىدا
73. باب ئودغۇرمىشنىڭ چۈش كۆرگەنلىكى بايانىدا
74. باب ئودغۇرمىشنىڭ چۈشكە تەبىر بەرگەنلىكى بايانىدا
75. باب ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە نەسىھەت قىلغانلىقى بايانىدا
76. باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە ئودغۇرمىشنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئېيتقانلىقى بايانىدا
77. باب ئۆگدۈلمىشنىڭ قېرىندىشى قېشىغا بارغانلىقى بايانىدا
78. باب ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا ماتەم تۇتقانلىقى بايانىدا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

79. باب  ئۆمۈرنىڭ بىھۇدە ئۆتكەنلىكىگە ئېچىنغانلىقى بايانىدا
80. باب  يۇسۇپنىڭ ياشلىقىغا ئېچىنىپ، قېرىلىق ھەققىدە ئېيتقانلىرى
81. باب  زاماننىڭ بۇزۇقلۇقى ۋە دوستلارنىڭ ۋاپاسىزلىقى بايانىدا
82. باب  كىتاب ئىگىسى ئۆزىگە نەسىھەت قىلىپ، ئۆز ئۆزرىنى ئېيتىدۇ

D

## ئەسلىي مەتىن (تېكىست)

بسم الله الرحمن الرحيم

(ئاللىغۇچى ۋە كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئېتى بىلەن باشلايمەن)

## بىرىنچى باب

### ھەممىدىن ئەزىز ۋە ئۇلۇغ بولغان تەڭرىنىڭ مەدھىيەسى بايانىدا

1 خۇدا ئاتى بىرلە سۆزۈم باشلىدىم،
تۆرەتكەن، ئۆستۈرگەن، كەچۈرگەن ئىزىم[14].

2 تولا مەدھىي بىرلە تۈمەنىڭ سانا
قادىر بىر خۇداغا، ئاڭا يوق پانا[15]

3 قوڭۇر يەر، يېشىل كۆك، كۈن، ئاي بىرلە تۈن
ياراتتى زامان، ۋاقىت، مەخلۇق ۋە كۈن.

4 ئۇ خالاپ ياراتتى، يارالدى پۈتۈن،
ئۇ بىرلا دېدى «بول»، بار ئولدى پۈتۈن.

5 بۇ بارچە يارالغان موھتاجدۇر ئاڭا،
ئىگەم سەن بىھاجەت، يوق ھەمراھ ساڭا.

6 ئەي قادىر ۋە مەڭگۈ بىھاجەت بايات،
سىنىڭدىن بۆلەككە ياراشماس بۇ ئات.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



7 ئۆلۈغلۈق ساڭا ھەم بۈيۈكلۈك ساڭا،
سېنىڭدىن بۆلەك يوق ساڭا تۇش ــ تەڭ.

8 ئەي بىر سەن، بىرىكمەس ساڭا باشقا بىر،
بۇرۇن سەن جىمىدىن، جىمىدىن ئاخىر.

9 ساناقتا قېتىلماس سېنىڭ بىرلىكىڭ،
پۈتۈن نەرسىگە يەتتى قۇدرەتلىكىڭ.

10 گۇمان يوقكى، بىر سەن، ئەي مەڭگۈ خۇدا،
ئۆزۈڭ ھەر نېچۈك سان ــ ساناق سىرتىدا.

11 ئىچۇ ــ تاش بىلۈرچى، ئەي ھەققۇل ــ يەقىن[16]
كۆزۈمدىن يىراقسەن، كۆڭۈلگە يېقىن.

12 ئېرۇر بارلىقىڭ كۈن ۋە ئايدەك يورۇق،
تېگىڭگە يېتۈچى كۆڭۈل ــ ئەقىل يوق.

13 نېمەلىكتىن ئەرمەس سېنىڭ بىرلىكىڭ،
ياراتتىڭ جىمىنى، جىسمى سېنىڭ.

14 پۈتۈن بار نېمىنى ياراتتىڭ ئۆزۈڭ،
يوقىلۇر جىمىسى، تىرىك سەن ئۆزۈڭ.

15 ياراتقان بارلىقىغا يارالغان تانۇق[17]،
يارالغان ئىككى بىر تانۇقى ئېنىق.

16 ئۇنىڭ ئوخشىشى يوق ۋە ياكى تېگى،
نېچۈكلۈكىگە يەتمەس خالايىق ئېگى.

17 ئۇ يۇرمەس، ئۇ ياتماس، ئۇيغاق، ئۇخلىماس،
ئۇنىڭدىن يىراقتۇر تەسەۋۋۇر ــ قىياس.

18 نه ئالدى، نه كېيىن، نه ئوڭ ـ سولدا ئۇ،
نه پەستە، ئېگىزدە، نه ئۇدۇلدا ئۇ.

19 ئورۇن ئول ياراتتى، ئورۇن يوق ئاڭا[18]،
ئۇنىڭسىز ئورۇن يوق، ئىشەنگىن بۇڭا.

20 ئەي سىرغا يېقىن، ئەي كۆڭۈلگە ئەزىز،
گۇۋاھتۇر ساڭا بارچە سۇرەت ۋە ئىز.

21 ياراتتىڭ تۇمەنمىڭ تىرىك، ساناقسىز،
قۇرۇقلۇق، چۇقۇر، تاغ، دالا، دۆڭ، دېڭىز.

22 ھېزەتتىڭ يېشىل كۆكنى يۇلتۇز بىلە،
يورۇتتۇڭ قارا تۈننى كۈندۈز بىلە.

23 ئۇچارلىق، ماڭارلىق، تىنارلىقكى بار،
سېنىڭدىن ئىچىپ، يەپ تىرىكلىك قىلار.

24 ئېگىز ئەرش ئۈستىدىن يەر ئاستىغا تا،
پۈتۈن بارچە موھتاج، ئەي ئىگەم ساڭا.

25 ئايا ھەققە پۈتكەن، ئاچ ھەمدىگە تىل،
دىلىڭ پۈتسە شەكسىز، يۇرۇتمە ئەقىل[19].

26 ئۇ قانداق دېمەكتىن كۆڭۈلنى كۆزەت،
پۈتۈپ بارلىقىغا ئاسايىشقا يەت.

27 نېچۈك، قانچە دەپ يۈرمە، تۇتقىن ئۆزۈڭ،
نېچۈك، قانچىسىز بىل، ئۇزارتما سۆزۈڭ.

28 بۇ مۇڭلۇق قۇلۇڭنى، ئەي مۇڭسىز ئىگەم،
كەچۈرگىن گۇناھىنى ئەيلەپ كەرەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



29 ساڭىلا سىغىنىدىم، ئۇمىدىم ساڭا،
قىيىنلىق يېرىمدە مەدەت قىل ماڭا.

30 سۆيۈملۈك رەسۇل بىرلە تۇرغۇز مېنى،
قولۇم تۇتقۇچى قىل قىيامەت كۈنى.

31 ئۇنىڭ تۆت يارىغا تۈمەنمىڭ سالام،
يېتىشتۇر مېنىڭدىن داۋام ۋە داۋام.

32 ئۇلۇغ كۈندە كۆرسەت ئۇلارنىڭ يۈزىن،
قولۇم تۇتقۇچى ئەيلە ياخشى سۆزىن.

33 سېنى ماختىيالمايمەن لايىق ئۆزۈم،
سېنى سەنلا ماختا، كېسىلدى سۆزۈم.

## ئىككىنچى باب

### پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدھىيەسى بايانىدا

34 ئەۋەتتى رەسۇلنى رەھىملىك ئىگەم،
كىشى ياخشىسى، تاللىنىلغىنى ھەم.

35 چىراغ ئىدى خەلققە قاراڭغۇ تۈنى،
يورۇقلۇقنى چاچتى، يورۇتتى سېنى.

36 خۇدادىن دەۋەتچى ئىدى ئۇ ساڭا،
يىگىت، توغرا بىر يولنى تاپتىڭ، شۇڭا.

37 ئاتاسىن، ئاناسىن پىدا قىلدى ئول،
تىلەك ئۈممەت ئەردى، بايان قىلدى يول.

38 كېچە ئۇخلىماستىن ۋە كۈندۈز يېمەي،
سېنى سورىدى ھەقتىن، بۆلەكنى دېمەي.

39 تىلىدى سېنى كۈن ـ تۈن ئەمگەك بىلە،
ئۈنى ماختا ئەمدى، رىزاسىن تىلە.

40 پۈتۈن قايغۇسى ئەردى ئۈممەت ئۈچۈن،
قۇتقۇزماق تىلەر ئەردى راھەت ئۈچۈن.

41 ئاتىدىن، ئانىدىن بولۇپ مېھرىبان،
تىلەيتتى خۇدادىن شۇنى ھەر زامان.

42 خەلققە ئىدى ئۇ خۇدا رەھمىتى،
قىلىقى سىلىقتۇر، تۈزلۈك خىسلىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

43 ئىدى ئۇ مۆلايىم، قىلىقى سىلىق،
هايالىق، قولى كەڭ، سېخىي رەھىملىك،

44 قوڭۇر يەر، يېشىل كۆكتە ئەردى ئەزىز،
ئاڭا بەردى تەڭرى قىممەت ئېيتقۇسىز.

45 بۇرۇندىن ئىدى باش پۈتۈن باشچىغا،
كېيىن بولدى تامغا پۈتۈن ساۋچىغا[20].

46 ئۈنىڭ مەن يولىغا كۆڭۈل باغلىدىم،
ئىشەندىم، سۆيۈپ ھەم سۆزىن ئاڭلىدىم.

47 ئىلاھا، كۆزەتكىن بۇ كۆڭلۈمنى سەن،
قوپاردا رەسۇللە قوپار مېنى تەڭ.

48 قىيامەتتە كۆرسەت تولۇندەك يۈزىن،
قولۇم تۇتقۇچى قىل، ئىلاھا، ئۆزىن.

## تۆتىنچى باب

### تۆت ساھابىنىڭ مەدھىيەسى بايانىدا

49 ئۇنىڭ تۆت ھەمراھى سۆيۈنچى ئىدى،
ھەر ئىشتا بىللە ھەم كېڭەشچى ئىدى.

50 قېيىنئاتا ئىككىسى، كۈيۈۋ ئىككىسى،
تاللانغان كىشىلەر ئىدى تۆتىسى.

51 جىمىدىن ئابابەكىر ئىدى ئەۋۋىلى،
خۇداغا ئىشەنگەن تىلى ۋە دىلى.

52 پىدا قىلدى مالى، تېنى ـ جانىنى،
رەسۇلنىڭ رىزاسى ئىدى كۆتكىنى.

53 كېيىن پارۇق[21] ئەردى كىشىلەر خېلى،
تىلى ۋە دىلى بىر، خەلق ئېسىلى.

54 ئىدى ئۇ يارىدەمچى ۋە ھەق دىنغا ئۇل،
كۆتۈردى توساقنى شەرىئەتتىن ئۇل[22].

55 ئوسماندۇر مۇلايىم، ئۇياتچان تېخى،
كىشىلەر خىلى ھەم قولى كەڭ سېخىي.

56 پىدا قىلدى بارچە مال ھەم ئۆزىنى،
رەسۇل بەردى ئاڭا ئىككى قىزىنى.

57 سوڭ ئاندىن، سەرە ـ خىل مەردان ئېلىدۇر،
ئەقىللىك يىگىت ئەر، يۈرەكلىك جەسۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

58 ئوچۇق قول ئىدى ئۇ، يۈرىكى سۈزۈك،
بىلىملىك ۋە تەقۋا، ئېتىدۇر بۈيۈك.

59 ئۇلار ئىدى دىن ھەم شەرىئەت كۆكى[23]،
كۆتۈردى مۇناپىق ۋە دىنسىز يۈكى.

60 بۇ تۆت يار ماڭا تۆت تادۇدەك[24] ئېرۇر،
تۈزۈلسە تادۇ چىن ھاياتلىق بولۇر.

61 مېنىڭدىن ئۇلارغا تۈمەنمىڭ سالام
يەتكۈزگىن، ئىگەم، سەن ئۈزۈكسىز داۋام.

62 سۆيۈندۈر مېنىڭدىن ھامان كۆڭلىنى،
قولۇم تۇتقۇچى قىل قىيامەت كۈنى.

## تۆتىنچى باب

### پارلاق باھار پەسلى ۋە ئۇلۇغ بۇغراخان مەدھىيەسى باپىدا

63 ئېسىپ كەلدى شەرقتىن باھارنىڭ يېلى،
بېزەشكە جاھان ئاچتى جەننەت يولى.

64 قوڭۇر يەر ئىپار تولدى، كافۇر[25] كېتىپ،
بېزەنمەك تىلەر دۇنيا كۆركەم ئېتىپ.

65 جاپا قىشنى قوغلاپ يازغى ئېسىن[26]،
پارلاق ياز يەنە قۇردى دۆلەت ياسىن.

66 قۇياش ياندى بولغاي يەنە ئورنىغا،
بېلىق قۇيرۇقىدىن قوزى بۇرنىغا[27].

67 قۇرۇغان ياغاچلار كىيىندى يېشىل،
بېزەندى يىپۇن[28]، ھال، سېرىق، كۆك، قىزىل.

68 قوڭۇر يەر يېپىندى يېشىل تۇرقىنى،
تاۋغاچ رەختى يايدى قىتان كارۋىنى.

69 دالا، تاغ، قىر، ئويمان تۆشەندى يېپىپ،
بېزەندى ۋادىلار يېشىل، ھال كىيىپ.

70 تۇمەن رەڭ چېچەكلەر ئېچىلدى كۈلۈپ،
ئىپار، كافۇر ھىدىغا دۇنيا تولۇپ.

71 ئېسىپ تاڭ شامىلى قەلەمپۇر پۇراق،
ئىپار بۇيىغا تولدى دۇنيا بىراق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



72 غاز، ئۆردەك، قىل[29]، ئاق قۇ خۇشاللىق يىلەن،
قاقىلداپ ئۇچۇشۇر يۇقىرى ـ تۆۋەن.

73 ئەنە كۆر، بىرى قونسا، ئۇچار ئۇ بىرى،
بىرى ئۈزسە ئۈينىاپ، ئىچەر سۇ بىرى.

74 تىزىلغان تۆگىدەك كۆكۇش[30] تۇرنىلار،
ئۇچار، يەلپۈنەر ھەم ئۇنىن ياڭرىتار.

75 ئۇلاي قۇش سايرىدى ئۇندەپ يولدىشىن،
گۈزەل قىز قىچىرغان كەبى سۆيمىشىن.

76 قاقىلدىدى كەكلىك، كۈلۈپ قاتقارا[31]،
قىزىل ئاغزى قاندەك، قېشى قاپقارا.

77 قارا قۇشقاچ ئۆتتى سىتا تۇمشۇقىن[32]،
ئۇنى نازىنىن قىزنىڭ ئۇنگە يېقىن.

78 چېچەكلىكتە مىڭ خىلدا بۇلبۇل ئۇنى،
ئۇقۇر سۇرى ئەبرىنى[33] كۈن ھەم تۈنى.

79 ئىلىك ۋە جەرەن گۈل ئارا ئۈينىشۇر،
ئارقار، تاغ ئۆچكىسى جۈپ ـ جۈپ سەكرىشۇر.

80 قاشىن تۇردى ئاسمان، كۆزى ياش چاچار،
چېچەكلەر يۈز ئاچتى، كۈلۈپ قاتقارار.

81 بۇ ۋاقتا جاھان ئۆز ـ ئۆزىگە قاراپ،
سۆيۈنۈپ، قۇۋانىپ مېلىغا قاراپ،

82 ماڭا كۆر يۇگۇرتكەچ ئۇ ئاچتى سۆزىن،
دېدى: كۆرمىدىڭمۇ، بۇ خاقان يۈزىن؟

83 ئەگەر ئۇيقۇلۇقسەن، تۇر، ئاچ ئەمدى كۆز،
ئىشىتمىگەن ئۇلساڭ، ئىشىت مەندىن سۆز:

84 تۇمەن يىل تۇل ئەردىم، سولغۇن يۈز ئىدىم،
سېلىپ تۇل كىيىم، كىيدىم ئاق ئاس[34]كىيىم.

85 ئۇلۇغ خان بېگىمدۇر، ياساندىم شۇڭا،
قوبۇل قىلسا، جانىم پىدادۇر ئاڭا.

86 بۇلۇت گۈركىرەپ چالدى خان دۇمبىقىن،
چېقىن چاقىندى، تارتتى خاقان تۇغىن.

87 بىرى چىقسا قىنىدىن، ئەل بويسۇنار،
بىرى شان ـ شۆھرىتىن جاھانغا يايار.

88 جاھان تۇتتى تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغراخان،
قۇتاتسۇن ئىتى، تاپسۇن ئىككى جاھان.

89 ئەي دىن ئىززىتى، دۆلەتكە يار ـ مۇئىن[35]،
ئەي مىللەتكە تاج، ئەي شەرىئەتكە دىن.

90 خۇدا بەردى بارچە تىلىگەن تىلەك.
ساڭا بولسۇن ھەق مەڭگۇ يارۇ يۆلەك.

91 ئەي دۇنيا جامالى، ئۇلۇغلۇقتا كۆرك،
ئەي مۇلك نۇرى، ئەي بىۋاپا بەختكە ئۆرك[36]،

92 زامان بەردى ساڭا دۆلەت ۋە تەخت،
بېرىۋەرسۇن تەڭرى بۇ تەخت بىرلە بەخت.

93 جاھان تىندى چىققاچ خاقان تەختىگە،
جاھان سۇندى سوۋغات خاقان بەختىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com



94 پازادىن كېلۇرچى ساما قۇشلىرى،
بىرى رايى ھىندىي[37]، بىرى قەيسەرىي[38].

95 ئېتىن ئاتىشىپ، بەسلىشىپ سايرىشۇر،
سۆيۈنۈش، خۇشاللىق ئارا يايرىشۇر.

96 گۈزەل مەنزىرە، يەردە گۈل خىلمۇخىل،
دالا، تاغ، ئېدىر، قىر يۈزى كۆك، يېشىل.

97 بىرى خۇش ھىدى بىرلە قۇللۇق قىلار،
بىرى كۆرك يۈزىلە ئىشكنى ئاچار.

98 بىرى قول سۇنۇپ ئاڭا ئىسرىق تۇتار،
ئېپار بىرلە بىرى جاھان تولغۇزار.

99 بىرى شەرقتىن تۇتار مىڭ ئارمىغان[39]،
بىرى غەربتىن تىكەر خىزمىتىگە جان.

100 تۇرار بەخت ئىشىكتە خىزمەتكە كېلىپ،
قىلاي دەپ يىر خىزمەت ئۈمىدلەر قىلىپ.

101 شۇ ياڭلىغ خىزمەتكە تەييار دۇر جاھان.
بويۇن ئەگدى دۈشمەن، يوقالدى شۇ ئان.

102 يېيىلدى جاھانغا خاقان داڭقىسى،
قېچىپ كۆرمىگەن كۆزلەرنىڭ ئۇيقۇسى.

103 تۈزەلدى قانۇن ۋە تىنچلاندى جاھان،
قازاندى نام ئۈستۈن قانۇن بىرلە خان.

104 دېسە كىم، كۆرەيمەن سېخىينىڭ ئۆزىن،
كېلىپ كۆرسۇن ئۇ ئۇشبۇ خاقان يۈزىن.

105 جاپاسىز، ۋاپا، بەخت تىلىسە كىشى،
يۈزىن كۆرسۈن ئۇنىڭ، ۋاپادۇر ئىشى.

106 زەرەرسىز مەنپەئەت كۆرەي دېسەڭ گەر،
يېقىن كەل، ئىشىن قىل، ئىسىن، كۆڭۈل بەر.

107 ئېسىل، خۇلقى كەمتەر، دىلى مېھرىبان
كىشى كىم؟ دېسەڭ، كەل، ئۇنى كۆر بۇ ئان.

108 ئەي خۇيى گۈزەل، پاك نەسەب، پاك ئۇرۇق،
جاھان قالمىسۇن سەندىن ھەرگىز قۇرۇق.

109 ساڭا ھەق بەردى بەخت، ئەي ساھىبقىران،
ئوقۇپ مىڭ ئېيتىنى ئاڭا قىل شۇكران.

110 تولا كونا بىر سۆز مەسەلدە كېلۇر،
ئاتا ئورنى، ئاتى ئوغۇلغا قالۇر.

111 ئاتىنىڭ ئېتى، ئورنى قالدى ساڭا،
قوشۇلسۇن يەنە باشقا مىڭ ـ مىڭ ئاڭا.

112 قىممەتلىك سوۋغات تۇتتى مىڭ ـ مىڭچە قول،
«قۇتادغۇ بىلىك»تۇر مېنىڭ سوۋغام ئول.

113 ئۇلارنىڭ سوۋغىتى كېلەر ھەم كېتۇر،
مېنىڭ بۇ سوۋغىتىم تا مەڭگۈ قالۇر.

114 نېچە يىغسا دۇنيا تۈگەيدۇ يوقاپ،
قالۇر سۆز پۈتۈلسە، جاھانغا تاراپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



115 كىتابقا يېزىلدى بۇ خاقان ئېتى،
بۇ ئات، ئەي ھۆكۈمدار، قالار شۇ پېتى.

116 خۇدايا، ئاشۇر دۆلەتىڭ، بەر تىلەك،
پۈتۈن ئىشتا بولغىن سەن ئارقا يۆلەك.

117 ئېسەن ئەيلە دوستىڭ، يېغىسىن يوقات،
خۇشال قىل دائىما، قايغۇدىن ئازاد.

118 يېغىپ تۇرسۇن يامغۇر، چېچەك گۈللىسۇن،
قۇرۇغان دەرەختە بىخلار كۆكلىسۇن.

119 پەلەك چاقى تۇرسۇن دائىم ئايلىنىپ،
تۆۋەن بولسۇن دۈشمەن بېشى ئېگىلىپ.

120 قوڭۇر يەر بولمىغۇنچە مىستەك[40] قىزىل،
يا ئوتتا چېچەك ئۈنمىگۈچە يېشىل.

121 بۇ ساھىبقىران كۆپ ياشىسۇن ئۇزۇن،
ھەسەتخور كۆزى ئوتتا كۆيسۇن پۈتۈن.

122 تېخى بولسا نېمە ئۇنىڭدا تىلەك،
ئاڭا بولسۇن داۋام ھەق ئارقا يۆلەك.

123 ھۇزۇر ۋە ھالاۋەت، ئىشەنچتە ئېلى،
ئېچىپ، يەپ، ياشىسۇن ئۇ لوقمان يېلى[41].

## بەشىنچى باب

### يەتتە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرج بايانى

124 خۇدا ئاتى بىرلە سۆزۈم باشلىدىم،
تۆرەتكەن، ئۆستۈرگەن، كەچۈرگەن ئىزىم.

125 ياراتتى ئالەمنى ئۇ خالاپ ئۆزى،
يورۇتتى كۈن، ئاي بىرلە دۇنيا يۈزى.

126 ياراتتى پەلەك، كۆر، دائىم ئايلىنۇر،
هايات هەم ئۇ بىرلە تىنماي چۆرگۈلۈر.

127 ياراتتى يېشىل كۆكتە يۇلتۇزنى ئۇ،
ياراتتى قارا تۈن ۋە كۈندۈزنى ئۇ.

128 كۆكتىكى يۇلتۇزلار بەزىسى بېزەك،
يول باشلار بەزىسى، بەزىسى يەزەك[42].

129 كىنشىگە يورۇقلۇق بېرۇر بەزىسى،
يول يىتسە كۆرسىتۇر يەنە قانچىسى.

130 بەزىسى ئېگىزدە، بەزىسى تۆۋەن،
غۇۋادۇر بەزىسى، بەزىسى روشەن.

131 بۇلاردىن ئەڭ ئۈستۈن سەكەنتىر[43] تۇرۇر،
ئىككى يىل سەككىز ئاي بىر بۇرجدا قالۇر.

132 ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ ئۇڭاي[44]
قالۇر بىر بۇرجدا ئۇ دەل ئون ئىككى ئاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com



133 ئۆچىنچى كۆرۈدۈر[45] غەزەپتە يورۇر،
قايان بارسا بارلىق ياشارغان قۇرۇر.

134 تۆتىنچى قۇياشتۇر، يورۇتار جاھان،
يېقىن ھەم ئۇدۇل كەلگەنني ھامان.

135 بەشىنچى سەۋىتتۇر[46] سۆيۈملۈك ئۆزى،
ئۇ باقسا كۆرەرسەن خۇشاللىق يۈزى.

136 ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئارزۇ[47] كېلەر،
ئۇ كىمگە يۇقۇشسا، تىلەككە يېتەر.

137 بۇلاردىن تۆۋەنرەكتە يالچىلىق[48] تۇرار،
قۇياشقا ئۇدۇل باقسا تولۇن بولار.

138 ئون ئىككى بۇرج باردۇر بۇلاردىن بۆلەك،
جۈپ ئۆيلۈك بەزىسى ۋە بەزىسى يەك:

139 قوزى يازغى يۇلتۇز، كېيىن ئۇي كېلۇر،
جەۋزا بىلەن سەرەتان تۇتىشىپ يۈرۈر.

140 ئېرۇر قوشنا بۇغداي بېشى ئارسلان،
كېلەر ئارقىدىن قەۋس، ئەقرەب، مىزان.

141 كېلەر ئاندىن ئوغلاق، سوۋغا ھەم بېلىق،
تۇغۇلسا بۇلار كۆك بولغۇسى يورۇق.

142 ئۈچ يۇلتۇز باھارنىڭ، ئۈچى يازغىدۇر،
قىشنىڭدۇر ئۈچىسى، ئۈچى كۈزگىدۇر[49].

143 ئۈچى سۇ، ئۈچى يەل، ئۈچى بولدى ئوت،
ئۈچى تۇپراق، بۇلاردىن دۇنيا ۋۇجۇد.

144 يېغىدۇر بۇلارنىڭ بىرىگە بىرى،
قويۇپ ياۋغا ياۋ، قىلدى جەڭنى نېرى.

145 ئۇرۇشماس بۇ ياۋلار، ياراشقان ئۇچۇن،
كۇرەشمەس بۇ ياۋلار كۆتۈرگەچ ئۆچۈن.

146 يېتىشلىك ئىلاھىم سېلىپ ئىزغا ئۆز،
ياراتتى ئۇلارنى، ياراشتۇردى تۈز.

147 بۇ ئىنسان باياتىن قىلاي ئەمدى مەن،
قەدىر تاپتى ئەقلى، بىلىم ـ ئاڭ بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ئالتىنچى باب

## ئادەم بالىسىنىڭ قىممىتى بىلىم ۋە ئەقلىدىن ئىكەنلىكى باياندا

148 ياراتتى ۋە يۈكسەلتتى تاللاپ ئادەم،
بېرىپ هوش ـ ئەقىل، پەزىل، ئىلىمنى ھەم.

149 تىلىنى چىقىرىپ، ئاچا بەردى دىل،
ئۇيات بەردى يەنە گۈزەل، خۇش پېئىل.

150 بىلىم بەردى، ئىنسان زورايدى بۇ كۈن،
ئەقىل بەردى، شۇڭا يېشىلدى تۈگۈن.

151 خۇدا بەرسە كىمگە ئەقىل ـ هوش، بىلىك،
تولا ياخشىلىققا ئۇزاتۇر ئىلىگ[50] .

152 بىلىمنى بۈيۈك بىل، ئوقۇشنى ئۇلۇغ،
بۇ ئىككى يۈكسەلتۇر قۇلنىمۇ تولۇق.

153 بۇ سۆزگە گۇۋاهتۇر تۆۋەندىكى سۆز،
بۇ سۆزنى ئىشىتكىن، سۆزۈڭ بۇندا ئۈز:

154 ئەقىل قايدا بولسا، ئۇلۇغلۇق بولۇر،
بىلىم كىمدە بولسا، بۈيۈكلۈك تاپۇر.

155 ئەقىللىك ئۇقار ئول، بىلىملىك بىلۇر،
بىلىملىك، ئەقىللىك تىلەككە يېتۇر.

156 بىلىم مەنىسىن بىل، بىلىم نېمە دەر،
بىلىم ئۇ ساقايتۇر كېسەل بولسا ئەر.

157 بىلىمسىز كىشى بارچە ئاغرىق بولۇر،
داۋالانمىسا ئۇ تىرىكلا ئۆلۇر.

158 كېسەلنى داۋالات، بار، ئەي بىلمىگەن،
ئەي ئالىم، نادانغا داۋا ئەيلە سەن.

159 ئەقىلدۇر بۇرۇندۇق، ئاڭا يەتسە ئەر،
تۇمەنمىڭ تىلىكى ھەم بولسا يېتەر.

160 كىشىگە ئېرۇر كۆپ ئەقىل پايدىسى،
بىلىم بىلسە ئىنسان ئەزىز بولغۇسى.

161 جىمىكى ئىشىڭنى ئەقىل بىرلە قىل،
بىلىم بىرلە ۋاقتىڭنى ساقلاشنى بىل.

## بەشىنچى باب

## تىلنىڭ پەزىلىتى بىلەن قۇسۇرى ۋە پايدىسى بىلەن زىيىنى باياندا

162 ئەقىل ھەم بىلىم تەرجىمانى بۇ تىل،
روشەن تىل كىشىنى يورۇتقۇچى، بىل!

163 قەدىرلىك قىلار تىل، تاپار بەخت كىشى،
قىلارئەرنى تىل خار، كېتەر ھەم بېشى.

164 ئىشىكتە تۇرار ئارسلاندۇر بۇ تىل،
ئەي ئۆيلۈك، ھەزەر قىل، بېشىڭ يەيدۇ، بىل.

165 نېمە دەيدۇ تىلدىن جاپا كۆرگەن ئەر،
قۇلاق سال، ئەمەل قىل، دىققىتىڭنى بەر:

166 جاپا سالدى تىلىم ماڭا كۆپ قېتىم،
كېسىلمەستە باشىم، كېسەي مەن تىلىم.

167 سۆزۈڭنى كۆزەتكىن، بېشىڭ كەتمىسۇن،
تىلىڭنى كۆزەتكىن، چىشىڭ سۇنمىسۇن.

168 بىر ئالىم دېدى تىل ئۈچۈن پۈختا سۆز،
ئايا تىل ئىگىسى، كۆزەت باشنى ئۆز.

169 ئېسەنلىك تىلىسەڭ ئەگەر سەن ئۆزۈڭ،
تىلىڭدىن چىقارما ياراقسىز سۆزۈڭ.

170 بىلىپ سۆزلىسە سۆز، بىلىم سانىلۇر،
بىلىمسىز سۆزى ئۆز بېشىنى يېيۇر.

171 تولا سۆزدە ئارتۇق پايدا كۆرمىدىم،
يەنە سۆزلىمەيمۇ پايدا تاپمىدىم.

172 تولا سۆزلىمە سۆز، بىرەر سۆزلە ئاز.
تۈمەن سۆز تۈگۈنىن بۇ بىر سۆزدە ياز[51].

173 كىشى بولغۇسى شاھ ئۆسۈپ سۆز بىلەن،
تولا سۆز بېشىڭنى قىلار يەر تۈۋەن.

174 بىلىم دەر «مەمەدانە»، كۆپ سۆزلىسەڭ،
گاچا دەيدۇ سۆزنى ئەگەر دېمىسەڭ.

175 پاساھەت[52] بىلە قىل شۇڭا سەن سۆزۈڭ،
پەسىھ بولسا تىلىڭ، ئۆسەرسەن ئۆزۈڭ.

176 تىلىڭنى كۆزەت بەك، كۆزىتىلەر باش،
سۆزۈڭنى قىسقا قىل، ئۇزارتىلار ياش.

177 بۇ تىل پايدىسى كۆپ، زىيانمۇ تولا،
ئارا ماختىلۇر، مىڭ سۆكۈلۈر ئارا.

178 ئەگەر مۇنداغ ئۇلسا، بىلىپ سۆزلە سۆز،
سۆزۈڭ بولسۇن كۆزسىز قارىغۇ ئۇچۇن كۆز.

179 ئېنىقكى، بىلىمسىز بىر قارىغۇ ئېرۇر،
بىلىمدىن نەسىپ ئال، بىلىمسىز، يۇگۇر.

180 تۇغۇلغان ئۆلەر، كۆر، قالۇر بەلگىسىز،
سۆزۈڭ ياخشى بولسا، ئۆزۈڭ ئۆلگۈسىز.

181 ئەر ئىككى نېمىدىن قېرىماس ئۆزى،
بىرى ياخشى ئىش، بىرى ياخشى سۆزى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى

182 كىشى تۇغدى، ئۆلدى، سۆزى قالدى، كۆر،
ئۆزى كەتتى ئىنسان، ئېتى قالدى، كۆر.

183 ئۆلۈمسىز ھاياتنى تىلىسەڭ ئۆزۈڭ،
قىل ياخشى، ئەي ھېكىم، خۇلقۇڭ ھەم سۆزۈڭ.

184 قىلىپ مەدھىي تىلنى، ئارا سۆكمىكىم،
ساڭا سۆز ئۇقتۇرۇش ئىدى تىلىكىم.

185 پەقەت سۆزلىمەسلىكنى ئەقىل خالىماس،
كېرەك سۆزنى سۆزلەر كىشى، يوشۇرماس.

186 سۆزۈمنى دېدىم مەن بالامغا، باتۇر،
مېنىڭدىن تۆۋەن ئۇ، نېچۈك تەڭ بولۇر؟

187 ئەي ئوغلۇم، دېدىم مەن ساڭا بۇ سۆزۈم،
ساڭا بۇ نەسىھەتنى بەردىم ئۆزۈم:

188 كۈمۈش قالسا ئالتۇن مېنىڭدىن ساڭا،
ئۇنى تۇتمىغىن سەن بۇ سۆزگە تەڭ.

189 كۈمۈشنى ئىشلەتسە، تۈگەر، يوقىلۇر،
سۆزۈمنى ئىشلەتسە، كۈمۈش قازىنۇر.

190 كىشىدىن كىشىگە مىراس سۆز قالۇر،
مىراس سۆزنى تۇتساڭ يۈز پايدا بولۇر.

191 قاپاق تۈرمە بوگۈن، ئەي دانا ماڭا،
يەنە ئۆزرە ئېيتسام ئەيمىنىپ ساڭا.

## سەككىزىنچى باب

### [illegible]

192 تىلنىڭ ئىدى، ئەي ھېكىم، سۆزلىمەك،
كېيىنكىلەرگە بىر يادىكار قالغۇدەك.

193 ئەقىل كەلدى قارشى، دېدى دىققەت ئەت،
سۆزۈڭ بولسا يېگىلىش، بولۇر ساڭا سەت.

194 ياماندۇر خەلق تىلى سېنى سۆزلىگەي،
كىشى خۇلقى قىزغانچ، ئېتىڭنى يېگەي.

195 قاراپ كۆرگىنىمچە يېنىكلەندى يوك،
ئۆزۈمگە دېدىم سۆزلە، بار سۆزنى تۆك.

196 نېمىشقا دېسەڭ مەن ساڭا ئېيتايىن،
سۆزۈمنى، ئەي ھوشيار يىگىت، ئاڭلىغىن:

197 كىشى ئاتى يالغۇزۇق[53]، يېگىلغاق ئۇچۇن،
دېيىلدى ئۇ يالغۇزۇق، يېگىلغان ئۇچۇن.

198 يېگىلمەس كىشى كىم، دېگىن سەن ماڭا،
تومەنىمىڭ يېگىلغاننى دەيمەن ساڭا.

199 بەك ئازدۇر بىلىملىك، تولا بىلىمسىز،
ئەقىلسىز تولىدۇر، ئەقىللىك ئەزىز[54].

200 بىلىمسىز بىلىملىككە بولدى يېغى،
نادانلار ئالىمغا قارشى ھەر چېغى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



201 كىشىدىن كىشىنىڭ تولا پەرقى بار،
بىلىمدۇر بۇ پەرق، سۆز شۇ ئۇزرە بارار.

202 بىلىملىككە سۆزلىدىم مەن بۇ سۆزۈم،
بىلىمسىز تىلىنى بىلمەيمەن ئۆزۈم.

203 بىلىمسىز بىلەن ھېچ سۆزۈم يوق مېنىڭ،
ئەي ئالىم، ئۆزۈم بىر قولۇڭمەن سېنىڭ.

204 سۆزۈمنى دىگىلى سەندىن ئەيمىنىپ،
قويارمەن بۇ ئۆزرەمنى ئۈمىد قىلىپ.

205 سۆز ئېيتقان كىشىلەر ئازار، ئالدىرار،
ئەقىللىك ئىشىتسە، تۈزىتىپ بارار.

206 بۇرۇندۇقلۇق ئول سۆز تۆگە بۇرنىدەك،
ماڭار نەگە تارتسا ھىڭگان تۆگىدەك.

207 بىلىپ سۆزلىگۈچى كىشى كۆپ ئېرۇر،
ئۇنى بىلگۈچى ئەر ماڭا خوپ ئېرۇر.

208 پۈتۈن ياخشىلىقلار ئىلىم نەپئى ئول،
بىلىم بىرلە تاپتى مىسال كۆككە يول.

209 بىلىم بىرلە سۆزلە پۈتۈن سۆزنى سەن،
بۇيۇك بىل بىلىمى بىلەن ئەرنى سەن.

210 يېشىل كۆكتىن ئىندى[55] قوڭۇر يەرگە سۆز،
كىشى تاپتى قىممەت سۆزى بىرلە ئۆز.

211 كىشى كۆڭلى تۈۋسىز دېڭىزدەك ئېرۇر،
بىلىم ئۈنچە ئوخشاش تۈۋىدە ياتۇر.

212 دېڭىزدىن چىقارمىسا ئۈنچە كىشى،
قالۇر ئۈنچە پەرقسىز بولۇپ ساي تېشى.

213 قوغۇر يەر تېگىدە ئالتۇن ئىدى تاش،
گەر چىقسا بەگلەرگە بولۇر باشقا تاج.

214 گەر ئالىم ئىلمىنى چىقارمىسا تىل،
يورۇتماس ئۇنىڭ ئىلمى ياتسىمۇ يىل.

215 ئەقىل ۋە بىلىم ئۇ ئۇز نەرسىدۇر ئەڭ،
ئەگەر بولسا ئىشلەت، ئۇچۇپ كۆككە تەڭ.

216 نېمە دەيدۇ ئەلنىڭ بېگى ئاڭلىغىل،
ئوقۇشقا، بىلىمگە يۈگۈرتۈپ ئەقىل:

217 جاھان تۇتقىلى ئەر ئەقىللىك كېرەك،
كېرەك يۇرت سوراشقا ئەقىل ۋە يۈرەك.

218 ئەقىل بىرلە تۇتتى جاھان تۇتقۇچى،
بىلىم بىرلە تۇتتى ئەلنى سورىغۇچى.

219 قاچانكىم جاھانغا چۈشۈپتۇ ئادەم،
ئاقىللار تۈزەپ كەلدى ياخشى نىزام.

220 قايۇ ۋاقتتا بولسۇن، بۇ كۈندىن بۇرۇن،
بىلىملىككە تەگدى بۈيۈكرەك ئورۇن.

221 ئەقىللە ئېسىلغاي ئادەم ئەسكىسى،
بىلىملە بېسىلغاي خەلق پىتنىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



222 بۇ ئىككى يول بىلەن ئىش پۈتمىسە ھېچ،
بىلىمنى قويۇپ ئال قولۇڭغا قىلىچ.

223 بىلىملىك، ئاقىل بەگ بولسا ئەل بېشى،
قىلىچ بىرلە تۈگەر بىلىمسىز ئىشى.

224 جاھان تۈتماق ئۈچۈن ئەرگە ئاڭ كېرەك،
ئەل - يۇرتنى سوراشقا بىلىم ئەڭ كېرەك.

225 بۇ ئىككى بىرىكسە بولۇر ئەر تولۇق.
تولۇق ئەر جاھان نېمەتىن يەر تولۇق.

226 ساڭا ئىككى دۇنيا گەر ئولسا تىلەك.
ئامالى ياخشىلىق ئېرۇر ئەيلىمەك.

227 ئەگەر ياخشى بولماق تىلىسەڭ ئۆزۈڭ،
يۇرى، ياخشىلىق قىل، قوي ئۆزگە سۆزۈڭ،

228 كىشى مەڭگۈ بولماسكى، مەڭگۈ ئېتى،
شۇڭا مەڭگۈ قالدى بۇ ياخشى ئېتى.

229 ئۆزۈڭ مەڭگۈ ئەرمەس، ئېتىڭ مەڭگۈ ئول،
ئېتىڭ مەڭگۈ ئولسا، ئۆزۈڭ مەڭگۈ ئول.

## ئوققۇزىنچى باب

## ياخشىلىق قىلماقنىڭ مەدھىيەسى ۋە پايدىسى باياندا

230 ئەگەر بولسا، خەلق ئۈزرە قولۇڭ ئۇزۇن،
ئەمەل سۆزدە قىل ياخشىلىقنى پۈتۈن.

231 يىگىتلىك قاچار ئۇ، تىرىكلىك ئۇچار،
بۇ چۈشتەك جاھاندىن كىشى تېز كېچەر.

232 ھايات ــــ دەسمايە، پايدا ــــ ئەزگۈلۈك[56]،
بولۇر ساڭا تاڭلا يېمەك ـ كىيگۈلۈك.

233 نېمە دەيدۇ ئاڭلا كىشى ياخشىسى:
تىنارلىق، ماڭارلىق ئاخىر ئۆلگۈسى.

234 جاھانغا نە ياڭلىغ ئەر تۇغۇلدى، كۆر،
بىر ئازلا يۈردى ـ دە، يەنە ئۆلدى، كۆر!

235 بەگ ئۆلسۇن ۋە يا قۇل يا ياخشى ـ يامان،
ئۆزى ئۆلدى، قالدى ئىزىدىن نىشان.

236 ساڭا تەگدى ئەمدى بۇ نۆۋەت ئورۇن،
قىلىپ سەن ياخشىلىق، ياخشى بول بۇرۇن.

237 تىرىك ئۆلۈر ئاخىر، تۆشەك بولۇر يەر،
تىرىكتۇر ئىزى، ياخشى بولسا ئەگەر.

238 كىشىدە ئىككى ئات، بۇ تىلدا يۈرۈر،
بىر ياخشى، بىر ئەسكى جاھاندا قالۇر.

ئۇيغۇر كىتاب توربېتى
www.uyghurkitap.com



239 يامىنى سۆكۈلۈر، ياخشى ماختىلۇر،
قاراپ كۆر ئۆزۈڭگە قايۇسى ياقۇر!

240 ئۆزۈڭ ياخشى بولساڭ، ئېتىڭ ماختىلۇر،
ئەي ھوشيار، يامان ئات بولسا سۆكۈلۈر.

241 يامان خۇيلۇق زاھھاك[57] سۆكۈلدى نېچۈن؟
نېچۈن ماختىنىلدى قۇتلۇق پەرىدۇن[58]؟

242 بىرى ياخشى ئەردى، ئۇنى ماختىدى،
يامان ئەردى بىرسى، ئۇنى قارغىدى.

243 يامانلىق كېرەكمۇ، ياخشىلىق ساڭا؟
قارغىشلىق كېرەكمۇ، ماختاشلىق ساڭا؟

244 قايۇسىن تىلىسەڭ، بىرىن تاللىغىن.
يامان ـ ياخشىلىققا ئۆكۈنمە كېيىن.

245 بۇ ياڭلىغ سۆز ئېيتتى سىنىغان كىشى،
سىنىغان كىشى ئۇ بىلەر ئەل ئىشى؛

246 كىشى ياخشى ئات بىرلە ئالقىش ئالۇر،
يامان ئاتلىق ئولسا، ئۇ قارغىش ئالۇر.

247 نېچە مەن سىنىدىم يامان قىلغۇچى،
ئۆتۈپ كۈنمۇ كۈنلەر ئازايدى كۈچى.

248 كۆرۈپ قانچە ئۆتتۈم، يامانلار ئىشى
راۋاج تاپمىدى، ئەي بىلىملىك كىشى.

249 يامانلىق ئېرۇر ئوت، بۇ ئوت كۆيدۈرۈر،
ئۆتۈشكە يولىدا كېچىك يوق ئېرۇر.

250 كۆرەرسەنكى، بىزدىن بۇرۇن ئۆتكۈچى،
ئاۋام خەلق ۋە يا بەگ جاھان تۇتقۇچى.

251 ئۇلاردىن بىلىملىك بولۇر قايسىسى،
بولۇپ ئۆتتى دۇنيا ـ زامان ئىگىسى.

252 جاھان بەگلىرىدىن كىم ئالىم ئىكەن،
ئۇلار ياخشى قانۇن تۈزۈپ، ئۆرلىگەن.

253 بۇ كۈندىمۇ ياخشى ئاتالغان كىشى،
ئەڭ ئاۋۋال ئېرۇر ئۇ ياخشىلار بېشى.

254 كىم ئاقىل خان ئولسا، بىلىمگە يېقىن،
قىلىپتۇر بىلىملىكنى ئۆزگە يېقىن.

255 تۇتۇنغان ئىشىنى بىلىپ ئىشلەر ئۇ،
بىلىمنى ئىشلىتىپ ئەلنى باشلار ئۇ.

256 تۈزىدى ئەلنى ئۇ، بېيىدى قارا،
خەلق بايلىقىن قىلدى ئۆزگە تۇرا[59].

257 چىقاردى ياخشى ئات، ئاتالدى سېخىي،
سېخىي ئۆلسە، ئېتىن تىرىك بىل تېخى.

258 ئۆلۈشىنى بىلگەچ تەييارلىق قىلىپ،
قويۇپتۇر تىرىككە پۈتۈك، ئات يېزىپ.

259 بۇ كۈن، كىم ئوقاركەن ئۇلار بىلەر،
ئالۇر ئۈلگە ئۇندىن ياخشىلىق كېلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



260 جاھاندا نېمە بار بىلىمدىن قىممەت،
بىلىمسىز دېسە ئەر ئۇچۇن بەكمۇ سەت.

261 نېمە دەيدۇ ئاڭلا بىلىملىك كىشى،
جاھاندا سىنالغان، يېتىلگەن يېشى:

262 بىلىمسىزگە تۆردە ئورۇن بولسا، كۆر،
بۇ تۆر بولدى پەگاھ، پەگاھ بولدى تۆر.

263 بولۇپ قالسا پەگاھ ئالىمغا ئورۇن،
بۇ پەگاھ بولۇر تۆر تېخى ئەڭ بۇرۇن.

264 بۇ ھۆرمەت پۈتۈنلەي بىلىمگە ئېرۇر،
ئۇ مەيلى ئىشىكتە يا تۆردە تۇرۇر.

265 ئىككى خىل ئېرۇر. كۆر. بۇ ئېسىل كىشى.
بىرى بەگ، بىرى ئالىم — ئىنسان بېشى.

266 بۇلاردىن بۆلەكنى سەن يىلقى سانا،
تىلىسەڭ بۇنى تۇت، ئۇنى سەن ۋە يا.

267 ئۆزۈڭ قايسىسى سەن ماڭا تىلىڭ ئاچ،
ئىككىدىن بىرى بول، ئۈچىنچىدىن قاچ!

268 ئېلىپ قولغا قىلىچ، بىرى ئەل تۈزەر،
قەلەم بىرلە بىرسى، ھەق يول كۆرسىتەر.

269 ئۇلاردىن قېلىپ كەلدى ياخشى نىزام،
مىراس بۇ، كىم ئالسا، ئۇ ئۆرلەر تامام.

270 ئۆلۈكتىن تىرىككە مىراستۇر بۇ سۆز،
مىراس سۆزنى تۇتسا بولۇر پايدا يۈز.

271 بىلىمسىز ئېرۇر ئۇ قارىغۇ بەلگىلىك،
ئەي كۆزسىز، بىلىمدىن سەن ئالغىن ئۈلۈگ[60].

272 كىشى كۆركى سۆزدۇر، كۆپتۇر سۆز تۇرى،
تىلىم، ماختا خۇش سۆز كىشىنى، يۇرى!

273 كېلۇر مۇڭا ئوخشاپ تۇركچە مەسەل،
بۇنى ئېيتايىن مەن مۇشۇ يەردە دەل:

274 ئەقىل كۆركى تىلدۇر، بۇ تىل كۆركى سۆز،
كىشى كۆركى يۈزدۇر، بۇ يۈز كۆركى كۆز.

275 كىشى تىل بىلەن دەر سۆزىنى ئۆزى،
سۆزى ياخشى بولسا، يورۇيدۇ يۈزى.

276 بۇ تۈرك بەگلىرىگە سېلىنسا نەزەر،
جاھان بەگلىرىنىڭ ياخشىسى شۇلەر.

277 بۇ تۈرك بەگلىرىدىن ئېتى بەلگىلىك،
توڭا ئالپ ئەر[61] ئىدى بەخت بەلگىلىك

278 ئىلىمدە بۈيۈك، كۆپ پەزىللىك دىلى،
بىلىملىك، ئەقىللىك، خەلقىنىڭ خىلى.

279 ئىدى ئۇ سەرە ـ خىل، زېرەك ئەر ئوغلان،
دۇنياغا زېرەكلەر بولۇر ھۆكۈمران.

280 تاجىكلار ئۇنى دەيدۇ ئەفراسىياپ،
بۇ ئەفراسىياپ تۇتتى ئەللەر تالاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



281 جاھاننى تۇتاي دەپ سۇنۇشقا ئەلىگ،
كېرەك كۆپ پەزىلەت بىلەن كۆپ بىلىك.

282 تاجىكلار كىتابتا پۇتۇپتۇ بۇنى.
كىتابقا پۇتمىسە، كىم ئۇققاي ئۇنى.

283 ئەجەب ياخشى ئېيتقان جەسۇر باتۇر ئەر،
جاسارەتلىك ئەر چىڭ تۇگۇننى يېشەر.

284 پەزىلەت كېرەك مىڭ تۇتۇشقا جاھان،
قۇلان تۇتقىلى، كۆر، كېرەك ئارسلان.

285 ھۆكۈمدارغا خىسلەت كېرەك مىڭ تۇمەن،
ئۇنىڭلە تۇتسا ئەل، يوقىلۇر تۇمان.

286 قىلىچ بىرلە كەسسۇن يېغى بوينىنى،
قانۇن بىرلە تۈزسۇن ئېلى ـ خەلقىنى.

## ئونىنچى باب

### بىلىم بىلەن ئەقىلنىڭ پەزىلەت ۋە پايدىلىرى باياندا

287 تىلىكىم ئىدى سۆز، ئەي ئالىم ھېكىم،
ئەقىل ۋە بىلىمدىن سۆزلەش مەقسىتىم.

288 ئەقىلدۇر چىراغدەك قاراڭغۇ تۈنى،
بىلىم — ئۇ يورۇقلۇق، يورۇتقاي سېنى.

289 ئۆسەر ئەر ئەقىلدىن، بىلىمدىن بويۇر،
بۇ ئىككى بىلەن ئەر قەدىرلىك بولۇر.

290 بۇڭا پۈتمىسەڭ كۆركى، نوشىنراۋان[62]،
ئەقىل كۆزى بىرلە يورۇتتى جاھان.

291 بېيىدى ئېلى، تۈز يۈرۈتكەچ نىزام،
ئەجەب ياخشى ۋاقىتتا قويۇپ ياخشى نام.

292 دېمىش بىر ھېكىم سۆز ئۇنىڭغا ئاتاپ،
دوزىخىي بولسىمۇ ئاڭا يوق ئازاب.

293 گۆدەككە قارا، ئۇ تاپۇر ئەقىل ھەم،
يېشى تولمىغۇنچە يۈرۈتمەس قەلەم[63].

294 ئەقىللىك كىشى ھەم قېرىسا ئازار،
ئەقىل كەتتى دەپ ھەم قەلەممۇ تىنار.

295 ئەگەر تەلۋە بىر ئەرنى ئۆلتۈرسە راست،
ئۇنىڭغا ئۆلۈم يوق، ئېلىنماس قىساس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


296 نېمىشقا دېسەڭ، ئۇ ئەقىلسىز ئېرۇر،
ئەقىلسىز مۇكاپات، جازاسىز ئېرۇر.

297 ئەقىلدىن بۆلەككە ھۆرمەت بولمىغاي،
ئەقىلسىز ئادەم ئۇ بىر ئوچۇملا لاي.

298 قاراپ كۆر، مۇنۇ سۆز ياخشى ئېيتىلغان:
ئۆزىنى بۇيۇتمەس ئەقىلسىز نادان،

299 ھەركىمنىڭ كىيىمى بولۇر ئۇستىدە،
ئەقىللىك، بىلىملىك ئەزىز ئەسلىدە.

300 ئەقىل بولسا، ئىپسىل بولۇر بولسا ئەر،
بىلىم بولسا، بەگلىك قىلۇر قىلسا ئەر.

301 ئەقىل كىمدە بولسا، بولۇر ئۇ ئىپسىل،
بىلىم كىمدە بولسا، بولۇر خان ئۇ، بىل

302 كىشى ئوغلى سۆندى قوڭۇر يەرگە قول،
بىلىم بىرلە تاپتى ھەر نەرسىگە يول.

303 ئەقىل بىرلە ئىپسىل ئاتىلۇر كىشى،
بىلىم بىرلە بەگلەر قىلۇر ئەل ئىشى.

304 تولا ئالقىش ئالغان تۇمەن پەزىلىلەر،
قىلىنغاچ ئەقىل بىرلە ماختالدىلەر.

305 ئەقىل ئازىنى ئاز دېمە، نەپئى كۆپ،
بىلىم ئازىنى ئاز دېمە، قەدرى خوپ.

306 ھېكىملەر سۆزىنى ئىشىت ۋە چۈشەن،
بۇ تۆت نەرسەت ئازىنى ئاز دېمە سەن:

307 بۇ تۆتىنىڭ بىرى ئوت، بىرىدۇر يېغى،
ئۈچىنچى، كېسەللىك ـــ ھايات تۈزىقى.

308 ئۇلاردىن كېيىنكى بىرىدۇر ئىلىم،
بۇ تۆتىنى بوش كۆرمە، بەكمۇ مۇھىم.

309 بۇلاردا بولۇر كۆپ پايدا يا زىيان،
بېرىم يا ئېلىمدەك بولۇر ھەرقاچان.

310 بىلىم كىمنىيادەك[64] يىغار نەرسىنى،
ئەقىلدۇر سارىيى، يىغار ھەممىنى،

311 ئىپار بىرلە بىلىم كېتەر ئوخشىشىپ،
تۇتۇپ بولماس ئۇنى ئۆزدە يوشۇرۇپ.

312 ئىپارنى يوشۇرساڭ، بويى بىلدۇرەر،
بىلىمنى يوشۇرساڭ، تىلىڭ كۆرسىتەر.

313 بىلىم بايلىق ئول، گادايلاشمايدىغان،
قاراقچى ۋە ئوغرى ئالالمايدىغان.

314 كىشىگە ئەقىل ۋە بىلىمدۇر كىشەن،
يامانلىق قىلالماس ئەر كىشەن بىلەن.

315 كىشى ياخشى ئاتنى كىشەنلەپ تۇتار،
كېرەكلىك ئېتىنى كۆزىتىپ تۇرار.

316 كىشەنلىك قاچالماس، كېرەكچە يۇرۇر،
تۇشاغلىق كېتەلمەس، تىلەكچە بولۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



317 ئەقىلدۇر ساڭا ئانت قىلىشقان ئاداش،
بىلىم چىن مېھرىبان ساڭا قېرىنداش.

318 نادانغا يېغىدۇر بىلگەن ـ ئەتكىنى،
يېتەر شۇ ئىككىسىنىڭ جېدەل ـ غەلىيىنى.

319 مۇڭا ئوخشاپ كېلەر تۈركچە مەسەل،
ئوقى ھەم كۆڭۈلدە مۇڭا قىل ئەمەل:

320 ئاقىلغا ئۆز ئەقلى ئەشلىككە[65] يارار،
نادانغا ئېتى بەس، قارغىش ياغدۇرار.

321 بىلىملىككە ئىلمى تولۇق تون ۋە ئاش،
بىلىمسىزگە قىلىقى يامان بىر ئاداش.

322 ئەي ئاقىل، غەزەپنى قىل ئۆزدىن يىراق،
ئاچچىقتىن يىراق بول، ئال ياخشى ئاتاق.

323 بۇ ئاچچىق، غەزەپتىن سەن ئەيلە ھەزەر،
يېقىن كەلسەڭ بولغاي ھاياتىڭ خەتەر.

324 غەزەپلىك ئىشىڭ ئۇ پۇشايمان بېرۇر،
قىزىق قانلىق ئولساڭ ئىشىڭ بۇزۇلۇر.

325 كىشىگە چىداملىق، ئېغىرلىق كېرەك،
كۆن ـ ئاي تۇغسا بەگكە تەمكىنلىك كېرەك.

326 يۇمشاقلىق كېرەك ھەم سىلىقلىق كېرەك،
ئاقىل ھەم بىلىملىك بولماقلىق كېرەك.

327 ئەقىل كۆپ كېرەكتۇر تاللاشقا كىشى،
بىلىم بەك كېرەكتۇر قىلىشقا ئىشى.

328 يارامىلىق يارامسىزنى ئايرىپ كۆرۈپ،
كېرەكلىك كېرەكسىزنى ئوبدان تونۇپ،

329 راسا تاسقىسا چىڭ، ئېنىق تاللىسا،
پۈتۈن ئىشقا ئۆتكۈر نەزەر تاشلىسا؛

330 شۇ چاغدا بولۇر ئىش پۈتۈن ۋە پىششىق،
بىلىملىك كىشى يەر ئېشنى پىششىق.

331 يېتەدۇر تىلەككە ئاشۇنداق كىشى،
چۈشەر ئىككى دۇنيادا يولغا ئىشى.

332 غەزەپ بىرلە ئاچچىق كىشىگە يامان،
چېكەر تەن ھەمىشە بۇلاردىن زىيان.

333 ئىشىتكىن، نېچۈك قىلدى ئالىم خىتاب،
بەختلىك كىشى ماڭ بۇ سۆزگە قاراپ:

334 قىزىققان بولسا ئىنسان بىلىمسىز بولۇر،
غەزەپلەنسە ئادەم ئەقىلدىن قالۇر.

335 غەزەپ ئەرگە يامان، بىلىم كەتكۈزۈر،
غەزەپتە يۇمشاقمۇ قوپاللىق قىلۇر.

336 نېمە دەر بىلىملىك كىشى ئاڭلىغىن،
بىلىملىك سۆزى تەڭ شېرىن جانغا چىن:

337 بۇ بىرنەچچە نەرسە كىشىگە ياۋۇز[66]،
بۇنى قىلسا كىشى بۇزار ئۆزنى ئۆز:

338 بىرى يالغان ئېيتماق ئېرۇر سۆزىدە،
ئىككىنچى، تۇرماسلىق قىلغان ۋەدىدە؛

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



339 ئۆچىنچى، ھاراقتا بولۇش مۇپتىلا،
بۇ ئەر ئۆمرى شەكسىز كېتەر بوشقىلا.

340 يەنە بىرسى كاجلىق، جاھىللىق قىلىش،
جاھىللىق جاھاندا ياشاتمايدۇ خۇش.

341 ئېرىغسىز قىلىقنىڭ بىرى قوپاللىق،
قىلۇر ئۇ كىشىلەر ئۆيىن توزانلىق.

342 بىكارغا چېچىلىپ، ئاچچىقلاش بىرى،
تىلىن ئاچسا يارا بولۇر ئەل دىلى.

343 كىشىدە يىغىلسا بۇ نەرسىلەر گەر،
مۇبارەك سائادەت ئۇنىڭدىن تېزەر.

344 پەلەكمۇ يار ئولماس، بېشى ئايلىنار،
بۇنىڭلە خۇلقىمۇ ئىزىدىن چىقار.

345 يۇرى، ياخشىلىق قىل، ئەي ياخشى كىشى،
ئوڭۇشلۇق ھامانە ياخشىنىڭ ئىشى.

346 نېمە دەر ئىشىتكىن مۇلايىم كىشى،
سىناپ ئالغۇچى قولغا دۆلەت ئىشى:

347 قېرىماس ياخشىلار يىل ئۆتكەن بىلەن،
تۈزەلمەس يامان، مىڭ تۈزەتكەن بىلەن.

348 يامان ئۆمرى قىسقا، ئۆكۈنچتە قېرۇر،
ئۇزۇن ياشلىق ياخشى ئۆكۈنچسىز يۇرۇر.

349 تىلەككە يېتەر ياخشى كۈندە يېڭى،
كۈنىگە مىڭ ئارتار يامانىنىڭ مۇڭى.

## ئون بىرىنچى باب

## كىتابنىڭ نامى، مەنىسى ۋە مۇئەللىپنىڭ ئۆز قېرىلىقىنى ئېيتقانلىقى بايانىدا

350 كىتاب نامى قويدۇم «قۇتادغۇ بىلىك»،
قۇتاتسۇن ئوقۇغۇچىغا تۇتسۇن ئېلىك.

351 سۆزۈم سۆزلىدىم مەن، پۈتتۈم بىتىك،
تونۇپ ئىككى دۇنيانى تۇتسۇن ئېلىك.

352 كىشى تۇتسا بەخت بىرلە ئىككى جاھان،
بەختلىك بولۇر، بۇ سۆزۈم چىن ھامان.

353 بۇ كۈنتۇغدى ئەلىگنى قىلدىم سۆز بېشى،
ئىزاھلاي بۇنى ھەم، ئەي ياخشى كىشى.

354 ئۇنىڭ كەينىدىن ئېيتتىم ئايتولدىنى،
يورۇيدۇ ئۇنىڭدىن سائادەت كۈنى.

355 بۇ كۈنتۇغدى توپتوغرا قانۇن ئۆزى،
بۇ ئايتولدى — بەخت ھەم سائادەت سۆزى.

356 كېيىن ئېيتتىم ئەمدى ئۆگدۈلمىشىن،
ئەقىلنىڭ ئېتى ئۇ، زورايتۇر كىشىن.

357 كېيىن ئېيتتىم ئودغۇرمىش ئۇزرە سۆزۈم،
ئۇنى ئاتىدىم «ئاقىۋەت» دەپ ئۆزۈم.

358 سۆزۈم ئۇشبۇ تۆت نەرسە ئۈستىدىدۇر،
ئوقۇساڭ دىققەتلە، مەنە ئېچىلۇر.

www.uyghurkitap.com



359 خۇشاللىقتا يۈرگەن، ئەي ياخشى يىگىت،
سۆزۈمنى زايە قىلما، ئوبدان ئىشىت.

360 تىرىش، توغرا يولدىن ئاداشما ھامان،
يىگىتلىك كەتمىسۇن بىكار، پايدىلان!

361 ئەزىز تۇت يىگىتلىكنى، تېز كەتكۇسى،
تۇتساڭمۇ قانچە چىڭ، ئاخىر قاچقۇسى.

362 سېنىڭدە بار ئىكەن يىگىتلىك كۈچى،
زايە قىلما، بول تائەت، خىزمەت قىلغۇچى.

363 بۇ ياشلىقتا ھەسرەتتە پۇشايمان ئۆزۈم،
پۇشايماندا يوق پايدا، كەستىم سۆزۈم.

364 قىرىقتىن ئۆتسە كىمنىڭ تىرىكلىك يىلى،
ۋىدالاشتى ئۇنىڭدىن يىگىتلىك تىلى.

365 ئەگكۈزدى ماڭا قولىن ئەللىك يېشىم،
قوغۇ[67] قىلدى قۇزغۇن تۇسىدەك بېشىم.

366 مېنى قىچقىرىپ ئاتمىش، دەيدۇ ئۇ كەل!
بارارمەن ئەگەرچە يەتمىسە ئەجەل.

376 ئەگەر تولسا ئاتمىشقا ئادەم يېشى،
كېتىپ زوق، ئۇنىڭ يازى بولۇر قىشى.

368 ئوتتۇز يىغقاننى ئالدى ئەللىك مانا،
قولىن ئۇرسا ئاتمىش نە قىلغاي، تاڭا.

369 نېمە قىلغان ئەردىم ئەي ئەللىك ساڭا،
نېمە شۇنچە سەن ئۆچ ساقلىدىڭ ماڭا.

370 يىگىتلىكتە تاتلىق ئىدى ھەر ئىشىم،
ئوغا قىلدى ئەمدى مېنىڭ يەر ئېشىم.

371 بويۇم ئىدى ئوقتەك، كۆڭۈل ئىدى يا،
كۆڭۈلنى قىلغۇچە ئوق، بويۇم بولدى يا.

372 يىگىتلىك نېمە يىغقان بولسا ماڭا،
قېرىلىق كېلىپ ئالدى، كەلگەي ساڭا.

373 ئايا، كەل نىجاتچىم، قۇتقۇلدۇر مېنى،
بولۇپمەن جاپادا يىل، ئاي تۇتقۇنى.

374 كىشەنسىز پۇكۇلدى، ماڭالماس پۇتۇم،
قارايدى يورۇماس بولۇپ نۇر كۆزۇم.

375 كېتىپ زوق، ئۆچتى ھەم كۆڭۈلنىڭ ئوتى،
ئۇزاقلاشتى مەندىن يىگىتلىك ئېتى.

376 ئويغان ئەي بوز چاچلىق، ئۆلۈمگە ئىشەن،
بۇ كەچمىش كۈنۈڭگە يىغلا ھەم ئۆكۈن.

377 ئۆتۈپ كۈن بىكارغا، توگىدى ھايات.
بۇ قالمىش كۈنۈڭنى تەۋبىلە ئۇزات.

378 ئەي ئىگەم، سەنلا مەڭگۈ مۇڭسىز تىرىك،
ياراتتىڭ ئۆلۈمگە بۇ سانسىز تىرىك.

379 دۇئا بىرلە سەندىن تىلەيمەن شۇنى،
ئۇزارتىپ يېشىمنى، تىرىك قىل مېنى.

380 بۇ سۆز باشلىدىم سەندىن تىلەپ مەدەت،
تاماملاشقا سۆزۇم ماڭا بەر قۇۋۋەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
www.uyghurkitap.com



381 تىلىم تىنما، ماختا ياراتقۇچىنى،
يامانلىقنى مەندىن يوقاتقۇچىنى.

382 ئۇ تاللاپ ياراتتى، يورۇتتى دىلىم،
ئىمان بىرلە تىنچ يولنى تاپتى دىلىم.

383 قاراڭغۇدا ئەردىم، يورۇتتى تۈنۈم،
زۇلمەتتە ئىدىم مەن، تۇغۇلدى كۈنۈم.

384 يۆرەتتىم ئېزىپ مەن، ئۇ كۆرسەتتى يول،
كۆيەتتىم مەن ئوتتا، قۇتۇلدۇردى ئول.

385 كۆتۈردى، تاللىدى، ئايرىدى مېنى،
ئازغۇنلار يولىدىن قايرىدى مېنى.

386 بېزەتتى دىلىمنى يورۇقلۇق بىلەن،
تىلىمنى بېزەتتى گۇۋاھلىق بىلەن.

387 ئۇ بەردى كۆڭۈل، كۆز، بىلىم، ئاڭ، ئەقىل،
سۆزلەشكە يول ئاچتى، راۋان قىلدى تىل.

388 ھەبىب[68] ئەلچى يولى كۆپايە ماڭا،
شۇ ئەلچىلا بولسۇن ماڭا باشپاناھ.

389 بۇ ھەممە ئىگەمنىڭكى پەزلى ئىدى،
مېنىڭدەك ئاسىي قۇلنى قەدىرلىدى.

390 بۇنىڭ شۈكرىنى مەن نېچۈكمۇ ئۆتەي،
ئەگەرچە ياشىسامۇ يىللار ۋە ئاي.

391 ئىلاھا، بىلەرسەن بۇ ئاجىزلىقىم،
ئاچارمەن ساڭا بار مۇشكۇلۇم، غېمىم.

392 قىلالمايمەن ساڭا مەن لايىق شۇكۇر،
مېنىڭچۇن ئۆزۈڭ قىل مۇۋاپىق شۇكۇر.

393 مۇشۇ توغرا يول ئۇزرە تۇتقىن مېنى،
مېنىڭدىن چۇچۇلما[69] بۇ ئىمان تونى.

394 تېنىمدىن چىقاردا مېنىڭ بۇ جېنىم،
شاھادەت بىلە كەس ئاخىرقى تېنىم.

395 ئۆزۈم يەر ئاستىدا قالغاندا تەنها،
تولا رەھمىتىڭنى ماڭا تۆك خۇدا.

396 تائەتسىز قۇلۇڭمەن گۇناھىم تولا،
ئۆزۈڭ پەزلى بىرلە كەچۈر، ئەي خۇدا!

397 مۆمىنلەر بارىنى ئۆزۈڭ ئەپۇ ئەت،
ئۇ باقىي جاھاننىڭ دىدارىن كۆرسەت.

## ئون ئىككىنچى باب

### سۆز بېشى، كۈنتۇغدى ئىلىگ ھەققىدە

398 ئەقىل ئەرز ئېتەر، كۆر، بىلىك بىلدۈرۈر،
قارارسىز جاھاننى ساڭا ئۇقتۇرۇر.

399 قېرى بۇ قارارسىز، ۋاپاسىز جاھان
قىلىقى قىز كەبى ئۆزى قېرىغان.

400 ئېرۈر بەزى خۇلقى قىز خۇلقىدەك خوپ،
ئۆزىن سۆيدۈرەر، قولنى يەرمەس تۇتۇپ.

401 ئۇ سۆيگەننى سۆيمەس، كېيىكتەك قاچار،
قاچقانغا يېپىشىپ، پۇتىنى قۇچار.

402 ياسىنىپ ئۇ بەزى ئارقاڭدىن چاپار،
سېلىپ بەزى كۆرمەسكە ئەتۇر قارار.

403 قارىساڭ ئۇ بەزەن تېز ئۆرەر يۈزىن،
قىلىپ نازىن نەچچە تۇتقۇزماس ئۆزىن.

404 تالاي بەگنى قېرىتتى، قېرىماس ئۆزى،
كەچۈردى تالاي بەگنى، تۈگىمەس سۆزى.

* *

405 بەگ ئەردى جاھاندا ھېكىملەرگە باش،
بۇ بەگلىكتە بولدى ئۆزۈن ئاڭا ياش.

406 بۇ كۈنتۇغدى ئەردى، ئېتى بەلگىلىك،
جاھان ئىچرە مەشھۇر قۇتى بەلگىلىك.

407 مىجەزى ئىدى تۈز ۋە خۇلقى ئوڭاي[70]،
سۆزى چىن، پۈتۈن ھەم كۆزى، كۆڭلى باي.

408 ئەقىللىك ۋە ئويغاق دانا زات ئىدى،
يامانغا بىر ئوت، ياۋغا ئاپەت ئىدى.

409 جەسۇر، مەغرۇر ئەردى ۋە قىلىقى كۆنى،
يۈكسەلتتى كۈندىن - كۈن بۇ خۇلقى ئۇنى.

410 مۇشۇنداق بەگ ئەردى بىلىمى بىلەن،
ياشىدى ۋە يۈردى تۈز خۇلقى بىلەن.

411 سىياسەت قىلۇر ئەردى ھىممەت بىلەن،
بۇ ھىممەت ياراشۇر مۇرۇۋۋەت بىلەن.

412 مۇڭا ئوخشاپ كېلۇر بىر شائىر سۆزى،
ئوقۇسا ئېچىلغاي ئوقۇغچى كۆزى:

413 مۇرۇۋۋەت ۋە ھىممەت بىردەك كېرەك،
بىراقلاش ئۇچۇن پەس - ياماندىن دېمەك.

414 مۇرۇۋۋەت، ھىممەتلە قەدىر ئۆلچىنۇر،
كىشىلىككە ھىممەت، مۇرۇۋۋەت كېرەك.

415 مۇشۇ قىلىقى بىرلە بۇ كۈنتۇغدى خان
كۈن - ئايدەك چېچىپ نۇر، يورۇتتى جاھان.

416 ئاقىل بولسا كىم، ئۇ چاقىرتتى ئۇنى،
كىم ئالىم بولسا ئۇ، بۇيۇتتى ئۇنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



417 يىغىلدى يېنىغا جاھان خىللىرى،
ئەقىل ھەم ئىلىمدە تاللانغانلىرى.

418 ئۆزى ئىشلىدى، تۈزدى ئەل ئىشىنى،
ئىلەيتتى يەنە ئۇ سەرخىل كىشىنى.

419 كى ياردەم قىلسا، ئىش باشلىسا ئۇلار،
ئۆزى تىنسا بىرئاز، ئىشلىسە ئۇلار.

*            *

420 دېدى ئۇلتۇرۇپ غەمدە بىر كۈن ئۆزى:
بۈيۈك ئىش بۇ بەگلىك ئىشى ھەم سۆزى.

421 كۆرۈرسەن، ئېرۇر كۆپ باش ئاغرىق ئىشى،
سۈزەر بۇ كۆپ ئىشنى ئەقىللىك كىشى.

422 قىلالماسمەن يالغۇز پۈتۈن ئەل ئىشىن،
كېرەك ماڭا بىر ئەر بىلۇر ئىش بېشىن.

423 كېرەكتۇر ماڭا بىر سەرە ـ خىل كىشى،
ئەقىللىك. بىلىملىك. كىشىلەر بېشى.

424 كۆيۈمچان بولسا، راست ھەممە قىلغىنى،
تىلى كۆڭلى تۈز بولسا، بىلسە بۇنى.

425 قىلىپ بەرسە ئەردى مېنىڭ ئىشلىرىم،
كۆرۈپ تۇرسا ئەردى ئىچۇ ـ تاشلىرىم.

426 نېمە دەيدۇ، ئاڭلا، سىنىغان كىشى،
تولا ئىش كەچۈرۈپ چوڭايغان يېشى:

427 كېرەك ئەرگە قولداش ۋە ياردەمچىلەر،
ئەقىللىك، بىلىملىك دانا ئەلچىلەر.

428 كېرەكتۇر ئىش بىلەر ياردەمچى دېمەك،
بىلىپ ئىشلىسە قولغا كەلگەي تىلەك.

429 ياردەمچى كۆپ ئولسا، بەگكە جەبىر كەم،
ئىشى يولغا چۈشكەي، بۇزۇلماس نىزام.

430 كېرەكتۇر ھەر ئىشتا ياردەمچىلەر، بىل،
بۇ بەگلىك ئىشىدا ئۇنى تولا قىل.

431 تىلەپ ياردەمچىنى تاپالماي ئەلىگ،
پۈتۈن ئىشقا سۇندى ئۇ ئاخىر ئېلىك.

432 قىيىنالدى ئۇ شۇنداق ئەمگەك ئىچرە كۆپ،
ھالاۋەت ئىستىگەن ئەمگەك چېكەر خوپ.

433 بۇ ھەققىتە سۆزىنى سىناپ سۆزلىگەن
بىر قۇتلۇق ئەزىز ئەر مۇنۇنى دېگەن:

434 ھالاۋەت ھەمىشە جاپا بىرلەدۇر،
سۆيۈنۈش قايغۇ بىلە دائىم تەڭ يۈرۈر.

435 باش ئاغرىق چوڭىيۇر، چوڭايسا كىشى،
يوغان بۆك كىيۇر گەر زورايسا بېشى.

436 پۈتۈن ئەلگە سالدى كۆز ـ قۇلاق ئەلىگ،
ئېچىلدى ئۇنىڭغا بېكىگلىك ئىشىك.

437 يارامسىزنى قولدىن تۇتۇپ باغلىدى،
ياماننى ئېلىدىن سۈرۈپ قوغلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



438 زېرەكلىك بىلەن ئۇ باشقۇردى ئېلىن،
يۈكسەلدى، ئېشىپ ھەم بەختى كۈنمۇكۈن.

439 دېمەك، ئەرگە دائىم ھوشيارلىق كېرەك،
بۇ بەگلىك ئىشىغا كېرەك يەنە بەك.

440 ھوشيارلىق، ئويغاقلىق بىلەن ئەل ياشار،
بۇنىڭ بىرلە دۆلەت ئۇزۇن چاغ تۇرار.

441 ئوخشايدۇ بۇنىڭغا بىر شائىر تىلى،
بۇ شائىر تىلىدۇر بۇ سۆزنىڭ ئۇلى:

442 ئويغاقلىق ۋە ساقلىقنى ماختىدى ئەر،
غاپىللىق بىلەن ئەر تۈمەنلەپ ئۆلەر.

443 غاپىل بولما ساقلان، پۈتۈن ئىشتا سەن،
تىلە ئىككى دۇنيا بۇ ساقلىق بىلەن.

444 كىشى بولسا بىغەم، ئۇ غاپىل قالۇر،
يېغى كەلسە ئاۋۋال غاپىللار ئۆلۇر.

445 نېمە دەيدۇ ئاڭلا، جاھان تۇتقان ئەر،
يېغىنى سەگەكلىك بىلەن ئۇتقان ئەر:

446 دېسەڭ ئەل تاپاي، ساق بول ئەي ھۆكۈمدار،
ساق ئولماق شەرىئەت يولىدىمۇ بار.

447 يۇمۇپ كۆزنى غاپىل غەپلەتتە ئۇخلار،
غاپىل ئولما، ساقلان، ئەي پەيلى ناچار.

448 ساق ئولسا ئەگەر خان، پايدا ئەلگىدۇر،
بۇ پايدا بىلەن ئەر ھۇزۇرغا تولۇر.

449 ئېلى بولدى باي، يۇرتنى تۈزگەچ خاقان،
بۆرى، قوي سۇ ئىچتى بىر جايدا شۇ ئان.

450 سۆيۈپ دوستلىرى ماختىدىلار ئۇنى،
بۇنى ئاڭلاپ يېغى ئەگدى بوينىنى.

451 سېغىنىپ بىرى كەلدى، ئىستەپ پانا،
بىرى ئۆپتى كېلىپ ئىشكىن يانا.

452 نېمە دەر، ئىشىت، ئەمدى كۆڭلى ئويغاق،
سۆزىدە چېچەكتەك تۈمەنمىڭ بوياق:

453 بۇ بەگلىك، ئۇلۇغلۇقنى خوپ نەرسە بىل،
يۇرۇشى تۈز ئولسا، ئەي مەڭزى قىزىل.

454 بولاتتى بۇ بەگلىك تېخى ياخشىراق،
گەر يولغا قويۇلسا قانۇن توغرىراق.

455 بېگى ياخشى بولسا ھەم خۇلقى كۆنى،
شۇ چاغدا نە قۇتلۇق بولۇر خەلق كۈنى.

456 نە قۇتلۇق بەخت ئەرگە بۇ ياخشى ئېتى،
بۇ ياخشى ئېتىدۇر مەڭگۈلۈك قۇتى[71].

457 نە ياخشى بولۇر بەگ ئۇ ياخشى كىشى
كىشىلىك بىلەن قىلسا ئەلنىڭ ئىشى.

458 پۈتۈن ئەلگە يەتتى ئەلىگ خىسلىتى،
يېيىلدى جاھانغا ئۇنىڭ شۆھرىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

459 كۆپەيدى دۇئا ئەلدە، ياخشى ئىپتى،
زورايدى كۈنمۇكۈن ئىپتى، دۆلىتى.

460 جاھان خەلقى ئاڭلاپ ئۇنى ئارزۇلاپ،
توپلاشتى ئەتراپقا ئۆزىنى ئۇلاپ.

461 جاھان باغلىدى، كۆر، تولۇق بەخت قۇرى،
قوزى بىرلە قىتىلىپ يۇرۇشتى بۆرى.

## ئون ئۈچىنچى باب

### ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئەلىگ خىزمىتىگە كىرگەنلىكى بايانىدا!

462 بار ئەردى ئايتولدى ئاتلىق تېتىك،
بۇ شۆھرەتنى ئاڭلاپ ئېتىندى ئېتىك[72].

463 يىگىت ئوغلان ئەردى مىجەزى بېسىق،
بىلىملىك، ئوچۇق دىل، ئاڭلىق، ئەقىللىك.

464 چىرايلىق يۈز ئەردى، كۆرۈپ كۆز قامار،
سۆزى يۇمشاق، تىلىدىن توغرىلىق تامار.

464 پۈتۈن پەزىلەتنى تامام ئۆگىنىپ،
يۈرەتتى پەزىلەتنى قولغا ئېلىپ.

* *

466 ئۆزىگە قاراپ ئېيتتى: مەنمۇ بۇ كۈن،
ئېرۈرمەن پەزىلەتتە ئەلدىن بۇرۇن.

467 نېمىشقا يۈرۈرمەن بۇ يەردە قۇرۇق؟
بارايىن ئەلىگكە، خىزمەت قىلغۇلۇق.

468 ئەلىگكە يار ئولسۇن پەزىلەتلىرىم،
ئېچىنسۇن[73] ماڭا، سىڭسۇن ئەمگەكلىرىم.

469 ئەقىللىك، بىلىملىك خان ئەرمىش بېسىق،
تىلەرمىش پەزىلەت ئىگىسىن ئېنىق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



470 ئەقىل قەدرىنى ھەم ئەقىللىك بىلۇر،
بىلىم ساتسا ئالىم، بىلىملىك ئالۇر.

471 مۇشۇ خىلدا بىر سۆزنى شائىر دېدى،
تىلى، لەۋزى بىرلە شۇ خىلدا ئىدى:

472 بىلىم قىممىتىنى بىلىملىك بىلۇر،
ئەقىلنى قەدىرلەش بىلىمدىن كېلۇر.

473 نېچۇك تەلۋە بىلگەي بىلىم قەدرىنى؟
بىلىم نەدە بولسا، بىلىملىك ئالۇر.

* *

474 بۇ ئايتولدى ئات، تون، قورال راسلىدى،
سالاي خىزمىتىگە يولۇمنى، دېدى.

475 ئۆزىگە كېرەكنى ئېتىندى ئېتىك،
يۈزلەندى ئەلىگكە بۇ ئالىم تېتىك.

* *

476 يەنە ئېيتتى: مۇندىن بارۇرمەن تۇرۇپ،
ئەلىگ خىزمىتىگە ئۆزۈمنى ئۇرۇپ.

477 غېرىبلىق يېرىدە بۇ مال بەك زۆرۈر،
قولۇم قىسقا بولسا، يۈزۈم سارغىيۇر.

478 ناھايەتمۇ قاتتىق غېرىبلىق ئىشى،
غېرىبلىقتا قاتقاي تولا ئەر بېشى.

479 كېرەك بولغاي ئالتۇن ـ كۈمۈش بىگۈمان،
ئۇنى خەج قىلايىن دېسە ھەرقاچان.

480 مۇڭا ئوخشىتىپ ئۇ، ئاڭلا، نېمە دەر،
بىلىمى دېڭىزدەك، مەڭزى قىزىل ئەر:

481 دېسە كىمكى خىزمەت قىلىشقا كىرەي،
كېرەك ئىككى نەرسە، سۆزۈمنى كېسەي:

482 بىرىنچى، كېرەكتۇر كېسەلسىز ھايات،
يۈزىنى ئاقارتقاي قىلىپ ئىشنى راست.

483 ئىككىنچى، ساپ ئالتۇن كېرەك، ئەي ئېتىك،
ئۇنى ئىشلىتىپ قىل ئۆزۈڭگە ئېتىك.

484 ئاشۇ چاغدا خىزمەت يارامىلىق بولۇر،
ئۇنىڭغا ئېتىكلىك ئىشىك ئېچىلۇر.

485 ئۇ ساپ ئالتۇن ئالدى كۈمۈش ھەم تاۋار،
دېدى: باشقا كۈن چۈشسە بۇ ئەسقاتار.

* *

486 ئۆيىدىن چىقىپ ماڭدى يولغا چۈشۈپ،
يۈرۈپ يول گاھىدا ۋە گاھى تۇرۇپ.

487 كېلىپ يەتتى ئەلىگ تۇرار ئوردىغا،
يېتىپ كۆڭلى كۈتكەن تىلەك ـ ئارزۇغا.

488 شەھەرگە كىرىپ ئۇ سوراشتى ماكان،
تاپالماي، كۆزىگە تار ئولدى جاھان.

www.uyghurkitap.com



489 مۇساپىرخانىغا چۈشۈپ، مۈڭلىنىپ،
تۈنىدى قىلىپ سەۋر، ئۇ يەردە قونۇپ.

490 نېمە دەر، ئاڭلىغىن، ئەقىللىك بىلىپ،
ساڭا سۆز سۆزلىدى بىلىمدىن ئېلىپ:

491 تولا قىينىلۇر، كۆر، تونۇشسىز كىشى،
كىرىپ قالسا يات ئېچرە يالغۇز بېشى.

492 تولا كۆپ كۆچىنۇر يېڭى كەلگۈچى،
قالۇر غەم ئارا، يوق ئۇلسا بىلگۈچى.

493 تونۇشسىز كىشىنى بىر قارىغۇ سانا،
يول ئازسا ئەگەر قارىغۇ، سۆكمە يانا.

494 كىشى كىرمىگەن ئەلگە كىرسە ئەگەر،
كېلىن يا كېكەچكە ئوخشاپ قالۇر ئەر.

495 كەچۈر يات كىشىنى، يېگۈز، بەر ئىچىم،
مۇساپىرنى خۇش تۇت، بىلىملىك ھېكىم.

496 مۇساپىرنى كۈتسە يورۇيدۇ يۈزى،
مۇساپىر كۈتكەننىڭ يېيىلۇر سۆزى.

497 كىشىگە كېرەكتۇر ھەر يەردە تونۇش،
تونۇشلار بىلەن ھەل بولۇر تۈرلۈك ئىش.

498 شۇ خىل تۈردى ئايتولدى بىرقانچە ۋاق،
غېرىبلىقتا سارغايدى رەڭگى بىۋاق.

499 تونۇشتى كىشىلەر بىلەن ئاخىر ئۇ،
ماكانىمۇ تېپىلدى، كۆلدى يۈزىمۇ.

500 تۇتۇپ دوست ـ يولداش، بولۇشتى يېقىن،
ئۇچۇق تۇتتى چوڭ ھەم كىچىككە يۈزىن.

501 ئۆزىگە ئايتولدى تاپتى بىر قاياش،
تۇتۇپ دوست كېڭەشتى، بولۇشتى ئاداش.

502 ئاداش تۇتتى ئايتولدى ياخشى كىشى،
كۆسەمىش ئىدى ئاتى، ياخشى ئىشى.

503 ئاڭا ئاچتى ئايتولدى كۆڭلى ـ سۆزى،
تىلىكى نېمىدۇر، ئېرۇر كىم ئۆزى.

504 يىرىدىن بۇ ئەلگە نېچۈك كەلگىنىن،
ئاڭا بەردى ئېيتىپ جىمى بىلگىنىن.

*　　　*

505 ئېلىگكە يېقىن خاس ھاجىپ بار ئىدى،
ئۆزى مەرد، ئەلىگكە ھەم ئەسرار ئىدى.

506 كۆسەمىش ئاڭا باردى بىر كۈن تۇرۇپ،
گېپىنى باشلىدى، سۆزگە يول تېپىپ.

507 بۇ ھاجىپ ئۇنىڭ ھەر سۆزىن ئاڭلىدى،
تىلىكى نېمە دەپ، ئېنىق سورىدى.

508 ئاڭا ئېيتتى كۆسەمىش بارچە سۆزى،
تىلىكى نېمە ھەم كىم ئىكەن ئۆزى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ھاجىپنىڭ كۈسەمىشكە جاۋابى

509 دېدى ھاجىپ: ئاۋۋال ماڭا كەلسۇن ئۇ،
كۆرەيىن ئۇنى مەن، مېنى كۆرسۇن ئۇ.

510 يەنە مەن ئەلىگكە بۇنى ئۇقتۇراي،
كۆرۈنگەي ۋە كەلگەي قاچاندا، سوراي.

## كۈسەمىشنىڭ ئايتولدىغا ئېيتقانلىرى

511 كۈسەمىش يېنىپ چىققاچ ئاندىن يانا،
دېدى: ئايتولدى، تۇغدى كۈنۈڭ مانا.

512 قېنى، ماڭ، تونۇش ئەمدى ھاجىپ بىلەن،
تىلىكىڭ نە ئولسا، ئۇنىڭدىن تىلەن.

513 سېنى بىلسۇن كۆرۈپ، ئىشەنسۇن سۆزۈڭ،
تىلىكىڭ نە ئولسا، ئۇنى ئېيت ئۆزۈڭ.

514 سۆزۈڭنى دېدىم مەن ئۇنىڭغا، بىراق
ئۆزۈڭ سۆزلە، مەندىن ئېچىپ ياخشىراق.

515 ئەجەب ياخشى دەپتۇ دىلى ـ كۆڭلى تۈز،
كۆرۈرسەنكى، بەكمۇ توغرا ئۇشبۇ سۆز:

516 كىشىنىڭ سۆزىنى كىشىمۇ قىلار،
كىشى ئۆز ئىشىغا مېھرىبان بولار.

517 ھەرقانچە بولسىمۇ، يېقىن ئۇ كىشى،
ئۆزۈڭدىنمۇ كۆيۈمچان بولۇرمۇ كىشى؟

518 كۆيۈمچان تىلىسەڭ ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ،
ئۆزۈڭدىن كۆيۈمچان يوق، بەس قىل سۆزۈڭ.

* *

519 تۈنىن كىيدى ئايتولدى، تۈردى شۇ ئان،
كۈسەمىش بىلەن چىقتى، ماڭدى ئۇ يان.

520 قوۋۇققا يېتىپ كەلدى ئاخىر يۈرۈپ،
قارشى ئالدى ھاجىپ كىشىسى تۇرۇپ.

* *

521 كۈسەمىش ھاجىپلە ئۇچرىشىپ چىقىپ،
كۆرۈشتۈردى ھاجىپلە باشلاپ كىرىپ.

* *

522 ھاجىپ قارشى ئالدى، ئورۇن قىلدى تۆر،
مۇلايىم سۆزلىدى، ئىبغىز ئېچىپ، كۆر.

## ھاجىپنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

523 ھاجىپ سورىدى: ئەمدى كۆڭلۈڭ نېچۈك؟
قونالغۇڭ قەيەر، چۈشكەن ئورنۇڭ نېچۈك؟

524 تونۇشۇڭ بارمۇ يا قېرىنداش، ئاداش،
كۈتكۈچىڭ بارمۇ، يەپ ـ ئىچمىكىڭگە ئاش؟

525 يەنە ئېيتتى: سەندە نېمىدۇر تىلەك،
نېمە ئىش قىلۇرسەن، ساڭا نە كېرەك؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





526 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: ئەي ھاجىپ قۇتى،
ئىشتتىم كۆنتۇغدى ئەلىگنىڭ ئېتى.

527 ئىشتىكەچ يىراقتىن ئۇنىڭ شۆھرىتىن،
ئەقىللىك، بىلىملىك، نادىر خىسلىتىن.

528 قىلىپ ئارزۇ مەن ئۇنىڭ خىزمىتىن،
ئىشىكىگە كەلدىم قىلاي دەپ ئىشىن.

529 تىلىكىم ئەلىگكە ئىشلىسەم ئۆزۈم،
لايىق كۆرسە ھاجىپ دېسىكەن سۆزۈم.

* *

530 ھاجىپ ياخشى كۆردى بۇ ئايتولدىنى،
دېدى ئۆز سۆزىدە تولا مەدھىينى.

531 يۈزى، كۆركى، خۇلقى – مىجەزى ئۆزىن،
ئۆز كۆردى ھەممىنى، تىلىن ھەم سۆزىن.

532 ئۇنى چىن يۈرەكتىن سۆيۈپ قوللىدى،
ئەلىگ خىزمىتىگە لايىقكەن، دېدى.

533 نە دەيدۇ، ئىشتىكىن، سۆيدۈرگەن كىشى،
سۆيدۈرسە بولۇر ئەيىب پەزىلەت بېشى:

534 سۆيۈلسە كىشى ئەيىبى پەزىل سېزىلۇر،
سۆيۈلمىسە، پەزلى قۇسۇر تۇيۇلۇر.

535 بۇ سۆزنىڭ گۇۋاھى ئېرۇر ئۇشبۇ سۆز،
ئۇقۇغىن بۇ سۆزنى سەن ئەي ياخشى ـ ئۆز:

536 كۆڭۈل كىمنى سۆيسە مۇن[74] ئەردەم[75] بولۇر،
تەتۈرى بولۇر ئۇڭ، كېمىمۇ تولۇر.

537 كۆڭۈل كىمنى سۆيسە، ھەر ئىشىن سۆيۈر،
كۆرەر كۆزگە ئۇرسا، كۆرۈنمەس بولۇر.

### ھاجىبنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

538 بۇ ئايتولدىغا بەردى ھاجىپ جاۋاب،
دېدىكىم، قاراپ تۇر، كەتمە ئالدىراپ.

539 ئەلىگكە مەن ئېيتاي ئەڭ ئاۋۋال سۆزۈڭ،
تىلىڭنى نېمە، كىم ئېرۈرسەن ئۆزۈڭ.

540 يۈزۈڭنى كۆرۈپ ئۇ، سېنى تونۇسۇن،
سېنى خارلىماستىن، ئەزىز ئەيلىسۇن.

541 كېرەكلىكلىرىڭگە تۇرارمەن قاراپ،
قىلۇرمەن ئىشىڭنى سۆيۈپ ياخشىلاپ.

*　　*

542 شۇ ياڭلىغ تولا ياخشى سۆز سۆزلىدى،
ئىشىڭ ھەل قىلاي دەپ بېلىن باغلىدى.

543 كىشىلەر ياخشىسى مۇشۇنداق بولۇر،
ياخشى ئەر خەلقنىڭ يۈكىن كۆتۈرۈر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



544 ئىشتكىن، نېمە دەر ئېلىن باشلار ئەر،
پۈتۈن ئىشنى ئوبدان كۆرۈپ ئىشلەر ئەر:

545 ئەل ئىچرە كىم ئالسا بىر ئۇستۇن ئورۇن،
تۈزسۇن ئەل ئۇچۇن بىر ياخشى قانۇن.

546 قولى بولسا كىمنىڭكى ئەلدە ئۇزۇن،
سىلىق بولسۇن قىلىقى، خۇلقى تۈزۈن[76].

547 ئۆتەر بولسا كىمنىڭ خەلققە سۆزى،
چۈچۈك بولسۇن تىلى، مۇلايىم ئۆزى.

548 ۋاپاسىز بۇ دۆلەت بۇزار ھەم تۈزەر،
تۇراقسىز بولغاچقا زېرىكسە تېزەر.

549 ئىشەنمە بۇ بەختكە، ياخشىلىقلا قىل،
بۇ كۈن مۇندا بولسا ئەتە ئاندا، بىل.

550 مەغرۇر بولما بەختكە، ئەي بەخت تاپقۇچى،
بۇ بەخت كەلگۈچىدۇر يەنە كەتكۈچى.

551 ئەي دۆلەت ئىگىسى بۇ دۆلەت بىلە
تۇراي مەن دېسەڭ سەن، ياخشىلىق تىلە.

552 ساڭا تەگسە بەگلىك، ئۇلۇغلۇق نوقۇل،
ئاقارغۇچە بېشىڭ، كىچىك پېئىل بول.

553 يەنە ئېيتتى ھاجىپ: سەن ئەمدى يۇرى،
خۇشال ياشا، باغلاندى بەختىنىڭ قۇرى[77].

554 سەن ئالدىرىما، خىزمەتكە بىر پەيت كېلۇر،
پەيت كەلسە ئېتىكلىك قوۋۇق ئېچىلۇر.

555 ئەجەب ساز دېيىلگەن بىلىملىك گېپى،
بىلىملىك گېپىدۇر يېيەك رەخت كەبى:

556 ئۇزىراپ قالۇر كەچ، ئالدىرالسا ئىش،
ئالدىراش ئىش بولۇر پۇشايمان يېيىش.

557 ئالدىرىماي كۈتكۈلۈك ئىشقا پەيتنى دەل،
ئەي ھېكىم، ئىش بولۇر ئۆز پەيتىدە ھەل.

## ئايتولدىنىڭ ھاجىپقا جاۋابى

558 ئايتولدى بۇ سۆزنى تولۇق ئاڭلىدى،
ئۇ ھالدا قىلىپ سەۋر، كۈتەي مەن، دېدى.

559 سۆزۈم تىڭشىدى، كۆردى ھاجىپ مېنى،
ئۆزى بىلسۇن بۇ ئىشنىڭ ۋاقىت ـ چېغىنى.

560 قايۇ ۋاقىتتا قىچقىرسا ھاجىپ مېنى،
كېلەي مەن شۇ ۋاقىتتا ــ دېيىلگەن كۈنى.

* *

561 تۇرۇپ چىقتى ئايتولدى ئۇندىن يانا،
ئۆيىگە كىرىپ سالدى تۈننى مانا.

* *

562 كۆرۈپ ھاجىپ ئايتولدىنىڭ قىلىقلىرىن،
كىشىلەردىن بۆلەكچە پەرق بارلىغىن.

563 دېدى: كۆرگىنىم يوق بۇ ياڭلىغ كىشى،
بىلىملىك ــ ئەقىللىك، خەلقنىڭ بېشى.

564 مۇشۇنداق كىشىلەر بولۇر بەكمۇ قىز،
بۇ قىز قىزلىقى قىلدى قىز ئاتى قىز[78].

565 ئەزىزدۇر شۇ نەرسە ئۇ گەر بولسا كەم،
تېپىلماس ئەزىز كۆپ قىلسا ئەجىر ھەم.

566 مۇشۇنداق كىشىلەر ئەلىگكە كېرەك،
ئەلىگكە كېرەك نەرسە ئەلگە كېرەك.

567 پەزىللىك كىشىدىن ئۇمۇم نەپ ئالۇر،
بۇ پەزلى بىلەن ئەر تىلەككە يېتۇر.

* *

568 ئەلىگكە ئېيتتى ھاجىپ ۋاقىت تېپىپ،
بۇ ئايتولدىنى تولا تەۋسىپ ئېتىپ.

569 ئۇنىڭ ھالى، ھەرىكىتى، خۇلقىنى دېدى،
ئەقىلگە مۇناسىپ ئىلمىنى دېدى.

## ئەلىگنىڭ ھاجىپقا جاۋابى

570 ئىشىتكەچ ئەلىگ، دېدى: كەلتۇر قېنى،
ئېرۇر قانچىلىك، مەن كۆرەيىن ئۇنى.

571 تىلەر ئەردىم ئەمدى مۇشۇنداق كىشى،
كۆزەتسە، بېجىرسە بۇ بەگلىك ئىشى.

572 تىلىكىمنى تاپتىم، لېكىن بىر سۆزۈم،
كى، شۇنداق كىشىگە موھتاجتىم ئۆزۈم.

573 يوگۇر، ماڭ، قىچقىرغىن ئۇنى سەن ماڭا،
كەلتۇر خىزمىتىمگە، ئەي جەسۇر توڭا.

*　　*

574 چىقىپ ھاجىپ ئۆيدىن، ئىشىككە كېلىپ،
يوگۇرتتى بىر ئوغلان خەۋەرچى قىلىپ.

575 يوگۇردى بۇ ئوغلان خەۋەر يەتكۈزۈپ،
ئايتولدى كىيىندى سۆيۈنچكە تولۇپ.

576 ئېتىن مىندى، كەلدى قوۋۇقتا چۈشۈپ،
بېرىپ ھاجىپمۇ، ئۇنى ئالدى كۈتۈپ.

577 قەدىرلەپ ھاجىپ تۆردىن يەردى ئورۇن.
ئەدەپ بىرلە ئايتولدى ئالدى ئورۇن.

*　　*

578 ئەلىگ قېشىغا كىردى ھاجىپ يېنىپ،
ئەلىگدىن ئۆتۈندى ئۇ ئۆرە تۇرۇپ.

ئەلىكنىڭ ھاجىپقا جاۋابى

579 ئەلىگ ئېيتتى: قىچقار، ماڭا كىرسۇن ئۇ،
كۆرەيىن ئۇنى مەن، مېنى كۆرسۇن ئۇ.

*　　*

580 ھاجىپ چىقتى، ئېيتتى: ئەي، ئايتولدى تۇر،
ئەلىگكە كۆرۈنگىن، بەختىڭ تاپتى قۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ئون ئۈچىنچى باب

### ئايتولدىنىڭ كۈنتۇغدى ئەلىگ ھۇزۇرىغا كىرگەنلىكى بايانىدا

581 بۇ ئايتولدى كىردى، كۆرۈندى چۆكۈپ،
ئېچىلدى ئەلىگ كۆڭلى ئۇنى كۆرۈپ.

582 يۈكۈندى ئەلىگكە، كۆر، ئاچتى سۆزىن،
قىلىپ سۆزنى شېرىن، سۆيدۈردى ئۆزىن.

### ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

583 ئەلىگ ئېيتتى: كىمسەن، نېمىدۇر ئېتىڭ،
قەيەردىن كېلۇرسەن، قەيەردە يۇرتۇڭ؟

* *

584 بېسىقلىق بىلەن ئاچتى ئايتولدى تىل،
سىلىقلىق بىلەن ئۇ سۆزىن ئاچتى، بىل.

* *

585 بېسىقلىق، سىلىقلىق ئاقىل خۇلقى ئول،
ئەقىلسىز كىشىلەر تامام يىلقى ئول.

586 مۇڭا ئوخشىتىپ ئېيتتى شائىر بۇ بېيت،
ئىشىڭ بولسا شاشما، سەۋر بىلەن ئېيت:

587 ئالدىراش قىلما ئىش، سەۋر بىرلە قىل،
ئالدىراپ قىلغان ئىش تاڭلا پۇشمان، بىل.

588 تۇتۇپ ئۆزنى، ئالدىرما، ئىشتا پۇتۇن،
تاپار قۇل سەۋرلە بۇ بەگلىك ئورۇن.

### ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

589 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: ئەي ئەلىگ قۇتى،
بولۇر خىزمەتلە ياخشى قۇللۇق ئېتى.

590 ئېتىم — قۇل، تاپۇغچى[79]، ماكانىم قوۋۇق،
ئادىتىم — ئىشلەشتۇر، خۇيۇم — توغرىلىق.

591 ساڭا كەلدىم ئۆزۈم ئۆزۈن يول بېسىپ،
مۇرادىمغا يەتتىم بۇ كۈن مەن قېنىپ.

592 تىلىكىم شۇ: مېنى يامان كۆرمىسەڭ،
سېلىپ ئىشقا، لېكىن ئۆزۈڭ بەزمىسەڭ.

* *

593 سۆيۈندى ئەلىگ ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بۇ سۆزىن،
سىناپ كۆردى ھەم بەك ياقتۇردى ئۆزىن.

### ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

594 ئەلىگ ئېيتتى: ئايتولدى كۆردۈم سېنى،
سۆيۈندۈردى كۆركىڭ، قىلىقىڭ مېنى.

595 ساداقەت بىلە ئىشلە، بول مېھرىبان،
ئىشىكتە تۇر، ماڭا يېقىن بول ھەر ئان.

596 مېنىڭدىن سېخىيلىق، سېنىڭدىن تاپۇغ،
بۇ خىزمەت تۇپەيلى ئاچار بەخت قوۋۇغ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



597 كىرىشكىن سەن ئىشقا بۇ كۈندىن كېيىن،
ئۆتەر بەگ ئىشلىگەن خىزمەتچى ھەققىن.

### ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

598 يەر ئۆپتى ئايتولدى، دېدى: گەر ئەلىگ
سۆيۈنسە، بېرۇر بەخت ئىشچىغا ئىلىگ.

599 بۇ خىزمەتنى دەپ كەلدىم ئۆيدىن تۇرۇپ،
ئۆزۈن يولنى يۈردۈم ساڭا يۈزلىنىپ.

600 بۇ خىزمەت ئۆزرە ھەق مەدەت ئەيلىسۇن،
خىزمەتتە خاتادىن مېنى ساقلىسۇن.

* *

601 خۇشال چىقتى ئايتولدى ئىشككە كۈلۈپ،
ئەقىل ـ كۆڭلى ئېچىلىپ چىراغدەك يورۇپ.

602 نېمە دەيدۇ، ئاڭلا، بەخت قوچقان ئەر،
قۇتى بىلەن ئاززۇسىغا يەتكەن ئەر:

603 كىشىگە كۈلۈپ باقسا بەگلەر كۆزى،
دىلى، ئەقلى تىرىلىپ سۆيۈنەر ئۆزى.

604 كىشىگە ئوچۇق بولسا بەگلەر يۈزى،
يورۇيدۇ كۆزى ھەم يارايدۇ سۆزى.

605 بەگ كىمنى ئۆزىگە يېقىن تۇتسا گەر،
كۆرەرسەن، يېقىنلىق قىلۇر ئۆزگىلەر.

606 بەگ بىر بەخت، يېقىن بولسا بەختكە كىشى،
يېتىپ ھەممە مەقسەتكە، پۈتكەي ئىشى.

* *

607 چۈشۈپ ئىشقا ئايتولدى شۈندىن بۇيان،
سەھەر تۇردى، قايماي ئىشىدىن ھامان.

608 قوۋۇقچى، كۆزەتچى بىلەن كۈن ۋە تۈن
بولۇپ قىلدى خىزمەت ئۇ سادىق پۈتۈن.

609 كىرەتتى، چىقاتتى ئەلىگ يېنىغا،
ئەلىگمۇ ئىشەنچلە قارايتتى ئاڭا.

610 ئۇ خىزمەت ئاشۇردى كۈنىدە يېڭى،
ئەلىگمۇ قەدىرلەپ تۇردى ھەر تېڭى.

611 بېگى قۇلنى خىزمەت بىلە قەدىرلەر،
ئەگەر سىڭسە خىزمەت كىچىكمۇ ئۆسەر.

612 خىزمەت قىل، خىزمەت بىلە قۇل بەگ بولۇر،
كىم ئەمگەك سىڭدۈرمەي تىلەككە يېتۇر؟

613 ئىشىت ئەمدى ئالىم سۆزىن، نېمە دەر،
بۇ گەپنى ئىنچىكە ئىپادە ئېتەر:

614 تېگىمسىز خىزمەت بىرلە تۆرگە چىقۇر،
يارامسىز نە قىلسا ئىشىكتە قالۇر.

615 خىزمەتنى قايماستىن راست ئىشلەش كېرەك،
قوبۇل بولسا خىزمەت تىلەككە يېتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



616 بۇ ئايتولدى كۆرسەتتى كۆندە تاپۇغ،
ئەلىگمۇ سېخىيلىكلە ئاچتى قوۋۇغ.

617 ئەلىگكە يېقىنلاشتى ئۇ كۈنسېرى،
ئېشىپ خۇشلۇقى، كەتتى قايغۇ نېرى.

618 بېرىلدى خىزمەتكە بۇ ئايتولدى بەك،
ئەلىگ قىلدى ئېھسان، كۆپەيدى يۆلەك.

619 ئەلىگ ھەممە ئىشتا سىنىدى ئۇنى،
كۆڭۈلدە كۈتكىنىدەك بىلدى ئۇنى.

## ئون بەشىنچى باب

620 ئەلىگ تەنها بىر كۈن ئۆزى ئولتۇرۇپ،
چاقىردى، ئايتولدى كىردى خۇش بولۇپ.

621 كىرىپ تۇردى ئايتولدى ئۇدۇلدا تىك،
كەل ئولتۇر، دېدى ئۇنى ئىملەپ ئەلىگ.

622 چىقاردى بۇ ئايتولدى بىر توپنى، كۆر،
ئۇنى قويۇپ ئاستىغا ئولتۇردى، كۆر.

623 بىلىمدىن سۆز ئاچتى ئەلىگ قانچىلاپ،
ئېچىپ سۆز ئايتولدىمۇ بەردى جاۋاب.

624 سۆيۈندى ئەلىگ، كۆر، يورۇتۇپ يۈزىن،
كۆرۈپ ئايتولدى بۇنى يۇمدى كۆزىن.

625 دېمەي ھېچنېمە، كەستى ئەلىگ سۆزىن،
بۇ ئايتولدى ئولتۇردى ئاچماي كۆزىن.

626 ئەلىگ باشلىدى سۆزنى بىردەم تۇرۇپ،
جاۋاب بەردى ئايتولدى تەرىن تۇرۇپ.

627 ئەلىگ ئاڭا كۆز سالدى ئوبدان قاراپ،
تولۇق تاپتى ئەقىل ـ ھوش، ئىلمىنى سىناپ.

628 خۇشال باقتى ئەلىگ ئاۋۇتتى ئۆزىن،
بۇ ئايتولدى بەك تېز ئۆرۈدى يۈزىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ئەلچىنىڭ ئايتولدىغا ئېيتقانلىرى

629 ئەلىگ كايىپ ئارتۇق، قارايدى يۈزى،
دېدى: ئالدىراڭغۇلۇق يامان ئىش ئۆزى.

630 بۇ نۆۋەت بۇ ئىشتا يېڭىلدىم ئۆزۈم،
نېمىشقا كىشىگە مەن ئاچتىم سۆزۈم.

631 نېمە دەر بىلىملىك، سۆزىن ئاڭلا، بىل،
شېشىپ[80] قىلغان ئىشنىڭ پۇشايمانى يىل.

632 شېشىپ قىلغان ئىشلار هامان خام قالۇر،
چالا پىشقان ئاشتىن كېسەللىك كېلۇر.

633 ئېرۇر بۇ شاشماقلىق، يېڭىلىش بېشى،
تەمكىنلىك بىلەندۇر ياخشىلىق ئىشى.

634 بولۇپ ئالدىراقسان، سېنى تونۇماي،
تۇتۇپمەن يېقىن، ئىشلىتىپ قارىماي.

635 نېچۈك بولسىمۇ بەگلەر خادىم قۇلىن
سىلىپ ئىشقا سوڭ، ئاچقاي ئېهسان بولىن.

636 ئاۋۋال پىشۇرۇپ ئىشتا، كۆرسۇن سىناپ،
قەدىرلەپ كۆتۈرسۇن بۇنىڭغا قاراپ.

## ئايتولدىنىڭ ئەلچىگە سوئالى

637 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: ئەي، ئەلىگ قۇتى،
نېمىشقا كايىپ مۇنچە تاشتى ئۇتى؟

638 گۆناھىم تېمىكىن، بىلمىدىم ئۆزۈم،
دېسە ئۆنى، سوڭرا ئىشىتسە سۆزۈم.

639 گۆناھىم بار ئۇلسا، قىينا، ئەرك ساڭا،
يوق ئۇلسا، يۈزۈڭنى قارايتما ماڭا.

640 نېمە دەيدۈ ئاڭلا، ئەقىل ئۇخشىتىپ،
قىياس مەنە بىرلە ئۆنى ئۆقتۆرۈپ:

641 خاتا قىلسا خادىم چاقىرتماق كېرەك،
نېمىشقا يېڭىلدى، سورىماق كېرەك.

642 گۆناھى بار ئۇلسا، تۇتۇپ قىينىسۇن،
يوق ئۇلسا، دىلىنى ئاۋۇتماق كېرەك.

## ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

643 ئەلىگ قىلدى سۆزنى تېشىپ ئاچچىقى،
دېدى: سەن بىلىمسىز، كىشى ئەخمىقى.

644 ئۆزۈڭگە قاراپ باق، كىم ئەردىڭ ماڭا،
بۇ گۆستاخلىق كەلدى قەيەردىن ساڭا؟

645 دېسەم خىزمىتىڭ بارمۇ، يوق خىزمىتىڭ،
دېسەم تەگدى پايداڭ، يوق مەنپەئەتىڭ.

646 كۆرمەي خىزمىتىڭنى قەدىرلەپ سېنى،
ئۆرۈن بەردىم ئەرسە، سەن باستىڭ مېنى.

647 قويۇپ توپنى ئۇلتۇردۇڭ ئۈستىدە سەن،
بۇ توپ ئۇلتۇرۇر يەرمۇ، ئۇبدان چۆشەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



648 ساڭا سۆزلىدىم ھەم سۆزۈڭ ئاڭلىدىم،
كۆزۈڭ يۇمغىنىڭدا ئۆزۈم تاڭلىدىم[8].

649 كەچۈردۈم، يەنە سۆز سۆزلىدىم ساڭا،
تېچۈن ئۆرۈدۈڭ يۈز، قېنى ئېيت ماڭا؟

650 ئىشتىمەيمىدىڭ سەن ھېچكىمنىڭ سۆزىن،
يېقىن بەگكە بولساڭ، كۆزەتكىن ئۆزۈڭ.

651 ساڭا دېمىگەنمۇ ئاتاڭ يا ئاناڭ:
ئەي ئوغلۇم بېگىڭگە ئۆزۈڭ قىلما تەڭ.

652 نەسىھەت بەرمىدىمۇ ساڭا توپ بېشىڭ،
بېگىڭنى باسما سەن، كۆزەتكىن بېشىڭ.

653 بۇ بەگلەر ئېرۇر ئوت، يېقىن بارما ئەر،
كۆيۈشۈڭ ئېنىقتۇر، بارارسەن ئەگەر.

654 غاپىل بولما، بەگلەر كۆيەر ئوت ئېرۇر،
يېقىنلاشماق ئوتقا پالاكەت بولۇر.

655 دىققەت قىلسا بەگلەر كۆيەر ئوتتەك ئول،
غادايسا ئۆزەر باش، شورار قانىنى ئول.

656 ساڭا ياقسا ئارتۇق قورقۇنچ ئىچرە تۇر،
ئەگەر قورقمىساڭ، كۈچ بىلەن قورقىتۇر.

## ئون ئالتىنچى باب

## ئايتولدىنىڭ ئىلىككە بەخت ـ دۆلەتنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا قىلغانلىرى

657 كۈلۈپ دېدى ئايتولدى: ئۇقتۇم ئۆزۈم،
بۇنى سەن دېدىڭ، ئەمدى ئاڭلا سۆزۈم.

658 بىلىپ قىلغان ئەردىم بۇ ئىشلارنى مەن،
كېرەك ئەردى بىلسەڭ بۇ ئىشلارنى سەن.

659 مانا ئەمدى مېنىڭ ساڭا كەلمىشىم،
ئىدى خۇي ۋە پەيلىمنى كۆرسەتمىشىم.

660 ئورۇن بەردىڭ ئاۋۋال مەن ئولتۇرمىدىم،
ئورۇن يوق ماڭا، ئۇق دېمەكچى ئىدىم.

661 بۇ توپ يەرگە قويدۇم سۆزۈم بېكىتىپ،
ئۆزۈمنىڭ ئوخشىشىنى ساڭا كۆرسىتىپ.

662 ئېچۈككىم دومىلار ئۆزىچە بۇ توپ،
بۇ دۆلەتمۇ شۇنداق كېتەر سورۇلۇپ.

663 سۆيۈپ باققىنىڭدا كۆزۈم يۇمماقىم،
ساڭا كۆرسەتمىشتۇر نېمە مەن ئۆزۈم.

664 بۇ كۈن مەنمۇ دۆلەت، دېگىن كۆر مېنى،
ماڭا كىم ئىلىنسا تۇتارمەن ئۇنى.

665 يەنە سۆزلىدىڭ سەن، مەنمۇ سۆزلىدىم،
خۇشال باققىنىڭدا، يۈزۈم ئۆرۈدۈم.

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com



666 بۇ ئەردى كۆرسەتمەك ئۆزۈمنى ساڭا،
دېمەك مەن تۇراقسىز، ئىشەنمە ماڭا.

667 نېمە دەر، ئىشىت ئەمدى تۈركچە ماقال،
كۆپ ئىشلار بېشىدىن كەچكەن ئاقساقال:

668 بەختكە مەغرۇر بولما، قۇتلۇق كىشى،
ئىشەنمە بۇ بەختكە ئاتاقلىق كىشى.

669 ئاقار سۇ، گۈزەل سۆز، بۇ بەخت توختىماي
كېزەرلەر جاھاننى، يۈرۈپ تىنمىغاي.

670 ئىشەنچسىز، ۋاپاسىز بەخت بىقارار،
يۈرەر ھەم ئۇچار تېز، ئايىغى تايار.

## ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

671 ئەلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم ئېچىلدى سۆزۈڭ،
گۇناھ ئۆزرىن ئېيتتىڭ، قۇتلۇدۇڭ ئۆزۈڭ.

672 ماڭا ئېيتقىن ئەمدى نەدۇر ئەردەملىك،
يوغان سۆزنى قىلدى بۇ ئۆكتەم تىللىك.

## ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

673 دېدى: ئەردەمىم كۆپ، ــ بۇ ئايتولدى، كۆر،
كىشىلەرگە مەندىن نېسىۋە تېگۇر.

674 خۇيۇمدۇر مۇلايىم، يېشىمدۇر كىچىك،
پۈتۈن بەگ، بۇيۇككە ئېرۈرمەن كىچىك.

675 يۈزۈم كۆركەم مېنىڭ، مۆلايىم خۇيۇم،
تىلىگەن تىلەكلەرگە يەتتى قولۇم.

676 ئۆزۈم قايدا بولسام، پۈتۈن ئارزۇلار
يۈرەر مەن بىلەن ھەم ماڭا باغلىنار.

677 ھۇزۇر مەندە، مېھنەت مېنىڭدىن قاچار.
سۆيۈنچ مەندە، قايغۇ مەندە يول ئازار.

678 ماڭا كىم غادايسا يوقالۇر، ئۆلۇر،
كىم ئەگسە بويۇن، ئۇ ئۇمىدىن تاپۇر.

679 ئۇراي مەن دېگۇچى ئۆزى ئۇرىلۇر،
باسايمەن دېگۇچى ئۆزى بېسىلۇر.

680 بۇ سۆز كەلدى ئەمدى مۇڭا ئوخشىشىپ،
بىلىملىك چۈشەنسۇن بۇنى ئىشتىپ:

681 بۇ بەخت قايدا بولسا بويۇن ئەگ، ياراش،
قېرىشساڭ ئۇنىڭلە قاتار غەمدە باش.

682 بۇ بەخت كەلسە ئىنسان كۇنى قۇتلىنىپ،
تۇمەنمىڭ تىلەككە يېتىپ، يەيدۇ ئاش.

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

683 ئەلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم بۇ ئەردەملىرىڭ،
قۇسۇرۇڭ بارمۇ، ئېيت، بىلەي مەن سېنىڭ.

ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

684 دېدى ئايتولدى: تۆھمەت ماڭا قىلىشۇر،
قۇسۇرۇم يوق، لېكىن بار دەپ ئېيتىشۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



685 قۇسۇرۇم شۇدۇركى، تۇراقسىز ئاتاپ،
يۇرەرلەر كىشىلەر ئارا يامانلاپ.

686 تۇراقسىز بولۇشۇم ماڭا ئەيىب ئەمەس،
تاللايمەن ئۆزۈمگە يېڭى نەرسە، بەس.

687 پۈتۈن كونا نەرسە يېقىمسىز بولۇر،
يېقىمسىز يۈكى، كۆر، كۆڭۈلسىز كېلۇر.

688 يېڭى نەرسە بولسا، كونا نە كېرەك،
سەرە نەرسە بولسا، يامان نە كېرەك.

689 پۈتۈن تەم ۋە لەززەت يېڭىدا بولۇر،
بۇ لەززەتنى ئىستەپ كىشى قىينىلۇر.

690 تۇراقسىز دەپ ئېيتار بۇ قىلىقىم ئۈچۈن،
ماڭا ئەيىب قويۇلار شۇ ئاتىم ئۈچۈن.

691 بۇڭا ئوخشىتىپ ئېيتتى بىر قەھرىمان،
بۇ سۆزگە گۇۋاھتۇر مەنىسى ھامان:

692 تۆرەلگەن نېمىلەر بارى يوقىلۇر،
تۆرەتكەن بىر ئاللا، نە قىلسا قىلۇر.

693 تىرىكلىك دېگەن ئۇ شامالدەك كېتەر،
قاچار، تۇتسا تۇرماس، ئاڭا كىم يېتەر؟

694 سۆيۈنمە بەختكە، كېلەر ھەم كېتەر،
ئىشەنمە، بۇ دۆلەت ئالار ھەم بېرەر.

695 تۇراقسىز ئەمەس بولسا دۆلەت ئۆزى،
نە ياخشى ئىدى بۇ بەخت ئەي قوزى[82].

696 كېلىپ كەتمەس ئولسا بۇ دۆلەت يانا،
يورۇق كۈن قارايماس ئىدى، كۆر، مانا.

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

697 ئەلىگ دېدى: بىلدىم تۇراقسىزلىقىڭ،
بولۇرمۇ كېتىپ يەنە كەلمەكلىكىڭ؟

ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

698 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: مېنىڭ بۇ ئۆزۈم
قىلىقىم كېيىكتەك، قىلاي بەس سۆزۈم.

699 سۆيۈپ ئىستىگەن تېز تاپالماس مېنى،
قاچۇرسا ئەگەر، تېز تۇتالماس مېنى.

700 مېنى تۇتسا چىڭ گەر كىشىلەر تېپىپ،
سۆزۈم شۇكى، كەتمەيمەن ئۇندىن قېچىپ.

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

701 دېدى خان: نەدۇر سېنى باغلاش يولى،
كېرەك نە كىشەن سېنى چىڭ تۇتقىلى؟

ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

702 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: ماڭا چىڭ كىشەن
ئېرۇر قانچە نەرسە، بېرەي مەن نىشان:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



703 تاۋازۇلۇق ئولسۇن مېنى تاپقۇچى،
كىچىك پېئىل ھەم سۆزتى يۇمشاق قىلغۇچى.

704 ئۆزنى تۇتسا ئۇ ئاشماي ھەددىدىن،
يامان ـ ئەسكى ئىشلارغا بارماي يېقىن.

705 يىغىلغان مېلىنى بۇزۇپ ـ چاچمىسا،
تۇزەپ خۇلقىنى ئۇ، پەيلىن بۇزمىسا.

706 ئۆزىدىن ئۇلۇغقا خىزمەت قىلسا ئۇز،
ئۆزىدىن كىچىككە چۈچۈك قىلسا سۆز.

707 كىشىنى كىيىر بىرلە رەنجىتمىسە،
كىچىكلەر كۆلۈپ ھەم بوزەك ئەتمىسە.

708 بىكاردىن ھاراققا بېشىن تىقمىسا،
بىكاردىن ـ بىكارغا مېلىن چاچمىسا.

709 ئويۇنغا بەرمىسە تىلۇ ـ قولىنى،
دۇرۇس قىلسا دائىم خۇيى ـ پەيلىنى.

710 تۇراقسىز بەختكە شۇلاردۇر كىشەن.
مۇشۇ خىلدا باغلانسا، قاچماس، چۈشەن.

711 بۇ سۆزنىڭ گۇۋاھى شائىرنىڭ سۆزى،
شائىرنىڭ سۆزىدۇر بۇ سۆزنىڭ تۆزى:

712 سائادەت كىشىگە ئۇرككەك كېيىكتەك،
ئەگەر كەلسە ساقلا چۈشەپ تېز ۋە بەك.

713 تۇتۇشنى بىلسە دۆلەت قاچماي تۇرۇر،
قېچىپ كەتسە كەلمەس يېنىپ تېز گىرەك.

### ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

714 ئەلىگ ئېيتتى: ئەي بەخت ئۇقتۇم سېنى،
سېنى بەك سۆيۈپتىم، تاشلارسەن مېنى.

715 ئەگەر بولمىسا بۇ تۇراقسىزلىقىڭ،
نە ياخشى ئىش ئىدى سېنىڭ كەلمىكىڭ.

716 لېكىن سەن تۇراقسىز، ئۆزۈڭ بىۋاپا،
ۋاپا كۆرسىتىپ، قىلىسەنكەن جاپا.

717 ئاتىدىن، ئانىدىن بولۇپ مېھرىبان،
ئالىقاندا كۆتۈرۈپ، كۆلۈپ باقىبان؛

718 گاھى كۆرمىگەندەك ئۆرۈيسەن يۈزۈڭ،
بۆلەكچە بولۇپ ھەر قىلىقىڭ، سۆزۈڭ.

719 تېرەرسەن، يىغارسەن، يەنە چاچارسەن،
ھەم چىللاپ، يۈزىگە ئىشىك ياپارسەن.

### ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

720 ئايتولدى ئېيتتى: ئەي ئەلىگ بەختىيار،
دېگەنتىم مېنىڭ پەزل، قۇسۇرۇمۇ بار.

721 مېنى كىم تېپىپ چىڭ تۇتايىن دېسە،
ئېيتتىم چىڭ تۇتۇشنىڭ يولىنى، بىلسە.

722 مېنى تۇتقۇچى گەر يۈگەن سالمىسا،
كېيىكتەك قاچارمەن، يېتەر كىم ماڭا؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

723 نېمە دەر ئىشىت، كۆپنى كۆرگەن قېرى،
قېرىلار سۆزىدۇر ئۇ سۆز گۆھىرى.

724 كېلۇر بەخت، تۇتۇشنى بىلمىسەڭ، كېتۇر،
بېرۇر مال، يېيىشنى بىلمىسەڭ، ئالۇر.

725 تۇراقسىز بەختنى تاپساڭ مەھكەم تۇت،
تۇتمىساڭ ئەگەر چىڭ، كېتەر يەنە، پۇت.

726 بەختلىك كىشى ئۆزىنى ساقلاش كېرەك،
پۇتۇن ئەسكى ئىشتىن يىراقلاش كېرەك.

727 ئۆزى پاكىزە، توغرا بولسا ئىشى،
بەختنىڭ باغى[83] شۇدۇر، بىلسە كىشى.

## ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

728 ئەلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم قۇسۇر ئەردەمىڭ،
بۇ ئايتولدى ئىسمىڭ نە دېمەك سېنىڭ؟

729 نېمىدۇر مەنىسى بۇنىڭ، ئېيت ماڭا،
بىلەي مەن، ئۇقاي ھەم پۈتەي مەن ساڭا.

## ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

730 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: مېنىڭ بۇ ئېتىم،
خۇيۇم ئوخشىتىپ ئايغا قويمىش ھېكىم.

731 ئاي ئاۋۋال تولىمۇ كىچىك تۇغۇلۇر،
كۈندىن ـ كۈن چوڭىيىپ يۇقىرى چىقۇر.

732 تولۇن بولسا تولۇپ، جاھان يورۇتار،
جاھان خەلقى ئۇنىڭدىن يورۇقلۇق ئالار.

تولۇپ ئاي ئېگىزگە ئۆرلىگەچ، كېيىن 733
كېمىيىپ ئاستا، كۆركى كېتەر يۈزىدىن.

يورۇقى ئاز ـ ئازدىن يەنە يوقىلۇر، 734
تۇغۇلۇپ كىچىك ئۇ، قايتىدىن تولۇر.

مېنىڭ بۇ ئۆزۈممۇ شۇنداق ئېرۇرمەن، 735
يەزى بار، بەزىدە يوقاپ كېتۇرمەن.

ھەرقانچە ئاجىزغا قاراتسام يۈزۈم، 736
ئاشار كۆركى ئۇنىڭ، قىلاي بەس سۆزۈم[84].

بېيىسا، چوڭايسا، ئاشسا شۆھرىتى، 737
كېتەرمەن ئۇنىڭدىن تۈگەر ھۆرمىتى.

ئۇ يىغقان جىمى مال چېچىلىپ كېتەر، 738
ئۆزىمۇ بۇرۇنقى ھالىغا چۈشەر.

بۇڭا ئوخشىشىپ كەلدى شائىر سۆزى، 739
بۇ شائىر سۆزىدۇر بىلىمسىز كۆزى:

بەخت كەلسە ئەرگە، ئېتى يېيىلۇر، 740
يېڭى ئايدەك ئېشىپ يورۇقى تولۇر.

تۇراقسىز تەلۋىدۇر بەخت، بەرمە دىل، 741
بۇ دۆلەت تولۇن ئاي كەبى كېمىيۇر.

يەنە بىر مەنىنى مەن ئېيتاي ساڭا، 742
بۇنى سەن ئاڭلىغىن، ئىشەنگىن ماڭا:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر ئادرېسى

743 بۇ ئاينىڭ ئۆيى ھەم ئورنى مۇنقەلىپ[85]،
مۇنقەلىپ قالۇر ئۆيسىز ئاخىر بېرىپ.

744 بۇ ئاي بۇرجى سەرەتان، بۇ بۇرج ئۆزگىرۇر،
ئۆيى ئۆزگىرۇر ھەم ئۆزى چۆرگۈلۇر.

745 قايۇ ئۆيگە كىرسە بۇ ئاي تېز چىقار،
چىقىشقا ئالدىراپ ئۆيىن تېز بۇزار.

746 ئۆزۈممۇ ئاڭا ئوخشىشۇرمەن، قارا،
گاھى مەن ئېگىز دە، تۆۋەندە ئارا.

747 كېلۇرمەن، كېتۇرمەن، يۈرۈرمەن بۇرۇن،
كېزەرمەن جاھاننى ماڭا يوق ئورۇن.

748 شۇ مەنە ئۇچۇن ئاتىم ئايتولدى دەپ،
ئاتىدى بىلىملىك سۆزدىن ئىنچىكلەپ.

749 مانا مەنمۇ دۆلەت، پەزلىم، قۇسۇرۇم،
كېسىلىم، داۋايىمنى ئېيتتىم ئۆزۈم.

750 ئوچۇق ئېيتتىم سۆزۈم، ماڭا ئەمدى پۈت.
قاچۇرساڭ قاچۇر، گەر تۇتاي دېسەڭ تۇت.

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

751 ئەلىگ ئېيتتى: بارچە ئىشىتتىم سۆزۈڭ،
يورۇتتى سۆزۈڭ ھەم يارىدىڭ ئۆزۈڭ.

752 تىلەر ئەردىم ئەمدى سېنىڭدەك كىشى،
خۇدا بەردى ئارزۇ، ئەي، ئەرلەر بېشى.

753 خۇدا كىمگە بەرسە تىلەك ــ ئارزۇنى،
كېرەكتۇر جاۋابەن دېمەك شۈكرىنى.

754 بۇ كۈندىن كېيىن مەن ئۆزۈم تىنمايىن،
زېرىكمەي ئۇنىڭكىم شۈكرىن ئېيتايىن.

755 نېمە دەر ئىشىت ئەمدى ئالىم تېتىك،
ئۆزى كەتتى، قويدى ئۇ بىزگە بىتىك:

756 ئەي نېمەت ئىگىسى سەن قىلغىن شۈكۈر،
شۈكۈر قىلسا نېمەتنى ھەق ئارتتۇرۇر.

757 بۇ نېمەت ئىگىسى ئۇنىتۇر ئۆزىن،
شۈكۈر قىلسا نېمەت ئۆرۈمەس يۈزىن.

758 كىچىك ياخشىلىققا تولا شۈكۈر قىل،
تولا بولسا نېمەت، ئۇنىڭ قەدرىن بىل.

759 شۈكۈر قىلسا، نېمەت بىرى ئون بولۇر،
بىرى ئون بولۇپ ھەم ئۆي مالغا تولۇر.

* *

760 كۆر، ئايتولدىنى ئەلىگ ئالقىشلىدى،
ماڭا قارىغىن كىچە ــ كۈندۈز، دېدى.

761 تولا مال ــ تاۋار بەردى ماختاپ ئۇنى
ھەم ئالتۇن ــ كۈمۈش بەردى، قەدىرلەپ ئۇنى.

762 ئاڭا ئېيتتى ھەممە سۆزىنى ئەلىگ،
ئۇنىڭدىن سورىدى ئەقىل ھەم بىلىك.

www.uyghurkitap.com



763 بۇ ئايتولدى بۇ قەدىر ـ ھۆرمەتنى كۆرۈپ،
خىزمەت قىلدى ئۇ چىن كۆيۈمچان بولۇپ.

764 ئەلىگ بىرنەچچە ۋاق سىناپ كۆردى ئۇ،
تېپىلغان كىشىنى كامىل تاپتى ئۇ.

765 ئەلىگ ئولتۇرۇپ يالغۇز بىر كۈنى،
زېرىكتى ۋە قىلدى خالىي ئۆيىنى.

766 بۇ ئايتولدىنى قىچقىرىپ بەردى يول،
بۇ ئايتولدى كىردى، قوۋۇشتۇردى قول.

767 ئۇ تۇردى ئەلىگنىڭ ئۇدۇلىدا تىك،
ئولتۇردى سۆزلىمەي بىرمەھەل ئەلىگ.

768 قاراپ بىردەم ئەلىگ، كۆزىنى ئىملىدى،
ئىشارەت بىلە كەلگىن، ئولتۇر، دېدى.

769 بۇ ئايتولدى ئولتۇردى تىپتىنچ، كېلىپ،
يۇرۇپ كۆڭلى، كۆزىنى يەرگە تىكىپ.

770 ئەلىگكە يۈگۈرتتى يوشۇرۇنچە كۆز،
تۇرۇلگەن قاش ـ قاپاق، پۇرۇشتۇرمە يۈز.

771 كۇمۇش كۇرسى ئۈستىدە جىم ئولتۇرۇر،
بۇ كۇرسىنىڭ پۇتى ئۈچ، چىپتىقسىز تۇرۇر.

772 قولىدا تۇتۇقلۇق يوغان بىر پىچاق،
شېكەر ئوڭدا، سولدا ئۇراغۇن[86] بىراق.

773 كۆرۈپ قورقتى ئايتولدى، ئاشتى غېمى،
ئۇنى باستى تىترەك، كېسىلدى دېمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



### ئەلىكنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

774 ئەلىگ باش كۆتۈردى بىر ئازدىن كېيىن،
دېدى ئايتولدىغا: قېنى سۆزلىگىن.

775 ئېچۈك سۆزلىمەيسەن گاچىدەك بولۇپ،
مېنى مۇندا يالغۇز بۇ ياڭلىغ كۆرۈپ؟

### ئايتولدىنىڭ ئەلىككە جاۋابى

776 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: ئەي ساھىبقىران،
سۆزلەشكە مادار يوق مەندە بۇ زامان.

777 كۆرەرمەن بۇ كۈن سەندە يات ھال ئۆزۈم،
ئەيمەندىم، ئەي ئاقىل، شۇڭا يوق سۆزۈم.

778 بىر ئالىم خەلققە بېرىپ بىر ساۋاق،
دەپتۇ بەگ غەزەپلىك چاغدا بول يىراق.

779 بىلىملىك بىر دانا خوپ ئېيتمىش تېخى،
بولۇر بەگ زەھەر، ئوت ـ غەزەپلىك چېغى.

780 غەزەپتە قىزىشسا ئەگەر ھۆكۈمدار،
ئۇنىڭغا سەن يېقىن بارما، ئەي ھوشيار.

781 غەزەپكە كېلىپ بەگ كايىغان زامان،
يىراق تۇر ئۇنىڭدىن، تېگۇر كۆپ زىيان.

782 بۇ سۆز كەلدى ئەمدى بۇڭا ئوخشىشىپ،
كۆزەت بەك ئۆزۈڭنى، كۆڭۈلدە تۇتۇپ:

783 يېقىن بارما بەگكە، غەزەپلەنسە گەر،
ئېنىق خارلىنۇرسەن، بارۇرسەن ئەگەر.

784 بۇ بەگلەر خۇددى بىر ئارسلان ئۆزى،
ئەي ئالىم، غەزەپلەنسە باشنى كېسەر!

[illegible]

785 ئەلىگ ئېيتتى: كەلگىن ماڭا ئېيت سۆزۈڭ،
نېمىشقا تېگىرقاپ تۇرۇرسەن ئۆزۈڭ؟

[illegible]

786 بۇ ئايتولدى ئېيتتىكى، ھەيرىتىم مېنىڭ،
نېچۈندۇر كۆمۈش كۇرسى ئورنۇڭ سېنىڭ؟

787 بۇ كۇرسىدا ئولتۇرۇش نالايىق ساڭا،
ئۇنىڭ مەنىسىنى دېگىن سەن ماڭا.

788 ئىككىنچى، قولۇڭدا پىچاق نە دېمەك،
بۇنى ھەم ياخشىراق بىلىشىم كېرەك.

789 ئۈچىنچى، ئوڭ ئۇڭدا نېمىشقا شېكەر،
سولۇڭدا ئۇراغۇن، نە مەنە بېرەر؟

790 سېنى مەن غەزەپلىك شۇ ھالدا كۆرۈپ،
يىتتۇردۇم بىلگىنىم تامام ئۇنتۇپ.

791 بۇ ھالنى كۆرۈپ مەن ئۆزۈم ئەيمىنىپ،
ئۆتۈنچ قىلمىدىم مەن تىلىمنى يېرىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ئون سەككىزىنچى باب

### كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا ئادالەت سۈپىتىنىڭ قائىدىلىرىنى ئېيتقانلىقى بايانىدا

792 ئەلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم سۆزۈڭ بىر ـ بىرلەپ،
ئاچاي مەن سۆزۈمنى ساڭا شەرھلەپ.

793 قىچقىردىم سېنى مەن ئەڭ ئاۋۋالقى كۈن،
قەدىرلەپ شۇ كۈن ھەم بەردىم مەن ئورۇن.

794 ئەجەب تاڭسۇق ئىشلار ماڭا كۆرستىپ،
كايىيتتىڭ مېنى سەن، ئۆزۈڭ بەك تۇرۇپ.

795 كۆرۈپ قەھرلەنسەم، رەنجىتتىڭ ئۆزۈڭ،
چىداپ تۇرسام يەنە تۇرۇلدى يۈزۈڭ.

796 دېدىڭ سەن ماڭا: مەن بەخت، بىل مېنى،
ئۇقتۇراي دەپ قىلدىم، سەن ئۇققىن بۇنى.

797 نېمە قىلغىنىڭنى سەن ئايرىم يېشىپ
دېدىڭ ماڭا، مەنمۇ چۈشەندىم يېتىپ.

798 كەچۈردۈم ئاشۇ چاغدا ئۆزرەڭنى مەن،
قەدىرلەپ بۇ پەزلىڭنى ھۆرمەت بىلەن.

799 بۈگۈن كۆرستەي مەنمۇ ئەمدى ساڭا
قىلىق، ئەردەمىمنى، قاراپ تۇر ماڭا.

800 ئادالەت ۋە قانۇن ئۆزۈم مەن، قارا،
قانۇننىڭ ۋەسپىنى بۇلاردىن سورا:

801 مۇنۇ مەن ئۇلتۇرغان بۇ كۆرسىغا باق،
ئەي كۆڭلۈم توقى، بار ئۇندا ئۈچ ئاياغ.

802 پۈتۈن ئۈچ ئاياغلىق قىڭغايماس بولۇر،
تۇرۇر ئۈچ پۇتى تۈز ھەم قايماس بولۇر.

803 قىڭغايسا بىرى ئۈچ ئاياغنىڭ ئەگەر،
قايار ئىككىسى، ئولتۇرۇرچى چۈشەر.

804 پۈتۈن ئۈچ ئاياغلىق توغرا، تۈز تۇرۇر،
ئەگەر بولسا تۆت، كۆر، بىر ئەگرى بولۇر.

805 نېمىكى تۈز ئولسا، پۈتۈن ئۆز بولۇر،
نېمىكى ئۆز ئولسا، دېمەك تۈز بولۇر.

806 نېمىكى ئېگىلسە، ئۇ ئەگرى بولۇر،
پۈتۈن ئەگرى، يامانلىق ئۇرۇقى بولۇر.

807 قايسى تۈز ئېگىلسە، تۇرماس، يىقىلار،
نېمىكى تۈز بولسا، يىقىلماي تۇرار.

808 مېنىڭ ھەم قىلىقىم ئېگىلمەس ئېرۇر،
ئېگىلسە دۇرۇسلۇق، قىيامەت بولۇر.

809 قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن،
ئايرىماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ ھېچ كىشىن.

810 بۇ خەنجەر ـ پىچاقىم، قولۇمدا تۇرۇر،
پىچار ھەم كېسەر بىر قورال، ئەي غەيۇر.

811 پىچاقتەك كېسەرمەن، پىچىپ ئىشىنى،
ساقلاتماي دەۋاغا كەلگەن كىشىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



812 شېكەر شۇكى، بىركىم زۇلۇم يەتتى دەپ
ئىشىكىمگە كەلسە ئادالەت تىلەپ.

813 شېكەردەك لەززەتلە يانۇر ئۇ كىشى،
سۆيۈنۈپ ئېچىلۇر يۈزى ھەم قېشى.

814 بۇ تۇرغان ئۇراغۇن شۇنداقلار ئىچەر،
كى زورلۇق ئىشلىتىپ، ئەدىلدىن كېچەر.

815 تۇتۇشۇپ ماڭا كەلسە قىلسام ھۆكۈم،
ئۇراغۇن ئىچكەندەك بولۇرلار چوقۇم.

816 بۇ قاشىم تۇرۇكى، بۇ كۆركسىزلىكىم،
زۇلۇم قىلغۇچىغا بۇ يۈزسىزلىكىم.

817 كېرەك ئوغلۇم ئولسۇن، يېقىن تۇغقىنىم،
يولۇچى، ئۆتكۈنچى، بىرەر قونىقىم،

818 ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا.

819 بۇ بەگلىك ئاساسى ئادالەت ئېرۇر،
ئادىل ئولسا بەگلەر، تىرىكلىك بولۇر.

820 مۇنىڭدەك دېدى سۆز ئەقىللىك كىشى،
كىم ئاقىل سۆزدىن تۇتسا تۈزىلەر ئىشى:

821 ئادالەت ئۇستىدە بۇ بەگلىك ئۇلى،
بۇ بەگلىك ئاساسى ئادالەت يولى.

822 ھۆكۈم قىلسا ئەلگە ئەدىل بىرلە بەگ،
تىلەك ـ ئارزۇسىغا بولۇر يەتكىلى.

### ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە سوئالى

823 يەنە ئېيتتى ئايتولدى: ئەلىگ قۇتى،
نېچۈن بولدى كۈنتۇغدى ئەلىگ ئېتى؟

### ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

824 ئەلىگ دېدى: ئالىم بۇ قىلىقىم كۆرۈپ،
قويدى بۇ ئېتىمنى كۈنگە ئوخشىتىپ.

825 قارا، كۈن ئۇۋالماس — ھەمىشە پۈتۈن،
يورۇقى بىردەكلا ۋە پارلاق تولۇن.

826 مېنىڭمۇ قىلىقىم ئاڭا ئوخشىدى،
ئادالەت بىلەن تولدى، كەم بولمىدى.

827 ئىككىنچى، تۇغار كۈن، يورۇر بۇ جاھان،
ئومۇمغا چاچار نۇر، كېمەيمەس ھامان.

828 مېنىڭمۇ ھۆكمۈم شۇ، يوقالماس ئۆزۈم،
پۈتۈن خەلققە بىردەك قىلىقىم سۆزۈم.

829 ئۈچىنچى، ئىسسىيدۇ يەر، تۇغقاندا كۈن،
چېچەك ئاچىلۇر ئاندا تۈمەنمىڭ تۈسۈن.

830 قايۇ ئەلگە كىرسە، مېنىڭ قانۇنۇم،
ئۇ ئەل تۈزىلەر بولسا تاش يا قۇرۇم[87].

831 تۇغار كۈن ئېرىغ يا ئېرىغسىز دېمەس،
ئومۇمغا يورۇقلۇق بېرەر كېمەيمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكەت ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

832 مېنىڭمۇ قىلىقىم مۇشۇنداق بولۇش،
مېنىڭدىن جىمىگە تېگەر تەڭ ئۇلۇش.

833 يەنە بۆرجى كۈنىنىڭ ئۇ سابىت[88] ئېرۇر،
بۇ سابىت دېگىنىم تېگى چىڭ بولۇر.

834 بۇ كۈن بۆرجى ئارسلان، ئۇ تەۋرىمەس،
تەۋرىمەس بولغاچ ئۆيى ھەم بۇزۇلماس.

835 مېنىڭمۇ قىلىقىم، تۇرقۇمغا قارا،
يورۇقۇم مېنىڭ ئۆزگىرىشسىز بارا.

## ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە سوئالى

836 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: ئەي ساھىبقىران،
يېيىلسۇن ئېتىڭ ھەمدە تۇتقىن جاھان.

837 ئۆزۈممۇ بۇ ئۆزۈن يوللارنى يېسىپ،
ساڭا ئەمگىنىپ كەلدىم ئارتۇق ھېرىپ.

838 شۇ خۇلقۇڭ، بۇ ئەردەملىرىڭ بار ئۈچۈن،
ئۈمىد بىرلە خىزمەتكە كەلدىم كۈچۈن[89].

839 دېگىن خىزمىتىڭنى نېچۈك مەن قىلاي،
سۆيۈنچىڭ سېنىڭ قايسى، شۇنى مەن تۇتاي.

840 خىزمەت بولمىغاندا، بۇ بەگ مەيلىچە،
ئىشى يارىماس ئىشلىسىمۇ نېچە.

841 ئىشتىكىن، نېمە دەر ئىلى ئاتلىقى[90]،
ئىش ئىشلەپ چوڭايغان كىشى قۇتلۇقى:

842 خادىم بەگ ئىشىگە باغلاركەن بىلىن،
قاتتىق تۇتقۇلۇق بەگ سۆيۈنچى يولىن.

843 بۇ بەگلەر ئۈمىدىچە قىلغىن تاپۇغ،
رىزا بولسا بەگلەر ئاچار بەخت قوۋۇغ.

844 تاپۇغچى تاپۇغ بىلسە تۆرگە چىقۇر،
تاپۇغ بىلمىسە تۆردىن پەسكە چۈشۈر.

845 سۆيۈندۈرسە خىزمەتتە بەگنى قۇلى،
ئېچىلار ئاڭا قەدىر ـ ھۆرمەت يولى.

### ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

846 ئەلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم مەن ئەمدى سۆزۈڭ،
سۆيۈنچۈم تىلە، بەك كۆزەتكىن ئۆزۈڭ.

847 مەن ئېيتاي يارامسىز نېمىنى ساڭا،
ئۆزۈڭ پاكىزە يۇر، يولىما ئاڭا.

848 ئۆزۈم خالىماسىنىڭ بىرى يالغان ئول،
ئۇنىڭدىن كېيىنكى زۇلۇم قىلغان ئول.

849 بىرى ئاچ كۆز، تەمەخور ۋە تويماس ئۆزى،
بىرى ئالدىراڭغۇ، ئۇياتسىز كۆزى.

850 ھەر ئىشتا غەزەپكار، ئاچچىقى يامان،
قول ئەگرى، ھاراققا بېرىلسە ھەر ئان.

851 بۇ ياڭلىغ كىشىلەر يارىماس ماڭا،
بۇنى ئېيتتىم ئەمدى ئوچۇقلا ساڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

852 يارايمەن دىسەڭ سەن ماڭا بەلگىلىك،
ئەي نامدار، بولاردىن يىراق يۈرگۈلۈك.

853 بولۇرسەن كۈنۈ كۈن يېقىن سەن ماڭا،
ئاشار قەدىر ـ ئېھسان مېنىڭدىن ساڭا.

### ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە سوئالى

854 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: ئىشىتتىم بۇنى،
يەنە بىر سۆزۈم بار يېشىپ بەر ئۇنى.

855 نەدۇر ھەم نە خىلدا ئېرۇر ياخشىلىق،
ئېچۈكتۇر ئۇنىڭدا تەبىئەت ـ قىلىق؟

### ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

856 ئەلىگ ئېيتتى: ياخشىلىق سۈپىتى شۇدۇر،
كى خەلققە ئۇنىڭدىن پايدىلار يېتۇر.

857 قىلۇر ياخشىلىق ئۇ پۈتۈن ئېلىگ،
يەنە مىننەت ئۇرماس كىشى يۈزىگە.

858 تىلەر نەپ ئۇ ئەلگە ئۆز نەپئىن دىمەس،
يەتكۈزگەن نەپئىچۈن بەدەل كۆزلىمەس.

### ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە سوئالى

859 يەنە ئېيتتى ئايتولدى: ئۇقتۇم بۇنى،
ئېخى بىر تىلەك باركى، ئېيتاي ئۇنى.

860 ماڭا ئېيت، دۇرۇسلۇق ئېچۈك نەرسىدۇر،
ئۇنىڭدىن كىشى كۈنى قانداق يورۇر؟

861 قايۇ نەرسىنى دەر دۇرۇسلۇق يولى،
نېمىدەك بولۇر بۇ دۇرۇسلۇق ئۇلى؟

### ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

862 ئەلىگ ئېيتتى: شۇدۇر دۇرۇس ئەر ئۆزى،
تىلى، كۆڭلى بىرلە بىرىكەر سۆزى.

863 تېشىدەك ئىچىمۇ، ئىچىدەك تېشى،
بۇ ياڭلىغ بولۇر چىن ۋە توغرا كىشى.

864 چىقىرىپ يۈرەكنى ئالىقاندا تۇتۇپ،
ئۇياتماي يۈرەلىسە ئەلنى كۆرۈپ.

865 بەختلىك ياشاشقا دۇرۇسلۇق كېرەك،
كىشىلىك ئېتىدۇر دۇرۇسلۇق دېمەك.

866 كىشى قىس ئەمەستۇر، كىشىلىك قىس ئول،
ئەمەس ئاز بۇ ئىنسان، دۇرۇسلۇق ئاز ئول.

867 بۇ ھەقتە شائىرنىڭ دېگەن بىر سۆزى
ئوخشايدۇ مەن ئېيتقان سۆزۈمگە ئۆزى:

868 مېڭىپ يۈرگەن ئىنسان بەكمۇ كۆپ ئېرۇر،
دۇرۇس، چىن، پۈتۈن ئەر ماڭا خوپ ئېرۇر.

869 كىشى قىس ئەمەستۇر، كىشىلىك قىس ئول،
دۇرۇس، چىن كىشى ئۇ تولا ماختىلۇر.

### ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە سوئالى

870 يەنە ئېيتتى ئايتولدى: بەختىيار خان،
بۇ سۆزنىڭ سىرىنى ماڭا قىل ئايان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



871 بۇ ياخشى كىشىلەر بولۇرمۇ يامان،
يامانلار بولۇرمۇ ياخشى بىر زامان؟

### ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

872 ئەلىگ ئېيتتى: ياخشى ئىككى تۈرلۈك ئول،
بۇنىڭدىن بىرى چىن، تۇتار ياخشى يول.

873 بىرىدۇر ئانىدىن ياخشى تۇغۇلۇپ،
يۈرەر ئۇ دۇرۇس ۋە ياخشى بولۇپ.

874 بىرى دورىماق بىرلە ياخشى بولۇر،
يامانغا قوشۇلسا، يامانلىق قىلۇر.

875 يامانمۇ ئىككى خىل بولۇر دائىما،
ئىككى خىل يامانىنى بىردەك سانىما.

876 يامان بوپ تۇغۇلۇر ئۇنىڭدىن بىرى،
بۇ ئەر ئۆلمىگۈنچە ئېرىمەس كىرى.

877 يەنە بىرسى دوراپ يامانلىق قىلۇر،
ئەشى ياخشى بولسا، ئۇ ياخشى بولۇر.

878 كېلۇر تۇغما ياخشىدىن دائىم ياخشىلىق،
جاھان خەلقى ئالۇر ئۇندىن پايدىلىق.

879 يامان بولسا تۇغما، ئاڭا يوق داۋا،
خەلققە ئاپەتتۇر، جاھانغا بالا.

880 كېلۇر بۇڭا ئوخشاپ تۈركچە ماقال،
ئىشىتكىن بۇنى سەن، ئۇقۇپ ئۆلگە ئال:

881 ئەگەر كىرسە ئاق سۈت بىلەن ياخشى خۇلق،
ئۆلۈم تۇتمىغۇنچە ئۆزگەرمەس قىلىق.

882 قىلىقكىم تەبىئىي تۆرەلگەنىكەن،
ئۆلۈم بۇزمىغۇنچە بۇزۇلمايدىكەن.

883 قورساقتا تۆرەلمىش خۇلقى، ئەي چېۋەر،
قوڭۇر يەر قېتىغا كىرگەندە تۈگەر.

884 ئەگەر ياخشىغا بولسا ھەمراھ يامان،
يامان بولدى قىلىقى يامانلارسىمان.

885 يامانمۇ قوشۇلسا ياخشىغا بىراق،
پۈتۈن ياخشىلىققا تاپار ئۇ چىراغ.

886 يەنە بىر سەۋەب شۇ بۇ ياخشى ـ يامان،
يېقىنلىق يولىدىن تاپار ئىز ھامان.

887 بېگى ياخشى بولسا، پۈتۈن خەلقى تۈز
بولۇر ھەم قىلىقى، يۈرۈشلىرى ئۈز.

888 يېقىن تۇتسا بەگلەر، قارا، ياخشىنى،
يامانلارمۇ ياخشى قىلار ئىشىنى.

889 ئەگەردە يېقىن بولسا بەگكە يامان،
يامان قولى ئەلگە بولۇر ھۆكۈمران.

890 يامان باش كۆتۈرسە، ياخشىلار تۈگەر،
گەر ياخشى بەگ ئولسا، يامانلار بىتەر.

891 ئەگەر بولسا بەگ ياخشى ھەممە قۇتۇن[9]،
تامام ياخشى بولغاي ئاۋام خەلق پۈتۈن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



892 يامان بولمىغۇنچە بۇ بەگلەر ئۆزى،
ئۇ ئەلدە يامانىنىڭ سۆيۈنمەس يۈزى.

893 نە ياخشى نىزام قويدى بەگلەر بېگى،
يامانغا جازا بەردى زىندان تېگى.

894 ئەگەر ياخشى بولسا خەلق باشچىسى،
پۈتۈن ياخشى بولۇر ئۇنىڭ ئىشچىسى.

895 ئۆزى ياخشى بولسا بۇ بەگلەر ئەگەر،
بېيىپ ھەممە خەلقى، جاھان تۈزىلەر.

## ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە سوئالى

896 يەنە ئېيتتى ئايتولدى: ئۇقتۇم بۇنى،
ئەلىگ ئېيتتى سۆزنىڭ توغرىسىنى.

897 بۇ ياخشىنى كىشى بىلۇر ياخشى دەپ،
تونۇپ پايدىسىنى ھەم ئەيلەر تەلەپ.

898 سۆيۈپ ھەممە ئادەم ئۇنى ئارزۇلار،
لېكىن ئىستىگەنلەر نېچۈكمۇ تاپار؟

## ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

899 ئەلىگ ئېيتتى: ياخشى — ئۇ نادىر ئېرۇر،
نادىرنى نادىرلارلا ئۈمىد قىلۇر.

900 نېمىكى نادىر بولسا، ئۇ خىل بولۇر،
ئۇنى قىلماقمۇ ئانچە مۈشكۈل تۇرۇر.

901 يامانلىق قەدىرسىز، قىلغان خار هامان،
يامان ئىشنى قىلغان هەمىشە يامان.

902 نېمىكى قەدىرسىز ئۇ، يەردە ياتۇر،
ئاغى[92] ـ چۇز[93] قىممەتلىك ئۇ تۆرنى ئالۇر.

903 ئېرۇر ياخشىلىق ئۆرلىگەندەك ئېغىر،
يامان ئىش چۇشۇشتەك، ئاساندۇر ئاخىر.

904 ئەقىل ئېيتتى بىر سۆز ئۇڭا ئوخشىتىپ،
ئاقىلنىڭ سۆزىن تۇت، ئۇنىڭ نەپئى كۆپ:

905 ياخشىلىق ئۆرلەشتەك، چىقالماس كىشى،
قىلالمايدۇ هەركىم بۇ ئۆرلەش ئىشى.

906 قەدىرلىك ئىشلارنى قىلماقلىق قىيىن،
قىلالماس بۇ ئىشنى بىلىمسىز كىشى.

## ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە سوئالى

907 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: ئەي ئەلىگ قۇتى،
ئىكەن شۇنچە ماختاشتا ياخشىلىق ئېتى.

908 قۇسۇرى بارمىكىن كىشى دەيدىغان؟
ئاقىللار بىلىپ بايقىيالايدىغان؟

## ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

909 ئەلىگ ئېيتتى: ياخشى هامان ماختىلۇر،
يامانلار بۇنى بىر قۇسۇر دەپ بىلۇر.

www.uyghurkitap.com



910 يېقىندۇر كىشىگە كىشى ھەر زامان،
ئىش يوقتۇر ياخشىغا، بولمىسا يامان.

911 يامانلار كۆرەشتە يېڭىلگان ئۈچۈن،
قىلار قەست يورۇتماسقا ياخشىغا كۈن.

912 ياخشىلىق تىلىگەن ياخشىلىق قىلۇر،
زەئىپ، پەس ـخۇنۇكلەرگە باقماس بولۇر.

913 كىمكى تىلىسە بۇ كۈن خۇشلىقىن،
يامانلىق قىلىپ تاڭلا يەر قايغۇسىن.

914 نېمە دەر ياخشىلىق تىلىگەن كىشى،
پۈتۈن ياخشىلىقنى قىل ئۆزنىڭ ئەشى:

915 زىيان يوق بۈگۈن ياخشىلىقتىن ساڭا،
بولۇر تاڭلا پايدا، بۈگۈن پۈت مۇڭا.

916 كۆرۈنسە يامانلىق بۈگۈن پايدىلىق،
ئۇ تاڭلا زىياندۇر، بۇنى ئۇق ئېنىق.

917 ئېرۇر ياخشىلىق ئوڭ، يامانلىق ئۇ سول،
جەھەننەم سولۇڭدا، بېھىش ئوڭدا ئول.

918 ھۇزۇرلانسا قانچە يامانلار بۈگۈن،
قىيىنلار پۇشايمان بىلەن تاڭلا كۈن.

919 خار ئولسا نېچەكىم، بۇ ياخشى كىشى،
ئۆكۈنمەس، تاڭلا كۈن بولۇر ھەل ئىشى.

920 بۇنى بىل ھەقىقەت، ئەي ئايتولدى سەن،
ئۆكۈنچسىز مەن ئۆلسەم ياخشى ئات بىلەن.

921 نە ياخشى دېدى توغرا ئەرنىڭ تىلى،
دۇرۇس ئەر تىلىدۇر ئۇ سۆزنىڭ ئۇلى:

922 كىمىكى ياماندىن خارلار ياخشىنى،
ئەي ياخشى، مەن خالاپ ئىستەيمەن سېنى.

923 ئەي ياخشى، ساڭا كىم تويار، ئېيت ماڭا،
يېقىن كەل، مەن ئەمدى ئاچتۇرمەن ساڭا.

924 ھەرقانچە خارلانسا ئۇ ياخشى كىشى،
رىزا مەن بولايىن ئۇنىڭ يولدىشى.

925 يامانلىق بىلە كەلسە بەگلىك ماڭا،
كېرەكمەس بۇ بەگلىك، قويارمەن ساڭا.

926 كۆرەرمەن كىشىنىڭ قىلىقى گەر يامان،
ھۇزۇرى ئېرۇر ئاز، كۆپى پۇشايمان.

227 مۇڭا ئوخشىتىپ ئېيتتى شائىر بۇ سۆز،
چوڭايغاي ئوقۇساڭ، ئىتتىكلىنىپ كۆز:

928 ياخشىلىق قىلىپ كىم ئۇندىن ئۆكۈنۈر،
يامان مىڭ ئاتانسا، پۇشايمان قىلۇر.

929 يامانلىققا مۇمكىنچە قىل ياخشىلىق،
يامان قىلسا يامانلىق، پۇشايمان يانۇر.

930 نېچۈكمۇ مەدھىيەلەي يامان كىشىنى،
نېچۈكمۇ تىلەيىن يامان ئىشىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



931 قوپاللىق، گۆستاخلىق، تەتۈرلۈك بولار،
ئەي ئۇلۇغ، يامانلار ئىشىدۇر ئۇلار.

932 بالا، مېھنەت، پۇشايمان، زەخمەت، يىغا،
يامانلىق جاۋابى بولۇر، ئەي توغا.

933 شۇڭا ياخشىنى مەن نېچۈك سۆيمەيىن؟
نېچۈن ياخشى ئىشنى مەدھىي ئەتمەيىن؟

934 سېخىيلىق، كىشىلىك، پايدا، ئەزگۈلۈك
كېلۇرلار ياخشىدىن بۇلار بەلگىلىك.

935 بۇ ياخشى كىشى بارچە ئەش ياخشىسى،
ئېرۇر ياخشى ئىش ھەممە ئىش ياخشىسى.

936 ھەمراھ ياخشى بولسا نېمە كۈتسەڭ كۈت.
تاپايىن دېسەڭ يول، ھەمراھ ياخشى تۇت.

937 راھەت، نېمەت، ئارزۇ، قۇۋانچ ھەم ھۇزۇر،
بۇلارغا جاۋاب شۇ، خۇشاللىق بولۇر.

*　　*

938 ئەلىگ ئېيتتى: ئايتولدى، ئۇققىن سۆزۈم،
جاۋاب قىلدىم ئېيتقان سۆزۈڭگە ئۆزۈم.

ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

939 يەر ئۆپتى ئايتولدى، تىك تۇردى شۇ ئان،
دېدى: ئەي ياخشى قانۇن، ساھىبقىران،

940 جاھان قۇدرىتىن تاپتىڭ، ئۇزارسۇن يېشىڭ،
ھۇزۇر ياخشىلىقتا تىنچ ئۆلسۇن بېشىڭ.

941 ساق ئۇلسۇن بەگلىكىڭ بۇيۇكلۇك بىلە،
ياشا سەن ھۇزۇردا سۆيۈنۈپ كۈلە.

942 ئۇلۇغلۇق بىلەن بول تولا ئەلگە بەگ،
بۇ كۈچ بىرلە بەگلىك ئۇلى بولسۇن بەك.

943 ئېقىپ كەلسۇن ئارزۇ قۇرۇماس بولۇپ،
تۇرسۇن ئىشىكتە دۆلەت قېرىماس بولۇپ،

944 يىغىلسۇن ساڭا ھەممە خۇشلۇق كېلىپ،
ئەلەم ئىچرە دۈشمەنلەر ئۆلسۇن سىزىپ.

945 لايىقتۇر خىزمىتىڭ كىم قىلسا ساڭا،
ئېچىلۇر بەختىنىڭ ئىشىكى ئاڭا.

946 ئېمە دەيدۇ، ئاڭلا، خىزمەت قىلغان ئەر،
خىزمەت بىرلە ئارزۇ ـ تىلەك تاپقان ئەر:

947 خىزمەت قىلما، قىلساڭ لايىق بەگكە قىل،
لايىق بەگ بىلۇر ئۇ خادىم ھەققىن، بىل.

948 خىزمەت قىلما، قىلساڭ سېخىيلارغا قىل،
سېخىي ئۆيى ئالتۇن، كۈمۈش ئىشىكى بىل.

949 بېخىل خىزمىتىن قىلما سەن ھېچ زامان،
ھاياتىڭ كېتەر بوش، بولۇرسەن يامان.

950 بېخىل ئۆز مېلىدىن ئۆزى قىزغىنار،
قاچان كىشى ھەققىن بېرىشكە ئۇنار؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



*　　　*

951 سۆزىن كەستى ئايتولدى چىقتى تۇرۇپ،
ئۆيىگە يۇرۇپ كەتتى، خۇشال بولۇپ.

952 قۇسۇرسىز خىزمەت قىلدى شۇندىن بېرى،
يېتىپ كەچ، تۇرۇپ ئۆرە كۈندۈزلىرى.

953 كۆيۈمچان بولۇپ قىلدى ئۇ ئىشنى چىن،
ئەلىگ كۈنسايىن تۇتتى ئۆزگە يېقىن.

954 ئۆتۈپ كەتتى بىرقانچە ۋاقىت ئۇشبۇ خىل،
ئىشى قىلدى ئايتولدىنى مەڭزى قىزىل.

## ئون توققۇزىنچى باب

## ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە تىلنىڭ پەزىلىتى ۋە سۆزنىڭ پايدىلىرىنى ئېيتقانلىقى باياتىدا

955 ئەلىگ بىر كۈن ئايتولدىنى ئۈندىدى،
ئورۇن بەردى، ئولتۇر دېبان ئىملىدى.

956 بۇ ئايتولدى ئولتۇردى ئاستا كېلىپ،
كۆزىن يەرگە تىكتى، تىلىنى يىغىپ.

### ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

957 ئەلىگ ئېيتتى: ئايتولدى سۆزلە سۆزۈڭ،
نېچۈن شۇك تۇرارسەن، نە بولدۇڭ ئۆزۈڭ؟

### ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

958 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: ئەي بەگلەر بېگى،
كېتەر بەگ يۈزىن كۆرسە قۇلنىڭ ئۆگى[94].

959 ئەلىگ بۇيرۇماستىن نېچۈك سۆز قىلاي،
سورىماستىن ئاۋۋال نېچۈك تىل ياراي؟

960 بىلىملىك سۆزىنى ئاڭلا، ياق دېمە،
سورىماستىن ئاۋۋال ئۆزۈڭ سۆزلىمە.

961 كىشى كىمنى قىچقارسا لازىم تېپىپ،
كىرەك سۆزلىشى ئۇ ئاۋۋال سۆز ئېچىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

962 سورىماي تۇرۇپلا ئاۋۋال سۆزلىسە،
بولۇر توغراكىم، ئۇنى هايۋان دېسە.

963 تېخى تەلۋە، ئەخمەق كىشى بىل ئۇنى،
بېگى سۆزلىمەستە، ئاچسا تىلىنى.

964 قىزىل تىل قىلۇر قىسقا ياشلىق سېنى،
تىلىڭ ئېسەنلىكنى، چىڭ تۇت ئۇنى.

965 نېمە دەر ئىشىتكىن ئۆزىن يىغقان ئەر،
ئېسەن ـ تىنچ ياشايدۇ ئۆزىن باسقان ئەر.

966 قارا باش دۈشمىنى قىزىل تىل ئېرۇر،
يېدى قانچە باشنى، يەنە هەم يېيۇر.

967 بېشىڭنى تىلىسەڭ تىلىڭنى كۆزەت،
تىلىڭ هەر كۈنىدە بېشىڭنى يونۇر.

## ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

968 ئەلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم سۆزۈڭنى تۈگەل،
تىرىك سۆزلىمىسە، بۇ ئەمرى مۇهال.

969 ئىككى خىل كىشى سۆزلىمەس ئۆزلىرى،
بىرىدۇر بىلىمسىز، گاچىدۇر بىرى.

970 گاچىنىڭ تىلى يوق، قىلالمايدۇ سۆز،
بىلىمسىز تىلى ساقلىيالمايدۇ سۆز.

971 بىلىمسىز تىلنى دائىم بەك تۇتماق كېرەك،
بىلىملىك تىلغا هاكىم ئولماق كېرەك.

972 بىلىملىك سۆزى يەرگە سۇدەك بولۇر،
ئېقىتسا سۇنى يەردە نېمەت ئۇنۇر.

973 بىلىملىك كىشىنىڭ سۆزى ئازلىماس،
ئاقار ساپ بۇلاقنىڭ سۇيى كەملىمەس.

974 چىم ئۈسكەن سۇلۇق يەر كەبىدۇر ئالىم،
چىقار سۇ، قەيەرگە ئاياغ باسسا كىم.

975 بىلىمسىز كىشى كۆڭلى قۇمدەك ئېرۇر،
دەريا كىرسە تولماس، ئوت ئۈنمەس بولۇر.

## ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

976 يەنە ئېيتتى ئايتولدى: ئەلىگ ئۇقار،
زىيان يەتسە تىلدىن هاياتلىق يوقار.

977 تىرىك بولسا ئىنسان ئېچۇك سۆزلىمەس،
كېرەكلىكنى سۆزلەر، ئۇنى يوشۇرماس.

978 كىشى سۆزلىمەككە سورالماق كېرەك،
سورالمىسا، سۆزنى دېمەسلىك كېرەك.

979 ئەي ئەلىگ، سورىماق — بۇ ئەركەك ئېرۇر،
چۈشەنسە بۇنى كىم، جاۋاب چىشىدۇر.

980 چىشىغا بىر ئەركەك كىشى ئەر بولۇر،
ئۇلاردىن ئىككى ئوغۇل بالا تۇغۇلۇر.

## ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

981 ئەلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم سۆزۈڭ بارچە چىن،
سۆزۈم بار تېخى دەيدىغان باشقىدىن.

982 دېدىڭ تىل زىيىنىن، ئىشتىتىم بۇنى،
ئۇنىڭ نەپئى بارمۇ، راست ئېيتقىن، قېنى؟

983 بۇ تىل زەرەرىدىن گەر قورقساڭ ئۆزۈڭ،
يوشۇرۇن قالۇر ھەر پايدىلىق سۆزۈڭ.

## ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

984 دېدى ئايتولدى: سۆزدە پايدا تولا،
ئەگەر سۆز قىلىشنى تىلىم بىلسىلا.

985 بىكار سۆز بىلىمسىز تىلىدىن چىقار،
بىلىمسىزنى ئالىملار «ھايۋان» ئاتار.

986 ئاۋام خەلق قىلىقى بىكار سۆزلىگەن،
بىكار سۆز ئۇلارنىڭ بېشىنى يېگەن.

987 بىكار سۆزلىسە سۆز زىيانلىق بولۇر،
ئەگەر بىلسە سۆزلەشنى پايدا ئالۇر.

988 ئاۋام خەلق قارنى تويسا ئۇيدەك ياتۇر،
بىكار سۆزگە ئاۋۇنۇپ، ئۆزىن سەمرىتۇر.

989 يېسە ـ تويسا، ياتسا ئۇ بىر يىلقىدۇر،
بۇ يىلقا دېگىنىم ئۇنىڭ قىلقىدۇر.

990 بىلىملىك كىشىلەر تېنىن جۇدىتۇر،
بىلىملە ئاۋۇنۇپ جانىن سەمرىتۇر.

991 بەدەننىڭ ئۇلۇشى ئېغىزدىن كىرەر،
بۇ جان ئۇلۇشى چىن سۆز، قۇلاقتىن كىرەر.

992 بىلىم بەلگىسى ئىككى نەرسە ئېرۇر،
ئۇ ئىككى بىلەن ئەر قىزىل ئۆڭ بولۇر:

993 بىرى تىل، ئۇ بىرسى بوغۇز ـ گال ئېرۇر،
ئەگەر تۇتسا چىڭ، نەپئى دەريا بولۇر.

994 بىلىملىك بوغۇز، تىلنى ساقلاش كېرەك،
بوغۇز، تىل ساق ئالىمنى تاللاش كېرەك.

### ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

995 ئەلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم بۇ سۆز بەلگىلىك،
نەدۇر سۆزنىڭ ئەسلى، ئۇ نەچچە تۇرلۇك؟

996 قەيەردىن چىقىپ سۆز، قەيەرگە يېتەر؟
بۇنى هەم ماڭا ئېيت، ئەي بىلگۈچى ئەر.

997 دېمەسلىك قانچىلىك، قانچىلىك دېيىش،
بۇ هەقتە بىلىملىك هېكىم نە دېمىش؟

### ئايتولدىنىڭ ئەلىككە جاۋابى

998 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: سۆز ئورنىدۇر سىر،
سۆز ئون بولسا، سۆزلەشكە لازىمى بىر.

999 بىرىن سۆزلىسە، توققۇزىدۇر ياساق،
ياساق سۆز تېگىدىن بولۇر بەتپۇراق.

### ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

1000 ئەلىگ ئېيتتى: سۆز پايدىسىدۇر نەچە،
ئېچىپ ئېيت ماڭا هەم زىيىنى نەچە؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



### ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1001 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: بۇ سۆز نەپئى زور،
يېرىدە دېيىلسە، قۇلنى بۇيۇتۇر.

1002 بۇ سۆز نەپئى بىرلە قوڭۇر يەردىكى
يېشىل كۆككە ئۆرلەپ، بولۇر توردىكى.

1003 نېچۈك سۆز قىلىشنى گەر تىل بىلمىسە،
ئۆزىنى پەسلىتەر، ئاسماندا ئىسە.

### ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

1004 يەنە ئېيتتى: سۆزنىڭ كۆپىدۇر نېچۈك،
ئېچىپ ئېيت بۇ سۆزنىڭ ئىزىدۇر نېچۈك؟

### ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1005 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: تولا سۆزدۇر ئۇل،
سورالماستا سۆزلەپ، زېرىكسە كۆڭۈل.

1006 بۇ ئاز سۆز شۇدۇركىم، سورالغاندا ئۆز،
جاۋاب بەرسە سۆزگە ۋە ياندۇرسا سۆز.

1007 مۇڭا ئوخشىتىپ ئېيتتى شائىر سۆزىن،
بېرىپ تىلغا بېزەك ھەم ئاچتى يۈزىن:

1008 ئۆزۈڭنى كۆزەت بەك، ياخشى سۆزلىگىل،
سورالغاندا سۆزلە، يەنە قىسقا قىل.

1009 كۆپ ئاڭلا بۇ سۆزنى، تولا سۆزلىمە،
بىلىم بىرلە سۆز تۈز، ئىشلىتىپ ئەقىل.

### ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

1010 ئەلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم بۇ سۆزنىڭ بارىن،
يەنە بىر سۆزۈم بار، يوشۇرماي دېگىن:

1011 ئىشتىمەك كېرەك كىمدىن سۆزنىڭ چىنى،
بولۇر سۆزنى كىمگە دېسە، ئېيت بۇنى.

### ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1012 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: بىلىم ئەھلىدىن
ئىشىت سۆز، بىلىمسىزگە ئېيتقىن كېيىن.

1013 كېرەك سۆزنى چوڭدىن ئىشتىمەك كېرەك،
كىچىككە دېگۈلۈك، ئۇ قىلسۇن كېرەك.

1014 بىرەر بىر سۆزلە، كۆپ ئاڭلا سۆزنىكىم،
ماڭا مۇنداق ئېيتتى بىلىملىك ھېكىم:

1015 تولا سۆز بىلەن بولماس ئالىم كىشى،
كۆپ ئاڭلاپ بولۇر ئۇ ئالىم تۆر بېشى.

1016 گاچا بولسا ئىنسان بىلەر ھەم بىلىم،
پەقەت ساڭرۇ كىشى تاپالماس ئىلىم.

### ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

1017 يەنە ئېيتتى ئەلىگ: ئۇقۇلدى سۆزۈڭ،
يەنە بىر سۆزۈم بار، جاۋاب بەر ئۆزۈڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



1018 بۇ تىل تۇرسا شۇك خوپمۇ يا سۆزلىسە،
دېسە سۆزنى خوپمۇ ۋە يا دېمىسە؟

### ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1019 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: ئىشىتسۇن ئەلىگ،
تىلنىڭ سۆزلىمىسە قالۇر بۇ بىلىك.

1020 سۆكۈۋەرمە تىلنى، ماختىنىشىمۇ بار،
بۇ سۆز سۆكۈلەر ھەم يەنە ماختىلار.

1021 بۇ سانسىز مىدىرلاپ تۇرغان ھەممە جان،
تىلى بىرلە ئېيتار خۇداغا ئىمان.

1022 ياراتتى خالايىقنى مىڭ ـ مىڭ تۈمەن،
ماختايدۇ تەڭرىنى ئۇلار تىل بىلەن.

1023 تېنى بار كىشىگە كېرەكلىكى شول:
بىرى تىل ۋە سۆزدۇر، بىرىدۇر كۆڭۈل.

1024 كۆڭۈل، تىل يارالدى دۇرۇس سۆز ئۈچۈن،
سۆزى ئەگرى بولسا كۆيەر ئۇ كۈچۈن.

1025 دۇرۇس سۆزلەنسە سۆز كۆپتۇر پايدىسى،
سۆكۈلەر ھەمىشە سۆزنىڭ ئەگرىسى.

1026 تىلنىڭ تەۋرىسۇن گەر دۇرۇس سۆزلىسە،
يوشۇرغىن سۆزۈڭنى گەر ئەگرى ئېسە.

1027 گاچا دەر خالايىق تىل سۆزلىمىسە،
مەمەدانە بېشى دەر كۆپ سۆزلىسە.

1028 بىھۇدە سۆز ئېيتقان كىشى قەدىرسىز،
قەدىرلىك كىشىدۇر سېخىي، شۈبھىسىز.

* *

1029 بۇ سۆزنى ئىشىتىپ سۆيۈندى ئەلىگ،
كۆزىن تىكتى كۆككە، كۆتۈردى ئېلىگ.

1030 خۇداغا شۈكۈر قىلدى، كۆپ ماختىدى،
ئەزىز مېھرىبان بىر ئىگەمسەن، دېدى.

1031 پۈتۈن ياخشىلىق تەگدى سەندىن ماڭا،
ئۆتۈقسىز، گۇناھلىق قۇلۇڭمەن ساڭا.

1032 تىلەك – ئارزۇلىرىمنى بەردىڭ پۈتۈن،
بۇ دۆلەت، ھوزۇر ھەم ياخشىلىق، ئاجۇن[105].

1033 نېچۈك مەن ئۆتەلەي بۇلار شۈكرىنى،
ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ قىل ئادا شۈكرىنى.

* *

1034 سۆزىن توختىتىپ ئۇ ئېچىپ خەزىنىنى،
ئۈلەشتۈردى يوقسۇلغا كۆپ نەرسىنى.

1035 بۇ ئايتولدىنى ئەلىگ ئىززەتلىدى،
قولى بەردى ئېھسان، تىلى ماختىدى.

1036 ۋەزىرلىك ئۈنۋانى ۋە تامغا ئاڭا
تۇغ، ناغرا ھەم ساۋۇت بەردى يانا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى



1037 پۈتۈن ئەلگە قىلدى قولىنى ئۇزۇن،
چىقىپ چەتكە دۈشمەن ئېگىشتى بويۇن.

* *

1038 بۇ ئايتولدى سۆردى پۈتۈن ئىش كۈچەپ،
بۇ ئىقبال دەۋرىنى غەنىيمەت ساناپ.

1039 بېيىدى خەلقمۇ، يېتىلدى ئېلى،
ئەلىگكە دۇئا قىلدى خەلقنىڭ تىلى.

1040 قۇتۇلدى خەلق، كەتتى زەخمەتلىرى،
قوزى بىرلە يۈردى قوشۇلۇپ بۆرى.

1041 يېتىلدى ئېلى ھەم تۈزەلدى قانۇن،
ئەلىگنىڭ دۆلىتى ئۆستى كۈنمۇكۈن.

1042 شۇ ياڭلىغ ھۇزۇردا ئۆتتى بىر زامان،
تۈزەلدى ئېلى ھەم خەلقى ھەر تامان.

1043 تولا ئارتتى ئەلدە شەھەر ـ كەنت قۇرۇش،
جۇغلاندى خەزىنىگە ئالتۇن ھەم كۈمۈش.

1044 سۆيۈندى ئەلىگ، تاپتى ئارام ئۆزى،
جاھاندا يېيىلدى ئېتى ھەم سۆزى.

## يىگىرمىنچى باب

## بەختنىڭ داۋامسىزلىقى ۋە دۆلەتنىڭ تۇراقسىزلىقى بايانىدا

1045 تولۇق قۇچقاندا ئايتولدى ئارزۇ ـ تىلەك،
قېرىپ بىۋاپا بەخت، يىقىلدى يۆلەك.

1046 ئەجەب ياخشى ئېيتمىش دانا ـ بىلگۈچى:
تەل بولغاندا نېمەت، يوقار يېگۈچى.

1047 بىر ئالىم بۇندىنمۇ ياخشىراق دېمىش:
تولۇق بولغاندا نېمەت، ئۆمۈر تۈگەرمىش.

1048 ئەجەب خوپ دېيىلمىش بىلىملىك سۆزى،
بىلىملىك سۆزىدۇر بىلىمسىز كۆزى:

1049 ئۆرلىگەن چۈشەر ھەم چۈشكەنلەر چىقار،
يورۇغان ئۆچەر ھەم يۇرگەنلەر تىنار.

1050 نە ئىشكىم قىلىنسا تولۇقلۇق كۈتەر،
تولۇقلۇققا يەتسە چۈشۈشكە يانار.

1051 بۇ ئايتولدى يەتكەندە تىلەككە تۈگەل،
تۈگىدى تىرىكلىك، قېلىپ قالدى مال.

1052 كىچىكلەپ قايتىدىن ئۇ تولغان ئايى،
قەھرلىك قىشقا ياندى يورۇغان يايى[96].

1053 جېدەل باستى يارىشىق تادۇ ئىچىنى،
يېغىپ بىرى باستى كېلىپ ئۇچىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



1054 مىزاجى ئۆزگەردى، تاماق يېتىپتىق،
كۆڭۈل بولدى غەش، تۇتۇپ بەك ئاغرىق.

1055 مىزاجى بۇزۇلغاچ كۈچى كەملىدى،
چىۋىقتەك ئېگىلدى قامىتى ـ قەددى.

1056 ئېغىر بىر كېسەللىك يىقىتتى كېلىپ،
ئۇ ياتتى مۈڭ ئىچرە تۆشەككە كىرىپ.

1057 تېۋىپلار يىغىلىپ تۇتۇشتى تومۇر،
دېيىشتى ئۇلار: بۇ كېسەل نېمىدۇر؟

1058 بىرى دېدى: قانى تۇتۇلمىش بۇنىڭ،
ئېلىپ قان، تومۇرىن ئاچايلى ئۇنىڭ.

1059 بىرى دېدى: سۈرگە ئىچۈرمەك كېرەك،
ئىچى قاتقان ئەمدى بوشاتماق كېرەك.

1060 بىرى شەربەت ئەتتى ۋە قوشتى جۇلاپ،
ياساپ بەردى بىرسى كېرەكلىك شاراب.

1061 داۋا ـ دورا قالماي، بارىن قىلدىلەر،
نېمىكى ياراشسا ئۇنى بەردىلەر.

1062 ئېشىشۇەردى ئاغرىق، پايدا قىلمىدى،
خوراپ كۈچ كۈندىن ـ كۈن، هوشى قالمىدى.

1063 نېمە دەيدۇ ئاڭلا ئۆزى پاك كىشى،
ئۆزى پاك كىشى ئۇ كىشىلەر بېشى:

1064 تەرياك[97] بەر ۋە مەيلى قات شەلىسە[98]،
قوشۇپ ماترىدۇس[99] يا سۈرگە ئىچۈرسە:

1065 تېۋىپنى چاقىرغىن ۋە خاھى داخان،
ئۆلۈمگە داۋا نەپئى بەرمەس ھامان.

1066 غاپىل بولمىغىن، ئەي تىرىك يۈرگۈچى،
ئەگەرچە تىرىكسەن ئۆزۈڭ ئۆلگۈچى.

*　　　*

1067 بۇ ئايتولدى ھالىن ئىشىتتى ئەلىگ،
ئۆلۈم خەۋەرچىسى سۇنۇپتۇ ئىلىگ.

1068 سوراشقا ئەلىگ كەلدى ئايتولدىنى،
كېلىپ كۆردى ئۇنىڭ ياتۇر ھالىنى.

## ئەلگنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

1069 ئەلىگ ئېيتتى: ئەمدى ئەي ھالىڭ نېچۈك،
نېچۈكتۇر كېسىلىڭ ھەم ئۇيقۇڭ نېچۈك؟

## ئايتولدىنىڭ ئەلگكە جاۋابى

1070 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: ئەلىگ، دەي ساڭا،
مېنى تۇتتى ئاغرىق، داۋا يوق ئاڭا.

1071 ئايىم تولغان ئەردى، كىچىكلىدى ئۇ،
ئېسىل ئەردى خۇلقۇم، كېتەر بولدى ئۇ.

1072 خۇشال تۇغقان ئەردى بۇ تۇغقان كۈنۈم،
كۈنۈم پاتقان كەبى يورۇماس تۈنۈم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



1073 ئىلىپ قاچتى قۇۋانچىلىق، تىرىكلىك ئۆزىن،
ۋاپاسىز جاھان ئۆرۈپ مەندىن يۈزىن.

1074 سۆيۈنچ، ئارزۇ، نېمەت قويۇپ كەتكۈدەك.
ئەلەم ـ قايغۇ، مېھنەت ماڭا كەلگۈدەك.

1075 سېنىڭدىن بۇ كۈن ئايرىلۇرمەن مانا،
كېتەرمەن ئىگراپ، ئۆكۈنچتە يانا.

1076 ئىشىت، ئەل بېگى بىر ئالىم نېمە دەر،
كىشى ياخشىسى، خەلقنى باشلار ئەر:

1077 ئەجەب ياخشى ئەردى بۇ دۆلەت كېلىپ،
يەنە كەتمىسە ئۇ ئۆزىچە يېنىپ.

1078 ئەجەب ياخشى ئەردى بۇ بەگلىك ئىشى،
ئۆلۈم تۇتمىغان بولسا، يۈرسە كىشى.

1079 نە كۆركەم كۈن ئەردى يىگىتلىك كۈنى،
قېرىلىق يوق ئولسا، يۈرۈسا كۈنى.

1080 ئەلىگ ئېيتتى: ئايتولدى قويغىن بۇ سۆز،
بۇ سۆزنى دېمىگىن ئايا كۆڭلى تۈز.

1081 كىشى بارچە ئاغرىپ، ساقايغۇسى، بەس،
ئەي قابىل، بۇ ئاغرىق ساقىلا ئەمەس.

1082 نېچۈك تىلغا ئالدىڭ بۇ كۆركىسىز سۆزۈڭ،
نېمىشقا كۆڭۈلنى بۇزارسەن ئۆزۈڭ؟

1083 يۇرەتتىم ئۆزۈم سەن بىلەن ئاۋۇنۇپ،
مېنى قايغۇرتتى، سۆزۈڭ ئۆزگىرىپ.

1084 خۇدا ياخشى ئەيلەر، بۇ سۆز سۆزلىمە،
تۇگۇن چەكمە ئۇتتىن مېنىڭ كۆڭلىمە.

### ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1085 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: ئەي ساھىبقىران،
بۇ ئاغرىقىقا ھېچكىم داۋا تاپمىغان.

1086 ئېمىكىم تۇغۇلار ھەم ئۆلمەك كېرەك،
ئېمە ئۆرلىسە، پەسكە چۈشمەك كېرەك.

1087 چىقىشقا چۈشۈش بار، ئېگىزگە باتىق[100]،
سۆيۈنۈشكە قايغۇ ـ غەم، ئاچچىققا تاتىق[101].

1088 دېگەنتىم يەنە مەن ساڭا شۇ سۆزۈم،
خۇيۇم ئۆزگىرىشچان، تۇراقسىز ئۆزۈم.

1089 خۇيۇم ئېيتقان ئەردىم ئۆزۈم مەن ساڭا،
ئۇلاتتى كۆڭۈل بەرمىسەڭ سەن ماڭا.

1090 كېتۇرمەن، مۇڭا سەن شۇبھى قىلمىغىن،
تۇغۇلغانكىم، ئۆلمەس دېسە پۇتمىگىن.

1091 ئىشەنچسىز دېمە ئەمدى سۆكمە مېنى،
ئىشەنمە جاھانغا، ئۇ تاشلار سېنى.

1092 جاپا قىلدى دەپ ئەيىب قويما ماڭا،
جاپاچى مېنىڭدىنمۇ دۇنيا ساڭا.

www.uyghurkitap.com



1093 ئۆلەرسەن، غاپىل ئۆلمە مەندىن كېيىن،
ئىشەنمە جاھانغا ھەم گول بولمىغىن.

1094 قەدىرلەپ ئىدىڭسەن خىزمەتسىز مېنى،
ئەي ئەلىگ، بىجىرگەن خىزمىتىم قېنى؟

1095 تىلىكىم ئەمەس بۇ مېنىڭ ئۆلمىكىم،
بۈگۈنلا ئەمەستۇر كېلىپ كەتمىكىم.

1096 ئىلاجسىز كېتۈرمەن ئەركىسىز بولۇپ،
قۇتۇلۇر يېرىم يوق ھاياتتا تۇرۇپ.

1097 يوق ئەردىم ياراتتى، ئۆستۈردى مېنى،
كىچىك ئوغلان ئەردىم بۈيۈتتى مېنى.

1098 يېلىڭ يۈزلۈك ئەردىم، چىقاردى ساقال،
قارا قۇزغۇن ئەردىم، ئاق قۇ قىلدى چال.

1099 بويۇم ئەردى ئوقتەك، ئېگىلدى بويۇم،
تىرىكلىك تۈگىدى، يېتىلدى كۈنۈم.

1100 ئەجەب ياخشى دەپتۇ ئالىم، ئىلمى چوڭ،
ئىشىتكىن بۇنى سەن، ئايا قىزىل ئۆڭ:

1101 ئاقارسا ئاق قۇدەك كىشىنىڭ بېشى،
دىلىن ئاق قۇ كەبى ئاقارتسۇن كىشى.

1102 ئېگىلسە كىشىنىڭ تۈز تالدەك بويى،
تۈزەتسۇن دىلىنى، يېتىلدى چېغى.

1103 قارا چاچ، ساقاللار ئاقارسا تولۇق،
مۆكۈنگەن ئۆلۈمگە تەييار تۇرغۇلۇق.

1104 مۇڭا ئوخشىتىپ ئېيتتى شائىر بۇ سۆز،
ئىشىتكىن بۇنى سەن، ئايا ياخشى ئۆز:

1105 قارا چاچنىڭ ئېقى ـ ئۆلۈم بەلگىسى،
تىرىككە هاياتنى ئەزىز قىلغۇسى.

1106 يېدىڭ قانچە نېمەت، ئېتىندىڭ هايات،
غاپىل بولما، سېنى ئۆلۈم يېگۈسى.

ئەلىگنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

1107 ئەلىگ ئېيتتى: ئايتولدى سەۋر قىل، چىدا،
كېسەلدۇر گۇناھلىققا تاڭلا پىدا [102].

1108 ئۆلەر بولسا گەر ئۇ پۇتۇن ئاغرىغان،
بولاتتى رىزىق يەر كىشى قالمىغان.

1109 كېسەلدىن سېنى ياخشى قىلسۇن بايات،
يېرىم قىلما كۆڭلۇڭ، تىنچ ـ راھەتتە يات.

* *

1110 دۇئا قىلدى ئەلىگ ئېچىپ تىلىن ئول،
شىپا تىلەپ ھەقتىن، كۆتۈردى ئۇ قول.

1111 ئەلىگ چىقتى ئاندىن بەك غەمكىن بولۇپ،
كېلىپ قەسىرگە كىردى كۆڭلى سۇنۇپ.

1112 تاراتتى پېقىرلارغا كۆپ مال ـ تاۋار،
ئاڭا قايغۇرۇپ، دەپ پايدىسى بولار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



1113 ئۆلۈمگە كۆمۈشتىن پايدا يەتسە گەر،
قىلاتتى كۆمۈشنى پىدا ئۆزگە ئەر.

1114 ئۆلۈمگە پىدا تاپقان ئۇلسا كىشى،
پىدا بىرلە ئۆلمەيتتى ئەللەر بېشى.

* *

1115 بۇ ئايتولدى بەكمۇ قاتتىق ئاغرىدى،
ئۈمىدسىز بولۇپ قولنى جاندىن يۇدى.

1116 دېدى ئۇ ئۆكۈنۈپ: ھاياتىم ئىسىت،
بىكارغا ئۆتتى ـ كەتتى كۆركىم، ئىسىت.

1117 تىرىكلىك كەچۈردۈم غاپىللىق بىلەن،
يىگىتلىك تۈگەتتىم زايەلىك بىلەن.

1118 ئىدىم بىر قاچاقكىم، قاچاتتىم ئۆزۈم،
ئەجەل تۇتتى، توستى، نە پايدا سۆزۈم؟

1119 جاھان مېلى يىغدىم بېخىللىق بىلەن،
قالۇر مال، كېتەرمەن بۇ يوقلۇق بىلەن.

1120 ئۆزارتقان ئىدىم كۆپ تىلىم ھەم قولۇم،
تىنىقنى مانا قىستى، تۇتتى ئۆلۈم.

* *

1121 شۇ ياڭلىغ ئۆكۈندى، تولا يىغلىدى،
ئۆلۈمگە ئۆكۈنچى پايدا قىلمىدى.

1122 ئە موھتاج ئېرۇر بۇ ئادەم ئوغلانى،
تىلىكمدەك بولماس تىرىكلىك كۈنى.

1123 تىلەككە يېتىشسە ياشالماس كىشى،
ھاياتتا تىلەككە يېتەلمەس كىشى.

1124 بىر ئاز ياخشىلىق كۆرسە ئۇنتار ئۆزىن،
يېشىل كۆكتىن ئۈستۈن يۈرۈتەر سۆزىن.

1125 قەدىرلەنسە مەغرۇر، كۆرەڭ ھەم بولۇر،
ئۆلۈم تۇتسا پۈكۈلۈپ ئۆكۈنچتە ئۆلۈر.

1126 يېسە، تويسا بولۇر قىلىقى بۇغرا،
ئەگەر قارنى ئاچسا، بىلىپ يەر ئوغا.

1127 راھەتتە زېرىكەر، غەم ئىچرە سېزەر،
سۆيگىنىن تاپسا تېزلا ئاندىن بېزەر.

* *

1128 ئۇلۇغ تىندى ئايتولدى، پۇشمان يېدى،
دۇرۇسلۇق يولىنى يوقاتتىم، دېدى.

1129 نېچۈن توپلىدىمكىن مەن ئالتۇن ــ كۈمۈش،
نېچۈن بەرمىدىم مەن يوقسۇلغا ئۈلۈش؟

1130 نېچۈن ياخشى ئىشنى مەن قويغاندىمەن،
نېمىشقا گۇناھسىزنى سۆككەندىمەن؟

1131 ئەۋەتسەم ئىدىم مەن بۇرۇن ئەزگۈلۈك،
قىلۇر ئەردى پايدا تاڭلا بەلگىلىك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



1132 نە پايدا بېرەر بۇ ئۆكۈنچىم بوگۈن،
ئۆلۈم تۇتتى، كېسىلدى سۆز ھەمدە بۇ ئۈن.

1133 نېمە دەيدۇ ئاڭلا ئىتتىك كۆزلۈك ئەر،
كىشىگە كۆيۈمچان دۇرۇس سۆزلۈك ئەر:

1134 پۈتۈن جېنى بارغا ئۆلۈم بىر ئىشىك،
ئۇنىڭدىن كىرەرلەر جىمى يۈرۈگلۈك[103].

1135 نېمە بۇ تىرىكلىك، نېمە بۇ ئۆلۈم؟
قەيەردىن كېلىپمەن، قەيەرگە يولۇم؟

1136 ئۆلەر جانغا نېچۈك تۇغۇلغاندىمەن،
يىغا بار ئىكەن، نېچۈن كۈلگەندىمەن؟!

1137 جاھاندا ئۆلۈمدىن نە باردۇر يامان؟
تۇغۇلغان كىشى ئۆلدى شۇنداق دېبان.

1138 كېلۇر بۇڭا ئوخشاپ شائىرنىڭ سۆزى،
كىم ئۇقسا مەنىسىن ئېچىلۇر كۆزى:

1139 نېمە بار جاھاندا ئۆلۈمدىن قاتتىق؟
ئۆلۈمنى ياد ئەتسە كېتەر مىڭ تېتىق.

1140 ئۆلۈم بىر دېڭىزدۇر، ئۇچى يوق تۇۋى،
قاراپ كۆرسە ياخشى، تۇۋى يوق پېتىق.

1141 ئۆلۈمنى بىلىپمۇ گەر ئولسا غاپىل،
ئۆلۈم تۇتسا سۆز قىلماغاي پايدا، بىل.

1142 هۆزۈرغا ئاۋۇنۇپ غاپىل يۈرگۈچى،
ئويغىنار ئۆلۈم تۇتسا، يەتمەس كۈچى.

1143 تولا مالغا تويماس كۆزى ئاچ كىشى،
ئەجەل تۇتسا ئۆكۈنەر، يۇرۇشمەس ئىشى.

1144 تۇراقسىز بەختكە ئاۋۇنغان مەغرۇر،
قوڭۇر يەر قېتىدا يۈرەكىن يارۇر.

1145 سۆيۈنچكە ئاۋۇنۇپ تولا كۈلگۈچى،
يىغىغا تەييار ئول، ئايا ئۆلگۈچى.

1146 ئىشىتكىن، ئەقىللىك ئالىم نېمە دەر،
بۇ سۆزگە ئەمەل كىم قىلسا نەپ كۆرەر:

1147 ئەگەر كىم تاڭلا كۈتسە ياخشى ئورۇن،
ھەر ئىككى جاھانني يامان قىلمىسۇن.

1148 ئەي خۇلقى مۇلايىم، يامان قىلمىغىل،
قىلىقىڭ، سۆزۈڭنى بۇ كۈن ياخشى قىل.

* *

1149 ئۆكۈندى بۇ ئايتولدى كۆپ يىغلىدى،
ئۆكۈنچى بۇ يەردە پايدا قىلمىدى.

1150 ئۆلەشتۈردى يوقسۇلغا ئالتۇن ـ كۈمۈش،
قاياشلارغا قىلدى نەسىھەت ئۆلۈش.

1151 كۆزىن كۆككە تىكىپ، دېدى: ئەي ئىگەم،
سېنىڭدىن بۆلەك يوق ئىگە ماڭا ھەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



1152 تۆرەتتىڭ، ئۆستۈردۈڭ، بۈيۈتتۈڭ مېنى؛
سېنىڭ پەزلىڭ ئەردى، بىلۈرمەن بۇنى.

1153 تېۋىنغان ئىدىم مەن ساڭىلا ئۆزۈم،
مانا بۇ ئەجەل تۇتتى، كەستىم سۆزۈم.

1154 قۇتۇلار يېرىم يوق، يوقالدى ھوشۇم،
سېنىڭ رەھمىتىڭ تۇتسۇن ئەمدى قولۇم.

1155 بولۇپ گۇستاخ، ئەتتىم يامانلىق تولا،
كەچۈر رەھمىتىڭ بىرلە سەن، ئەي ئىلاھ!

1156 بىھۇدە ئۆتتى بۇ تىرىكلىك ئىست،
بىكار كەتتى ئاي ـ كۈن، بۇ بەگلىك ئىست.

*          *

1157 سۆزىن كەستى، ئويلاندى بىر ئاز تۇرۇپ،
كۆزىدىن ياش ئاققۇزدى ئوغلىن كۆرۈپ.

## يىگىرمە بىرىنچى باب

### ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە نەسىھەت قىلغانلىقى باياندا

1158 بار ئەردى بىر ئوغلىلا ئايتولدىنىڭ،
كىچىك ئىدى ياشى ئاشۇ ئوغلىنىڭ.

1159 ئاتى ئەردى ئۆگدۈلمىش، ئەسلى ئېرىغ،
يۈزى كۆركەم ئەردى قىلىقى ئېرىغ.

1160 قىچقىردى ئوغلىنى ئۆزىگە يېقىن،
تۇتۇپ قۇچتى، كۆزدىن ئېقىتتى ئېقىن.

1161 دېدى: ئوغلۇم ئەمدى كېتەرمەن مانا،
بۇ ئورنۇم، مالۇ ـ مۈلكۇم قالدى ساڭا.

1162 سەن ئەردىڭ ماڭا كۆز يورۇقى تۈگەل،
كېتۈرمەن سېنىڭدىن، ئېسەن ياخشى قال.

1163 يېر تۈركىي ۋەزىر بەك ياخشى دەپتىكەن،
كۆرەر كۆز يورۇقى ئوغۇل ـ قىز ئىكەن.

1164 ئوغۇل ـ قىز غېمى بۇ — تۈۋى يوق دېڭىز،
ئوغۇل ـ قىز غېمىدىن سارغايدى مەڭىز.

1165 كىشىنىڭ بولسا ئوغلى ـ قىزى، خوتۇنى،
نېچۈك كۆرگەي ئۇنىڭ كۆزى ئۇيقۇنى؟

1166 ئوغۇل ـ قىزنى دەپ يەر ئاتا ئۆز ئېتىن،
ئوغۇل ـ قىز ئاتىماس ئاتىنىڭ ئېتىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com



1167 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: ئىشىت، ئەي ئوغۇل،
سۆزۈمنى ئۇنتۇما، مۇڭا قوي كۆڭۈل:

1168 مېنى كۆر، ئاتا ئەردىم ئەمدى ساڭا،
ئېتىم ئەردى ئايتولدى، باققىن ماڭا.

1169 ھاياتى تولدى ئەمدى ئايتولدىنىڭ،
ئۆكۈنچ بىرلە ئىگرار، نەپئى يوق ئۇنىڭ.

1170 تىرىكلىك چۇچۇكتۇر، ئاچچىقتۇر ئۆلۈم،
ئۆلۈم تۇتتى، قايدا قېچىشقا يولۇم؟

1171 ئاۋۇندۇم بۇ دۇنياغا كۆڭلۈم بېرىپ،
ۋاپا قىلمىدى ئۇ، مېنىڭدىن بېزىپ.

1172 مېنى ئالدىدى دۇنيا، سۆيۈپ قىچقىرىپ،
كۆڭۈل بەرگەنىدىم، زېرىكتى تېزىپ.

1173 جاپا قىلدى دۇنيا، قېرىدى بۇ قۇت،
سېنى ئالدىمىسۇن، مۇنۇ سۆزگە پۇت:

1174 كېرەكلىك ئىشىم يارچە يەردە قويۇپ،
كېرەكسىزنى قىلدىم ھەۋەسكە چۇشۇپ.

1175 تىرىكلىك ـ بوراندەك ئۆتەر ئۇ كېچىپ،
ئىگرايمەن ئۆزۈمگە بىكار ئېچىنىپ.

1176 يارا ياكى مال بىرلە پۇتمەس ئىشىم،
بۇگۇن يوق قولۇمنى تۇتقۇچى كىشىم.

1177 نېمە دەيدۇ ئاڭلا ئويغانغان كىشى،
ئۆلۈمنى تونۇپ ياخشى بىلگەن كىشى:

1178 ھېكىم ئىلمى كەتتى ئۆلۈمنى كۆرۈپ،
ئاقىل ئەقلى يىتتى، ئەقىلسىز بولۇپ.

1179 نېمانچە يامان بۇ ئۆلۈم تىرنىقى،
نېمانچە ياماندۇر ئادەم ئۇرمىقى؟

1180 زىننەتلىك سارايلارنى بۇزغان ئۆلۈم،
پۈتۈن جەم بولغاننى چاچقان ئۆلۈم.

1181 مۇڭا ئوخشىتىپ ئېيتتى شېئىر ئېيتقۇچى،
ئوقۇغىن بۇنى سەن، ئايا بىلگۈچى:

1182 نېمە يار جاھاندا ئاڭا ھىيلە يوق،
نېمە ھىيلە باردۇر، ئاڭا چارە يوق؟

1183 پۈتۈن ئىشقا ھىيلە، ئۇسۇل ـ چارە بار،
مەگەر بۇ ئۆلۈمكىم، ئاڭا چارە يوق.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئايتولدىغا سوئالى

1184 ئىشىتتى ئوغۇل، كۆر، ئاتىسى سۆزىن،
سۆز ئاچتى ئاتىسىغا ئۆرۈپ يۈزىن.

1185 دېدى: ئەي ئاتام، بىر سۆزۈم بار ساڭا،
ئېيتايىن ئۇنى مەن جاۋاب بەر ماڭا.

1186 بۇ دۇنيا ئىچىدە ياشىدىڭ تولا،
بىلىم بىلدىڭ، ئەخلاق ئوقۇدۇڭ تولا.

1187 سورىدىڭ، ئىشىتتىڭ، ئۆگەندىڭ يانا،
ياشىدىڭ سىناپ، كۆپنى كۆردۈڭ يانا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور ئادرېسى
www.uyghurkitap.com


1188 ئىچۈك بولسا بارمۇ ئۆلۈمگە چارە،
بار ئۇلسا، ئەي زېرەك ئاختۇرۇپ كۆرە!

1189 ئەگەر ھىيلە، چارە يوق بولسا بۆلەك،
پۈتۈن مال، خەزىنىنى تارىتىش كېرەك.

1190 خەزىنە، مۈلۈك ـ مال گەر ئۇلسا پاناھ،
ئېسەن بول، تېپىلار بۇ بايلىق يانا.

1191 نېمە دەر، ئىشىتكىن، كۆزى توق كىشى،
تۆزۈ ـ نان ئىگىسى، سېخىي ئەر بېشى:

1192 كىشىگە ئۈلەشتۈر مال، يېگۈز، ئىچۈر،
سېنى مال كەچۈرگەي، ئۈنى سەن كەچۈر.

1193 ئېسەنلىك كېرەك، ئەرگە مال كەم ئەمەس،
تىرىكلىك كېرەك، قۇشقا دان كەم ئەمەس.

1194 تىرىك بولسا ئىنسان تاپار مەقسىتىن،
ئېسەن بولسا باش ـ تەن، تىلىكى يېقىن.

## ئايتولدىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

1195 جاۋاب بەردى ئايتولدى، ئېيتتى: ئوغۇل،
سۆزۈمنى ئىشىت، ئۆز بۇ ئىشتىن كۆڭۈل.

1196 ئۆلۈمگە پايدا قىلماس ئالتۇن ـ كۈمۈش،
ئۆلۈمنى توسالماس بىلىم ھەم ئوقۇش.

1197 ئۆلۈمنى توسالىسا دۇنيا مېلى،
ئىدى ئۆلمەس ھېچ چاغدا بەگلەر بېگى.

1198 ھېكىملەرگە ھېكمەت پايدا قىلمىدى،
ئالىملارغا ئىلىم ياردەم بەرمىدى.

1199 ئۆلۈمگە پايدا قىلسا ئەردىن ئوت ـ ئەم[104]،
قالاتتى تېۋىپلار تىرىك مەڭگۈ ھەم.

1200 ئۆلۈم يۈز ـ خاتىر قىلسا ئىدى كۆرۈپ،
مۇبارەك رەسۇللار قالاتتى تۇرۇپ.

1201 تۇغۇلغان تىرىكلەر ئۆلۈر، بىل مۇنى،
ئۆلۈشكە تۇغۇلغان، تىرىك كىم قېنى؟

1202 بۇ دۇنيا قونالغۇ، كېلۈرچى بارار،
يوغان ئەجدىھادەك يېسە، ئېچىقار.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

1203 ئۆگدۈلمىش ئىشتىكەچ، دېدى: ئەي ئاتا،
ئۇقۇلغان ئىكەن بۇ ئۆلۈم بەك يانا.

1204 نېچۈن غاپىل ئولدۇڭ تىرىكلىك تىلەپ،
نېچۈن تارتىشۇرسەن ئەمدى ئىگراپ؟

1205 نېچۈن بۇ قالار مالنى سەن توپلىدىڭ،
ئۇشۇق مالنى نېچۈن ئۈلەشتۇرمىدىڭ؟

1206 كىشى ئۆتسە غەپلەت ئىچىدە ياشاپ،
ئۆكۈنسۇن ئۆزىنى ئەيىبلىك ساناپ.

1207 ئۆكۈنچتىن بۇ كۈندە نە پايدا، ئاتا.
باشىن يەرگە ئۇرسا ئىگراپ مىڭ قاتا؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



1208 بۇ ئايتولدى ئېيتتى: بالام ئاڭلىغىن،
ئۇ دۇنيا ئىشىن قىل، غاپىل بولمىغىن.

1209 مېنى باستى غەپلەت، پۇشايمان ئۆزۈم،
ئويغان، بولما غاپىل، گۈزەل يۇزلۇكۇم!

1210 ئۆلمەككە تۇغۇلدى تۇغۇلغان بارى،
كى قانچە قىلسىمۇ، كېتەر ئاخىرى.

1211 ۋاقىت تۇتقۇنىدۇر ئۆلۈرچى ئادەم،
يېتىلسە ۋاقىت، كۆر، باسالماس قەدەم.

1212 بىر شائىر ئېيتقان سۆز بۇڭا ئوخشىشۇر،
ئەگەر بۇ ئوقۇلسا، تولۇق سۆز ئېرۇر:

1213 جىمىكى نەرسىنىڭ كۈنى بەلگىلىك،
نەپەس - تىن ئېلىشنىڭ سانى بەلگىلىك.

1214 يىل، ئاي، كۈن ئۆتەردەك تىرىكلىك كېچەر،
ئۆتەر كۈن تۈگەتكەي سېنى، بەلگىلىك.

1215 يەنە ئېيتتى ئايتولدى: كۆر، ئەي ئوغۇل،
نە هالدا كېتەرمەن، كۆرۈپ ئويغاق ئول.

1216 غېمىم سەنلا ئەردىڭ، كېتەرمەن بۈگۈن،
كىچىكلىكتە مەنسىز قالارسەن بۈگۈن.

1217 نېچۈكرەك ئۆتەرسەن مېنىڭدىن كېيىن،
غېمىم يوق مېنىڭكى بۆلەك ئۈشبۇدىن.

1218 ئاتا ئەمگىكى سىڭسە ئوغلىغا كۆپ،
بولۇر بۇ ئوغۇلنىڭ خۇيى ـ پەيلى خوپ.

1219 ئوغۇلنى قىسىپ تۇتسا، ياخشى ئېرۇر،
ئاتىسى ـ ئانىسى بەختلىك بولۇر.

1220 ئەگەر چىڭ تۇتۇلماس ئىكەن ئۇ ئوغۇل،
بولۇر زايە، ئاندىن سەن ئۈزگىن كۆڭۈل.

1221 زەكى بولسا ئالىم، ئوغۇل ئاتىسى،
ئۇنى تۇتقۇلۇق چىڭ، شۇدۇر چارىسى.

1222 نېمە دەر ئېشىتكىن ئوغۇللۇق كىشى،
كۆپ ئىشنى كەچۈرگەن ـ يېتىلگەن يېشى:

1223 كىمىنىڭكى بولۇر ئەركە ئوغلى ـ قىزى،
چېكىپ ئاھ ۋە ھەسرەتتە يىغلار ئۆزى.

1224 كىچىك چاغدا ئوغلىنى قويسا ياۋا[105]،
ئوغۇلدا گۇناھ يوق، ئاتىغا جاپا.

1225 ئوغۇل ـ قىز خۇي ـ پەيلى بولسا يامان،
يامان قىلغان ئاتا بۇلارنى ھامان.

1226 قىسىپ تۇتسا ئوغلىن ئاتا ئۆگىتىپ،
ئوغۇل ـ قىز سۆيۈنۈر چوڭايسا تولۇپ.

1227 ئوغۇلنى قىسىپ تۇت ئاتا بولغۇچى،
ساڭا كۆلمىسۇنلەر كېيىن كەلگۈچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com



1228 ئوغۇل ـ قىزغا ئۆگەت پەزىلەت، بىلىم،
پەزىلەتلە بولسۇن خۇلقى مۇلايىم.

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئايتولدىغا جاۋابى

1229 جاۋابەن ئۆگدۈلمىش دېدى: ئەي ئاتا،
غېمىڭ يەپ كۆيەرمەن، بولۇرمەن ئادا.

1230 سېنىڭدىن كېيىن مەن تىرىك تۇرمايىن،
سېنىڭ غەملىرىڭنى كۆرۈپ يۇرمەيىن.

1231 سېنىڭ ئورنۇڭدا بىر شەپقەتلىك ئىگەم
جېنىمنى ئالسا، مەندە قالمىسا غەم.

1232 ئەگەر ئۇنداق ئولماي، يېتىشسە ئەجەل،
پۈتۈلمىش بولۇر بۇ ئەجىلى ئەزەل.

1233 نېمە قايغۇرۇرسەن، نېمە بۇ يىغا؟
خۇدا ھۆكمى كەلدى، توختا يىغلىما!

1234 يىغلىساڭ دۇنيا ـ مال، دۆلەت قالدى دەپ،
ئۇ قايتماس ھەر نېمە قىلساڭمۇ كۆچەپ.

1235 ئەگەر قالغىنىغا بۇ نېمەت يانا
يىغلىساڭ ئەرزىمەس، توختا، يىغلىما.

1236 سېنىڭدىن بۇرۇن كۆپ نېمەتلەر يېگەن
كىشىلەرمۇ كەتكەن شۇ ئىنجىق بىلەن.

1237 بىلۇر ئەردىڭ ئەمدى جاپاچى جاھان ـ
قىلالتى جاپانى، غاپىل سەن ھامان.

1238 پۈتۈن دۇنيا گەر بىر كىشىنىڭ بولۇر،
تېگەر ئىككى بۆز، ھەممە دۇنيا قالۇر.

1239 تىرىكلىك ئۈچۈن سەن ئۆكۈنسەڭ ئۆزۈڭ،
ئۆكۈن، يىغلا دائىم، قۇرۇتما كۆزۈڭ.

1240 يەنە قايتا كەلمەس كەچۈرگەن كۈنۈڭ،
نە قىلغان بىلەن بولدى تەييار تۈنۈڭ.

1241 مېنىڭچۈن بولسا گەر بۇ قايغۇ ـ ئەلەم،
سۆيۈن، ئەمدى قىلما يەنە قايغۇ ـ غەم.

1242 يارالغان ئىدىڭ سەن، يارالغان ئۆلۇر،
يارالغان ئۆلۇر، ئۇ ياراتقان قالۇر.

1243 ئاتام ئەردىڭ ئارتۇق كۆيۈمچان، سېخىي،
سېنىڭدىن كۆيۈمچان ياراتقان تېخى.

1244 سېنى ئۇ ياراتتى، ساڭا بەردى قۇت،
ماڭا بەرمىگەيمۇ، مۇنۇ سۆزگە پۈت.

1245 قەدىرسىزگە قىممەت ئۈنىڭدىن تېگۈر،
كىچىككە ئۇلۇغلۇق ئۈنىڭدىن كېلۇر.

1246 مۇڭا ئوخشىشار، كۆر، بىر ئاقىل سۆزى،
بۇ ئاقىل سۆزىدۇر ئەقىلسىز كۆزى:

1247 ئەزىز ئول، ئەزىز كىم، ئەزىزلەرگە ئىز[106]،
ئۈنىڭدىن تېگەر ئىز، ئەزىز ئەمدى قىز.

1248 قەدىرسىزگە قەدىر ئۇ، كىچىككە ئۇلۇغ،
يامانغا يۆلەكتۇر، بۇيۇككە ئېگىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



*　　*

1249 ئىشىتتى بۇ ئايتولدى ئوغلى سۆزىن،
كۆتۈردى قولىن، كۆككە تىكتى كۆزىن.

1250 خۇداغا شۈكۈر قىلدى تولىدىن ـ تولا،
خۇدا بەرگىنىچۈن ئەقىل ئوغلىغا.

ئايتولدىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

1251 دېدى: ئوغلۇم، بولدى بۇ كۆڭلۈم پۈتۈن،
خۇدا پەزلى بىرلە ياشارسەن قۇتۇن.

1252 قارا، ئۇشبۇ سۆزنى ئاقىل چىن دېگەن،
كۆزۈڭنى قىل ئىتتىك، مەنىسىن چۈشەن:

1253 خۇدا كىمگە بەرسە ئەقىل، ئاڭ، بىلىك،
پۈتۈن ئارزۇسىغا يېتىلگەي ئىلىگ.

1254 كىمىكى بولۇر ياخشى، يۇمشاق خۇيى،
يېتەر ئۇ تىلەككە، يورۇپ كۈن، ئېيى.

1255 پۈتۈن ياخشىلىقنىڭ مۇنى[107] ياخشى خۇلق،
بېرەر ئۇ خۇشاللىقنى مىڭلاپ، تولۇق.

*　　*

1256 بۇ ئايتولدى قولنى كۆتۈردى يانا،
خۇداغا تولا ئېيتتى ھەمدۇ ـ سانا.

1257 دېدى: سەن ياراتتىڭ ئۆزۈڭ ھەممىنى،
بېرەرسەن بۇ سانسىز جانلىق رىزقىنى.

تۆرەتتىڭ، ئۆستۈردۈڭ مېنى بەخت بىلەن، 1258
ئۇتتۇقسىز، گۇناھكار، ئاسىي قۇلۇڭمەن.

جاھان نېمىتىن، ئارزۇسىن بېرىپ، 1259
مۇشۇ چاغقىچە كەلدىڭ ياخشى قىلىپ.

پۈتۈن نېمەت ئارزۇغا يەتتىم تۈگەل، 1260
ئەي ياخشى ئىگەم، مەن سېنىڭدىن خۇشال.

ماڭا كەلدى ھۆكمۈڭ، بارۇرمەن مانا، 1261
ئىدى بىرلا ئوغلۇم، قويارمەن مانا.

ئاتا ئەردىم ئەمدى ئۆلۈر بۇ ئاتا، 1262
ئىگەم، سەن ئاڭا قىل ھايات بەخت ئاتا.

بالادىن يىراق تۇت، راھەتكە يېقىن، 1263
ھەر ئىككى جاھاندا غېمىن سەن يېگىن.

ئۆلاشتۇر ياخشىغا، ياماندىن كۆزەت، 1264
يېمەكلىك، كىيىمدىن بىھاجەتلا ئەت.

*   *

كۆڭۈل قېتىدىن قىلدى ياخشى دۇئا، 1265
ئەي ياخشى دۇئا، سەن بالادىن توسا.

نېمە دەر ئىشىت بىر تەقۋادار كىشى، 1266
تەقۋادار كىشى ئۇ، كىشىلەر بېشى:

خۇدا كىمگە قىلسا ئىنايەت، مەدەت، 1267
ھەر ئىككى جاھاندا تاپۇر سائادەت.

www.uyghurkitap.com



1268 خۇدا بولسا قايسى قۇلىغا يۆلەك،
تاپۇر ئۇ ھەر ئىككى جاھاندا تىلەك.

1269 خۇدا پەزلى كىمگە يار ئولسا ئەگەر،
ئۇ ھەممە نېمەتۇ ـ ئارزۇغا يېتەر.

1270 مۇڭا ئوخشىتىپ ئېيتتى ئاقىل كىشى،
كىم ئاقىل سۆزىن تۇتسا تۈزىلەر ئىشى:

1271 ئىگەم ساقلىسا كىمنى ئۇ ساقلىنۇر،
تىلەككە يېتىپ، ياخشى نېمەتلىنۇر.

1272 قايۇ قۇل خۇداغا ئىشەنسە تۇرۇپ،
بالانىڭ ئىشكى يېپىقلىق بولۇر.

* *

1273 يەنە ئېيتتى ئايتولدى: ئۇق، ئۇق ئوغۇل،
ئۆلۈمنى ئۇنتۇما، ھامان ئويغاق ئول.

1274 ئىشەنمە تىرىكلىككە، يەلدەك كېچەر،
جاھاندىن كۆچەرسەن، غاپىل بولما ئەر.

1275 سېنى تاپشۇردۇم مەن خۇداغا قاتتىق،
تىلىسە كۆزەتكەي، يېگۈزگەي رىزىق.

1276 بۈگۈن ئايرىلۇرمەن سېنىڭدىن مانا،
ئۆكۈنچتە تۆكۈپ ياش مەن يىغلاپ يانا.

1277 نېمە قىلىشىڭنى مېنىڭدىن كېيىن،
ئۇقۇلغان قەدەر مەن سۆزلەي، ئاڭلىغىن.

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

## ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە نەسىھىتى

1278 كۆڭۈل، تىلنى تۈز تۇت، خۇداغا تېۋىن،
ئۇ دۇنيا ئىشىن قىل، غاپىل بولمىغىن.

1279 يامان ـ ياخشىلىق ئۇ، خۇدا ھۆكمى، بىل،
خۇداغا ئىشەن سەن ئاڭا قۇللۇق قىل.

1280 تىلە سەن ئۇنىڭدىن نە بولسا تىلەك،
ساڭا يوق مەدەتكار ئۇنىڭدىن بۆلەك.

1281 قەدىرلە ئېچۇك بولسا يارلىقلىرىن،
قەدىرلەر سېنى ھەق بۇ كۈن ھەم يارىن[108].

1282 خۇيۇڭنى تۈزەتكىن، يېڭىلمە ئۆزۈڭ،
كۆڭۈل، تىل كىچىك تۇت، چوڭايتما سۆزۈڭ.

1283 ياشىدىم بىر ئاچە، كېتەرمەن بىراق،
نېمە قىلدى دۇنيا ماڭا، ئويلاپ باق!

1284 ئۆزۈڭ ئوتقا ئۇرما بۇ دۇنيا ئۇچۇن،
كىشى مېلىنى ئالما زورلاپ كۈچۈن.

1285 يىغىشنى بىلىپمەن، يېيىش بىلمىدىم،
كۈن ئۆتتى ئۆكۈنچتە، پايدا تاپمىدىم.

1286 ساڭا قالدى مېلىم، ماڭا بولدى يۈك،
ھۇزۇر قىل، ئۇنى يەپ ئىشلەتكىن تۈزۈك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



1287 تۇتا بىلسەڭ، بەس، بۇ يىغىلغان مېلىڭ،
هەر ئىككى جاھاندا قىزارغاي ئۆڭۈڭ.

1288 تۇتۇش بىلمىسەڭ گەر قانچىدۇر مېلىڭ،
يېتىشمەس ساڭا ئۇ، سارغىيۇر رېڭىڭ.

1289 دۇرۇس بول، قىلىقنى پۈتۈن توغرا تۇت،
خۇشاللىق ـ دۇرۇسلۇقتا، سەن بۇڭا پۈت.

1290 نېمە دەر ئىشىت سەن، خۇيى توغرا ئەر،
هەر ئىككى جاھاندا ئۇ ئەر بەخت كۆرەر:

1291 كىشىكىم هوزۇردا كۈن ئۆتسۇن دېسە،
بولۇر توغرىلىقتىن داۋا ئىستىسە.

1292 ئەگەر مەقسىتىڭ بولسا بىر باي بولۇش،
دۇرۇسلۇق بىلەن تاپتى بايلار ئولۇش.

1293 تىلىسەڭ بۈيۈك بولماق ـ ئەلگە ئۇلۇغ،
دۇرۇس يولنى تۇتقىن ئۆزۈڭگە ئوچۇق.

1294 كىشى قىلىقى بولسا مۇلايىم، كۆنى،
هەر ئىككى جاھاندا يورۇيدۇ كۈنى.

1295 يەنە ئېيتتى ئايتولدى: ئوغلۇم ئىشىت،
جەھەننەمنى ياخشى قىلىقلە بېكىت.

1296 ياماندىن يىراق بول، قىل ياخشىلىق كۆپ،
كېلەر ياخشىلىقلار، يا ئولتۇر يا قوپ.

1297 يامانغا يېقىنلاشما قىلغاي زىيان،
يامانلىق چاقار ئۇ بولۇپ بىر يىلان.

1298 سۆزۈڭنى ئىككى يۈزلۈك ئەرگە دېمە،
يېپىلغاي سۆزۈڭ، سىر ئىچىلغاي يەنە.

1299 ئۆيۈڭگە يولاتما سۇخەنچى كىشىن،
پۈتۈن ئەلگە يايغاي كۆرۈپ بىلمىشىن.

1300 سىنالغان ئىشەنچلىك كىشىن تۇت قاتتىق،
يېتەر ساڭا ئۇندىن تۈمەنمىڭ تېتىق.

1301 ئىشىت ھەر سۆزنى، تېز پۈتۈپ كەتمىگىن،
بېكىت چىڭ، كۆڭۈلنىڭ سىرىن ئاچمىغىن.

1302 ھەسەت قىلما ھەمدە يېمە ـ ئىچمە كۆپ،
قالار بۇنى قىلغان ھامان قايغۇرۇپ.

1303 ئايالىڭنى چىڭ تۇت، يېپىپ يۇر ئىشىك،
خوتۇندىن تېگەر ئەرگە بار ئەسكىلىك.

1304 يولاتما ئۆيگە ياتنى، چىقمىسۇن ئايال،
كىشىنى سىنا ھەم چۈشەن سەن ئاۋۋال.

1305 يېمە مال غېمىن سەن، خۇلق ياخشى قىل،
خۇلق ياخشى بولسا، كېلەر ئۆزى، بىل.

1306 بۇنىڭغا ئوخشىغان بىر سۆز بار، ئىشىت،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىل، كۆڭۈلگە بېكىت:

1307 نە لازىم تاۋار ـ مال، كېرەك ياخشى خۇلق،
تېپىلغاي ياخشى مال، ئۆز بولسا قىلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



1308 يامانغا ئېچۇكمۇ كېرەك تاۋار ـ نەڭ[109]،
ئېچە يىغسىمۇ ھەم گاداي بىرلە تەڭ.

1309 ئۇياتسىز كىشىدىن ئېزىپ ئېرى تۇر،
ئۇياتلىققا مەندىن مىڭ ئالقىش ياغۇر.

1310 ھولۇقما ھەر ئىشتا سەۋرلىك زۇرۇر،
سەۋرلىك كىشىلەر تىلەككە يېتۇر.

1311 ھەر ئىشتا شېرىن تىل بولۇش يولىن تۇت،
تىلىڭ بولسا شېرىن، كېلەر ساڭا قۇت.

1312 تىلىڭنى كۆزەتكىن، كۆزۈڭنى كۆزەت،
گېلىڭ يىغ، ھالالنى ئاز ـ ئاز لوقما ئەت.

1313 يىراق تۇر خەلقنىڭ مالىمانىدىن،
يىراق قاچ ئاممىنىڭ توپىلىڭىدىن.

1314 چىقارما تىلىڭدىن بۇ بەگلەر سۆزى،
مەگەر ياخشىلىقتىن بۆلەك، ئەي قوزى.

1315 كىشىگە ھەم ئۆزگە قىلما سەن زىيان،
ھەۋەسنى قويۇپ، قىل ياخشىلىق ھامان.

1316 نە ئىشقا كىرەرسەن، چىقىشنى ئويلان،
چىقىشنى ئويلىماسلىق يەتكۈزەر زىيان.

1317 تىرىش، كەلسە ئاچچىق، قىلىپ سەۋرىنى،
سەۋرلىك سۆيۈنەر ئۇ تاڭلا كۈنى.

1318 ئېمە دەر، ئىشىتكىن، سەۋرلىك كىشى،
تۈزەر ئەر سەۋرلە بۇزۇلغان ئىشى:

1319 كىشى سەۋر قىلسا تىلىگىن تاپار،
چىداپ تۇرغان ئوۋچى ئۇ ئاق قۇش تۇتار.

1320 يا مۇشكۇل، يا قايغۇ ـ ئەلەم يەتسە گەر،
سەۋر قىلسا، قايتا خۇشاللىق كېلەر.

1321 يېپىلسا بۇ دۆلەت ئىشىكى ئەگەر،
سەۋر قىلسا، ئىشلار يەنە تۈزىلەر.

1322 سەۋر قىل، سەۋر — ئەر كىشى قىلىقى ئول،
تاپار سەۋرلە ئەر مىسال كۆككە يول.

1323 ئۆلۈمنى ئۇنتۇما تەييار تۇر ئاڭا،
ئۆزۈڭنى ئۇنتۇما ئەسلىگە قارا.

1324 قېتىلغاندا توپقا، قاراپ قىل سۆزۈڭ،
كىشىلەر ئۆيىدە كۆزەتكىن كۆزۈڭ.

1325 كىرىمگە قاراپ سەرپ ئەيلىگىن پۇلۇڭ،
ئۆزۈڭگە مۇناسىپ سۆزلىگىن سۆزۈڭ.

1326 تىلىڭدىن چىقارما ھېچ يالغان سۆزۈڭ،
بۇ يالغان بىلەن خار بولۇرسەن ئۆزۈڭ.

1327 قېرىنداش، تۇغقانغا يېقىنلىقىڭ قىل،
ئۇلۇغ ۋە ئۇششاققا سۆيۈنچ بىلەن كۈل.

1328 قىلىپ كەڭرى تۈز ـ نانىنى خەلققە يېگۈز،
كىشى ئەيىبىنى كۆرسەڭ ئاچما، يوشۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى



1329 ئىبادەتتە چىڭ بول، خۇداغا تېۋىن،
گۇناھتىن يىراق بول، ئۆزۈڭ ساقلىغىن

1330 بەختكە ئېرىشسەڭ كىبىر قىلمىغىن،
ھامان ياخشىلىق قىل، يامان بولمىغىن.

1331 ئاۋۋىنىما جاھانغا، ئۆتەر ھەم كېتۇر،
ئىشەنمە بۇ دۆلەتكە، چاپسان قېرۇر.

1332 تايانما تىرىكلىككە، چۈشتەك كېچەر،
قۇۋۋانما بۇ بوش بەختكە، قۇشتەك ئۇچار.

1333 ھاياتنى زايە قىلما، قىل ياخشىلىق،
كېچەر كۈن ئىچىدىن ئال ئىبرەتنى جىق.

1334 مەي ئىچمە، بۇزۇقلۇقتىن بولغىن يىراق،
زىنا قىلما، پاسىق دەپ ئالما ئاتاق.

1335 مۇبارەك بەخت بۇ قىلىقتىن قاچار،
ئۇ ئەرگە پېقىرلىق يولىنى ئاچار.

1336 نېمە دەر، ئىشتىكىن، سىنالغان كىشى،
سىنالغان كىشىلەر بىلەر ئىش بېشى:

1337 مەي ئىچمە، زىنادىن سەن ئەيلە ھەزەر،
بۇ ئىشلار گادايلىق تونىن كىيدۈرەر.

1338 ھاراق مىڭ گۇناھقا پاتۇرغاي سېنى،
قاچار بەخت زىنادىن، يۈزۈڭ تۆكۈلەر.

1339 سۆزىن كەستى ئايتولدى، دېدى: ئەي ئوغۇل،
ئۇنتۇما، كېرەكلىك ساڭا سۆز ئۇ شول.

1340 تولۇق سۆزلىدىم مەن، ئىشەنگىن ماڭا،
سۆزۈم ئاڭلىساڭ، بەخت كېمەيمەس ساڭا.

1341 بۇ ئېيتقان سۆزۈمنىڭ ۋەسىيەت ئېتى،
ئۇنتۇما بۇ سۆزنى كۆڭۈلگە پۈتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

### (ئايتولدىنىڭ ئەلىگكە ۋەسىيەتنامە يازغانلىقى بايانىدا)

1342 قەلەم ـ قەغەز ئېلىپ، بۇ ئاقىل تېتىك،
خۇدا ئاتى بىرلە پۈتىدى بىتىك.

1343 سۆزىن باشلىدىن تەڭرى ئاتى بىلە،
ياراتقان، ئۆستۈرگەن، كەچۈرگەن ئىگە.

1344 ياراتتى تۈمەنمىڭ ـ سانسىز تىرىك جان،
بېرەر رىزىق، ئاچ قويماي ھېچ بىرىن ھامان.

1345 يۈرۈتەر ھەممىگە تىلىگەن تىلەك،
ئۇنىڭغا كېرەكمەس ھېچ ئارقا يۆلەك.

1346 تىلىسە ياراتۇر، بولۇر خاھىشى،
تىلىكى بويىچە بولۇر قىلمىشى.

1347 ئۆلۈمگە ياراتتى بۇ سانسىز قونۇم[110]،
ئۆلەر ھەممە تىرىك، ئاڭا يوق ئۆلۈم.

1348 سۆيۈملۈك ئەلچىگە مەندىن مىڭ سالام،
يېتۈرسۇن خۇدايىم ئۈزۈكسىز مۇدام.

1349 ئۇنىڭ ھەممە ئەسھاپ يارلىرىغا ھەم،
سالىمىمنى ئۇزمەي يەتكۈزسۇن ئىگەم.

1350 ياشا سەن ئۇزۇن ۋاقىت، ئەي بەختىيار خان،
كۆپ ئەللەر ئۇزرە سۈر خاقانلىق زامان.

1351 ئېتىم ئەردى ئايتولدى، قىلىقىم تولۇش،
تولۇنلۇق تۇگىدى، تۇگەتتى ئۆلۈش.

1352 ئۆلۈم ئەلچىسى كەلدى، تۇتتى قاتتىق،
قۇتۇلار يېرىم يوق، يوقالدى تاتىق.

1353 كۆپ ئېھسان بىلەن ياخشى تۇتتۇڭ مېنى،
كېتەرمەن خىزمەت ئەتمەي، تاشلاپ سېنى.

1354 بۇنىڭغا جاۋابەن ۋەسىيەت بىتىك
پۇتۇپ قويدۇم ئەمدى ساڭا، ئەي ئېتىك.

1355 جاھاندارچىلىقتا ساڭا يار ئىدىم،
ئىشىڭنى ئادالەتتە قىلار ئىدىم.

1356 مانا ئەمدى ئارتۇق كۆيۈمچان بولۇپ،
ۋەسىيەت سۆز پۇتتۇم، ئوقۇغىن كۆرۈپ.

1357 نە دەيدۇ ئىشىتكىن، كۆيۈمچان كىشى،
كۆيۈمچانلىق ئېرۇر كىشىلىك بېشى:

1358 كۆيۈمچان كىشىنىڭ ئۆگۈت سۆزىنى تۇت،
ئۆگۈت سۆز بېرەر ئۇۋ قىلىپ ساڭا قۇت.

1359 كۆيۈمچان كىشىدۇر كىشىلەر چىنى،
كۆيۈمچان سۆزىنى تۇت، زورايتار سېنى.

1360 ئەي ئەلىگ مانا مەن كۆيۈمچان ساڭا،
سۆزۈمگە ئەمەل قىل، ئەي ھوشيار توڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



1361 ئۆلۈم كەلدى ئۇتتۇر، ئۆكۈندۇم ئۆزۈم،
ھېچ پايدا قىلمىدى ئۆكۈنچىم، سۆزۈم.

1362 كېرەك بولدى ئەمدى تائەتلىك ئىشىم،
ئۆكۈنچ بولدى بارلىق يامان قىلمىشىم.

1363 قىلىپ قالدى يىغقان بۇ ئالتۇن - كۈمۈش،
ھېساب بەرمىكىم بولدى تەگكەن ئۈلۈش.

1364 ئۆلەرمەن ئۆكۈنۈپ پايدىسىز، ئىسىت،
ئىگەم رەھمىتىدىن بۆلەك يوق ئۈمىد.

1365 بۇ كۈن مەن كېتەرمەن مانا چارىسىز،
ئارقامدىن كېلەرسەن تاڭلا شۈبھىسىز.

1366 ئۆلۈم تۇتماستىن ئاۋۋال ئويغان ئەلىگ.
ئىشىڭنى تۈزەت سەن ئىشلىتىپ بىلىك.

1367 بالا - زورلۇق ۋاقتىدا قىل ياخشىلىق،
تىلىڭ ھەم قولۇڭدىن سۆيۈنسۇن خەلق.

1368 ئېسەنلىك چېغىڭدا ياخشىلىق ئاشۇر،
تاۋار - مال بارىدا ئۈلەشتۇر، يېگۈز.

1369 نە دەيدۇ ئىشىتكىن دۇرۇس سۆزلۈك ئەر،
كىچىك چاغ ئويغانغان، ئىتتىك كۆزلۈك ئەر:

1370 ئۆلۈمگە ھازىرلان ئۆلۈش ئالدىدا،
خۇداغا تائەت قىل تىرىك ۋاقتىدا.

1371 ئۆلۈم كەلسە تۇتسا، ئۆكۈنچ پايدىسىز،
نېچە ئىڭرىسا قارا يەر ئاستىدا.

1372 ئەي ئەلىگ، ئىرىشقىن مېنىڭدىن كېيىن،
ۋاقىت ـ كۈن زايە قىلماي ھەققە تېپىن.

1373 جاھان ئالدىمىسۇن سېنى بەخت بىلە،
جىمىكى ئىشىڭدا توغرىلىق تىلە.

1374 قانۇن تۈز يۈرۈتكىن خەلققە كۈنى،
كۈنۈڭ ياخشى بولغاي قىيامەت كۈنى.

1375 بۇ دۇنيا ئۈچۈن ئوتقا ئاتما ئۆزۈڭ،
ئۆرۈپ نەپس بويىنىن، ئال تەندىن ئۆچۈڭ.

1376 بۇ دۇنيا بېگى سەن ئاڭا بولما قۇل،
سېنى تاشلىماستا، ئۇنى تاشلا تۇل.

1377 غۇرۇرلانما ئارتۇق، كىبىر قىلمىغىن،
بۇ دۇنيا ئىشەنچسىز، كۆڭۈل بەرمىگىن.

1378 كىشى ياخشىسىنى يېقىن تۇت ھامان،
ياماندىن ھەزەر قىل، يېتەر كۆپ زىيان.

1379 تەمەخور كىشىگە سەن بەرمە ئىشىڭ،
ۋاپاسىز كىشىگە يېگۈزمە ئېشىڭ.

1380 تائەتكە غەيۇر بول، گۇناھتىن توسال،
تائەتتىن بۆلەكتىن نەپ تەگمەك مۇھال.

1381 ئۆلۈمنى ئۇنتۇما، توسار نەرسە يوق،
مۆكۈكتىن چىقاردەك چىقار بىتۇيۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



1382 نېچە قاچساڭ ئاخىر ئۆلۈم تۇتقۇسى،
نېچە قالساڭ ئاخىر ئۆلۈم يەتكۈسى.

1383 سەگەك ئول ئۆلۈمدىن، غاپىل قالما سەن،
بولۇر يەر تۆشەك، ھەر نېچە ياشا سەن.

1384 قېنى كىم قۇتۇلدى ئۆلۈمدىن قېچىپ،
ئەجەلنىڭ ۋاقتىدىن كىم قالدى ئېشىپ؟

1385 ئەجەب ياخشى ئېيتقان ئالىم ئوخشىتىپ،
ۋاقىت، كۈن، تىرىكلىكنى ماسلاشتۇرۇپ:

1386 كارۋانغا ئوخشار بۇ ئادەم ئوغلانى،
تۇرالمايدۇ مەنزىلدە، مەنزىل قېنى؟

1387 تۆرەلگەندە ئوغۇل ئاتا پۇشتىدىن،
نەچچە ئاي تاپار تىنچ جاي ئانا قارنىدىن.

1388 ئاندىن تۇغۇلغاندا قويسا ئېتىن،
يولۇچى بولۇپ ئۇ مىنەر ۋاقىت ئېتىن.

1389 كۈنى بىر مېڭىم ئۇ، تۈنى بىر مېڭىم،
ئۆلۈمگە ئاپىرار، قۇرۇتۇپ ئۆڭىم.

1390 جاھان بىر قونالغۇ، گۆرۈڭ بىر تۈشۈن[111]،
قوپساڭ بۇ تۈشۈندىن تۈشۈن ئۇ ئاجۇن.

1391 كۆتەر ئۇ جاھاندا سېنى ئىككى يول،
بولۇركىن ئىككى يولدىن نەسىپ قايسى يول؟

1392 يولۇڭ كەلسە ئوڭدىن تۈزىلەر ئىشىڭ،
ئەگەر كەلسە سول، ئىگراپ ئۇرارسەن بېشىڭ.

1393 جاھان بىر تېرىلغۇ، ئەي ئەلىگ قۇتى،
تېرىسا ئۇرار ئەر تىرىكلىك ئوتى.

1394 نېمە تەرسە يەرگە شۇ نەرسە ئۇنەر،
نېمىنى تېرىسا شۇنىلا ئالار.

1395 كىشى مېلىنى ئالما ھەم تۆكمە قان،
بۇ ئىككى گۇناھتىن ئىڭراپ چىقار جان.

1396 بۇ چۇشتەك تىرىكلىك ئۆتەر بەلگىسىز،
بەگ ئۇلسۇن ياكى قۇل، كېتەر كەلگۇسىز.

1397 قېنى ئۇ، چۇشۇڭدەك كەچۇرمىش كۇنۇڭ،
ئۆكۇنچتىن بۆلەكمەس بۇ قالمىش كۇنۇڭ.

1398 نە دەيدۇ، ئىشىتكىن، ئويغانغان كىشى،
ئويغىنىپ كېيىن ئۇ ئۆكۇنگەن كىشى:

1399 چۇشۇڭدەك كەچۇردۇڭ تىرىكلىك چېغىڭ،
قېنى پايدا، كۆرسەت ماڭا بىر ئىزىڭ؟

1400 كەچۇردۇڭ كۇنۇڭنى ھەۋەس ـ ئارزۇدا،
تۇگىدى تىرىكلىك، قالدى پۇشمىنىڭ.

1401 تىرىكلىككە ئالدانما، بەكمۇ ساقىن[112]،
تىرىكلىك ئۆلۇمگە ناھايەت يېقىن.

1402 بېخىل بولما، ئەلىگ، سېخىي بول، سېخىي،
قالۇر مەڭگۇ ئۆچمەس سېخىيلىق ئېتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



1403 قوشۇن، ئات، يىگىتكە قۇۋانما ئۆكۈش[113]،
نەپ بەرمەس ئۇلار ھەم بۇ ئالتۇن ـ كۈمۈش.

1404 پىدا قىلما ئۆزنى بۆلەكلەرنى دەپ،
ئۆزۈڭگە ئىچىن، ئوتقا كىرمە كۆچەپ.

1405 سېنىڭدىن بۇرۇنقى جاھان بەگلىرى،
جاھان قويدى، كەتتى، گۆر ئولدى يېرى.

1406 ساڭا ھەم تۇرۇپتۇ تەييار بۇ ئۆلۈم،
پەقەت ۋاقىت كۈتەر ئۇ، ئەي يورۇق كۆڭۈم.

1407 تىمە دەر ئىشىت، دۇنيا ئەيىبىن بىلىپ
ساڭا سۆزلىگۈچى، ئەقىلدىن ئېلىپ:

1408 گويا بىر تۇزلۇق سۇ بۇ دۇنيا مېلى،
كىشى قانماس ئىچىپ، نەم بولماس تىلى.

1409 بۇ دۇنيا كۆلەڭگە كەبى، ئەي توڭا،
قاچار ئىزدىسە، قاچساڭ يېپىشۇر ساڭا.

1410 ئالۋۇنغا[114] ئوخشايدۇ بۇ دۇنيا ئىشى،
تۇتاي دەپ سۇنسا قول، يىتتۇرەر كىشى.

1411 ئەلىگ، غەيرەت ئەيلەپ ئۆزۈڭ ياخشى بول،
بېگى ياخشى ئولسا، خەلق ياخشى ئول.

1412 خەلق قوي كەبىدۇر، بېگىدۇر چوپان،
چوپان بولماق كېرەك قويغا مېھرىبان.

1413 ئىشكىتە يىغىلغان تولا ئاچ بۆرى،
ئەلىگ سەن كۆزەت بەك قويۇڭنى، يۆرى!

1414 غەزەپلەنمە ئىشتا، سەن ئۆپكەڭنى باس،
بەگ ئۇلسا غەزەپلىك، بۇ بەگلىك تۇرماس.

1415 كىشىگە يىرىك سۆز قىلما، يىغ تىلىن،
يىرىك سۆز يېلىنجاپ تۇرغان بىر يېلىن.

1416 سىلىق بول، بېسىق بول، ياۋاش، تىنچ بول،
پۈتۈن ياخشىلىققا يەتكۈز ئۆزۈڭ قول.

1417 تۈرۈپتۇ ئالدىڭدا ئۇزۇن يول ـ سەپەر،
ئاقىللار بۇ يولغا خوپ ئوزۇق ئېتەر.

1418 ساراي، قەسىر سالما، ئەي ئەلىگ قۇتى،
تەيياردۇر ساڭا ئۆي، قارا يەر قېتى.

1419 ئېگىز، كەڭ، بېزەكلىك سارىيىڭ قىلىپ،
ئىگرارسەن قاراڭغۇ يەر ئۆيدە يېتىپ.

1420 نە لازىم خەزىنە ـ بۇ ئالتۇن ـ كۈمۈش،
ساڭا تەگكۈسى ئىككى بۆزلا ئۇلۇش.

1421 مۇڭا ئوخشىتىپ ئېيتتى شائىر تىلى،
بۇ شائىر سۆزى، كۆر، ئاچار سۆز يولى:

1422 غاپىل ئادەم ئوغلى تولا مال يىغار،
يېيەلمەدۇ ـ يوقمۇ، چۈشەنمەي قالار.

1423 بېيىپ ئۇ تىلەككە ئېرىشكەچ پۈتۈن،
توگەپ بۇ تىرىكلىك، ئەزىز جان ئۇچار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



1424 ئاۋۇنما، قوۋۇنما ھوزۇرغا، ئەي خان،
ئاۋۇنچىلىق، قوۋۇنچىلىق ئۇخلىتار ھامان.

1425 تىرىكلىك زايە قىلما دۇنيانى دەپ،
قىينايدۇ سېنى ئۇ ئۆتكۈنچى كۈچەپ.

1426 ئاغى ـ چۈز پۈركەنگەن بۇ نازۇك تېنىڭ،
قارا يەر يېپىنار ئەي ئاقىل، بىلىڭ.

1427 ئۆتىسىمۇ سۆيۈنچكە تېنىڭ ئاۋۇنۇپ،
قارا يەر قېتىدا ياتار سوزۇلۇپ.

1428 تەۋرەتمەس يورغا ـ يوگرۈك ئاتتىن چۈشۈپ،
مىنەرسەن ئېگەرسىز ياغاچ، مۈڭلىنىپ.

1429 بۇنى ئۇق، تەييارلان ئۆلۈمگە ھامان،
يېمە يەر قېتىدا تاڭلا پۇشايمان.

1430 ھەر ئىشتا خۇدادىن سەن تەۋپىق تىلە،
سېنى قوللار ھەق، شۈبھىسىز، كۈچ بىلە.

1431 يامانۇ ـ ياخشىلىق كەلسە بول رىزا،
ئېغىزنى دۇرۇس تۇت، بوي ئەگ قازاغا.

1432 بولاي دېسەڭ ئىككى جاھان باشچىسى،
يېقىنلاشما بۇ بەش ئىشقا ياخشىسى:

1433 ھارامغا قوشۇلما ۋە كۆرسەتمە كۈچ،
خۇسۇمەت قىلىپ تۆكمە قان، ئالما ئۆچ.

1434 پاساتتىن يىراق تۇر، سەن ئىچمە شاراب.
قىلۇر بۇ نەرسىلەر بەگلىكنى خاراب.

1435 تىلىسەڭ بەگلىكىڭ سەن مەڭگۈ مۇدام،
بول ئادىل، زۇلۇمنى يوقاتقىن تامام.

1436 ئەلىگ سەن بۈگۈن خەلقىنىڭ باشچىسى،
بول ئويغاق، ئەقىللىك، خەلق ساقچىسى.

1437 يۈدۈلدى بويۇنغا، ئەلىگ، ئېغىر يۈك،
غاپىل ئولما، ساقلان، ئەي خۇلقى تۈزۈك.

1438 ۋۇجۇد رايى ئەيلەر نەپسكە ئەسىر ئول،
ئەسىر بولما، بولساڭ ئۇنىڭدىن قۇتۇل.

1439 كەچۈرگەن تىرىكلىك بولدى بوران ـ يەل،
بۇ قالغان تىرىكلىك بېرەر قانچە ئەل؟!

1440 زايە قىلما ئەمدى بۇ قالغان كۈنۈڭ،
گۇناھ ۋە قۇسۇردىن ئېرىغدال ئۆزۈڭ.

1441 بۇ دۇنيا بىۋاپا ئېرۇر، ياخشى بىل،
كېچەر دۇنيادا ئۆز ئوزۇقۇڭنى قىل.

1442 نېمە دەر، ئىشىتكىن، تەقۋادار كىشى،
تەقۋادار كىشىدۇر جاھاننىڭ بېشى:

1443 بۇ دۇنيا قونالغۇ، ئۆزۈڭ سەن كارۋان،
قونالغۇدا كارۋان قانچىلىك تۇرغان؟

1444 بۇ دۇنيا سارايدۇر قازانماق يېرى،
نە تاپساڭ بۇ يەردىن، ئۇنى ئال، يۈرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىنى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلا ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



1445 كۆچەرسەن، ئۆزۈڭ كۆچنى ئاۋۋال ئەۋەت،
كېرەكنى ئال، كېرەكسىزنى تاشلىۋەت.

1446 مانا مەن كېتەرمەن، ئال ئىبرەت كۆرۈپ،
تىرىشقىن، كېتەردە گۈزەل ئات قويۇپ.

1447 ئۆلۈش هالدا تۇرغان تىرىك نېمە دەر،
ئۆلەردە ۋەسىيەت قىلىپ كەتكەن ئەر:

1448 تىرىككە نەسىهەت قىلۇر ئۆلگۈچى،
ئىشىتكىن ئۇنى، بول كۆڭۈل قويغۇچى.

1449 ئۇ دەر: ئەي تىرىك، سەن بولمىغىن غاپىل،
غاپىلمەن، ياتارمەن ئۆكۈنۈچتە يىل ـ يىل.

1450 تىلىسەڭ، ئەي ئەلىگ بەگلىك ئۇزۇن يىل،
قىلار ئىش ئەچچە، قىلماس نەچچە، بىل.

1451 تىرىش ئادىل ئولماققا، كۆرسەتمە كۈچ،
خۇداغا تائەت قىل، ئىشكىنى قۇچ.

1452 ئىككىنچى، غاپىل بولما، ساق تۇر ئاگاه،
ساڭا تەگمىگەي، بىل، بىر بالا ناگاه.

1453 ئىككى ۋاقتا قىلما نېچۈك بولسا ئىش،
هەۋەس ۋە غەزەپتە چىڭ چىشلىگىن چىش.

1454 قىلىنسا بۇ ئىشلار ئەل كۆزىتىلۇر،
بۇ بەگلىك تۇرار كۆپ، ئامانلىق كېلۇر.

1455 ئەزىزلەپ ياخشىنى كۆتەر يۇقىرى،
يامانغا بەرمە ئىش، قىل ئەلدىن نېرى.

1456 يامان تۈزمە قانۇننى، بەك ياخشى تۈز،
كۆنۈك ياخشى بولغاي ھەم بەختىڭمۇ ئۆز.

1457 نېمە دېدۇ مەشھۇر ئالىم، ئاڭلىغىن،
بۇ سۆزدىن ئۆزۈڭگە نەسىپ تاللىغىن:

1458 قانۇننى تۈز ياخشى قانۇن تۈزگۈچى،
يامان تۈزسە بولۇر تىرىك ئۆلگۈچى.

1459 يامان تەرتىپ ئورناتما، ئەي بەگ ھېكىم،
يامان بولسا قانۇن، بولالماس ھاكىم.

1460 يامان تۈزسە قانۇن كىم ئۆز دەۋرىدە،
يامان ئات قويار ئۇ ئۆزى كەينىدە.

1461 كىم ئۇ ياخشى قانۇننى بەرپا قىلار،
ئۇنىڭ شۆھرىتى تا ئەبەدكە ياشار.

1462 دىققەت قىل، ھولۇقما ئەلىگ سەن ئۆزۈڭ،
بول ئويغاق ۋە ھوشيار، ئۇنتۇما تۈۋۈڭ.

1463 يامان قىلما خۇلقۇڭ، ئەي ئىلكى ئۇزۇن،
سېنى يىغلىتۇر ئۇ ھەر ئىككى ئاجۇن.

1464 بولۇپ خەلققە يېقىن، ئۇزاردى قولۇڭ،
تەئەسسۇپتا كېچەر ھاياتىڭ ـ كۈنۈڭ.

1465 جاھان ئۆتكۈچىدۇر، ئۇنى ئۆتتى بىل،
ئۆلۈم كەلگۈچىدۇر، ئۇنى كەلدى بىل.

www.uyghurkitap.com



1466 مېنى كۆر، مېنىڭدىن سەن ئال نەسىھەت،
تىرىكسەن بۈگۈن، تاڭلا چەكمە نادامەت.

1467 كىشى ئۆلسە ئاندىن بىر مىراس قالۇر،
ئەي ئالىم، ساڭا بۇ مىراسىم بولۇر.

1468 سۆيۈملۈك ئىدىڭ سەن، ئەي ئەلىگ ماڭا،
پايدىلىق مىراسنى مەن قويدۇم ساڭا.

1469 پايدىلىق مىراستۇر كىشىلەرگە سۆز،
مىراس سۆزنى تۇتسا بولۇر پايدا يۈز!

1470 پۈتۈپ قويدۇم ئەمدى بۇ سۆز چىنىنى،
ئۇنتۇما بۇ سۆزنى، ئۇنتۇما مېنى.

1471 ياشاپ قانچىلىك كۆپ، كۆرەرسەن كۆرۈم،
يانار جايىڭ ئاخىر بولۇر شۇ ئۆلۈم.

1472 ئۆلۈم شۈبھىسىز، بىر كۈن ئاخىر كېلۇر،
بۇ بارچە تىرىكنىڭ جېنىنى ئالۇر.

1473 دەۋەتچى كېلىشكە تەييارلىق كېرەك،
ئۇزۇن يول يۈرۈشكە هازىرلىق كېرەك.

1474 ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشقا يوق هېچ ئامال،
ئۆلۈمگە هازىرلان، كېرەكلىكنى ئال.

1475 نە دەر، ئاڭلا، ئەقلى تولۇپ يەتكەن ئەر،
ئۆلۈمنى ئۆلۈشتىن بۇرۇن بىلگەن ئەر:

1476 ئۆلۈم نۆۋىتى ئۆز پەيتىدە كېلۇر،
ئۆلۈمگە ئۆزۈڭنى راسلا، تەييار تۇر.

1477 كۆمۈش قۇر باغلىيان مەن ـ مەن دېگەنلەر،
ئۆلۈم تۇتسا ئۇنى، ئۇزۇلگەي بۇ قۇر.

1478 ئەي ئەلىگ، ئۆتىدىم مانا مەن ھەققىڭ،
ئادا قىلدىم ئەمدى سېنىڭ شەپقىتىڭ.

1479 خۇدا بەرسۇن تەۋپىق پۇتۇن ئەزگۈگە،
قۇتاتسۇن بۇ ئەزگۈ يېمەك ـ كەيگۈگە.

1480 ئېسەن بول، تىرىكلىك قىلىپ مىڭ ياشاپ،
قۇۋانچ ۋە سۆيۈنچتە تولا ئەل سوراپ.

1481 ئېرۇر مېھرىبانلىق پۈتۈن بۇ سۆزۈم،
سالامەت ـ ئېسەن قال گۈزەل يۈزلۈكۈم.

1482 مانا مەن كېتەرمەن، ئەي ئەلىگ قۇتى،
قېلىپ قالدى ئوغلۇم ـ بۇ باغرىم ئوتى.

1483 بۇنى تاپشۇردۇم مەن ھەققە يالۋۇرا،
تىلىسە ئۇ ساقلار كۆيەر ئوت ئارا.

1484 ساڭا ھاجىتىم شۇ: قاراپ قوي ئاڭا،
يىراق قىلما، بولۇپ قالمىغاي ياۋا.

1485 ھەر ئىشقا قىلۇر بىر سەۋەبنى خۇدا،
يامان ـ ياخشىلىقتۇر ئۇنىڭ قولىدا.

1486 ئوغۇل ـ قىز سەۋەبى ئاتا ھەم ئانا،
بۇزۇلسا قىلىقى، تۈزەلسە يانا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



1487 مانا مەن ئاتىسى ئۆلەرمەن بۇ كۈن،
كىچىك قالدى ئوغلۇم يېتىم ـ ئۆكسۈزۈن[115].

1488 تونۇساڭ خادىم ھەققى بار مەندە دەپ،
ئۇنى ياخشى يولغا ئۈندە، بول سەۋەب.

1489 قاراپ تۇر، ئۆگەت ئاڭا ئەردەم، بىلىك،
بىلىم پەزلىلە بولسۇن ئەلگە يېتىك.

1490 يېتىلسۇن، تۈزەتسۇن قىلىق ـ ھەرىكىتىن،
لاياقەت بىرلە ئۇ تاپسۇن خىزمىتىن.

1491 ئۇنى قويمىغىن بوش، قاتتىق تۇت سىقىپ،
تۇتۇلسا ئوغۇل چىڭ، تاپار قۇت بېرىپ.

1492 نېمە دەر ئىشىت، چال، بىلەرمەن كىشى،
سىناپ ھەم ئوقۇپ سۆز سۆزلىگەن كىشى:

1493 ئوغۇلنى كىچىكتە ئوقۇتماق زۆرۈر،
كىچىكلىكتە بىلسە ئۇتۇقلۇق بولۇر.

1494 ئوغۇل ـ قىز ئايىماي تاياق بىرلە ئۇر،
تاياق قىز ـ ئوغۇلغا بىلىم ئۆگىتۇر.

1495 كىچىك چاغدا بىلسە بالا نېمىنى،
قېرىپ ئۆلمىگۈنچە ئۇنتۇماس ئۇنى.

*　　*

1496 ئۇ خەتنى تۈگىتىپ باغلىدى تۈرۈپ،
ئېلىپ ئوغلىغا بەردى قولنى سۇنۇپ.

1497 دېدى: تۇت بۇ خەتنى، يوقاتما ئوغۇل،
ئەلىگكە يېتۈرگىن، مىراسىمدۇر ئۇل.

1498 خېتىمنى ئوقۇسۇن، سۆزۈم تۇتسۇن ئۇ،
ئۆلۈمگە بولۇپ تەق، ئىشىن ئەتسۇن ئۇ.

*  *

1499 ئۇلۇغ بىرنى تىندى، قاراپ ئوغلىغا،
دېدى: بىل بۇنى، ماڭ ھەقلىق يولىغا.

1500 ئۇ باستى ئوغلىنى باغرىغا قۇچۇپ،
ئۆپۈپ يىغلىدى كۆپ يېشىنى تۆكۈپ.

*  *

1501 دېدى: ئەي ئوغۇل، سەن كۆرەرسەن مېنى،
نە ھالدا كېتەرمەن، ئۇنتۇما بۇنى.

1502 ساڭا ھەم كېلەدۇر شۇبھىسىز بۇ كۈن،
غاپىل بولما، ئاخىر ئۆلىسەن بىر كۈن.

1503 كېرەكلىك سۆزۈمنى مەن ئېيتتىم ساڭا،
سۆزۈمنى ئۇنتۇما، دۇئا قىل ماڭا.

1504 يېتىپ چاغ ئەلىگ گەر ئىستىسە سېنى،
ھالال قىل خىزمىتىن، قەدىرلە ئۇنى.

1505 لاغايلاپ يىھۇدە يۈرمىگىن ئۆزۈڭ،
سىلىق، توغرا بولسۇن قىلىقىڭ، سۆزۈڭ.

1506 يېتىپ ئاخشىمى كەچ، يەنە تۇر سەھەر،
سەھەر تۇرسا بەختى كىشىنىڭ ئۆسەر.

1507 خۇدا بۇيرۇغىنى ئەزىز تۇت ئەزىز،
ئەلىگكە خىزمەت قىل، بېرىپ دىلنى تېز.

1508 يامانغا يولىما، يىراق تۇر ھامان،
تۇزەت خۇي ـ پەيلىڭ، قىل ياخشىلىق ھەر ئان.

1509 كۆزۈڭنى كۆزىتىپ، سالامەت يۇرى،
ئۆزۈڭنى كۆزىتىپ، سالامەت قېرى.

*    *

1510 سۆزىن كەستى، ئوغلىن قۇچۇپ يىغلىدى،
يانا ئىگراپ تولا پۇشايمان يېدى.

1511 دېدى: ئەي ئىشەنچىسىز جاھان، بىۋاپا،
نېچۈك قىلدىڭ ئەمدى ماڭا سەن جاپا.

1512 يېبان نازۇ ـ نېمەت بېقىلغان ئۆزۈم،
كىرەر بۇ قارا يەرگە كۆركەم يۈزۈم.

1513 ئانىدىن نېچۈك مەن تۇغۇلسام شۇ كۈن،
كېتەرمەن مۇڭ ئىچرە يالىڭاچ بۇ كۈن.

1514 نېمە دەر، ئىشىتكىن، ئۆلۈۋاتقان ئەر،
ئۆلۈمگە ئۆكۈنۈپ ئىگراۋاتقان ئەر:

1515 قېرىندىن چىقاردىڭ، قېرىنغا كىرۇر،
شېكەر يېگەن تەننى يىلانلار يېيۇر.

1516 ئىسىت ھەي يىگىتلىك، تىرىكلىك ئىسىت،
ئۆكۈنچلۈك يىغى بىرلە گۆرگە كىرۈر.

* *

1517 قىلىپ بەس يىغىسىن ئۇ ئەقلىن يىغىپ،
ئۈلەشتۈردى مالىن ھەدىيە قىلىپ.

1518 رىزالىق تىلىدى يېقىنلاردىن ئول،
ئالۇر بولدى جانى يېشىل كۆككە يول.

1519 كۆزىن كۆككە تىكتى كۆتەردى قولىن،
شاھادەت بىلەن كەستى تەبرەر تىلىن.

1520 يورۇق جان ئۈزۈلدى، قارايدى كۈنى،
خۇدا ئاتى بىرلە كېسىلدى تىنى.

1521 سۈزۈك جان تىلىدى ئېگىزدىن تۇرۇق[116]،
ئۇچۇپ كەتتى جان، قالدى جىسمى قۇرۇق.

1522 بولۇپ تۇغمىغاندەك يىتىپ كەتتى جان،
جاھاندا ئېتى قالدى بەلگە ـ نىشان.

1523 نېمە دەر ئىشىت ئەمدى كۆڭلى كۈنى،
غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان كۈنى:

1524 ۋۇجۇدۇڭ ئۆيىدۇر بېزەكلىك ئۆيۈڭ،
سۈزۈك جان ئۆيىدۇر سۈرەتتەك تېنىڭ.

1525 قۇرۇق تەن قالۇر ئۇ ئۇچۇپ كەتسە جان،
خۇدالا بىلۇر نەگە بارغاي بۇ جان.

1526 جان ئورنى ئېگىزدە، بىل ئەي بەختىيار،
تۆۋەن چۈشسە يامان پالاكەت بولار.

1527 ئۇ شەكسىز ئىككىدىن بىرىنى تاپار،
ئۇ ئۆلمەس، ئۇزۇن ھەم مەڭگۈلۈك ياشار.

1528 نە چاغلىق زەئىپتۇر بۇ ئىنسان ئۆزى،
يۈرەركەن يىتەر ئېتى، كېسىلۇر سۆزى.

1529 قەيەردىن كېلۇركىن؟ قەيەرگە بارۇر؟
قەيەردە تۇرۇركىن؟ قەيەردە يۈرۈر؟

1530 بىلىملىك بىلەمدۇ؟ نېمە دەر بۇنى؟
ئەقىللىك ئۇقامدۇ؟ نېمە دەر ئۇنى؟

1531 خۇدادىن بۆلەك يوق بۇنى بىلگۈچى،
پەقەت بىرلا تەڭرى بۇنى ئۇققۇچى.

1532 گاھى ئۇ يوشۇرۇنۇپ كېزەر بەلگىسىز،
ۋە بەزى كۆرۈنۈپ، كېتەر بەلگىسىز.

1533 تولا قىسقا ئۆمۈرلۈك بۇ ئىنسان ئۆزى،
غېمىلا ئۇزۇن ھەم بويۇك تىل ـ سۆزى.

1534 كۆرەرسەن، بۇ ئىنسان زەئىپ نە قەدەر،
ئۇ شۇنچە يامانلىق نېچۈك كۆتىرەر؟

1535 ئىككى كۈنلۈك ئۆتكۈنچى دۇنيا كۆرۈپ،
نېچۈك كەردى كۆكسىن قىيا تاش بولۇپ.

1536 نېمە دەر، ئىشىتكىن، ئويغانغان كىشى،
ئۆلۈمنى تونۇپ، يولغا كۆنگەن كىشى:

1537 ئەجەب تەڭدىشىڭ يوق، يامان، ئەي ئۆلۈم،
توسالماس سېنى بولسا مىڭلاپ تۈلۈم[117].

1538 كېلەرسەن ئومۇمغا، قۇتۇلماس بىرى،
يامانۇ ـ ياخشىنىڭ ئۆزۈڭ بىر تورى.

1539 بولاتتى تىرىك قالسا ئالىم ئامان،
بولاتتى ئۆلۈپ كەتسە بارلىق نادان.

1540 يامان ـ ياخشى قالماس تامامەن ئۆلۈر،
ئۆلۈغمۇ، كىچىكمۇ قارا يەر بولۇر.

1541 ئۆلۈمدىن قېچىشقا كېچىك يوق چوقۇم،
ھەرقانچە ياشا سەن، كېلەدۇر ئۆلۈم.

1542 نە ياخشى دېمىشتۇر بۇ ئەل باشلار ئەر،
ئىشىنى بىلىپ ھەم ئۇقۇپ ئىشلەر ئەر:

1543 نە ياخشى ئىش ئەردى ئۆلۈم بولمىسا،
نە كۆركەم ئىش ئەردى كىشى ئۆلمىسە.

1544 راھەتكە يەتكۈزدى مېنى بۇ ئۆلۈم،
ئۆلۈم بۇزدى مېنىڭ ئاساسىم ـ ئۆلۈم.

1545 ئەجەب يوق ئۆلۈمگە، تۇغۇلغان ئۆلۈر،
تۇغۇلغان ئۆلۈر، كۆر، قارا يەر بولۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1546 كىشىگە ئىسىت، يوق كىشىلىك، ئىسىت،
ئەمەس ئەرگە، ئەپسۇس، دۇرۇسلۇق، ئىسىت.

1547 قېرى بۇ جاھاننىڭ شۇدۇر ئادىتى،
ئەمەل قىل ۋە يا قوي ئۇنى شۇ پېتى.

## يىگىرمە ئۈتىنچى باب

### كۈنتۇغدى ئەلىگىنىڭ ئۆگدۈلمىشنى قىچقىرتقانلىقى بايانىدا

1548 ئەلىگ ماتەم ئۆتكۈزدى ئايتولدىغا،
ئۆگۈت بەردى كۆپ، قىچقىرىپ ئوغلىغا.

1549 دېدى: ئەي ئوغۇل، قىلما ئارتۇقچە غەم،
غەم ئۆتسە، بولۇرلار ئاخىر شادلىق ھەم.

1550 بۇ غەم كەلمىدى، قارا، يالغۇز ساڭا،
ئۇزۇن قايغۇ ـ غەملەرمۇ كەلدى ماڭا.

1551 چۇشۇرمە روھىڭنى، ئۆزۈڭنى ئاۋۇت،
يېنىمدا تۇرۇپ سەن، خىزمىتىمدە ئۆت.

1552 ئاتاڭ ئۆلگەن ئولسا، ئاتا مەن ساڭا،
ئاتىلىق قىلاي مەن، ئوغۇل بول ماڭا.

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1553 يەر ئۆپتى ئۆگدۈلمىش دېدى: ئەي ئەلىگ،
سوراپ ئەل سەن ئۇزۇن ياشا، بول تىرىك.

1554 ئۆستۈرگەن قۇلۇڭمەن، خىزمەتچىڭ سىنىڭ،
پىدا بولسۇن ئەلىگكە جانىم مېنىڭ.

1555 ئاتام جانى بولدى ئەلىگكە پىدا،
پىدا قىلسۇن ساڭا بۇ قۇلنى خۇدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



*　　*

1556 چىقاردى ئاتىنىڭ خېتىنى ئوغۇل،
ئەلىگكە ئەدەپلە سۇنۇپ بەردى ئول.

1557 ئەلىگ ئالدى ـ ئاچتى، ئوقۇدى بىتىك،
سۆزىن ئۇقتى، دېدى: ئىسىت، ئەي تىتىك[118].

1558 دېدى: ئەي مېھرىبان كىشى سەرۋىرى،
ئىشىكىم قۇرۇتتۇڭ، بوش قالدى يېرى.

1559 تىرىك چاغدا ئىشلەپ، ھەققىم ئۆتىدىڭ،
ئۆلەر چاغدا ئويلاپ، غېمىمنى يېدىڭ.

1560 ھەققىڭنى ئۆتەلمەي قالدىم مەن سېنىڭ،
خۇدالا ئادا قىلسۇن ھەققىڭ سېنىڭ.

1561 ئېچۈككىم، سېنىڭدىن خۇشالمەن بۇ كۈن،
خۇدا بەرسۇن سېنىڭ سۆيۈنچىڭ قۇتۇن.

*　　*

1562 سۆزىن كەستى ئەلىگ، كۆزى ياش چېچىپ،
تۇرۇپ چىقتى ئۇندىن، ئەلەم ـ دەرد قۇچۇپ.

1563 ئۆيىگە كېلىپ كىردى كۆڭلى چۈشۈك،
ئېچە كۈن ياتتى غەمكىن، يېپىپ ئىشىك.

*　　*

1564 ئاتىسى ئۆچۈن قىلدى نەزىر ئوغۇل،
ئۆلەشتۈردى يوقسۇلغا يېمەك رەخت ۋە پۇل.

1565 كەچۈردى شۇ ھالدا ئاتا قايغۇسىن،
ئۆزىگە قىلدى دوست كىشى ياخشىسىن.

1566 ئاتا پەندىنى تۇتتى بولدى كۈنى،
ئېشىپ بەختى ھەر كۈن، يورۇدى كۈنى.

1567 نېمە دەر ئىشىت ئەمدى ئاقىل كىشى،
بېشىدىن ئىش ئۆتكەن بىلەر ئەل ئىشى:

1568 ئاتا پەندىنى سەن قاتتىق تۇت قاتتىق،
كۆڭۈلۈڭ قۇتلۇق بولۇر كۈنسايىن تاتىق.

1569 خىزمەتلە خۇش قىلساڭ ئاتا ـ ئانىنى،
تاپارسەن تۈمەنمىڭ كۆپ پايدا ـ ئاسىغ[119].

* *

1570 ئەلىگمۇ تىرىشتى شۇنىڭدىن كېيىن،
تۈزەپ قانۇنى ياخشى ھەر كۈنسايىن.

1571 بېيىدى خەلقى ھەم تۈزەلدى ئېلى،
ئەلىگكە دۇئا قىلدى خەلقى تىلى.

* *

1572 ئەلىگ بىر كۈن ئولتۇردى يالغۇز ئۆزى،
كىتابنى قويدى، تىكتى ئۇزاققا كۆزى.

1573 توسالدى ئويى ھېچ ئەقلى يەتمىدى،
سوراشقا كىشى ئىستىدى، تاپمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



1574 شۇ ئان ئەسلەپ ئايتولدى ئەردەملىرى،
دېدى: ۋاي ئىسىت، ئىدى ئەرلەر ئەرى.

1575 ئىشىك كۆركى ھەم ياخشى ھەمراھ ئىدى،
ئاڭا تەگسە ئىش، خەلققە پايدا ئىدى.

1576 قۇرۇق قالدى ئورنى، يوق بولدى ئەشىم،
بۇنى تولدۇرۇشقا قېنى بىر كىشىم؟

1577 يەنە بۇ ئۆگدۈلمىشنى ئۇ ئەسلىدى،
بۇ ياخشى ئىشنى مەن ئۇنتۇپمەن، دېدى.

1578 ئۆلەر چاغدا ئايتولدى ئوغلىن ماڭا
تاپشۇرغان ئىدىكىم، ئۇنتۇپمەن، تاڭا!

1579 ئاتا ئۆلدى، قويدى تىرىك ئوغلىنى،
بىرىنى يىتتۇردۇم، تۇتاي بىرىنى.

* *

1580 ئەۋەتتى ئۆگدۈلمىشكە تېردىن كىشى،
چاقىردى ئۆزىگە، ھەل ئەتتى ئىشى.

## يىگىرمە بەشىنچى باب

## ئۆگدۈلمىشنىڭ كۈلتۈغدى ئەلىگ ھۇزۇرىغا كىرگەنلىكى باياىندا

1581 كىلىپ كىردى ئۆگدۈلمىش ئۇدۇل يۈرۈپ،
ئەلىگكە كۆرۈندى سۆيۈنچلۈك بولۇپ.

### ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

1582 ئەلىگ كۆردى دەرھال قىچقىردى ئۇنى،
دىدى: نىمە قىلدى زامانە سىنى؟

1583 نىچۈكرەك كىچەر بۇ كەچۈرگەن كۈنۈڭ،
يۈردۈڭمۇ دۇرۇس ياكى ئەگرى يولۇڭ؟

1584 زامانە نە قىلدى ئاتاڭدىن كىيىن،
يۈرەمسەن خۇشال يا غەمكىن قايغۇدىن؟

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1585 دىدى بۇ ئۆگدۈلمىش: ئەي ئەلىگ قۇتى،
ياشىسۇن ئۆزۈن ھەم يىيىلسۇن ئىتى.

1586 ئەلىگ ئىشىدىن چەتتە قالدىم يىراق،
زامان يۈز ئۆرۈپ قاش تۈرگەچ بىراق.

1587 ئۆزۈن بولدى ئەلىگ يۈزىن كۆرمىدىم،
ئەلەم ـ قايغۇ بىرلە يۈرۈپ، كۈلمىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

1588 قىچقىرغاچ بۇ كۈن خان قىلىپ ياد مېنى،
ماڭا باغلىدى بەخت ـ ئۈمىد قۇرىنى.

1589 ئەلىگ يارلىقىنى ئىشىتكەچ ئۆزۈم.
كۆڭلۈم ياخشى بولدى، يورۇدى كۆزۈم.

* *

1590 ئەلىگ كۆردى تۇرلۇك ئىلمىدىن سىناپ،
ئېچىپ تىلنى ئۆگدۈلمىش ئېيتتى جاۋاب.

## يىگىرمە ئالتىنچى باب

## ئۆگدۈلمىشنىڭ كۆنتۇغدى ئەلىگ خىزمىتىگە كىرگەنلىكى باياندا

1592 ئەلىگ ئېيتتى: مۇندىن كېيىن، ئەي ئوغۇل،
خىزمەت قىل ماڭا، سەن چۈشۈرمەي كۆڭۈل.

1593 بار ئەردى ئاتاڭنىڭ تولا خىزمىتى،
ئۆتەلمەي قالدى قەرز ھەققى شۇ پېتى.

1593 بۇ ھەقنى ئۆتىشىم كېرەكتۇر ساڭا،
كىشىلەر ئارا سۆز تەگمىسۇن ماڭا.

1594 نە دەيدۇ ئۈچ ئوردۇ بېگى ئاڭلىغىل،
بىلىپ سۆزلىمىش سۆز، ئىشلىتىپ ئەقىل:

1595 كىشى ئەمگەك ئەتسە ساڭا بەلگىلىك،
ئۇنتۇما ئول ئەمگەكنى بولما ئۆلۈك.

1596 كىشىلىكنى قويما، ئەي ئېسىل كىشى،
كىشىگە كىشىلىك قىلغىن تەگتۇشى.

1597 بىرەرسى سىڭدۇرسە گەر ئەمگەك ساڭا،
ئۇنىڭدىن تولاراق جاۋاب قىل ئاڭا.

1598 كىشى ئەمگىكىنى بىلەلمەس كىشى،
پۈتۈنلەي بولۇر ئۇي، ئەي بەگلەر بېشى.

1599 يۈرى، ئۇي ئاتانما، كىشىلىك تىلە،
كىشىگە كىشى بول كىشىلىك بىلە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



1600 كىشىلىككە كىشى ئاتاندى كىشى،
كىشىلىك بىلەن ئات كۆتۈردى كىشى.

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1601 سۆيۈپ يەرنى ئۆگدۈلمىش دېدى: ئەي خان،
ئەلىگ خۇشلۇقى خوپ ماڭا ھەر زامان.

1602 ئۇلۇغۋار بېگىمسەن، مەن خىزمەتچى قۇل،
ئۇلۇغ بەگ قەدىرلەر خىزمەتچىنى ئۇل.

1603 تىلىسەڭ قەدىرلە ۋە ياكى خار قىل،
پىدا قىلدىم ئۆزۈم ساڭا ئەمدى، بىل.

* *

1604 تۇرۇپ ئاستا ماڭدى ئىشىكتىن چىقىپ،
بىر ئاز ئايلىنىپ ئۆيگە كەتتى يېنىپ.

1605 باغلاپ بۇ ئۆگدۈلمىش خىزمەت كەمىرىن،
دادىل ئىشقا كىرىشتى شۇنىڭدىن كېيىن.

1606 سەھەر ـ كەچ تەۋرىمەي راسا ئىشلىدى،
قىلىپ تۈن كۆزەت، ئاشنى ئاندا يېدى.

1607 ئەلىگ كۆڭلىگە ياقتى بەك خىزمىتى،
ئېچىلدى ئىشىك، بەردى قول دۆلىتى.

1608 نېمە دەر ئىشىتكىن، خىزمەت قىلغۇچى،
خىزمەت بىرلە دۆلەت ئېتىن مىنگۈچى:

1609 ئەي بەگلەر سۆيۈنچىن تىلىگەن كىشى،
پۈتۈن بەگ تىلىكى ئۈزە قىل ئىشى.

1610 بېگى خالىماس ئىشنى قۇل ئىشلىسە،
گۇناھى ئۆزىگە، زەبۇنلۇق يېسە.

1611 بېگى خالىماس ئىشنى قىلسا ئەگەر،
قىلۇر زايە تاپقان تىرىكلىكنى ئەر.

* *

1612 ئەلىگ ئۆگدۈلمىشنى، كۆر، تۇتتى يېقىن،
ئۇنىڭغا دېدى ئىشنىڭ قانداقلىقىن.

* *

1613 ئەلىگ مۇڭلىنىپ ھەم دېدى بىر كۈنى،
دەرىخا! يوقاتتىم كامىل كىشىنى.

1614 ئىشىكتە تولا خەلق يىغىلدى تولۇق،
ئىشىمغا يارامىلىق لېكىن بىرى يوق.

1615 بۇزۇلدى ئىشىم، يوق ئېرۇر بىلگۈچى،
قېنى ئۇ كۆيۈنۈپ ئىشىم قىلغۇچى؟

1616 نېمە دەر، ئىشىتكىن، سىنالغان كىشى،
سىناپ ياخشى ـ ياماننى بىلگەن كىشى:

1617 تىلىسە تاپار ھەممە ئارزۇ كىشى،
تېپىلماس تىلەكتەك ياخشىلار بېشى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



1618 كۆرۈنەر خىزمەتچى توپى كىشىدەك،
كىشى يوق ئىشىنىپ كىشى دېگۈدەك.

1619 كىشىنىڭ كېرىكى يارامىلىقىدۇر،
يارامىلىق ھەر ئىشتا پايدىلىقىدۇر.

1620 نېمە دەر ئىشىتكىن، شېئىر ئېيتقۇچى،
سۆزىن مەنە بىرلە تىزىپ قويغۇچى:

1621 يۈرگەنلەر ئىچىدە يارامىلىقى يوق،
بار ئۇلسا، يېنىمدا تۇراقلىقى يوق.

1622 خىزمەتچى توپىدا يۈرگەنلىرى كۆپ،
ئەگەرچە ئىستىسەڭ پايدىلىقى يوق.

1623 يەنە دېدى ئەلىگ: مەسەلدە كېلۇر،
ئۇرۇقلۇق كىشى ئۆلسە ئۇرۇقى قالۇر.

1624 نېمە تەرسە يەرگە يەنە شۇ ئۈنەر،
ئۇغۇلنىڭ قىلىقى ئاتىغا يانار.

1625 بۇ ئايتولدى ئوغلى ئاتا ئوغلىدۇر،
ئاتا كەتتى ئورنى ئوغۇل ئورنىدۇر.

1626 ئاتا كەتتى، ئورنى قالدى بوش ئوچۇق،
تولۇقلانسۇن ئوغلى بىلە بۇ يوچۇق.

1627 بۇنى قەدىرلەي مەن، ئۇ بولسۇن كىشى،
كىشى بولسا، بولۇر پايدىلىق ئىشى.

1628 كۆرۈرمەن يارامىلىق ئۇنى ھەم تولۇق،
كىچىكلىكتىن ئۆزگە ھېچ ئەيىبى يوق.

1629 دېمىش بەكمۇ ياخشى ئىلى ئاتلىقى،
خەلقىنىڭ كاتتىسى، ئەلنىڭ قۇتلۇقى:

1630 يېتىشتۇرسە بەگلەر سوزۇپ قول كىشىن،
يېقىنلاپ بولۇر باش بېگىدىن كېيىن.

1631 يېقىن تۇتسا بەگلەر ئۆزىگە كىمنى،
يېقىنلار تىلىكى ـ ئارزۇ قىلغىنى.

1632 ئەگەر باقسا بەگلەر كىشىگە كۈلۈپ،
يىغىلۇر ئۇنىڭغا ئەرلەر يۈزلىنىپ.

1633 ئەلىگ ئېيتتى: ئەمدى ماڭا چارە يوق،
يېتىشتۇرسەم ئۇنى، بولۇر ئەر تولۇق.

1634 ئۆتكەن بولاي مەن ئاتىسى ھەققىن،
قىلاي مەن كىشىلىك كۆيۈمچانلىقىن.

1635 كۆپ ئەردى ئايتولدى خىزمىتى ماڭا،
كىشىلىك قىلىپ مەن ياندۇراي ئاڭا.

1636 كىشىلىك دېگىنىم ئېرۇر ئەزگۈلۈك،
بولۇر ئەزگۈلۈك ئۇ، يېمەك ـ كىيگۈلۈك.

1637 ئېسىل ئەر ياخشىلىق ئۇنتۇماس بولۇر،
ئېسىل ئەر دىلىنى قېيىتماس بولۇر.

1638 نېمە دەر، ئىشىتكىن قېرىلار سۆزى،
قېرىلار سۆزىنى ئۇنتۇما، قوزى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



1639 قىل ئەي سەن ياخشىلىقنى ياخشى كىشى،
قىرىماس ياخشىلىق، مەڭگۈدۇر يېشى.

1640 قىرىماس ياخشىلىق، قالۇر شۇ پېتى،
ئۆزۈڭدۇر ئۆمرى بەك، بۇزۇلماس ئېتى.

*　　*

1641 ئەلىگ ئۆگدۈلمىشنى ئەرىزلەپ تولا،
يامانۇ ـ ياخشى ئىشنى ئېيتتى ئاڭا.

1642 كۆتۈردى ئەلىگ ئۈنى، ئەيلەپ ئېهسان،
قويۇلدى يولغا قانۇن، بولۇپ يار زامان.

1643 تۈزەلدى ئادەت هەم ئىچكى ئىش، قانۇن،
ئېچىلدى خىزمەتلە ئىشكىلەر پۈتۈن.

1644 قۇسۇرى بولدى ئەردەم، سۆزى بولدى سۆز،
ئەلىگ تۇرغان هامان ئاچار ئاڭا كۆز.

*　　*

1645 ئەلىگ ئېيتتى: ئەمدى تىلىگەن ئىشىم،
تۈزۈلگەي، يېتىلگەي، ئىچىم هەم تېشىم.

1646 بار ئەردى يۆلىكى بۇنىڭ بەلگىلىك،
شۇڭا قىلدىم ئېهسان ئۈنىڭغا تۈزۈك.

1647 مانا بولدى ئەمدى تىلەكتەك كىشى،
تېخى يۇكسىلۇر كۆپ، يېتىلسە يېشى.

1648 ئۆلۈغ بولغۇچى ئوغلان ئۇ مەرد تۇغۇلۇر،
كىچىك ۋاقتتا ھەممە نىشان كۆرۈلۈر.

1649 ئوقۇ بۇ بېيىتنى ئوخشىشۇر بۇڭا،
ئوقۇغانچە مەنە ئېچىلۇر ساڭا:

1650 يارامىلىق نېمىنىڭ بولۇر بەلگىسى،
كىچىكتىن چوڭ ئولغۇنچە بىلىنگۈسى.

1651 چېچەكتىن بىلىنەر دەرەخ مېۋىسى،
بۇ ھەممە ئۈچۈن بىر مىسال بولغۇسى.

* *

1652 ئىشلىدى ئۆگدۈلمىش راۋرۇس تۇرۇپ،
سەھەر ـ شام قايماستىن ۋاقتىنى تۇتۇپ.

1653 يوقاتتى ئۆزىدىن يارامسىزلىق ھال،
پۈتۈن ئىشقا بولدى يارامىلىق تۈگەل.

1654 قۇتۇلدى ئەلىگ، كەتتى غەم ـ ئەمگىكى،
خەلق تەپئى ئاشتى، يېنىكلەپ يۈكى.

### ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

1655 ئەلىگ ئۈندەپ ئۆگدۈلمىشنى بىر كۈنى،
ئاڭا سۆزلىدى ھەممە بىلگىنىنى.

1656 ئەلىگ ئېيتتى: ئەمدى ئىشىت ئەي ئوغۇل،
سۆز ئېيتاي ساڭا مەن، مۇڭا بەر كۆڭۈل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



1657 كىشىگە پايدىلىق نەرسىلەر نېمە؟
ئېچۇكتۇر پايدىسى، ساناپ بەرگىنە!

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1658 جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش، دېدى: بېگىم،
سەن ئەلىنىڭ ئۆزى، سەندە ھەممە بىلىم.

1659 كىشىگە نەپئىلىك ھەر ئىككى جاھان
ئېرۇر ياخشى خۇلق، ئەي ئېسىل خۇلق خان.

1660 ئىككىنچى ئۇياتتۇر، ئۇچىنچى كۆنى،
بۇ ئۇچتىن تاپۇر ئەر سائادەت كۆنى.

1661 قىلىقى ياخشىلارنى پۈتۈن خەلق سۆيەر،
خۇي - پەيلى دۇرۇسلار تۆرگە چىقار.

1662 ناچار ئىشتىن توسار ئۇيات ھەرمەھەل،
ئۇياتسىزلىق ئەرگە تېگى يوق كېسەل.

1663 كىشى بولسا سىلىق، قىلىقى كۆنى،
بولۇر ئىككى دۇنيادا بەختلىك كۆنى.

1664 دۇرۇسلۇق، ئۇيات ھەم بۇ ياخشى قىلىق،
بىرىكسە بۇ ئۇچى بولۇر خۇشچىلىق.

### ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

1665 يەنە ئېيتتى ئەلىگ: ئىشتتىم بۇ سۆز،
نېمىدۇر كىشىگە بىپايدا ياۋۇز؟

1666 جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش دېدى: ئەلىگ،
بۇ سۆزگە يۇگۇرتسۇن ئەقىل ھەم بىلىك.

1667 كىشىگە پايدىسىز، پۈتۈنلەي زىيان
قىلۇر بۇ ئۈچ نەرسە، ئەي قۇدرەتلىك خان:

1668 بىرى كاجلىق ھەمدە قىلىقتا ياۋۇز،
يەنە بىر يالغان قىلار بولسا سۆز.

1669 بىرىدۇر بېخىللىق، كىشىن خار ئېتەر،
بۇ ئۈچ ئىش بىلىمسىز كىشىدىن كېلەر.

1670 كىشىكىم كاج ئولسا، قىلىقى يامان،
بولۇر ئىشى تەتۈر ئۇنىڭ ھەر زامان.

1671 كىمىكى ئاتالسا بۇ يالغان بىلەن،
يوقالماس ئۇ نامى، نە قىلغان بىلەن.

1672 بېخىللىقتىن ئۆزگە يامان نېمە بار؟
يېمەستىن يىغار مال، كېيىن مال قالار.

1673 بېخىل ئۇزرە بىلىم نە دەر بۇنى ئۇق،
ئەي بەختسىز، بىچارە، ئەي قولى يۇمۇق:

1674 يىغىش بىلدىڭ ئالتۇن، يېيىش بىلمىدىڭ،
يىغىپ ئالتۇن ئەلگە نېچۈن بەرمىدىڭ؟

1675 يىغىپ دۇنيانى، ئەي يېمىگەن كىشى،
يېگۇچى تەييار دۇر، تەييارلا ئېشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرىسى



1676 بۇ ئۈچ نەرسە كىمدە بولسا بەخت كېتەر،
بۇ ئۈچ نەرسە بىلەن ئېتىمۇ يىتەر.

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

1677 يەنە ئېيتتى ئەلىگ: ئىشىتتىم بۇنى،
يەنە بىر سۆزۈم بار دېگىن سەن ئۇنى.

1678 بىلىملىك تۇغۇلۇرمۇ ئانىدىن كىشى،
ۋە يا ئۆگىنەمدۇ يېتىلسە يېشى؟

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1679 جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش: ئەلىگ قۇتى،
بىلىم ھەم ئەقىل بۇ پەزىلەت ئېتى.

1680 بىلىمسىز تۇغۇلار، يورۇپ ئۆگىنۇر،
بىلىم بىلسە ئىشلار ئۇتۇقلۇق بولۇر.

1681 ئانىدىن تۇغۇلغان بىلىمسىز تۇغار،
بىلىمنى ئۆگىنىپ ئۇ تۆرگە چىقار.

1682 ئەقىلدۇر ئۇنى ئۆگىنەلمەس ئادەم،
تەبىئەتكە قوشۇپ يارىتۇر ئىگەم.

1683 ئەقىلدىن بۆلەك بارچە ئەردەملىنى،
كىشى ئۆگىنىپ، ئاشۇرار ئىلمىنى.

* *

1684 ئىشىتكەچ بۇ سۆزنى سۆيۈندى خاقان،
دېدى: مەن تىلىكىم تاپتىم ئۇشبۇ ئان.

1685 ئاتىسىن يىتتۇردۇم، مانا بۇ ئوغۇل
ئاتا ئورنى تۇتتى، تېپىپ ياخشى يول.

1686 خۇداغا شۈكرىلە تىلىمنى بېزەي،
خەلقلەرگە ياخشى قانۇنلار تۈزەي.

1687 كۆرەرمەن ئۆگدۈلمىشنى كۆپ مېھرىبان،
دۇرۇسلۇق بىلەن قىلدى ئىشنى ھامان.

1688 قىلايكىم، ياخشىلىق جاۋاب ئۈچۈن بىر،
بۇ ياخشى جاۋابقا ئۇ بولسۇن ھازىر.

1689 نە دەيدۇ ئىشتىكىن مۇمتاز[120] كىشىلەر،
خەلق ئىچرە سەرخىل ۋە ساز كىشىلەر:

1690 كىشىلىكنى قىلسا كىشىلىكنى قىل،
كىشىلىك تېگىچە جاۋاب ئەيلەگىل.

1691 ۋاپاغا ۋاپا ئۇ كىشىلىك ھەققى،
ۋاپا قىل، چىقار ئات، كىشىلىكنى قىل.

*　　*

1692 ئەلىگ قەدىرلىدى ئۇنى كۈنمۇكۈن،
يېيىلدى نامى – ئاتى ئەلگە پۈتۈن.

1693 ئەل ئىچرە بۇيىدى بەلگە ـ نىشانى،
دۇئا بىرلە داڭقى تۇتتى جاھاننى.

1694 ئۇلۇغ بولدى تەڭتۇش ئارا بەلگىلىك،
ھەم بەگلەر ئارامۇ ئاتالدى بۇيۇك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



1695 كۆڭۈل، تىل كىچىك تۇتتى، قىلىقى ئوڭاي،
يارىشىپ جىمى بىرلە، كەچتى كۈن ـ ئاي.

1696 كىچىك دىل ۋە شېرىن بولۇپ تىل ـ سۆزى،
ئىسسىتتى ئەلنى ئىچى ـ تېشىدا ئۆزى.

1697 ئاداش ـ دوست ۋە قولداش تېپىپ تۇتتى كۆپ،
ئاداش ـ قولداش ئارقا تايانچ، ئەرگە خوپ.

1698 ئاداش ۋە قولدىشى كىمنىڭ تولىدۇر،
ئۇنىڭ ئارقا يۆلىكى چىڭ قىيادۇر.

1699 يۆلەك كىمدە بولسا ئۇ كۈچلۈك بولۇر،
بۇ كۈچلۈك كىشىگە بەخت توپلىنۇر.

1700 نە ياخشى بولۇر بەختكە كەمتەر كۆڭۈل،
نە كۆركلۈك ئالىمغا ياۋاش بولسا ئول.

1701 ئەجەب ياخشى دەپتۇ بۇ ئاقىل كىشى،
كىم ئاقىل سۆزىن تۇتسا تۈزىلەر ئىشى:

1702 بۇ دۆلەت كىم بىلەن ياراشسا كېلىپ،
تۆۋەن تۇتقاي ئۆزىن كىچىكلىك قىلىپ.

1703 كېلەر بولسا دۆلەت كىشىگە كۈلۈپ،
تۇتۇپ چىڭ بېكىتسۇن كىچىك دىل بولۇپ.

1704 كۈچ ئاتتەك بولۇر بەخت تۇۋى ـ نېگىزى،
مۇلايىم، كۆڭۈللۈك ئۇنىڭ يىلتىزى.

1705 نە ياخشى بولۇر كەمتەر مۇلايىم كىشى،
چىرايلىق بولۇر كۈندە تۈزىلەر ئىشى.

1706 يوغانچى، تەكەببۇر تېتىقسىز بولۇر،
ئۇنى كىبىرسى كۆنمۆكۆن پەس قىلۇر.

1707 بۇ بەخت ئاچسا يۈز ھەممىگە يارىشۇر،
ئەقىللىككە يەكمۆ گۈزەل قامىلىشۇر.

1708 مۆڭا ئوخشار ئەمدى بۇ بېيىتنى ئوقى،
ئوقۇپ مەنىسىنى چۈشەن، ئەي سېخىي:

1709 بىلىمسىزگە دۆلەت ياراشسا كېلىپ،
بىلىملىككە ئارتۇق يارىشۇر بېرىپ.

1710 بىلىمسىز بىلەن تۇرسا دۆلەت ئەگەر،
بىلىملىكلەر تۇرغاي ئاساسنى سېلىپ،

1711 بىلىمسىز بۈيۈك بولسا دۆلەت بىلەن،
بىلىملىك زورىيار نام ـ شۆھرەت بىلەن.

1712 بىلىمسىزگە كەلسە گەر دۆلەت ۋە قۇت،
بۇ دۆلەت تۇرماس ھېچ ئۇنىڭ بىرلە، يۇت.

1713 بۇ سۆزنىڭ گۇۋاھى مانا ئۇشبۇ سۆز،
بۇنى سەن ئوقۇغىن، ئايا كۆڭلى تۈز:

1714 كېلەر بەخت كىشىگە، قەدىرلەر ئۇنى،
سىڭەر بۇ قەدىر ئاڭا، بولسا كۆنى.

1715 بولۇمسىزغا گەر كەلسە دۆلەت ۋە بەخت،
تېپەر دۆلىتىنى، كەچۇرمەس كۈنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى



*　　*

1716 ئەلىگ ئۆگدۈلمىشنى كۆردى سىناپ،
پۈتۈن ئىشنى توغرا تاپتى قاراپ.

1717 قەدىرلىدى بەزى ئىگىز كۆتۈرۈپ،
تۆۋەنلەتتى بەزى يامانراق كۆرۈپ.

1718 قەدىرلەنسە، ئۇ ئەلنى رەنجىتمىدى،
خار ئۇلغاندا، ئۇ ئىشنى ئاقساتمىدى.

1719 ئەلىگكە سۆيەر بولدى سادىق بولۇپ،
خەزىنىنى باشقۇردى ياخشى تۇتۇپ.

1720 ئۇ ئالدى ئامانەت بويۇنغا يوغان،
ئامانەت تۇتقانغا پىدادۇر بۇ جان.

1721 ئىشىن سۇردى ئۆگدۈلمىش ئارتۇق كۆنى،
يېقىن تۇتتى ئەلىگ ئۇنى ھەر كۈنى.

1722 ئۇچۇق تۇتتى ئايرىم پۈتۈن ئىشنى ئۇ،
ھېسابلاپ پۈتۈپ تۇتتى بار - يوقنى ئۇ،

1723 كۆزەتتى مالىن بەك، ئۆزىن ساقلىدى،
خىزمەتتە قىلچىلىك ئەگرى بولمىدى.

1724 نېمە دەر ئىشتكىن يېتىلگەن يېشى،
ھاياتتا كەم ئۇچرار ھەقىقىي كىشى:

1725 كىشىگە قەدىرلىك بۇ ئالتۇن - كۈمۈش،
كۈمۈشتىن ئەزىز ئەرگە ئۆزىن تۇتۇش.

1726 ئۆزىنى كۆمۈشكە ئىلىندۇرماس ئەر،
جاھاندا تولۇق چىن بەختكە يېتەر.

1727 بىلىملىك بىلىم بىرلە بەردى ئۈگۈت،
دۇرۇس، چىن كىشى بولساڭ، كۆزۈڭگە سۈرت.

1728 ئەقىل ئېيتتى خوپراق مۇشۇ توغرۇلۇق،
كۆيۈمچانغا جان بەرسە كەتمەس ئۇشۇق.

1729 دۇرۇس دەپ ئاتالغان دۇرۇسلار قېنى،
دۇرۇسلۇق قىلىشتا ئامانەت كۈنى؟

1730 تولۇق ئەر قايسى ئۇ، ئۇنى بىلگۈلۈك،
قىلىقى دۇرۇس بولسا ئەر دېگۈلۈك.

1731 كىشىنىڭ ئىچۈكى ئەلدە ماختىلۇر،
سېخىيلار ماختىلار، بېخىل سۆكۈلۈر.

1732 ئادەم ئوغلى بەكمۇ بىچارە ئېرۇر،
پۈتۈن كۈن يىغار مال، يېيىلمەي قالۇر.

1733 بىراۋلار يۈگۈرۈپ جاھان ئايلىنۇر،
بىرى جان پىدالاپ، دېڭىزغا كىرۇر.

1734 بىراۋلار قازار تاغ ـ قىياغا چۈشۈپ.
بىراۋ يەر غۇلاچلار يالاڭياغ بولۇپ.

1735 بىراۋلار ئېشىپ تاغ، دەريالار كېچەر،
بىراۋ يەر قېزىپ، سۇ قۇدۇقتىن ئىچەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



1736 بىراۋلار ئۇرۇشتا قىلىچ ـ پالتا يەر،
بىرى قەلئە ساقلاپ قېرىپمۇ كېتەر.

1737 بىرى ئوغرى، مەككار، ئالدامچى، قاتىل،
بىرى باسمىچى، قاراقچى، قىرغىنچى، بىل.

1738 بۇ زەخمەت تامامەن كىيىم ـ گال ئۈچۈن،
يىغار مال، يېمەس، ئۆلسە قىينار كۆچۈن.

1739 بۇ ھەممە بىلىمسىز كىشى قىلىقى ئول،
بىلىمسىز كىشىلەر پۈتۈن يىلقى ئول.

1740 خۇداغا ئىشەنگەن بىلىملىك كىشى،
ئۇلۇشى بويىچە تولۇق يەر ئېشى.

1741 ئىشىتكىن ئۇ تەمكىن، ئاقىل نېمە دەر،
پۈتۈن جانى بارنى كۆزەتكۈچى ئەر:

1742 خاھى يات، خاھى دۇنيا ئايلان، يوگۇر،
نېمە بولسا قىسمەت، ساڭا شۇ تېگۇر.

1743 دۇرۇس تۇت، ئەي ئالىم، دىلىڭ ۋە تىلىڭ،
كېمەيمەس ۋاقتىدا رىزق ـ يېمىكىڭ.

1744 تىلىسە بۇ بايلىق جاھان ياخشىسى،
دۇرۇسلۇق بىلەن ئۇ ئۇنىڭ بولغۇسى.

1745 تاپاي ئۇ جاھاننى دېسە قايسى قۇل،
دۇرۇسلۇق، پۈتۈنلۈك بىلەن يورسۇن ئول.

1746 يەنە ياخشى دەپتۇ ھوشى يەتكەن ئەر،
دۇرۇسلۇق بىلەن بۇ جاھان تۇتقان ئەر:

1747 بۇ دۇنيادا بايلىق تىلىسەڭ ئۆزۈڭ،
دۇرۇس بول، دۇرۇسلۇق ئۆزە قىل سۆزۈڭ.

1748 تېخى ئۇ جاھاننى تاپاي مەن دېسەڭ،
دىلىڭ ۋە تىلىڭنى دۇرۇس تۇت ئۆزۈڭ.

1749 ئەلىگ، كۆر، كىشىلەر گەر ئۇلسا كۆنى،
نە كۆركەم ئۆتەر ئۇ نۇرلىنىپ كۈنى.

1750 دۇرۇسلۇق ۋە پاكلىقنى سەن ئەيلە ئەش،
كىشىلىك بىلەن قىل پۈتۈن تۇرلۇك ئىش.

1751 ئۇنى[12] قىلدى ئۈستۈن بەخت كۈنسايىن،
بېرىپ خەلققە بۇيرۇق، ئىشەنچتى سۆزىن.

1752 ئەلىگ ھەر شەكىلدە سىنىدى ئۇنى،
كامالەتتە كۆردى جىمى يېقىنى.

1753 ئىشەندى ئۆگدۇلمىشكە ئەلىگ تولۇق،
دۇرۇسلۇقتا خۇلقىن كۆرۈپ كېمى يوق.

1754 ئىشتىكىن بىر ئالىم، دانا نېمە دەر،
ئۇقۇپ ئەگ بويۇننى، ئايا جاھىل ئەر:

1755 خىزمەتچى قۇلىن بەگ كۆرۈپ تۇرغۇلۇق،
خىزمەتتە ئاساسلىق سىناق قىلغۇلۇق.

1756 بېگىگە يارامىلىق كۆرۈنسە قۇلى،
ئېچىلغاي ئۇنىڭغا ئەزىزلىك يولى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى



1757 ئىش بولسا ئىلەكتەك، خىزمەتچى بۇيۇر،
خىزمەتچى چوڭايسا بېگى نام ئالۇر.

1758 پۈتۈن ئىشقا ئەقلى، بىلىمى يەتكەن
بۇ ياغما[122] بېگى بەكمۇ ياخشى دېگەن:

1759 ئايا بەگ ئىشىڭنى ئىش بىلگەنگە بەر،
يارامىلىق، دۇرۇس، تۈز، يۈرەكلىككە بەر.

1760 قايۇ بەگ يارامسىزغا بەرسە ئىشى،
يارامسىز ئۆزى ئۇ، نە باشقا كىشى.

1761 كۆتۈرسە خۇدا ھەر كىشى بەختىنى،
بېرەر بىر يارامىلىق پۈتۈن ئىشچىنى.

1762 چۈشۈرمەكچى بولسا كۆتۈرگەننى گەر،
ئاڭا بىر يالجىماس خىزمەتچى بېرەر.

1763 بۇ نادان بىلىمسىز يېتەكلەپ بارار،
بۇزۇلۇر ئىشى، كۆك تۈتۈنلەر قوپار.

* *

1764 قىلىپ ئۆگدۈلمىشكە خاقان ئېھتىرام،
ئىشىنىپ ئاڭا ئىشنى بەردى تامام.

1765 پۈتۈن ئەلگە قىلدى ئۇزۇن قولىنى،
ئۇزۇن قولى ئەتتى راۋان تىلىنى.

1766 بېرىپ تامغا، ئۇنۋان، قوشۇن، ئات ۋە تون،
تولا ياخشى كۆردى، بەخت بولدى پۈتۈن.

1767 تولا ياخشى سۆز بىرلە يارلىقلىرىن
ئەلىگ بەردى، ئۆگدۈلمىش بولدى يېقىن.

1768 سارايدىكى خادىم كىچىك يا ئۇلۇغ،
ئاڭا سۇندى سوۋغات قىلىپ جان يۇلۇغ[123].

1769 خادىملار پۈتۈنلەي كۆرۈندى كېلىپ،
ئۇنى قۇتلىدى نەرسە تارتۇق قىلىپ.

1770 بۇ ئۆگدۈلمىش ئورناتتى ياخشى قانۇن،
قاراپ هۆرمەت ئەتتى كىشىسىن پۈتۈن.

1771 زۇلۇمنى كۆتۈردى خەلق ئۈستىدىن،
يوقاتتى يارامسىز قىلىق ئۆزىدىن.

1772 تۈزۈلدى قانۇن هەم يېتىلدى ئېلى،
هۇزۇرلاندى ئەلىگ، چىڭىپ ئەل ئۇلى.

1773 كۆپەيدى سۆيگۈچىلەر، ئۇ سۆيمەس يېغى —
قويۇپ ئەلنى قاچتى، سۇزۇلدى تۇغى[124].

1774 قۇتۇلدى ئەلىگ غەمدىن، تاپتى هۇزۇر،
هايات ياشىدى، بولدى راهەتتە تۇرۇر.

1775 بۇ خىل پايدىلار كىم، بىلىكتىن كېلۇر،
ئەقىللىك، بىلىملىك، زېرەكتىن كېلۇر.

1776 نېچۈك ماختىنىلماس ئەقىللىك كىشى،
نېچۈك ئەيىبلەنمەس ئەقىلسىز ئىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



1777 ئەقىللىك ئىشى ئۇ ئۆلچەملىك بولۇر،
بىلىمسىز ئىشىنى چۇۋالچاق قىلۇر.

1778 نە ياخشى يارىشۇر ئەقىللىككە قۇت،
ئەي ياخشى قىلىقلىق، بىلىملىككە پۇت.

1779 نېمە دەر ئۇ ئىلى بېگى ئاڭلىغىن،
بۇ سۆز مەنىسىن سۆزگە ئۇل ئەيلىگىن:

1780 بىلىمسىزگە كەلسە دۆلەت بىلەن قۇت،
پۈتۈن خەلق بۇزۇلۇر، بولۇر ئەلگە جۇت.

1781 ئەقىللىككە تەگسە بىر ئەل بەگلىكى،
بېرەر ئەلگە ھوزۇر، مۇشۇ سۆزگە پۇت.

* *

1782 راھەتلەندى ئەلىگ يورۇدى كۆنى،
خۇداغا شۈكۈر قىلدى ماختاپ ئۇنى.

1783 كۆزىن كۆككە تىكتى، كۆتۈردى ئېلىك،
دېدى: ئەي ئىگەمسەن، بېرەرسەن بىلىك.

1784 ھۆكۈمران قىلدىڭ كۈچ بېرىپ ھەم بىلىم،
دۇرۇسلۇق ئۇزە تۇت، چىگىسۇن دىلىم.

1785 قۇۋۋەت بەر، جىمىكى ياخشىلىق قىلاي،
بۇ ئەلنىڭ يۈكىنى يۈدۈگۈچى بولاي.

* *

1786 ئۆلەشتۈردى يوقسۇلغا كۆپ مال بۆلۈپ،
دىلىن بەردى ھەققە ھەممىدىن ئۈزۈپ.

1787 ياشىدى مۇشۇنداق سۆيۈنچتە كۈن ـ ئاي،
ئاۋام خەلقى ئۇمۇمەن پۈتۈن بولدى باي.

1788 كىشىنىڭ خىلى، كۆر، بۇ ياخشىلىغ بولۇر،
ئىستىكىم، مۇشۇنداق كىشىلەر ئۆلۈر.

1789 بەگ ئۇلغاندا شۇنداق، تاپار بەخت خەلق،
بەختلىك خان تىلەر ئەلگە ياخشىلىق.

1790 يامان ـ ياخشى ئۆلسە، ئۇ تۇپراق بولۇر،
نېچە بولسا تۇپراق، كۆر، ئاتى قالۇر.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

1791 ئەلىگ بىر كۈن ئولتۇردى يالغۇز ئۆزى،
قىچقاردى ئۆگدۈلمىشنى، قىلدى سۆزى.

1792 دېدىكىم: قارىغىن ئۆگدۈلمىش ماڭا،
ئاتاڭ ئەمگىكى سىڭمىدى بىر ساڭا.

1793 ئاتاڭ ئۆلدى، قالدىڭ سەن ئوغلان كىچىك،
كىچىككە بۈيۈكتىن بولۇر يول كىچىك.

1794 ئاتاڭ ئۆگىتەلمىدى ئەردەم ـ ئىلىم،
ساڭا مەنمۇ ھېچبىر ياردەم قىلمىدىم.

www.uyghurkitap.com

1795 قەيەردىن يىغىلدى بۇ ئەردەم ساڭا؟
سەن ئەمدى ئېيتىپ بەر بۇ گەپنى ماڭا.

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1796 جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش دېدى: خاقان
ياشىسۇن غالىبلىق بىلەن كۆپ زامان.

1797 خۇدا كىمگە قىلسا ئىنايەت نەسىپ،
ئاپار ئات ـ شۆھرەت تىلەككە يېتىپ.

1798 مۇڭا ئوخشىتىپ ئېيتتى تۈركچە ماقال،
كۆپ ئىشلار بېشىدىن ئۆتكەن ئاقساقال.

1799 خۇدا پەزلى بىرلە چوڭايغان كىشى،
ئاپار كۈندە مەقسەت، تۈزۈلۈپ ئىشى.

1800 كۈچەپ خەلق توسالماس خۇدا بەرگىنىن،
ئۆچ ئالماق بولسىمۇ ئاسمانۇ ـ زېمىن.

1801 خۇدادىن كېرەك ھەممە ئىشقا يۆلەك،
خۇدادىن ئاپار كىشى بارلىق تىلەك.

1802 ئاتا ئالقىشىدىن ئوغۇل، ئەي خاقان،
چۈمۈلۈر خۇشاللىققا ھەربىر زامان.

1803 خەيرلىك دۇئا قىلغان ئىكەن ئاتام،
دۇئا بىرلە تەگدى مانا بۇ ماقام.

1804 ئەلىگنى سەۋەب قىلدى قادىر ئىگەم،
قۇرۇق قالمىدىم پەزل، بىلىمدىن ھەم.

1805 خاقان ئىزدىتىپ مېنى ئىززەتلىدى،
پەلەك باقتى، ئورنۇمنۇ ئېگىزلىدى.

1806 كۆلۈپ باقسا، خان كىمنى ئىززەتلىسە،
يېتەر ئارزۇغا، قەدرىن بىلەلىسە.

1807 كىشىنىڭ دىلى باغ، ياشارتقۇچ سۇيى
ئېرۇر بەگنىڭ نەسىھەت ھەم ياخشى سۆزى.

1808 قايۇ باغقا كىرسە سۇ گەر ئۆكسۈمەي،
تۇمەن خىل خۇش پۇراق چېچەك گۈللىگەي.

1809 بېگى يارلىقى بولسا ياخشى سۆزى،
ئۆسۈپ دىلى قۇلنىڭ، ئېچىلۇر يۈزى.

1810 ئەگەر بەرمىسە ياخشى يارلىق تىلى،
ياشارماي چېچەك، تېز قۇرۇيدۇ گۈلى.

1811 ئەگەر قۇل ئىستىسە خۇدا رەھمىتىن،
ئېچىلغاي ئىشىكلەر ئۇنىڭ پەزلىدىن.

1812 بىر شائىر سۆز ئېيتتى مۇڭا ئوخشىتىپ،
ئەي ياخشى كىشى، سەن بۇنى بىل ئوقۇپ:

1813 ئەگەر تەڭرى قۇلنى قەدىرلىك قىلۇر،
بىلىم ئىشكى ئېچىلۇر، يولى ئوڭشىلۇر.

1814 تاپۇر بەخت كۈنسايىن بىلىم بىلسە ئەر،
كىچىك بولسىمۇ، ئورنى كاتتا بولۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

### ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

1815 يەنە ئۆگدۈلمىشكە ئېيتتى ئەلىگ:
بىلگۈچى نېچۈك قىلىپ بىلدى بىلىك؟

1816 كىشىلەر بولۇرمۇ ھېكىم ئۆگىنىپ،
بولۇرمۇ تەبىئىي ياكى تۇغۇلۇپ؟

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1817 جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش، ئاچتى تىلىن،
دېدىكىم، قويىاي مەن بۇ سۆزنىڭ ئۇلىن.

1818 يارىتىشتا بەرسە خۇدا ئەقىل ـ كۆڭۈل،
تاپار دەسمايىنى بىلىمگە ئوغۇل.

1819 ئۆتەر كۈنمۇكۈن، ئەقلى كامىللىنۇر،
نېمىكى خالىسا شۇنى ئۆگىنۇر.

1820 يېتىپ ئاخىر بىلىمگە، ئالىم بولۇر،
بۇ ئىلمى بىلە ئەلگە پايدا تېگۈر.

1821 ياراتقان چېغىدا ئەقىل بەرمىسە،
يېتەلمەس تىلەككە ھەرنە ئەيلىسە.

1822 يەنە بىر شەرت: ئىلىم تىلىسە ئوغۇل،
كىچىك چاغدا قويغاي بىلىمگە كۆڭۈل.

1823 كىچىك چاغدا ئىنسان بىلىم ئۆگىنۇر،
چوڭايسا ئۇنىڭلە تىلەككە يېتۇر.

1824 پەزىلەت، بىلىم ھەم ياخشى خۇي ـ پەيل،
ئۆگەنسە، تۈزىلەر كىشى خۇلقى، بىل.

1825 بىلىم يا پەزىلنى كىشى ئۆگىنۇر،
مەگەركىم، ئەقىل ئۇ، تەبىئىي بولۇر.

1826 كېلۇر مۇڭا ئوخشاپ تۈركچە ماقال،
ئوقۇپ سەن، ئۆزۈڭگە بۇندىن پايدا ئال:

1827 كىشى ئۆگىنىپ كۆپ تاپار ئىلىم، بىل،
ئۆگەنسە ھەرقانچە، تاپالماس ئەقىل.

1828 ئەقىللىك بولۇش بۇ، خۇدادىن بولۇر،
تەبىئىي بولسا ئۇ، بەلگە كۆرۈلۇر.

1829 ئەقىل ئۇ، خۇدادىن بىر ئاتا[125] ئېرۇر،
ئەقىلدىن كىشى ياخشى ھەسسە ئالۇر.

1830 كىشىنىڭ زورىدۇر ئەقىللىك كىشى،
ئەقىل ئەرگە مىڭ خىل پەزىلەت بېشى.

1831 ئەقىلسىز كىشىلەر دېيىلمەس كىشى،
ئۇ سۆز قىلسا قانچە، ئىشەنمەس كىشى.

### ئەلىگىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

1832 ئىشىتتىم بۇ سۆزنى دېدى خان يانا،
تېخى دەيدىغان بىر سۆزۈم بار مانا:

1833 ئەقىلدىن بىلىمنى بۆلەك ئايرىدىڭ،
دۇرۇس ئېيت، نېمىدۇر بۇندىن مەقسىتىڭ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com



1834 نېچۈكتۈر ئەقىل ئۇ، ئورنى قايدىدۇر؟
قەيەردىن چىقار ئۇ، قەيەرگە بارۇر؟

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىككە جاۋابى

1835 جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش، دېدى: ئەقىل —
كىشىگە ئەزىز ھەم قەدىرلىكتۇر، بىل.

1836 ئەقىل ئورنى ئۈستۈن مېڭىدە تۇرۇر،
قىممەتلىكىدىن ئورنى باشتا بولۇر.

1837 ئەقىلدۇر كىشىگە كىشەن، بەلگىلىك،
قىلىقى دۇرۇستۇر ئىشى ئۆلگىلىك.

1838 رەھىملىك ئىگەم ئۇ خالىغان قۇلىن،
ئەقىللە كىشەنلەر قىلىق ۋە تىلىن.

1839 ئەقىللىك تىرىكتۇر، ئەقىلسىز ئۆلۈك،
ئەقىل ئەرنى ئايرىر شۇ خىل تەڭ يۆلۈك.

1840 كىشى تۈن كەبى بىر قاراڭغۇ ئۆيدۇر،
ئەقىل بىر چىراغدەك ئۇنى يورۇتۇر.

1841 ئەقىلدىن كېلۇر، كۆر، پۈتۈن ئەزگۈلۈك،
بىلىمدىن چوڭلار ئەر، بولۇر بەلگىلىك.

1842 كىشىلەر بۇ ئىككى بىلەن زور بولۇر،
بۇ ئىككى بىلەن تۈز - توغرا يول تونۇر.

1843 بىلىملە پەرقلىنەر كىشى يىلقىدىن،
نېمە بار بۇيۇكرەك بۆلەك بىلىمدىن؟

1844 ئەقىل بىر سۆز ئېيتتى مۇڭا ئوخشىتىپ،
ئىشلەتسە ئەقىلنى بولۇر پايدا كۆپ:

1845 كىشىنى ئايرىغان بىلىم يىلقىدىن،
كىشى قولى ئۈستۈن بولۇر ئىلمىدىن.

1846 يۇرى، يىلقا بولما، ئەقىل، بىلىم بىل،
بىلىم بىرلە سۆزلە، يورۇق تۇت تىلىن.

1847 ئەلىگ ئېيتتى: باردۇر تېخى بىر سۆزۈم،
ئۇنى دەي ساڭا مەن، كۆركەم يۇزلۇكۇم.

1848 ماڭا ئېيتقىن ئەمدى ئەقىل سۇرىتى ـ
نېچۇكتۇر، تېگى ھەم نېمىدۇر ئېتى؟

1849 يۇزى، كۆركى، خۇيى، قىلىقى نەدۇر؟
يېشى، دەرىجە، بويى، ئاۋۇنچى نەدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## يىگىرمە بەشىنچى باب

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە ئەقىلنى سۈرەتلەپ بەرگەنلىكى بايانىدا

1850 جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش، ئېيتتى: ئەقىل ـ
قىلىقى دۇرۇس، قىممىتى تولا، بىل.

1851 يۈزى، تۈرقى كۆركەم، يېشىدۇر كىچىك،
پۈتۈن ياخشىلىققا بولۇر ئۇ كېچىك.

1852 سەۋرلىك، سىلىق، خۇلقى يۇمشاق ھامان،
دىلى ھەممە جانلىق ئۈچۈن مېھرىبان.

1853 قەيەرگە سۇنسا قول تۈزىتىپ بارۇر،
سۆزى يەتسە نەگە، شۇ يەردە ئۆتۈر.

1854 ئىسسىق يۈز، ئومۇمغا سۆيۈملۈك ئېرۇر،
كىشىلەرگە پايدا ئۇنىڭدىن تېگۇر.

1855 كۆزى ئىتتىك ئۇنىڭ، قارىشى يىراق،
ھەر ئىشقا كىرىشسە باسار چىڭ ئاياغ.

1856 نېچە بولغانۇق ئىشنى تۈتسا سۈزەر،
نېچە بولسا تۈگۈنلەر، باقسا يېشەر.

1857 سول ـ ئوڭ بىرلە ئالدى ـ ئارقىدىن باقار،
پۈتۈن ئىشقا چارە بىلەن ۋاقىت تاپار.

1858 يېتەر قاچقۇچىغا، ئۈچقانىنى تۈتار،
بۇزۇقنى تۈزەر ئول، سۇنۇقنى تاڭار.

1859 ئەقىلسىز پۇشايماندا دەر: ئەي ئەقىل
سېنىڭسىز ئېرۇرمەن تولا غەمدە، بىل.

1860 سېنىڭدىن ماڭا بىر ئۇلۇش تەگمىدى،
كىشى كۆڭلى سەنسىز ھايات بولمىدى.

1861 ئەقىل بىر چىراغدۇر، كۆزى يوققا كۆز،
ئۆلۈك تەنگە جان ئول، گاچا تىلغا سۆز.

1862 ئەقىللىك ئەقىلگە دېگەي: يولدىشىم،
نە ياخشى ئەشىم سەن تۈزەردە ئىشىم.

1863 ئەقىل ئۇ ئوڭ ئىشلەر، تەتۈر ئىشلىمەس،
پۈتۈنلەي ئېرۇر چىن، ئۇ مەككار ئەمەس.

1864 ئەقىل كىمدە بولسا شۇدۇر بەلگىسى،
بۇ بەلگە بىلە ئۇ ئەقىل بىلگۈسى.

1865 ئەڭ ئاۋۋال ئەقىلنىڭ قىلىقى ئوڭاي،
دۇرۇسلۇق بىلەن ئۇ يۈرەر يىل ۋە ئاي.

1866 ئەقىللىك، دۇرۇس ھەم سىلىق سۆز ـ تىلى،
دۇرۇس ھەم تولۇقتۇر ئۇنىڭ پېئىلى.

1867 ياۋاش ھەمدە تىنچ كۆپ سەۋرلىك ئېرۇر،
يېتەرلىك كۆرۈپ ئىشنى سالماق قىلۇر.

1868 قېرى قىلىقى، لېكىن يىگىتتەك تۇرار،
مۇشاۋىرمۇ، قۇلمۇ ئۇنى ئاختۇرار.

1869 بۇ سۆزنى ئۇقۇ ئەمدى، ئۇخشار مۇڭا،
ئۇقۇغانچە مەنە ئېچىلغاي ساڭا:

1870 قىلىقتا قېرى، ئۆزى ياشتۇر ئەقىل،
ئەقىل قايدا بولسا ئۇنىڭغا ئېسىل،

1871 ياشلىقى سۆيۈملۈك، قېرىسا بېسىق،
ئېرۇر نەپئى تولا، يۇمشاق، كىچىك دىل.

ئەلىگىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

1872 بۇ سۆزنى ئىشىتكەچ سۆيۈندى ئەلىگ،
دېدى: ئەي ئۇيغانغان، سۆزى ئاڭ ـ يىلىك.

1873 خۇدا بەردى ماڭا پۈتۈن ئەزگۈلۈك،
خۇدادىن ئاتا سەن ماڭا بەلگىلىك.

1874 بۇ ئەمگەك يۇدۇشكە ئېغىر يۈك ئېرۇر،
ئۇنى يۇدۇسە كۆپلەپ ياخشىلىق تېگۇر.

1875 كىم ئەزگۇ تىلىسە ئېغىر يۈك يۇدەر،
ئېغىر يۈك يۇدۇگەن تىلەككە يېتەر.

1876 يۈكۈمنى يۇدەرسەن تىلەك، ئىش يۇرۇر،
مېنى تىنىدۇرۇرسەن، ساڭا يۈك بولۇر.

1877 خۇدا بەرسە تەۋپىق، ماڭا ئەمدى كۈچ،
ھەققىڭنى ئۆتەي مەن قىلىپ بىرگە ئۈچ،

1878 بىلۇرمەن بۇ ياڭلىغ خىزمەت قىلغىنىڭ،
ماڭا باغلانغىنىڭ كۆيۈمچانلىقىڭ.

1879 كۆيۈمچان خىزمەتچى شۇ خىلدا كېلەر،
قويۇپ ئۆز پايدىسىن، بەگ پايدىسىن دەر.

1880 نېمە دەر ئىشتىكىن خىزمەتچى تىلى،
ھۇزۇرلاندۇرار بەگنى ئىشچان قۇلى:

1881 راھەتتە ياشار بەگ بولۇپ بەخت بېشى،
كۆيۈمچان قۇلى بولسا، قىلسا ئىشى.

1882 خادىم بىرلە قەددىنى بەگ كۆتۈرەر،
ئىش ئۇلسا تىلەكتەك، بېگى تىنچ ئۆتەر.

1883 باش ئاغرىق تۇگەر، چەكسە زەخمەت قۇلى،
بېگىگە ئېچىپ بەرسە ئۈمىد يولى.

1884 قۇلى قايسى بەگنىڭ بۇ ياڭلىغ ئېرۇر،
خۇدانىڭ ئاڭا چوڭ ئاتاسى بولۇر.

1885 بۇرۇن بىزدىن ئۆتكەن جاھان بەگلىرى،
شۇ ئارزۇ بىلەن كەتتى كۆپرەكلىرى.

*   *

1886 جاھان خەلقى خۇشال، بەختىيار، ئارام
ئېلىپ، قىلدى خانغا دۇئالار تامام.

1887 بۆلەك ئەل كىشىسى ئىشتىكەچ بۇنى،
يۈزىنى كۆرۈشكە كۆتۈشتى ئۈنى.

1888 شۇ ئارزۇ بىلەن يىل، ئاي، كۈنلەر ئۆتۈپ،
ئېلىن قىلدى ياخشى، قانۇنلار تۈزۈپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىنى
www.uyghurkitap.com

### ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

1889 ئەلىگ ئۇندەپ ئۆگدۈلمىشنى بىر كۈنى،
دېدى: سۆز قىلاي، ئېيت نە بىلسەڭ شۇنى.

1890 ئۆزى يەتتە ئەزاسىغا باقسا ئەر،
ئېلىپ زوق، ئۆزىنىڭ ئۈلۈشىن تېرەر.

1891 كۆڭۈل زوقى نېمە، بۇ كۆز زوقى نە؟
مۇشۇ ئىككى زوقتىن نېسىۋەم نېمە؟

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1892 دېدىكىم ئۆگدۈلمىش: بۇ زوق شول ئېرۇر،
كۆڭۈل قاتتىق ئىستەپ ئاڭا تەلپۈنۇر.

1893 كۆرۈش سۆيگۈنىنى — بۇ كۆز زوقىدۇر.
تېپىش دىل ئۈمىدىن — بۇ ئۆز زوقىدۇر.

### ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

1894 ئەلىگ ئېيتتى: ئۆگدۈلمىش ئېيتقىن قېنى،
سۆيۈملۈك نىشانى نېمە، ئېيت ئۇنى.

1895 سۆيەرمەن دېبان ھەممە دەۋا قىلۇر،
بۇ دەۋاغا مەنە نېچۈكرەك بولۇر؟

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1896 دېدى خوپ ئۆگدۈلمىش: بېرەي مەن جاۋاب،
يىلەر سۆيگىنىن يار يۈزىگە قاراپ.

1897 كۆزۈڭ نەگە باقسا بولۇر بىر توساق،
بۇنى بىل، كۆڭۈلگە توساق يوق بىراق.

1898 بىلەي دېسە سۆيگەن ۋە سۆيمىگىنىن،
كۆڭۈلگە قارىسۇن، بىلەر ئۇ كېيىن.

1899 سۆيۈملۈك يۈزىدە بولۇر بىر نىشان،
كۆزى كۆزگە چۈشسە بىلىنۇر شۇ ئان.

1900 مۇڭا ئوخشاپ كېلەر بىر شائىر سۆزى،
ئوقۇپ ئال ئۇنى، ئەي كىشى ئەربوزى[126]:

1901 سۆيۈملۈك كىشىنىڭ يۈزى بەلگىلىك،
تىلىن ئاچسا مەنە سۆزى بەلگىلىك.

1902 سۆيۈپ ـ سۆيمىگەننى بىلەيمەن دېسەڭ،
ساڭا توغرا باقسا كۆزى بەلگىلىك.

## ئەلىكنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

1903 ئەلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم، ئىشىتتىم بۇنى،
يەنە بىر سۆزۈم بار، دېگىن سەن ئۇنى.

1904 كېرەكلىك سۆز ئېيتاي مەن ئەمدى ساڭا،
تازا ئويلىنىپ سەن جاۋاب بەر ماڭا.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىككە جاۋابى

1905 دېدى ئۆگدۈلمىش: ئەي بەختىيار خان
بىلىم بىرلە خان ئات چىقىرۇر ھامان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



1906 بىلىم ئوردىسىدۇر بۇ خانلار ئۆزى،
بىلىمسىز بولۇر قۇل، كېرەك نە سۆزى.

1907 سورىماق ئوڭايدۇر، قىيىندۇر جاۋاب،
جاۋابقا ئەلىگ بىلىمى بولغاي ساۋاب [127].

1908 ئوڭاينى ئەلىگ ئالدى، تەسنى ماڭا
سۇرۇپ قويما ئەمدى، ئەي هوشيار توڭا.

1909 ئەلىگ ئېيتتى: سورىغۇچى موھتاج ئېرۇر،
ئۆزى بىلمىگەننى سوراپ ئۇ بىلۇر.

1910 بۇ شۇنداق ئىكەن سەن سۆيۈنسەڭ كېرەك،
سوئالىم جاۋابىنى بەرسەڭ كېرەك.

1911 جاۋاب بەردى، ئەي، ياخشى قانۇن دېبان،
ئىشىتمەك سۆزلىمەكتىن ياخشى هامان.

1912 بۇ سۆز قىلغۇچى ئۆز جېنىن ئۆپرىتۇر،
ئىشىتكەن سۆيۈنۈپ ئۆزىن سەمرىتۇر.

1913 قۇلاق سال، سىنالغان ھېكىم دەر نېمە،
ئىشىت، ئويلا، ئەمما تولا سۆزلىمە:

1914 ئىشىتمەك بىلە بولدى ئالىم كىشى،
تولا سۆز قىلىشتىن كېتۇر ئەر بېشى.

1915 ئىشتمەك قۇلاقا بېغىشلايدۇ زوق،
تولا سۆزلىگەن سۆزدە كۆپ پايدا يوق.

1916 دېمەستە سۆزۈڭنى ئالتۇن ھېسابلا،
ئېغىزدىن چىقسا سەن ئۇنى مىس سانا.

1917 ئەلىگ ئېيتتى: ئەمدى دۇرۇس سۆزلىدىڭ،
ئۆزۈڭگە بەختىڭ قۇرىن باغلىدىڭ.

1918 جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش: ئەلىگ قۇتى،
ئۆزۈم خالىغىنىم بۇ قۇللۇق ئېتى.

1919 بېگىنىڭ ھوزۇرىغا جان ئاتىسۇن قۇل،
ئەگەر يەتسە ئەقلى، ئاقىل بولسا ئول.

1920 ئىشتكىن، مەن ئېيتاي ئۆزۈم بىلگىنىن،
ئەلىگمۇ كەچۈرسۇن خاتا بولغىنىن.

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

## بەگلىككە لايىق بەگلىك قانداق بولۇشى كېرەكلىكى باياندا

1921 ئەلىگ ئېيتتى: ئەمدى دېمەكچى سۆزۈم،
شۇ ئەردى مانا ئەمدى ئېيتاي ئۆزۈم.

1922 ياراتتى خۇدايىم ئادەم بالىسىن،
ئۆلۈغىن، كىچىكىن، يامان ـ ياخشىسىن.

1923 بىلىملىك، بىلىمسىز، پېقىر يا گاداي،
ئەقىللىك، ئەقىلسىز، جاھىل ياكى باي.

1924 نېچۇكرەك كېرەك بەگ ئۇنى باشلىسا،
ئورۇنلاپ ئىشىنى، ئېتى ياڭرىسا.

1925 بېيىپ خەلقى، ئۇنىڭ تۈزەلسە يۇرتى،
كېتەر چاغدىمۇ قالسا ياخشى ئېتى.

1926 كۈمۈش ھەم يىپەككە تولۇپ خەزىنىسى،
بويۇن ئەگسە دۈشمەن، تۈگەپ پىتنىسى.

1927 ئېلى بولسا كۈچلۈك، يىغىلسا قوشۇن،
يۇرۇتسە ئىلىم بىرلە ئۇ تۈز قانۇن.

1928 تېپىپ شۆھرەت، جاھاندا يېيىلسا ئېتى،
بۈيۈكلەپ كۈنسايىن، كۆپ ئاشسا قۇتى.

1929 ئۆزۈن يىل ياشىسا ھۇزۇردا ئامان،
پىدا بولسا جانلار، ئۇ سورىسا جاھان.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1930 جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش، دېدى: ئەلىگ،
مېنىڭدىن سورىدى بۈيۈك بىر بىلىك.

1931 بۇ بەگلىك ئىشىن ھەممە بەگلەر بىلۇر،
قانۇن، تەرتىپ، ئادەت ئۇلاردىن كېلۇر.

1932 تۇغۇلۇر بۇ بەگ ئانىدىن بەگ بولۇپ،
بىلۇر ياخشى ئىشنى كۆرۈپ، ئۆگىنىپ.

1933 بۇ بەگلىك ئىشىن كىمگە بەرسە خۇدا،
بېرۇر ھەم ئەقىل، كۆڭۈل لايىقىدا.

1934 كىمى بەگ ياراتماق تىلىسە بايات،
بېرۇر باشتا خۇلق، ئەقىل، قول - قانات.

1935 بۇ بەگلىك ئىشى بولدى بەگلەر ئىشى،
بىلۇر بەگلىك ئىشنى بەگلىك كىشى.

1936 بۇ ئىشنى ئەلىگ مەندىن ئوبدان بىلۇر،
ئاتىسى بەگ ئەردى، ئۆزى بەگ ئېرۇر.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

1937 ئەلىگ: ئۇقتۇم سۆزۈڭنى، چىندۇر دېدى،
راست ئېيتتىڭ، سۆزۈڭنىڭ ئىپاردەك ھىدى.

1938 بۇ ئىشنى قىلغۇچى ئۆز ئىشىن بىلەر،
بىلەر كەم - ئوشۇقىن كۆرۈپ تۇرغان ئەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



1939 مەن ئىش قىلغۇچىمەن، سەن ئىش كۆرگۈچى،
بىلەر كۆرگۈچىدىن ئىشنى قىلغۇچى.

1940 خۇدا بەردى ئەقىل ھەم كۆڭۈلنى ساڭا،
ئەقىل ھەم بىلىملە قىل ئىشنى ئادا.

1941 كىچىكتىن بويان، خىزمىتىدە بولۇپ،
بۇ ياخشى قانۇننى ئۆگەندىڭ كۆرۈپ.

1942 پۈتۈن ئىشنى ئۇقتۇڭ ۋە بىلدىڭ ئۆزۈڭ،
كۆيۈمچان ماڭا ھەم قىلىقىڭ، سۆزۈڭ.

1943 كۆيۈمچانغا ئېيتۇر كىشى ئۆز سۆزىن،
كۆيۈمچان بېغىشلار كىشىگە ئۆزىن.

1944 كۆيۈمچانلىقىڭدىن پۈتەرمەن ساڭا،
سەمىمىي سۆرەتتە جاۋاب بەر ماڭا.

1945 نېمە دەر، ئىشىتكىن، كۆيۈمچان كىشى،
كۆيۈمچانلىق ئېرۇر كىشىلىك بېشى:

1946 ئاقىللار كۆيۈمچاننى كۆپ ماختىدى،
كىشىگە ئەزىزدۇر كۆيۈمچان زاتى.

1947 كۆيۈمچان ئۈچۈن بەر يۈرەكتە ئورۇن،
ئەقىل ھەم بىلىم ماڭا شۇنداق دېدى.

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

1948 جاۋابەن ئۆگدۈلمىش دېدى: ئەي خاقان،
ياشا تىنچ، قولۇڭ ئۇلسۇن ئۈستۈن ھامان.

1949 بۇ بەگلىككە تەكتى ئېسىللىق كېرەك،
باتۇرلۇق، قۇۋۋەت ـ كۈچ، جەسۇرلۇق كېرەك.

1950 ئاتا بولسا بەگ، تۇغۇلۇر ئوغلى بەگ.
ئوغۇلمۇ بولۇر بەگ ئاتىلىرىدەك.

1951 ئەقىللىك كېرەك ھەم بىلىملىك كېرەك،
سېخىيلىق كېرەك ھەم سىلىقلىق كېرەك.

1952 بىلىم بىرلە بەگلەر ئېلىن باشلىدى،
ئەقىل بىرلە خەلقىنىڭ ئىشىن ئىشلىدى.

1953 بەگ ئاتى بىلىك بىرلە باغلىق تۇرۇر،
بىلىك «لامى» كەتسە، بەگ ئاتى قالۇر[128].

1954 بەگ ئاقىل بولسۇن ھەم بىلگىنى تولا،
بىلىملىك كىشىنىڭ دۈشمىنى تولا.

1955 نېمە دەر، ئىشىتكىن، بىلىم تاپقان ئەر،
كۆپ ئىشنى كەچۇرگەن، تولا كەزگەن ئەر:

1956 بەگ ئۇلسۇن بىلىملىك، ئاقىل ۋە ئويغاق،
ئۇشتۇمتۇت تەگمىگەي دېسە بىر چاتاق.

1957 كېرەكتۇر ياخشى خۇلق، پەزىل مىڭ تۇمەن،
ئېتىمغا تەگمىسۇن دېسە داغ ـ بوياق.

1958 ئادەم بالىلىرى ھەممە ئەسلى بۇيۇك،
بىلىملە خىللىنىپ بولۇر كۆپ تۇزۇك.

1959 ئۇرۇق ياخشىدىن ياخشى ئەر تۇغۇلار،
كىشى ياخشى بولغاچقا تۆرگە چىقار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



1960 بۇ بەگلىك مۇقەددەس، ئېرىغلىق تىلەر،
ئەلدىن ھەم ئېرىغلىق، ھوشيارلىق تىلەر.

1961 بەگ ئۇلغاي خەلق ئۈچۈن جەسۇر، قەھرىمان،
بۇنىڭلە قىلىنۇر چوڭ ئىشلار ھامان.

1962 ئىشتىكىن، ئۆتۈكەن[129] بېگى تېمە دەر،
سىناپ ھەم سۆزىنى بىلىپ قىلغان ئەر:

1963 خەلق بېگى تولىمۇ خىل بولماق كېرەك،
كۆڭۈل، تىل تۈز، خۇلقى ئۈز ئولماق كېرەك.

1964 ئاقىل ھەم بىلىملىك، ئەل سۆيەر تېخى،
كۆزى توق، دىلى كەڭ، ھەم بولسۇن سېخىي.

1965 قىلىشقا ياخشىلىق قول ئۇلسۇن ئۇزۇن،
ئۇياتچان، سىلىق ھەم قىلىقى تۈزۈن.

1966 بەگ شۇنداق بولسا، ئەلگە لايىق ئۇلۇغ،
ئۇنىڭدىن كېلەر ھەم بىر ياخشى ئۇرۇق.

1967 بىلىم بىرلە باشلار ئەر ئىشنىڭ بېشىن،
ئەقىل بىرلە قىلسا ھەم ئوڭلار ئىشىن.

1968 بىلىم بىرلە تۈتار ئېلىنى بېگى،
بىلىم بولمىسا، ئىشقا يەتمەس ئۆگى.

1969 گەر ئىشتا يېڭىلسە بەگلەر، ئەي خاقان،
بۇ بەگلىك كېسەلدۇر، داۋالا شۇ ئان.

1970 داۋاسى بۇ دەردنىڭ ئەقىل ۋە بىلىم،
داۋالا ئەقىللە، خۇلقى مۇلايىم.

1971 ئەقىل ھەم بىلىم بەگكە بەكمۇ كېرەك،
داۋالار كېسەلنى شۇلار بىرلە بەك.

1972 بىلىملىك، ئەقىللىك، دانا ئەلچى خان،
بولۇر ياخشى ئورنى ھەر ئىككى جاھان.

1973 ھەر ئىككى جاھانلىقنى تاپقان كىشى،
بولۇر كۆپ بەختلىك، سائادەت بېشى.

1974 مۇڭا ئوخشىتىپ ئېيتتى شائىر بۇ سۆز،
بۇ سۆز مەنىسىدۇر بىلىمسىزگە كۆز:

1975 سائادەت نېمىدۇر قېنى ئېيت ماڭا،
كىشى قۇتلۇقى كىم كىشىلەر ئارا؟

1976 يېسە، بەرسە دۇنيا، ياشاپ بەختلىك
ئۇ دۇنيادا بولۇر ھەم تۆردە تۇرا.

1977 مۇلايىم بولسا خۇلقى. قىلىقى كۆنى،
سۆيۈنچتە ئۆتەر ئۇشبۇ بەگنىڭ كۈنى.

1978 خۇدا كىمگە بەرسە بۇ ياخشى قىلىق،
ھەم ياخشى قىلىق بىرلە ياخشى تۇرق؛

1979 جاھان بولدى بار نېمەتىلە ئۇنىڭ،
تىلىسەڭ ئۇلەشتۇر، تىلە، يە ئۆزۈڭ.

1980 خۇدا گەر قۇلىغا پەزل ـ بەخت بېرۇر،
پۈتۈن خۇلقى ـ خۇيى ھەم ياخشى بولۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



1981 گۈزەل خۇي، پەزىلەت كىرەك مىڭ تۈمەن،
قىلىپ تىنچ ئەل ـ يۇرتنى، يوقاتسا تۇمان.

1982 بۇ ياخشى قىلىق ئۇ ئەجەب ياخشىدۇر،
كىشىگە يېمەك ھەم كىيىمدەك تۇرۇر.

1983 خۇدا قىلسا كىمنىڭ خۇيىنى يامان،
ئۇنى رەنجىتۇر ئوقى بىرلە زامان.

1984 ئەگەر بولسا قايسى بەگ خۇلقى ناچار،
سۆيۈنچى بولۇر غەم، ئىش تەتۈر ماڭار.

1985 بەگ ئولماق كېرەك تەقۋا، دىلى ئېرىغ،
ئېرىغلىق تىلەر دائىم نەسلى ئېرىغ.

1986 كىشى بولسا تەقۋا، دىل قورققاق بولۇر،
دىلى قورقسا بەگلەر ئىشىن تۈز قىلۇر.

1987 ئەگەر بولمىسا بەگ تەقۋادار سۆزۈك،
ئېرىغسىز بولۇر ھەممە قىلىقى ئۈزۈك.

1988 بېسىقلىق، سەۋرلىك بەگنىڭ كۆركىدۇر،
بۇ بەگلىك ئىشىغا ئۇ چۈلۋۇر بولۇر.

1989 كېرەك كۆپ ئەقىل بەگكە قىلىشقا ئىشىن،
بىلىپ باشلىسا ئۇ ھەر ئىشنىڭ بېشىن.

1990 ئەقىللىك كىشىلەر تۈزەلتۇر ئىشىن،
يىراق تۇتسا ئىشتىن ئەقىلسىز كىشىن.

1991 ئېرۇر پايىسىز كۆز، كۆڭۈل بولمىسا،
كۆڭۈل پايدىسىزدۇر ئەقىل بولمىسا.

1992 نېمە دەر، ئىشىتكىن، ئەي ئەلنىڭ بېشى،
دىلى كۆپ سەۋرلىك، سىنالغان كىشى:

1993 ئەگەر كىمدە بولسا ئاڭ ـ ئىدراك ۋە ئۆگ،
ئۇنى ئەر ساناپ قانچە ئۆگسەڭ سەن ئۆگ.

1994 ئەقىل، ئاڭ، بىلىم كىمدە بولسا تولۇق،
يامان بولسا خوپ دەپ، كىچىك بولسا ئۆگ[130].

1995 كىشىگە نە ياخشى تۇرۇر بۇ ئۆگە[131]،
ئەگەر بولسا ئەقلى، ھېسابلا ئۆگە.

1996 شاشماقلىق ئېرۇر خەۋپ، ئومۇمغا ياۋۇز،
بەگ ئولسا بۇ خىل گەر، يۈزى بولدى بوز.

1997 شاشماقلىق، غەزەپ بىر قىلمىقتۇر يامان،
بۇ ئىشتۇر نادانلىق نىشانى ھامان.

1998 ئالدىراپ قىلغان ئىش كۆپ ئاچچىق بولۇر،
ئالدىراپ يېسە ئاش، ئۇ ئاغرىق بولۇر.

1999 پۈتۈن ئىشتا بېسىق بول، شۇنى تاللىۋال،
مەگەركىم ئىبادەت يۈگۈر، بولما گال.

2000 مۇلايىم، ئۇياتلىق، كۆزى توق كېرەك،
قىلىق، سۆزدە يورۇق ـ ئوچۇقلۇق كېرەك.

2001 بولۇر تويمىغۇر ئول كۆزى ئاچ كىشى،
كۆزى ئاچقا يەتمەس بۇ دۇنيا ئىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



2002 بۇ ئاچ كۆزلۈك ئاغرىق، داۋا يوق ئاڭا،
جاھاندا ھېكىم چارە تاپالماس مۇڭا.

2003 پۈتۈن ئاچ يېسە، ئىچسە ئاخىر تويار،
كۆزى ئاچ بۇ ئاچلىقنى ئۆلسە قويار.

2004 كۆزى ئاچ كىشىلەر بولماس مالغا باي،
پۈتۈن بولسا دۇنيا ئۇنىڭ، ئۇ گاداي.

2005 بەگلەر كۆپ ئۇياتچان، سەرخىل بولغۇلۇق،
ئۇياتچان قىلىقى كېمەيمەس، تولۇق.

2006 ئۇيات كىمدە بولسا، سىلىق خۇيلۇق ئول،
ناچار ئىشقا ھەرگىز ئۇ سۇنمايدۇ قول.

2007 خۇدا كىمگە بەرسە ئۇيات، ياخشى خۇي،
بېرەر دۆلەت بىلەن كۆپ شانۇ ئابرۇي.

2008 ئۇيات بارچە يامان ئىشتىن توسقۇچى،
پۈتۈن ياخشى ئىشقا ئۇلاشتۇرغۇچى.

2009 ئۇياتتۇر نە ياخشى زىنىنەت، ئەرگە خاس،
ئۇياتتۇر پۈتۈن ياخشى ئىشقا ئاساس.

2010 تىلى چىن كېرەك، كۆڭلى بولسۇن كۆنى،
بېرىپ پايدا خەلققە، تۇغسا كۈنى.

2011 ئەگەر بولسا بەگلەر يامان دىللىق ئۇ،
ئېرۇر پايدىسىز خەلققە، قولۇڭنى يۇ.

2012 گۈزەل بولمىسا بەگدە خۇي، سۆز ۋە تىل،
ئۇ ئەلدە تۇرالماي قاچار بەخت، بىل.

2013 سۆزىدە تۇرماس بەگكە قويما ئۈمىد،
هاياتىڭ كېتەر بوش، قىلۇر نائۈمىد.

2014 بەگ ئولماق كېرەك ساق، يەنە بەك هوشيار،
غاپىل بولسا بەگلەر، كۆپ پىتنە قوپار.

2015 ئىككى نەرسە ئەلگە باغ، ئاچقۇچ ئۆزى:
هوشيارلىق ۋە قانۇن ـ ئەلنىڭ يىلتىزى.

2016 قايۇ بەگ ساق ئولسا ئېلىن ساقلىدى،
ياۋ بويىنىن يانجىدى ۋە يا باغلىدى.

2017 قايۇ بەگ يورۇتسا قانۇننى كۆنى،
تۈزەتتى ئۇ ئەلنى، تۇغۇلدى كۈنى.

2018 بۇ بەگلىك ئاساسى شۇ ئىككى ئېرۇر،
بۇ ئىككى تولۇق بولسا، بەگلىك قىلۇر.

2019 ئېمە دەيدۇ ئاڭلا بىر كۆرەشچان ئەر،
بولۇپ هوشيار، ياۋنى يەكسان قىلغان ئەر:

2020 ئايا ئەل بەگلىرى، ئەل ساقلاي دېسەڭ،
سەگەك بول، هەر ياقتىن كۆزەت ئەلنى تەڭ.

2021 سەگەكلىك بىلەن ئارتتى بەگلەر ئېلى،
بىپەرۋا بولۇش بۇزدى بەگلىك ئۇلى.

2022 هوشيارلىق بىلە يانجى ياۋ بويىنىنى،
سوراپ ئەل، كەڭرۇ قىل هايات قويىنىنى.

www.uyghurkitap.com



2023 بەگ ئىككى نېمە بىرلە بەگلىك بۇزار،
كىرىپ ئەگرى يولغا، رۇس يولدىن ئازار:

2024 بىرى غاپىل ئولماق، بىرىدۇر زۇلۇم،
بۇلار بىرلە ئەلنى بۇزار بەگ چوقۇم.

2025 ئەگەر ئىستىسەڭ يېغى بويىنىن ئۈزۈش،
كېرەك كۆز ـ قۇلاق بىرلە هوشيار تۇرۇش.

2026 سەگەكلىك بىلەن بەگ يوقاتتى يېغى،
بىپەرۋا بولۇپ بۇزدى بەگلىك بېغى.

2027 غاپىل بولسا بەگلەر ئىش ئولماس تامام،
غاپىل بەگدە بەگلىك ئۇ قىلماس داۋام.

2028 بىپەرۋانى دائىم باسار سەگەك ئەر،
غاپىل بولمىسا ياۋ، ئۇنى كىم يېڭەر؟

2029 ساق ئولسا بېگى، ئەلگە تەگمەس ئېلىگ،
ئەگەر تەگسە، چارە تاپار ئاڭ ـ بىلىك.

2030 سۇرەلمەس زالىم بەگ بەگلىك دەۋرىنى،
كۆتۈرمەيدۇ خەلقى ئۇنىڭ زۇلمىنى.

2031 نېمە دەيدۇ ئاڭلا بىلىملىك سۆزىن،
بولالمايدۇ زالىم هۆكۈمران ئۇزۇن.

2032 زۇلۇم ئوت، يېقىنلاشسا، ئۇ كۆيدۈرەر،
قانۇن سۇ، ئۇ ئاقسا، نېمەتلەر ئۈنەر.

2033 بولاي دېسەڭ ئەلگە ئۆزۈڭ ھۆكۈمران،
قانۇن تۈز، يۈرۈت، خەلقنى ئاسرا ھامان.

2034 ئەل ئارتار قانۇن بىرلە، تۈزىلۇر جاھان،
زۇلۇم بىرلە كېمىيىپ ئەل، بۇزۇلۇر جاھان.

2035 كۆپ ئوردا بۇزدى زالىم زۇلۇم بىلە،
تىرىك ئۆلدى ئاخىر ئۇ ئاچلىق ئىلە.

2036 تۈزەپ بەگ كۆڭۈلنى يۈرۈتسە قانۇن،
بۇ بەگلىك بۇزۇلماس، تۇرار بەك ئۇزۇن.

2037 ياماندىن ياماندۇر، ئەي ساھىبقىران،
ئەگەر ئاتىلىپ قالسا يالغانچى خان.

2038 سۆزى چىن ئولسا بەگنىڭ، خۇلقى گۈزەل،
ئىشەنگەي، ياخشى كۈن كۆرۈپ ئاڭا ئەل.

2039 يالغانچى كىشىلەر ۋاپاسىز بولۇر،
ۋاپاسىزلار خەلققە ئوساللىق قىلۇر.

2040 نېمە دەر، ئىشىتكىن، ۋاپالىق كىشى،
ۋاپادۇر كىشىگە كىشىلىك بېشى:

2041 تىلى يالغان ئەرنىڭ جاپا قىلقى ئول،
جاپا كىمدە بولسا ئېرۇر يىلقى ئول.

2042 تەلەپ قىلما ۋاپا يالغانچىلاردىن،
بۇ سۆزلەر سىنالغان ئۇزۇن يىلقى ئول.

2043 بەگلەرگە يۈرەكلىك، جەسۇرلۇق كېرەك،
ئېتىمغاي ئۇ ياۋغا يۈرەك بىرلە بەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



2044 بۇ ئەسكەر بېشى بەك يۈرەكلىك كېرەك،
يۈرەكسىز كىشى ئۆندىن ئالسۇن يۈرەك.

2045 يۈرەكلىك يۈرەكسىزنىڭ ئۇلسا بېشى،
يۈرەكلىك بولۇر ئاندا ھەممە كىشى.

2046 بۇ سۆزنىڭ گۇۋاھى بۇ بېيىت ئوقى،
بۇ سۆزنى كۆڭۈلدە ساقلاپ تۇت تېخى:

2047 بولمۇەرسە ئىتقا، كۆر، باش ئارسلان،
بولۇر ئىتلار ھەممە ئارسلانسىمان.

2048 ئەگەر بولسا ئىت ئۇ ئارسلانغا باش،
بولۇر ئارسلانلار ھەم ئىتتەك ھامان.

2049 يەنە بەگ كىچىك دىل، سېخىي بولغۇلۇق،
بۇنىڭ بىرلە قىلىنقىن بېسىق تۇتقۇلۇق.

2050 سېخىي بولسا بەگلەر ئېتى تارىلۇر،
ئېتى ۋە شۆھرىتىلە جاھان قوغدىلۇر.

2051 ئەر، ئات توپلىنىپ ئاڭا، لەشكەر بولۇر،
بۇ لەشكەر بىلەن ئەر تىلىكىن تاپۇر.

2052 نېمە دەر، ئىشىت، جەڭ بىلەن ئۆتكەن ئەر:
ئۆرۈپ ئال، ئەي باتۇر، يەنە ئەرگە يەر.

2053 سېخىي بول، بېغىشلا، ئىچۇر ھەم يېگۈز،
يەنە سەن ئۆرۈپ ئال، كېمەيسە ئەگەر.

2054 جەسۇر، كۆزى ئۆتكۈرگە مال ئۆكسۈمەس،
ئالغۇر ئاق لاچىنغا يېمەك كەملىمەس.

2055 قىلىچ، پالتا، ئوقيا بىلەن كۈچ، يۈرەك
بار ئولسا، باتۇر مالدىن قورقماس كېرەك.

2056 جاھاندار، ئاقىل بەگ نېچۈك گەنج[132] يىغۇر،
ئەر، ئات قايدا بولسا، ئېنىق گەنج ئالۇر.

2057 تۈتۈشقا جاھان لەشكەر، ئات، ئەر كېرەك،
ئەر، ئات تۈتقىلى تولا ماللار كېرەك.

2058 بۇ مال يىغقىلى بىر باي بودۇن[133] كېرەك،
بېيىسۇن دېسەڭ ئەل، تۈز قانۇن كېرەك.

2059 بۇلاردىن بىرى قالسا، تۆتى قالۇر،
بۇ تۆتى يوقالسا، بەگلىكمۇ ئۆلۇر.

2060 ئالاي دېسە بەگ ياخشى شۆھرەت ۋە نام،
بۇ بەشتىن يىراقتا تۇرغۇلۇق تامام:

2061 بىرى شاشماق ئېرۇر، بېخىللىق بىرى،
ئۈچىنچى، غەزەپ، قىل سەۋر، قاچ نېرى.

2062 ئۆزۈمچىل، جاھىللىق بۇ تۆتىنچىسى،
يېشەك يالغان ئېيتماق، بۇ بەشىنچىسى.

2063 بۇلاردىن يىراق تۇرغۇلۇق بەگ ئۆزى،
بۇزۇلماي ئېتى، ئۆتسۇن دېسە سۆزى.

2064 بۇلاردىن ئۆزۈمچىل قىلىق ئەڭ يامان،
چوقۇم قىينىلار كۆپ ئۆزۈمچىل نادان.

www.uyghurkitap.com



2065 بۇ ياخشىلىغ سۆزنىكىم بىر شائىر ئېيتۇر،
بۇ شائىر سۆزىن تۇتسا سۆزگە بېيۇر:

2066 ئېغىر يۇك كىشىگە ئۆزۈمچىل قىلىق،
ئۆزۈمچىل قىلىقىقا ئوق ئات، قارشى چىق.

2067 يېغى قىلمىغاننى شۇ قىلىق قىلار،
يېغىدىن بۇ يېغى نېچۈك پەرقلىق؟

2068 تولا ئەل تۇتايمەن دېسەڭ، ئەي ئەلىگ،
بۇ ئۈچ ئىشنى قىلغىن گەر يەتسە ئېلىگ:

2069 قىلىچ تۇتسا، ئۇرسا، سېنىڭ ئوڭ قولۇڭ،
سول ئېلىكىڭ بىلە سەن ئۈلەشتۇر پۇلۇڭ.

2070 تىلىڭ سۆزلىسە سۆز شېكەردەك چۈچۈك،
ئىگەر بويۇن قۇل، بەگ، ئۇلۇغ ھەم كىچىك.

2071 ئەي ئەلىگ، بەگكە بۇ نەرسىلەر زۆرۈر،
ئۇنى خەلق سۆيسە گەر، ئورنى تۆر بولۇر.

2072 كۆلەر يۈز، چۈچۈك سۆز، خۇلق ئۈز كېرەك،
قىلىقى بۇلارغا ئۇيغۇن، تۈز كېرەك.

2073 كۆڭۈلنى تۆۋەن تۇتسا، قولىن سېخىي،
بۇنىڭغا يارىشا كۆيۈمچانلىقى.

2074 پۈتۈن تۇرلۇك ئەردەم بۇ بىلسە تۈگەل،
يىراق بولسا ئاندىن يارامسىز مۇھال.

2075 كىشىلەر خىلى ھەم ياخشىسى شۇ خان،
تولۇن ئاي كەبى ئۆز، كېمەيمەيدىغان.

2076 جاھان خەلقى بارچە ئاڭا قۇل بولۇر،
جاھانغا بولۇر خان، تىلىكىن تاپۇر.

2077 سۆزۈن يۇز، يىرىك سۆز، تەكەببۇر كىشى،
كىشىن يىرگەندۈرەر، يۇرۇشمەس ئىشى.

2078 يېنىك ھەم ئالدىراقسان، قوپال ۋە شاللاق
بولماقلىق ئاۋامنىڭ خۇلقى، قاچ يىراق.

2079 ئاۋام خۇلقى بەگلەرگە لايىق ئەمەس،
ئەگەر يۇقسا بەگكە، كېتەر قەدرى، بەس.

2080 قۇل رەڭگى قارىدۇر، بەگلەر بولۇر ئاق،
قارا - ئاق شۇ خىلدا ئايرىلغانغا باق.

2081 تولغان بەگ بولاي مەن دېسە، بەلگىلىك،
ئەي مەشھۇر، پەزلىنى تولۇق تۈتقۇلۇق.

2082 ئېتى بەگ بولۇپ خۇلقى بولسا قارا،
بولۇر قارىدىنمۇ يامان خەلق ئارا.

2083 بەگ ئولسۇن چىرايلىق، كېلىشكەن ساقال،
بويى ئورتا، شۆھرەتتە ئۇ بەركامال.

2084 چىرايلىق يۈزىن كۆرسە، سۆيسە كۆرۈپ،
پەخىرلەنسە ئېلى، خەلقلىرى تۇرۇپ.

2085 ئۇ ياۋغا ھەم قاتتىق، ھەم بولسا جەسۇر،
كۆرەر كۆزگە بەرسە چىرايى ھۇزۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



2086 بويى بەك ئۇزۇننى خوپ كۆرمەس بىلىم،
تولا قىسقا بولسا، بولماس خۇش پىچىم.

2087 مۇشۇنداق ئىكەن، ئوتتا بويلۇق كېرەك،
بويى ئوتتا بولسا بولۇر تۈزۈكرەك.

2088 ئىشتىكىن، نېمە دەر سىنىغان كىشى،
بېشىدىن كەچۈرگەن، ياشىغان كىشى.

2089 پاكار، ئۆزى ئاجىز، ئاچچىقى يامان،
بۇ ئاچچىق نەدە، شۇندا جاڭجال ھامان.

2090 بويى ئوتتا بولسا لايىق ئۆزىگە،
ئەي ئالىم ھەر ئىشنى ئوتتا تۇت ھەر ئان.

2091 پاساتچى بولمىغاي بەگ، يەنە مەي ئىچەر،
بۇ ئىككى قىلىقتىن قاچار بەخت، كېتەر.

2092 شارابقا ئۆگەنسە جاھان خانلىرى،
چېكەر كۆپ زىياننى ئېلى ـ خەلقلىرى.

2093 ئويۇنغا بېرىلسە جاھان تۇتقۇچى،
بولۇر موھتاج ئول ھەم ئېلىن بۇزغۇچى.

2094 بۇ خانلىق ئىشىن ۋاقتىدا قىلمىسا،
تۇتالماس ئۇنى، قۇش سېلىپ قوغلىسا.

2095 نېمە دەيدۇ ئاڭلا بىلىم بەرگۈچى،
بىلىمسىزنى مەيدىن سۆكۈپ توسقۇچى:

2096 مەي ئىچمە، هاراقكەش، ئەي گالىنىڭ قۇلى،
مەي ئىچسە ئېچىلدى پېقىرلىق يولى.

2097 هاراق ئىچسە خەلق، يەلگە كەتكەي مېلى،
خان ئۇلسا هاراقكەش، تۇرامدۇ ئېلى؟

2098 يېغى، مەي ۋە مەيچى ئالۇرلار كۆمۈش،
قىلىقى جېدەل بولدى، پەيلى ئۇرۇش.

2099 مەست ئۇلسا كىشى تەلۋە، ئاڭسىز بولۇر،
ئىشى تەلۋىنىڭ، كۆر، قاچان تۈز بولۇر؟

2100 نېمە دەر ئىشىتكىن، هوشيارنىڭ تىلى،
ئەمەل قىل بۇ سۆزگە، ئەي گالىناڭ قۇلى:

2101 نېچە قىلغۇلۇق ئىش مەي ئىچسە قالۇر،
نەچە قىلمىغۇر ئىشنى مەستلەر قىلۇر.

2102 مەي ئىچسە بولمىغۇر نە ئىشلار بولۇر،
مەست ئۇلسا نەچچە ياخشى ئىشلار قالۇر.

2103 ئىچمىي مەي، ئۇيۇنغا بېرىلگەندە خان،
ئېگى دۆلەت ئىشىغا يەتكەي قاچان؟

2104 پاسات قايدا بولسا، قاچار بەخت تۇزۇپ،
پاسات دائىم يۈرەر بەگلىكنى بۇزۇپ.

2105 ئېرىغدۇر بۇ بەخت، ئۇ ئېرىغلىق تىلەر،
سۈزۈكتۇر بۇ دۆلەت، سۈزۈكنى يۆلەر.

2106 بېگى بولسا مەيخور، قوپال هەم بۇزۇق،
هاراقكەش بولۇر هەممە خەلقى تولۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



2107 ئاۋامنىڭ ياراقسىز ئىشىن بەگ تۈزەر،
بەگ ئۇلسا ناچار، كىم ئاڭا تەڭ كېلەر؟

2108 ئېرىغسىزنى ئادەم يۇيۇر سۇ بىلەن،
سۇ بۇلغانسا يۇيۇپ بولۇر نە بىلەن؟

2109 ھېكىم دورا بېرەر بىركىم ئاغرىسا،
قىلۇر كىم داۋا، گەر ھېكىم ئاغرىسا.

2110 دېمەك، بەگ خۇلقى ساپ ـ توغرا بولغۇلۇق،
بولۇر ئەلگە بەگنىڭ خۇلقى يولىيورۇق.

2111 نېچۇك تۇتسا ئادەت ۋە قانۇننى خان،
بولۇر خەلقمۇ شۇنداق، شۇ ئادەتسىمان.

2112 بۇ سۆزگە گۇۋاھتۇر مۇنۇ سۆز مانا،
قاراپ كۆرسە ئۇيغۇن مەنىسى ئاڭا:

2113 ئەگەر قايسى يول بولسا بەگنىڭ يولى،
شۇ بەگنىڭ يۇرگىنى قۇلىنىڭ يولى.

2114 بېگى ياخشى بولسا، دۇرۇس ھەرىكىتى،
تېخىمۇ قىلۇر ياخشى ھەرىكەت قۇلى.

2115 تەكەببۇر بولۇش بەگكە لايىق ئەمەس،
تەكەببۇرلۇق بۇزار دۇرۇس يولنى، بەس.

2116 سائادەت بىلەن بولدى بەگلەر ئۇلۇغ،
ئېلىشقا نەسىپ، دىل كىچىك تۇتقۇلۇق.

2117 نېمە دەيدۇ ئاڭلا، ئاقىل ياخشى ئەر،
بىلىملىك، ئۆزى بەگ، ئەلنىڭ خىلى ئەر:

2118 يوغانلىق قىلىپ بەگ، چوڭ تۇتسا كۆڭۈل،
مۇقەررەر كۆرۈر ئۇ خارلىق، ئەي ئوغۇل.

2119 تەكەببۇرلۇق ئىلە كۆككە چىقماس كىشى،
كىچىك دىل بولۇش ئىلە بۇزۇلماس ئىشى.

2120 كىبىرلىك بىپايدا، كۆڭۈل توڭلىتۇر،
كىشىنى كىچىك دىللىق ئۈستۈنلىتۇر.

2121 مۇلايىم ۋە كەمتەر كېرەكتۇر بۇ خان،
ئۇ خىلدا ئەمەسكەن، قاچ ئۇندىن هامان.

2122 بەگ ئولسا مۇلايىم ۋە كۆڭلى ئوچۇق،
گۇناهلىق كىشىدىن كەچۈرسە يازۇق[illegible]:

2123 ئىسسىنىپ قوشۇن ـ ئەل، كۆيۈمچان بولۇر،
كۆيۈمچان كىشىلەر ئۇ، ئىشچان بولۇر.

2124 خەلق باشچىسى بەگكە هىممەت كېرەك،
شۇ هىممەت بىلەن تەڭ، مۇرۇۋۋەت كېرەك.

2125 يېيىلغاي شۇنىڭلە ئۇنىڭ شۆهرىتى،
كېلىپ ئوڭ ئۇدۇل، هەل بولۇر مەقسىتى.

2126 كىشىدە يوق ئەرسە هىممەت، ئۇ ـ ئۆلۈك،
هەر ئىككى جاهاندا بولالماس بۈيۈك.

2127 بۇ هىممەت بىلەن هەم سىياسەت كېرەك،
سىياسەتكە بەگلىك رىياسەت كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



2128 تۆزەر ئەلنى قانۇن، سىياسەتلە خان،
ئاۋام خۇلقىنى ھەم ئېلتەر شۇ تامان.

2129 بۇ سۆزگە جاۋاب ھەم گۇۋاھ بۇ بېيىت،
گۇۋاھ قايدا بولسا، شۇ ھۆججەت، ئىشىت:

2130 بۇ بەگلەر ئىشىكىن سىياسەت يېزەر،
سىياسەت بىلە بەگ ئېلىنى تۈزەر.

2131 يامانغا سىياسەت يۈرۈتمەك كېرەك،
بۇلغانسا خەلق گەر، سىياسەت سۈزەر.

2132 بۇ دۆلەت تىرىكى، ئۇلى، بەگلىكى،
بۇ ئىككى نەرسىدۇر يىلتىزى - كۆكى:

2133 بىرى، خەلققە بەرمەك قانۇندىن ئۇلۇش،
بىرى، خىزمەت ئەتكەنگە بەرمەك كۈمۈش.

2134 قانۇن بىرلە خەلقى سۆيۈنسە تۇرۇپ،
كۈمۈش بولسا خىزمەتچى كۈلەر كۆرۈپ.

2135 شۇ ئىككىسى بەگدىن خوش ئولغان زامان،
ئەل رەتكە چۈشۈپ، بەگ ئاۋۇنۇر شۇ ئان.

2136 گەر قايسى بەگ خەلققە قانۇن بەرمىسە،
خەلقنى كۆزەتمەي، يېگەنلەر يېسە.

2137 بۇزۇلۇپ ئېلى، ئۇ خەلققە چاچار ئوت،
بۇ بەگلىك ئۇلى بولغاي شەكسىز نابۇت.

2138 سۆيۈندۈرمىسە ئەسكىرىنى خاقان،
قىنىدىن چىقمىغاي قىلىچ ھېچقاچان.

2139 قىلىچ بىرلە بەگلەر ئۆزىتار قولىن،
قىلىچسىز غاپىل بەگ تۇتالماس ئېلىن.

2140 قىلىچ بىرلە پالتا بۇ ئەل ساقچىسى،
قىلىچ بىرلە ئالار ئەل خەلق باشچىسى.

2141 نېمە دەيدۇ ئاڭلا جاھان تۇتقۇچى،
قىلىچ، پالتا بىرلە ياۋنى ئۇتقۇچى:

2142 كېرەك ئەلنى ساقلاش، ئەي ئەل تۇتقان ئەر،
غەپلەتتە بولغانلار چوقۇم زەھەر يەر.

2143 قىلىچلە پالتىنى ساقچى قىل، ئەي ئەر،
قىلىچ ساقچى بولسا، بەگلەر تىنچ ئۆتەر.

2144 قىلىچ تەۋرەر ئىكەن، يېغى تەۋرەنمەس،
قىلىچ قىنىغا كىرسە، بەگ تىنچىيالماس.

2145 قىلىچ ئۇرغۇچىنى سۆيۈندۈر، ئەي خان،
ياشا خۇش، ھامان كۆرمە ئاچچىق، زىيان.

*                *

2146 يەنە ئېيتتى ئۆگدۈلمىش: ئەلىگ قۇتى،
قىيىندۇر ئەل ئىشى، ئۇلۇغدۇر ئېتى.

2147 خەلققە باش ئولماق ئېغىر ئىش ئېرۇر،
ھەمىشە باش ئاغرىق ۋە مېھنەت تېگۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



2148 سۆيۈنچى ئاز ئېرۇر، قايغۇسى تولا،
ماختاۋچى ئاز بولۇر، سۆككۈچى تولا.

2149 قايانغا قارىسا قورقۇنچلۇقتۇر،
سوراپ كۆرسە، خۇشلۇقى ئازراق ئېرۇر.

2150 سۆيمەسلەر ئېرۇر كۆپ، سۆيەرلەرى ئاز،
جاپاسى تولاراق، ھۇزۇرلىرى ئاز.

2151 ئارامسىز بولۇر ھەممە يەردە كۆڭۈل،
ئارامسىز كۆڭۈل ئەرگە بىر قايغۇ ئول.

2152 قاراپ كۆرسە، ھەممە ئىشىدا خەتەر،
خەتەر ئىشنى كۆرسە، لەززەتمۇ كېتەر.

2153 نېمە دەيدۇ ئاڭلا ئەقىللىك سۆزى،
ئەقىللىك سۆزىدۇر گۆھەرنىڭ ئۆزى:

2154 ئەلىگىنىڭ بوينى قىلدەك، مۇناردەك بېشى،
ئاڭا بەك ئىشەنمەس ئەقىللىك كىشى.

2155 بۇ خانلىق مىسالى باش ئۇزرە قىلىچ،
كۈنىگە ئاڭا مىڭ خەتەرلىك ئىشى.

2156 بۇ ياڭلىغ ئېرۇر ھەممە بەگلىك ئىشى،
بىرى كۆرسە ھۇزۇر، بىرى يەر بېشى.

2157 تاپاي مەن دېسەڭ ھەر ئىككى دۇنيالىق،
كېرەكتۇر بۇ نەچچە ئىشنى قىلماقلىق.

2158 كۆڭۈل، تىلنى تۈز تۇت، خۇداغا سىغىن،
خۇدانىڭ بۇيرۇقىنى مۇھىم بىل، تىۋىن.

2159 رىزا بول خۇدادىن نە كەلسە ساڭا،
رىزا ۋە رىزالىق ـ قۇللۇقۇڭ ئاڭا.

2160 خەلققە دىلىڭدىن بول سەن كۆيۈمچان،
بول ياخشى ھەم ئىستە ياخشىلىق ھامان.

2161 زىيان قىلما خەلققە، يەتكۈز مەنپەئەت،
بولۇپ خوپ، يامانىنىڭ زىيىنىن يوق ئەت.

2162 سېنىڭ بولدى دۇنيا تىرىكلىك بىلە،
ھاياتلىكى بولساڭ، يېتىپ يە، كۈلە.

2163 جېنىڭ چىقسىمۇ تۇت ئۇمىدىڭنى زور،
خۇدا ياخشىغا ياخشى يولنى بېرۇر.

* *

2164 بۇلارنى مەن ئېيتتىم، ئىشىتتى ئەلىگ،
كېرەك بەگكە شۇنداق پەزىلەت، بىلىك.

2165 قايۇ ئەردە بولسا بۇ ئەردەم يوسۇن،
بولۇر بەگ ئاتاپ، بەرسە ئۇستۇن ئورۇن.

2166 بولۇر ئۇ تولۇق بەگ ھەم ئەلنىڭ بېشى،
ئۇنىڭدىن تاپار تۇرلۇك خوۋلۇق كىشى.

2167 ئىشىتكىن، نېمە دەر بىلىملىك، زېرەك،
ئۇنىڭ ئىلمى ئەلگە بولۇرلار بېزەك:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



2168 ئەقىللىك ھەم ئالىم، توغرا بولغاي خان،
ئاشۇرسۇن شۆھرىتىن بولۇپ قەھرىمان.

2169 سېخىي ھەم، ئېسىل ھەم ھايالىق، سىلىق،
كۆيۈمچان بولۇپ، بەك كۆزەتسۇن خەلق.

2170 كۆزى توق، سەۋرلىك ھەمدە مۇلايىم،
ئەپۇچان، ئۆز خۇلقى بولسۇن ئۇ دائىم.

2171 پۈتۈن پەزلى بولسا جەمدىن ئۈستۈن،
بېرەلىسۇن ئەلگە ئۇ ياخشى قانۇن.

2172 مۇشۇنداق بولسا قايسى ئەلنىڭ خانى،
تۈگەپ دەرد، قۇتۇلار ئېلى، ۋەتىنى.

2173 تۇغار بەخت كۈنى، ئەلگە تىنچلىق بولۇر،
ئىستىكىم، بۇ ياڭلىغ كىشىلەر ئۆلۇر.

*　　*

2174 بۇ ئەردى، ئەي ئەلىگ، مېنىڭ بىلىمىشىم،
ساڭا ئېيتتىم ئەمدى مانا ئۇقمىشىم.

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

2175 ئەلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم، دۇرۇس سۆزلىدىڭ،
كېرەك ئىدى شۇ، بىلىمدە ئازمىدىڭ.

2176 يەنە دەيدىغان بىر سۆزۈم بار ساڭا،
ئۇنى ھەم ئوچۇقلاپ دېگىن سەن ماڭا.

2177 بەگ ئۇلسا مۇشۇنداق سەرە، پەزلىلىك،
كېرەكتۇر ۋەزىر بولسا ئۇ قانچىلىك؟

2178 تولا قىلسا ئالتۇن ـ كۈمۈش خەزىنىنى،
تۈزەپ ئەل، ئارتتۇرسا ئۇ كەنت ـ شەھرىنى،

2179 ئېلىن سورىسا توغرا قانۇن بىلە،
ئىسسىنسا قوشۇن كۆڭلى خۇشلۇق ئىلە.

2180 خەلق تىنچ بولۇپ، ئاڭا قول تەگمىسە،
بېگىنىڭ نامى ياخشى بولۇپ ئۆچمىسە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



## يىگىرمە توققۇزىنچى باب

### بەگلەرگە ۋەزىر بولىدىغان كىشىنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدا ئۆگدۈلمىشنىڭ ئېيتقانلىرى

2181 جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش، ئېيتتى: ئەي خان،
ۋەزىردۇر بېگىنىڭ قولى ھەر زامان.

2182 كېرەكتۇر بۇ بەگكە ۋەزىر، بىگۇمان،
ۋەزىر ياخشى بولسا، تىنچ ئۇخلايدۇ خان.

2183 ۋەزىردۇر بۇ بەگلەر يۈكىن يۈدۈگۈچى،
خانلىقنىڭ ئۇلىنى مەھكەم ئەتكۈچى.

2184 بۇنىڭغا سەرە ـ خىل تولۇق ئەر كېرەك،
كۆڭۈل، ئەقلى كامىل، كۆيۈنسە يۈرەك.

2185 ئۇنىڭ ئەقلى كۆپ بولسا، ئىلمى دېڭىز،
پۈتۈن ئىش پۈتكۈزسە، قىزارتسا مەڭىز.

2186 ئېسىل ھەم تەقۋادار ھەم بولسا كۆڭلى،
دۇرۇسلۇق بىلە ھەم ئۆتكۈزسە كۈنى.

2187 ۋەزىرلىك ئۇلۇغ ئىش، كېرەك خىل كىشى
مۇكەممەل يېتىشكەن، خۇش پېئىل كىشى.

2188 ئەقىللىك كېرەك ھەم بىلىملىك كېرەك،
سىلىقلىق كېرەك ھەم تېتىكلىك كېرەك.

2189 ئەقىللىك كىشى نەسلى ياخشى ئۇرۇق،
ئۈسەر قايدا بولسا، ئۇ قالماس قۇرۇق.

2190 كېرەكتۇر تەقۋادار، ئىمانلىق، ئېرىغ،
ئەمىن بولغاي ئەل ـ يۇرت ئۇنىڭدىن ئېرىغ.

2191 تەقۋادار كىشى ئول كىشىلەر خىلى
ھاجەتمەنگە دورا داۋا قىلغىلى.

2192 تەقۋادار كىشى ئىشتا ساقلىق قىلۇر،
ناچار ئىشتىن يىراق، ئىش ۋاقتىن بىلۇر.

2193 ئۇزۇندۇر قولى ئەلدە بەگدىن كېيىن،
يەتكۈزەر ۋەزىر بەگ قىلقىن، سۆزىن.

2194 يامان نەسىل كىشىلەر ئېرىغسىز بولۇر،
ئېرىغسىز ۋەزىرلىككە ياراغسىز بولۇر.

2195 ۋاپالىق بولۇر نەسلى پاكىز كىشى،
جاپالىق بولۇر ئۇ ئېرىغسىز ئىشى.

2196 ئىشىتكىن. نېمە دەر قانۇنلۇق كىشى.
قانۇنلۇق كىشى ئۇ بولۇر ئەل بېشى:

2197 ئېسىل زات كىشىنىڭ خۇي ـ پەيلى سىلىق.
ۋاپا بىرلە خەلققە ئاچار ئۇ ئېلىگ.

2198 ئېرىغسىز قىلىقى ۋاپاسىز، جاپا،
بېرىپ باقسىمۇ ئاڭا شېكەر ھەم يىلىك.

2199 ئۇياتلىق، كۆزى توق، ئىشەنچلىك كېرەك،
ئۇياتسىز جىمىدىن ياماندۇر دېمەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى



2200 كۆزى توق كىرەك، مالغا قىزغانمىسا،
كۆزى ئاچ ئۇ تويماس، بۇ دۇنيا يىسە.

2201 كىشىنىڭ سەرخىلى ئۇياتلىق كىشى،
ئۇياتلىق كىشىدۇر كىشىلەر بېشى.

2202 ئۇياتلىق كىشىگە پۈتۈن ئىشنى بەر،
ئۇياتلە جاھالەت ئىشىكىن ئېتەر.

2203 ئۇياتسىز كىشىدۇر كىشى رەزىلى،
دۇرۇس سۆز سۆزلىمەس ئۇياتسىز تىلى.

2204 ئۇياتلىق مۇلايىم ئېمە دەر ئىشىت،
كۆيۈنگەچ ساڭا ئۇ قىلىپ بىر ئۇگۇت:

2205 ئۇياتسىز كىشىدىن يىراق تۇر يىراق،
ئۇياتسىز كۆزىدە خۇنۇك بىر قاراق.

2206 گۆشسىز بىر سۆڭەكتۇر ئۇياتسىز يۈزى،
ئېتىلمەس تۆشۈكتۇر ئۇياتسىز كۆزى.

2207 ئۇيات بىرلە ئەر ئابرۇيلۇق بولۇر،
ئۇيات بىرلە ئادەم كۆزى نۇرلىنۇر.

2208 چىراي ھەم كېلىشكەن ساقال ـ چاچ كېرەك،
ئۇز خۇلقى خەلققە ئۇلۇش بولغۇدەك.

2209 قىلىقى دۇرۇس بولسا، خۇلقى ئوڭاي،
تېگەر ياخشىلىق ئەلگە ئۇندىن يىل ـ ئاي.

2210 دۇرۇس بولمىسا ئىشتا ئىشچى بېشى،
بولۇر ئەگرى پۈتۈنلەي بەگلەر ئىشى.

2211 كىرەكتۇر دۇرۇسلۇق، ئىشەنچ ئىشچىغا،
تاپشۇرسۇن بەگ ئىشىن ئىشىنىپ ئاڭا.

2212 چىرايلىق كىشى خۇلقى كۆركەم بولۇر،
گۈزەل بولسا خۇلقى، ئەلگە نەپ تېگۈر.

2213 كىشىكى گۈزەلدۇر يۈزى ھەم ئۆزى،
تېشىدەك چىرايلىق بولۇر ئىچ يۈزى.

2214 تېمە دەر، ئىشىتكىن، سىنىغان كىشى،
سىناپ ياخشى - يامانىنى بىلگەن كىشى:

2215 كىشىنىڭ كۆركىگە ئىچىدۇر ئاداش،
يۈزى كۆركى بىرلە قىلىقى قاياش.

2216 تېشىنى كۆرۈپ بىل ئىچىگە گۇۋاھ
ئىچى ھەم بولۇر ئۇ تېشىغا ئوخشاش.

2217 ۋەزىردە بەھەيۋەت بولغاي ساقال - چاچ،
بەھەيۋەت بولسا ئۇ، ئىش تاپار راۋاج.

2218 ھېساب بىلسۇن ھەم بولسۇن ئالىم، تېتىك،
بىلىم بىرلە بىلسۇن ئۇ تۇرلۇك بىتىك.

2219 ۋەزىر ئىشى ھەممە ھېسابلە بولۇر،
ھېساب بىلمىسە ئىشچى، ئىشى قالۇر.

2220 كىشى ئىش - كۇشىنى ھېسابلاپ قىلار،
يىل - ئاي، كۈن ۋاقتىنى ھېسابلاپ تاپار.

2221 ھېساب ساقلىقىدىن ئاتالدى «ساقىش»،
كۆرۈرسەن، ھېساب ئۇ ئۆزى بەك ساق ئىش.

2222 تېتىك بولمىسا، ئىش قىلالماس كىشى،
تېتىكلىك بىلە قىلدى ئىنسان ئىشى.

2223 يېزىق بىرلە ئادەم يازار بىلگىنىن،
يېزىشلە بىلۇر ئەر نېمە قىلغىنىن.

2224 تېتىكلىك نىشانى ئېرۇر بۇ بىتىك،
يېزىقنى بىلگەن ئەر بولۇر بەك تېتىك.

2225 يېزىق بىلمەس ئەرسە ئادەم ئوغلانى،
بىلەلەيتتى قانداق يىل، ئاي، كۈن سانى.

2226 يېزىپ قويمىغان بولسا ئالىم بىتىك،
ھېسابقا بولۇر ئەردى چارە نېچۈك؟

2227 ياراتماستىن ئاۋۋال خۇدا بۇ ئالەم،
ياراتتى، يۇرۇتتى بۇ لەۋھۇ ـ قەلەم[135].

2228 پەرىشتە پۈتىدۇ نېمە قىلسا قۇل،
خۇدا ئاڭلا سورار نە ئىش قىلدى ئول.

2229 ۋەزىر بولسۇن مۇلايىم ۋە يۇمشاق تىلى،
بۇ خەلققە ئۆزىن سۆيگۈزۈشنىڭ يولى.

2230 مۇلايىم بولسا ئۇ سۆيدۈرەر كىشىن،
سۆيۈندۈرگۈچى خۇش قىلۇر يولدىشىن.

2231 مۇلايىم، بېسىق ئەر نېمە دەيدۇ، كۆر:
مۇلايىملىق ئەرگە نە ياخشى بولۇر.

2232 سۆيۈلدى ئەل ئىچرە كىچىك دىل كىشى،
سۆيۈلمەس، تەكەببۇر، يىرىك دىل كىشى.

2233 كىچىك دىل ئۇلۇغلۇق سۈرەر كۆپ زامان،
تەكەببۇرغا تەگمەس ئۇلۇغلۇق ھامان.

2234 ۋەزىرلىككە بەكمۇ پۈتۈن ئەر كېرەك،
ئۇقۇملۇق، ساۋاتلىق، بەك ئاقىل كېرەك.

2235 تىلى، كۆڭلى بىر ھەم قىلىقى كۆنى،
ئۇياتلىق، كۆيۈمچان ۋە خەلقنىڭ چىنى.

2236 كۆزى توق، سەگەك، ساق ھەم ئىش بىلگۈچى،
يارامىلىق، يارامسىزنى پەرق ئەتكۈچى.

2237 ۋاپادار ھەم ئىشچان، ھەم ئەيمەنگۈچى،
ئامانەتتە كۆڭۈلنى ساپ تۇتقۇچى.

2238 تولۇق بولسا كىمدە بۇ پەزلى ـ بىلىك،
ۋەزىرلىك ئاڭا بەرسە بولغاي ئەلىگ.

2239 ۋەزىر بولسا بەگكە مۇشۇنداق كىشى،
بولۇر بەگ ۋە خەلقنىڭ ھەم ئاسايىشى.

2240 بولۇر بەگ ئىشى مەقسىتىدەك تولۇق،
تۈزىلىپ ئېلى، خەلقى باي بولغۇلۇق.

2241 يارامسىز، يامان بولسا ئەلگە ۋەزىر،
ئۇ ئەل خەلقى بۇزۇلۇر، بولۇر باي ـ پېقىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



2242 ۋەزىر بولسا ياخشى، خەلققە پايدىدۇر،
خەلق پايدىسىلە بەگ ھەم زوق ئالۇر.

2243 ئىشتىكىن، بىلىمى دېڭىزدەك بىر ئەر،
بىلىم بىرلە كۆڭلى يورۇق، نېمە دەر:

2244 ئۆز بولسا بېگىنىڭ دىلى ۋە تىلى،
تۇتار خىزمەتچىسى توغرىلىق يولى.

2245 ئەگەر بولسا بەگلەر زالىم ھەم يامان،
چىقار خىزمەتچىسى تۈز يولدىن ھامان.

2246 گەر ياخشى بولسا بەگ، خىزمەتچى ھامان
بولۇر ياخشى پېئىل، تەگكۈزمەس زىيان.

2247 يامان بولمىغۇنچە بۇ بەگ، دىققەت ئەت،
يولاتماس يامانىنى ئۆزىگە پەقەت.

2248 يامان قايدا بولسا يامانلار بىلە،
ئەي ياخشى، يۈرۈپ ياخشى يولداش تىلە.

2249 يامان ياخشى بىرلە ياراشماس بولۇر،
تۈز ئەگرى بىلەن چىقىشالماس بولۇر.

2250 قارا تۈن، يورۇق كۈن ئارىسى يىراق،
يېشىل سۇ قىزىل ئوتقا بولماس قوناق[130].

2251 تونۇشسىز كىشىنى بىلەي مەن دېسەڭ،
تونۇشتىن سورىغىن، بىلۇرسەن ئۆزۈڭ.

2252 يۈرەر ئۆز توپى بىرلە ھەربىر نېمە،
دۇرۇس بول، ئەگرىگە قوشۇلۇپ يۈرمە.

2253 بۇ سۆزنىڭ گۇۋاھى بۇ بېيىتتۇر، ئوقۇ،
بۇ بېيىتنى ئوقۇپ سەن كۆڭۈلگە توقۇ:

2254 جىمىكى ماگار ھەم ئۇچار نەرسىلەر،
ئۆزى تەڭتۇشىن ئۆزىگە يولداش ئېتەر.

2255 يامان ياخشى بىرلە قوشۇلماس، قاچار،
ئومۇمغا مىسال ئۇشبۇ تەمسىل يېتەر.

2256 ۋەزىر بەگكە دائىم كېڭەشچى بولۇر،
كېڭەشچى كىشىلەر قىياسچى بولۇر.

2257 يامانغا قوشۇلما، قارا ياخشىسى،
بولۇر يامان خۇلقى، ئېغىر بوغچىسى.

2258 ئۆزىگە يېقىن تۇتسا ياخشىنى خان،
تېپىپ ياخشى ئات، ئەل تۈزىلەر ھامان.

2259 ئەگەر بەگ يامانىنى يېقىن يولىتۇر،
ئېتى ھەمدە دۆلەت ئىشى بۇزىلۇر.

2260 مۇشۇنداق ۋەزىر گەر تېپىلسا، ئەي خان،
ياشار خان ھۇزۇردا، خەلق ئۇخلار ئامان.

2261 يېتۇر مەقسىتىگە ئۇنىڭ بىرلە خان،
بولۇر ئىش ئوڭۇشلۇق، نە بولسا زامان.

2262 بولۇپ باي خەلقى، ئەل ئوبدان تۈزىلۇر،
ھاياتى تاپار بەخت، خەزىنە تولۇر.

2263 قېرىماس بولۇپ ئېتى مەڭگۈ قالۇر،
قېرىپ ئۆلسىمۇ، ئورنى ياخشى بولۇر.

2264 بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيا بولۇپ بەختىيار،
سائادەت ئىچىدە ئۇ مەڭگۈ ياشار.

### ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

2265 ئەلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم بۇ سۆزنى پۈتۈن،
تولا ياخشى سۆزلەر قىلىندى بۇ كۈن.

2266 ماڭا ئېيتقىن ئەمدى بۇ ئەسكەر بېشى،
نېچۈك قىلماق كېرەك بۇ بەگلەر ئىشى

2267 ئىشىن ئىشلىسە ھەم ئەسكەر باشلىسا،
ئىشى باشقا چىقسا، خاتالاشمىسا.

2268 دېگىن سەن ماڭا كىم بۇ ئىشقا يارار،
سۈرۈپ ياۋ لەشكىرىن، قىلۇر تارمار؟

## ئوتتۇزىنچى باب

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە ئەسكەر باشلىغۇچى كىشىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى

2269 جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش، ئېيتتى: ئەي خان،
قولۇڭ ياۋغا ئۈستۈن بولسۇن ھەر زامان.

2270 كېرەك بەگكە جەزمەن قوشۇن باشچىسى،
ئېچىشقا ياراشماس ياۋنىڭ ئۇيقۇسى.

2271 بۇ ئىشقا جەسۇر، بەك قاتتىق ئەر كېرەك،
بېشىدىن ئىش ئۆتكەن ئەر يۈرەك كېرەك.

2272 ناھايەت چوڭ ئىشتۇر قوشۇن باشلىماق،
تۈزەپ لەشكىرىن، ياۋنى قىرىپ تاشلىماق.

2273 كېرەكتۇر مۇڭا خىل ۋە ھوشيار ئەرەن،
ئۇ تۆھمەت كۆرمىگەي غاپىللىق بىلەن.

2274 ئۇ بولسۇن مۇلايىم، باتۇر ۋە سېخىي،
ۋە تەمكىن، تۈزى ـ نېنى كەڭرى تېخى.

2275 سېخىي بولسا قوشۇننى باشلار كىشى،
يىغىلغاي ئاڭا خىل كىشىلەر بېشى.

2276 چېرىككە ئۈلەشتۈرسە بار مېلىنى،
ئاداش ـ دوست ۋە قولداش تۇتسا ھەممىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقان تارمىسى



2277 ئۆزگە بىر ئات، تون، قورال بەس ئېتەر،
جاھانغا ئېتى بولسا مەشھۇر، يېتەر.

2278 ئوغۇل ـ قىز غېمىن دەپ مېلىن يىغمىسا،
بېغىم، سۇ، يېرىم دەپ كۆمۈش تاپمىسا.

2279 قىلىچتىن ئىستىسە پۈتۈن مەقسىتىن،
بۇلاپ ئالسا، بەرسە، يېيىپ شۆھرىتىن:

2280 يېگۈزسە، ئىچۈرسە، كىيگۈزسە كىيىم،
قورال، ئات، قىز ـ ئوغلان بېرىپ كۆپ قېتىم.

2281 شۇ ھالدا يىغىلۇر باتۇرلار ئاڭا،
شېرىن جان پىدالاپ، ياتۇر تاغ ـ قىيا.

2282 ئەقىللىك كېرەك ھەم يۈرەكلىك كېرەك،
جەسۇرلۇق كېرەك، كەڭ كۆڭۈللۈك كېرەك.

2283 سوقۇشتا كېرەكسىز يۈرەكسىز كىشى،
يۈرەكسىز كىشى ئۇ چىشى ئوخشىشى.

2284 يۈرەكسىز كىشى ئۇ قوشۇنىن بۇزار،
بۇزۇلسا قوشۇن، ئەر بىر ـ بىرىن بۇزار.

2285 ئۇرۇشتا يۈرەكلىك، چىداملىق كېرەك،
سېلىپ كەلسە ياۋ ئات، يىغىلماق كېرەك.

2286 بولۇر ۋاقتى ئۆلۈمنىڭ نە ھالدا ئېسە،
يىگىت ئۆلمىگەي تا ئەجەل كەلمىسە.

2287 نېمە دەر، ئىشىتكىن، غەيۇر، جەسۇر ئەر،
ئۆلۈمنى ئۇنتۇپ، ياۋنى ئۇرۇر ئەر:

2288 كىشى ۋاقىتسىز ئۆلمەس ئانىدىن تۇغۇپ،
نېچۈن قورقادۇرسەن ئۆزۈڭ ياۋ كۆرۈپ:

2289 يېغىغا يېلىڭ تەگ، يېگىتتەك ئۇرۇش،
ئەجەل يەتمىگۈنچە، ھېچ بولماس ئۆلۈش.

2290 كېرەك ئەرگە ئۇيات، ئۇياتلىق ئۈچۈن،
ئۇرار ياۋنى تا ئالمىغۇنچە ئۈچۈن.

2291 ئۇيات بىرلە ئىنسان ياۋنى يوق قىلار،
ئۇرۇشتا ئەڭ ئاۋۋال ئۇياتسىز قاچار.

2292 قورقاقمۇ ئۇيىلىپ باتۇرلۇق قىلۇر،
ماختىلىش ئۈچۈن ئۇ ئۆزىن ئۆلتۈرۈر.

2293 يۈرەكلىك ئاتالغان ئۇياتلىق بولۇر،
ئۇياتلىق ئەر ئۆلسە ئۇرۇشۇپ ئۆلۇر.

2294 قوشۇن بېشى بولسا كەمتەر، مۇلايىم،
خەلققە سۆيدۈرەر ئۆزىن ئۇ دائىم.

2295 ئىسسىتۇر كىشىنى كىچىك دىل كىشى،
قاچۇرار كىشىنى ئىتتىك تىل كىشى.

2296 قوماندان ئۆزىنى تۇتاركەن يوغان،
يېگەي دۈشمىنىدىن تاياق بىگۇمان.

2297 تەكەببۇر كىشىلەر غاپىللىق قىلۇر،
غاپىللار بۇزۇلۇر، يا بىۋاخ ئۆلۇر.

2298 ئېتىم چىقسۇن دېسە ئۇ، بولسۇن جەسۇر،
ساقال ـ چېچى رەتلىك، بەھەيۋەت، غەيۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



2299 يامانغا ھەيۋەت كېرەك، قورقۇتقىلى،
ياۋاشلارغا ياخشىلىق، سۆيدۈرگىلى.

2300 سىياسەت يۈرۈتسۇن قوشۇننىڭ بېشى،
سىياسەتكە باغلىق قوشۇننىڭ ئىشى.

2301 سىياسەتلە قالماس قوشۇن باشچىسىز،
باش ئولسا، ئۇيۇشقاي قوشۇن شۈبھىسىز.

2302 قايۇ بىر قوشۇن بولسا باشسىز، بوشاڭ،
بۇزۇلۇر ئۇ قوشۇن، ئەي خان، كۆپ ياشاڭ.

2303 يامانلارغا ھەيۋەت، سىياسەت كېرەك،
يەنە ياخشىغا دائىم ھۆرمەت كېرەك.

2304 پۈتۈن ياخشىغا ياخشىلىق قىل تولۇق،
ئۇلارنى سۆيۈندۈر، سالما ئېغىر يۈك.

2305 تىلەر ياخشىلىق ھەممە كىشى ئاختۇرۇپ،
كىشى قۇل بولۇر ئەرگە، ياخشىلىق كۆرۈپ.

2306 مۇلايىم خۇي كىشى نە دەيدۇ، ئىشىت،
تەسەللى بەر ئۆزگە، ئوقۇپ بۇ بېيىت.

2307 ئازاد ـ ھۆر كىشىلەر ياخشىلىق قۇلى،
قىلىپ ياخشىلىق ئاچ دۇرۇسلۇق يولى.

2308 كىشىلىك قىلىشقا كىشى بول ھامان،
كىشى قۇردى شۇنداق كىشىلىك يولى.

2309 كېرەك بۇ قانچە ئىش قوماندان ئۇچۇن،
يۇرۇش قىلغاندا ياۋغا، تۈزەپ يول ـ يوسۇن:

2310 سوقۇشقاندا يولۋاس يۈرەكلىك كېرەك،
تۇتۇشقاندا يىلپىز بىلەكلىك كېرەك.

2311 توڭگۇز كەبى تەرسا، بۆرىدەك كۈچى،
ئېيىقتەك ئېتىلغاق، قوتازدەك ئۆچى.

2312 ئۇ بولسۇن ھىيلىگەر قىزىل تۈلكىدەك،
ئاداۋەتچى بولسۇن بۇغرا توگىدەك.

2313 سېغىزخاندىن سەگەكرەك بولسۇن ئۆزى،
كۆرسە قىيا قۇزغۇنىدەك يىراقنى كۆزى.

2314 قارا، بولسۇن ھەممەتتە ئۇ ئارسلان،
كېچىسى ھۇۋۇقۇشتەك ئويغاق ھەر زامان.

2315 مۇشۇ خىل سۈپەتلە ئۇ جەڭچى بولۇر،
بولۇر جەڭچى ھەمدە يارامچى بولۇر.

2316 بۇ جەڭچى ياراغلىق كىشىدۇر داۋام،
ئۇرۇپ ياۋنى تارمار قىلىشتا تامام.

2317 تۇزى ھەم نېنى، ئېشى كەڭ بولغۇلۇق،
ئاڭا ئات، قورال، تونمۇ تەڭ بولغۇلۇق.

2318 ئاش ـ تائام، تۇز ـ نان ئەر ئاتىن يايۇر،
يېمەك ـ ئىچمەك تىرىكلىك ئىلاجى ئېرۇر.

2319 نېمە دەر ئىشتىكىن ئىلى ئاتلىقى:
تۇزۇ ـ نانى كەڭ قىل، كىشى قۇتلۇقى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

2320 يېگۈز نان ـ تۈزۈكنى شۆھرەت ئىستىسەڭ،
شۇ ئىشلارنى قىلغىن ھايات تىلىسەڭ.

2321 ئىشەنچلىك، سېخىي ـ مەرد كىشىلىك ئېتەر،
تۈزۈ ـ نان ھەققى دەپ ئەر ھەققىن ئۆتەر.

2322 ئۇلۇغلۇق تىلىسەڭ ئاش، ئىچمەك تارات،
تاپار ئاش بىلەن ئەر ئۇزۇنراق ھايات.

2323 كېرەك بۇ قانچە ئىش قوماندان ئۈچۈن،
ئىشنى رەتلىسە، تۈزەپ يول ـ يوسۇن:

2324 سۆزى چىن، ئېيتقىنى راست بولسۇن تامام،
ئۇلۇغ بولسا يالغانچى، پۈتمەس ئاۋام.

2325 ئىككىنچى، سېخىيلىق، بېرىشتۇر ئىشى،
بېخىلغا يولىماس ئالارمەن كىشى.

2326 ئۈچىنچى، يۈرەكلىك ۋە بولسۇن جەسۇر،
يۈرەكسىز ياۋنى كۆرسە ئاغرىپ ياتۇر.

2327 تۆتىنچى، ئۇ بىلسۇن ھىيلە ۋە پىلان،
تۇتار ھىيلە بىرلە كىشى ئارسلان.

2328 قوشۇننى بۆسۈشكە چىڭ بولماق كېرەك،
چېرىك قوزغىتىشقا تېز بولماق كېرەك.

2329 قوماندادا بولسا بۇ خىسلەت ئەگەر،
يېڭىپ يېغىنى، ھەيۋىسىن يوق ئېتەر.

2330 قوشۇننى باشلىسا شۇ خىل قوماندان،
قولى ئۈستۈن بولۇر دۈشمەنگە هامان.

2331 قوشۇن باشلىقى ياۋغا بولسا دۇچار،
كۈنۈ ـ تۈن بولغۇلۇق ئويغاق ۋە هوشيار.

2332 كېرەكمەس كۆپ چېرىك، چېرىك خىل كېرەك،
چېرىككە خىللانغان خىل قورال كېرەك.

2333 قوشۇن سانى كۆپ بولسا باشسىز بولۇر،
قوشۇن بولسا باشسىز، يۈرەكسىز بولۇر.

2334 سىنىغان بىر هەربىي قىياسەن دېمىش،
ئون ئىككى مىڭ ئەرلىك قوشۇن كۆپ ئىمىش.

2335 دېمىش ياۋنى يەڭگەن بىر باتۇر چېۋەر،
ماڭا تۆت مىڭ ئەرلىك قوشۇن دەل يېتەر.

2336 كۆپ ئەسكەر يېيىلسا، ئىچى بۇلغىشار،
تۈزەپ بولماس ئۇنى، يارامسىز بولار.

2337 ئاتاقلىق جەسۇر ئەر، يەنە سۆزلىمىش:
قوشۇندا قورال ـ ئەر خىل بولسۇن دېمىش.

2338 ئاتانغان سوقۇشچى نە دەر ئاڭلىغىن،
بۇ سۆزنى ئىشىتكەچ، ئەمەل ئەيلىگىن:

2339 قوشۇننى كۆپەيتمەي، قىل ئەرلەرنى خىل،
يىگىتلەر بىلەن تەڭ قورال سەرە قىل.

2340 كۆپىدىن ئازى خوپ، بولسا مۇنتىزىم،
يىغىلگەن سانى كۆپ چىرىك كۆپ قېتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



2341 قوماندان يېغىغا ھۇجۇم قىلسا گەر،
يېقىن تۇتسۇن ئۆزگە يېغى ئۇرار ئەر.

2342 كېرەك چارلىغۇچى قىسىم خىللىماق،
قۇلاق - كۆزنى ساقلاپ، يىراق قارىماق.

2343 چارلاۋچى ئۇچراشسا تۇتغاقلا[137] يېتىپ،
ھۇجۇمنى قىلسۇن ئۇ ئارقىدىن بېرىپ،

2344 قوشۇننى ساقلىسۇن، قىلسۇن مۇنتىزىم،
كېيىن ۋە ئىلگىرى يۈرمىسۇن ھېچكىم.

2345 قارارگاھ ۋە يۇرتۇغ[138] تۇزۇش بىلسۇن ئۇ،
قوشۇن ساقچىلىرى ھوشيار تۇرسۇن ئۇ.

2346 كۆزەتسۇن ھەربىكەتنى ئەلەم تۇتقان ئەر،
ھېچ چەتتە قالمىسۇن ياۋنى ئۇرار ئەر.

2347 قوشۇننى چۇشۇرسۇن پۇختا جاي كۆرۈپ،
يىراق كەتمىسۇن ئۇ، تۇرسۇن توپ بولۇپ.

2348 غەپلەتتە قالمىسۇن، بولسۇن ئۇ ھوشيار،
غاپىل بولسا، دۈشمەن زىيانلار ئۇرار.

2349 يېقىنلاشسا ياۋغا دېرىكىن ئېلىپ،
قارارگاھ قۇرسۇن ئۇ ئوت - سۇنى كۆرۈپ.

2350 قوشۇننى كۆزەتسۇن، ئۇ تىل[139] بەرمىسۇن،
قوشۇن ئازمۇ - كۆپ ياۋ ئۇنى بىلمىسۇن.

2351 ئەڭ ئاۋۋال تىرىشىپ تىل ئالماق كېرەك،
بۇ تىلدىن ياۋ ھالىنى بىلمەك كېرەك.

2352 ئىشىنى شۇنىڭغا قاراپ ئىشلىسۇن،
كېيىپ ياۋ بېشىنى بويىنىن يانجىسۇن.

2353 مانا بۇ ھوشيارلىق، ئويغاقلىق بولۇر،
سوقۇشتا كىم ھوشيار بولسا شۇ ئۇتۇر.

2354 بېگى ئويغاق قوشۇننىڭ ئەجدەر باشچىسى.
مىنەر ئۇ ئارسلان، قىلىچ ـ قامچىسى.

2355 كېرەك ياۋ يوقاتماققا ئىككى قورال،
بۇ ئىككى قورالدىن كۆرەر ياۋ زاۋال.

2356 ئەڭ ئاۋۋال كېرەكتۇر ھىيلىنىڭ ئۆزى.
ياۋ ئالدانغىنىدىن قىزارسۇن يۈزى.

2357 ئىككىنچى، سەگەكلىك ـ ئويغاقلىق ئېرۇر،
كىم سەزگۈر، ساق بولسا، ئۇ ئۈستۈن كېلۇر.

2358 كىم جەڭدە بولۇر ساق، ئويغاق ۋە ھوشيار،
ئۇ ياۋغا گۇمانسىز زىيانلار سالار.

2359 قوشۇنى كۆپ بولسا ياۋنىڭ، سېنىڭ ئاز،
سوقۇش قىلما، تېزدىن كۆر تەدبىرىن ساز.

2360 ياراش مۇمكىن بولسا، ئۇرۇشما، ياراش،
يوق ئەرسە، ساۋۇت كەي، ئېلىشىپ تالاش.

2361 تىرىش، غەيلەتتە قوي، كېچە قىل ھۇجۇم،
كېچىدە كۆپ ئازلىق بىلىنمەس چوقۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



2362 يېگىنشقا ئەگەرچە يەتمىسە كۈچۈڭ،
ئەۋەت سەن ئەلچىلەر، ياراشقىن ئۆزۈڭ.

2363 تىلىڭ بىرلە ئەل بول، ئۆزۈڭنى كۆزەت،
سوقۇشماقتا ئالدىرما، سۆزنى بەس ئەت.

2364 ئەگەر بۇمۇ بولماي، يېغى قۇترىسا،
ئۇرۇشماقنى ئىستەپ، كۆڭۈل بەرمىسە.

2365 ئىشىڭنى ئۇزارتماي قوشۇن تۈز، سوقۇش،
ئاتاپ ماختا ئەرنى، تارات مال، كۈمۈش.

2366 ئۇزارسا سوقۇش، ياۋ ھوشىنى تاپۇر،
كۆزى كۆرسە كىشى كۆپنى ئۆگىنۇر.

2367 نىمە دەيدۇ ئاڭلا ياۋنى يەڭگەن ئەر،
بېشىدىن ئىش ئۆتكەن، كۆزى كۆرگەن ئەر:

2368 ياۋ داڭقى يىراقتا كۆرۈنمەستە زور،
بۇ شۆھرەت كۆرەشكەندە كەملەپ كېتۇر.

2369 يېغىغا يېلىڭ تەگ، مېلىڭ ئالمىسۇن،
سوزۇلسا يېگىلدىڭ، ئىتتىك بول، يۈگۈر.

2370 چىرىكتىن بىر قىسمىنى قوي مۆكتۈرۈپ،
ياياق ئوقچىنى سال سەن ئالدىن يۈرۈپ.

2371 يېشى چوڭ، جەسۇرلەر كۆرەشچانىنى
سەپ ئالدى قىل، باشلاپ ماڭسۇن جەڭچىنى.

2372 ساقال ـ چاچ ئاقارغان كۆرەشچى بولۇر،
كۆرەشچى بولۇر ھەم كۆپ ئىشنى بىلۇر.

2373 كىچىك، ياش يىگىتلەر بولۇر بەكمۇ تېز،
ئەگەر ئۆرۈسە يۈز، ئۆچەر ئوتى تېز.

2374 ئىشەنچلىك كىشىنى قوي ئالدىن، كېيىن،
بېكىت ئوڭ ـ سولۇڭغا يەنە باشقىدىن.

2375 يېقىنلاشسا لەشكەر، تۇتۇشقاندا ئەر،
ئۇدۇلدىكىنى ئۇرسۇن، ئۇرۇپ نەرىلەر.

2376 ئەڭ ئاۋۋال يىراقتىن ئوقىن ئاتقۇلۇق،
يېقىنلاشسا نەيزە بىلەن تىققۇلۇق.

2377 كىرىشكەندە پالتا، قىلىچ بىلەن چاپ،
ياقىدىن تۇت، چىشلە تىرناقتا تاتىلاپ

2378 چىدا، ياۋغا ئارقاڭنى بەرمە تۇتۇپ،
يوقات ياۋ ياكى يات ئۇرۇشتا ئۆلۈپ.

2379 دېمە دەيدۇ ئاڭلا، سەپ يارغان جەسۇر،
چىدا سەن، چىدىغان دۈشمەننى يېڭۇر:

2380 كېلىن قىز سۆيۈنچى تىكاھ ـ توي تۈنى،
باتۇرنىڭ سۆيۈنچى جەڭ قىلغان كۈنى.

2381 سۈرەر ئالغا لەشكەر باتۇر ئات چېپىپ،
لاچىن قۇش ئالۇردەك تۆكەر ياۋ قېنى.

2382 يېغى كۆرسە باتۇر قوپارتۇر توزان،
بۆلەكلەرگە نۆۋەتنى بەرمەس ھامان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



2383 چېرىك كۆرسە باتۇر بولۇر ئارسلان،
قىلۇر ياۋنى يوق، يا بېرۇر ئۆزى جان.

2384 يېغى كۆرسە باتۇر قىزارتۇر يۈزىن،
بويايدۇ قىزىل قانغا جەڭدە ئۆزىن.

2385 ئېگەر، ئات، ساۋۇتلار بولۇر قىپقىزىل،
قىزارغان قىزىل يۈز بولۇر ياپيېشىل.

2386 يېغى ئات سېلىپ ساڭا قىلسا ھۇجۇم،
چىدا، سەن بەرمە تەن، توزۇيدۇ چوقۇم.

2387 يېغى گەر تەۋرىسە، سەن ھەم تەۋرىگىن،
ئاياغ ئۆرە ھازىر تۇرۇپ بابلىغىن.

2388 ئەگەر ياۋ چېكىنسە قوغلاپ تۇتمىساڭ،
ئۇنىڭدىن يېتەرلىك ئەسىر ئالمىساڭ.

2389 جەسۇر جەڭچىلىرىڭ سېپى بۇزۇلۇپ،
كېلەر ياۋ ھۇجۇمنى باشلاپ، بۇرىلىپ.

2390 يېغى قاچسا قوغلاپ ئۇزاپ كەتمىگىل،
ئەگەر قايتسا دۇشمەن، قاچالمايسەن، بىل.

2391 ياۋ ئولسا ئۇمىدسىز ئۆلۈمگە يۈرۈر،
ئۆلۈمدىن قورقمىغانغا كىم تەڭ كېلۇر؟

2392 شۇ پەيتتە ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت، سەن كۆزەت،
گەر ئەكسى بولسا، ئۇز ئۇمىدىڭ پەقەت.

2393 غاپىل بولسا ئەر، كۆر، يۇرەردە ئۆلۇر،
غاپىل بولمىسا ئەر، تىلەككە يېتۇر.

2394 ماڭا مۇنداق ئېيتتى ئىش كۆرگەن كىشى،
ئىش كۆرگەن كىشىنىڭ سۆزى سۆز بېشى:

2395 يېغى قاچسا بارما ئۇزاق يەرگىچە،
يىراق قوغلىغان قامچا يەر تويغۇچە.

2396 يېغى بىر چېچىلسا يىغىلمىقى تەس،
سۇ ئوتنى ئۆچۈرسە، ئۇ يانمايدۇ، بەس.

2397 ئۇمىدسىز كىشىلەر ئۆلۈمنى كۇتۇر،
ئاۋۋال ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۆزى ئۆلۇر.

2398 كىم ئىش قىلسا تېز ئاڭا مال بەرگۈلۈك،
بېرىپ مال، يۈزىنى قىزىل قىلغۇلۇق.

2399 ئەسىر ئالسا ماختاپ تارتۇقلاش كېرەك،
بۇ تارتۇق بىلەن بولسۇن ئەر خۇش يۈرەك.

2400 يامان ماختىلىش بىرلە ياخشى بولۇر،
ماختالسا ياخشى قاچان كېيىن قالۇر؟

2401 تۇتۇر قول يىلەن ئەرنى ماختىساڭ،
يېتەر قۇشقا ئېتىڭ ئەگەر سىلىساڭ.

2402 داۋالات ياردار بولسا سەن كۆرۈپ،
قۇتۇلدۇر ئەسىر چۈشسە، سەن قايتۇرۇپ.

2403 كۆتۈرگىن قەدىرلەپ ئۆلگەن بولسا گەر،
ئوغۇل ـ قىز بولسا، ئاڭا ھەقنى بەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



2404 سۆيۈنگەي قوشۇنۇڭ گەر كۆرسە بۇنى،
قىلۇر جان پىدا ئۇ، جەڭ مەيدان كۈنى.

2405 شېرىن سۆز، كۈلەر يۈز، مال ـ نەرسە بېرىش،
كىشىگە بۇ ئۈچ نەرسە ياخشى بىر ئىش.

2406 ئازاد ـ ئەركىن ئەرلەر ئاڭا قول بولۇر،
رىزاسىن تىلەپ جان پىدالىق قىلۇر.

2407 بىر سۆز بار، ھېكىم، ئەمدى ئوخشاش مۇڭا،
كورۇپ ئويلىنىپ چىنپۇتەرسەن ئاڭا.

2408 كۈلەر يۈز، شېرىن سۆز بىلەن بىر تاۋار،
ئازاد ئەرلەر بۇ ئۈچكە كېلىپ توپلىنار.

2409 كۈمۈش بىرلە ئالتۇنغا ئالما قۇلۇڭ،
پىدا قىل بۇ ئۈچنى، ئۇمۇمنى يىغار.

2410 قوشۇن باشلىقى شۇنداق ئولماق كېرەك،
قوشۇن باشلىسا ئۇ بولۇر ئەزگۈرەك.

2411 گەر ئالتۇن ـ كۈمۈشنى سوۋغات ئەيلىسەڭ،
قىلۇرلار پىدا جان ساپ ئالتۇنغا تەڭ.

2412 بۇ ئۈچ بىرلە خىزمەتچى بولغاي قۇلى،
بۇنى بەگ بىلگۈلۈك ھەر ئىشنىڭ ئۇلى.

2413 مۇشۇنداق قوماندان تاپسا ئەگەر خان،
ئىشى باشقا چىققاي ئىشەنچلىك ھامان.

2414 ئەگەر بولسا شۇنداق قوشۇن باشلار ئەر،
سويۈنچكە چۈشۈپ ھەر ئىشى تۈزىلەر.

2415 يارامىلىق ۋەزىر كۆتسەڭ، شۇنداق كېرەك،
قوشۇن باشلىقى دېسەڭ بۇنداق كېرەك.

2416 بەگ شۇنداق كىشىگە ئىشەنسە بولۇر،
تىلەك ـ مەقسىتىنى ئۇلاردىن تاپۇر.

2417 يەنە ئېيتتى ئۆگدۈلمىش: ئەي ئەلىگ قۇتى،
ئىككى ئىش بۈيۈك ھەم ئۇلۇغلۇق ئېتى:

2418 ۋەزىرلىك بىرىدۇر، ئۇنىڭدا قەلەم،
قىلىچ تۇتتى بىرسى، قولىدا ئەلەم.

2419 بۇ ئىككىسى ئەلنىڭ تەرتىپىن تۈزەر،
بىرىكسە بۇ ئىككى ئۇنى كىم ئۈزەر.

2420 خىللانغان بولۇشى كېرەك بۇ كىشى،
گەر بەگكە زىت بولسا كېتەرلەر بېشى.

2421 ئەگەر پايدىلىق بولسا كۆپ پايدىسى،
زىت بولسا زىيانى ئەل ـ يۇرت تارتقۇسى.

2422 بەگ بولسا ئەگەر ئەل سەرە ـ ياخشىسى،
خەلقنىڭ خىلى بولسا ئۇ ئىككىسى.

2423 بۇلاردىن تولا پايدا ئەلگە تېگۇر،
بۇ پايدا بىلەن بەگكە يەتكەي ھۇزۇر.

2424 ھېكىم ـ خان نېمە دەر ئاڭا سال قۇلاق،
ھېكىملەر سۆزىن بىل ئۇزۇقلۇق ـ تاماق:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



2425 قىلىچ بىرلە ئالدى، كۆر، ئەل ئالغۇچى،
قەلەم بىرلە تۇتۇر يۇرتنى تۇتقۇچى.

2426 بولۇر تېز قىلىچ بىرلە يۇرت ئالغىلى،
قەلەمسىز مۇمكىن بولماس ئەل تۇتقىلى.

2427 يۇرت ئالماق مۇمكىندۇر قىلىچ ـ كۈچ بىلەن،
سوراپ بولماس ئۇنى كۆپ يىل ئۈچ بىلەن.

2428 قەلەملەر تۇتۇلسا بىرەر كەنت ـ شەھەر،
ئومۇمغا ئۇنىڭدىن نېسىۋە تېگەر.

2429 ئەي خاقان، مۇشۇلار مېنىڭ بىلگىنىم،
سورالغان ئۈچۈن مەن بۇلارنى دېدىم.

ئەلگىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

2430 ئەلىگ ئېيتتى، ئوقتۇم بەلگىلىك بۇنى،
يەنە بىر سۆزۈم بار، ئېيت، مەشھۇر، ئۇنى.

2431 ماڭا سۆزلە ئەمدى كۆرۈپ ئەزگۈرەك،
ئۆلۈغ ھاجىپلىققا نېچۈك ئەر كېرەك؟

2432 ئۆلۈغى شۇ بولسا، ھاجىپلار ئارا،
كۆيۈمچان بولۇپ قىلسا جاننى پىدا.

2433 ئىشەنسە ئاڭا بەگ ئۆزى ھەم ئېلى،
ئۇلارغا دۇئا قىلسا خەلق تىلى.

* *

2434 ئەلىگ ئېيتتى شۇنى، سۆزلە ئەمدى سەن،
يورۇتقىن كۆزۈمنى جاۋابىڭ بىلەن.

## ئوتتۇز بىرىنچى باب

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۇلۇغ ھاجىپلىققا قانداق كىشى لايىقلىقى توغرىسىدا ئىلىگكە ئېيتقانلىرى

2435 جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش ئاغزىن ئېچىپ،
دېدى: مىڭ ياشىسۇن ئەلىگ شادلىنىپ.

2436 ئۇلۇغ ھاجىپ ئارتۇق پۈتۈن چىن كېرەك،
بۇ چىنلىق بىلە بەك پۈتۈن دىن كېرەك.

2437 نەسەبلىك بولسۇن ئۇ، خۇلقى ئۈز، ئوڭاي،
كۆرۈپ ئەل نەپىئىنى، تۇغۇلسۇن كۈن ـ ئاي.

2438 تېگى ياخشى بولسا، بولۇر ياخشى ئەر،
بۇ ياخشى ئەر ئەلگە ياخشىلىق تىلەر.

2439 كىشى ياخشىسىدىن كېلۇر ئەزگۈلۈك،
يېمەك ـ ئىچمەك، مىنەرلىك ھەم كىيگۈلۈك.

2440 خۇيى ياخشى ئەر سۆزنى دەڭسەپ قىلۇر،
بۇ خىل ئەر ئىشى ھەم پاك ـ سۈزۈك بولۇر.

2441 كۆزى توق، ھايالىق، ئازۇكلۇق كېرەك،
تۈمەن خىل بىلىم ۋە زېرەكلىك كېرەك.

2442 كۆزى توق كىشى ئىشتا ئالماس پارا،
بولۇر كۆلكىلىك ھاجىپ ئالسا پارا.

2443 ئوڭۇشلۇق ھەر ئىشنى بۇزار بۇ پارا،
پىششىق ئاشنىمۇ خام قىلار بۇ پارا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيتى
www.uyghurkitap.com



2444 هايالىق، سىلىق بولسا نازۇك خۇيى،
كېلەر خۇلقى، سۆزىدىن ياخشىلىق بۇيى.

2445 ئۇياتلىق كىشى ئۇ يامان ئىش قىلماس،
قوشۇلماس يارامسىزغا، كىشى تىلىماس.

2446 سىلىق ئەرگە دۆلەت سىڭىملىك بولۇر،
سىلىق بولسا، بەختكە لايىقلىق بولۇر،

2447 زېرەك بولسا، مالدىن قىينالماس بولۇر،
بىلىم بولسا، ئىشتا يېڭىلمەس بولۇر.

2448 ئەجەب ياخشى دەپتۇ بىلىملىك ئۇلۇغ،
بىلىملىككە تەگدى قىممىتى تولۇق.

2249 بىلىملىك ئىشلىسۇن بۇ بەگلەر ئىشى،
ھېچ ئىشقا يارىماس بىلىمسىز كىشى.

2450 بىلىمدىن نەسىبە كىمگە تەگمىسە،
ئۆلۈك ئۇ، يارىماس تىرىكتۇر دېسە.

2451 بىلىملە بۇيۇكلەپ ئاتانغاي كىشى،
بولۇر ئەلدىن ئۇستۇن، ئۇنۇملۇك ئىشى.

2452 قۇرۇق بىر بوياقلىق ھەيكەل — ئىلىمسىز،
بىلىملىك كىشى ئورنى كۆكتە — ئېگىز.

2453 كېرەك ئىشتا ئەقىل، سەگەكلىك كېرەك،
سەگەكلىك بىلەن ئىش جىلۋە قىلۇر بەك.

2454 ئەقىل پايدىسى بەك تولا، زور ئېرۇر،
جىمى ياخشىلىقلار ئەقىلدىن بولۇر.

2455 ئەقىلسىز كىشىدۇر يېمىشسىز ياغاچ،
نە قىلغاي يېمىشسىز دەرەخلەرنى ئاچ؟

2356 ئەقىللىك تاپار ئۇ ھەر ئىككى جاھان،
ئالۇر ھەم ياخشى نام ئەقىللىك ھامان.

2457 ئەقىللىك، بىلىملىك كىشىدۇر كىشى،
كىشىنىڭ تولۇقى ۋە خەلقنىڭ بېشى.

2458 ھاجىپنىڭ ساقال ـ چېچى ئۇز بولسۇن يۈزى،
ئاۋازى ئەرەنچە ۋە ئوچۇق سۆزى.

2459 يۈزى، ھۆسنى، كۆركەملىكى خوش قىلۇر،
كىرىپ چىقسا مەردانە، ئاڭا يارىشۇر.

2460 كېلىشكەن ساقال ـ چاچ ـــ كىشى ھەيۋىتى.
بۇ ھەيۋەت بولۇر ئەر كىشى ھۆرمىتى.

2461 كېرەك تەقۋادار، دىن ئىگىسى ئېرىغ،
ئېرىغ بولسا پەيلى، بولۇر خۇلق ئېرىغ.

2462 كىشى بولسا دىندار، ئېرىغ تەقۋادار،
كىشىنىڭ ئىشىنى ئېرىنمەي قىلار.

2463 يەر تەقۋا كىشىلەر كىشى غېمىنى،
ئېرۇر تەقۋا كىشى كىشى ئويدىنى.

2264 تۇرار يۈزمۇيۈز دائىم ھاجىپ ئۆزى،
شۇڭا كۆزگە چىرايلىق كۆرۈنسۇن يۈزى.

2465 گۈزەل يۈزنى كۆرگەن كىشى خۇشلىنۇر،
كۆڭۈل ئېچىلۇر ھەمدە جان زوقلىنۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



2466 بىر ئالىم ئوخشىتىپ مۇڭدا ئېيتتى سۆز،
بىلىملىك سۆزىنى تۇت، ئەي قىلىقى ئۆز:

2467 كىشىچۇن نە ياخشى نەرسە — گۈزەل يۈز،
ئىچەر سۇ بۇ يۈز كۆركىدىن ئىككى كۆز.

2468 قوڭۇر چاچ گۈزەلنى، كۆر، ئەيلە بىر پال،
ئىشاڭ ياخشى بولغاي، بۆلەك سۆزنى ئۈز.

2469 هاجىپلىققا ئاقىل، كۆڭۈللۈك كېرەك،
بېسىق بولسا خۇلقى تېخى ئەزگۈرەك.

2470 كۆڭۈللۈك كىشى سۆزنى ئۇنتۇماس بولۇر،
كۆڭۈلسىز كىشى سۆزدە تۇرماس بولۇر.

2471 كۆڭۈل بولمىسا ئەر تاپالماس ئەشىن،
ئەقىل بولمىسا ئەر قىلالماس ئىشىن.

2472 كۆڭۈلسىز كىشى بىر ھەيكەلدۇر قۇرۇق،
قىلۇر ئىشنى ئىنسان كۆڭۈللە تولۇق.

2473 هاجىپ بولسۇن ئاقىل، كەمتەر، مۇلايىم،
پېقىر، تۇل، يېتىمگە كۆيۈنسۇن دائىم.

2474 زېرەكلىك كېرەك، ھەم بەك قانۇن بىلەر،
جاھان كۆركى ھەممە زېرەكتىن كېلەر.

2475 دىلى بولسۇن ھەممە كىشىگە كىچىك،
تىلى بولسۇن يۇمشاق، شېكەردەك چۈچۈك.

2476 ئۇچۇق يۈز كۆرۈنسۇن كىشىگە كۈلۈپ،
كىشىلىك ساقلىسۇن خۇش پېئىل بولۇپ.

2477 ئىشتىكىن، تاۋازۇ كۆڭۈللۈك نە دەر،
كۆڭۈل، تىل كىچىك تۇت، ئايا قىۋچاق[140].

2478 كۆڭۈل تۇتسا كەمتەر كىشى بەخت تاپار،
كۈلەر يۈز، ئىسسىق سۆزگە خەلق تويلىنار.

2479 كۈلەر يۈز، شىرىن سۆزگە ئەر ئىسسىنۇر،
ئىسسىنسا، بۇ ئىنسان ئەسىر، قۇل بولۇر.

2480 چىداملىق بولسۇن ئۇ ھەم تۇتسۇن ئۆزىن،
كۆزىن بەك كۆزىتىپ، چىڭ تۇتسۇن سۆزىن.

2481 قۇلىقى ساق ئولسۇن، ئەقىل، ئىلمى كەڭ،
مىجەزى تۈز ئولسۇن، تىلى - كۆڭلى تەڭ.

2482 پەزىلەتتە كامىل ۋە بىلسۇن بىتىك،
پۈتۈن ئىشتا ئەقلىن ئۇ قىلسۇن ئىتتىك.

2483 ئۇلۇغ ھاجىپ دېسە بولسۇن يۈز يورۇق،
كېرەك بۇ پەزىلەت، بىلىملەر تولۇق.

2484 تولا ئىنچىكە ئىش ئېرۇر ئىش ئارا،
ئەگەر دىققەت ئەتسەڭ ھاجىپلىق، قارا!

2485 كېرەك شۇ نەرسىلەر ھاجىپ بولغىلى،
تۇرۇپ باشتا ئەلگە يول كۆرسەتكىلى.

2486 مۇڭا ئوخشار ئەمدى بىر شائىر سۆزى.
بۇ شائىر سۆزىدۇر بىلىمسىز كۆزى:

2487 ھاجىپلىققا ئاۋال بۇ ئون نەڭ[141] كېرەك،
ئىتتىك كۆز، قۇلاق ساق، كۆڭۈل كەڭ كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



2488 گۈزەل يۈز، بوي، تىل، ئاڭ، ئەقىل ۋە بىلىم،
خۇلق ـ مىجەز بولارغا تولۇق تەڭ كېرەك.

2489 ياشىسۇن ئۇزۇن يىللار ئەلىگ ئۆزى،
ئۇلۇغ ھاجىپ ئېرۇر ئۇ بەگلەر كۆزى.

2490 نازۇك ئىش ئېرۇر ئۆرپ، قانۇن ۋە ئۇسۇل،
بۇنى رەتلەپ ھاجىپ ئاچار ئىشىك ـ يول.

2491 مۇڭا ئوخشىشىپ كەلدى ئالىم سۆزى،
ئىشتىكەن كۆڭۈل بەرسۇن، بىلسۇن ئۆزى:

2492 ئۇلۇغ ئىش ئېرۇر بۇ ھاجىپلىق ئىشى،
قىلالايدۇ بۇ ئىشنى لايىق كىشى.

2493 ھاجىپ ئىشى بولسۇن ۋە يا بەگ ئىشى،
كېلەر چوڭ ـ كىچىك ئەرز ئېيتقۇچى كىشى.

2494 خەزىنىچى، خەتچى يا ئىش تۇتقۇچى،
يا تونچى، يا موزدۇز ـــ ھۈنەر قىلغۇچى؛

2495 يا يات ئەل ئەلچىسى كەلسە ۋە كەتسە،
ھاجىپنىڭ ئىشىدۇر ئېھسانلار ئەتسە.

2496 چۈشەر جاي، بوغۇز ـ يەم غېمىن يېگۈلۈك،
سوۋغاتلار بېرىش يا بەرمەس بىلگۈلۈك.

2497 يول ئاغزىدا تۇرسا كىشى باشلىسۇن،
نىزام، ئۆرپ ـ ئادەتتە خاتالاشمىسۇن.

2498 ھال ئېيتسا پېقىر، تۇل، يېتىم ئۆتۈنۈپ،
ئۇنى بەگكە يەتكۈزسۇن ئۇ دەرھال بېرىپ.

2499 زۆلۈم كۆرگۈچىنى ئۇ ئەيلەپ قوبۇل،
سوراپ ئەھۋالىنى ئۇ كۆرسەتسۇن يول.

2500 ئىچ ھەم سىرتتا كۆرسە يارامسىز قىلىق،
ئاگاھ قىلسۇن، توسسۇن، يوقاتسۇن ئېرىغ.

2501 مۇشۇنداق بىر تالاي ئىشلارنىمۇ دەل
ئۇلۇغ ھاجىپ قىلۇر ئۆز قولىدا ھەل.

2502 دېمەك، ھاجىپ قىلۇر بۇ ئىشقا ياردەم،
قىلىنماي بۇزۇلسا، ھاجىپتىن بۇ ھەم.

2503 ئەي خاقان ھاجىپلار ساقلانىمقى شەرت.
بۇ بىرقانچە يەردە تىرىشىپ قەۋەت:

2504 بىرى، بەگ سۆزىدىن پەقەت چىقمىسۇن،
ھەۋەسكە ئەقلىنى چۇلغۇر ئەيلىسۇن.

2505 ئۇچىنچى، بەگ ئالدىدا تۇتسۇن ئۆزىن،
دېمىسۇن ئۇ ئاغزىغا كەلگەن سۆزىن.

2506 پۇتۇن ئىشنى قىلسۇن، پارا ئالمىسۇن،
يىراقلارنى بەگكە يېقىن ئەيلىسۇن.

2507 بۇ ئىككى نەرسە بولسا كىمدە، ئەي خان،
ئاڭا بەرمە ئىش، قول تۇتقۇزما ھامان:

2508 بىرىدۇر سۆزىدە ئۇ ئېيتسا يالغان،
بىرى، ئەگرىلىكلە ئازدۇرسا ئىنسان.

2509 كىمىكى بۇلارغا بولسا گىرىپتار،
ئەي خاقان، ئۆزۈڭگە يولاتما زىنهار!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



2510 يەنە خىزمەتچىگە ئۈچ ئىش دۇچ كېلۇر،
ھەزەر قىلمىسا، ئۆز بېشىنى يېيۇر:

2511 بىرى، ئاڭلىغان سۆزنى چىڭ ساقلىسۇن،
بىرى، ناچار ئىش كۆرسە كۆز ئاچمىسۇن:

2512 ئۈچىنچى، ئۆزىن تۇتسۇن، بولسۇن كۆنى،
سۆيۈنچ بىرلە ئۆتكۈزسۇن ئۆتەر كۈنى.

2513 بىر ئالىم ھېكىم بەگ ئىشىت نېمە دەر،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىل، ياخشىلىق كېلەر:

2514 بېشىڭ خالىساڭ، بەگ سۆزىنى دېمە،
جىنايەت قىلىپ ئەلگە باشىڭ يېمە.

2515 ئاۋام ئەلگە قىلسا گۇناھ، باش كېتۇر،
خاتالاشسا تىل ـ سۆزدە چىشى سۇنۇر.

2516 تولا كۆرگىنىم بار لايىقسىز كىشى،
جىنايەت قىلىپ ئەلگە، كەتتى بېشى.

2517 تولا ئاڭلىدىم مەن سۆزلەۋېرىپ تىل،
يارا قىلدى ئەرنى ئېچىپ سىرنى، بىل.

2518 ئالىم ۋە ھېكىملەر يەنە سۆزلىدى،
ئۆزىن تۇتمىغان يەر بېشىنى، دېدى.

2519 ھاجىپقا كېرەك بەك كۆزەتمەك ئۆزىن،
سۆزلەشتە بەگكە ھەم قاراشتا كۆزىن.

2520 ۋاقىت كەلمىگۈچە ئۆزى كىرمىسۇن،
بېگى سورىماي، ئۆتۈنۈش قىلمىسۇن.

2521 نېمە دەيدۇ ئاڭلا ئەقىللىك تىلى،
ئەقىللىك تىلى ئاچتى مەنە يولى:

2522 لايىق ۋاقىتتا كۆرسەت خاقانلارغا يۈز،
دېگەنگە جاۋاب بەر، دېگىن سۆزگە سۆز.

2523 ھەر ئىشنىڭ ئۆزىگە لايىق ۋاقتى بار،
ۋاقىت كەلگەن ئولسا، كۆرەر ئىككى كۆز.

2524 پەزىلەت، بىلىمدە گەر بولسا شۇ خىل،
ئۆتى چوڭ ھاجىپلىققا مۇناسىپ بىل.

* *

2525 شۇلاردۇر، ئەي ئەلىگ، مېنىڭ بىلگىنىم،
سورالغان ئۈچۈن مەن بۇلارنى دېدىم.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

2526 ئىشىتتىم ۋە ئۇقتۇم سۆزۈڭ، دېدى خان،
يەنە بىر سۆزۈم بار سوراي بۇ زامان:

2527 ماڭا ئېيتقىن ئەمدى ئىشىكئاغىسى
بولۇشقا نېچۈك ئەر لايىق كەلگۈسى؟

## ئوتتۇز ئىككىنچى باب

### ئىشكئاغىسىنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى ھەققىدە ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە ئېيتقانلىرى

2528 جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش، دېدى: ئەي خان،
ئەي خۇشخۇي، ياشا تىنچ ـ ئامان كۆپ زامان.

2529 ئىشكئاغىسى بەك كۆيۈمچان كېرەك،
تېنى ـ جانى بىرلە تىرىشچان كېرەك.

2530 ئىشكتە يورۇتسۇن قارا تۈننى ئۇ،
ئىشكتە ياتۇرسۇن يورۇق كۈننى ئۇ.

2531 خىزمەتتە ئۇ بىلسۇن ئۇسۇل ھەم قانۇن،
مۇلايىم بولسۇن ئۆز خۇلقىدا پۈتۈن.

2532 تۈزى، نائى كەڭرى، سېخىي بولسۇن ئۇ،
بېرىپ كۈمۈش ـ ئالتۇن كىشى يىغسۇن ئۇ.

2533 كېچىسى ياتاقتا يېتىشتىن بۇرۇن،
نۆۋەتچىلەرگە ئۇ كۆرسەتسۇن ئورۇن.

2534 تونۇشسىز ۋە ياتلارنى تەكشۈرسۇن ئۇ،
كىم بولسا زېرەك، ئىشقا سالسۇن ئۇ.

2535 ساراي دەرۋازىسىن بېكىتسۇن كۆرۈپ،
سانىلۇر شۇ كۈنكى ئىش پۈتكەن بولۇپ.

2536 يەنە ئەتە قوپۇپ ئىشىن باشلىسۇن،
سەھەر ـ شام نۆۋەتچى تەۋرەتمىسۇن.

2537 قوبۇل ۋاقتىدا ئۆز قىسمىنى يىغىپ،
كۆرۈنسۇن ھەممىنى ئۇ باشلاپ كىرىپ.

2538 كۆرۈنسۇن ـ دە، چىقسۇن، ئۇزۇن تۇرمىسۇن،
كىشى قويسۇن ئىشىكتە، خالىي قويمىسۇن.

2539 ئەگەر كىرسە خىزمەتچى توپ ـ توپ بولۇپ،
يارامىلىق ـ يارامسىزنى تۇرسۇن كۆرۈپ.

2540 قوبۇل پۈتكەندە، بولسا بىراۋنىڭ سۆزى،
ئېلىپ كىرسۇن ئۇنى قايتىدىن ئۆزى.

2541 دېسە كىم ئىستىكىن، تىلىسە تىلەك،
ئۇ بولسۇن بۇ موھتاج كىشىگە يۆلەك.

2542 ئېلىپ بەرسۇن ئېھسان، كۆر، ئالتۇن ـ كۈمۈش،
قايۇسىغا ئۇنۋان، قايۇسىغا ئىش.

2543 كىم ئىشنى قىلۇر چىن يۈرەكتىن سۆيۈپ،
كىم ئۇ زايە ئەيلەر ۋاقتىن بوش يۈرۈپ؛

2544 يارامىلىقى كىمدۇر، پايدىلىقى كىم،
بولۇشلۇقى كىمدۇر، قاۋۇللىراقى كىم.

2545 بۇلارنى بېگىگە دېسۇن ئۇ تولۇق،
لايىقىنى ئۈستۈرسۇن، ئىزاھلاپ ئوچۇق.

2546 چىقاردا ياخشى يارلىق يەتكۈزسۇن تىلى،
ئىسسىنسۇن شۇ خىلدا خىزمەتكار دىلى.

2547 ئىشىكتە تۇرۇشقا ئورۇن راسلىسۇن،
ھېچ كىمسە ئوچۇقتا تۇرۇپ قالمىسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



2548 يات كەلسە ئىشىككە، كۆرۈپ تۇرغۇلۇق،
هۆرمەتكە لايىقنى يېقىن تۇتقۇلۇق.

2549 لىگەندە كىرسە ئاش كۆزەتسۇن كۆزى،
مۇناسىپ ئەمەسنى توسسۇن ئۆزى.

2550 ئېلىپ چىقسا شىرە، كۆرۈپ چىقسۇن ئول،
ئاڭا تەگمىسۇن يولدا ھېچقايسى قول.

2551 يېنىپ چىقسا ئاشلار ئىشىككە ئېشىپ،
ئۈلەشتۇرسۇن ئۇنى بەگكە مۇناسىپ.

2552 يېتەر نەچچە جانغا بۇ ئاش چاغلىسا،
ئىچ ھەم تاشتىكىلەر قۇرۇق قالمىسا.

2553 زورايتۇر ئىككى نەرسە بەگ شانىنى،
ئىشىكتە تۇغى، تۆردە بۇ داسخىنى.

2554 يەنە ئىككى نەرسە ساراي ھۆسنى ئول،
بەگ ئاتىن زورايتىپ ئاچۇر قۇتقا يول:

2555 ئۇلۇغ ھاجىپى بولسا ئازاد كىشى،
يەنە بىرسى يارامىلىق ئىشىكئاغىسى،

2556 بۇ ئىككى كىشىلە ساراي گۆللىنۇر،
ئۇلۇغلۇق بىلەن نام ـ ئېتى يېيىلۇر.

2557 كۆزەتسۇن ئۇ دائىم شارابچى خادىم،
تۆشەكچى ۋە ئاشپەز، تۇغچىنىمۇ ھەم.

2558 ئىشىكتە تۇرغۇزسۇن دائىم قۇشچىنى،
يەنە ئوۋچى بىرلە تەڭ ئوقياچىنى.

2559 ئۆيىگە يانار ۋاقىتتا، قولداشلىرىن
ئۆزى بىرلە ئېلىتىپ يېگۈزسۇن ئىشىن.

2560 يېگۈزسۇن، ئىچۈرسۇن، تويدۇرسۇن قېرىن،
قۇرۇق قويماي يەنە ئۇ بەرسۇن بېرىن.

2561 ئۆزىگە بىر ئات، تون، قورال بولسا بەس،
ئۆلەشتۈرگەچ ئۆزى ئازراق ئالسا بەس.

2562 ئەگەر كەلسە خىزمەتكە يات بىر كىشى،
ياتاق بەرسۇن ئاڭا ھەم قوشسۇن ئېشى.

2563 كۆرۈنگۈچە بەگكە ئۇ كۈتسۇن ئۈنى،
ئورۇن، ئاش، ئېتى ھەم كېيەر تونىنى.

2564 سوراپ تۇرسا خادىملىرىن ھالىنى،
ئاچ ـ توقمۇ، تونىنىڭ ئۈپرىغىنىنى.

2565 قولى قىسقىلىقتىن ئۇ ئولسا موھتاج،
بېرىپ ھەق، ئەيلىگەي ئاڭا بىر ئىلاج.

2566 كىمىكى ئىشىككە كەلمەس نەچچە كۈن،
سوراپ ھال ئۈنىڭدىن سەۋەبىنى ئۇقسۇن.

2567 ئۇ بولسا گەر ئاغرىق، كېرەك ھال سوراش،
ئۇ يۈرسە بىكار ـ بوش لازىمدۇر توساش.

2568 بۇ ئىشلار بېگىگە كۆيۈمچانلىق ئول،
سۆيۈنچىن دەپ قىلغان تىرىشچانلىق ئول.

2569 نېمە دېدۇ ئاڭلا، خىزمەت قىلغان ئەر،
خىزمەت بىرلە بەگكە قەدىرلەنگەن ئەر:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



2570 خىزمەتچى بېگىگە كۆيۈمچان كېرەك،
كۆيۈمچان بولۇشچۇن ئۇ ئىشچان كېرەك.

2571 كۆيۈمچان ۋە سادىق ئىشچان بىر قۇلى
قىلۇر چىڭ كۈنۈ ـ تۈن بۇ بەگلىك ئۇلى.

2572 كۆيۈمچان بولۇر ئۇ، ئۆز نەپسىن دېمەس،
تىلەر بەگكە پايدا ۋە ياخشىلىق، بەس.

2573 گەر ئازغان پايدىلىق، ئۇنىڭ مەن قۇلى،
ئەگەر گۈل زىيانلىق، كېسەرمەن غولى.

2574 كۆيۈمسىز، نەپسىز ئوغۇلدىن كۆرە،
كۆيۈمچان، نەپىلىك خىزمەتچى ئۆرە.

2575 قېرىنداش كۆيۈمسىز بىنەپ بولسا، قوي،
ئاداش تۇت نەپىلىكنى، نەپى بىلە توي.

2576 تىلى يۇمشاق ۋە كەمتەر بولسۇن ئۆزى،
ئاۋازلۇق ئۇلسۇن، ئوچۇق ھەم يۈزى.

2577 سۆرۈن يۈز، ئاچچىق سۆز كىشىن توگىلىتۇر،
ئۆمۈر بويى كەتمەي كۆڭۈلدە ياتۇر.

2578 ئوقۇ بۇ بېيىتنى مۇڭا ئوخشىشۇر،
سۆزى بىرلە مەنىسى ھەم ئۇقۇلۇر:

2579 كىشى سۆز ۋە تىلدا بېرەركەن ئازار،
سۆڭەك ئاغرىتىپ دىلىغا بىر ئوت ياقار.

2580 ئۇرۇلغان تاياقنىڭ يارىسى پۈتەر،
بۇ تىل سۆكسە پۈتمەس، يارىسى تۇرار.

2581 يا چەۋگەن[142]، يا ئوۋ، يا ئەل ـ يۇرت كۆرگىلى،
ئاتلانسا ئەگەر بەگ سەپەر قىلغىلى:

2582 ئۇ يەردە تولا ساق كۆزەتمەك كېرەك،
يامان ھادىسىلەرنى توسماق كېرەك.

2583 بىرەر ھادىسە بەگكە كەلسە ئەگەر،
قوش ئوۋلاشتا، ئوۋدا، سەپەردە كېلەر.

2584 ئىشەنچىسىزلەر بار ئولسا قىلسۇن يىراق،
كېرەكتۇر گۇمانلىقتىن ھوشيار تۇرماق.

2585 ئىشەنچلىك، سۆيۈملۈك، كۆيۈمچان كىشى،
تۇرۇپ خان يېنىدا كۆزەتسۇن بېشى.

2586 قوماندان قورۇقداش تويى قۇرغۇلۇق،
يىغىپ ئالدى ـ كەينىن رەتكە سالغۇلۇق.

2587 كىچىكلەر ئۇلۇغلار ئارا كىرمىسۇن،
يىراقتا يۇرۇرچى يېقىن كەلمىسۇن.

2588 نېچۈك بولسا سارايدا قوپۇش ـ ئولتۇرۇش،
كېرەكتۇر بۇ يەردە ھەم شۇنداق بولۇش.

2589 ئىشكئاغىسىنىڭ كۆيۈمچانلىقى،
مۇشۇنداق بولسۇن، ئەي ھۆكۈمدار سېخى.

2590 بۇ ياڭلىغ كېرەك بۇ ئىشىك ساقلار ئەر،
بېگىنىڭ نېنىن يەپ، ئىشىن ئىشلەر ئەر.

www.uyghurkitap.com



*　　　*

2591 بۆلارنى مەن ئېيتتىم، ئىشىتتى ئەلىگ،
تىلىسە يېتۆك ئەر ئىشلەتسۆن بىلىك.

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

2592 ئەلىگ ئېيتتى: ئۆقتۆم بۆنى مەن ئېنىق،
يەنەبىر سۆزۆم بار جاۋاب بەر ئوچۆق:

2593 بىلۆرسەن، گۆمانسىز، جاھاندا بەگلەر،
ئەۋەتۆر بىر ئەلدىن ئەلگە ئەلچىلەر.

2594 بۆ ھەقتە بىلىم بەر، ئېيتقىنكى شۆنى،
بىرەر ئەلگە ئەۋەتسە بىرەر ئەلچىنى،

2595 نېچۈك بولماق كېرەك بۆ ئەلچى كىشى،
ئىشىنىپ ئاڭا بەگ تاپشۆرسا ئىشى؟

## ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

### ئەلچىلىككە ئەۋەتىشكە قانداق كىشى يارايدىغانلىقى توغرىسىدا ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىككە ئېيتقانلىرى

2596 جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش، ئېيتتى: ئەلىگ،
بۇ ئىشقا ناھايەت ئىشلەتسۇن بىلىك.

2597 بۇ ئەلچى بولۇشقا سەرە ئەر كېرەك،
بىلىملىك، ئەقىللىك، جەسۇر، تاغ يۈرەك.

2598 خۇدا قۇللىرى ئىچرە ئەڭ خىللىرى،
كىشى ياخشىسى ئەردى ئەلچىلىرى.

2599 بۇ ئەلچى بىلەن كۆپ ئىشلار قىلىنۇر،
تولا ئوبدان ئىشلار ئەلچىدىن كېلۇر.

2600 ئۇ بولغاي ئەقىللىك، ھەر ئىشتا بېسىق،
بىلىم لازىم بىلىشكە سۆز يولىن جىق.

2601 ئۇتۇقلۇق ئورۇنلاي دېسە ئۆز ئىشىن.
تۇزۇك ئۇقماق كېرەك سۆزنىڭ ئىچ – تېشىن.

2602 ئىشتىكىن، جاھاندار بەگ ئەر نېمە دەر،
بىلىملىك ۋە ئەلگە ئۆزى رەھبەر ئەر:

2603 ئەي ئەقلى تولۇق ئەر، بىلىملىكنى بىل،
بىلىملىك كىشىنى سەن ئەل چوڭى قىل.

2604 ئەقىل ئىشلەتسە ھەر ئىشتا باشتىلا،
ئۇتۇقلۇق بولۇر ئىش، سىنىدىم تولا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



2605 ئىشلەتسە ھەر ئىشتا بىلىمنى ئالىم،
ئېرىشكەي ئۇ ئىشقا ئوڭۇقلە دائىم.

2606 ئەقىل ۋە بىلىمنى ئىشلەتسە كىشى،
ئوڭۇقلۇق چىقار ھەر باشلىغان ئىشى.

2607 بۇ ئەلچى كۆيۈمچان، كۆزى، كۆڭلى توق،
ئىشەنچلىك، دۇرۇس ھەم ئۆز خۇلق بولغۇلۇق.

2608 كۆيۈمچان كىشى بەگ پايدىسىن تىلەر،
تىلىسە پايدىسىن، بېگىنى سۆيەر.

2609 بېگىڭگە نەپئىلىك كۆيۈمچاننى بىل،
كۆيۈمچاننى تاپساڭ، ئۆزۈڭ باغرى قىل.

2610 كۆيۈمچان خادىم ئول كىشى باغرىدەك،
بېغىردىن يېقىنراق، يۈرەك قېنىدەك.

2611 كۆزى ئاچ كىشىلەر ئۆزىن تۇتالماس،
ئۇ ئەلچى بولۇشقا تېخى يارىماس.

2612 كۆزى توق پېقىر بولسا، باي سانىلۇر،
چىداملىق ھەر ئىشتا ئوڭۇق قازىنۇر.

2613 ھېرىستۇر تەمەخور، تەمەخور يامان،
تەمەخور ئاتالغاي قەلەندەر ھامان.

2614 نېمە دەر ئىشىتكىن، كۆزى توق كىشى،
كۆزى توق كىشى بولدى بايلار بېشى:

2615 پېقىر قىلسا كىمنى بۇ كۆز ئاچلىقى،
ئۇنى باي قىلالماس جاھان توقلۇقى.

كىمكى تەمەگە بولسا ئەسىر ـ قۇل، 2616
قۇتۇلغاي ئۇنىڭدىن ئۆلۈم بىرلە ئول.

يەنە ياخشى دەپتۇ بىلىم بەرگۈچى، 2617
كۆزى ئاچقا ئۇگۇت ـ نەسىھەت قىلغۇچى:

تولۇق باي بولايىن دېسەڭ ھونۇز سەن، 2618
كۆڭۈل بايلىقىنى ئىستە، ئەي ئەرەن.

نېچە بولسىمۇ قۇل، كۆزى توق — ئۇ خان، 2619
ھېرىس بەگلىكىدىن قۇل ياخشى ھامان.

قايۇ خان ھېرىستۇر، گادايدۇر، گاداي، 2620
قايۇ قۇل كۆزى توق، ئۇ خان كۆڭلى باي.

بۇ ئەلچى ئۇياتچان، سىلىق بولسۇن ئۇ، 2621
ۋە تەمكىن، نەچچە خىل بىلىم بىلسۇن ئۇ.

ئۇيات بولمىسا، ئەر جاھىل، پەس بولۇر، 2622
ئۇيات بىرلە ئىنسان دۇرۇس ئىش قىلۇر.

نېپسىق بولسا ئىنسان ھېلىم ئاتىلۇر، 2623
سىلىق بولسا خۇلقى ئۆزىن سۆيدۇرۇر.

چېچەن ھەم بىلىملىك بولغاندا ئادەم، 2624
ئېرىشكەي ھەر ئىشتا ئۇتۇققا ھەر دەم.

ئوقۇ بۇ بېيىتنى، نېمە دەر ئاڭلا، 2625
قىل ھەمراھ ئۆزۈڭگە، بىلىملە باشلا:

ئەقىل بىرلە ئۇق ئىش، بىلىم بىرلە بىل، 2626
كۆنۈك بەخت قۇچسۇن، قۇتاتسۇن ئۇ يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



2627 چېچەنلىك بىلەن ئەر تىلەككە يېتەر،
بىلىم بىل، ئەقىل تاپ، كېيىن ئىشنى قىل.

2628 چېچەنلىك بىلەن بىلسە تۈرلۈك بىتىك،
بىتىك بىلسە ئادەم بولۇر ئۇ تېتىك.

2629 يېزىش ھەم ئوقۇش بىلسە، چۈشەنسە سۆزىن،
كىشى ئالىم قىلۇر بۇنىڭلە ئۆزىن.

2630 ئۇ بىلسۇن پەزىلەت خىلمۇخىل تولۇق،
پەزىلەت قىلۇر ئەر يۈزىنى يورۇق.

2631 ئوقۇپ كۆپ كىتابلار، بىلسۇن ھەر سۆزى،
چۈشەنسۇن شېئىرنى ھەم يازسۇن ئۆزى.

2632 نۇجۇم[143] ھەم تېبابەت بىلسۇن چۈش ئۆرۈش،
ئۇدۇل كەلسۇن يەنە ئۇ ئۆرۈگەن چۈش.

2633 ئۇ بىلسۇن ھېساب ھەم گېئومېتىرنى،
كەسىر ھەم يەر ئۆلچەش ئىلىملىرىنى.

2634 يەنە دامكا ـ شاھماتنى ئۇ بىلسۇن خوپ،
ئويۇنغا چۈشكۈچىنى ئالسۇن ئۇتۇپ.

2635 ئۇ بىلسۇن چەۋگەننى، ئاتار بولسۇن ئوق،
يەنە قۇشچى ۋە ئوۋدا تەڭدىشى يوق.

2636 پۈتۈن تىلدا سۆزلەشنى بىلسۇن تىلى،
پۈتۈن خەتنى ئوقسۇن، پۈتۈسۇن قولى.

2637 كىرەك ئەلچى ئۇچۇن شۇنداق پەزىلەت،
بۇ خىل ئەلچى تاپار مۇۋەپپەقىيەت.

2638 چىچەن بولسا ئەلچى ئالىم ۋە ھوشيار،
بولۇر بەگكە نەپ، ئۇندا قارشى ئىلىنار.

2639 گەر ئەلچى بولسا بوش، تۇراقسىز، يامان،
تۆكەر بەگ ئابرۇيىن ئاندا بىگۇمان.

2640 بۇ ئەلچى كىشى بەكمۇ ياخشى كېرەك،
پۈتۈن ئىشتا بولسۇن ئۇ سەزگۈر يۈرەك.

2641 نېچۈك پەزل ـ ھۈنەرلەر كۆرسەتسە ئاڭا،
ئۇنى يەڭسە، ھۆرمەت قىلدۇرسا يەنە.

2642 نېچۈك بىر كىشىكىم، ئاڭا سۆزلىسە،
ئۇنى ئۇقسا، بىلسە، يەنە يوشۇرسا.

2643 ئەگەر ئەلچىدە بولسا پەزىلەت تولۇق،
چوڭۇپ بەگ، بولۇر ئاتى ئەلدە ئۇلۇغ.

2644 نە دەيدۇ، ئىشىت، ئىش بىلەر كۆك ئايۇق[144].
كىشىكىم بۇ سۆزنى ئۇقماس، ئەقلى يوق:

2645 كىشى بولسا پەزل، نام ـ ئاتى چىقۇر،
ئەگەر بولمىسا پەزلى، نامسىز قېرىۇر.

2646 كىشى پەزلى بىرلە كىشىدىن ئۈزار،
ئەقىل، پەزلى بولسا ئەر ئۆرلەپ ئۇچار.

2647 پەزىلەت بىلەن ئەر قولىن گەر سۇنار،
بۈيۈك تاغ ئېگىپ باشىن يەرگە قويار.

2648 ئۇ بولسۇن چىچەن، سۆزگە ھازىر جاۋاب،
سوئالغا جاۋاب بەرسۇن ھەم توغرىلاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



2649 هاراق ئىچمەس ئۇلسا ئۆزىن تۇتقۇچى،
ئۆزىن تۇتار ئەر تاپار بەخت كۈچى.

2650 هاراق ئىچسە ئالىم ئىلىمسىز بولۇر،
ئىلىمسىز مەست ئۇلسا نىمەلەر قىلۇر؟

2651 هاراقتۇر بىلىم ۋە ئەقىل دۈشمىنى،
جېدەل ـ غوۋغا هاراقنىڭ ئېتىدۇر چىنى.

2652 نە ياڭلىغ ئەقىللىك، بىلىملىك كىشى،
بېشىن مەيگە تىقسا، بۇزۇلغاي ئىشى.

2653 نە ياڭلىغ هايالىق، ئۈز خۇلق، سىلىق،
مەي ئىچسە قىلۇر ئۇ پەسكەشلىك قىلىق.

2654 كىشى ئاڭ ـ بىلىم، هوش، ئۇياتنى ئېرىغ
ئېجىس بۇ هاراققا بېرۇر، ۋادەرىغ!

2655 مەي ئىچمە، مەي ئىچسە كېتۇر دۆلىتى،
مەي ئىچسە بولۇر تەلۋە، ئەخمەق ئېتى.

2656 قېرىنغا كىرسە مەي، چىقىرۇر سۆزۈڭ،
بۇ چىققان سۆزۈڭدىن كۆيەرسەن ئۆزۈڭ.

2657 نېمە دەر ئىشىتكىن، بۇ بېيىت ئېيتقۇچى،
ئوقۇرسەن، ئېچىلغاي تېشى هەم ئىچى:

2658 ئىچەرسەن ئەگەر مەست قىلغۇچى شاراب،
ئىچىڭدىن سىرىڭ چىقتى تاشقا قاراپ.

2659 بىلىملىك مەي ئىچسە بولۇر بىر قارا،
نادان ئىچسە كىچىكلەپ، بولۇر بىر بالا.

2660 بۇ ئەلچى تىلى ئۇز، كۆڭۈللۈك كېرەك،
ئۆزى سۆزگە ئۇستا، ئەقىللىك كېرەك.

2661 سىڭىملىك بولۇر ئول تىلى ئۇز كىشى،
سۆزى ئۇز كىشىنىڭ يارار ھەر ئىشى.

2662 زېھىنلىك بولۇپ ئۇ، ئۇنتۇمىسا سۆز،
نېچۇك سۆز ئىشىتسە قاتتىق تۇتسا ئۆز.

2663 بويى بولسا كۆركەم، چىرايلىق يۈزى،
كېلىشكەن ساقال ـ چاچ، تۇرقى ئۆزى.

2664 ئۆزى بولسا باتۇر، بۇيۇك ھىممىتى،
بۇ ئىككى بىلەندۇر كىشى قىممىتى.

2665 سۆزى بولسا يۇمشاق، شېكەردەك چۇچۇك،
چۇچۇك سۆزگە يۇمشار ئۇلۇغ ھەم كىچىك.

2666 بۇ ئەلچى ئىشىنىڭ كۆپى سۆز بولۇر،
سۆزى ياخشى بولسا تىلىكىن تاپۇر.

2667 مۇشۇنداق كىشىنى ئەگەر تاپسا خان،
ئاڭا بەرسۇن ئەلچى ئېتىنى ھامان.

2668 ئەۋەتسە بولۇر ئەلچىلىككە ئۇنى،
يىراق يات ۋە ياكى بولسۇن تۇغقىنى.

ئېلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

2669 ئەلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم، ئىشىتتىم بۇنى،
يەنە بىر سۆزۈم بار، دېگىن سەن ئۇنى.

www.uyghurkitap.com



2670 سېنىڭدىن كېرەكتۇر سۆز ئېيتماق ماڭا،
ئۆتەي مەن سۆزۈڭنىڭ ھەم ھەققىن ساڭا.

2671 پۈتۈكچى نېچۈك بولغۇلۇق، ئەي تېتىك،
ئاڭا بەگ ئىشىنىپ پۈتۈتسە بىتىك؟

## ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

### پۈتۈكچى قانداق بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدا ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىككە ئېيتقانلىرى

2672 جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش، ئېيتتى: ئەلىگ،
بۇ ئىشقا تولا بەك يۈگۈرتسۇن بىلىك.

2673 ئۆتۈنچ بىرلە دېدى ئۆگدۈلمىش: ئەي بەگ،
يېشەي ئۇشبۇ سۆزنى كۆڭۈلدىكىدەك.

2674 ئەگەر بولسا خان قانچە ئالىم ئۆزى،
كېرەكتۇر پۈتۈكچى يازارغا سۆزى.

2675 پۈتۈكچىگە ئېيتماق كېرەك ئىچ سۆزىن،
پۈتۈكچى يوشۇرغاي تولا ھەم ئېزىن.

2676 بۇ سىرنى تۇتۇشقا چىن ئىنسان كېرەك،
ئىشەنچلىك بولۇشقا چىڭ ئىمان كېرەك.

2677 ئەگەر سىر تۇتمىسا پۈتۈكچى سۆزىن،
ئېچىپ بەگ سىرىنى يوقىتۇر ئۆزىن.

2678 بۇ بەگلەر يوشۇرسا قانچە سۆزىنى،
كېرەك بۇ ئىككىسىگە دېمەك سىرىنى:

2679 بىرىدۇر پۈتۈكچى، بىرىدۇر ۋەزىر،
بۇ ئىككى كىشىگە ئاچار بارچە سىر.

2680 بۇ ئىككى كىشىگە سىر ئاچماق كېرەك،
سىر ئاچسا، نازىنى كۆتۈرمەك كېرەك.

www.uyghurkitap.com



2681 جىمى سىر بۇ ئىككى كىشىدە بولۇر،
ئەگەر سىر ساقلىماس ئۆز ئىشىن بۇزۇر.

2682 ئەجەب ياخشى ئېيتمىش ئۆتۈكەن بېگى،
تىلى بىرلە ئاچتى بۇ سۆزنىڭ تېگى:

2683 ئەي بەگكە ئىشەنچلىك، سۆزۈڭ بەك يوشۇر،
ئەگەر سىر يوشۇرماسەن، بېشىڭ كېتۇر.

2684 بۇ ئاغزىڭ مىسالى بىر ئۆڭكۈر ئېرۇر،
سۆزۈڭ چىقسا ئۇندىن تاڭ يېلى بولۇر.

2685 جاھانغا تارالسا يىغىپ بولمىغاي،
ئىشىتۇر پۈتۈن خەلق، يېپىپ بولمىغاي.

2686 ئېغىزدىن گاھى ئوت، گاھى سۇ چىقار.
تۈزەر بولسا بىرسى، ئۇ بىرسى بۇزار.

2687 كۆيەر ئوتقا ئوخشار كېرەكسىز سۆزۈڭ،
ئېغىزدىن چىقارما، كۆيەرسەن ئۆزۈڭ.

2688 ئاقار سۇدەك ئېرۇر چىقسا ياخشى سۆز،
ئۇ ئاقسا قايانغا چېچەك ئۈنەر يۈز.

2689 ئاتا ئەي ئاتانغان بىلىملىك ھېكىم،
سىرىڭنى يوشۇر چىڭ، ئۇقمىسۇن ھېچكىم.

2690 نېمە دەيدۇ ئاڭلا، بۇ بېيىتنى ئوقى،
يوشۇرغىن سىرىڭنى، ئەي كۆڭلۈم توقى:

2691 سىرىڭنى ساقلا چىڭ، دېمە ھېچقاچان،
دېسەڭ گەر چېكەرسەن يىللار پۇشايمان.

2692 قىزىل تىل ــ قارا باشقا دۈشمەن يامان،
ئۈنىڭدىن ھەزەر قىل، ياشارسەن ئامان.

2693 پۈتۈكچى بىلىملىك بولسۇن ئەقىللىك،
خېتى ئۆز، بالاغەتتە بەك يېقىملىق.

2694 خېتى ئۆز يېزىلسا، كۆڭۈل ئېچىلۇر،
ئوقۇغانچە ئاندىن كۆڭۈل ئاۋۇنۇر.

2695 بالاغەت بىلەن خەت ئەگەر تەڭ يۈرۈر،
بۇ خەتنىڭ تىلى ياخشى بىر تىل بولۇر.

2696 ئىشىتكىن، نېمە دەر ئىلى كاتىپى،
ئەجەبمۇ ياخشىدۇر يېزىش ئۇسلۇبى:

2697 پۈتۈن ياخشى سۆزلەر پۈتۈكتە بولۇر،
پۈتۈلگەن ئۈچۈن سۆز ئۇنتۇلماي قالۇر.

2698 ئەگەرچە پۈتۈكچى پۈتمىسە بىتىك،
نېچۈك بىلگەي ئەردىڭ بۇ ھېكمەت بىلىك!

2699 پۈتۈپ قويمىغان بولسا ئالىم ھېكىم،
بۇرۇنقىنى بىزدىن ئېيتار ئىدى كىم؟

2700 يېزىق بولمىسا ئەردى ئىنسان ئارا،
دېيىلگەن سۆزگە كىم پۈتەتتى، قارا!

2701 كىشى ئەلدىن ـ ئەلگە ئەۋەتۇر خەۋەر،
يېزىق بولمىسا سۆز نېچۈك سۆزلىنەر؟

2702 يېزىق ئۇ ناھايەت كېرەكلىك ئېرۇر،
يېزىق بىرلە بەگ ئەل ئىشىنى قىلۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

2703 بۇ بەگلەر ئىشىغا يارامىلىق كىشى
ئېرۇر ئۇ ئۈچ خىل، ئەي ئەل - يۇرت بېشى:

2704 بىلىملىك، ئەقىللىك، ھېكىمدۇر بىرى،
بىرى خەتچى، بەگنىڭ سۆزلىنەر سۆزى.

2705 ئۈچىنچى، جەسۇر ئەر يىگىت تاغ يۈرەك،
يېغى، بۆرىلەرگە بۇ باتۇر كېرەك.

2706 ھېكىم ۋە بىلىملىك، ئاڭلىق، ئەقىللىك
كېڭەشمەككە سۆزسىز ئېرۇر پايدىلىق.

2707 پۈتۈن ئەل ئىشىنى تۈزەيدۇ بىتىك،
تۈتار ئەل كىرىمىن خەت بىلەن تېتىك.

2708 جەسۇر ئەر قولىغا قىلىچنى ئېلىپ،
كېسەر ياۋ بويىنىنى دەسسەپ ۋە ئېزىپ.

2709 يىغىلسا قەيەردە بۇ ئۈچ تۈرلۈك ئەر،
كىشى ھەممە ئارزۇ - تىلەككە يېتەر.

2710 بۇلاردىن بۆلەك كۆپ نەسىللەر بىراق،
بۇ ئۈچكە ئەگىشىپ ماڭغان بوتىلاق.

2711 ئەل - يۇرتنى تۇتماقلىق قىلىچلە بولۇر،
بۇ ئەلدە ھۆكۈملەر قەلەملە يۈرۈر.

2712 بىلىم ھەم ئەقىل بىرلە ئەر ئەل تۈزەر،
بۇ ئۈچ نەرسە بىرلە جاھاننى سۈزەر.

2713 بىلىم بىرلە باشلار بەگ ئەلدە قانۇن،
ئەقىل بىرلە ئىشلەر ئىشىنى پۈتۈن.

2714 قىلىچ مەملىكەتنى ئېلىپ ئەل تۇتار،
قەلەم مەملىكەتنى تۈزەپ، مال يىغار.

2715 قىلىچ قان تېمىتسا، بېگى ئەل ئالار،
قەلەمدىن سىياھ تامسا، ئالتۇن يىغار.

2716 جاھان تۈزۈرۈكىدۇر مۇشۇ ئىككىسى،
كى مەيلى ئۆتمۈشتە، مەيلى كەلگۈسى.

2717 ئايا بەگ، بۇ ئىككى ئۇلۇغ پەزىل ئول،
جاھاندار ھېكىم بەگ ئۇنى قىلسا يول.

2718 بۇ سۆز كەلدى ئەمدى بۇنىڭغا مىسال،
ئەي ياخشى بۇنىڭغا قۇلىقىڭنى سال:

2719 تولا ياخشى پەزىلەت بىلىم بىلسە ئەر،
تېخى ئارتۇق پەزىلەت قىلىچ ئۇرسا ئەر.

2720 تۇتۇلغاي قىلىچلە تولا ياخشى ئەل،
قەلەم بىرلە تۈزەپ، تىلەككە يېتەر.

2721 پۈتۈكچى تەمەسىز بولسۇن كۆزى توق،
كۆيۈمچان، ساپ كۆڭۈل، موھتاجلىقى يوق.

2722 كۆزى توق كىشى مالغا سالماس كۆزىن،
مال ئولسا، ئۇ مالغا ئالداتماس ئۆزىن.

2723 تەمەگەر كىشىدۇر ئۆزى بىر ئەسىر،
تولۇن ئاي يۈزلۈكۈم، سەن ئۇنى كەچۈر.

2724 تەمەگەر قۇل ئېرۇر، گەر بولسىمۇ خان،
بولۇر پەس تەمەگەر كىشى ھەرقاچان.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

2725 پۇتۇكچى بولسا ھېرىس، بىلىمنى بۇزار،
تەمە بىرلە يازار، خېتى بۇزۇلار.

2726 كۇمۇش ـ ئالتۇن كۆرسە ئاڭا قىزىقۇر،
بېگىنىڭ بېشىن يەر، يا بېشىن بېرۇر.

2727 كۆيۈمچان خىزمەتچى ئىشكتە ياتار،
قاچان بولسا لازىم، ئىشكتە تۇرار.

2728 تىلەر مېھرىبان خادىم بەگ نەپئىنى،
بېرۇر بەگكە مالى، تېنى ـ جانىنى.

2729 پۇتۇكچى بولۇپ پاك، ئىچمىگەي ھاراق،
يامان خۇلقنى قىلسۇن ئۆزىدىن يىراق.

2730 پۇتۇكچى مەي ئىچسە بىلىم يوق بولار.
بىلىمدىن جۇدا بولسا خېتىدىن ئازار.

2731 پۇتۇكچى ئىشكتە تۇرسۇن سۇبھى ـ شام،
كېرەك بولسا نەدە، تېپىلغاي داۋام.

2732 ئەل ئىچرە ئىككى خىل كىشى تاللىۋال،
ئۇلارنى بۇ ئىككى خىل ئىشىڭغا سال:

2733 بىرىدۇر يېزىشنى بىلەر پۇتۇكچى،
ئۇنىڭكىم بىرىدۇر سۇخەندان ئەلچى.

2734 يېقىن، دوست ۋە ياكى يىراق، يات ئارا،
ئەگەر چىقسا جاڭجال، بۇلاردىن ئارا.

2735 بۇ ئىككى كىشىدىن كېلەر كەلسە ئىش،
تۈزەلسە تۈزىلۇر بۇلار بىرلە ئىش.

2736 خاتا بولسا بىرىنىڭ خېتىدە سۆزى،
بىرى تىلدا بۇنى تۈزەتسۇن ئۆزى.

2737 ئەگەر بولسا شۇنداق پۈتۈكچى، ئەي خان،
ئىشەنسە ۋە بەرسە بولۇر قول ھامان.

2738 مۇشۇنداق كىشىگە ئىشەنسە بولۇر،
ئۇنىڭدىن ئادەملىك خىسلىتى كېلۇر.

*  *

2739 شۇ ئەردى ئەي خاقان مېنىڭ بىلمىشىم،
بۇنى خانغا ئېيتتىم، تۈگىدى ئىشىم.

## ئەلىكنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

2740 ئەلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم، چۈشەندىم بۇنى،
يەنە بىر سۆزۈم بار، سەن ئېيتقىن ئۇنى:

2741 خەزىنىچى بولسۇن نېچۈك، ئېيت ماڭا،
ئىشەنچ بىرلە بەرسە بەگ مالنى ئاڭا.

2742 خەزىنىدە ئالتۇن ـ كۈمۈش ساقلىسا،
بىرىلگەن ئۇ ئىشنى ئوبدان ئىشلىسە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ئوتتۇز بەشىنچى باب

### ئۆگدۈلمىشنىڭ خەزىنىدارلىقتا قانداق كىشى لازىملىقى توغرىسىدا ئەلىگكە ئېيتقانلىرى

2743 جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش، دېدى خانغا:
كۈمۈش ـ زەر سۆيۈملۈك، داۋا ھەم جانغا.

2744 كېرەك چىن ئىشەنچلىك، دۇرۇس، توغرا ئەر،
كۆڭۈلگە شۈبھىلەر چۈشۈرمىسە گەر.

2745 نېمە دەر، ئىشىت، بۇ سودىگەر بېشى،
جاھانلى كېزىپ مالنى يىغقان كىشى:

2746 شېرىن جان ۋە لېكىن ئۇنىڭدىن شېرىن
بۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشتۇركى، جاندىن شېرىن.

2747 ئېچىلماس كۆڭۈلنى ئاچار بۇ كۈمۈش،
ئېگىلمەس كىشىنى ئېگەر بۇ كۈمۈش.

2748 كۈمۈش كۆرسە ئىنسان، دىلى تارتمىسا،
يارايدۇ ئۇنى چىن پەرىشتە دېسە.

2749 كىشى كۆرسە ئالتۇن ئۆزى يۇمشىدى،
يىرىك سۆزلۈك ئەرنىڭ سۆزى يۇمشىدى.

2750 تېپىپ بەخت، كۆپەيسۇن دېسە مال ـ تاۋار،
كۆزى توق، پەيلى ئۈز بولسۇن خەزىنىدار.

2751 تولا مال كۆرۈپ بولسا تويغان كۆزى،
يەنە بولسا قورقار خۇدادىن ئۆزى؛

2752 ھالال ھەم ھارامنى ئېچىپ ئايرىسا،
يارامىلىق، يارامسىزنى خوپ بايقىسا.

2753 كۆزى توق كىشىلەر مېلىڭ كۆزلىمەس،
دۇرۇس، چىن كىشىلەر ئۆزىن بۇلغىماس.

2754 كىچىكلىكتە كۆرگەن بولسا كۈمۈش ـ زەر،
ئۇنىڭدا كۆپ ئولماس ھېرىسلىق مەگەر.

2755 ئۆزى بولسا قورقار خۇدادىن ئەگەر،
تۇتار شۈبھىسىز توغرا يولنى بۇ ئەر.

2756 دۇرۇسلۇق — دەسمايە، نەپئى ياخشىلىق،
بۇنىڭلە تېپىلغاي مەڭگۈ تاتلىقلىق.

2757 دۇرۇس بولسا ئىنسان، كۈنى ئەزگۈدۇر،
كۈنى ياخشى بولسا، قۇتى مەڭگۈدۇر.

2758 كۆيۈمچان نە دەيدۇ، ئىشىتكىن سۆزى،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىل، جاھان يىلتىزى:

2759 كۆڭۈل، تىلنى تۈز تۇت، قىلىقنى پۈتۈن،
كېلۇر ساڭا دۆلەت بۇ دۇنيا پۈتۈن.

2760 ئەگەر توغرا بولساڭ قۇتاتقاي كۈنۈڭ،
سالامەت ياشا سەن سۆيۈن ھەم قۇتۇن.

2761 كۆيۈمچان، ساق، ئويغاق، كېرەك تېتىكلىك،
تېتىكلىك بىلەن ئەر قىلۇر مىڭ ئىتىك[145].

2762 ئۇياتلىق كېرەك ھەم ئاقىل، كۆڭلى ئاق،
ھاياسىز كىشىدىن يىراق تۇر يىراق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى



2763 يامان ئىشتىن توسار ئەرنى بۇ ئۇيات،
يامانىنى تۈزىتۇر يەنە شۇ ئۇيات.

2764 مەي ئىچمەي بولسۇن ئۇ ئۆزىن تۇتقۇچى،
ئۆزىن تۇتقۇچى ئۇ بەخت تاپقۇچى.

2765 مەي ئىچسە مېلىغا سېخىيلىق قىلۇر،
كىشىگە بېرىپ مال ئالالماي قالۇر.

2766 خەزىنە ئىشىغا بېخىل ياخشىراق،
بېخىللىقلە مالنى كېرەك ساقلىماق.

2767 كۆيۈمچان خىزمەتچى ۋاپالىق بولۇر،
ۋاپالىق خىزمەتچى بېگىنى باي قىلۇر.

2768 كىشىنىڭ خىلى ئۇ كۆيۈمچان كىشى،
كۆيۈمچانىنى چىڭ تۇت، ئەي ئوبدان كىشى.

2769 ئويغاق خەزىنىچى ئىشنى بۇزماي قىلار،
ئۆزىن ئۆرتىمەس، مال ھېسابلىق تۇتار.

2770 ئەقىللىك كىشىلەر ئۇنتۇماس بولۇر،
ھېسابلاپ قىلۇر ئىش يېڭىلمەس بولۇر.

2771 ئۇنۇتقاق بولۇرلار ئەقىلسىز كىشى،
ئەقىلسىز خەزىنىچى بۇزار ئۆز ئىشى.

2772 زەكىلىك كېرەكتۇر قىلىشقا ساقىش،
زەكى بولمىسا گەر بۇزۇلۇر كۆپ ئىش.

2773 ئۇ بولسۇن يېزىش ھەم سىزىش ماھىرى،
ھېسابات تۇتۇشقا بولسۇن ھۈنىرى.

2774 بىتىكچى كۆزەتسۇن كىرىش ھەم چىقىش،
يېزىپ ھەم كۆزەتسۇن پۈتۈن تۈرلۈك ئىش.

2775 يىل، ئاي، كۈن يېزىلسا ۋاقىت ھەم ئېنىق،
بىلىنگەي رەقەم سان ئايرىم ۋە ئوچۇق.

2776 ھېساب ساقلىقى چىن يېزىق بىرلە ئول،
ھېسابات يېزىلسا، كەڭ ئېچىلۇر يول.

2777 نىمە دەيدۇ، ئاڭلا، كۆيۈمچان كىشى،
ھېساب بىرلە خادىم چىڭ تۇتسۇن ئىشى:

2778 پۈتۈلمىسە ئىشنى تۇتالماس كۆڭۈل،
كۆڭۈلگە ئىشەنمە، پۈتۈ ئەي ئوغۇل.

2779 پۈتۈلسە، قالۇر سۆز، غەپلەتتە كېتەر،
ھېساباتتا غاپىل ئازابلار چېكەر.

2780 خەزىنىچى بىلسۇن ئۇ تۈرلۈك بىتىك،
ئۈنى ساقلىسۇن ھەم ئۇ قىلسۇن ئېتىك.

2781 خىزمەتچى ھېسابتا غاپىل بولسا گەر،
ھېسابات ۋاقتىدا باش ئۇرۇپ ئىڭرار.

2782 ئىگىلەپ تۆت ئەمەلنى چىڭ، خەزىنىدار،
ھېسابتا كۆڭۈلنى تۇتسۇن بەرقارار.

2783 ھېسابتا تۆت ئەمەل ئۇققاچ، كېيىن سەن،
شۇغۇللان يەنە ئۇ ھەندىسە[146] بىلەن.

2784 بۇ ئىلمى ھەندىسە ئىنچىكە ئىشتۇر،
يەر ـ ئاسمان ھېسابى شۇ بىلەن بولۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



2785 نە دەر ئالىم ھېكىم، ئىشىتكىن تولۇق،
بىلىملىك سۆزى ئاش كەبى بىر ئۇزۇق:

2786 بۇ ئىلمى ھەندىسە ئېرۇر بەك چوڭقۇر،
ئۇنىڭدا ھېكىملەر بېشىمۇ قايۇر.

2787 يارار ئۇ يەتتە قات كۆكنى داندەك،
چوڭقۇر ـ دۆڭنى ئۇششاق قىلىپ ئاجرىتۇر.

2788 كىشى بول بىلىملىك، ئاقىل، كۆڭلى تۈز،
ئەقىللىك كىشىلەر ئىشى بارچە ئۈز.

2789 بىلىملىك كىشىلەر بولۇر چىن كۆنى،
دۇرۇس قايدا بولسا يورۇيدۇ كۈنى.

2790 تۇتالماس ئۆزنى ئەر ئەقىل بولمىسا،
قىلالماس ئەر ئىشنى بىلىم بولمىسا.

2791 سارايدا بولۇر بۇ خەزىنىچى ئىشى،
ئۆزىن ساقلىغاي بەك بۇ ياڭلىغ كىشى.

2792 تۈز ئولسۇن كۆڭۈل ـ تىل، قىلىقى پۈتۈن،
دىيسە تەگمىسۇن ئوت يالىنى ـ تۈتۈن.

2793 كۆزىنى كۆزىتىپ، تىلىن ساقلىسۇن،
ھەۋەسنى ئەقىل بىرلە تىزگىنلىسۇن.

2794 كۆزۈڭ كۆرسە كۆڭلۈڭ ئۇنى ئارزۇلار،
كۆڭۈل ئەتسە ئارزۇ ئۇنى كىم توسار؟

2795 كۆڭۈل يەتتە ئەزا ئۇزە ھۆكۈمران،
يۈگۈرەر ئەل چوقۇم، باشلاپ ماڭسا خان.

2796 ئەجەب ياخشى دەپتۇ بىلىملىك بۇ سۆز،
ئەي باتۇر، كۆزەتكىن كۆڭۈل بىرلە كۆز:

2797 ۋۇجۇد، يەتتە ئەزا كۆڭۈلگە باقار،
كۆڭۈل بىرلە ئىنسان ئېغىر يۈك ئالار.

2798 تامام بىر سۇرەتتۇر كۆڭۈلسىز كىشى،
كۆڭۈلسىز كىشى ئىلىم ئاتىن بۇزار.

2799 قولى چىڭ، ساق ئۆلسۇن ئۇ بولماي سېخىي،
خەزىنە مېلىنى چاچمىسۇن تېخى.

2800 سېخىيلىق بەك ياخشى، تاشلىماس كېرەك،
لېكىن خەلق مېلى بىرلە قىلماس كېرەك.

2801 ئۇ بىلسۇن تىجارەت يولىنى ھامان،
ئۇنى گەر بىلەلمەس، تاپالماس ھايان.

2802 پۈتۈن مال ـ تاۋارنى ئۇ بىلمەك كېرەك،
باھالىق، باھاسىزنى ئۇقماق كېرەك.

2803 باھانى ئۇ بىلسۇن ۋە ئالدانمىسۇن،
ئېلىپ مال ـ ساتاردا زىيان تارتمىسۇن.

2804 ئېلىم ھەم بېرىمدە بولسۇن مۇلايىم،
ئۇلۇغ ھەم كىچىككە چۈچۈك سۆز دائىم.

2805 نېمە ئۆتنە ئالسا، ئۇنى بەرسە تېز،
ئۇ سورىسا ئۆزگىلەر بېرەر شۈبھىسىز.

2806 ئۇ بولسا ئال ـ ساتتا مۇلايىم كۆڭلى،
كېمەيمەس ئۇڭا مال كېرەكلىك كۈنى.

www.uyghurkitap.com

2807 ئەگەر قىلسا ئىنئام ئەسكەرلەرگە خان،
ئۇچۇق يۈز بىلەن ئۇ بەرسۇن شۇ زامان.

2808 گەر ئېھسان توسالسا، قوشۇن دىل بۇزار،
قوشۇن كۆڭلى سۇنسا، بەگكە داغ يۇقار.

2809 نېمە دەيدۇ، ئاڭلا، سېخىيلار بېشى،
بۇنى تۇت دىلىڭدا، ئەي يوقسۇل كىشى:

2810 ئەگەر دوستنى دۈشمەن قىلايىن دېسەڭ،
كۆپايە، سورالغان نەرسىنى بەرمىسەڭ.

2811 بېرىلمەس نېمىنى دېمىسۇن تىلىڭ،
خىلاپلىق قىلما سەن نېمىكى دېدىڭ.

2812 ئەگەر بەگ سۆزىدە ئۇ تۇرماس بولۇر،
ئىشەنچىسىز بولۇر، ئۇ، مالمۇ يوقىلۇر.

2813 بوشاڭلىق كېرەكمەس، ساق ـ ئويغاق كېرەك،
بوشاڭ بولسا ئىشچى ئىش ئاقسار، دېمەك.

2814 قىلار بەگكە خىزمەتنى خادىم پۈتۈن،
كېلىپ تۇردى ئىشىكتە ھاجەت ئۈچۈن.

2815 خىزمەتچى ھاجەتمەن بولسا، قىسىلىپ،
ئاڭا بەگ ئېھسان ئەتسە يارلىق قىلىپ،

2816 ئۇنى خىزمەتچى گەر بەرمىسە سوزۇپ،
ئۇ موھتاج خىزمەتچى كېتەر يۈز ئۆرۈپ.

2817 كىشىگە تېپىلسا دەل كېرەك نېمە،
بىلىنگەي پىل كەبى ئۇ خەستەك نېمە.

2818 ئىشىتكىن، نېمە دەر ئاق چاچلىق ساڭا،
هاجەتمەن مۆڭگە يارا، ئەي توڭا:

2819 تىلىگەنگە تېپىلسا تىلىكى ئەگەر،
جاۋابىغا جانىن ئۇ پىدا ئېتەر.

2820 كېرەك ۋاقتا بىر خەس بولۇر پىلغا تەڭ،
جىمى نەرسىگە بۇ ئوخشىشىپ كېتەر.

2821 ئۇياتچان، مۇلايىم، ئاقىل، بىلىملىك
كىشىنى ئەگەرچە تاپقاندا ئەلىگ،

2822 بولۇر ئاڭا تۇتقۇزسا مال ـ خەزىنىنى،
ئىشەنسە ئاڭا هەم ئۆتەپ هەققىنى.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

2823 ئەلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم، يورۇتتۇڭ بۇنى،
يەنە بىر سۆزۈم بار، دېگىن سەن ئۇنى.

2824 باش ئاشپەز سارايدا داسخان باشقۇرار،
شۇنى ئېيت، نېچۈك ئەر بۇنىڭغا يارار؟

2825 گۇمانسىز ئۇنىڭدىن يېسە ئاشنى خان،
ئىشەنسە ئاڭا، باش ساقلانسا ئامان.

2826 ئەي دانا، ئىشەنچسىز قولىدىن يېمەك
يا ئىچمەك تولا تەس بىر ئىشتۇر، دېمەك.

2827 بۇنى بەرگىن ئېيتىپ سەن ئەمدى ماڭا،
بىلەي مەن، ئۇقاي مەن، ئەي جەسۇر توڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ئوتتۇز ئالتىنچى باب

### ئاش ئاشپەزلىرىنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدا ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە ئېيتقانلىرى

2828 جاۋابەن ئۆگدۈلمىش دېدىكى: ئەي خان،
بۇنىڭغا كېرەك بىر كامىل، پاك ئىنسان.

2829 كىشىلەر ئارا چىن، توغرا بىر كىشى
تېپىلسا، شۇ قىلسۇن بۇ ئاش ـ سۇ ئىشى.

2830 بۇ ئىشقا تولا چىن، دۇرۇس ئەر تىلە،
كۆيۈمچان ۋە ئىشچان ئۆياتى بىلە.

2831 كۆيۈمچان خىزمەتچى دۇرۇس چىن، كىشى،
بېگىگە بېغىشلار تەنۇ ـ جان، بېشى.

2832 كېلەر بەگكە گالدىن جىمىكى خەتەر،
ئاش ئەتكەندە ئاشپەزنى كىم كۆزىتەر؟

2833 پۈتۈن يەردە بەگلەر كۆزەتسۇن ئۆزى،
يېمەكتە، ئىچىشتە ئۇ ئاچسۇن كۆزى.

2834 خەلق باشلار ئەرگە بولۇر مىڭ يېغى،
ھەمىشە قۇرۇقلۇق يېغى تۈزىقى.

2835 بولمىسا پۈتۈن، چىن، پىششىق بۇ كىشى،
خەتەرلىك بولۇر ئاشتا بەگلەر ئىشى.

2836 مۇڭا لازىم كۆيۈمچان، كونا ئۇستا،
قىلىپ ئاشنى تەملىك بەرسە ۋاقتىدا.

2837 تولا بولسا كۆرسەتكەن ئىش ـ ئەمگىكى،
ئۇنى تەقدىرلىگەي ئىشىنىپ بېگى.

2838 نېمە دەر، ئىشىتكىن، ئەقىل بەلگىسى،
بۇنىڭغا مۇناسىپ كىشى ياخشىسى:

2839 قوشۇلسا نېمىگە تولا ئىش ـ ئەمگەك،
سۆيۈملۈك، ئەزىز ھەم بولار تولا بەك.

2840 كىشىكىم نېمىگە سەرپ ئەتسە ئۆمۈر،
ئۇ نەرسە سۆيۈملۈك، جان كەبى بولۇر.

2841 ئۆمۈرگە نە ئەپسۇس، ئەمگەككە ئىسىت،
ئەمگەكسىز ئۆتكەن بۇ ئۆمۈرگە ئىسىت.

2842 ئۆمۈر كەتسە ئەرلەر ئېچىنماس، بىراق،
زايە بولسا ئەمگەككە ئېچىنغاي ئۇزاق.

2843 باش ئاشپەز كۆزى توق، بولسۇن كۆڭلى باي،
ئۆزى پاكىزە ھەم يۈزى كۆركى ئاي.

2844 ئۇ بولسۇن تەقۋادار، شەرىئەت بىلەر،
بۇنىڭدەك كىشىدىن دۇرۇسلۇق كېلەر.

2845 بۇ بەگلەر تادۇسى[147] تازا، پاك ئېرۇر،
تازا بولمىسا ئاش، نېچۈك يېيىلۇر؟

2846 تازا بولسا ئاشچى، تازا ئاش بېرۇر،
تازا بولسا ئاش ـ سۇ، سۆيۈپ يېيىلۇر.

2847 كۆزى ئاچ كىشى ئاشقا ئاچلىق قىلار،
تاماققا تىقىپ قول، تاماقنى بۇزار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



2848 كۆزى ئاچ كىشىلەر قىلىقسىز بولۇر،
قىلىقسىزلىق كېسەلدۇر، تېگى يوق ئېرۇر.

2849 ئىشەنچلىك بولسا ئەر قانچە چىن، كۆنى،
ئۇنىڭدىن ئىشەنچلىك ئۆزۈڭ، بىل بۇنى.

2850 يېتۈك، چىن كىشىگە پۈتۈن ئىشەنچ ئەت،
بولۇپ ھوشيار، ئۆزۈڭنىڭ بېشىنى كۆزەت.

2851 كېلۇر بۇ سۆز بولۇپ بۇنىڭ ئوخشىشى،
ئۇنتۇما بۇ سۆزنى، ئەي ياخشى كىشى:

2852 ئىشەن ھەممىگە ـ يۇ، كۆزەتكىن ئۆزۈڭ،
ساڭا مېھرىبانراق سېنىڭ ئۆز كۆزۈڭ.

2853 ئەزىزرەك ئېرۇر بۇ ھەممىدىن جېنىڭ،
ئەزىز جاننى بەك تۇت، ئۇزاتما سۆزۈڭ.

2854 يۈزى، ھۆسنى كۆركەم بولسۇن خۇلقى ئۆز،
ساقال ـ چاچى رەتلىك، تىلى ـ كۆڭلى تۈز.

2855 بۇ كۆركەم كىشى كۆرۈنۈر ئېرىغ،
ئېرىغ بولمىسا ئاش بوغۇزغا قېرىغ.

2856 سۆيەر پاك ـ ئېرىغلىقنى ئۇ بىر بايات،
ئېرىغلىق بىلەن ئەر تاپۇر ياخشى ئات.

2857 ئېرىغلىقنى ھەممە كىشىلەر تىلەر،
قىلۇر ئارزۇ ئاش ـ سۇ تازا بولسا گەر.

2858 يىقىن كەلمىسۇن ئاشقا ناپاك كىشى،
ئېرىغسىز كىشىنىڭ ئېرىغسىز ئىشى.

2859 ئۇ بولسۇن توغرا، چىن، قىلىقتا راستگۆي،
دۇرۇس بولمىسا ئەر تۈزەلمەيدۇ خۇي.

2860 ئەگەر ئەگرى بولسا بۇ ئاش باشچىسى،
پۈتۈن ئەگرى بولدى ئۇنىڭ ئىشچىسى.

2861 يىغىلسا تولا بىر توپ ئاش ئوغرىسى،
قاچان داستىخىنى بەگنىڭ ئۆز بولغۇسى؟

2862 كىشىگە دۇرۇسلۇق، ئۆز خۇلق كېرەك.
كېلۇر بۇ بىلەن ئۇ تىلىگەن تىلەك.

2863 نېمە دەر، ئىشىتكىن، خۇلقى دۇرۇس ئەر،
دۇرۇس بولسا دۇنيا نېمىتىنى يەر:

2864 دۇرۇس قايدا بولسا قۇتاتۇر كۆنى،
قارايماس كۆنى، ئەر گەر بولسا كۆنى.

2865 خىيانەت قەيەرگە گەر باسسا ئاياغ،
قاچار پايدىلىق ئىش ھەممىسى يىراق.

2866 خىيانەتچى نەگە قول سۇنسا ئەگەر،
دېڭىزمۇ سوغۇلار، قۇرۇپ كېتەر يەر.

2867 باش ئاشپەز بېگىگە بولسۇن كۆيۈمچان،
يىغىپ نەپسىنى ئۇ بولسۇن ئۇياتچان.

2868 ئەقىللىك كېرەك ھەم بىلىملىك كېرەك،
تاماق ۋاقتى بولسا، تېتىكلىك كېرەك.

2869 نىزاملىق يورۇپ ئۇ ئىشلىسۇن ئۆزى،
كىرەردە ـ چىقاردا تۈز ئولسۇن كۆزى.

2870 ئەقىل بىرلە ئىشلەپ، كۆزەتسۇن ئۆزىن،
بىلىم بىرلە ئىشلەپ، تېيىسۇن كۆزىن.

2871 ۋاپا قىلسا بەگكە تىلەپ ئەزگۈ ئات،
ئۇ ياخشى ئېتىلە قويار مەڭگۈ ئات.

2872 ئەقىللىك كىشى ياخشى ئامنى كۈتەر،
بىلىملىك كىشىلەر ئىشەنچلىك كېلەر.

2873 ئەقىللىك كىشىدىن كىشىلىك كېلۇر،
بىلىملىك ـــ كىشىنىڭ كىشىسى بولۇر.

2874 ئىشىتكىن، نېمە دەر ئەقىللىك كىشى،
ئەقىللىك كىشى ئۇ كىشىلەر بېشى:

2875 ئەقىللىك، ۋاپالىق ئەر ئېسىل ئېرۇر،
كىشىلەر ئۇچۇن ئۇ جان پىدا قىلۇر.

2876 ئېرىغسىز، جاپالىق، يامان خۇلقلۇق،
ئەگەر ۋەدە قىلسا، سۆزىدىن يانۇر.

* *

2877 دېدىم بۇنى ئەمدى، ئەي ھاكىم كىشى،
مۇشۇ خىلدا بولسۇن ئۇ ئاشچى بېشى.

2878 ئۇ سۇنسا ئاش ـ ئاياغ، سېلىپ داستىخان،
يېسە ئاشنى بەگ ھېچ قىلماستىن گۇمان.





ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*          *

2879 شۆدۆر ئەي خاقانىم، مېنىڭ بىلگىنىم،
كۆڭۈلدە نە كەچسە، مانا مەن دېدىم.

*          *

2880 ئەلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم، ئىشىتتىم بۇنى،
يەنە بىر سۆزۈم بار، دېگىن سەن ئۇنى.

2881 ماڭا ئېيتقىن ئەمدى ئىچىملىك بېشى.
نېچۇك قىلماق كېرەكتۇر ئىچكۈ ئىشى؟

2882 ئىشەنسە ئاڭا بەگ كۆڭۈلدىن پۈتۈپ،
ئېلىپ ئىچسە مەينى، ئۇنى چىن تۇتۇپ.

## ئوتتۇز يەتتىنچى باب

### ئىچىملىك ئىچىشنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدا ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە ئېيتقانلىرى

2883 جاۋابەن ئۆگدۈلمىش دېدى: ئەي ئەلىگ،
مۇڭا ھەم كېرەك كۆپ يۇگۇرتمەك بىلىك.

2884 قېرىنداش يا كۆپ يىل سىنالغان كېرەك،
يىغىپ نەپسىن، تۈز يولدا ماڭغان كېرەك.

2885 ئىشەنچلىك، كۆيۈمچان، كۆزى ـ كۆڭلى توق،
تۈز ئولسۇن خۇلقى ھەم مىسالى بىر ئوق.

2886 ئۇ بولسۇن شۇ ياڭلىغ قەدەھ تۇتقۇچى،
ياساشقا مەينىمۇ يېتىشسە كۈچى.

2887 يۇتۇن دورا ـ ئوتنى ئىدىشچى[148] تۇتار،
جۇۋارىش، يا مەجۇن، يا سۇرگە قاتار.

2888 ئۇنىڭدا تېپىلسۇن تولا دورىلار،
يېپىشكە، يالاشقا، ئىچىشكە تەييار.

2889 قۇرۇق ـ ھۆل يېمىش يا ئىچىملىك شاراب،
ئۇنىڭدىن ئالار يول گېلىڭغا قاراپ.

2890 بۇ گالدىن بولۇر بەگكە ھەممە خەتەر،
بۇ گال تاتقى ئاشچى، ئىدىشچى تۇتار.

2891 بۇ ئاشچى، ئىدىشچى سادىق بولمىسا،
بولۇر يەك قىيىن بەگكە ئىچسە ـ يېسە.

2892 نېمە دەر بىلىملىك ھېكىم، دىققەت ئەت،
تاماقنى ئاستا يە، گېلىڭنى كۆزەت:

2893 گېلىڭنى كۆزەتسەڭ، بېشىڭ ساقلىنار،
يېسەڭ ئاشنى ئاز ـ ئاز، ئېغىزغا تېتار.

2894 تولا كۆردۇم ئەرنى زايە قىلدى باش،
گېلىنى كۆزەتمەي ھارام كەتتى ياش.

2895 كېسەل دەردى ئەرگە گېلىدىن كىرۇر،
ئۆلۈمنىڭ دورىسى ھەم ئېغىزدىن بولۇر.

2896 ئۇ بولسۇن ئەقىللىك بىلىملىك بىر ئەر،
ئەقىللىك كىشىدىن كىشىلىك كېلەر.

2897 يامانغا قوشۇلماس ئەقىللىك كىشى،
دۇرۇس، چىن بولۇر بۇ بىلىملىك ئىشى.

2898 قايانتى بۇ ئۇق تۈز بولمىسا ئەگەر،
دۇرۇس بولمىسا گەر بولۇر تۈتقۇن ئەر.

2899 ئەي باتۇر بېگىم، سەن دۇرۇس بول تىرىش،
دۇرۇسلۇقتىن بۆلەك يوق ھېچ ياخشى ئىش.

2900 ئىدىشچى بېشى چاققان ئەر بولغۇلۇق،
يۈرەك ھەم نىيەتنى دۇرۇس تۇتقۇلۇق.

2901 پۈتۈن ئىش دۇرۇسلۇق بىلەن قىلسۇن ئۇ،
يارامسىز، يامانىنى يولاتمىسۇن ئۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



2902 كۆرۈپ مەينى قولىلە ياسىسۇن ئۆزى،
بېسىپ تامغا تۇتسۇن، ساقلىسۇن ئۆزى.

2903 قوشۇپ يېمەك ـ ئىچمەككە دورا ـ دەرمەك،
ئۇنى ئۆز قولىلە پاك تۇتماق كېرەك.

2904 قۇرۇق ـ ھۆل يېمىش، گۈل، ھەسەل يا گۇلاب
قوشۇپ، قىلغاي ئۆزى بۇ بارچە شاراب.

2905 سۆيۈپ ھەم كۆيۈنۈپ بولۇپ مېھرىبان،
ئىشىنى كۆزەتسۇن، ئۆتەپ ھەق ھامان.

2906 شۇنىڭلە بېگىگە ئەمگەكى سىڭەر،
قولىغا بۇ ئىش كۆپ پايدىلىق بولار.

2907 قايۇ نەرسىگە سىڭسە ئەر ئەمگەكى،
بولۇر شۇ نەرسىدە جېنىنىڭ كۆكى.

2908 بۇڭا ئوخشاپ كېلەر ئېسىللار سۆزى،
ئېسىللار سۆزىدۇر بىلىمنىڭ ئۆزى:

2909 نېمىگە سىڭەر بولسا ئەر ئەمگەكى،
بولۇر ئۇ سۆيۈملۈك شېرىن جان كۆكى.

2910 كىشى ئەمگەك ئەتسە ئۆمۈر سەرپ ئېتىپ،
ئۇنى سۆيسۇن، كۆتۈرسۇن ۋە بولسا يۈكى.

2911 تېپىلسا شۇ ياڭلىغ ئىدىشچى بېشى،
ئاڭا بەرسە بولغاي ئىدىشچى ئىشى.

2912 بۇ ئىشقا بۇنىڭدەك تۇزۇك ئەر كېرەك،
ئۇنىڭ ئىشى، ھۆسنى يورۇتسۇن يۈرەك.

2913 ئۇنىڭدىن بۆلەك بارچە ساقىيلىرى،
ساقالسىز، گۈزەل ھەم بولسۇن يۈزلىرى.

2914 ئۇ بولسۇن ياش ئوغلان، تولۇندەك يۈزى،
بويى تال، قارا چاچ، سۈرەتتەك ئۆزى.

2915 بېلى نازۇك بولسۇن، ھەم كەڭ يەلكىلىك،
تېنى ئاق، ئۆزى ھەم قىزىل مەڭزلىك.

2916 يېشىل، كۆك، سېرىق، ھال يىپەك تون كىيىپ،
يارىشۇر يېمەكنى كۆتۈرسە مېڭىپ.

2917 دېسە چۈشمىسۇن مەيگە قىل، تۇك يا خەس،
ئېرىغ ۋە ساقالسىز بولسۇن ساقىي، بەس.

2918 قەدەھتە قىل ئولسا ئېرىغسىز بولۇر،
تۇك ئاش ـ سۇغا چۈشسە تېتىقسىز بولۇر.

2919 شۇڭا ئېيتتى بولغاي بىلىم بەرگۈچى،
ساقالسىز بولغاي دەپ قەدەھ تۇتقۇچى.

2920 ئىدىشچى ئېرىغ بولسا كۆركەم يۈزى،
ئۇنىڭدىن ئىچىلسە، سىڭەر مەي، قوزى.

2921 نېمە تۇتسا كۆركەم، خۇش پېئىل كىشى،
يارىشۇر، ئالۇر كۆز ھەم جان ئۇلۇشى.

2922 ئىشىتكىن، نېمە دەر بۇ بېيىت ئېيتقۇچى،
بۇنى ئاڭلىغىن سەن، ئايا بىلگۈچى:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



2923 يۈزى كۆركەم ئولسا، خۇلقى ئولسا ئۈز،
نە ئۇتسا ئىچەر ئەر زوق بىلەن ھۇنۇز.

2924 بولۇر ئاش يۈزىنى كۆرمەك ئاچلارغا،
ئۇسسىغان كىشىگە بولۇر قانغۇسىز.

2925 ئىدىشچى بىشى، كۆر، مۇشۇنداق كېرەك،
قەدەھ تۇتقۇچىلار ئاشۇنداق كېرەك.

2926 ئىشەنسە ئۇلارغا بەگلەر چىنپۇتۇپ،
يېقىن تۇتسا بولغاي دۇرۇس ئەر تونۇپ.

*                    *

2927 ئەلىگ بۇ نەچچە ئىشقا خىل ئەر تىلە،
كۆيۈمچان، كۆزى توق، ئۇياتى بىلە.

2928 بىرى ئەلچىدۇر ھەم پۈتۈكچى بىرى،
بىرىدۇر ئىدىشچى، كۆر، ئاشچى بىرى.

2929 بۇلارنى بىرمۇبىر ئوبدان تاللىغىن،
نالايىق بولسا، سوڭ پۇشمان يېمىگىن.

2930 ئەگەر ئەلچى، پۈتۈكچى بولمىسا خوپ،
تېگۇر ئەلگە ئۇندىن زەخمەت ـ زىيان كۆپ.

2931 ئىدىشچى ۋە ئاشچى يامان بولسا گەر،
ھايات يولى ــ جانغا زىيىنى تېگەر.

2932 بۇ قانچە كىشىنى خىللاشقا تىرىش،
تولۇق خىللاپ ئاندىن تاپشۇر ئاڭا ئىش.

*　　　*

2933 يەنە ئېيتتى ئۆگدۈلمىش: ئەلىگ قۇتى،
ئىشىدەك بۇيۇكتۇر بۇ بەگلەر ئېتى.

2934 بۇيۇك ئىشتا تۇرلۇك باش ئاغرىق بولۇر،
يوقالمىسا بۇ دەرد، بەگلىك يوقىلۇر.

2935 ئىشتىكىن، ئەقىللىك كېڭەشچى نە دەر،
كېڭەشتە بەگ ئالدىغا ئۇنچە تۆكەر:

2936 ھۇزۇر ئىزدىمە بەگ، جاپانى يوق ئەت،
ئەمگەك بىلەن بىللە تۇرار پاراغەت.

2937 چېكىپ رەنج بەگ تۈزسە ئەل، خەلقى بېيۇر،
باي ئۇلسا خەلقى بەگ تىلىكىن تاپۇر.

2938 راھەتلىك كىشى بەك كەتمە سۆيۈنۈپ،
كېلۇر راھەتكە ئاخىر جاپا قوشۇلۇپ.

2939 بۇ ئاشچى، ئىدىشچى ھەرقانچە ساڭا
ئىشەنچلىك بولسىمۇ، ئەي زېرەك توڭا.

2940 كۆيۈمچان ئۇلاردىن ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ
ئېرۇرسەن، باشقا يوق، ئۇزاتما سۆزۈڭ.

2941 نە دەر خاس كېڭەشچى دانا، ئاڭلىغىن،
ئۇنتۇماي، ئوقۇپ ھەم يېزىپ ساقلىغىن:

2942 سۆيۈملۈك جان ئۆزرە ئەمىندىن ئەمىن،
ئۆزۈمدىن ئەمىنرەك تاپمىدىم بىرىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىنى
www.uyghurkitap.com



2943 ئىرىش ھەم كۆزەت، چاڭ تۇتقىن سەن ئۇنى،
ئەگەر ئۇ يوقالسا تىلىمە ئەمىن.

*　　*

2944 دېدىم دەيدىغانى، ئەي ساھىبقىران،
ئېچۇك قىلماق ئىلاجىن ئېيلەپ بايان.

2945 مۇشۇنداق كىشى بىرلە بەگ چوڭ بولۇر،
ئۆزۈپ ياۋ بويىنىنى شۆھرەت قازىنۇر.

2946 بۇنى سۆزلىدىم مەن ساڭا بەلگىلىك
بۆلەك بىر سۆزۈم بار بۇڭا ئۇلگىلىك.

*　　*

2947 ئەلىگ تىڭشىسا گەر، ئۇنى ئېيتايىن،
يوق ئەرسە بۇ سۆزنى ئۈزۈم دېمەيىن.

ئېلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە دېگىنى

2948 ئەلىگ ئېيتتى جاۋابەن، دېدى: ئەي ئاقىل،
ئېمىدۇر سۆزۈڭ ئۇ، بايان ئەيلىگىل.

2949 سېنىڭدىن ئىشىتمەك كېرەك بارچە سۆز،
بىلىمدە دېڭىزسەن، ئەقىلدە ئۆگۈز [149].

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئېلىگكە جاۋابى

2950 جاۋابەن ئۆگدۈلمىش دېدى: ئەي ئەلىگ،
ئەلىگدىن تېگەر ئەلگە تۈرلۈك بىلىك.

2951 دېدىم بەگكە خىزمەتچىلەرنىڭ يولى،
نېچۈك خىزمەت ئەتسۇن بېگىگە قۇلى.

2952 خىزمەتچى قۇلىنى بەگمۇ بىلگۇلۇك،
نېچۈك خەير ـ ئېھسان ئاڭا قىلغۇلۇق.

2953 نېچۈك بولسا خان ھەققى قۇللار ئۈزە،
يەنە قۇل ھەققى يوقمۇ بەگلەر ئۈزە؟

2954 بەگ ھەققىن ئۆتەركەن قۇل ئىشتا تۇرۇپ،
كېرەك قۇل ھەققىنى ئۆتەش ئىش كۆرۈپ.

2955 قىلۇر خادىم ئىشنى بۇ دۇنيانى دەپ،
ئەگەر بولمىسا ئۇ قالۇر بوش كۆچەپ.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

2956 ئەلىگ ئېيتتى: بۇنى سەن ماڭا ئېيت ئېچىپ،
نەدۇر خىزمەتچى ھەققى، بىر ـ بىر يېشىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ئوتتۇز سەككىزىنچى باب

### خىزمەتچىلەرنىڭ بەگلەر ئۈستىدە قانداق ھەقلىرى بارلىقى ھەققىدە ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە ئېيتقانلىرى

2957 دېدىكىم ئۆگدۈلمىش: بۇ بەگلەر ئۆزە،
خادىم ھەققى باردۇر ئىشلەشتىن ئۇزا.

2958 ئەڭ ئاۋۋال يېمەك ـ ئىچمەك بەرمەك كېرەك،
ئىشلەشكە قورالىلار يەتكۈزمەك كېرەك.

2959 بۇ خىزمەت مۇشەققەت، قاتتىق ئىش ئېرۇر،
بۇنى بىلسە بەگ، ئىشچى غەيرەتلىنۇر.

2960 تەنۇ ـ جان پىدالاپ ئىشلەيدۇ خادىم،
تىلەپ بەگ سۆيۈنچىن، قىلۇر قۇللۇق ھەم.

2961 سوغۇق ـ ئىسسىق، ئاچ ـ توق، ياياق ھەم يېلىڭ،
قىلىچ، پالتا، ئوق يەر، ئەي خاقان بىلىڭ.

2962 گاھ ئالغا، ئارقىغا، گاھ ئوڭغا، سولغا
يۈرەر ـ دە، يەتكۈزەر بەگنى ھۇزۇرغا.

2963 يېغىغا قارشى سەپتە بىر قورال بولار،
تىلەپ بەگ ھاياتىن، ئۆلۈمگە ماڭار.

2964 شۇ خىلدا بەگلەرنىڭ سۆيۈنچىن تىلەپ،
ئۆزىن ئەمگىتۇر كۈننى تۈنگە ئۇلاپ.

2965 شۇ خىزمەت ئۈچۈن بەگ ھەققىن بەرگۈلۈك،
بولۇپ مېھرىبان ھەم ئوبدان كۆرگۈلۈك.

2966 نېمە دەيدۇ، ئاڭلا، ئۈچ ئوردۇ خانى،
ئەل ئىچرە تاللانغان، كىشىلەر چىنى:

2967 ئەي ئەلنىڭ ئۇلۇغى، ئەي بەگ، دىققەت ئەت.
ياخشى كۆر خىزمەتچى قۇلۇڭنى يۈكسەلت.

2968 خادىملار بىلەن بەگ قولى ئۈزىرار،
خادىملار بىلەن خان ئەل ـ يۇرتنى تۈزەر.

2969 ئۇلۇغ بولسا قانچە بەگ ئەسلى ھەم زور،
خىزمەتچى بىلەن بەگ ئىتى زورىيۇر.

2970 ئەي ئەلىگ، كىشىلىك مۇرۇۋۋەت ئىرۇر،
مۇرۇۋۋەت كىشىگە تەرىقەت ئىرۇر.

2971 مۇرۇۋۋەت، تەرىقەت شۇدۇر، شۈبھىسىز،
كىشى ئەمگىكىن بىلسە، قىلسا ئەزىز.

2972 خىزمەتچى ئىشىكتە ئۈمىدتە تۇرار،
ئۈمىد بەرمىسە بەگ، مۇرۇۋۋەت كېتەر.

2973 كۆرۈپ تۇرسا بۇ بەگ خىزمەتچى نېچە،
يارامىلىقى قانچە، يارامسىز نېچە.

2974 يارامىلىقلىقىچە ئىھسانلار كېرەك،
بېجىرگەن ئىشقا تەڭ ھەق بەرمەك كېرەك.

2975 ئەي بەگ، پەس ئەمەستۇر كىشى يىلقىدىن،
ئېتىلسە قىياس، ئىش تاپۇر ئۆلچىمىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



2976 كىشى ئەۋۋەلا تويغوزار يىلقىنى،
ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كۆتەر پايدىنى.

2977 بەگ ئېھسان قىلسا، ئېيتسا ياخشى سۆزىن،
پىدا ئەيلەر بەگكە خىزمەتچى ئۆزىن.

2978 سۆيۈپ خادىم ئۆتى، جاندىن باغلىنۇر،
تىلەپ بەگ سۆيۈنچىن ئۆزى ئەمگىنۇر.

2979 بىر ئالىم بۇ ھەقتە ئېيتمىش بىر سۆزىن:
بىلىم بىرلە ئىنسان ئۆزارتۇر قولىن.

2980 كىشى ياخشىلىققا شېرىن جان بېرۇر،
بىر ياخشى ئۈچۈن ئون ياخشىلىق قىلۇر.

2981 كىشى پايدا تاپسا، ئۆزىن قۇل قىلۇر،
بولۇپ قۇل ئۆزگىچۈن زەخمەتلەر چېكۇر.

2982 شۇڭا، ئىشقا كۆرە ئېھسان قىلغۇلۇق،
يېلىڭغا كىيىم، ئاچنى تويغۇزغۇلۇق.

2983 نېچۈك بەگ بولۇر ئۇ، ئەي ئەلىگ قۇتى،
قولىدىن كەتمىسە گادايلىق ئېتى!

2984 نە دەيدۇ، ئىشىتكىن قېرىلار سۆزى،
قېرىلار سۆزىدۇر يىگىتلەر كۆزى:

2985 كىشىگە قىلسا گەر، ئەجرىنى كىشى،
جاۋابەن كىشىلىك قىلماقتۇر ئىشى.

2986 كىشى ئەمگىكىنى بىلمىگۈچى كىشى،
دېيىلمەس كىشى، ئۇ يىلقا ئوخشىشى.

2987 ئىككى خىل ئېرۇر بۇ خىزمەت قىلغۇچى،
بىرى قۇل، بىرى هۆر، ئۈمىد كۈتكۈچى.

2988 بۇ قۇل ئۆزى ئەركسىز خىزمەتچىدۇر، گەر
ئۇ خىزمەت قىلمىسا بەگدىن تاياق يەر.

2989 هۆر خادىم ئىشلەيدۇ ئۆزىن قۇل قىلىپ،
قەدىرلەش كېرەك ئۇنى ئەجرىن بىلىپ.

2990 ئازاد ـ هۆر كىشىلەر ياخشىلىق قۇلى،
بۇلارغا ئېچىپ بەر ياخشىلىق يولى.

2991 ئازاد ـ هۆر كىشىنى قىلما قۇلغا تەڭ،
ئازادنى ئازاد، قۇلنى قۇل تۇت ئۆزۈڭ.

2992 بۇ بەگلەر ئىشىكى راهەت قاپقىسى،
راهەت ئىشىكىن تاپماق ئۆزۈڭ پايدىسى.

2993 خىزمەتچى باي ئولسا، بېگى نام تاپۇر،
بۇ نامى دۇئا بىرلە مەڭگۈ قالۇر.

2994 بەگ بىرلە خىزمەتچى مىسالى هامان
ساتۇرچى ـ ئالۇرچى كەبىدۇر، ئەي خان.

2995 ساتۇرچى بېرۇر مال دەسمايە قىلىپ،
يۇرۇتۇر ئەلدىن ـ ئەل ئالۇرچى كېلىپ.

2996 يىل، ئاي، كۈن ئۆتكەندە پايدا توپلىنۇر،
يەنە يۈز كۆرۈشۈپ پايدا بۆلۈشۈر.

2997 شۇڭا ئوخشار ئەمدى خىزمەتچى كىشى،
بېگى بىرلە ئورتاق هېسابلىق ئىشى.

2998 بېگى مال بېرۇر قۇلغا، ئېيتار ياخشى سۆز،
خىزمەتچى قىلۇر ئىش پىدا ئەيلەپ ئۆز.

2999 خىزمەتچى قىلىپ جان پىدا، تىغ ئۇرار،
ئۇنىڭ پايدىسى شەكسىز ئەل ـ يۇرت بولار.

3000 يىغار ئۇ خەزىنە، ياۋ بويىنىن ئۈزەر،
تىلەك، نېمەت، ئارزۇ تۇتىشىپ كېلەر.

3001 بۇ بارچە گويا بىر پايدا ۋە كىرىم،
ساڭا نەپ بەرگەننى ياخشى كۆر، بېگىم.

3002 نېمە دەيدۇ ئاڭلا، سودىگەر بېشى،
تىلەپ پايدىنى، دۇنيا كەزگەن كىشى:

3003 گەر پايدا بەرسە قۇل، ئوغۇلدىن يېقىن،
پايدىسىز ئوغۇل ـــ ياۋ، سەن قاچ ئۇنىڭدىن.

3004 مىدىرلىغان ھەممە پايدا دەپ يۈرۈر،
نەپ بولمىسا ئۇۋچى ئۆيىدە قېرۇر.

3005 قوشۇندۇر بۇ بەگلەر قانىتى ـــ تۈكى،
قاناتسىز قۇش ئۇچماس، ئەي بەگلەر بېگى.

3006 قوشۇن بىرلە بەگلەر كۆچى بىلىنەر،
قوشۇن بىرلە بەگلەر تۈگۈنلەر يېشەر.

3007 يىغىلسا قايۇ بەگكە كۆپ قەھرىمان،
جاھانغا ئۇ بەگ بولدى ساھىبقىران.

3008 پەزىلەت يىغىلسا قايۇ بەگكە گەر،
يىغىلغاي ئۇ ئارزۇ قىلغان ئۇمىدلەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى
www.uyghurkitap.com

3009 كېرەكتۇر جاھاندارغا پەزىل مىڭ تۈمەن،
بۇ پەزىلى بىلەن ئۇ ئالىدۇ جاھان.

3010 پەزىلەتنى ئوغلان كەم كۆرمە، ئۆگەن،
ئاق قۇشقا ئوخشار ئۇ، مىجەزى بىلەن.

3011 پەزىلەت بەخت ئاق قۇش قۇتىدەك ئېرۇر،
پەزىلەتنى قۇش دەپ ئاتاشتۇر زۆرۈر.

3012 نېمە دەر، ئىشىتكىن، بىر ئاق باشلىق ئەر،
جاھاننى قېرىتقان ئۇزۇن ياشلىق ئەر:

3013 بىلىم، پەزىل ئۆگەن، قىممەت بىل ئۇنى،
قىلۇر قىممەت ئاخىر پەزىلەت سېنى.

3014 بىلىم بىل، زېرەك بول، بىكار يۇرمىگىن،
بېرۇر ياخشىلىق ئۇ ساڭا بىر كۈنى.

## ئەلگىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3015 بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، سۆيۈندى ئۇ خان،
دېدى: ئەي ئەقىلىلىك، ئۇرۇقى پاك جان.

3016 تولا ياخشى قۇردۇڭ كىشىلىك ئۇلى،
بۇ ئۇل چىن ۋاپالىق كىشىلەر يولى.

3017 خەلق ئۇزرە ھاكىم بولدۇم مەن ئۆزۈم،
قولۇم بولدى ئۇزۇن، ئۆتەر تىل ـ سۆزۈم.

3018 بۇ بەگ بولغىنىمغا مەغرۇرلانماسمەن،
بۇ تىنچلىق ھاياتقا بېرىلمەسمەن مەن.

www.uyghurkitap.com



3019 ئۈمىدىم شۈدۈركىم، ماڭا كەلگۈچى،
باي ئولسا مېنىڭلە، زورايسا كۈچى.

3020 بۇ بەگلەر خۇشلۇقى تاڭلا نەپىئىدۇر،
دۇئا، ياخشى نامىم ماڭا بەس ئېرۇر.

3021 بۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ھەم بۇ خەزىنىنى،
قوشۇنغا بەرمەككە يىغدىم مەن ئۇنى.

3022 كىشىگە بېرۇرمەن تىلەپ ياخشى ئات،
دۇئا ئارتسۇن، ئېتىمنى يايسۇن يايات.

3023 تىلەك شۇدۇر، ماڭا خىزمەت قىلغۇچى
بېيىپ قالسا مەندىن كېيىن قالغۇچى.

3024 قالۇر خەلق، مەن ئاخىر كۆچۈپ كېتەرمەن،
دۇئا بىرلە ياد ئەتسە دەپ كۈتەرمەن.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىككە جاۋابى

3025 جاۋابەن ئۆگدۈلمىش دېدى: ئەي ئەلىگ
بۇ ئىشقا بېرىپتۇ تولۇق ئاڭ، بىلىك.

3026 ئۆلگۈچى كىشىگە نېمە يار بۆلەك،
مەگەر ياخشى نامى بولسا قالغۇدەك؟

3027 بۇ دۇنيا تىلىسە تاراتقاي كۈمۈش،
ئۇ دۇنيا ئۈچۈن ھەم شۇدۇر قۇتۇلۇش.

3028 ئۈلەشتۇر بۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئەلىگ،
دېسە قايسى ئەلگە يېتىشكەي ئېلىگ.

3029 نېمە دەر، ئىشتكىن، ئاقىل بەگ تىلى،
ئۇنىڭلە قۇرۇلمىش بۇ بەگلىك ئۇلى:

3030 كېرەك بەگكە كۆپ ئەر ۋە ھەم مال بېرىش،
بۇ بەگكە مۇيەسسەر بولۇر ياۋ ئېلىش.

3031 خەزىنە نە لازىم، قوشۇن كۆپ كېرەك،
باي بولمىسىمۇ بەگ، خەلقى توق كېرەك.

3032 قوشۇن بولسا بەگكە ئەل ـ يۇرت كەم ئەمەس،
قوشۇنسىز بەگ ئۇزاق ھاكىم بولالماس.

3033 قوشۇن ئۆز بېگىدىن خۇش بولسا ئەگەر،
تىلىگەن ئەلنى بەگ قولغا كىرگۈزەر.

3034 جاھان بەگلىرى بولسا ئوچۇق قول ــ سېخىي،
بولۇر ئىككى دۇنيادا تۆردە تېخى.

3035 نىمە دەر ئىشىتكىن، بىلىملىك سۆزىن،
بېخىللىق بىلە بەگ سورالماس ئېلىن:

3036 ئىككى نەرسە زىت، بىر ـ بىرىدىن قاچار،
بېخىلغا باقماس ئەر، سېخىينى قۇچار.

3037 بېخىلدىن قاچارلار پەزىلەتلىك ئەر،
سېخىيغا بولۇپ جەم، تىلەككە يېتەر.

3038 بېخىللىق بۇ بەگلىككە دۇشمەن ئېرۇر،
بېخىللارغا ھەر جايدا ئىسيان قوپۇر.

3039 ئىككى نەرسە دۆلەت تۇتۇش يولىدۇر،
بىرىدۇر ساپ ئالتۇن، بىرى تىغ ئېرۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



3040 بۇ بەگلىك سېخىيلىق بىلەن ساقلىنۇر،
ئەي ئەلىگ، سېخىيلىقلا بەگ چوڭ بولۇر.

3041 باتۇر ئەر كۆتۈرسە چېقىندەك تومۇر،
غەيۇر جەڭچىلەردە ئۇزۇلۇر تومۇر.

3042 ساپ ئالتۇن بىلەن بەگ سۇنسا قولىنى،
قىلىچسىز، سۆزىلە سورار ئېلىنى.

3043 بۇ ئىككى بىلەن ئەل تۈزىلۇر ھامان،
بۇ ئىككى بىلەن ئەر چوڭىيۇر، ئەي خان.

3044 تۇرۇلگەن قاپاقنى ساپ ئالتۇن ئاچار،
ئەگەر ئىش بۇزۇلسا ساپ ئالتۇن تۈزەر.

3045 قىلىچ نەدە بولسا، كۈمۈش شۇندا ئول،
كۈمۈش نەدە بولسا قىلىچ تۇتتى يول.

3046 كۈمۈش چاچساڭ ئەي بەگ، يىگىت توپلىنۇر،
ئۈزۈڭ يىغساڭ ئەگەر، ئەرلەر تارىلۇر.

3047 قىلىچلىق باتۇرلار كۈمۈشكە تۇتقۇن،
قىلىچقا پىدا قىل، يىغىلسا ئالتۇن.

3048 بېخىل بەگ تېرىپ مال، خەزىنە يىغار،
سېخىي بەگ قىلىچ بىرلە تارتىپ ئالار.

3049 بۇ دۇنيا نىزامى شۇ ياڭلىغ ئېرۇر،
بېخىللار سۆكۈلۈپ، سېخىي ماختىلۇر.

*　　　*

3050 سۆزىن كەستى ئۆگدۈلمىش يەرنى ئۆپۈپ،
ئەلىگكە دۇئا قىلدى، ھەقنى ئۆگۈپ[150].

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3051 ئەلىگ ئاڭلاپ بۇنى خۇشال بولدى ئول،
خۇداغا دۇئاچۇن ھەم كۆتۈردى قول.

3052 دېدى: ئەي رەھىملىك، ئىشەنچىم ئىگەم،
كۆن چۇشسە بېشىمغا، سىغىنچىم ئىگەم.

3053 سېنىڭدىن بۆلەك يوق يۆلەنچۈك ماڭا،
يۆلەنچىم بىرلا سەن، ئۈمىدىم ساڭا.

3054 نېمە ياخشىلىق بار ماڭا قىلمىدىڭ،
نېمە ئارزۇ قالدى ماڭا بەرمىدىڭ.

3055 تېچۈك قۇللۇق ئەيلەي، بۇدۇر چىن سۆزۈم،
ئايا مەڭگۈ مۇڭسىز، بۇ مۇڭلۇق ئۆزۈم.

3056 سېنىڭدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت، مەدەت تىلەيمەن،
دۇرۇس يولغا باشلا مېنى يۆلەپ سەن.

3057 پۈتۈن ياخشىلىقتىن تېخى ئارتۇقى،
ئۆگدۈلمىش ئېرۇر ئەمدى كۆڭلۈم توقى.

3058 بۇنى قىلدىڭ ئەمدى ماڭا سەن ئاتا،
قىلۇرمەن مۇڭا شۈكرە يۈز مىڭ قاتا.

3059 ئىشىمغا تېنى ھەم جېنىنى بېرۇر،
تۈگەر ئۆمرۈم ئۈچۈن دۇئا ئارتتۇرۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



3060 ماڭا كۆچ بەر ئەمدى ئۆتەي مەن ھەققىن،
سۆيۈنسۇن ماڭا كۆڭلى بولسۇن يېقىن.

* *

3061 ئايا ئۆگدۈلمىشىم دېدى بۇ ئەلىگ،
سېنى ماختار ئەقىللىك ھەم ئىلىملىك.

3062 ئەقىللىكنى دېسە، سەن ئەقىلدە تولۇق،
ئىلىملىكنى دېسە، سەن ئىلىمدە ئۇلۇغ.

3063 ئۆزۈڭسەن ئىشەنچلىك، كۆيۈمچان سىلىق،
ھەر ئىشتا نامايان دۇرۇس، ئۆز قىلىق.

3064 ئوشۇق بولدى ئېھسانىمدىن خىزمىتىڭ،
نە خىزمەت قالدى سەن ئۇنى قىلمىدىڭ.

3065 كېرەك قىلمىقىم ساڭا ياخشى جاۋاب،
ساڭا ھەق ئۆتەي، ئۆت چىرايلىق ياشاپ.

3066 ئېچۇككىم سۆيۈندى سېنىڭدىن كۆڭۈل،
خۇدا بەرسۇن ئانداغ سۆيۈنچ ئەي ئوغۇل.

* *

3067 سۆزىن كەستى خان، تۇردى خىيال سۇرە،
ئۆپۈپ يەرنى خىزمەتچى قوپتى ئۆرە.

3068 يېنىپ چىقتى ئۇندىن سۆيۈنچلۈك بولۇپ،
مىنىپ ئېتىنى كەلدى ئۆيگە يورۇپ.

3069 ئېغىشماي كېچە ـ كۈندۈز قىلدى خىزمەت،
يارىپ ئىش، ئىشىك ئاچتى بەختۇ ـ دۆلەت.

3070 ئېشىپ ئەقلى، ئىلمى چوڭقۇرلاپ ھامان،
ئۆزاردى قولى، يار بولغاچقا زامان.

3071 ئىشىتكىن، نە دەر بەخت تولغان كىشى،
بەخت بىرلە ئەلدە ئاتانغان كىشى:

3072 بۇ دۆلەت كىمم بىلەن ياراشسا كېلىپ،
بېشىن كۆككە كۆتۈرۈر يۈقىرى قىلىپ.

3073 كېلىۋەرسە دۆلەت، يىغىلسا مېلى،
قىزىرۇر ئۆڭى ھەم ئاچىلۇر دىلى.

3074 مۇڭا ئوخشىتىپ ئېيتتى بىر ئاقساقال،
ئەي باتۇر يىگىت سەن ياخشى ئاڭلىۋال:

3075 بۇ بەخت كىمدە بولسا ئۆزىرار قولى،
بولۇر تەتۈرى ئوڭ، بىلىم، ئاڭ، تىلى.

3076 جاھان پەيلاسوپى بولمىسا مېلى،
نېچە بولسا سۆزمەن، كېكەچتۇر تىلى.

3077 جاھان قانۇنىكىم شۇ ياڭلىغ ئېرۇر،
ۋاپاسىز جاھان، دۆلەت ئاتى شۇدۇر.

3078 يامانغا يۈزلەنسە، ئۇ يۈزلۈك بولۇر،
كىچىككە كۆز ئاچسا بۈيۈكلۈك تاپۇر.

3079 بۇ دۆلەت كېلىپ كىمگە قونسا ئەگەر،
بېزەپ ئىچ ـ تېشىن ھەر ئىشىنى تۈزەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



3080 ئۇ كەلسە جىمىكى تىلەكلەر كېلۇر،
ئاتىلىپ جاھاندا ئاتى يېيىلۇر.

3081 ئۇ كەتسە، جىمىكى بەرگىنىن ئالۇر،
قارا يەرگە ئۈستۈن بېشىڭنى تىقۇر.

3082 ئەي ئاقىل، كۆڭۈللۈك، ئويغاق، ئاڭلىق ئەر،
بۇ دۇنيانى سۆيمە، بالاسى تېگەر.

3083 نە لازىم قاراڭغۇ بۇ زۇلمەت ئورۇن،
يورۇق مەڭگۈ يۇرتقا ھازىرلان بۇرۇن.

3084 بۇ دۇنيا بىر زىندان، كۆڭۈل قويما ھېچ،
ئېگىز ئوردا، يۇرت تاپ، سەن بولغىن تىنچ.

3085 نېمە دەر ئىشىتكىن ئۇ كۆڭلى سۈزۈك،
پۈتۈن ئىش ئىچىدە ئۇ كۆڭلى تۈزۈك:

3086 ئەي ھىممەت ئىگىسى ئىستە ئۆز جاھان،
گۈزەللىك ئىستەۋچى بەختلىك ھامان.

3087 تىلە ئاخىرەتنى قوي بۇ پانىينى[15]،
ئەگەر قويمىساڭ سەن، ئۇ قويغان سېنى.

3088 بۇ دۇنيا جاپاكار، جاپا قىل ئاڭا،
جاپا قانچە قىلساڭ باقار ئۇ ساڭا.

3089 ئايا يولدىن ئازغان، بېشى ئاينىغان،
ئۇنى سۆيمە، ئاستى پاتقاقلىق يامان.

3090 پاتقاقتا كىرگەنچە، تۇۋۇنگە پاتار،
چىقالماس ئۇنىڭدىن، نە خۇشلۇق تاپار؟

3091 ئۆزۈڭنى تارت ئاندىن — پاتقاقتىن قۇتۇل،
ئىبادەت بىرلە قۇللۇق قىلغۇچى بول.

3092 يەنە تەۋبە بىرلە ھەققە يۆنەلت يۈز،
تىلىڭنى بۇرا سەن، تۈگەپ قالدى سۆز.

*　　　*

3093 تۇزەپ كۆڭلىن ئەلىگ شۇنىڭدىن بۇيان،
يۇرۇتتى ئەلگە ياخشى قانۇن ھامان.

3094 خەلق تاپتى راھەت، ئورۇق سەمرىدى،
بېيىپ دوستى، دۇشمەن كۈچى كەملىدى.

3095 سۆيۈنچ ھەم قۇۋانچ ئىچرە ئۆتتى كۈنى،
جاھانغا يېيىلدى ئېتى ھەم ئۈنى.

3096 ياشىدى ئۇ بىر چاغ شۇ خىلدا يۇرۇپ،
قوزا ـ توقلا بىرلە بۆرە تەڭ بولۇپ.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

3097 قىچقارتىپ ئۆگدۈلمىشنى ئەلىگ بىر كۈنى،
سورىدى كەچۈرگەن كۈن ھەم ئىشىنى.

3098 نېچۈكرەك كېچەر ئەي ئۆگدۈلمىش كۈن ـ ئاي،
بۇ يۇرتتا پېقىر كۆپمۇ ۋە ياكى باي؟

3099 ئەل ئىچرە يامانلىق، يارامسىز نە بار؟
خەلق ھالىنى ئېيت، يوشۇرما زىنھار!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

3100 خەلقىنىڭ تىلىدا نېمە سۆز يۈرۈر،
سۆكۈش كۆپمۇ ياكى ماختاش كۆپ ئېرۇر؟

3101 قوسۇرۇم تولىمۇ، يا پەزلىم مېنىڭ،
دېگىن چارىسىنى، قىلايمەن ئۇنىڭ.

---

3102 جاۋابەن ئۆگدۈلمىش دېدىكى: ئەي خان،
تىلەككە ئېرىشتى ئەل ـ يۇرت بۇ زامان،

3103 ئەلىڭ سايىسىدا تۈزەلدى ئاجۇن،
غەم ـ ئەندىشە قىسقاردى، خۇشاللىق ئۇزۇن.

3104 بېيىپ ئەل، ئاسايىش بىلەن تىنچ ياتۇر،
شەھەر ـ كەنت بېزەندى كۆڭۈل شادلىنۇر.

3105 ھوزۇردا ئۆتەر بۇ خەلق كۈنلىرى،
سۆيۈنچتە كېچەر، كۈر، پۈتۈن تۈنلىرى.

3106 جىمىكى تىلى بار ئوقۇيدۇ سانا،
تىنارلىق ئالار تىن دۇئالە ساڭا.

3107 قانۇن ــ سۇ كەبىدۇر، زۇلۇم ــ ئوت، بالا،
ئېقىتتىڭ سۇزۇك سۇ، ئۆچتى ئوت مانا.

3108 ھەق قانۇن يۈرگۈزدۈڭ، تۈزەلدى جاھان،
زۇلۇم كۆرمەس ئەلدە ھېچكىم بۇ زامان.

3109 ئەلىگ، ئۈچ ئىش بىلەن زۇلۇم تۇغۇلار:
بىرى، بەگ غاپىل بولسا ئاپەت ياغار.

3110 ئىككىنچى، بوش ئۇلسا ئەلنى باشلار ئەر،
ئۈچىنچى، ئاچ كۆزلۈك، خەلق باغرىن يەر.

3111 سېنىڭدە يوق ئۇلغاچ بۇنىڭ ھېچبىرى،
تېگۈر نەدىن ئەلگە زورلۇق ئەرلىرى.

3112 ئەي ئادىل، ئېرىغ ـ پاك، مۇلايىم بېگىم،
ساڭا ھەق بەردى ئاڭ، پەزىلەت بىلىم.

3113 سەن تەۋپىق تېپىپ بۇ ياخشىلىق ئۈچۈن،
ئەل قارنى تويۇپ، بولدى ئېگىنى پۈتۈن.

3114 شۈكۈر قىل خۇداغا، تېۋىن ھەم سۆيۈن،
ھۇزۇر قىل بىرئاز سەن، راھەتتە ئاۋۇن.

3115 تېچۈك ئەيىب ـ خاتالىق كۆرۈلسە سىرتتا،
ماڭا مەن خىزمەتچى قۇلۇڭ بار شۇندا.

* *

3116 شۈكۈر قىلدى ئەلىگ تولا سۆيۈنۈپ،
خۇداغا سانا ئېيتتى قول كۆتۈرۈپ.

3117 دېدى: ئەي رەھىملىك، ئۇلۇغ بىر ئىگەم،
بۇ ئاجىز قۇلۇڭنى قىلىپ مۆھتەرەم،

3118 نېسىپ قىلدىڭ ماڭا پۈتۈن ئەزگۈلۈك،
بۇنىڭ شۈكرى بوينۇم ئۈزە بولدى يۈك.

3119 قاچانمۇ ئۆتەرمەن بۇ شۈكرىڭ سېنىڭ،
مېنىڭ شۈكرىمنى سەن ئۆتەرسەن ئۆزۈڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



3120 يەنە ئېيتتى ئەلىگ: ئەي ئۆگدۈلمىشىم،
خۇدا پەزلى ئەردى سېنى تاپمىشىم.

3121 سەۋەب بولدۇڭ پۈتۈن بۇ ياخشىلىققا،
زۇلۇمنى تۈگىتىپ، قانۇن قۇرۇشقا.

3122 خۇدا بەردى كۆپ ياخشىلىقلار مانا،
سېنى بەردى ئۇن ھەسسە ئارتۇق يانا.

3123 ھەرقانچە تىرىشسۇن بەگ يالغۇز، بىراق،
قول ياردەم بەرمىسە، ياشالماس ئۇزاق.

3124 بەگ ئېچتىن كۆزىتۇر، سىرتتىكى كۆزى
كۆيۈمچان قۇلىدۇر، كۆزى ھەم سۆزى.

3125 كۆزۈم سەن، تىلىم سەن، قولۇم سەن ماڭا،
ئېتىم ياخشى بولدى، ئەي باتۇر شۇڭا.

3126 ئىشتىكىن، نېمە دەيدۇ ئەمدى خاقان،
ئېلىپ ئەل قولىغا، جاھان سورىغان:

3127 بېگى تاپسا سادىق قۇلىنى تىلەپ،
ئۇنى تۇتسۇن ئالتۇن ـ كۈمۈشكە كۆمۈپ.

3128 ئىشەنچلىك، دۇرۇس، چىن كىشى تاپسا خان،
ھۇزۇر ـ بەخت ئېچىدە ياشار ئۇ ھامان.

3129 خىل ئۇلسا خىزمەتچى كۆيۈمچان بولۇر،
كۆيۈمچان خىزمەتچى كىشىن كىم تاپۇر؟

3130 جاھاندا يوق ئەرسە بۇ خىل كۆيۈمچان،
كامالغا ئېرىشكەي كىشىلىك قاچان؟

3131 ئۆگدۈلمىش، مەن ئەمدى ئەپسۇسلۇقتا مەن،
قېلىپسەن ئاتاڭدىن ماڭا بىرلا سەن.

3132 يەنە بولسا ئەردى سېنىڭدىن بىرى،
بۇ يولدىن ماڭاردى كېيىن ـ ئىلگىرى.

3133 ئەي خۇلقى ئۈز، ئاران تاپقانتىم سېنى،
يىتتۈرسەم سېنى مەن ئۆزگىسى قېنى؟

3134 مېنى ئەنسىرەتتى بۇ يالغۇزلۇقۇڭ،
يەنە بولسا كاشكى، بۆلەك ھەمراھىڭ.

3135 تولا بولماس ئەردى جاپالىق ساڭا،
دۇئادىن تېگۈردى ئۈلۈش ھەم ماڭا.

3136 كۆر، بارمۇ، سەن ئىستە قېرىنداش ئارا،
يولۇڭدىن ماڭارلىق مۇناسىپ ساڭا؟

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىككە جاۋابى

3137 جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش، ئېيتتى: ئەلىگ،
ئېسەن بولسا يەتكەي بۇ ئىشقا ئەلىگ.

3138 ھەممىشە يار ئولسۇن ھۇزۇر ئەلىككە،
ئاسايىش ئىچىدە يېتىپ تىلەككە.

3139 مېنىڭ ئەمگىكىمنى خان ئالىيلىرى
قەدىرلىمىسۇن، بولسۇن تىنچ دىللىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



3140 ماڭا يەتسە زەخمەت، ھۇزۇرمۇ تېگۈر،
ھۇزۇر بىرلە زەخمەتكى، يانداش يۈرۈر.

3141 تىلىسە ئەلىگ بىر يارامىلىق كىشى،
كىشىكىم: ئەل ئىچرە خەلقنىڭ بېشى.

3142 نېمە دەر، ئىشىتكىن، بىر دانا كىشى،
كۆڭلىدە ئەقىل ـ ئاڭ بېرىشتۇر ئىشى:

3143 ياردەمچى كۆپ ئولسا، تىلە كۆپ دېمەي،
بۈيۈك بەگ تۈزەپ، ئەل، ياتار غەم يېمەي.

3144 يارامىلىق تېتىكلەر كۆپ ئولسا ئەلدە،
تاپۇر بەگ ئاسايىش ئىشلار ئەمەلدە.

3145 يوق ئەرمەس قېرىنداش ئارا مۇنداق ئەر،
ئىلىمدە مېنىڭدىن ئۇشۇقتۇر مەگەر.

3146 ئۆزى تەقۋا ۋە ئويغاق، خىسلىتى كۆپ،
نېچۈك ئىشنى قىلسا، گۈل كەلتۈرەر خوپ.

3147 ئودغۇرمىش ئېتىمدۇر، دۇرۇستۇر خۇيى،
پۈتۈن ياخشىلىققا بېرىلمىش قولى.

3148 ۋە لېكىن ئۆرۈپ ئۇ بۇ دۇنيادىن يۈز،
چىقىپ ئالدى تاغقا، كۆڭۈل قىلدى تۈز [152].

3149 ئىبادەت بىلەن ئۇ ئۆزىنى ئەمگىتۇر،
تائەتتە گۇناھ ـــ كېسىلىن ئەملىتۇر.

3150 ئۆتەك پەزلى مەندىن يۈز ھەسسە ئۈشۈق،
كىشىلەر خىلىدۇر، گويا مىسلى يوق.

3151 مېنىڭلە بىر ئۇلسا ئاشۇ قېرىنداش،
پۈتۈن ئىشقا ئىلمى بولار ئىدى باش.

3152 خان ھەزرەتلىرى كۆڭلى تىنغاي پۈتۈپ،
سۆيۈنچتە ياشارغاي جاھاننى تۇتۇپ.

## ئىلىكنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

3153 ئەلىگ ئېيتتى: ئارزۇ ـ تىلەك ئىدى شول،
ئۇنى تاپسام ئەردى تايانسا كۆڭۈل.

3154 نە چارە قىلۇرسەن، بۇ ئىشقا دېگىل،
ئۇنى ئەپكېلىشكە چوقۇم، ئەي دېدىل.

3155 ئۇ زاتنى نېمە يول بىلەن چاقىراي،
بۇ دەۋەتكە كىمنى ئاڭا ماڭدۇراي؟

3156 سۆز ئېيتماق كېرەكمۇ، يا نامە يازماق؟
مۇناسىپ قايسىسى، سەن ئىشلە شۇنداق.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىككە جاۋابى

3157 ئۆگدۈلمىش جاۋابى بۇدۇركى سۆزى:
ئەلىگ ئېيتتى سوئالغا جاۋابنى ئۆزى.

3158 قېرىنداش بارلىقىن مەن ئېيتتىم ئۆزۈم،
كېلەرمۇ يا كەلمەس، بۇڭا يوق سۆزۈم.

3159 ئەگەر كەلسە ياخشى، بېرىپ ئېتىبار،
ئەگەر كەلمىسە، يارلىق ئۇلغاي ئۇ خار.

3160 قالارمۇ چېكىپ خان جاناب رەنجىنى،
ئەيىبلەپ قويارمۇ، ئۇ تۇز ئەر مېنى؟

### ئەلگىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3161 ئەلىگ ئېيتتى: سۆزنى قىلدىم مەن ساڭا،
ئۆزۈڭ بىلگىنىڭنى دېدىڭ سەن ماڭا.

3162 قىچار، كەلسە كېلۇر، ئەگەر كەلمىسە
نېمە ئەيىب سېنىڭدە، ئۇ ئىشتىمىسە؟

3163 تولا ماختىدىڭ سەن ئۇنىڭ پەزلىنى،
شۇ پەزلى ئۈچۈن قىچقىرۇرمەن ئۇنى.

3164 بىلىملىك، ئەقىللىك، ھەۋەس دۇشمىنى
دېگەچ سەن، تىلىدىم ئارزۇلاپ ئۇنى.

3165 بىلىملىك، ئەقىللىك كىشىدۇر كىشى،
ئۇنىڭدىن بۆلەكلەر يىلقا تەڭتۇشى.

3166 ئىش بىلسە، بىلىملىك، ئەقىللىك بىلۇر،
ئىش قىلسا، بىلىملىك، ئەقىللىك قىلۇر.

3167 بىر سۆز بەلگىلىككىم، بۇڭا ئوخششار،
بۇنى سەن ئىشىتكىن ئايا نامدار:

3168 بىلىملە يېشىلگەي پۈتۈن تەس تۈگۈن،
بىلىم بىل، ئەقىل ئۇق، ئاڭلىق ياشىغىن.

3169 بىلىم بىرلە ئىش قىل، تىلىڭ توغرا تۇت،
ئۆگەن سەن، بىكارغا ئۆتمىسۇن بۇ كۈن.

3170 قاياشلىق بولۇشقا كېرەكتۇر قاياش،
قاياش بولمىسا گەر تۇتقۇلۇق ئاداش.

3172 تولا ياخشى دەپتۇ بۇ ئەللەر بېشى،
بولۇر ھەممىدىن زور قاياشلىق كىشى:

3173 قاياشلىق كىشىنىڭ شان ـ شۆھرىتى چوڭ،
ئاداشلىق كىشىنىڭ سۆزى، ئېتى چوڭ.

3174 قاياشىڭ يوق ئۇلسا، بېرىپ تۇت ئاداش،
ئاداش ياخشى بولسا، بولۇر ئۇ قاياش.

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

3175 جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش، ئېيتتى: ئەي خان،
قىلاي چارىسىن چىن ئىستىسەڭ بۇ ئان.

3176 ئەلىگ قىلسا يارلىق باراي مەن ئۆزۈم،
ئۇنى دەۋەت بىلەن ئاچايىن سۆزۈم.

3177 تىلىم بىرلە تۈرلۈك ـ تۈمەن سۆز قىلاي،
بىلىمله ئەقلىنى مەن ئىشقا سالاي.

3178 ئەلىگ ئۆز قولىلە ھەم نامە يازسۇن،
ئەلىگ يارلىقىنى ئۇ زات ئوقۇسۇن.

3179 ئىشەنسۇن ماڭا ھەم مەندىن كۆرمىسۇن،
يەنە يارلىق ئاڭلاپ، كېتىپ قالمىسۇن.

3180 ئۆزۈمغۇ قىلۇرمەن سۆزۈم ھەر نېچە،
ئەلىگ يارلىقى — خەت بولۇر ئۆزگىچە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



3181 تېمە دەر ئىشتىكىن، تېگى پاك ئاغى[153] :
ئاۋام كۆڭلىن ئۇۋلار بېگى يارلىقى.

3182 ئەجەب ياخشى دەپتۇ بىلىملىك ئۆزى:
چىگىلگەن كۆڭۈلنى ئاچار بەگ سۆزى.

3183 ئىسسىق سۆز قىلسا قۇلغا بەگنىڭ تىلى،
ئۇنتۇماس ئۇنى قۇل ئۆز ئۆمرى بويى.

3184 ئەگەر بەگ تىلى بولسا يۇمشاق، چۈچۈك،
سۆيەر ئۇنى خەلقى ئۇلۇغ ھەم كىچىك.

3185 ئەلىگ ئېيتتى: تەدبىر گەر بولسا شۇنداق،
يازاي مەكتۇپ ئاڭا بۇ بولسۇن تۇزاق.

3186 بېرىش لازىم ئۇلسا، سەن راسلان ئاڭا،
ئۆزۈممۇ يازاي مەن بىر مەكتۇپ يانا.

3187 دۇۋەت ـ قەغەز ئېلىپ پۈتۈتتى بىتىك،
بىتىك بىرلە ئەتتى ئىشىغا ئېتىك.

3188 خۇدا ئاتى بىرلە سۆزىن باشلىدى،
ياراتقان، ئۆستۈرگەن، كەچۈرگەن دېدى.

3189 دېدى: مەن پۈتۈدۈم خۇدايىم ئېتى،
بۇ ئات ھەممە دەردنىڭ داۋاسى ـ ئوتى[154].

3190 تولا كۆپ، مىڭ ئارتۇق مەدھىيە ـ سانا
ئوقۇرمەن خۇداغا، ئاڭا يوق پاناھ.

3191 ياراتتى ئۇ خالاپ جىمى جېنى بار،
بېرىپ رىزق، ئۇلارنى ھەم تىرىك قىلار.

3192 ئۇ قادىر ھەق ـ ئادىل قانۇن تۈزگۈچى،
ياراتقان پۈتۈن خەلققە يەتكەي كۈچى.

3193 يېشىل كۆك ياراتتى، يورۇتتى كۈن، ئاي،
قارا تۈن، يورۇق كۈن، ساناقلىق يىل، ئاي.

3194 ياراتتى پەلەكنى، تۈرماي چۆرگۈلەر،
خۇدا ھۆكمى تەقدىر بىلە تەۋرىنۇر.

3195 ياراتماستىن ئاۋۋال يورۇتتى قارا،
قاراغا بويۇن ئەگ، ئاڭا بول رىزا.

www.uyghurkitap.com



3196 نېمىنى تىلەركەن، ئۇ قىلدى، قىلۇر،
نېمىنى دېسە ئۇ، ئۇ بولدى، بولۇر.

3197 ئەلىگدىن سالام، هال سوراش بۇ بىتىك
پۈتۈدۈم، ئېسەنلىك تىلەي ئەي تېتىك.

3198 تېنىڭ ساق ـ سالامەت، ئېسەنمۇرمىكىن،
نېچۈكرەك يۈدۈرسەن زامانە يۈكىن؟

3199 ئىشتىتىم سېنىڭ ئۆز خۇلق ـ ھەرىكىتىڭ،
يوق ئەرمىش بۇ كۈندە سېنىڭ تۆش ـ تېڭىڭ.

3200 خۇدا قىلمىش ئەمدى ساڭا ئەزگۈلۈك،
بېرىپتۇر پەزىلەت، ئەقىل ـ پەم، بىلىك.

3201 ئىشىتكەچ بۇ ياڭلىغ سۆيىنىڭ ئۆزۈم،
سېنى ئارزۇلاپ، ئەي گۈزەل يۈزلۈكۈم.

3202 ئەۋەتتىم قاياشىڭ بۇ ئۆگدۈلمىشىن،
سۆزۈمنى دېسۇن ھەم ئۇقۇپ بىلگىنىن.

3203 يېقىن قوۋم ـ قېرىنداشتىن قېچىپ سەن ئۆزۈڭ،
يۈرۈپسەن يۇرت ـ ئەلدىن ئۆرۈپ سەن يۈزۈڭ.

3204 چىقىپ تاغقا يالغۇز تائەتكە ئۆزۈڭ،
ئىبادەت قىپسەن ئۆزۈڭدىن ـ ئۆزۈن.

3205 نېمە قىلغان ئەردى قېرىنداش ساڭا؟
نېمىشقا يۈز ئۆرۈدۈڭ؟ ئېچىپ ئېيت ماڭا.

3206 زۇلۇم كۆرگەن ئەرسەڭ بىر زورلۇق يېتىپ،
بۇ قايغۇ ـ ئەلەمنى ماڭا ئېيت كېلىپ.

3207 ساڭا مەن ئادالەت بېرەي كۆچ بىلە،
بۇ يەردە ياشا سەن سۆيۈنچتە كۆلە.

3208 قاياشتىن ـ قاياشقا نەپ ـ پايدا تېگۇر،
بۇنىڭ بىرلە ئىنسان لەززەتلەر ئالۇر.

3210 قەيەردە يېقىنلىق، ئىناقلىق بولۇر،
نەزەر سال، شۇ ئىشتىن كۆپ پايدا كېلۇر.

3211 نېمە دەر ئىشتكىن، شېئىر ئېيتقان ئەر،
ياراشسا ئىككى شەخس، هامان نەپ تېگەر:

3212 قوڭۇر يەر، يېشىل سۇ ياراشماق بىلە،
ئارامىڭ چېچەكلەر ئېچىلدى كۆلە.

3213 ئاداش يا قاياشلار يۇرسە يارىشىپ،
ئۇلاردىن قېرىنداش ئاداشلار كېلە.

3214 ئەگەر بارغان ئۇلساڭ تائەت قىلغىلى،
تائەتنى قىل كەنتتە[155]، شۇدۇر دىن يولى.

3215 مۇقەددەس ئىبادەت شەھەر ـ كەنت كۆپ،
نەزەر سال، ئۇ يەردە بولماس مۇنچە خوپ.

3216 ئىبادەتكە ئاۋۋال بىلىم كۆپ ئۆگەن،
ئىلىمسىز ئىبادەت بىپايدا، چۈشەن.

3217 بۇ ئىككى خىل ئىنسان كىشى ئاتىلۇر:
بىرى ئۆرگىتۇچى، بىرى ئۆرگىنۇر.

www.uyghurkitap.com

3218 ئىككىدىن بۆلەكنى سەن يىلقى سانا،
يا ئۇ بول، يا بۇ بول، تاللاپ ئال مانا.

### ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىشقا نەسىھىتى

3219 بۇنىڭ قايسىسى سەن، ماڭا سۆزۈڭ ئاچ،
ئىككىنىڭ بىرى بول، ئۈچىنچىدىن قاچ.

3220 بىلىم بىلگەن ئولساڭ تولۇق ئۆگىنىپ،
ئۇنى ئىشلەت ئەمدى ئەمگەك سىڭدۇرۇپ.

3221 ئەگەر بىلمىگەن بولساڭ، ئۆگەن بىلىك،
ئىبادەتكە ئاندىن كىيىن قوي ئىلىگ.

3222 نېمە دەر ئىشىتكىن، بىلىم بەرگۈچى،
بىلىملە ئىبادەت ـ تائەت قىلغۇچى:

3223 تائەتكە بىلىملە سەن يارغىن يېقىن،
بىلىم تامغىلايدۇ دوزاخ ئىشىكىن.

3224 بىلىپ قىلسا تائەت ساۋابى تۈمەن،
ساۋاب كۈتمە بىلىمسىز ئىبادەت بىلەن.

3225 بىلىمسىز قىلىنغان تائەتنى كۆرە،
گەر ئۇخلار بىلىملىك ساۋابى ئۆرە.

3226 شەھەر ـ كەنت ئىچىدە ئىبادەت تالاي،
ئۇ يەردە يېرىمىن قىلىپ بولمىغاي.

3227 كى ئۇندا بىرىدۇر ناماز تائىتىڭ،
بىرى روزا تۇتماق، ئەي ئوغلان سىنىڭ.

3228 يەنە ئۆزگە ئۇندا نە تائىتىڭ بار؟
ماڭا ئۇنى كۆرسەت، سەن ئەيلە ئىزھار.

3229 ئۆزۈڭ ئالدىڭ ئەمدى زاھىت ئېتىنى،
بالا ئىچرە سالدى بۇ تائەت سېنى.

3230 مۇڭا ئالدىنىپ گەر قالۇرسەن ئۆزۈڭ،
ئىبادەت كېتەر بوش، قوي، بەس قىل سۆزۈڭ.

3231 ئىبادەت قىل، يوشۇر خەلقتىن لېكىن
ئۇ قانچە كۆپ ئەرسە، يەنە ئاز دېگىن.

3232 كىشى ياخشىسىكىم ئىبادەت قىلار،
خەلقتىن يوشۇرۇپ ئىشكىنى ياپار.

3233 بۇ سۆز مەنىسىنى ئىشىتكىن، نە دەر
ئۇنىڭغا ئەمەل قىل، ئايا ياخشى ئەر:

3234 كىشى ئالدىدا مەرد ئۆزىن يوشۇرۇر،
قىلىپ يۇز يىل ئىبادەت، ئۇنى ئاز كۆرۇر.

3235 تائەت قىل، كىشىدىن تۇت مەخپىي ئۇنى،
بۇ سۆز بىر سىر ئەردى، مەن ئاچتىم ئۇنى.

3236 تائەت قىل شەھەر ـ كەنت ئارا، بېرى كەل،
ئىشىك ئاچسۇن ساڭا ياخشىلىق توگەل.

3237 خەلققە بېرىپ نەپ، مۇڭمىغا يارا،
قېرىنداش دىلىن ئاچ، يېقىنلاش ئاڭا.

3238 تۇل ـ ئاجىز يېتىملەر بۇ جايدا تولا،
كۆزى كور، يا پالەچ، يا ئاقساق ـ توكا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



3239 جامائەت بىلەن قىل پەرز ۋە ناماز،
پەيغەمبەرلەر ھەجدۇر بۇ جۇمە ناماز.

3240 ھالالدىن تېپىپ مال پېقىرلارغا بەر،
تۇتۇپ ئەل قولىنى، بول ئۇلارنى يۆلەر.

3241 سانالغان بۇ ھەممە بىر تائەت ئېرۇر،
بۇ تائەت بىلە بارچە راھەت كۆرۇر.

3242 قىلىپ تەرك بۇلارنى، سەن ئەي خۇلقى ساز،
تۇتۇپ روزا، يالغۇز ئوقۇرسەن ناماز.

3243 بۇ روزا ـ نامازلار ئۆز پايداڭ ئېرۇر،
ئۆز نەپسىڭ دېگەنلەر بەك خۇدبىن بولۇر.

3244 ئەجەب ياخشى دەپتۇ كىشىلەر خىلى،
ئۇ ئەركىم، كىشىگە كۆيۈمچان دىلى:

3245 كىشى ياخشىسى ئۇ ئۆز نەپسىن قويۇر،
بۆلەكلەر نەپئىچۇن مۇشەققەت يۇدۇر.

3247 تىرىك ئادەم ئوغلى نەپ بەرمەك كېرەك،
ئەگەر پايدىسىز بولسا، ئۆلمەك كېرەك.

3248 كىشى ياخشىسى ئەلگە پايدا بېرۇر،
بۇ ياڭلىغ كىشىلەر خەلققە زۆرۇر.

3249 تائەتكە ئىشىنىپ يۈرەر بولسا قۇل،
تاپالماس خۇدانىڭ سۆيۈنچىگە يول.

3250 خۇدانىڭ سۆيۈنچىن تىلىسەڭ ئۆزۈڭ،
مۇسۇلمان سۆيۈنچىن تىلە، كەس سۆزۈڭ.

3251 ئەمەس تائىتىڭگە ھاجەتمەن خۇدا،
تىلەپ ياخشى نام، ئەيلە قۇللۇق ئادا.

3252 ئېتى بەندە بولسا، ئۇ تائەت قىلۇر،
تاقەتسىز بەندە ئېتى بىر ماجاز[156] بولۇر.

3253 تائەت قىل تائەت، تىنما، قۇللۇقۇڭ شول،
كۆڭۈل بۆل ئىبادەتكە، ساقلا بۇ يول.

3254 نە ياخشى دېمىشتۇر ئەقىل ـ ئىلمى كەڭ،
بۇنىڭغا ئەمەل قىل، ئايا قولى كەڭ:

3255 تائەتتە بولدۇم دەپ قۇۋانما تولا،
تائەتلىك ئەزىز، ھەققە قىل تائەت يەنە.

3256 تائەت قىل خۇداغا بۇدۇر قۇللۇقۇڭ،
تېۋىندىم دېبان سەن ئۇنتۇما ئۆزۈڭ.

3257 ئەي ئودغۇرمىش، ئەمدى چاقىردىم سېنى،
ئۆز نەپئىن ئىستەركەن دەپ قالما مېنى.

3258 كېلۇرسەن ئەگەر پايدىسىدۇر ساڭا،
مەگەر كەلمىسەڭ، يوق زەرەرى ماڭا.

3259 خەلققە ياخشىلىقچۇن، قىچاردىم سېنى،
بۇ ـــ خەلق نەپئى، زورلاپ سەن بۇزما ئۇنى.

3260 قاراپ كۆر مەن ئېيتقان بۇ سۆزلەر تامان،
دۇرۇس بولسا كەلگىن، قوپۇپ سەن بۇيان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى



3261 كۆمەكلەش ماڭا، بول مېنىڭ بىرلە سەن،
پېقىرلارنى يۆلە مېلىڭ بىرلە سەن.

3262 ساڭا بۇ ساۋابتۇر، ماڭا ياخشى ئات،
بېرۇر ئىككى دۇنيانى قادىر بايات.

3263 مېنى ياخشىلىققا باشلا، ياخشى بول،
كىشى ياخشى ئەردىن تاپار ياخشى يول.

3264 سەۋەب بول ياخشىلىق ئۈچۈن سەن ماڭا،
بېرۇر ھەق، ئەي مەردان، ياخشىلىق ساڭا.

3265 نېمە دەر ئىشىتكىن، تاجىك ئالىمى،
ئۇنىڭكىم ئېرۇر زور شۆھرەتتە نامى:

3266 بېگى بولسا خەلققە ياخشى ۋە ئادىل،
ئۇنىڭ نەپئىدىن ئەل تاپۇر بەخت، بىل.

3267 ئۆزۈڭدىن كۆرە بەگكە تىلە ياخشىلىق،
بەگ ياخشى بولسا، بۇ ئەلگە پايدىلىق.

3268 خەلق ياخشى بولسا، ئۆزىگە بولۇر،
بېگى ياخشى بولسا، خەلق كۈن كۆرۇر.

3269 كىشى دەپ ئاتىشۇر، كىمدۇر ئول كىشى،
كىشىگە بېرىپ نەپ، بېجىرسە ئىشى.

3270 پۈتۈن ئادەم ئوغلى سۆيەر ياخشىنى،
بۇ ياخشى نېمە ئۇ، مەن ماختاي ئۇنى.

3271 خەلققە بىرىش نەپىئى ـ ياخشىلىق ئىرۇر،
بۇ نەپئى بىلە خەلقى تاپقاي ھۇزۇر.

3272 كۆيۈمچان بولۇر خەلققە ياخشى كىشى،
كۆيۈمچان بول، بولۇرسەن ياخشى كىشى.

* *

3273 ئۇلاپ سۆز بۇ خەتنى يازدىم ئۆزۈم،
قۇرۇتتۇم قەلەمنى، توگەتتىم سۆزۈم.

3274 يەنە بولسا قانداق مېنىڭكى سۆزۈم،
قاياشىڭ يەتكۈزەر ئەي ئاي يۈزلۈكۈم.

* *

3275 تۇرۇپ خەتنى باغلاپ مۆھۈرلەپ ئۇ خان،
سۇنۇپ بەردى، ئۆگدۈلمىش ئالدى شۇ ئان.

* *

3276 ئەلىگ ئېيتتى: نېچۈك بولسا بار ئۆزۈڭ،
دېگىن ئەي ئاقىل ھەم كېرەكلىك سۆزۈڭ.

3277 تىرىشقىن، ئۇنى ئەمدى كەلتۈر ماڭا،
ئۇنىڭسىز قۇرۇق كەلمە، باتۇر، ماڭا.

3278 زېرەك ئەلچى ئەۋەت ھەم تاپشۇر سۆزۈڭ،
دېگەنتى بىلىملىك، ئىشتىكىن ئۆزۈڭ.

3279 ساڭا تاپشۇراي مەن ئەمدى نېمە سۆز،
پۈتۈن سۆز سېنىڭدە، ئايا كۆڭلى تۈز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com



3280 نە ئېيتماق كېرەكسە، شۇ بولسۇن سۆزۈڭ،
نە قىلماق كېرەكسە، ئۇنى قىل ئۆزۈڭ.

*          *

3281 گۈزەل تەربىيەلىك، يەنە خوش ئەدەپ،
بۇ ئۆگدۈلمىش چىقتى «باش ئۇستىگە» دەپ.

3282 يۆنەلدى ئۆي تامان مىنىپ ئۇ ئېتىن،
كىرىپ سالدى تونىنى، يېشىپ بەلبېغىن.

3283 قۇياش ياندى يەرگە ھەم قويدى بېشىن،
يورۇق دۇنيا مەڭزى قىزارتتى تۇسىن.

3284 يېيىپ چېچىن ساما، ياپتى نۇر يۈزىن،
گۈزەل زۇلپى قاپلاپ كەتتى يەر يۈزىن.

3285 تاھارەت ئېلىپ قىلدى خۇپتەن ناماز،
تۆشەك سالدى، ياتتى، ئۇخلىدى بىرئاز.

3286 چۆچۈپ ئويغاندى، باش كۆتۈردى شۇ ئان،
قارا زەڭگى[157] قىلمىش يۈزىنى تۇمان.

3287 تاھارەت ئېلىپ قىلدى بامدات ناماز:
دۇئا تەسبىھ قىلىپ، تۇردى ئۇ بىرئاز.

3288 يىپەك قالقان بېشىن چىقارغان ھامان،
يورۇق يۈز كۆلەردەك يورۇدى جاھان.

3289 ئېگەرلىدى تېزدىن ئېتىنى تۇتۇپ،
قېرىنداش سارى كەتتى ئۆيدىن تۇرۇپ.

3290 قېرىنداش ماكانىغا بارغان هامان،
ئېتىدىن چۈشۈپ ماڭدى پىيادە راۋان.

3291 ئىشىك قاقتى ئاستا قولىن تەگكۈزۈپ،
توختاتتى ئودغۇرمىش تائەتنى، قوپۇپ.

3292 قوۋۇق ئاچتى، چىقتى، قاياشىن كۆرۈپ
قۇچاقلاپ ئېسەنلەشتى، يۈز ـ كۆز سۆيۈپ.

3293 قولىن تۇتتى، ئۆيگە باشلىدى شۇ ئان،
بېرىپ جاي ئولتۇردى، قولىن تۇتۇبان.

3294 ناهايەت سۆيۈندى قاياشىن كۆرۈپ،
خۇداغا شۈكۈر قىلدى كۆپ مەدهىي ئوقۇپ.

3295 نە خوش بىر سۆيۈنچتۇر كىشى ئايرىلىپ،
سالامەت قوۋۇشسا، گەر ئىستەپ كېلىپ.

3296 نە ياخشى بولۇركىم، قاياشتىن يىراق
بولۇپ، سوڭ كۆرۈشمەك، يەنە قوۋۇشماق.

3297 نە كۆركەم بولۇر، كۆر، كۆيۈمچان قاياش،
قاياشقا يېقىنلىق كۆرسەتسە ئاداش.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

3298 نە كۆركەم بولۇر، كۆر، كۆيۈمچانلىقتىن،
قاياشقا قاياش كۆڭلى بولسا يېقىن.

3299 نېمە دەر، ئىشىتكىن، كۆيۈمچان قاياش،
كۆڭۈلدىن يېقىنلىق ئۇلىغان ئاداش:

3300 جۇدالىق سوڭىندا كۆرۈشسە ئادەم،
سۆيۈنچى ئۇزىرار هەم قىسقىرار غەم.

3301 نە كۆركەم بولۇر، كۆر، كىشى ئايرىلىپ،
سالامەت قوۋۇشسا گەر ئىككى هەمدەم.

3302 سورىدى ئودغۇرمىش قېرىنداشلىرىن،
يەتكۈزدى ئۆگدۈلمىش ساقلىق خەۋىرىن.

3303 يەنە ئېيتتى ئودغۇرمىش: ئېيتقىن ماڭا،
نېچۈن كەلدىڭ ئەمدى، نە بولدى ساڭا؟

3304 ئىشىتتىم سېنى مەن ئەلىگ بىرلە دەپ،
خالايىققا نەپلىك بىلىك بىرلە دەپ.

3305 نېچۈن كەلدىڭ بۈگۈن بۇلارنى قويۇپ،
خەلق يۈكلىرىنى بويۇنغا يۈدۈپ؟

3306 جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش، ئېيتتى: ئۆزۈم
سېنى دەپ كەلدىم، ئەي گۈزەل يۈزلۈكۈم.

3307 تۇرۇپ كەلدىم سېنى كۆرەيمەن دېبان،
ئەلەم ـ قايغۇ باغىن يېشەيمەن دېبان.

3308 قىلالتىم ئۇمىد كۆپ سېنى كۆرگىلى،
ۋاقىت تاپتىم بۇگۇن ساڭا كەلگىلى.

3309 ئۇزۇندىن بۇيان مەن سېنى كۆرمىدىم،
تىلەيتتىم كۆرۈشنى، ۋاقىت تاپمىدىم.

3310 بۇگۇن ۋاقتى كەپتۇ مانا، مەن ئۆزۈم
ساڭا كەلدىم، شۇكۇر قىلۇر تىل ـ سۆزۈم.

3311 كىشى گەر ئېسەن ـ ساق، بولۇركەن ئۆزى،
تىلەككە يېتەر، ئەي كۆيۇمچان قوزى.

3312 نېمە دەر، ئىشىتكىن، ئاززۇ قۇچقان ئەر،
ئۆتكۈنچى زامانىنى سىناپ كۆرگەن ئەر:

3313 تىرىك بولسا ئىنسان تىلىكىن تاپۇر،
تىلەككە تىرىكلىك سەرمايە ئېرۇر.

3314 تىرىك بولسا ئىنسان تېپىشۇر يەنە،
ئېسەن بولسا، كەتكەن قوۋۇشۇر يەنە.

3315 تىرىكلىك تىلە سەن، تىلىمە تىلەك،
تىرىكلىك تىلەككە يېتىشكە يۆلەك.

3316 خۇدا بەردى ئاخىر تىلىكىم ماڭا،
ئېسەنلىك بىلەن مەن قوۋۇشتۇم ساڭا.

3317 يەنە بىر سۆزۈم بار بۇ سۆزدىن كېيىن،
ئىشىتكىن ئۇنى سەن، ساڭا ئېيتايىن.

## قىرىق بىرىنچى باب

### ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىش بىلەن مۇنازىرە قىلغانلىقى باياندا

3318 جاۋاب بەردى ئودغۇرمىش، ئېيتتى: سۆزۈڭ
ئىشىتتىم، سۆزۈمنى ئىشىتكىن ئۆزۈڭ.

3319 بۇ قىلمىش يېقىنلىق ئۈچۈن بىر بايات،
ئەجرىڭگە تۈمەنمىڭ بەرسۇن ياخشى ئات.

3320 سېنىڭ ئۇ يەنە بىر سۆزۈڭ ئېمىكىن،
ئۇنى ھەم ماڭا ئېيت، قالدۇرما كېيىن.

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

3321 ئۆگدۈلمىش دېدىكىم، شۇدۇركى سۆزۈم،
سېنى كۆرمەك بىلەن يورۇشتى كۆزۈم.

3322 كىشى ئۆز تىلىكى بىلە يۈرسە يول،
ئەي ئىلمى ئۇلۇغ ئەر، جاپا چەكمەس ئول.

3323 نېمە دەر كۆپ ئىشنى كۆرگەن بىر ئەرەن،
ئەي كۆڭلى كەڭ، ئۇنىڭ مەنىسىن چۈشەن:

3324 كىشىكىم، نە ئىشتا بولۇر ئارزۇۋار،
قەدەمدە ئۇ ئارزۇ بولۇر ئاڭا يار.

3325 تىلەك بىرلە ماڭسا، يىراق يەر يېقىن،
يۈزىنى كۆرۈپ جان ئىگىسىن تاپار.

3326 يەنە ئېيتتىكى بۇ ئۆگدۈلمىش: ئۆزۈم
ساڭا قايغۇرۇپ، ھېچ ئۆزۈلمەس سۆزۈم.

3327 شەھەر ـ كەنت، قېرىنداش، تۇغقاننى قويۇپ،
بېرىپ ئەلدىن يىراق، دوست ـ يارسىز بولۇپ.

3328 ئۆزۈڭ يالغۇز ئېغىر يۈك، زەخمەت يۇدۇپ،
يۈرەرسەن يېلىڭ ـ ئاچ دەرماندىن كېتىپ.

3329 سېنىڭچۈن قاياشلار تولا قايغۇرۇر،
كۆرەي دېسە سەن يوق، دىلى ئۆرتىنۇر.

3330 ئادەم ئوغلى ئۆتمەس يالغۇز ـ يەككە تەن،
ئۆزۈڭ مۇندا يالغۇز، ئاغرىماسمۇسەن؟

3331 بۇ قايغۇ مېنى ئۆيدە ياتقۇزمىدى،
بۇ قايغۇ ـ ئەندىشە تىنچ قويمىدى.

3332 دوزاخنى ساڭىلا ياراتمىدى ھەق،
ئازابنى ساڭىلا ھەم بەرمىدى ھەق.

3333 نېچۈن ھەم نېمانچە قىينىماق ئۆزۈڭ؟
ماڭا ئەيلە مەلۇم، بىلەي مەن سۆزۈڭ.

## ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3334 دېدىكىم ئودغۇرمىش، ئىشىتتىم سۆزۈڭ،
بېرەي مەن جاۋابىن، ئىشىتكىن ئۆزۈڭ.

3335 نېمىكىن، سەن ئېيتتىڭ كۆيۈمچانلىقىڭ،
يېقىنلىق نىشانى، قېرىنداشلىقىڭ.

www.uyghurkitap.com

3336 قاياشنىڭ غېمىنى قاياش يېمىسە،
بۆلەك يات قاچان يەر، قاياش بولمىسا؟

3337 جىمىكى قاياشتىن ئۈزۈن ئايرىلىپ،
نېچۈن مۇنچە تۇردۇم بۇ يەرگە كېلىپ.

3338 كى كۆردۇم بۇ يەردە دىنىم، خوپلۇقى،
بۇ يەردە كۆرۈندى ئۆزۈم خوپلۇقى.

3339 شۇڭا كەلدىم ئەمدى بۇ يەرگە يۈرۈپ،
قىلاي ھەققە تائەت دەپ يالغۇز بولۇپ.

3340 بۇ دۇنيا ئىشىغا چېتىلغان كىشى،
قىلالماس تائەتلە ئۇ دۇنيا ئىشى.

3341 پۈتۈن بۇ خەلققە ياپماستىن قوۋۇق،
ياراتقان خۇداغا تائەت قىلماق يوق.

3342 ھاۋا ـ نەپس بوينىنى سىققاندا قاتتىق،
شۇ چاغدا تاپارسەن تائەتتىن تاتىق.

3343 نېمە دەر ئىشىتكىن، تەقۋادار كىشى،
ھاۋا بىرلە بولماس پۈتۈن دىن ئىشى:

3344 ھەۋەس، نەپس — بۇ دىنىنىڭ بۈيۈك دۈشمىنى،
تائەتتىن ئازدۇرار ئۇلار بەندىنى.

3345 ھەۋەسكە بېرىلسە، ئەر تۇتقۇن بولۇر،
دېسەم تەن ئارزۇسىن، مېنى قۇل قىلۇر.

3346 ھەۋەسكە بېرىلمە، ئەقىل بىرلە كەس،
تېنىڭ باش كۆتۈرسە، بىلىم بىرلە باس.

3347 ئاشۇنداق سەۋەبتىن شەھەرنى قويۇپ،
بۇ يەرگە كېلىپمەن ئېغىر يۈك يۈدۈپ.

3348 يۈرۈپمەن كىشىدىن ئەگەر ئايرىلىپ،
قۇرۇق سۆزلىمەسمەن، نە غەيۋەت قىلىپ.

3349 كى يالغۇز تۇرۇرسەن دېدىڭ ئەي قاياش،
خۇدا يادى ھەمراھ، ماڭا بەس، ئاداش.

3350 قېرىنداش ـ يېقىندىن گەر ئولدۇم يىراق،
تۇيدۇرماي ئۆتەرمەن ئاچ ـ توقۇم بىراق.

3351 خەلق كۆڭلى نازۈك، ئالماق ئۇنى تەس،
كۆڭۈل سۇنغانغا قارشى، خۇدا ئەدلى بەس.

3352 خەلق گەرچە مەندىن نەپ ـ پايدا كۆرمەس،
ئۇلارغا مېنىڭدىن زىيانمۇ يەتمەس.

3353 زىيان ـ نەپ، نە ياخشى ـ يامانلىق، بارى،
خۇدادىن كېلۇر بۇ، ئۇنىڭ تەقدىرى.

3354 بۇ ئەرشتىن تۆۋەن يەر ئاستىغىچە تا،
ئېرۇر ھەممە بىردەك موھتاج خۇداغا.

3355 زىيانمۇ، يا پايدا، كىشىلەر ئارا
نېمە بار، ئەي مەشھۇر، بۇ مەلۇم ساڭا.

3356 سورايسەن نە پايدا تائەتتىن دېبان،
بۇدۇر قۇللۇق، ئىشىك ئاچار قۇل سايان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرىسى
www.uyghurkitap.com



3357 قۇل ئاتى نام ئۇلدى قۇلغا شۇنىڭچۇن،
بېرىپ تاغقا قىلسۇن تائەت كۈنۈ ـ تۈن.

3358 قوبۇل قىلسۇن خۇدا ۋە يا قىلمىسۇن،
بۇ تائەت زىكرى ھېچ تىلدىن چۈشمىسۇن.

3359 بۇ يالغۇزلۇقۇمدىن ماڭا يوق زىيان،
بۇنىڭلە بولۇندى تەنۈ ـ دىن ئامان.

3360 نە ياخشى دەر ئاڭلا، بۇ بېيىت ئېيتقۇچى،
تېشىغا باقما، كۆر مەنىسىن ـــ ئىچى.

3361 ئەي ماھىر كىشى سەن يۈر تەنھا بولۇپ،
تۈتى سۆز ئۆگەندى ئۇ يالغۇز يۈرۈپ.

3362 تائەتچى تائەت قىلسا يالغۇز ئەگەر،
بولۇر نە زىيىنى ئۇ يالغۇز تۇرۇپ؟

3363 كىشى سۆھبىتىنى ماختارسەن قاياش،
نېچۈكمۇ قېتىلماق ئۇلارغا ئاداش؟

3364 ماڭا كەلگىنىڭدىن بېرى مەن بۇ كۈن،
تائەتتىن قېلىپمەن، بۇنى كۆر، چۈشۈن.

3365 قوشۇلغانلىقىمدىن ئۆزۈم بىر ساڭا،
زىيان شۇنچە بولسا، كۆچەتمە مۇڭا.

3366 ئۆزۈم كىرسەم ئەمدى كىشىلەر ئارا،
نېچۈك تەگكەي قولۇم تائەتكە، قارا.

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

3367 ئۆگدۈلمىش دېدىكىم: ئىشىتتىم سۆزۈڭ،
مەن ئېيتاي، ئىشىت سەن، ئۆرۈمەي يۈزۈڭ.

3368 سەن ئېيتقان بۇ سۆزلەر ھەقىقەت ئېرۇر،
قاراپ كۆرسە بىراق، بىر باھانىدۇر.

3369 ئېتىم مەڭگۈ تىرىك بولسۇن دېسە ئەر،
تىرىك چاغدا كىشىگە نەپ يەتكۈزەر.

3370 يوق ئەرسە تىرىكلىك نىشان بەلگىسى،
ئۇنىڭ ياخشىلىقىن نەدىن بىلگۈسى؟

3371 خوتۇن ئال، ئۇ تۇغسۇن ئوغۇل ـ قىز قەۋەت،
دېسە ئەۋلادى يوق، ئەرەن ئۆچۈن سەت.

3372 نېمە دەر، ئىشىتكىن، كىشىلەر خىلى:
خوتۇندۇر نەسلىنى ئۇزمەسلىك يولى.

3373 ئوغۇل ـ قىزسىز ئۆتكەن پۇشايمان يېدى:
كېيىن كەلگۈچى قىل ئوغۇل ـ قىز، دېدى.

3374 ئۆزىدىن بىر ئەۋلاد قالدۇرسا كېيىن،
ئۇنى ئۆلدى دېمەي، تىرىكتۇر دېگىن.

3375 نەسىلسىز ئۆلسە ئەر، تۇگەيدۇ ئۇرۇق،
جاھاندا ئات، ئورنى قالۇر بوش ـ قۇرۇق.

### ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3376 جاۋاب بەردى ئودغۇرمىش: بۇ ھەقىقەت،
بۇنىڭدا يەنە بار بۆلەكچە ھالەت:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



3377 ئەگەر ياخشى بولسا ئوغۇل ـ قىز زېرەك،
سېنىڭ ئېيتقىنىڭدەك بولۇر ئۇ، دېمەك.

3378 يامان بولسا لېكىن، يىغلاتقاي سېنى،
سەن ئۆلگەندە، تېزلا ئۇنتۇغاي سېنى.

3379 يامانلاپ ئېتىڭنى، قارغىش ياغدۇرار،
بولۇپ چوڭلارمۇ باش، ياتلار تىللىشار.

3380 ئوغۇل ـ قىز يېغىدۇر، يېغى نە كېرەك؟
يېغىسىز تىرىكلىك تېخى ئەزگۈرەك.

3381 يېغىدىن نېچۇكمۇ راھەتلەر كېلۇر؟
يېغى ئاتى زىيانغا گۇۋاھلىق بېرۇر.

3382 نە ياخشى بىلىم بەردى ئىلمى چوڭقۇر:
ئوغۇل ـ قىز ئېتى ئۆچمەس كۆلەڭگە ئېرۇر.

3383 بۇڭا ئوخشىشۇر بىر بىلىملىك سۆزى،
سۆزى توغرا، كۆڭلى تولا تۈز ئۆزى:

3384 ئوغۇل ـ قىزنى دەپ سەن، دىلىڭ سىيرىلۇر،
قەيەردە ئوغۇل ـ قىز بۇ دەردنى بىلۇر؟

3385 يىغارسەن ھارامنى كېتەرسەن، قالۇر،
سەن يىغلاپ كېتەرسەن، ئۇ ھۇزۇر كۆرۇر.

3386 كېمىگە چۈشكۈچى — خوتۇن ئالغۇچى،
دېڭىز ئىچرە كىرەر ئاڭا چۈشكۈچى.

3387 تۇغۇلسا ئوغۇل ـ قىز، كېمىسى سۇنۇر،
كېمە سۇنسا سۇدا تىرىك كىم قالۇر؟

3388 ئوغۇل ـ قىزغا ئاتا بولغاننى كەچۈر،
ئۆتىڭكىم، يېگىنى بىر زەھەر ئېرۈر.

3389 ئوغۇل ـ قىز يامىنى ئاتىدىن كېيىن،
ئاتىماس ئاتىسى، ئانىسى ئېتىن.

3390 بۇ ياڭلىغ ئوغۇل ـ قىز قىلۇرمۇ ۋاپا؟
ياماندۇر پەيلى ھەم قىلىقى جاپا.

3391 ئوغۇل ـ قىز ئاتىسى كۆپ ئەمگەك چېكەر.
بالا بىرلە مېھنەتنى پىلدەك يۈدەر.

3392 ئاداش، دوست، قېرىنداش تېپىپ تۇت دېدىڭ،
بۇ ياخشى، ئۇ بىر يۈك، تەستۇر يۈدمەكلىك.

3393 مۇنەۋۋەر، بىلىملىك، ھېكىم نە دېمىش:
كىشى كۆڭلى نازۇك، كۆزەتمەك تەس ئىش.

3394 گوياكى بىر شېشە ئېرۈر بۇ كۆڭۈل،
سۇنۇپ كەتمىسۇن ئۇ، ئاۋايلا ئوغۇل.

3395 كۆڭۈل نازۇك نېمە، تەجرىبە شۇدۇر،
ئىسسىقتا ئېرىپ تېز، سوغۇقتا توڭۇر.

3396 ئاداش كۆڭلى سۇنسا، بولۇر زور يېغى،
يېغى بىرلە بولماس ھۇزۇر ھېچ چېغى.

3397 يېغى بولسا، تۇرمۇش تېتىقسىز بولۇر،
يېغى قايدا بولسا، زىيىنى تېگۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



3398 نېچەكىم، كىچىكتۇر ئۇ دۈشمەن ساڭا،
ھېسابلا ئۇنى زور، ئەي باتۇر توڭا.

3399 چۈنكى بولدى پىلنىڭ يوغان دۈشمىنى،
چېقىۋەرسە، ئاخىر سەكرىتەر ئۇنى.

3400 نە دەر، ئاڭلا، دۈشمەنلىك ئولغان كىشى،
ئۇرۇشۇپ يېغىلە تۇگىگەن يېشى:

3401 غاپىل بولما، دۈشمەن كىچىك دەپ ئۆزۈڭ،
نېچۈن قورقايىن دەپ، چوڭ ئېيتما سۆزۈڭ.

3402 ئەگەر بولسا دۈشمەن، غاپىل بولمىغىن،
يېغىغا يېغى بول، دوستقا ئاچ يۈزۈڭ.

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئوغدۇرمىشقا جاۋابى

3403 جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش ئاغزىن ئېچىپ،
دېدى: ئاڭلا سۆزۈم، كۆڭۈلنى بېرىپ.

3404 ياراتتى خۇدا بۇ جاھاننى بىلىپ،
يېمەك بەردى ئىچمەك ھالالدىن قىلىپ.

3405 كىشىكىم، قوشۇلسا تېپىپ ياخشى ئەش،
ئەشى ياخشى بولسا، قىلۇر ياخشى ئىش.

3406 كىشى نەپئى بولسا، كىشىگە قېتىل،
كىشىگە بېرىش نەپ ھەركىم نەپئى، بىل.

3407 بۇ يالغۇز يۇرۇرچى ياۋايى ئېرۇر،
ئۇنىڭدىن كىشىگە نېمە نەپ يۇقۇر؟

3408 كىشىگە نەپئى يوق كىشىدۇر ئۆلۈك،
يىگىت بولسا، ئەلگە نەپئى بەرگۈلۈك.

3409 تولا بولسا ئەرنىڭ ئاداش ـ قولدىشى،
ئېتى تارقاپ ئەلگە، يورۇشۇر ئىشى.

3410 بۇ دۇنيا ئىچىدە تاپار ئۇ تىلەك،
ئۇ دۇنيا تىلىسە بولۇر ھەم يۆلەك.

3411 ئېغىر كۈندە دوستلار پىدالار ئۆزىن،
سۆيۈنچتە سۆيۈنۈپ، يورۇتۇر كۆزىن.

3412 خەلقلەرگە ئېيتىپ يايار پەزلىنى،
قۇسۇر كۆرسە ئېيتماي، يىغار تىلىنى.

3413 يىگىتنى غەپلەتتىن دۈشمەن ئويغىتار،
پەزىلەت ـ قۇسۇرىن دۈشمەن تارقىتار.

3414 يېغى بولمىغۇچە، كىشى مەردلىكى
قاچانمۇ بىلىنگەي ئېتى ھەم تېگى؟

3415 پەزىلەت كىمنىڭكى بولۇركەن تولا،
تەڭداشسىز بولۇر كۆپ دۈشمەنمۇ ئاڭا.

3416 كىم ئاسىل بولۇركەن پەزل ـ نەسەبتە،
بولۇر كۆپ دۈشمىنى تەرەپ ـ تەرەپتە.

3417 بولۇر ياخشى ئەرگە يېغى بەلگىلىك،
يامانغا يېغى يوق، ئۇ چۈنكى ئۆلۈك.

3418 قايۇ ئەرگە دۈشمەن يىغىلسا تولۇپ،
بىلىڭكىم، ئۇ ئەرنىڭ پەزىلىتى كۆپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



3419 دۈشمەنلە كۈرەشكەن ئەر شۆھرەت تاپۇر،
دۈشمەنسىز ئەر ئېتى قوپالماي ياتۇر.

3420 نە دەيدۇ ئىشىتكىن، پەزىلەتلىك ئەر،
پەزىلەت بىلەن ئەر تىلەككە يېتەر:

3421 ئېچۈك ئەر سانىلۇر مىڭ ئەر دۈشمىنى
مىڭ غەيۈەت قىلمىسا ئۇنى ھەر كۈنى.

3422 كۆر، ئىتتىن قاچقان ئۇ بۆرە بولۇرمۇ،
ئاڭلانسا كەينىدىن مىڭ ئىتنىڭ ئۈنى.

3423 دىدىڭ يالغۇز ئۆتسەم، ئارىلاشماي ئۆزۈم،
تىلىمدىن چىقارماسمەن قۇرۇق سۆزۈم.

3424 قېشىڭدا كىشى يوق كىم ئاڭلار سۆزۈڭ،
كىشىلەر ئارا سەن تۇرمىساڭ ئۆزۈڭ؟

3425 يىگىت شول ئىرۇركى، ئەل ئىچرە ياشار،
كۆزىتىپ تىلىنى ھەم تۆرگە چىقار.

3426 يىرىك سۆزگە يۇمشاق جاۋاب بېرەر ئۇ،
ئاچچىق سۆز ئېيتقانغا شېرىن سۆزلەر ئۇ.

3427 يۇدۇر ئەل يۈكىنى، يۇدگۇزمەس ئۇ يۈك،
جاپاغا قىلار ئۇ ۋاپا، يۇرۇپ شۈك.

3428 كۆڭۈلدىن چىقارۇر ئۆچ ـ كەك كىرىنى،
تىلىدا ئېيتار ئۇ دىلدا بارىنى.

3429 كىشى ياخشىسى ئۇ، ئىشىت نېمە دەر،
قىلىپ ياخشىلىقنى، ئېتى چىققان ئەر:

3430 كىشىگە يېرىك سۆز دېمىگۈچى بول،
يېرىك سۆزدىن ئاغرار كۆپ يىللار كۆڭۈل.

3431 سېنى سۆكسە كىم، گەر، سەن ماختا ئۇنى،
بولۇر ئۇ نادان، دەر ئەقىللىك سېنى.

3432 جاپا قىلغۇچىغا قىلىپ تۇر ۋاپا،
ۋاپانى قىلۇر مەرد، يامانلار جاپا.

3433 يىراقلاشسا سەندىن يېقىن ۋە قاياش،
ئۇلارغا يېقىنلاش ئۆزۈڭ، ئەي ئاداش.

3434 ئەگەر قىلسا زالىم ساڭا زۇلمىنى،
ئېرۇر دىن يولى بۇ: كەچۈرگىن ئۇنى.

3435 خاتا قىلسا دېدەك، قۇل، ئۇنى كەچۈر،
كەچۈرۈپ ساۋاب ئال، بۇ ئوزۇق بولۇر.

3436 مەردانىلىق شۇ بولغاچ، يىگىت يۈك يۈدۈپ،
يۈرەر سەۋر بىرلە ئۆلۈمنى كۈتۈپ.

3437 بۈگۈن بىر ئۆي ئىچرە سەن يالغۇز تۇرۇپ،
نە پايدا تاپارسەن، سەن ئەي خۇلقى خوپ؟

3438 يا راھەت، يا ئارزۇ، نېمەت كۆرمىدىڭ،
كۈمۈش ـ زەر، يا گۆھەر ۋە مىس تاپمىدىڭ.

3439 ساراي ـ قەسىر، يەر ـ سۇ نە سەندە بولسا،
ئات ـ ئۇستەم[158]، قىز ـ ئوغلان نە بىللە بولسا.

www.uyghurkitap.com



3440 قولۇڭ خەلقلەر ئۈزرە يا ئۈستۈن ئەمەس،
تۇتۇپ ئۆزنى، ئالساڭ ئاتاق ياخشى، بەس.

3441 نېمە يىغدىڭ ئەمدى قويۇرسەن ئۈنى،
قايۇ تەلۋە ئاتار زاھىت دەپ سېنى؟

3442 يېتىپ كۆپكە كۈچى، ئازنى خالىسا،
بولۇر شۇنداق ئەرنى زاھىت ئاتىسا.

3443 تىلەككە يەتمىگەنلەر زاھىت بولۇر،
بۆلەك ھىيلىسى يوق، ئۇ سەۋر قىلۇر.

3444 يىگىت شۇ ئېرۇركى، مىڭ ئارزۇ تېپىپ،
ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈسە، مەردانە بولۇپ.

3445 يېگۈزسە، ئىچۈرسە پېقىرغا بېرىپ،
تائەت قىلسا ھەققە دىلى باغلىنىپ.

3446 كېلۇر بولسا دۇنيا، كۆڭۈل بەرمىسە،
كېتەر بولسا ئاغرىپ، يۈزىن پۈرمىسە.

3447 ئەگەر ئارزۇ ئۈزرە يېتىشسە قولى،
تۇتۇپ ئۆزنى، تۈزەلسە كۆڭلى ـ دىلى.

3448 كېلەر مەنە ئۈزرە ئۇيغۇن ئۇشبۇ سۆز،
ئىشىت سەن، ئەمەل قىل، ئايا خۇلقى تۈز:

3449 ئەر شۇكى، جىمىگە قۇدرەتلىك تۇرۇپ،
قىلالىسا ئىشنى ئۆزىن چىڭ تۇتۇپ.

3450 ئاندىنمۇ مەردانراق يىگىت شول ئېرۇر،
مىڭ ئارزۇ ئۈزرە ئالسا نەپسىن تۇسۇپ.

## ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3451 جاۋابەن ئودغۇرمىش دېدى: ئېيت چىنىڭ،
نەدۇر ئاي يۇزلۇكۇم، تىلىكىڭ سىنىڭ؟

3452 نېمە سۆزلىسەم مەن، سۆزۇمنى يېرىپ،
جاۋابنى قىلۇرسەن مېنى رەنجىتىپ.

3453 ئوچۇقراق ماڭا ئېيت، تىلىكىڭ نېمە؟
نېمە كۇتسەڭ ئۇنى ئېچىپ سۆزلەۋە.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

3454 جاۋاب بەردى ئۆگدۇلمىش، ئېيتتى: ئۆزۇم،
تىلەك بىرلە كەلدىم، ئاچاي مەن سۆزۇم.

3455 بۇ كۇنتۇغدى ئەلىگ ئىشتتى سېنى،
ئۆزىگە كېرەك دەپ، ئەۋەتتى مېنى.

3456 تولا ئارزۇ قىلىپ كۆرۇشكە سېنى،
دەۋەتچى قىلىپان ئەۋەتتى مېنى.

3457 ئېغىر كەلسە قانچە، بىر بارماق كېرەك،
بېرىپ ئۇ ئەلىگكە كۆرۇنمەك كېرەك.

3458 ئەلىگ بەكمۇ ياخشى بىر سۇلتان ئېرۇر،
خەلقپەرۋەر، ئۆزى كۆيۇمچان ئېرۇر.

3459 كىم ئەلىگ يۇزىن كۆرسە قۇتلۇق بولۇر،
هەر ئىككى جاهاندا تولۇق بەخت تاپۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



3460 نېمە دەر ، ئىشىتكىن، بۇ ئەل ـ كەنت بېگى،
جاھاننى تۇتۇپ كەلگەن يېتىلمىش ئۆگى:

3461 قانۇنلۇق ئادىل بەگ چىندىن بەخت ئېرۇر،
ئۇ بەختتىن ھەممىگە نېسىۋە تېگۇر.

3462 ئادىل بەگ ئېتى قايدا بولسا مەشھۇر،
ئاڭا بارغۇلۇق، بەخت ئۇنىڭدىن تېگۇر.

3463 ئادىل قانۇن كۆككە بىر تۈۋرۈك ئېرۇر،
بۇزۇلسا ئۇ قانۇن ئاسمان يىقىلۇر.

3464 يوق ئەرسە قانۇنلۇق بەگلەر مۇبادا،
يەتتە قات زېمىننى بۇزاتتى خۇدا.

3465 ئادىل بەگ يۈزىن كۆرسە، قۇتلۇق بولۇر،
ساۋابىن تاپۇر ھەم گۇناھ يوقىلۇر.

3466 ئادەم بولغىنىمغا، بىلسەڭ، بۇ زامان
سەۋەبچى، يۆلەكچى ماڭا بولدى خان.

3467 خۇدا بەرگەچ ماڭا ئەقىل ـ ئاڭ، بىلىم،
پۈتۈن ياخشىلىققا يېتىشتى قولۇم.

3468 بىرىپ تەۋپىق خۇدا ياخشىلىق ئۈچۈن،
خەلق نەپئىنى دەپ كۆتۈردۈم يۈكىن.

3469 سېنى ھەم تىلەر ئەمدى خاقان بۇ كۈن،
تۇتۇپ قولغا قول يەتسە خانلىق تۈگۈن.

3470 قىلىپ دەۋەتچى مېنى ئەۋەتتى ساڭا،
مەن يالغۇز كەتمەيىن، ئەي باتۇر توڭا.

3471 ئەۋەتتى ئۇ خەت ئۆز قولىلە پۈتۈپ،
نېمە سۆزلىگەن بولسا، كۆرگىن ئوقۇپ.

*　　　*

3472 چىقاردى ئۇ خەتنى ھەم بەردى سۇنۇپ،
ئودغۇرمىش ئالدى، ئاچتى، بىرئاز ئويلىنىپ.

### ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

3473 ئوقۇپ خەتنى ئاستا، ئۇزۇن ئويلىدى،
بىرىپتۇ ئەلىگ خەتتە كۆپ بىلىم، دېدى.

3474 مېنى كەلگىن دېبان قىچقىرىپتۇ خان،
پۈتۈن ياخشىلىقلارنى ئەيلەپ بايان.

3475 بۇيۇك ئىش ئېرۇر، كۆر، بۇ ئىشلار ماڭا،
نېمە قىلغۇلۇق، ئېيت، كېڭەش بەر ماڭا.

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

3476 جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش، ئېيتتى: خاقان
تىلى شۇك تۇرماس سېنى سۆزلەپ ھامان.

3477 تەۋرەتسە تىلىنى، ئېتىڭنى ئېيتار،
سېنى بىر كۆرەي دەپ تۆت كۆزلە باقار.

3478 كۆڭۈل كىمنى سۆيسە تولا ئارزۇلاپ،
يۈرەر تىل ھەر سۆزدە ئېتىنى ئاتاپ.

3479 سۆيدۈرگەن نېمە دەر، بۇ بېيىتنى ئوقى،
سۆيۈملۈك يۈزىدۇر كۆڭۈل توقلۇقى:

www.uyghurkitap.com



3480 كۆڭۈل كىمنى سۆيسە، كۆز ئالدىدا شۇ،
كۆزى نەگە باقسا، ئىگاھىدا شۇ.

3481 كۆڭۈلدە نە ئۇلسا ئارزۇ ۋە تىلەك،
ئېغىز ئاچقان هامان بولۇر تىلدا شۇ.

ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3482 جاۋابەن ئودغۇرمىش دېدى: ئەي توڭا،
ئىلاجى نېمىدۇر، كېڭەش بەر ماڭا.

3483 كۆيۈمچان قاياشىم ئۆزۈڭسەن يېقىن،
كېڭەش بەر، ئادا قىل قاياشلىق ھەققىن.

3484 بۇ ئىشتا قىلۇرمەن كېڭەشنى ساڭا،
بىلىملە مۇناسىپ كېڭەش بەر ماڭا.

3485 مېنى سەن قاياش بىل ۋە ياكى ئاداش،
ئاداشلىق، قاياشلىق ئىككىسى ئوخشاش.

3486 بۇگۇن چىن كۆيۈمچان ئېرۇرسەن ماڭا،
نېمە قىلغۇلۇق، ئېيت، پۈتەرمەن ساڭا.

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

3487 ئۆگدۈلمىش بۇ ياڭلىغ قايتۇردى جاۋاب،
تۇرما ئەي قۇتلۇق ئەر، مېنىڭدىن سوراپ.

3488 مېنى خان دەۋەتكە ئەۋەتتى ساڭا،
سالۇرسەن كېڭەشنى نېچۈك سەن ماڭا؟

3489 بارايلى دېمەكتىن بۆلەك يوق سۆزۈم،
نېچۈك بارما دەيمەن ساڭا مەن ئۆزۈم؟

3490 سېنىڭ بىرلە بولسام، تولا پايدا، بىل،
ئۆز نەپسىن دېگەندە، كېڭەشمەس ئەقىل.

3491 نېمە دەيدۇ ئاڭلا، بىلىملىك چىگىل[159].
بىلىمسىز ئىشتىكىن، بېرىپ بوي ئېگىل:

3492 ئۆز نەپسىن دېگەنگە سالما مەسلىھەت،
ئەي قۇتلۇق، ئۇنىڭدىن تەگمەس مەنپەئەت.

3493 شۇ ياڭلىغ كىشىگە كېڭەش سال قاياش،
ئول ئەركىم ئۆز نەپسىن كۆزلىمەس، ئاداش.

3494 ئۆز نەپسىن دېگەنلەر ئۆز نەپسىنى دەپ،
يارامىلىقنى يارامسىز دەيدۇ كۆچەپ.

3495 ۋە بەزى ئىشلاردا كېڭەشمەك كېرەك،
لېكىن دىلغا ياققاننى قىلماق كېرەك.

3496 ئۆزۈڭگە كۆيۈمچان سېنىڭ ئۆز ـ ئۆزۈڭ،
كىشىگە ئىشەنمە، تۈگەت، بەس سۆزۈڭ.

3497 ئۆزۈڭ بىل، بۇ ئىشقا نېچۈكتۇر كېڭەش،
بۇ ئىش ئۆزرە مەندىن ھېچ يوقتۇر كېڭەش.

3498 سېنى ئالغىلى كەلدىم ئاندىن يۈرۈپ،
كېڭەش شۇكى بارغىن، سەن ئەمدى قوپۇپ.

3499 ئەل ئىچرە تاپارسەن ساۋاب، ياخشىلىق،
بۇ يەردە تېپىلماس، ساڭا بۇ ئېنىق.

www.uyghurkitap.com



3500 شەھەر ـ كەنتتە نەچچە ياخشىلىقلار بار،
ساڭا ئېيتتىم ئوچۇق ـ تەكرار ۋە تەكرار.

3501 ساڭا خوپلۇق تىلەپ، ئېيتقان بۇ سۆزۈم
بىلەرسەن، ئېرۇر راست، تەڭرىمگە مەلۇم.

3502 كىشىدىن قاچارسەن، نە قىلدى كىشى،
كىشىگە قوشۇل، قىل كىشىلەر ئىشى.

3503 مۇسۇلمان ئىشىن قىل، چىقار ھاجىتىن،
بولۇر تۆردە جاي، ھەق بېرىپ جەننىتىن.

3504 كۆڭۈل، تىلنى رۇس تۇت، خۇلقۇڭنى بەلەن،
ياشا قايدا بولساڭ سائادەت بىلەن.

3505 كىشىسىز يۇرمە، تۇر كىشىلەر ئارا،
كىشى ئەيىبى كۆرمە، ئۆزۈڭگە قارا.

3506 مۇنۇ بىر بېيىتكىم، كېلەر ماس بۇڭا،
ئوقۇ ئەي ھېكىم ھەم ئەمەل قىل ئاڭا:

3507 قەيەردە يۇرسەڭ يۇر، لېكىن ياخشى بول،
نەسەبكە ئەمەس، بۆل ياخشىغا كۆڭۈل.

3508 ئۇنتۇماس ئۆزىنى كىشى ياخشىسى،
قەيەردە يۇرسە ئۇ تىلەر ياخشى يول.

3509 كىشىكىم، ئۆز خۇلقىنى ئەگەر قىلسا يار،
قەيەردە تىلىسە، مىڭ خوپلۇق تاپار.

3510 كى ياخشى جىمىكى يەردە ياخشىدۇر،
بۇ ياخشى جاۋابىمۇ ياخشى بولۇر.

3511 خۇلقۇڭنى ياخشى قىل، يامان بولمىغىن،
قەيەر بولسا شۇندا يۇرى، قورقمىغىن.

3512 جاۋابەن ئودغۇرمىش دېدى: مەن ئۆزۈم
ئىشىتتىم سۆزۈڭنى، ئىشىتكىن سۆزۈم.

3513 بۇ دۇنيا ئۆزىن بەك سۆيدۈرمىش ساڭا،
پۈتۈن ئەيىبى ئەردەم كۆرۈنمىش ساڭا.

3514 تاڭ ئەرمەس سىنىڭدىن، مەسەلدە كېلۇر:
سۆيۈلسە نېمىكى، ئەيىبى يوق بولۇر.

3515 سەن سۆيگەچ جاھاننى، ئەي ئەلدە ئۇلۇغ،
بار ئەيىبى كۆرۈندى، پەزىلەت تولۇق.

3516 ئىشىتكىن، نېمە دەر بۇ سۆيگەن ئادەم:
ئاشىق ئۇچۇن مەشۇق ئەيىبى زور ئەردەم.

3517 بۇ سۆيگۈ نىشانى شۇدۇر، ئەي شەۋكەت،
ھەر مەشۇق قۇسۇرى بولۇر پەزىلەت.

3518 سۆيۈپسەن جاھاننى، نىشانىسى شول
كى بار ئەيىبىن پەزىلەت دەپتۇ كۆڭۈل.

3519 جاھاننى نېچۈكمۇ ماختارسەن ماڭا،
ئۇنىڭ ئەيىبىنى مەن ئېيتايىن ساڭا.

3520 گۇناھ قىلغاچ ئادەم[160] تەڭرى قىيىندى،
قىلىپ دۇنيانى زىندان، ئۇنى قامىدى.

3521 بۇ زىنداندا قانداق تىلەرسەن تىلەك؟
بولۇر جەننەت ئىچرە تىلەك، بەخت، يۆلەك.

3522 ئادەم بولدى جەننەتتە بۇغداينى يەر،
بۇ دۇنيا قىلىندى ئېرىغلانغۇ يەر.

3523 ھەق لەنەت قىلغاننى سۆيىدۇ شەيتان،
ھەق قوغلاپ ئەتكەننى ئۇندىنمۇ چەندان.

3524 خۇدا تاللىسا خالىغان قۇلىنى،
ئاڭا دۇنيا بەرمەي، پاكلار يولىنى.

3525 جاھان بەختى ياخشى بىرنەرسە ئەمەس،
قىلۇر ھەقتىن يىراق، دىنغا بالا، بەس.

3526 «خۇدا مەن» دېگۈچى ئۇ تەلۋە كىشى،
بۇ دۇنيانى دەپ كەتتى، ئىت ئوخششى.

3527 كىشىكىم باي ئولسا، كىبىرلىك قىلۇر،
پېقىرلىق بىلەن ئۇ مۇلايىم بولۇر.

3528 يالىڭاچ تۇغۇلدى، ئەر يېلىڭ كېتۇر،
نېمىگە كېرەك مال، ئۇ ھامان قالۇر.

3529 نېچۈن ئالدىنارسەن، ئايا ئۆلگۈچى،
ئۆزۈڭ ئىككى كۈنلۈك قونۇق بولغۇچى.

3530 بىلۇرسەن، تىرىكلىك ئۆلۈمگە ئېرۇر،
بۇ تۇرغان ئۆلۈم بىر ۋاقتىنى كۈتۇر.

3531 ئىشىك ئاچتى دۇنيا، يەنە بىر ئىشىك،
ئۆلۈم ئىشىكى ئېچىلۇر، كىرۇر چوڭ ـ كىچىك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



3532 ئۆزۈڭ ئىككى كۆنلۈك ئاۋۇنچاقنى دەپ،
كۆيەر ئوتقا سالما ئۆزۈڭنى كۆچەپ.

3533 بۇ دۇنيا ۋاپاسىز، بەخت بىقارار،
نېمە بەرگەن ئولسا، يەنە تېز ئالار.

3534 دېمەس ئۇ كىشىنى قۇل ۋە ياكى خان،
نە ياخشى، يامانىنى پەرق ئەتمەس ھامان.

3535 بىرىنى قىلىپ بەگ، يەنە بىرىنى
ئۆزىگە قىچقىرىپ تۇرار ھەر كۈنى.

3536 كۆلەڭگە كەبىدۇر دۇنيا، قارىساڭ،
قاچار ئۇ ئىزدىسەڭ، ئۇ ئىزدەر قاچساڭ.

3537 مۇڭا ئوخشار ئەمدى قارالسا بۇ سۆز،
بۇنىڭ مەنىسىن ئۇق، ئايا كۆڭلى تۈز:

3538 بۇ دۇنيا قاچار كىم ئىزدەركەن ئۇنى،
ئەگەر قاچساڭ ئۇندىن، ئۇ ئىزدەر سېنى.

3539 بۇ دۇنيا مېلى دىنغا ئۆچتۇر يانا،
مېلىڭ يەيدۇ دىنىنى، سەن كۆرگىن مانا.

3540 بېرەكلەپ بۇ دۇنيا ئۆزىن كۆرسىتۇر،
ياساتغان كېلىندەك دىلنى ئوينىتۇر.

3541 كۆڭۈل بەرسەڭ بولۇر، ھاياسىز قېرى،
تۇتۇپ يەڭ ـ ياقاڭدىن، پۇتمەس گەپلىرى.

3542 جاپادۇر قىلىقى، ئۇندا ۋاپا يوق،
ئۇ تۇرماس بىر ئەردە ئۇچ ئايمۇ تولۇق.

3543 كىمىكى كۆڭۈل بەرگەن بولسا ئاڭا،
قىلۇر زايە، ئەپسۇس، هاياتىن مۇڭا.

3544 ئەجەب ياخشىدۇر بۇ تىرىكلىك كۈنى،
بىكار ئىشقا ئىشلەتسە بولماس ئۇنى.

3545 هايات ــ ياخشىلىقلار ئۈچۈن دەسمايە.
ئەي ئالىم ئۇنى هېچ قىلما سەن زايە.

3546 بۇ ئۈچتىن بۆلەك يوق بۇ دۇنيا مېلى،
هالال يا هارامدۇر ۋە يا شۈبهىلى.

3547 هالالغا هېساب بار، هارامغا ئازاب،
گەر ئولسا شۈبهىلىك، ساقلان سەن قاراپ.

3548 جاهان كىمنى سۆيدۇرسە، قوغلار ئاخىر،
ئاۋۇتقاچ هۇزۇردا، ئۇ تاشلار ئاخىر.

3549 سۆيۈنچ بىرلە ئاسراپ تولۇق سەمرىتۇر،
يەنە قايغۇ ـ هەسرەت بىلەن يادىتۇر.

3550 سۆيۈنچىن كۆرۈرسەن، ئاخىرى ئەلەم،
ئەلەمدىن كېلۇر سوڭ سۆيۈنچىسى هەم.

3551 ئۈچى بولسا نېمەت تۇۋى مېهنەت ئول،
بېشى بولسا مېهنەت، سوڭى نېمەت ئول.

3552 ئىشىت، بىر تەقۋادار ئويغاق نېمە دەر،
يىراق تۇر، بۇ دۇنيا تەگكۈزەر زەرەر:

3553 سېنىڭ بايلىقىڭ، كۆر، پېقىرلىقىڭدۇر،
ساڭا كىم پېقىر بولسا، شۇ باي ئېرۇر.

3554 سېنى كىم يېسە، يەيسەن ئېتىن ئۇنىڭ،
قارا يەر قېتىدا ئالۇرسەن ئۆچۈڭ.

3555 بۇ تۇزگەن نىزامىڭ بۇزۇلغۇچىدۇر،
بۇ يىغقانلىرىڭ ئۇ چېچىلغۇچىدۇر.

3556 بۇ دۇنيا يېقىندا كېتىپ قالغۇچى،
سەن ئويغان، ئۇ دۇنيا ئېرۇر كەلگۈچى.

3557 كېتۇرچى ئۇ هەر كۇن يىراقلاپ بارار،
كېلۇرچى كېلىپ تېز ساڭا ئۇلىشار.

3558 كېتۇرچىگە بەرمەس بىلىملىك كۆڭۇل،
كېلۇرچىغا ئاقىل بولۇر هازىر ئول.

3559 ئۆلۇمنى بىلەر ئەر، سۆيۈنمەس ئۇزۇن،
ئۆلۇمنى كۆرەر ئەر، ئاۋۇنماس ئۇزۇن.

3560 يۇرۇرچى كىشى يولغا ئۆي سالمىغاي،
كۆچۈپ كەتكۈچى ئۆيدە مال قويمىغاي.

3561 جاهان ساڭا چۇشكۇن، ئۆزۇڭ بىر قونۇق،
بۇ چۇشكۇندە ئۆزنى يېنىك تۇتقۇلۇق.

3562 هېچ ياخشى ئەمەستۇر بۇ دۇنيا مېلى،
ئۇ كىمدە بولۇركەن، ئۆزگىرەر خۇيى.

3563 يەدەل قىلدى ئابدال[101] ئۇ مالۇ مېلىن،
بىلىپ تەرك ئەتتى زاھىت بۇ دۇنيا ئۆلىن.

3564 ساڭا بىر تۇزاقتۇر كۆرۈنمەيدىغان،
بۇ دۇنيا مېلى ئۇ چېچىلغۇچى دان.

3565 غاپىلدۇر بۇ ئىنسان، ھېرىس بەك كۆزى،
نېچۈك تورغا چۈشمەس بۇ ئىنسان ئۆزى؟

3566 نە دەيدۇ، ئىشىتكىن، تەقۋادار بېشى،
جاھان ئىشلىرىدىن ساقلانغان كىشى:

3567 تۇزاقچى كۆرۈنمەس، دىنىن كۆرسىتۇر،
بېزەلگەن كېلىندەك كۆڭۈل تەۋرىتۇر.

3568 سەۋرسىز، غاپىلسەن، ئاچ كۆزسەن ئۆزۈڭ،
چوقۇساڭ دانىنى گەر پۇتۇڭ باغلىنۇر.

3569 پۈتۈن دۇنيا مېلى يىغىلغان بىلەن،
ھۇزۇر ـ بەختتە مىڭ يىل ياشىغان بىلەن؛

3570 نە پايدا، ئاخىرى قارا يەر تېگى
بولۇر چۈشكۈن ئاڭا قوڭۇر يەر ئۆيى.

3571 كەچۈرگەن تىرىكلىك ساڭا چۈش ئېرۇر،
نە قىلساڭ، تېگىشلىك جاۋابىڭ بولۇر.

3572 ئۇ كۈن پايدىسىزدۇر پۇشايمان يېسەڭ،
يىل، ئاي، كۈن گۇۋاھتۇر نە ئىش ئەيلىسەڭ.

3573 جاھان تاتلىقىكىم بۇ ئۈچ نەرسىدۇر،
بۇ ئۈچىنىڭ لەززىتى باراۋەر تۇرۇر:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



3574 يېمەك ـ ئىچمەك ئېرۇر بۇ ئۆچنىڭ بىرى،
خوتۇندۇر ئۇ بىرسى، سۆيۈنسە ئېرى.

3575 ئۆچىنچى، تەن ساقلىق، تىرىكلىك شۇدۇر،
بۇ ئۆچ ئىچرە بۇ بەك كېرەكلىك ئېرۇر.

3576 بۇ ئۆچتە بار ئولغان لەززەت ھەممىسى،
بۆلەك، ئۆچكە يەتمەس، ئەي ئەل كاتتىسى.

3577 يېمەك ـ ئىچمەك ئۇ بىر لەززەتتۇر، قاياش،
ۋە لېكىن يېنىقى ياماندۇر، ئاداش.

3578 ئۆچ بارماق بىلەن ئۇ بىر گال ئۆچۈندۇر،
ئۇنىڭدىن نېرى بارسا قارنىڭ تولۇر.

3579 يېگەن ئاش سىڭمىسە، مىزاج بۇزۇلۇر،
بۇزۇلسا مىزاج، ئەر كېسەل بوپ ياتۇر.

3580 ئۆلۈمدىن خەۋەردۇر كېسەلنىڭ ئىشى،
ئۆلۈمدە لەززەت يوق، ئەي ھوشيار كىشى.

3581 يەنە بىر لەززەتكى — خوتۇن لەززىتى،
سوغۇق سۇغا چۆشمەك ئۇنىڭ مېھنىتى.

3582 ئۇنىڭدىن كېيىن، كۆر، ئوغۇل ـ قىز ئېرۇر،
بۇ يۈكنى كۆتۈرمەك مۇشەققەتلىكتۇر.

3583 ئىشىت بۇ بىيىتنى ئېيتقان نىمە دەر،
ئوغۇل ـ قىز، خوتۇن ئەر كۆچىنى كېسەر:

3584 خوتۇن بىرلە سۆھبەت تولا بەك تاتلىق،
سوغۇق سۇغا چۈشمەك جاپاسى قاتتىق.

3585 لەززەت نەدە بولسا، جاپاسى بىللە،
چۈچۈك قايدا بولسا، كېلۇر سوڭ ئاچچىق.

3586 تىرىكلىك تاتلىقى ئەگەر شۇ ئېرۇر،
بۇ دۇنيا تېتىقسىز، جاپا يولىدۇر.

3587 شېرىن ھەم تاتلىقتۇر تىرىكلىك كۆڭۈم،
تېتىقسىز قىلۇر ئاخىر ئاچچىق ئۆلۈم.

3588 بۇ دۇنيا تاتلىقى شۇ ئۈچ نەرسىدۇر،
ئۇنىڭكى جاۋابى ئىشتىتىڭ نەدۇر.

3589 بۇ دۇنيا يېغىدۇر، ۋۇجۇد بىر يېغى،
بۇ ئىككى يېغىنىڭ يېپىشقىلىق ئاغى[162].

3590 ئۈچىنچى، شەيتاندۇر، ئوغرىلايدۇ دىن،
ئامان قىلسۇن خۇدا بۇلار زىيىنىدىن.

3591 بۇلار ئىچرە قاتتىق، يامانراق يېغى
ۋۇجۇد — نەپس، چىقارۇر پىتنە ھەر چېغى.

3592 خۇدا ئېتسىن ئېيتقاندا شەيتان قاچۇر،
بۇ دۇنيانى قويساڭ ئۇ، سەندىن قالۇر.

3593 بۇ نەپسنى نېچۈك يوق قىلىشقا بولۇر؟
مەگەركىم ئۆلۈم تۇتسا، قالسا قالۇر.

3594 بىلىملىك بىر دانا دەپتۇ ياخشى بەك،
دانالار سۆزىنى بەك ئاڭلاش كېرەك:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com



3595 مېنى نەپس قايغۇغا سېلىپ ئەمگىتۇر،
ئارا كۈلدۈرۈر، كۆر، ئارا يىغلىتۇر.

3596 تىلەپ ئارزۇسىنى كېزەرمەن جاھان،
گاھى ئاچ، گاھى توق يۈرەرمەن ھامان.

3597 بىر ئارزۇغا يەتسە كۈتەر بىرىنى،
ئۇنى تاپسا سۈرەر تولۇق ھۆكمىنى.

3598 باسالمايمەن نەپسىمنى ھېچ چاغدا مەن
بېسىپ بەر، رەھىملىك ئىگەم، ئۇنى سەن.

3599 يامان پەسكەش كېلۇر بۇ نەپسىنىڭ ئۆزى،
سېمىز تۇتقانسېرى چىقۇر مۆڭگۈزى.

3600 شاش ئات سەمرىسە، ئۇ مۆڭگەر ھەم ئازار،
ئىگىسىن ئۇرۇپ يەرگە ئاندىن قاچار.

3601 بۇ نەپسكە ئوۋچى ئىت دېبان قارىغىن،
بىلمەس ئۇ سەمرىسە ئىگىسى ھەققىن.

3602 قورساق تويسا ئوۋغا يۈگۈرمەس بولۇر،
ئىگىسى رايىغا ئۇ ماگماس بولۇر.

3603 بۇ نەپسىنىڭ ئوخشىشى كىچىك بالىدۇر،
قورساق تويسا تەڭتۇشىغا يۈگۈرۈر.

3604 قورساق تويسا بولغاي بۇ نەپس بىر ھۆرۈن،
ئۇنىڭكى رايىغا سەن بەرمە ئورۇن.

3605 تىرىكلىك تامامەن تولۇق ئۇچلا كۈن،
ئۇنىڭدىن نېرىسى نەچە چۈش يا تۈن.

3606 بىرى تاڭلا، بىرسى ئۆتۈپ كەتكەن تۈن،
يېتەرمۇ تاڭلىغا ھاياتلىق بۇ كۈن؟

3607 ئۇنىڭدىن نېرى بۇ تىرىكلىك نەدۇر،
تىرىكلىك دەپ ئېيتما، ئۇچۇق سۆز بۇدۇر.

3608 خوتۇن سۆھبىتى ئۇ بۇ ئەرلىك ئوتىن
ئۆچۈرمەك ئۈچۈندۇر، بىرەر سائەتتىن.

3609 بۇ ئوتنى قانداقچە ئۆچۈرسە، ئۆچۈر،
ئۇ سەتمۇ، چىرايلىق قۇچسىلا بولۇر.

3610 بۇ گالنىڭ تاتلىقى قورساق تويماق ئول،
قورساق تويسا بولدى، تارتماق كېرەك قول.

3611 قورساق تويسا ئارپا يا ھالۋا بىر ئول،
قالۇر بارچە ئېشىپ، تولسا كىرەر يول.

3612 شېكەر، ھالۋا، ئارپا يەپ ياتسا تويۇپ،
قوپار تاڭلا يەنە قورسىقى ئېچىپ.

3613 مېلى يوق بولسىمۇ، كۆزى، كۆڭلى توق
بىر تەقۋا كەمبەغەل نە دەر، بۇنى ئۇق:

3614 يېدىڭسەن شېكەرلىك جاھان نېمىتى،
تېرىقلە كېپەك بولدى ئۆزۈم تاقىتى.

3615 تويۇپ ئىككىمىز تەڭلا ياتتۇق كېچە،
ئۆتمۈەردى كەلمىش كۈنۈم سائىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



3616 هەرقانچە يىغارسەن دۇنيا، مال ـ مۈلۈك،
ئىككى بۆز تېگەدۇر ساڭا بەلگىلىك.

3617 پېقىر ـ باي بۇ ئىككى ئۆلۈمدىن كېيىن،
باراۋەر بولۇرلار قارا يەر قېتىن.

3618 ئىككى كۆنلۈك ئۆتەر هالاۋەتنى دەپ،
نېچۈك ئالدىنۇرسەن تىرىكلىك تىلەپ؟

3619 ئۆزۈڭ تىرىشۇرسەن دۇنيا يىغقىلى،
ئۆلۈم تىرىشۇر، كۆر، سېنى تۇتقىلى.

3620 تىرىكلىك كېتەر كۈندە، سەندىن قاچار،
ياۋۇز بۇ ئۆلۈم، كۆر، ئۆلۈگنى قازار.

3621 ئۆلەر شۇبهىسىز، كۆر، تىرىك يۈرگۈچى،
قايۇ كۈن ئۆلۈشنى ئەمەس بىلگۈچى.

3622 كىچىكتە كۈتەر ئەر چىقىشنى ساقال،
ساقال چىقسا كۈتەر بولۇشنى چال.

3623 ئۆلۈم كەلدى دېمەك ئاقارسا ساقال،
نەپ قىلماس ئۆلۈمگە ئوقيا ۋە قورال.

3624 قاراپ تۇرۇپ كۆيدۈرمە ئۆزۈڭنى كۈچەپ،
ئۆزۈڭ ئوتقا ئاتما بۇ دۇنيانى دەپ.

3625 بۇ دۇنيا مېلىدۇر ئاچچىق سۇدەك[1163] ئول،
نەچە ئىچسە قانماس، دىماق بولماس هۆل.

3626 قۇرۇق قۇمغا ئوخشار بۇ ئىنسان ئۆزى،
دەريا كىرسە تويماس، ھېرىسلىق كۆزى.

3627 بۇ دۇنيا بىر ئالۋۇن كۆزۈگدىن ئۇچار،
سەن قانچە قوغلارسەن، ئۇ شۇنچە قاچار.

3628 قويۇپ كىم نەپسىنى قىلسا ئىبادەت،
ئۇ بەرمەس كۆرۈنمەس يېغىغا پۇرسەت.

3629 نەپسىڭگە ھەۋەس قىلما، ئەگمە بويۇن،
ئاۋۇنچى بولۇر غەم، تىلىكى ئويۇن.

3630 كەچۈرگەن تىرىكلىك كېتۇر كەلگۈسىز،
يەنە قانچىلىك قالدى ئۇ بەلگىسىز.

3631 بۇ تاپقان كۇنۇڭنى زايە قىلمىغىن،
ئۆلۈمگە تەييارلان، تائەت ئەيلىگىن.

3632 نېمە دەر، ئىشىتكىن، ئويغانغان كىشى،
پۈتۈن بۇلغىنىشتىن سۇزۇلگەن كىشى:

3633 كەچۈردۈڭ بۇ ئۆتكەن ئۆتكۈنچى تۇنۇڭ،
كېچەرمۇ يوقمۇ ئۇ كېلۇرچى كۇنۇڭ.

3634 كەچمىشلەر كېچەرلىك ئارا بىر قوناق،
تىرىكلىككە مۇنچە زورايتما ئۇنۇڭ.

3635 ئۇزۇن بولدى بۇندا تىرىك ياشىدىم،
زامان ئۆتكەچ نەپسىڭ پۈتىن قايرىدىم.

3636 بۇگۇن كەنت ـ شەھەرگە ئۇندەيسەن مېنى،
ئەسىر قىلسا نەپسىم، نىجاتچىم قېنى؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



3637 بۇ نەپس بىر يېغى، بەك قۇۋۋەتلىك يېغى،
پۈتۈن يەردە ئۇنىڭ تورى - تۇزىقى.

3638 تىلىكىگە قويما، تىرىش قۇنت بىلەن،
پاناھ بەرمەس بۇ نەپسكە ئەقىللىك ئەرەن.

3639 نېمە دەر ئىشىتكىن، ئۆزىن باسمىش ئەر،
ھاۋا بويىنىن ئۈزگەن، ئۆزىن تۇتمىش ئەر:

3640 ئەي ئالىم، بۇ نەپسكە ئەسىر بولمىغىن،
ئەسىر قىلسا نەپسىڭ، قۇربان بولۇر دىن.

3641 ھاۋايۇ - ھەۋەسلە قىلسا ئىشىنى،
بىلىملىك دەپ بولماس ئۇنداق كىشىنى.

3642 ئەقىللىك دېيىلمەس ئۇ ئەرەن ئاخىر،
ئەي كۆڭلى تىرىك، بولسا نەپسكە ئەسىر.

3643 كىمكى بۇ نەپسكە يول قويسا ھامان،
بىلىمسىز كىشى ئۇ، بۇ روشەن ئايان.

3644 ئەقىلسىز كىشىلەر شۇدۇر، ئەي قاياش،
ھاۋايى - ھەۋەسكە ئۆزىن قىلسا باش.

* *

3645 شۇ ياڭلىغ ئېرۇرلار بۇ دۇنيا مانا،
بار ئەيىبىن مەن ئېيتتىم، چۈشەن سەن مۇڭا.

## قىرىق ئۈچىنچى باب

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا دۇنيا ۋاستىسى بىلەن ئاخىرەتنى تېپىش مۇمكىنلىكىنى ئېيتقانلىقى باياندا

3646 ئۆگدۈلمىش جاۋابەن دېدى: قۇتلۇق ئەر،
ئىشىتتىم سۆزۈڭنى، سەن ئېيتتىڭ مەگەر.

3647 بۇنى ھەم ئاڭلىغىن تېخى بەلگىلىك،
بىلىمگە، ئەقىلگە بۇ سۆز ئۆلگىلىك:

3648 نېچە شۇنداق ئەرسە بۇ دۇنيا ھالى،
ئاچچىق قىلما ئۆزگە تىرىكلىك يولى.

3649 بۇ كەڭ دۇنيا ئۆزگە كۆچەپ قىلما تار،
گۇناھكار قۇلىغا خۇدا پەزلى بار.

3650 ئازابى كۆپ ئەرسە رەھمىتىمۇ كۆپ،
گۇناھكار ئۈچۈن ئۇ رەھمەت ئەزىز خوپ.

3651 قاتتىق قورق ئازابتىن، كۈتكىن رەھمىتىن،
تائەت بىرلە يەتكۈز بۇ قۇللۇق ئېتىن.

3652 جاھان خەلقى بارچە شەھەر ـ كەنت قويۇپ،
چىقىپ ئالسا تاغقا بۇيۇك يۇك يۇدۇپ.

3653 بۇزۇلغاي جاھان، بارچە قالغاي قۇرۇق،
ئادەم باللىرىدا كېسىلگەي ئۇرۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



3654 ئىككى ئۆي ياراتتى بۇ خەلققە پۈتۈن،
بېھىش ھەممە دوزاخ بۇ ئىككى ئورۇن.

3655 يەنە ھەممە ئادەم بۇ دۇنيانى دەپ،
ئۇلاپ كۈننى تۈنگە، يۈگۈرسە ھە دەپ.

3656 قويۇپ تائەت، دېسە مال، بولۇپ دوزىخي،
يەنە بوش قالماس ئۇ تەڭرى ئۈچمقى.

3657 خۇدا بەردى قۇلغا ئىككى كۆز، قۇلاق،
بىرىن دۇنياغا، بىرىن ئاخىرەتكە، باق.

3658 ئىككى قول بېرىلدى سۇنۇپ تۇتقىلى،
بىرى دۇنياغا، ئاخىرەتكە بىرى.

3659 ئاياغ بەردى ئىككى، يورۇگلار دېبان،
بىرىن قوي مۇندا، بىرىن كۆچەپ ئۇ تامان.

3660 ئەجەب ياخشى ئېيتمىش بىلىم ـ ئىلمى كەڭ،
جاھاندا ئاتالغان سېخىي ـ ئېلگى كەڭ:

3661 ئايا قۇل، ئەقىللىك، ئويغاق بولغۇلۇق،
گۇناھ يۇقمىسۇن بىل، ھوشيار تۇرغۇلۇق.

3662 ياراتتى خۇدايىم بۇ ئىككى جاھان،
بىرىن تاپساڭ، ئىزدە ئۇ بىرىن ھامان.

3663 قادىر ئاللا بارلىق ئادەم ئوغلىنى،
بۇ ئات بىرلە ئاچ ـ توق ياراتتى ئۇنى.

3664 بەدەنگە كىيىم ھەم قورساققا يېمەك،
قېرىنداش، تىرىكلىك ئۈچۈن بۇ كېرەك.

3665 بەدەن ياپقىلى تون، تويماق ئۇچۇن ئاش،
تىرىككە بۇنىڭدىن كېچىش يوق، قاياش!

3666 ھالالدىن تېپىپ مال يېمەكلىك كېرەك،
يوقسۇلغا بىر قىسمىن بەرمەكلىك كېرەك.

3667 يوق ئەرسە كىشىدە كاشكى گال غېمى،
ۋە لېكىن زۆرۈردۇر بۇ غەملەر تېخى.

3668 چۆچۈپ يۈر ھەمىشە خۇدا ئەدلىدىن،
ھەمىشە ئۈمىد كۈت ئۇنىڭ پەزلىدىن.

3669 بۇ قۇللۇق شۇ ئىككى ئارىسىدا، بىل،
يىغىلما بۇ يولدىن، قۇللۇقۇڭ شۇ خىل.

3670 تولا ياخشى دەپتۇ بىلىم بەرگۈچى،
نادانغا نەسىھەت ـ ئۇگۈت ئېيتقۇچى:

3671 ئۈمىد ۋە خەۋپتى سەن قانات ئەيلىگىن،
بۇ ئىككى ئارىدا يولۇڭ تاللىغىن.

3672 ئۆتەپ قۇللۇقنى، قىل خۇدا بۇيرۇقىن،
بېھىشكە ئۇچۇپ كىر، كۆرگىن ھۆزۈرىن.

3673 ئۈمىد، خەۋپ ــ بۇ ئىككى قاناتتەكلا ئول،
كىم ئۇچسا بۇنىڭلە تاپۇر كۆككە يول.

3674 گۇناھىم تولا دەپ ئۈمىد ئۈزمىگىن،
ئىشىنىپ تائەتكە ھەددىن ئاشمىغىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



3675 تائەت قىل، بۇ تائەت بەندىلىك پۈتۈن،
تائەت قىلسۇن ھەركىم بەندىلىك ئۈچۈن.

3676 ھەق ئەمرىن ئەزىز بىل، ئۆزۈڭنى تۆۋەن،
ئاشار قەدرىڭ سېنىڭ بۇنىڭلىق بىلەن.

3677 تائەتكە ئۆزۈڭنى گاداي يىل، گاداي،
تائەتكە گاداي بىل، گۇناھلارغا باي.

3678 كىشى يامىنى بىل ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ،
مەگەر ياخشى بولسا، ئۆزۈڭ ھەم سۆزۈڭ.

* *

3679 دېدىم مەن بىلگىنىم ساڭا مەن مانا،
ئەمەل قىل، تاڭلا كۆر ئەجرىنى يانا.

3680 قوبۇل قىلمىساڭ سەن دېگىنىمنى گەر،
يانايمەن ئايا مەرد ئەرەن جاۋاب بەر.

3681 ئۆزۈن بولدى سۆزلەر، تولا پايدا يوق،
بۇنىڭدىن ئۇزارسا يەنە پايدا يوق.

ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3682 ئودغۇرمىش بېشىنى قولىدا تۇتۇپ،
كۆتۈردى ئاخىرى ئۆزۈن ئويلىنىپ.

3683 دېدى: ئەي قاياشىم، كۆپ چەكتىڭ جاپا،
قېرىنداشلىق ئەيلەپ، سۆز ئېيتىپ ماڭا.

3684 تىلەپ ياخشىلىقلار ماڭا، سۆزلىدىڭ،
خۇدا بەرسۇن ئەجرىڭ، غېمىمنى يېدىڭ.

3685 قاراپ كۆردۇم، ئەمدى بۇ ئىشتا ماڭا
كۆرۈنمەس چىقار يول، ئەي مەردان توڭا.

3686 بۇ ئىشنى خالىماس دىل ئۇندىن قاچار،
كۆڭۈل خالىماس ئىشنى قىلماق خەتەر.

3687 ئۆزىن سۆيدۇرگۈچى ھەم كۆڭلى سۇزۇك،
نە ياخشى بىلىم بەردى ئىلمى بۇيۇك:

3688 قايۇ ئىشنى قىلماق ئىستىسەڭ ئۆزۈڭ،
كۆڭۈل بىرلە ئاۋۋال كېڭەشكىن سۆزۈڭ.

3689 كىشىگە كېڭەش سال، دېگىن ھەممە سۆز،
كۆڭۈل ئىستىمەس گەر، يىراق تۇتقىن ئۆز.

3690 جىمىدىن كۆيۈمچان ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ،
كۆڭۈل خالىماس ئىشنى قوي، كەس سۆزۈڭ.

3691 كۆڭۈل قايسى ئىشنى ياقتۇرمىسا گەر،
چىقماس نەپ ئۇنىڭدىن، كۆڭلى تىرىك ئەر.

3692 كۆڭۈل خالىمىدى بۇ ئىشنى سۆيۈپ،
ئۆزۈم ياندىم ئەمدى بۇ ئىشتىن سوۋۇپ.

3693 كىشىلەر خىلى ئەي، ئۇمىدىم شۇدۇر،
ئۆز ھالىم بىلەن قوي، ئۆزرەم شۇدۇر.

3694 بېرەلمەس خانغا نەپ پەزىلەتلىرىم،
نە خۇلقۇم، مىجەزىم، سۆز ـ ھەرىكەتلىرىم.

www.uyghurkitap.com



3695 كېچىپ دۇنيادىن ئۆزۈم كەلدىم بۇيان،
يەنە مەن نېچۈكمۇ بارايمەن ئۇيان.

3696 خۇدا تائىتىگە بېغىشلاپ ئۆزۈم،
كىشىگە تېۋىنسام يارارمۇ، تۈزۈم؟[164] .

3697 مېنى قوي، خۇداغا ئىبادەت قىلاي،
تىلەپ ياخشىلىقنى دۇئاچىڭ بولاي.

3698 كۆرۈشمەك تىلىسەڭ گەر مۇشتاق بولۇپ،
ماڭا كەلمە، سېنى باراي ئاختۇرۇپ.

3699 مەن ئەمگەك چېكەي، سەن ھۇزۇردا تىرىل،
ئەلىڭ خىزمىتىلە ئەلگە نەپئى قىل.

3700 نېمە دەر ئىشىتكىن كۆيۈمچان كىشى،
يېقىنلىقنى قىلغان ئۇ ئىشچان كىشى:

3701 ھاياجانلىنىپ دىل، قوزغالسا كىشى،
يېقىن كەلدى دېمەك، تىلىگەن ئىشى.

3702 كىشى ماڭسا مەقسەتكە ئۈمىدلىنىپ،
ئىلەككە يېتەر، يولدا قالماس ھېرىپ.

3703 ئىلەككە يېتىشكە ئەر بولسا دادىل،
ھېرىپ قالماي، بولۇر مەقسەتكە نائىل.

3704 تولا ياخشى دەپتۇ سۆيۈمچان كىشى،
ۋاپا بىرلە مەشھۇر مەھبۇبلار بېشى:

3705 يېقىن بولسا كۆڭۈلۈك، يىراق يەر يېقىن،
يېقىنلىق ۋاپاسىن ئىستە كۆڭۈلدىن.

3706 شەرقتىن ـ غەربكە بىر ئۆرلەم يول ئول،
ۋاپا بىرلە بىلسە يېقىنلىق ھەققىن.

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

3707 دېدىكىم ئۆگدۈلمىش: ئىشىتتىم سۆزۈڭ،
مەن ئېيتاي، ئىشىتكىن سۆزۈمنى ئۆزۈڭ:

3708 گەر مەقسەت شۇ بولسا، ئايا قاياش، بىل،
سېنى زورلىمايمەن، يارا قىلما دىل.

3709 كېسىلدى سۆزۈم، سەن ئېسەن ـ ياخشى قال،
ئەلىگكە بىتىك ياز، يۈزۈم قىلما ھال.

3710 ئەۋەتتى ئەلىگ خەت ئۆز قولدا يېزىپ،
ئۆزۈڭ بارمىساڭمۇ، خەت بەرگىن پۈتۈپ.

3711 سۆزۈڭ ئۆلچەپ ماڭا ھەم بەرگىن جاۋاب،
قىلاي مەن ئىشىمنى ئۇنىڭغا قاراپ.

3712 تىلىڭ بىرلە سۆزلە، ھەم يازغىن بىتىك،
باراي خان قېشىغا، ئەي ئالىم تېتىك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



3713 ئودغۇرمىش ئېيتتىكى: ئەي ئالىم ئېتىك،
كۆتۈپ تۇر بىرئاز سەن، يازاي مەن بىتىك.

*　　*

3714 دۇۋەت ــ قەغەز تېپىپ، ئېلىپ ئۇ قەلەم،
يازا باشلىدى خانغا مەكتۇپ شۇ دەم.

3715 خۇدا ئاتى بىرلە سۆزىن باشلىدى،
ياراتقان، ئۆستۈرگەن، كەچۈرگەن دېدى.

*　　*

3716 تىلىمدا ھېسابسىز كۆپ ھەمدۇ سانا
ئوقۇيمەن خۇداغا يىل، ئاي ھەم مانا.

3717 ياراتتى قوڭۇر يەر، يېشىل كۆك، كۈن ــ ئاي،
قاراڭغۇ، يورۇقلۇق، پېقىر ياكى باي.

3718 ياراتتى ھېسابسىز بارلىق، تىرىك جان،
بىردىن قويمايىن ئاچ، رىزىق بېرىبان.

3719 ئۇ بىردۇر، ياراتتى ئالەمنى ئىككى،
قېتىلماس ھېسابقا ئۇنىڭ بىرلىكى.

3720 ئۇ بىر، بار شۇبھىسىز، قانداق، قانچىسىز،
چۈشەنمەك كېرەك دىلدا تەڭتۇشسىز.

3721 ئۇلۇغلۇق ئاڭادۇر، بۈيۈكلۈك ئاڭا،
ئۇ قادىر، ھاكىمدۇر، ھەممىدىن سىڭا.

3722 ياراتتى بۇ سانسىز جىمى قۇلنى ئۇ،
ئۇ بەردى تىلىگەن ئىززىتىنىمۇ.

3723 بۇ گۈمبەزلىك لاي ئۆي، قاراڭغۇ ئىچى،
يورۇتتى قۇياش بىرلە قۇدرەت كۈچى.

3724 يېشىل كۆك ياراتتى ئېگىز كۆتۈرۈپ،
كۈن ـ ئاي ھەمدە يۇلتۇزلە زىننەت بېرىپ،

3725 ئېگىمدۇر قوڭۇر يەر بىلەن يېشىل سۇ،
ئۈستى سۇپسۇزۇك يەل بىلەن ئوتتۇر ئۇ.

3726 قۇرۇق ـ ھۆل بىلەن بۇ ئىسسىق، سوغۇقنى
ياراشتۇردى، بەردى خەلققە رىزىقنى.

3727 ئۆزى خالىغانچە ياراتتى تىلەك،
كېرەك بولمىدى ئاڭا ئارقا يۆلەك.

3728 تىلىسە تائەتسىز قۇلىن قەدىرلەر،
بۇ تائەت گاھى نەپ بەرمەس، خار كېتەر.

3729 ئۇ خالاپ ئېمىنى، دېسە: بول، بولۇر،
نە بولسا قارارى، چوقۇم يورۇتۇر.

3730 سالام مىڭ، سۆيۈملۈك رەسۇلغا تولا،
ئۇ ياخشى يېتەكچى، دۇرۇس يولچىغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



3731 ئەلىگكە دۇئا بىرلە يازدىم بىتىك،
ئېسەنلىك تىلەيمەن، سالام ئەي تېتىك.

3732 ئەلىگ مەرھەمەت قىلدى خەت بىرلە سۆز،
ئوقۇپ خەتنى روشەن بولۇپ كەتتى كۆز.

3733 تولا ياخشى يارلىق ئۆزە كۆپ ناسات
ئۆگۈتلەر قىلىنمىش ماڭا ئىلتىپات.

3734 يەنە ۋەدە قىلمىش تولا ئەزگۈلۈك،
ئىززەت، قەدىر، ئېھسان، يېمەك، كىيگۈلۈك.

3735 يۈرۈرلەر شۇ ئارزۇ بىلەن بۇ ئىنسان،
شۇنى ئىستەپ كېزەر جاھاننى ھامان.

3736 خىزمەتسىز ئېرىشسەم مەرھەمەتكە مەن،
نېچۈك رازى بولماي بۇ دۆلەتكە مەن؟

3737 ۋە لېكىن بىرقانچە قۇسۇرۇممۇ بار،
ئۆزۈم بارسام ئاخىر زىيىنى بولار.

3738 بىرى، مەندە خىزمەت قىلىش ئىلمى يوق،
بېرىپ ئىشلىمىسەم، يۈز بولماس يورۇق.

3739 يوق مەندە مۇناسىپ قائىدە ـ يوسۇن، خۇلق،
يوسۇن بىلمەس كىشى ئىشقا نالايىق.

3740 ئىككىنچى، بۇ دۇنيا جاپاچى، بىلدىم،
جاپانى ئاۋۋال مەن ئاڭا ئەيلىدىم.

3741 خۇداغا سىغىندىم، نەپسىمنى يىغدىم،
كۆزەتسۇن خۇدايىم ئىمانىم ـ دىنىم.

3742 گېلىمغا، بويۇمغا يېتەر بار ـ يوقۇم،
كېرەكمەس باشقىسى، ئۇ بولغاي يۈكۈم.

3743 گېلىمغا يېمەكلىك، بويۇمغا كىيىم،
ماڭا كەم ئەيلىمەس ياراتقان ئىزىم.

3744 ياراتتى، ياشارتتى ئۇ تاكى بۇ دەم،
ئەي دۇنيا بېگى، ئۇ ئاسرار يەنە ھەم.

3745 ساڭا بەردى دۇنيا، دەرىغ تۇتمىدى،
سېخىي ئۇ ئىگەم ماڭا بەرمەسمىدى؟

3746 پۈتۈن ياخشى ـ يامان، پېقىر ـ بايلىقىم،
بىلۈرمەن خۇدادىن دەپ، ئەي سېخىيىم.

3747 خۇدا ئىشىكى تۇتتۇم، قىلۇرمەن تائەت،
پۈتۈن خەلق يىغىلۇر ئىشىك شۇ، پەقەت.

3748 ساڭا يا سېنىڭ ئىشىكىڭگە بېرىپ،
تېمىنى تىلەرمەن ھاياتنى بېرىپ؟

3749 خۇدانىڭ قۇلى بىز ھەر ئىككىلىمىز،
بۇ قۇللۇقتا ئوخشاش مەرتىۋىدە بىز.

3750 قۇل قىلسا قۇلغا قۇللۇق ياراقسىز بولۇر،
خىزمەتچىگە خىزمەت قەدىرسىز بولۇر.

3751 كىشى ھىممىتى بولسا مۇنداق كېرەك،
كى ھەق تائىتىگە چىڭ تۇتسا يۈرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



3752 بىر ئالىم، ئەقىللىك، سۆزۈك، پاك كۆڭۈل
كىشى ياخشى ئېيتمىش، بۇنى ئاڭلىغىل:

3753 خىزمەت قىلما ئاچ ـ توق بولۇرچى ئۈچۈن،
تېۋىنماققا بىر بۆت ئىزدىمەك نېچۈن؟

3754 تائەت قىل خۇداغا هامان، تاپارسەن
كېچەيۈ كۈندۈزى ئوچۇق ئىشىكىن.

3755 بۇ تۆت هاجىتىم، خان، راۋا قىل ماڭا،
ئۆپۈپ يۈز، قولۇڭ، خىزمەت ئەيلەي ساڭا.

3756 تىلەرمەن تىرىكلىكنى ئۆلمەيدىغان،
يىگىتلىك تىلەيمەن قېرىمايدىغان.

3757 ھەمىشە كېسەلسىز، مېنى ئەيلە ساق،
باي ئەت. ئەيلە يوقسۇل بولۇشتىن يىراق.

3758 بۇ تۆت نەرسە بەرسەڭ ساڭا ئىش قىلاي،
تۇتۇپ بۇيرۇقۇڭنى، پىدايىڭ بولاي.

3759 ماڭا بەرسەڭ ئەگەر شۇلارنى. ئەي خان.
بېرىپ قول ساڭا، قۇل بولاي مەن هامان.

3760 بۇلارنى بېرىشكە كۈچۈڭ يەتمىسە،
نېمە ئارتۇقلۇقۇڭ بار، ئېيت ئەمىسە؟

3761 يېمەك، كىيمەككە كەلسەك، بار يېمەك، كىيىم،
يەنە لازىم ئۆلسا، بېرۇر ئۆ ئىزىم.

3762 ئەزىزلىك ۋە خارلىق خۇدادىن بولۇر،
ئۆلۈم يا تىرىكلىك ھەم ئاندىن ئېرۇر.

3763 مۇنى ياخشى بىلگەن ئەقىللىك كىشى،
يۈرەرمۇ بۆلەكچە، ئەي خانلار بېشى؟

3764 مېنى بىر خۇدايىم ئاسرىغىنىدەك،
سەن ئاسرىيالماسسەن، ئايا ئېسىل بەگ.

3765 كېچىلەر قوغدىشىم كېرەكتۇر سېنى،
ئوچۇق ئېيتسام سۆزۈم، ئۇ قوغدار مېنى.

3766 ئۆزۈڭ تويمىغۇچە ماڭا تەگمەس ئاش،
مېنى ئۇ تويغۇزۇر، ئۆزى يېمەس ئاش.

3767 كېرەكمەس ئارىچى، مۇڭلانسام ئۆزۈم،
تىلىم تەۋرىمەستىن، ئۇ ئاڭلار سۆزۈم.

3768 ئىشىكچى ۋە يا يول باشلار توسالماس،
قىلىپ كىبىر بىراۋ زورلۇق قىلالماس.

3769 كەچۈرمەسسەن ساڭا گۇناھ ئەيلىسەم،
گۇناھ ئەيلىسەم مىڭ، كەچۈرگەي ئىگەم.

3770 ئىشىتكىن، نېمە دەر گۇناھكار قۇلى،
كۆڭۈل سىرىن ئېچىپ ئۆتۈنۈپ تىلى:

3771 ئايا چىن ۋاپالىق، كۆيۈمچان ئىگىم،
سېنىڭدىن كۆيۈمچان بۆلەك تاپمىدىم.

3772 ئۆزۈم قايغۇلانسام بېرۇرسەن تىلەك،
تىنىكى يوقلارغا، سەن ئارقا يۆلەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



3773 كېسەلگە شىپاسەن، غېمىمگە سۆيۈنچ،
مۇڭۇمغا تايانچسەن، زېرىكسەم ئاۋۇنچ.

3774 قۇۋانچىم، ئاۋۇنچىم، سۆيۈنچىم ئېرىغ،
سۆيۈنچىڭ ئىچىدە تۇرۇر، ئەي ئۇلۇغ.

3775 تولا قىلدىم ئەمدى ساڭا مەن گۇناھ،
سېنىڭ رەھمىتىڭ ئالدىدا ئاز يانا.

3776 گۇناھىم كەچۈرگىن، ساڭا يوق زىيان،
مېنى قىينىما، يوق ساڭا نەپ ھامان.

3777 گۇناھىم تولا بولسا، رەھمەتمۇ بار،
شۇنى قىل، ساڭا بۇ تولا يارىشار.

3778 ئەگەر قىينىساڭ سەن، لايىق ئاڭا مەن،
كەچۈرسەڭ لايىقسەن، كەچۈرمەككە سەن.

3779 بىلۈرسەن، بىلۈرمەن سېنى بىر ئىزىم،
بىلۈرمەن، بىلۈرسەن سېنى بىر دېدىم.

3780 گۇستاخمەن، گۇستاخلىق ئازابقا سالۇر،
ھېلىمسەن، ھېلىملىق سېنىڭدىن كېلۇر.

3781 ئامانەت، كېتۇرچى سۆيۈملۈك بۇ جان،
بۆلەككە قويۇلماس ئامانەت ھامان.

3782 ئەي ئەلىگ بۇ دۇنيا بىر ئۆتكۈنچىدۇر،
ھايات كۈنسايىن ئۇ كېمىيىپ تۈگىشۇر.

3783 نېمىگە ئىشىنىپ، ئۇمۇنماق ئۇزۇن،
نېمىگە سۆيۈنۈپ، گوللىماق ئۆزىن.

3784 ئاتاڭ كەتتى، تەڭتۇش ئاكا يا ئىنى،
ئاناڭ كەتتى، ئوغلۇڭ، قىزىڭ كۆر، قىنى؟

3785 ئۆلگەنلەرنى كۆردۈڭ سەن ھەم ئۆلەرسەن،
كىرەر يەرگە بىر كۈن تىرىكمۇ جەزمەن.

3786 غاپىل قالما ئۇخلاپ، ئويغان سەن، ئەي خان.
ئۆزۈڭدىن كېيىن قوي ياخشى ئات ھامان.

3787 زايە قىلدىڭ ئەرسە كەچۈرگەن كۈنۈڭ،
زايە قىلما ئەمدى كېلۈرچى تۈنۈڭ.

3788 ئال ئۆتكەن كۈنۈڭدىن كېرەكلىكىڭنى،
كۈچۈتچى[165] كېلەر، قىل تەييارلىقىڭنى.

3789 بۇ ھالىڭنى كۆرۈپ تۇرغاچقا كۆزۈم،
نېچۈكمۇ بارايىن ساڭا مەن ئۆزۈم.

3790 ئۆزۈپ دىل جاپالىق جاھاندىن بۇ دەم،
سىغىندىم ۋاپالىق ئىگەمگە دىلجەم.

3791 قويۇپ بەر، ئەي ئەلىگ، مېنى سەن ماڭا،
دۇئاچى بولايىن بۇ يەردە ساڭا.

3792 نېچۈك نەپ بېرۈرمەن ساڭا مەن ئۆزۈم؟
ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ نەپ بەرگىن، تۇت سۆزۈم.

3793 كىشىدىن چېكىندىم، ئۆزۈڭ ھەم چېكىن،
ساڭا يا ماڭا يوق پايدا كىشىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



3794 مەن ئەمدى بۇ قالغان كۈنۈم سەرپ ئېتىپ،
خۇدايىم سۆيۈنچىن تىلەرمەن تېپىپ.

3795 يېتەرلىك بار – يوقۇم، باشقا كېرەكمەس،
بۇ دۇنيا تۇۋى بىر پېتىق، ئۇ تويماس.

3796 ئۆمۈر كەتتى بوران سوققاندەك ئۆتۈپ،
ئويغانغاچ، كۆيەرمەن ئەمدى ئېچىنىپ.

3797 پۈتۈن بولدى ئەگىنىم، قارنىم بولدى توق،
پېتىپ كەتسۇن دۇنيا، بۆلەك نەپئى يوق.

3798 ئىشىت، ئەگنى – قارنى پۈتۈن ئەر نە دەر:
بولۇر بەختىيار بەگ، دېسە بار يېتەر.

3799 تولا ياخشى ئېيتمىش قانائەتلىك ئەر،
قانائەت ئىچىدە بەخت قۇچقان ئەر:

3800 گېلىمغا يېگۈدەك جاھاندا يېدىم، بەس،
ئېگىنلەرنى يەتكۈنچە، كىيدىم كىيىم، بەس.

3801 ھاياتلىكى بولسام، يېمەكنى تاپارمەن،
كېرەك بولسا بەرگەي ماڭا بىر ئىگەم، بەس.

3802 قىچقىرسا مېنى نەپ ئېلىشقا ئەلىگ،
مېنىڭدە نەپئىلىك ئەقىل يوق بىلىك.

3803 دېسە ئەل ئىشىغا نەپ بەرسۇن كېلىپ،
نەپئىلىك يېرىم يوق، ئېيتاي مەن كېسىپ.

3804 ئەگەر ئىش قىلىشتىن گەپ ئاچساڭ ماڭا،
قىلۇر مىڭ ئەر ئىشىن قاياشىم ساڭا.

3805 ئەگەر ياخشى دەر بولسا ئەلىگ مېنى،
ئۆزۈڭ ياخشى بول، بۇ يورۇتقاي سېنى.

3806 مىڭ ئەزگۈ ئايىغىنى تۇتقۇنچە سەن،
ئۆزۈڭنىڭ ياقاڭنى تۇت بىراق ئېسەن.

3807 جاھاندا ئاتالغان نەچە خىل ئەرەن،
يىغىلمىش ئەلىگكە ئۇلار مىڭ تۇمەن.

3808 مېنىڭدىن ئەلىگكە نە پايدا تېگەر،
زوق بەرمەس پايدىسىز ئىش قىلسا ئەگەر.

3809 ئۆزۈم ئۆزرە قويدۇم مەن ئەمدى ساڭا،
قويۇپ بەر مېنى سەن، ئېسىلما ماڭا.

3810 بۇنىڭدىن بۆلەك سۆز يەنە چارىنى،
قاياشىم ئىشىتتى، دېگەي بارىنى.

* *

3811 تۈگەتتى سۆزىن، تۇردى باغلاپ بىتىك،
سۇنۇپ بەردى، ئالدى قاياشى تېتىك.

* *

3812 دېدى: سۆز ـ تىلىكىم پۈتتۈم ئۆزۈم،
ئىشىتتىڭ ئەي ئېسىل، ئېيتىلغان سۆزۈم.

3813 ئۆتۈنگىن ئەلىگدىن، ئىشىتسۇن بۇنى،
ئۇزۇپ قول، ئۇ قويسۇن رەھىمگە مېنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



3814 ئەلچى سۆز ئەپكېلەر، جاۋابىن كۆتەر،
ئىشتىنىڭ جاۋابىم، يەتكۈز جەسۇر ئەر.

3815 نېمە دەر ئىشتىكىن، ئۇچ ئوردۇ خانى،
ئۇنىڭ ئەلگە مەشھۇر دۇرۇس سۆزىنى:

3816 ئەيىب يوق ئەلچىگە سۆزدىن يانمىسا،
ئامانەت سۆزنى چىن، تولۇق سۆزلىسە.

3817 بۇنىڭدىنمۇ خوپراق دەپتۇ تۈرك خانى:
راست گەپ قىلسا ئەلچى، قىينىما ئۇنى.

3818 بۇ ئەلچىگە بولماس ئۆلۈم يا قىيىن،
ئىشتىكىن سۆزىنى، يەتكۈزسە ئۇ چىن.

3819 بۇ ئەلچى دېگىنىم شۇ خىل ئەلچىدۇر،
نېمىكى سۆز ئېيتسا ئۇ ئۆلمەي قالۇر.

3820 ئامانەت قىلىنغان سۆزىن ئېيتسا ئۇ،
قىلىپ ئېھسان، ئۇنى ماختا، سۆزۈم شۇ.

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

3821 جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش، ئېيتتى: سۆزۈڭ
ئىشتتىم، نېمە سۆزلىدىڭ سەن ئۆزۈڭ.

3822 سەن يازدىڭ ئۇ خەتكە جاۋابەن بىتىك،
ماڭا بەر، بېرەي مەن، ئەي ئالىم تېتىك.

3823 مېنىڭ، ئەي قاياشىم، شۇبھەم شول بىراق،
ئەلىگ قويماس سېنى ئۆزىدىن يىراق.

3824 ئەي خۇلقى مۇلايىم، مېنى يەنە خان
دەۋەتكە ئەۋەتتۇر چوقۇم بىگۇمان.

3825 ئەگەر بارمىساڭ، ئۇ كۆڭۈلنى بۆلۈپ،
كېچىكمەي ئەۋەتۇر مېنى ياندۇرۇپ.

### ئۇدغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3826 ئۇدغۇرمىش دېدىكى، قاياشىم، ماڭا
بۇ سۆزنى دېمىگىن، بولۇر دىل يارا.

3827 بۇ يەردىن ئۆزۈم ھېچ بارماسمەن ئۇيان،
ئۆزۈڭ قىينىلىپ ھېچ كەلمە سەن بۇيان.

3828 تىلەپ بولماس ئىشنى تىلىمەك يامان،
كىم قىلسا ئاقماس گەپ، بولۇر خار ھامان.

3829 يامانۇ ياخشىنى سىناپ بىلگەن ئەر،
ۋە ئىلمى تولا زات، ئىشت نېمە دەر:

3830 تېپىپ ئالمىغۇرنى ئىزدىمە كۆچەپ،
تىلەپ بولمىغۇرنى تىلىمە كۆچەپ.

3831 يېتەلمەيدىغان يەرگە بارما ياياق،
ئەگەر بارساڭ ئەمگەك چېكەرسەن ھە دەپ.

* *

3832 يەنە ئېيتتى ئۇدغۇرمىش ئەمدى يۇر، كەت،
يەنە كەلمە قايتىپ، ئايا جەسۇر مەرد.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



3833 ئۆرە تۇردى ئۆگدۈلمىش، ئېيتتى: سۆزۈم
كېسىلدى، سېنىڭدىن، كېتەيىن ئۆزۈم.

* *

3834 ئۇزاتتى ئودغۇرمىش قېرىندىشىنى،
ئامانەت قىلدى ھەم ئۆز بىلمىشىنى.

3835 ئېتىن مىندى ئۆگدۈلمىش، قايتتى يېنىپ،
ئۆيىگە كېلىپ چۈشتى، ياتتى تىنىپ.

3836 قۇياش يەرگە ياندى، يوشۇردى يۈزى،
پۈركەندى قامىغا پەلەكنىڭ مەڭزى.

3837 جاھان سۈردى يۈزگە كۆمۈردەك بوياق،
كۆرەر كۆز يۇمۇلدى، ئۇخلىدى ئويغاق.

3838 ئۆگدۈلمىشمۇ ياتتى تۆشەكنى سېلىپ،
كۆتۈردى بېشىن ئازلا ئۇخلاپ ئېلىپ.

3839 شەرقتىن پۈتاقلاندى ئوتتەك يېلىن،
يورۇدى جاھان يۈز ئاچقاندەك كېلىن.

3840 قوپۇپ كەلدى ئۆرلەپ سىتا[166] قالقىنى،
جاھان مەڭزى بولدى بىر ئاق ئەردەنى[167].

* *

3841 ئۆگدۈلمىش ئوردىغا كىردى ئۆيدىن چىقىپ،
ئەلىگكە كۆرۈندى ئۆزى يول تېپىپ.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

3842 ئەلىگ ئودغۇرمىشنى ئاۋۋال سورىدى،
سۆزۈڭنى پىششىقلاپ بايان قىل، دېدى.

3843 نېمە سۆز ئېيتتى ئۇ، نە بولدى ئىشىڭ؟
تىلىكىڭ نە بولدى، كېلۇرمۇ ئەشىڭ؟

* *

3844 بىتىك بەردى ئۆگدۈلمىش ئاۋۋال تۇرۇپ،
ئەلىگ ئالدى، ئاچتى، ئوقۇدى كۆرۈپ.

3845 قىزاردى، ئۆڭدى، ئاندىن كۈلۈمسىرىدى،
چۆمۈپ ئويغا بىردەم خىيالمۇ سۈردى.

* *

3846 دېدى: بۇ قاياشىڭ يىرىك سۆزلىمىش،
مەن تۇرقۇ ئەۋەتسەم، تىكەن ئىشلىمىش.

3847 زەرەر يوق بۇ سۆزدىن، دۇرۇس سۆزلىمىش،
دۇرۇس سۆز يىرىكتۇر، ئۇ يىرىك ئېيتمىش.

3848 تىلى بىرلە نېمە سۆز ئېيتتى قېنى،
ماڭا ئېيت ئىشتكەن، چۈشەنگىنىڭنى.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

3849 ئىشتكەن سۆزىن خانغا ئەرز ئەيلىدى،
نە ياڭلىغ بولسا سۆز، ئۆز ئەينىن دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



3850 دېدى: سۆز ئارىدا بولدى نەچچە خىل،
ئۇ ئېيتتى، ئىشتىتىم يېتىشچە ئەقىل،

3851 پۈتۈن سۆزلىرىمگە جاۋاب قىلدى سۆز،
دېيىشسەم تولىراق، قاتتىق يۇمدى كۆز.

3852 نېچۈك ئەيلىسەمۇ، بۇيان كەلمىدى،
ئۇزۇپ ئېيتىپ سۆزىن، كۆڭۈل بەرمىدى.

*     *

3853 ئىشىتتى ئۇنىڭ ھەر سۆزىن، كۆر، ئەلىگ،
ئىدى بارچە سۆزى ئەقىل ۋە بىلىك.

3854 يەنە ئارزۇ قىلىپ، تەۋرەندى كۆڭۈل،
كۆڭۈل تەۋرىسە گەر كىشىگە دەرد ئول.

3855 كۆرەرسەن نە ياخشى دېمىش ئەر بېشى،
ئەسىر بولسا دىل، ئەركسىز بولۇر كىشى:

3856 كۆڭۈل بەگ، پۈتۈن تەن ئۇنىڭكى قۇلى،
بېگى نەگە بارسا، ئۇ يول قۇل يولى.

3857 كۆڭۈل جۇشقۇنلىنىپ، تىلىسە تىلەك،
تىلەككە ئېرىشمەي، ئۇ تاپماس يۆلەك.

## ئەلىگىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3858 يەنە ئېيتتى ئەلىگ: ئايا ئۆگدۈلمىش،
سېنىڭ ئۇ قاياشىڭ تولۇق ئەر ئىمىش.

3859 ئىشتىمىگەن بولسام سۆزىنى كاشكى،
نە خۇلقى ـ مىجەزى، ئىلمىنى كاشكى.

3860 ئىشتكەچ، كۆڭۈلگە سىغدۇردۇم ئۇنى،
تىرىش سەن، تىلەككە يەتكۈزگىن مېنى.

3861 ئۆزۈمنىڭ ئېلىدە تىلەك ئىستىسەم،
مۇناسىپ بولۇرمۇ ئاڭا يەتمىسەم؟

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

3862 ئۆگدۈلمىش دېدىكىم، ئايا خان بېگىم،
خەلقىنىڭ سەرخىلى، خۇلقى مۇلايىم.

3863 ياناردا قاياشىمغا شۇ سۆزنى دېدىم،
ئەۋەتكەي مېنى يەنە ساڭا بېگىم.

3864 دېدىم مەن: بۇگۈن بار قەدىرلەپ ئۇنى،
ئۇ كەچمەس، ئاخىرى ئاپىرار سېنى.

3865 ئۇمىدىمنى كەستى يەنە كەلمە، دەپ،
ئۆزۈم بارمىغايمەن، كۆچەپ يۈرمە، دەپ.

### ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3866 ئەلىگ ئېيتتى: ئۇقتۇم، ئىشىتتىم سۆزۈڭ،
بۇ سۆز ئىشقا ئاشماس، ئاۋۇتما ئۆزۈڭ.

3867 نېچۈك بەگ بولۇر ئۇ تىلىكىن تىلەپ،
يېتەلمەي قالسا كىم، ئارزۇسىنى يەپ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



3868 ئۇ قانداق بولۇر ئەل چوڭى ۋە خانى،
بۇ ئەل ئىچرە ئۆتمەس ئىكەن پەرمانى؟

3869 ھەقىقىي ئۇلۇغلۇق نىشانى شۇدۇر،
تىلىگەن تىلەكتە ئۇ ھەسسە ئالۇر.

3870 دىلى ئارزۇ قىلسا ھەر نەرسىنى،
داۋاسى – يەتكۈزمەك تىلەككە ئۇنى.

3871 كېسەل بولدى يەنە بۇ ئارزۇ ماڭا،
بۇنى ئەملىمىسە، باراي مەن ئاڭا.

3872 نېمە دەر ئىشىتكىن، بۇ بېيىتنى ئوقى،
ئۇنىڭ مەنىسىن ئۇق، ئەي كۆڭلۈم توقى:

3873 ھەرقانداق كېسەلگە دورا ـ داۋا بار،
ئۇنى ئەملىگۈچى ھېكىممۇ چىقار.

3874 كۆڭۈل ئاغرىسا گەر بىر ئارزۇ بىلەن،
تىلىكى تېپىلسا، شۇ شىپا بولار.

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىككە جاۋابى

3875 دېدىكىم، ئۆگدۈلمىش: ئەلىگ بەختىيار،
داۋاسى تېپىلماس جاھاندا نە بار؟

3876 ئۇزۇن يىل ياشىسۇن ئەلىگ تىنچ ـ ئېسەن،
ئۆزۈمنى قىلايىن پىدا ساڭا مەن.

3877 ئەلىگكە دېگەنتىم بۇ سۆزنى ئۆزۈم،
نە پايدا بۇگۇن مىڭ پۇشايمان يېسەم؟

3878 ئىشتكىن، ئەقىللىك كىشى نېمە دەر،
سۆزۈڭ سۆزلە يايقاپ سەن، ئەي باتۇر ئەر:

3879 بۇ تىل سۆز قىلمىسا، ئۇنىڭ نەپئى كۆپ،
ئۆكۈندۇردى تىل مېنى سۆزلەپ قويۇپ.

3880 ئېيتىلماستا بۇ سۆز ساڭا قۇل ئېرۇر،
ئەگەر سۆزلىسەڭ سەن سېنى قۇل قىلۇر.

3881 بايقاپ قىل سۆزۈڭنى، سەن ئالدىرمىغىن،
سۆز ئېيتساڭ ئالدىراپ، پۇشايمان كېيىن.

3882 ئۇدغۇرمىش ئىدى بىر يېتىلگەن ئادەم،
قىچقارسا كېلىشكە يوق ئەردى شۇبھەم.

3883 ئەلىگ بىر تىلىسە، مىڭ تىلەر ئىدىم،
ماڭا كۈندە ھەر خىل نەپ تېگەر دېدىم.

3884 تىلىكىم ئۇنىڭلە بىر ئۆتمەك ئىدى،
تۇتۇپ قولنى قولغا ئىشلىمەك ئىدى.

3885 ئۇنى قانچە قاتتىق تۇتۇپ ئۇندىسەم،
تۇرۇپ ئالدى شۇنچە، ھېچ قالمىدى تەم.

3886 بېرىش لازىم ئولسا، باراي مەن يەنە،
نە سۆز لازىم ئولسا، قىلاي مەن يەنە.

3887 ئەلىگمۇ يەنە خەت يېزىپ بەرسىكەن،
بۇ خەتنى ئوقۇپ ئۇ، ماڭا پۇتسىكەن.

### ئەلىگىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3888 ئەۋەتتىم دېدى خەت ئەلىگ بىر يولى،
بۇ خەتكە جاۋاب قىلدى تاش ۋە تولى.

3889 نېچۈكمۇ يازاي مەن ئاڭا يەنە خەت،
ئۆزۈڭ سەن تېتىك ئەي، خەت ئورنىدا خەت.

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

3890 ئۆگدۈلمىش دېدىكىم، ئەي ئەلىگ قۇتى،
ھەرقانداق بولسىمۇ، بىر مەكتۇپ پۈتى.

3891 بۇ ئەلچى قانچە تەمكىن بولسىمۇ ئول،
بىتىك بولمىسا، سۆزگە پۈتمەس كۆڭۈل.

3892 ئىشەنمەس كىشىگە دەلىلدۇر بىتىك،
دەلىل بولسا، ھىيلە تاپالماس ئىتىك.

### ئەلىگىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3893 خان ئېيتتى: ئارزۇ قىلساڭ ئەگەر سەن،
ئېچىپ سۆز يولىنى يازاي خەتنى مەن.

3894 يازاي خەتكە، بوپتۇ بۇ سۆزلەرنى مەن،
ئىشىنىپ خەتكىلا قالما، تىرىش سەن.

3895 نە سۆزلەش كېرەكسە، سۆزلەرسەن ئاڭا،
ئۇنى بىر ئىلاجىلە كەلتۈرگىن ماڭا.

## قىرىق بەشىنچى باب

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا ئىككىنچى قېتىم جاۋاب يازغانلىقى بايانىدا

3896 دۆۋەت بىرلە قەغەز سورىدى ئەلىگ،
قولىغا قەلەم ئالدى، يازدى بىتىك.

3897 خۇدا ئاتى بىرلە سۆزىن باشلىدى،
ياراتقان، ئۆستۈرگەن، كەچۈرگەن دېدى.

3898 دېدى مىڭ ساناا ئول قادىر تەڭرىگە،
ئەزەل ھۆكمى يۈرۈتكەن تۈز ـ ئەگرىگە.

3899 ئۇ بىردۇر، ئېرىغ ـ پاك، قېتىشسىز ئېرۇر،
قىلۇر يوقنى بار ئۇ، بارنى يوق قىلۇر.

3900 ئۇنى بىر بىلىپ سەن، ماختا، دىلدا پۈت،
ئىبادەت قىل، كۆڭۈل ـ تىلنى ئەمىن تۇت.

3901 تىلەكنى ئىرادە قىلسا ئۇ، قىلۇر،
تىلەكنى دېسە: بول، دېگىنى بولۇر.

3902 جىمى جانى بارغا ئۇ رىزقىن بېرۇر،
تىرىك قىلغىنىدەك، ئۆلۈم ئىبەرۇر.

3903 ئەزىزلىك ۋە خارلىق ئۇنىڭ ھۆكمى ئول،
ئۇلۇغلۇق، كىچىكلىككە ئۇ ئاچتى يول.

3904 ئۇنىڭكى خاھىشنى بىلگۈچى يوق،
يۈرۈتەر قازاسىنى، توسقۇچى يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



3905 تۇمەنىڭ سالىمىمنى دوست ئەلچىگە
يەتكۈزسۇن خۇدا ئۇ، دۇرۇس يولچىغا.

3906 پۇتۇن يارۇ - ئەسھابلىرىگە سالام.
تەگكۈزگەي خۇدايىم ئۈزمەستىن داۋام.

3907 ئەۋەتتىم ئەي ئەقلى تامامى كامال،
ساڭا كۆپ سالىمىم، مەدھىيەم، سوراپ ھال.

3908 سوراپ ھال ۋە ئەھۋال پۇتۇدۇم بىتىك،
نېچۈكرەك تۇرۇرسەن، ئەي ئالىم تېتىك؟

3909 قاياشكى، ساڭا مەن ئەۋەتكەن ئىدىم،
سېنى دەۋەت ئەردى تۇپكى مەقسىتىم.

3910 ئۆزۈڭ خالىماپسەن بۇيان كەلگىلى،
مېنىڭ بىرلە ئۇچراپ، يۈزۈم كۆرگىلى.

3911 خېتىمگە جاۋاب سۆز يېزىپسەن ئۆزۈڭ،
قاياشىڭمۇ ئېيتتى سەن ئېيتقان سۆزۈڭ.

3912 ئوقۇدۇم خېتىڭنى، ئۇقۇلدى سۆزۈڭ،
سۆزۈمنى ئىشىتكىن، قاچۇرماي ئۆزۈڭ.

3913 شېكەردىن چۈچۈكرەك سۆز ئېيتتىم ساڭا،
جاۋاب كەلدى ئاچچىق - زەھەردەك ماڭا.

3914 مېنىڭ سۆزلىرىمنى يەنە ئاڭلىغىن،
كۆيۈمچان يىگىت ئەي، دىلدا ئويلىغىن.

3915 زاھىتلىق ئىتىنى ئۆزۈڭ خالىدىڭ،
يۈرۈپ تاغ قىتىدا، شۇ بولدى ئىتىڭ.

3916 يېيىلدى ئىتىڭ شۇ شۆھرەتلە، قارا،
بۈيۈك بەلگە بولدى كىشىلەر ئارا.

3917 شۇ ئاتچۇن ئىبادەت قىلۇرسەن ھە دەپ،
ئىسىۋەڭنى زايە قىلما سەن كۈچەپ.

3918 تائەتكە چۈشسە ئەل كۆزى بىر يولى،
بۇزۇلغاي بۇ تائەت، يىقىلغاي ئۇلى.

3919 يېپىقلىق كېرەكتۇر خۇدا تائىتى،
بۇگۇنمۇ ئەلگە سىر بولسۇن شۇ پىتى.

3920 سۆيۈملۈك قۇلىنى يوشۇردى خۇدا،
تونۇلماس بۇ قۇللار خەلق ئالدىدا.

3921 ئۇ قۇلمۇ بىلەلمەس ئۆزىنى ئۆزىن،
خۇداغا يىغىمۇ ۋە ياكى يېقىن.

3922 بۇيان كەل، شەھەر ـ كەنت ئىچىدە تىرىل،
سېنى بىلمىسۇن خەلق، ئارىلاش ـ قىتىل.

3923 ئۆزۈڭنى تويۇندۇر ھالال مال تېپىپ،
يېلىڭ ـ ئاچنى تويدۇر، كىيىملەر بېرىپ.

3924 ھالال مال تاپقان ئەر ھەر ئىككى جاھان،
يېمەك ۋە كىيىمدىن قىسىلماس ھەر ئان.

3925 بۇ سۆزنى ئىشىت، ئەي ماڭا كەلمىگەن،
ئۆزى پاك، ئىلىملىك بىر زات نە دېگەن:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



3926 بۇ دۇنيا مېلى گەر ياخشىغا چۈشەر،
ھەر ئىككى جاھان ئۇ ھالاۋەت كۆرەر.

3927 تېپىپ دۇنيا مېلىن، يېيىش بىلمىسە،
بولۇر بەك ئېغىر يۈك يۈدۈپتۇ دېسە.

3928 خۇدا قۇللىرىغا نەپئى بەر، ھېكىم،
دېگەن ئەر، كىشىگە نەپئى بەرسە كىم.

3929 سېنى مەن مۇسۇلمان پايدىسىنى دەپ،
بۇ يەرگە قىچقاردىم، ئەي زاھىت، كۆچەپ.

3930 بۇيان كەل، نەپئى بەر كىشىگە، يارا،
نەپئىسىز ئۆلۈك ئول تىرىكلەر ئارا.

3931 ئۆز نەپئىن دېگەنلەر ئادەم بولۇرمۇ؟
ئەل نەپئىن دېسە كىم چىن كىشىدۇر ئۇ.

3932 مېلىنى تاراتماق سېخىيلىق ئەمەس،
سېخىي شول پىدا قىلسا جان تەننى، بەس.

3933 كۆيۈمچان ئەمەس ئۇ ئۆزىنى دېگەن،
كۆيۈمچان شۇكى، ئەل نەپئىن ئىزدىگەن.

3934 كىشى ياخشىسى دەر، ئۇ ياخشىلار كىم؟
ماڭا دەپ بەرگىن، ئەي ئالىم ـ ھېكىم.

3935 كىشى ياخشىسى دەر، كىمدۇر ئۇ ياخشى،
كىشى دەردىگە داۋا بولسا، شۇ ياخشى.

3936 ئەي كۆڭلى سۆزۈك ئەر، ئەي ئىلمى تولا،
قاراپ كۆر بۇ سۆزگە، ئەقلىڭنى ئۇلا.

3937 قارا سەن، بۇ ئېيتقان سۆزۈم راستىمدۇر،
راست ئولسا ھەۋەس قوي، كېلىپ مۇندا تۇر.

3938 ئۇزۇن سۆزلىسە سۆز، ئۇ زېرىكتۇرۇر،
ئەقىللىك كىشىلەر سۆزىن ئاز قىلۇر.

3939 بۇ سۆز بەس قىل ئەمدى بۆلەك سۆزلىمە،
ئەقىل ۋە ئىلىمگە قارشى سۆز دېمە.

3940 يەنە باشقا قانداقكى قالمىش سۆزۈم،
قاياشىڭ دېگەيكىم، تاپشۇردۇم ئۆزۈم.

* *

3941 ئۇ خەتنى تۈگەتتى، تۇردى بەك چىگىپ،
قۇرۇتتى بۇ خەتنى ئىللىق يەل ئېسىپ.

3942 قولىغا ئالدى ئۇ خەتنى تامغىلاپ،
سۇنۇپ بەردى، ئۆگدۈلمىش ئالدى ئۇلاپ.

* *

3943 يەنە ئۆگدۈلمىشكە قاراپ ئېيتتى خان:
بۇ خەتنى بېرىپ، سەنمۇ قىلغىن بايان.

3944 نە لازىم كۆرۈلسە، تىرىش، قىل شۇنى،
شەھەر ـ كەنتكە كەلتۈر دەۋەتلەپ ئۇنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



3945 تىلىكى نە بولسا، بۇ يەرگە كېلىپ،
ئۇنى مەن بېرەيىن پۈتۈن تەل قىلىپ.

* *

3946 دېدى: باش ئۇستىگە، — ئۆگدۈلمىش تۇرۇپ،
ئۆيىگە كەلدى بۇ ياخشى ئەش يورۇپ.

3947 كېلىپ چۈشتى، ئولتۇردى ئۆيگە كىرىپ،
يېدى، ئىچتى، تىندى، بىرئاز دەم ئېلىپ.

3948 يوشۇردى يۈزىن يەرگە رۇمىي قىزى،
جاھاننىڭ تۈسى بولدى زەڭگى يۈزى.

3949 ھاۋا ئالدى پۈتكۈل قارىقۇش ئۆڭى،
جاھانغا تولدى ھەم قارىقۇش يۆڭى.

3950 تۆشەك راسلاپ ئۇ ياتتى ئويلاپ ئۇزۇن،
كۆرۈشكەچ قاياشقا نېمىلەر دېسۇن...

3951 يۇمۇپ كۆز بىرئازلا، ئويغاندى يانا،
كۆيۈپ ئۆچكەن كۆمۈردەك قارا تۈن مانا.

3952 قېچىپ ئۇيقۇ، قوپتى ئۇ ئۆرە بولۇپ،
قارا تۈن كۆتۈرگەن ئېتەكىن تۇرۇپ.

3953 قۇياش قوپتى يەردىن كۆتۈرۈپ بېشىن،
ئوچۇق يۈز كۈلەردەك كۆرسەتتى چېشىن.

3954 قوپۇپ ئالدى تاھارەت، ئوقۇپ تاڭ ناماز،
دۇئا قىلدى ئاندىن يەنە ئۇ بىرئاز.

3955 ئېتىنى توقۇتتى ئوغلانغا دەرھال،
ئۆيىدىن چىقتى ھەم كۆلۈپ ئۇ خۇشال.

3956 قاياشى قېشىغا ئۇ بارغاچ يېقىن،
يىراقتا چۈشتى ئاتتىن، ئۇ ساقلاپ ھەقىن.

* *

3957 بېرىپ چەكتى ئىشىكنى ئاستا شۇ دەم،
تائەتنى قويۇپ، قوپتى قېرىنىدىشى ھەم.

3958 ئىشىكنى ئاچتى تېز ئۇ ئۇتتۇر چىقىپ،
سالام قىلدى، تۇتتى قولىنى ئېلىپ.

3959 ئېلىپ كىردى ئۇدغۇرمىش قولىدىن تۇتۇپ،
ئورۇن بەردى تۆردىن قەدىرلەپ، ئۆپۈپ.

## ئۇدغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

3960 دېدى: ئەي قاياشىم، نېچۈن ئەمگىدىڭ؟
بىلۇرمەن، ماڭا سەن بىكار كەلمىدىڭ.

3961 كېسىپ سۆزلىدىم مەن، ئىشىتتىڭ ئۇنى،
تېمىشقا قىينايسەن بەك زورلاپ مېنى؟

3962 نە دەيدۇ ئىشىتكىن، بىلىم بەرگۈچى،
يامانۇ ـ ياخشىنى سىناپ بىلگۈچى:

3963 كىشىنى سىناشقا بىر كۆرمەك يېتەر،
بىلىشكە تىلەك، سۆز ئىشىتمەك يېتەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



3964 كۆرۈپ مىس، ئالتۇننى ئايرالمىسا ئەر،
ئېلىپ ئازغىنا تاشقا سۈرتمەك يېتەر.

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

3965 ئۆگدۈلمىش دېدىكىم، قاياشىم، قارا،
ماڭا كايىپ، قىلما كۆڭۈلنى يارا.

3966 خىزمەتچى كۆز ئاچسا بېگىنى كۆرۈر،
نېمە دېسە بەگلەر شۇنىلا قىلۇر.

3967 ئەلىگكە خېتىڭنى بېرىپ، ھەم سۆزۈڭ
نى تىلدا مەن ئېيتتىم، نە ئېيتساڭ ئۆزۈڭ.

3968 سۆزۈڭگە جاۋابەن ئۇ بەردى بىتىك،
دەپ خەتنى چىقاردى ھەم سۇندى ئىتتىك.

### ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

3969 ئېلىپ خەتنى ئودغۇرمىش ئاچتى تۇرۇپ،
ئوقۇدى بۇ خەتنى، ئويلاندى كۆرۈپ.

3970 دېدى: ئەي قاياشىم نەدۇر كەم يېرىڭ؟
مېنى شۇنچە قاتتىق ئىزدەيدۇ بېگىڭ؟

3971 جاۋابەن ئۆگدۈلمىش سۆزگە ئېچىپ تىل،
دېدى: ئەي قاياشىم ئىشىت سۆزنى، بىل.

3972 كى خاننىڭ تىلىكى ساڭا ياخشى ئول،
تىلەر ياخشىلىق ئىچرە ئۇ ياخشى يول.

3973 بىلۇرسەنكى، بۇندا ئىبادەت قىلىش،
مۇراد - ياخشىلىقلار ئىشىكىن ئېچىش.

3974 يەنە كەنت - شەھەردە ئېيتقانلىرىمدەك،
نەچە خىل ياخشىلىق بار، ئەي ئەر يۈرەك.

3975 يامان ئەرمەس ئەمدى بۇ دۇنيا قۇتىن
تېپىپ، بىلسە ياشاشنى، چىقارسا ئېتىن.

3976 ئەي زاھىت، ئىستەرسەن ئۆزۈڭ ئاخىرەت،
ساۋابى بولۇر ھەم ياخشى ئاقىۋەت.

3977 لېكىن دۇنيا مېلىن دېمىگىن يامان،
يېسە، بەرسە ئەلگە سۆيۈنگەي ھامان.

3978 يەنە ياخشى ئېيتقان سېخىيلار بېشى،
بۇنى ئاڭلىغىن سەن، ئەي ياخشى كىشى:

3979 جىمى ياخشىلىققا يولچى ئېرۇر مال،
جىمى دەردلەر ئۈچۈن ئەمچى ئېرۇر مال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



3980 بىلىم ـ ئاڭ بولۇر ئەرنىڭ بولسا مېلى،
پۈتۈن ياخشىلىققا يېتەدۇر قولى.

3981 بۇ مال بىرلە ئادەم تىلىسە تىلەك،
يېشىل كۆككە ئۆرلەر، مال ياخشى يۆلەك.

3982 تىلىكىڭ ھەج ئۇلسا، كېرەك مال ـ تاۋار،
غازىلىق تىلىسەڭ مال ئىشقا يارار.

3983 ئېلىپ، بەرمەككە يوق بولسا ئەر مېلى،
پۈتۈن ياخشىلىققا قىسقىدۇر قولى.

3984 مۇشۇ ياخشىلىقنى قويارسەن نېچۈن،
بۇ پەندۇ ئۈگۈتنى تۇتماسسەن نېچۈن؟

3985 ئىبادەتكە قانداق ئىشەنسە بولۇر،
تەمەننا ئاڭا قويسا قۇرۇق قالۇر.

3986 خۇدانى تائەت بىرلە تاپماس قۇلى،
ناھايەت نازۇك يول تائەتچى يولى.

3987 نەچە مىڭ تائەتچى تېۋىندى يىلىن،
چىقار جان مەھەلدە يىتتۇردى يولىن.

3988 نەچە مىڭ تائەتسىز گۇناھكار قۇلى،
ئاخىرقى تىنىقتا ئۇڭشالدى يولى.

3989 بىلۇرمەن، ئىبادەت ـ تائەت ئىچرە شاد
بولۇر ئۇ خۇدايىم، ئايا ئۇلۇغ زات.

3990 كىشى گەر بىلمىسە چىن تائەت نېمە،
ئۇقالماس قىلغىنى ئىبادەت نېمە.

3991 شۇڭا، تاپماق ئۇچۇن لەززەتنى تولۇق،
قىلىش لازىم جىمى تائەتنى تولۇق.

3992 قاراپ كۆر، بۇ سۆزلەرنى ئېيتتىم ساڭا،
شۇ ياڭلىغ ئەمەسمۇ، جاۋاب بەر ماڭا.

3993 ئەگەر مۇنداق ئۇلسا مەن ئېيتقان بۇ سۆز،
قىل ئىقرار، سۆزۈم توت، ئايا كۆڭلى تۈز.

3994 ھەۋەسكە بېرىلمە، كۆڭۈلنى كۈندۈر،
كىشىگە قوشۇل ھەم تىنچ ياشاپ يۈر.

## ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

3995 جاۋابەن ئودغۇرمىش دېدى: ئەي قاياش،
مېنى غەمگە سالدىڭ، زەھەر بولدى ئاش.

3996 قىلايكى پەرەز، مەن سۆزۈڭ ئاڭلىدىم،
ئەلىگكە بېرىپ مەن خىزمەت باشلىدىم.

3997 خىزمەتتە ئەڭ ئاۋۋال يوسۇن بىلگۈلۈك،
مىجەز - خۇلقى، سۆزى ئۇيغۇن كەلگۈلۈك.

3998 ئۇ بىلسۇن كىرىش، چىقماق، تۇرۇش، ئولتۇرۇق،
ئەر خىزمەت بىلمىسە، چېكەر رەنج قۇرۇق.

3999 خىزمەتنى بىلگەن ئەر، ئاڭلا نېمە دەر،
سىناپ بىلگىنىدىن ئۇچنى كۆرسىتەر:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



4000 بەگلەرگە خىزمەتچى گەر ئۇلساڭ ئۆزۈڭ،
كۆڭۈل، تىلنى تۈز تۇت، كۆزەتكىن سۆزۈڭ.

4001 ئۇسۇل ھەم يوسۇن بىرلە ئىشلەش ئۆگەن،
بۇ خىزمەتنى بىلسەڭ يورۇيدۇ يۈزۈڭ.

4002 بولۇپمەن كىشىدىن يىراق مەن ئۆزۈم،
يوسۇن ۋە ئۇسۇلسىز قىلىقىم، سۆزۈم.

4003 بىگىنگە ئىچۈك ئىش قىلالايمەن مەن،
يېپىقلىق ماڭا بۇ ئىشىك، قارا، سەن.

4004 ئىمىشقا كۆچەيسەن مىنى بەك تۇتۇپ،
قىل بەگكە خىزمەت دەپ سۆزۈمنى بۇزۇپ؟

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۇدغۇرمىشقا جاۋابى

4005 جاۋابەن ئۆگدۈلمىش ئېيتتى: ھەي بۇ سۆز
ئورۇنلۇق ئەمەستۇر، ئايا كۆڭلى تۈز.

4006 سىنىڭدىن يوسۇننى ئەلىگ كۆتۈرۈر،
كىرەك بولسا ئۇلتۇر ۋە يا ئۆرە تۇر.

ئۇدغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

4007 جاۋاب بەردى ئۇدغۇرمىش، ئېيتتى: بۇ سۆز
ئازا ياخشى ئەرمەس، ئەي قىلىقى تۈز.

4008 تۇرامدۇ ساڭا ۋە ماڭا يارىشىپ،
يوسۇننى چۈشەنمەي تۇرماق ھاڭۋىقىپ؟

4009 بۇ ئەل ـ يۇرتنى تەرتىپتە تۇزمەك ئۈچۈن،
بۇ بەگلەر تىكلەندى سۇزۇشكە ئاجۇن.

4010 كىشىلەر ئەل تۇتۇش ۋە بەگ ئىشچۈن،
تۇزۇپ چىقتى قانۇن، ئۇسۇل ھەم يوسۇن.

4011 ئۇزارتتى بۇنىڭ بىرلە بەگلەر قولىن،
يۇرۇتتى ئەقىل بىرلە ھەم بۇيرۇغىن.

4012 تولا ياخشى دەپتۇ جاھان ئەلچىسى،
بىلىملىك، ئەقىللىك خەلق باشچىسى:

4013 جاھان تۇتقۇچى ئەر ئەقىللىك كېرەك،
ئەل ـ يۇرتنى سوراشقا كېرەك بەك يۇرەك.

4014 بۇ ئىككىسىدىن سوڭ خادىملار ئۈچۈن،
بىلمەكلىك زۆرۈردۇر ئۇسۇل ۋە قانۇن.

4015 بۇنىڭ بىرلە بەگلەر چوڭايتۇر كۈچىن،
يېڭىپ ياۋلىرىنى ئالۇر ھەم ئۆچىن.

4016 قانۇن بىرلە تەرتىپنى بىز تۇزىمىز،
ياراشقايمۇ بۇزساق ئۇنى ئۆزىمىز؟

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

4017 جاۋابەن ئۆگدۈلمىش دېدى: ئەي قاياش،
ئەمەس بۇ قىيىن ئىش، يېسە سىڭۇر ئاش.

4018 بۇ قانۇن ـ يوسۇننى ئۆزۈم بىلمەن،
ئۇنى ئېيتايىن مەن، ئۆگەن ئەمدى سەن.

4019 كىشى بىلمىگەننى ئۆگەنسە بىلۇر،
بىلىش بىرلە ئىنسان تىلەككە يېتۇر.

4020 بۇڭا ئوخشىتىپ ئېيتتى ئىلمى ئۇچۇق،
بۇ سۆزنى تۇتمىغاننىڭ بىلىمى پۇچۇق:

4021 بىلىملىك تۇغۇلماس كىشى، ئۆگىنۇر،
تۇغۇپ سۆزلىمەس تىل، تۇرۇپ سۆز قىلۇر.

4022 كىشى ئۆگىنىش بىرلە ئالىم بولۇر،
بىلىم بىلسە بارچە ئىشلار ئوڭلىنۇر.

### ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

4023 جاۋابەن ئودغۇرمىش دېدى: گەر سېنىڭ
تىلىكىڭ شۇدۇر، يوق تىلىكىم مېنىڭ.

4024 سالۇرسەن بۇ كۈن غەم ئىچرە سەن مېنى،
بۇ خىزمەت ئېچۇكتۇر، قېنى ئېيت، قېنى.

4025 كۆڭۈلگە كىرۇرمۇ سۆزۈڭ تىڭلايىن،
ئۆرگەنىپ بولۇرمۇ، ئۆزۈم ئاڭلايىن.

4026 ماڭا ئېيتقىن ئەمدى قانۇنلار نېچە،
يوسۇننى ساناپ بەر بىر ـ بىر ئېتىچە.

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

4027 بۇ ئۆگدۈلمىش ئېيتتى مۇشۇنداق جاۋاب:
تولۇق توغرا سۆز قىلدىڭ ئەمدى جاناب.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

4028 ئەقىلگە يىراق ئەردى ئاۋۋال يولۇق،
قويۇپسەن دۇرۇسلۇققا ئەمدى ئۇلۇق.

4029 مەن ئېيتاي، ئىشىت ئاڭ ـ ئەقىللە بۇگۇن،
ئۆگەنگىن، يېشىلسۇن ساڭا بۇ تۇگۇن.

4030 ئۆگەنمەكچى بولساڭ، ئەگەردە ئۇزۇك،
تۇرۇپ شۇك، سۆزۈم ئاڭلا، بەس قىل سۆزۈڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com



4031 ئېرۈر ئىككى تۈرلۈك خىزمەتچى كىشى،
خىزمەتتە تۈزەلگەي كۈندىن ـ كۈن ئىشى:

4032 بىرى، بالىلىق ۋاقتا ئىشقا كىرۈر،
بىرى، چوڭ بولۇپ مۇڭا مەنسۇپ بولۇر.

4033 بۇ ئىككى خىلىدىن ياخشىراقى شول،
كىچىك خىزمەت قىلىپ تۈزەتسە كۆڭۈل.

4034 بۈگۈن ساڭا ئېيتار سۆزۈمنى ئۆزۈم،
كىچىكتىن باشلابان قىلاي بۇ سۆزۈم.

4035 بولۇر ئاخىرى خام، سۆز بولسا يىپىق،
تېمىكى خام ئولسا، كەلتۈرەر ئاغرىق.

4036 يېتىلمەك تىلىسەڭ پىشۇرغىن سۆزۈڭ،
دۇرۇسلۇق تىلىسەڭ توغرا بول ئۆزۈڭ.

4037 دېسە كىم خىزمەتكە ئاچايىن ئىشىك،
قىلىشقا ئۇ خىزمەت كىرىشكەي كىچىك.

4038 بىلىپ قائىدە ـ يوسۇن، ئۆگەنسۇن ئۇسۇل،
كىرىپ ـ چىقماق بىلەن ھەم ئەدەپنى ئول.

4039 تەييار ئۇلسۇن ئىشقا سەھەردە تۇرۇپ،
كىچىك تۇتسۇن تىلنى ـ دىل، مۇلايىم بولۇپ.

4040 ئۇ خىزمەت قىلغۇلۇقتۇر يۈگرەپ يۈرۈپ،
قۇلاق ـ كۆزنى ئىتتىك قىلغاي ئۇ كۆرۈپ.

4041 خىزمەت قىلغاي ئۆزدىن ئۇلۇغقا ئۆزى،
تۇتۇپ چىڭ تىلىنى، كۆزەتسۇن سۆزى.

4042 مۇشۇنداق بېجىرسە ئەگەر ئىش كىچىك،
بېگىگە يېقىنلاپ، ئاسانلار كېچىك.

4043 كىرىش ھەم چىقىشتا، ئۆتۈنچتە ئۇ دەل،
يوسۇن ـ قائىدىلەرگە ئۇ قىلغاي ئەمەل.

4044 شۇ ھالغا ئېرىشسە ئۆرلەپ كىچىكلەر،
نە ئىشقا يارارىن بېگى بەلگىلەر.

4045 تېتىك ھەم ئۆز خۇلقلۇق بولسا خادەم،
ئۆتۈنچكە يارار، تېز كۈلۈپ بەختى ھەم.

4046 جەسۇر مەرگەن ئۇلسا، بولۇر ئوقياچى.
دۇرۇس بولسا خۇلقى، بولۇر تامغىچى.

4047 خۇيى پاك، يۈزى ھەم گۈزەل بولسا گەر،
بولۇر بەگكە ساقىي، ئەي ئۆز كۆڭۈل ئەر.

4048 ھېساب، خەتنى بىلسە خەزىنىچى بولۇر،
ئەگەر بولسا ئاقىل، پۈتۈكچى بولۇر.

4049 بۇلاردىن قايسىسىغا ئۇلاشسا كىشى،
دىققەتلە ئەيمىنىپ، ئۆز قىلغاي ئىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



4050 نېمە دەيدۇ ئاڭلا، خىزمەت قىلغۇچى،
خىزمەت يەتكۈزۈپ ئۇ تىلەك تاپقۇچى:

4051 ئەگەر يۈزمۇيۈز بەگكە تۇرساڭ ئۆزۈڭ،
تولا بەك ئەيمەنىپ، كۆزەتكىن كۆزۈڭ.

4052 تۈزەپ خۇلق ـ ھەرىكىتىڭ، ئۆزۈڭنى كۆزەت،
كۆڭۈل، تىلنى رۇس تۇت ۋە قىسقارت سۆزۈڭ.

4053 تۈزىلەر بۇ خىزمەت بىلەن تۇرلۇك ئىش،
قوشۇلغاي خىزمەتلە ساڭا ياخشى ئەش.

4054 نېچۈك ياخشىلىقنى تىلىسەڭ ئۆزۈڭ،
خىزمەت قىل، يورۇتقاي بۇ خىزمەت يۈزۈڭ.

4055 بېگىڭگە روبىرو تۇرساڭ ئۇ زامان،
قۇلاق تۆردە بولسۇن، كۆزۈڭ يەر سايان.

4056 قولۇڭنى قوۋۇشتۇر، پۇتۇڭنى تۈزۈپ،
بۇ سول قول ئۈزرە ئوڭ قولۇڭنى قويۇپ.

4057 ئىشىكتىن كىرۈردا كىر ئوڭ پۇت بىلەن،
ئەمر قىلسا ئاڭلا، پاراسەت بىلەن.

4058 ئۆتۈنچىڭ قىلاردا تۆۋەن تاشلا قول،
ئىككى تىز بىلەن چۆك، سىلىق، يۇمشاق ئول.

4059 چەپ ـ ئوڭ ياققا ئۇندا قىيا باقمىغىن،
ئۆزۈڭ ئەيمىنىپ تۇر، سۆزىن ئاڭلىغىن.

4060 سوئال سورىسا سەندىن، دېگىن سۆزنى چىن،
جاۋاب بەرسە، يارلىقنى راست ئىشلىگىن.

4061 يىكار يۈرمە بوشقا، سەن ئىچمە هاراق،
يارامسىز، يامان ئىشتىن ئۇلغىن يىراق.

4062 ئىشتكەن سۆزۈڭنى ئىشتمىگەن بول،
كۆزۈڭ كۆرگەن ئىشنى سەن كۆرمىگەن بول.

4063 خىزمەتكە مۇشۇنداق يارىسا كىشى،
ئېشىپ بەختى كۈندە، تۈزىلەر ئىشى.

4064 بىرى توپ چىرىككە بولۇر توپ بېشى،
بىرسى ئات ئۈزرە بولۇر ئەل بېشى.

4065 بولۇر بىرسى هاجىپ، قوماندان بىرى،
بىرى كاتىپ بولۇپ، يازار سىرلىرى.

4066 يېتىشسە خىزمەتتە بۇ ئورۇنغا ئەر،
ئۈلۈغلۈق تېپىپ ئۇ مەقسەتكە يېتەر.

4067 بىرى ئەقلى بىرلە كېڭەشچى بولۇر.
بىرى «كۆك ئايۇق»لۇق ئۇنۋانىن ئالۇر.

4068 ئۇ بىرسى ئىنانچ بەگ[168]، بىرى چاغرى بەگ[169]،
ئۇ بىرسى تېگىن بەگ[170]، بىرى چاۋلى بەگ[171].

4069 بىرى يابغۇ[172]، يۇغرۇش[173] بولۇر ئەل بېگى،
قىلۇر بىرى نامسىز مۇشاۋىرلىقى.

4070 شۇ يەرگە قەدەردۇر خادىم دەرىجىسى،
بۇنىڭدىن يوق ئارتۇق ئۆسەر رۇتبىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



4071 يەتكۈزسە شۇ ھالغا بەگ ئۆز خادىمىن،
ئادا قىلدى دېمەك ئۇ خادىم ھەققىن.

4072 يېتىپ بۇ ئورۇنغا خىزمەت قىلسا ئەر،
بېگى نەپ ئېلىپ كۆپ، ئارزۇغا يېتەر.

4073 بىر گۇستاخ ئەر چىقسا بۇ دەرىجىگە،
ئۇنىڭدىن زىيان چوڭ تېگەر بېگىگە.

4074 بىر ئاقىل ۋە ھېكىم ئېيتمىش ياخشى بەك:
نالايىققا بۇ دەرىجە بەرمەس كېرەك.

4075 بۇنىڭدىنمۇ ياخشى دېمىشتۇر بىلىم:
قولۇڭنى بىلىمسىزگە بەرمە، بېگىم.

4076 ئەقىلسىز كىشىلەر بىلىمنى بۇزار،
بىلىمسىز كىشى خەلقنى ۋەيران قىلار.

4077 بىلىمسىزگە بەرسە بەگ ئۇستۇن ئورۇن،
بېگىگە مۇخالىپ كېلەر، بىل بۇرۇن.

4078 ئۇلۇغلۇققا يەتسە بىلىمسىز كىشى،
ئىگىسى بېشىنى يەر، ئەي ئەل بېشى.

4079 كېرەك بەگكە شۇڭا خىزمەتچى قۇلىن
بىلىمى تېگىچە چوڭايتسا ئۇلىن.

4080 ئىش ـ ھەرىكەتتە قۇلنى سىناپ كۆرگۈلۈك،
قاراپ ئەقلىگە، سوڭ ئورۇن بەرگۈلۈك.

4081 قۇل ئۇلسا بېگىگە سادىق، كۆيۈمچان،
بولۇر توغرا ئاڭا بەگ قىلسا ئېھسان.

4082 نە دەيدۇ ئىشىتكىن، قانۇن تۈزگۈچى،
قانۇن بىرلە بەگلىك ئىشىن قىلغۇچى:

4083 نېچە قۇل چوڭايسا قۇل ئاتىدۇر قۇل،
چوڭايتقان بەگ ئالدىدا خىزمەتچى ئول.

4084 كىچىك بولسا قانچە بەگ ئاتىدۇر بەگ،
خىزمەتچى ئېتىدىن بەگ ئاتى خوپ ئول.

4085 ئەي بەگلەر قەدىرلەپ بۈيۈك بولغان ئەر،
بېگىڭنى ھەقىر كۆرمە، كاتتا قەدىر بەر.

4086 بۇ بەگلەر بىلەن سەن ئۆچەشمە تۇرۇپ،
يامان سۆزلىمە، سۆزلە ياخشى كۆرۈپ.

4087 ئۇلار — بەخت، ئۇزۇندۇر بۇ بەختنىڭ قولى،
ئۇلار — ئوت، كۆيدۇرەر ئۆزۈڭ بىر يولى.

4088 ئۇلاردۇر زامانە، زامانە بىلە
ياراشماق كېرەك ئەر سۆيۈنۈپ كۈلە.

4089 تېخى ياخشى دەپتۇ سىناپ بىلگەن ئەر،
خىزمەت بىرلە ئۆرلەپ، تىلەك تاپقان ئەر:

4090 ساڭا باقسا بەگلەر كۆزىلە كۈلۈپ،
سۆيۈنمە ئۇنىڭغا ئۆزۈڭ گول بولۇپ.

4091 خىزمەتكە قۇۋانىپ، مەغرۇرلانما سەن،
يېڭىلسەڭ، قارار بەگ چىرايىن تۈرۈپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



4092 كىچىك، چوڭ يا مەشھۇر ئاتالغان ئېرۇر،
ئېنىقكىم، خىزمەتچى خىزمىتى تۇرۇر.

4093 تىرىش، بەگكە خىزمەتتە يېڭىلماسقا سەن،
خىزمەتنى قىلىشتا يولدىن ئازما سەن.

4094 يېقىن تۇتسا قانچىكى بەگلەر سېنى،
ئۆزۈڭنى ئۇنتۇما ۋە يۇرگىن كۆنى.

4095 نېچە ياخشى كۆرسە، ئۆزۈڭ قورقۇپ تۇر،
ئۇنى تۇتما ھەمراھ، قاراپ قىيا تۇر.

4096 بولۇر ئوت بەزىدە، بەزەن سۇ بولۇر،
گاھى كۇلدۇرۇرلەر، گاھى يىغلىتۇر.

4097 بۇ ئۇچ نەرسىنى قىلما قوشنا يېقىن:
كۆيەر ئوت، ئاقار سۇ، بۇ بەگ شۆھرىتىن.

4098 بۇ بەگلەر گوياكى جەسۇر ئارسلان،
ماختاپ بەرسە يۇمشار بىر يېپەكسىمان.

4099 ھەقىر كۆرسەڭ ئاچچىقلىنۇر، باش كېسەر،
تۆمۇرنى تېشەر، كۆر، شوراپ قان ئىچەر.

4100 ئەزەپ چاغدا بارما بېگىڭگە يېقىن،
ئەگەر بارساڭ خارلىق يېتەر ساڭا چىن.

4101 سورالغاندا سۆزلە، قىچقارغاندا كىر،
سالامەت تىرىلگىن، ھامان بول ئېغىر.

4102 تولا سۆزنى ئاڭلاپ ئىشىتمەسكە سال،
كۆزۈڭ كۆرسە باقما، ئۇنى كۆرمەي قال.

4103 نېمە دەيدۇ ئاڭلا، ئۆزىن تۇتقان ئەر،
كىرىپ ئۆز پەيتىدە ئۆتۈنچ قىلغان ئەر:

4104 دېسە «كىر» بولار ئۇ قەدىرلىك تولا،
دېسە «چىق» يۈزۈڭگە تولا سەت بولا.

4105 كۆزۈڭنى كۆزەتكىن، ئۆزۈڭنى تۇتۇپ،
ئۆزىنى تۇتقان ئەر ئەزىز دۇنيادا.

4106 يىراق تۇر ئۇچ ئىشتىن بولسا تىرىشىپ:
بىرى، قىلما بەگلىك، سۆز ئېيتتىم كېسىپ.

4107 يەنە بىرسى يالغان، ئاچ كۆزلۈك بىرى،
ئېرۈر يوقلۇق بۇ ئۈچىنىڭ ئۈچى ۋە تۈۋى.

4108 ئۇششاق سۆز قىلما سەن كىشىنى چېقىپ،
دۇرۇس سۆزلە، تۇرما بارىنى يېپىپ.

4109 ئېرىغ تۇت ئۆزۈڭنى سەن مۇمكىنقەدەر،
بۇ بەگلەر ئېرىغدۇر، ئېرىغلىق سۆيەر.

4110 *سارايغا كىرگەندە بايقاپ چىچەن يۈر،
سېنى كىم قەدىرلەر، ئۇنى ئەزىز كۆر.

4111 كۆرەڭلەپ قولۇڭنى سېلىپ كىرمىگىن،
ئىلىك ئال سالامنى، غاپىل بولمىغىن.

4112 ئۆزۈڭ ئولتۇرار بولساڭ ئورنۇڭنى بىل،
سىلىق بول، كىشىلەرنى رەنجىتمىگىل.

4113 تۈكۈرمە، گېلىڭنى قاقىرتما قاتتىق،
نادانلىق بولۇر ئۇ، يوقىتۇر تاتىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



4114 باداشقاننى قوْرما، يانچە ياتمىغىل،
قاقاھلاپ قاتتىق ئۈن بىلەن كۈلمىگىل.

4115 يەنە تىرناق ئالما، مىنگەشتۇرمە پۇت،
قىلىپ خار، قاچۇرغاي سېنىڭدىن ئۇ قۇت.

4116 سېنىڭدىن بۈيۈكلەر مەگەر قىلسا سۆز،
قۇلاق سال ئۇنىڭغا، ئۆز سۆزۈڭنى ئۈز.

4117 دۇرۇس سۆزلە سۆزنى، يۈزۈڭ سۆيۈنۈر،
ئۆزۈڭگە مۇناسىپ سۆز ئېيتساڭ بولۇر.

4118 ئىچىپ مەست بولۇپ، قەسىرگە كىرمىگىل،
بولۇر ئىچكۈچى ئۇ يارامسىز، جاھىل.

4119 ئىشىت، ئەر ئۆزىنى كۆزەتمىسە گەر،
ئۇنىڭكىم بېشىنى بۇ ئۈچ نەرسە يەر:

4120 بىرىدۇر بۇ بەگلەر سۆزىن تۇتماق بەك،
كۆزەتسە ئۇنى ئۆز شېرىن جېنىدەك.

4121 ئىككىنچى ساداقەت، ئەلگە بول كۆنى.
ئۆزىن بەك كۆزەتمەك توپىلاڭ كۈنى.

4122 ئۈچىنچى، سارايدا تۇز تۇتماق ئۆزىن،
يىراق قىلماق يارامسىز ئىشلاردىن كۆزىن.

4123 بۇ ئۈچتە قالسا گەر غەپلەتتە كىشى،
بۈيۈك بولسا قانچە، كېسىلگەي بېشى.

4124 سارايدا يۈرۈرچى، ئەي تەبئى نازۈك،
ۋاقىت كەلمىگۈنچە كۆرۈنمىگۈلۈك.

4125 ئەگەر ئۇلتۇرارسەن ئۆز تەڭتۇش بىلەن،
كىرىپ بار شۇ ئانلا قىچقىرىش بىلەن.

4126 قاچان بىر سوئال بەرسە بەگلەر ساڭا،
ئەي باتۇر يىگىت، سۆز ئۇزارتما ئاڭا.

4127 سوراپ قالسا، ئېيتقىن بىلگىنىڭ ئۆزۈك،
سۆزىن كەسسە، قويغىن، ئۇزارتما سۆزۈك.

4128 ئەگەر ئاشقا بەگلەر قىچقىرسا سېنى،
ئەدەپ بىرلە ئاش يە، بەك ئۆگەن بۇنى.

4129 يېمەكنى ئال ئوڭ قول بىلەن، ئەي ھېكىم،
ئاۋۋال ئېيت: بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم.

4130 كىشىنىڭ ئالدىغا قولۇڭ سۇنمىغىن،
ئەي زېرەك، ئۆز ئالدىڭدىكىنى يېگىن.

4131 چىقارما پىچاق ھەم سۆڭەك غاجىما،
كىشىنى ئۇندىمە، يېمەك ئۇزاتما.

4132 يېمە تويمىغۇردەك ئالدىراپ تىقىپ،
ئاياللاردەك يەنە تۇرما ناز قىلىپ.

4133 ھەرقانچە توق ئولساڭ يېگىن بەگ ئېشى،
بۇ بەگلەر ئېشىدۇر ئىززەتنىڭ بېشى.

4134 ئىچۈك ئىشقا سەن بۇيرۇلساڭ ئۆزۈك،
سەمىمىي ئىشلە سەن، پارلايدۇ كۆزۈك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



4135 بىر ئالىم دېمىش بۇ ئەجەب ياخشى گەپ،
بۇ گەپتىن ساپ ئالتۇن كەبى تېگەر نەپ:

4136 ھەقىقەتتە بەگلىك ساڭا تەگسە گەر،
بىلىم بىرلە ئىش قىل، ئەي شۆھرەتلىك ئەر.

4137 تېگى يوق بىر يابغۇ بولساڭمۇ سەن،
ۋايا قىل، تېچە كۆچكە تولساڭمۇ سەن.

4138 ئەگەر تەگسە لەشكەربېشىلىق ساڭا،
سېخىي بول، تۈز ئويغاق، ئايا مەرد توڭا.

4139 ساڭا خەيل[174]، ئۇن ئوتاغ[175] قالسا تېگىپ،
قىلىچ، يانى قولغا ئال، مال تارقىتىپ.

4140 ۋەزىرلىك تېگىپ، قول گەر بولسا ئۇزۇن،
ھېلىم بول، تۈزمە سەن ھېچ يامان قانۇن.

4141 كېڭەشچى بولۇركەن، كېڭەش بەرسۇن ئول،
يېڭىلسا بېگى، ئۇ ئايان قىلسا يول.

4142 ئاڭا «كۆك ئايۇق»لۇق تېگىپ قالسا گەر،
كۆزەتسۇن ئۆزىنى، باغلار بەخت كەمەر.

4143 ۋىلايەت يا لەشكەرباش ئولساڭ ئۆزۈڭ،
دۇرۇس بول، چېچەن قىل قۇلىقىڭ، كۆزۈڭ.

4144 ئۆزۈڭ ئولساڭ ھاجىپ، پارا ئالمىغىن،
پېقىر، تۇل، يېتىملەر سۆزىنى تىڭشىغىن.

4145 خەزىنە ئىشىغا گەر قويسا سېنى،
ئىشەنچلىك ۋە چىنلىق بىلە قىل ئۇنى.

4146 ئەگەر خاس كاتىپلىق قىلۇرسەن ئۆزۈڭ،
كۆڭۈل سىرى بەك تۇت، چىقارما سۆزۈڭ.

4147 شۇلاردۇر ئۇنۇۋانلىق خىزمەت قىلغۇچى،
بۆلەكلەر بۇلارغا تەۋە بولغۇچى.

4148 تېخى بار يەنە بىرقانچە ئىشچىلار،
تۆشەكچى ۋە قۇشچى يەنە ئاشچىلار.

4149 بۇ ياڭلىغ ئىشلاردىن يىراق بول، يىراق،
جاپاسى مىڭ ئۇلسا، ھۇزۇر بىر بىراق.

4150 تىلىسەڭ ئۆزۈڭگە دائىم ئېھتىرام،
كىشىنى ئەزىزلە سەن، ئەي مۆھتىرەم.

4151 ئۇلۇغنى ئۇلۇغلاپ، قىل ھۆرمەت ئاڭا،
كېلۇر بەختۇ دۆلەت، ئۇلۇغلۇق ساڭا.

4152 نېمە دەيدۇ ئاڭلا، قېرىلار سۆزى،
قېرى سۆزى تۇتسا، ئېچىلغاي كۆزى:

4153 ئۇلۇغقا ھۆرمەت بۇ، جاھان قانۇنى،
ئۇلۇغ كەلسە قوپۇپ كۆتۈپ ئال ئۇنى.

4154 كېرەكتۇر كىچىكتىن ئۇلۇغقا ھۆرمەت،
ئۇلۇغمۇ كىچىككە قىلۇر ئەينىنى.

* *

4155 ئۇزۇپ سۆزنى ئۆگدۈلمىش، ئېيتتى: بۇدۇر
كى بەگ ۋە خىزمەتچى شۇ ياڭلىغ بولۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com


4156 مەن ئېيتتىم، سەن ئاڭلاپ ئۆگەندىڭ ئۇنى.
چۈشەندىڭ تولۇق ھەم خىزمەت يولىنى.

4157 قىلىش بەگكە خىزمەت شۇ ياڭلىغ بولۇر،
ئەگەر سىڭسە خىزمەت، بەخت ئىشىك ئاچۇر.

4158 بۇ خىزمەت پايدىلىق، بىلسەڭ ئۇنى، بەس،
بىلىپ بەگكە بولغىن ئۆزۈڭ يېقىن، بەس.

### ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

4159 دېدىكى ئودغۇرمىش بېرىبان جاۋاب،
ئىشىتتىم سۆزۈڭنى، ئەي ئالىيجاناب.

4160 تېخى بىر سۆزۈم باردۇر ئېيتاي ساڭا،
ئۇنى ئەمدى ئېيتىپ بېرەرسەن ماڭا.

4161 ئەلىگ خىزمىتىگە — شەھەرگە كىرسەم،
ئۇنىڭ ئىشىكىگە كۆندە بېرىپ يۈرسەم.

4162 ئۇلار ھەرىكىتىنى بىلگۈلۈك، ئاداش،
ئۇلار بىرلە ئۆتەر تىرىكلىك، قاياش.

4163 خادىملارغا شەكسىز قوشۇلماق كېرەك،
ئۇلارغا يارىشا ياشىماق كېرەك.

4164 بۇنى ھەم ماڭا سەن بايان قىل بۇگۈن،
ئۇقايىن ئۇلارغا قوشۇلماق يولىن.

## قىرىق سەككىزىنچى باب

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ساراي ئەھلى بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولۇش توغرىسىدا ئېيتقانلىرى

4165 جاۋابەن ئۆگدۈلمىش دېدى: ئەسلىسەم،
كېرەكلىك ئېرۇر، ئەي قېرىنداش، بۇ ھەم.

4166 بۇنىمۇ ساڭا ئەمدى ئۆگەتكۈلۈك،
نېچۈك يۈرگۈلۈكتۇر، ئۇنى بىلگۈلۈك.

4167 تىرىكلىك ئۇلارلە ئۆتەر، ئەي قاياش،
قايۇسىن قاياش تۇت، قايۇسىن ئاداش.

4168 ساراي ئەھلى بىرلە چىقىشماق كېرەك،
قېتىلماق كېلىشمەك، بېرىشماق كېرەك.

4169 ساراي ئەھلى بىرلەن ياراشمىساڭ گەر،
ھاياتىڭ تېتىقسىز بولۇر، ياخشى ئەر.

4170 نە دەيدۇ، ئىشىتكىن، خىزمەت قىلغۇچى،
نىزام بىرلە دەرگاھ ئىشىن تۈزگۈچى:

4171 يېقىنلىق تىلىسەڭ ئۆزۈڭ بەگ بىلە
ساراي ئەھلى بىرلە يېقىنلىق تىلە.

4172 ئۆزۈڭگە ئۇلۇغلۇق تاپاي مەن دېسەڭ،
ئەي ئۆز ئەر، خادىم بىرلە خوپ ئۆت ئۆزۈڭ.

4173 يېقىن كۆرسە گەر قانچە بەگلەر سېنى،
ياراشقىن خادىم بىرلە، يۈرگىن كۆنى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



4174 ساراي ئەھلىدۇر دەل ئۈچ گۇرۇھ كىشى،
بۇلار بىرلە ئۆتەر تىرىكلىك ئىشى:

4175 بىرىدۇر ئۆزۈڭدىن چوڭلار، ئۇلۇغلار،
ئۇلارغا ئىشلىسەڭ، بەختىڭ ئېچىلار.

4176 ئۇلارنى ئۇلۇغلا، قەدىرلە سۆزىن،
سېنى ياخشى كۆرگەي، يورۇتۇپ يۈزىن.

4177 بىلىملىك ھېكىملەر خوپ ئېيتمىش گۈزەل،
ھېكىملەر سۆزىگە سەن قىلغىن ئەمەل:

4178 كىچىككە ئۇلۇغلۇق ئۇلۇغدىن كېلۇر،
خىزمەت قىلسا چوڭغا، كىچىك بەخت تاپۇر.

4179 ئۇلۇغلار سۆزىن تۇت، ئىشىن قىل، يۈگۈر،
سۆزىنى تۇتقان ئەر تىلەككە يېتۇر.

4180 ئۇلۇغلار ئېرۇر بەخت، سەن ئىستىسەڭ بەخت،
خىزمەتكە تۇتقۇ بەخت، سەن خىزمىتىن ئەت.

4181 ئېخى تەڭتۇشۇڭ بار سېنىڭ، ئەي قاياش،
يىراقلاتساڭ يېغى، يېقىنلاتساڭ ئاداش.

4182 ئەشىڭ، تەڭتۇشىڭدۇر، بۇ خىل كىشىلەر،
جاۋابقا مۇناسىپ جاۋابىنى بەر.

4183 يەنە بىرسى سەندىن ئېرۇرلار كىچىك،
بۇلار بىرلە ئۆتكەي ئاچچىق يا چۈچۈك.

4184 ئىرىشقىن، كىچىككە بوزەك بولمىغىن،
تىلىڭنى تېيىپ تۇت، ھەزىللەشمىگىن.

4185 خىزمەت قىلسا مال بەر، گۇناھ قىلسا ئۇر،
قويۇپ بەرمە بوشقا، بۇيرۇپ ئىشقا تۇر.

4186 ئاداش ـ دوست، قولداشنى كۆپ تۇت، قېتىل،
تولا بولسا دوست، ماختار قانچە تىل.

4187 كىشىنى چۈشەنمەي يېغى قىلماغىل،
يېغىلىق كىشى خۇش ئۆتمەس، بۇنى بىل.

4188 يېغى بولسىمۇ ئاز، تولا زىيىنى،
دېمەس بۇ تىلىم ھېچ پايدىلىق ئۇنى.

4189 ئايا كۆڭلى ئويغاق، ئاڭلا، نېمە دەر،
يېغى ۋەجىدىن كۆپ زىيان كۆرگەن ئەر:

4190 يېغى بىر بولسىمۇ، مىڭدۇر زىيىنى،
مىڭ بولسىمۇ دوست، ئاز دەپ بىل ئۇنى.

4191 كىشى كۆرمىدى پايدا دۈشمىنىدىن،
ئەگەر كۆرسە كۆردى ئۆزىدىن ئۇنى.

4192 نېچۈك ئىشنى قىلسا ساڭا قولدىشىڭ،
سەن ھەم قىل شۇنى، خۇش بولۇر يولدىشىڭ.

4193 ئۆزۈڭنىڭ تىلىڭلە سەن ئولغىن ئاداش،
كىشى تەڭتۇشىغا بولۇر ئۇ ئوخشاش.

4194 يامانىنى قىلما ئەش، قېچىپ نېرى بار،
يامان ھەمراھ سېنى يولدىن ئازدۇرار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com



4195 ئۆزۈك ياخشى ئاتلىق بولاي مەن دېسەڭ،
يامانغا قوشۇلما، تىرىشقىن ئۆزۈك.

4196 جىمى جاننى كۆردۈم ئۆيۈرلە يۈرەر،
كىشى، يىلقى، قۇش ـ قۇرت ئۆيۈرىن بىلەر.

4197 نېمە دەر، ئىشىتكىن، بۇ خانلار بېشى،
سىناپ ياخشى ـ ياماننى ئۆتكەن يېشى:

4198 سىغۇرچۇقنى[176] كۆردۈم ئۇچار قاق[177] ئارا،
تېگىگە قارىسام، ئىككىسى قارا.

4199 قۇغۇغا قوشۇلماس، قاراپ كۆر، يۇغاق[178]،
قارىقۇش ئۇ ئاق قۇش بىلەن بەك يىراق.

4200 ئۇچار قۇش بىلىپ ئەش، ئۇيۇر تۇتتى، بىل،
كىشى سەن قوشۇلۇر كىشىڭ ئايرىغىل.

4201 ئېرۇر ئىككى تۇرلۇك يېقىنلىق ئىشى،
شۇ ئىككى ئىش ئۈچۈن تۇتار دوست كىشى:

4202 بىرى، يولداش تۇتار تەڭرىلىك ئۈچۈن،
بۇنىڭدا ئورۇن يوق ئەگرىلىك ئۈچۈن.

4203 تۇتار دوستنى نەپئى ئۈچۈن ئۇ بىرى،
بۇ دوستلۇق نېگىزسىز، ئېرۇر مەجبۇرى.

4204 ئەگەر تەڭرىلىك ئەشنى تۇتساڭ ئۆزۈك،
يۇكىن يۇد، ئاچچىق قىلما، پۈرمە يۈزۈڭ.

4205 بۇنىڭ پايدىسىن بۇندا كۈتمە، چىدا،
بۇنىڭ ئەجرىسىن تاڭلا بەرگەي خۇدا.

4206 جاھان نەپئىچۈن بولسا دوستلۇق ئەگەر،
قېتىلما، قېتىلساڭ قول ئۈز ئۇندىن ئەر.

4207 نىمە دەر، ئىشىتكىن، ئاداش تۇتقان ئەر،
ئاداش نەپئى ـ زەرەرىن سىناپ بىلگەن ئەر:

4208 ئاداشنى سىنا سەن زەرەر، پايدىدا،
سىنالسا بۇ ھالدا، ئىسىل بەك ئاڭا.

4209 ئاداش كۆڭلى بىلمەك تىلىسەڭ ئۆزۈڭ،
تىرىكتۇر ئۇنى، تۇر ئاڭا قاش ـ كۆزۈڭ.

4210 سۆيۈپ، سۆيمىگەننى بىلەي مەن دېسەڭ،
بىلىنگەي مۇھىم بىر نەرسە سورىساڭ.

4211 ئاشۇ ئىككى ئىشتا قاپاق تۈرمىسە،
بولۇر ئۇنداق ئەرنى جان دوستۇم دېسە.

4212 قوشۇلما پىتنىخورغا، بارما يېقىن،
ئۇنىڭكى تىلىدىن چىقار ئوت ـ چېقىن.

4213 جاھان پىتنىسىنى تېرەر پىتنىچى،
ئۇنىڭ سەن بېشىن كەس، ئايا مەرد، سېخى.

4214 تەمەخورغا بولما يېقىن سەن تېخى،
ساڭا ئۇ، شۈبھىسىز، بولۇر بىر يىغى.

4215 تەمەخور سېنىڭدىن كۆرسە نەپئىنى،
ئاتايدۇ سېنى ئۇ ئاكا يا ئىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



4216 ئەگەر كۆرمىسە نەپ ئۇ ئۆرۈپ يۈزىن،
تۇغۇلۇپ كۆرمىگەندەك تارتار ئۇ ئۆزىن.

4217 تەمەسىز كىشىنى دوست تۇت، ئاداش تۇت،
ياشاپ غەمسىز ئۆزۈڭ، ئىشەن ئاڭا، پۇت.

4218 ئاداش، قولداش، قېرىنداش سۆيۈنچ، قايغۇدا
بېرۇر نەپ كىشىگە يامان ـ ياخشىدا.

4219 تېخى كۆپ يېقىنلىق تىلىسەڭ ئۆزۈڭ،
يېگۈز نان بىلەن تۇز، ئوچۇق تۇت يۈزۈڭ.

4220 بۇ ئىككى قىلىقتىن ئالۇر زوق كىشى،
يامان ـ ياخشى كۈندە قىلۇر ئۆز ئىشى.

4221 مۇڭا ئوخشىتىپ سۆز ئېيتمىشتۇر بىلىم،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىل، خۇلقى مۇلايىم:

4222 يۈزۈڭنى ئوچۇق تۇت كىشىگە كۈلە،
تېنىڭنى يېگۈزگىن، چۈچۈك سۆز بىلە،

4223 كىشىنى قىلۇر قۇل بۇ ئىككى قىلىق،
بۆلەك تاپمىدىم مەن، سەن ئولسا تىلە.

4224 يېغى ھەم كۆرەرسەن، ئىككى خىل ئېرۇر،
يېغى بولسا ئەرگە تۇزاق قۇرۇلۇر:

4225 بىرى دىن يولىدا ئۇ دۈشمەن بولۇر،
بۇ ــ كاپىر، يېغىلىقنى دائىم قىلۇر.

4226 بىرى ياۋ بولۇرلار زەرەر، پايدا دەپ،
يېغىلىق قىلۇر ئول ئۆچ ئالماق تىلەپ.

4227 ئۇ كاپىرغا قاتتىق دۈشمەن بولغۇلۇق،
ئۆزىنى بۇ ئىشقا پىدا قىلغۇلۇق.

4228 زىيان ـ پايداچۇن بولسا دۈشمەن تېخى،
ئاڭا قوي پايدىنى، ياراش، ئەي سېخى.

4229 ئەگەر نەپ يەتسە دۈشمەن بولغاي يېقىن،
بولۇپ يوق زىيىنى، يېتەر پايدا چىن.

4230 يېغىنى تىرىشىپ يېقىن قىل، ياراش،
سالامەت تىرىلگىن، بولۇر ساق بۇ باش.

4231 دۈشمەنلىكتە يوقتۇر پايدا، بۇنى بىل،
قولۇڭنى بىنەپ ئىشقا سەن سۇنمىغىل.

4232 ئىشىڭ ياخشى ئىشلە، تاپما سەن يېغى،
يېغىلىق كىشىنىڭ كۆپ باش ئاغرىقى.

4233 ئاداش تۇت كىشىنىڭ تاللاپ ياخشىسىن،
يامان بولسا دوستۇڭ، پۇشايمان كېيىن.

4234 تولۇق ئەر تىلىسەڭ يېقىن بولغىلى،
ئىككى خىل كىشى بار مۇڭا يەتكىلى.

4235 بىرى، ئەسلى ياخشى، كىشى تولغىنى،
تېپىلسا ئاداش تۇت، ئەي ئەر سەن ئۇنى.

4236 بىرى، تەقۋاداركىم، خۇدانى بىلۇر،
كىشىلىك شۇنىڭدەك كىشىدىن كېلۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



4237 يېقىنلاش شۇ ئىككى خىل ئەرگە تولا،
يانار ياخشىلىقلار شۇلاردىن ساڭا.

4238 يامان ئات كىشىدىن يىراق بول تولا،
بۇ ياڭلىغ كىشىلەر قىلىقى قارا.

4239 قارىغا يولۇقما، ئايا قىلىقى ئاق،
يۇقۇرلار بۇ ئاققا قارا تېزلا، باق.

4340 بىلىملىك مۇشاۋىر خوپ بەردى بىلىم،
بولۇر ئېهتىياتچان ئوقۇسا ئالىم:

4241 قوشۇلما يامانغا، ئەي ياخشى كىشى،
بولۇر خۇلقۇڭ يامان ئۇنىڭ ئوخشىشى.

4242 يامانغا يولۇقما، ئەي خىل ـ سەرە ئەر،
يامان ئات بولۇرسەن، زىيىنى يېتەر.

4243 يارامسىز كىشىدىن يىراق تۇر قېچىپ،
ياقاڭدىن تۇتار ئۇ يارامسىز كېلىپ.

4244 تولا كۆردۇم ياخشى ئاتالغان كىشى
قوشۇلغاچ يامانغا، بۇزۇلدى ئىشى.

4245 يامان ئەش تۇپەيلى تولا ياخشى ئەر،
قېلىپ تۆھمەتكە كۆپ، يۈزىن كەتكۈزەر.

4246 بۇ بەگلەر ئۆيىنىڭ ئېتى «قارشى» دۇر،
بۇ «قارشى» ئەهلى ئۆزئارا قارشىدۇر.

4247 بۇ دەرگاھتا كۆپرەك ھەسەتچى بولۇر،
ھەسەت قايدا بولسا ئۇرۇش قوزغىلۇر.

4248 سېنىڭدىن ئۇلۇغلار كۆرەلمەس سېنى،
خار ئولغاچ، يېيەرسەن پۇشايمىنىنى.

4249 كۆرەلمەس سېنى ھەم يەنە تەڭتۇشۇڭ،
كۆرۈنمەي ياخشىلىق، قارايغاي كۆڭۈلۈڭ.

4250 سېنىڭدىن كىچىكمۇ ھەسەتلەر قىلۇر،
ساڭا ياخشىلىقنى كۆتمەس، ئۆچلىشۇر.

4251 ساراي ئەھلى شۇڭا قارىمۇقارشىدۇر،
ئىككىسى قارشىلاشسا، ئۇ بىرسى ئۆلۇر.

4252 تىرىشقىن سەن ئەمدى، ئەي كۆڭلۈم كۆنى،
كىشىگە ھەسەت قىلما، يۈرگىل كۆنى.

4253 ھەسەت بىر كېسەلدۇر، داۋاسى ئۇزاق،
ئۆزىنى ئۆزى يەپ، سىزەر ئۇ ئاداق.

4254 خۇدا ھۆكمى بارچە ئۇ ياخشى ـ يامان،
خۇدا بەرسە، ھەسەت توسالماس ھامان.

4255 نە پايدا كىشىگە ھەسەت ئەيلىمەك؟
ھەسەتخور ئاخىرى كېسەللىك، دېمەك.

4256 كۈچۈڭ يەتسە ھەممىگە ياخشىلىق قىل،
يانار ياخشىلىق ھەم شۇبھە قىلمىغىل.

4257 كىشىلەر سۆيۈنسە، سۆيۈنگىن سەن ھەم،
غەم ـ قايغۇ يەتسە گەر، يېگىل سەنمۇ غەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



4258 ئېتىمڭ ياخشى بولغاي، سېنى ماختىشار،
ساڭا قوشۇلاي دەپ بارى ئالدىرار.

4259 ئۆزۈڭگە تاپما ياۋ، تىرىشقىن قاياش،
تولا تۇتقىن ئەمدى قېرىنداش ـ ئاداش.

4260 ئەگەر چىقسا دۈشمەن بىرەرتە ساڭا،
سەن غاپىل قالما ھەم تۇزاق قۇر ئاڭا.

4261 نېمە دەيدۇ ئاڭلا، يېغىلاشقان ئەر،
يېڭىپ دۈشمىنىنى تۆۋەن قىلغان ئەر:

4262 غاپىل بولما ياۋدىن ئۆزۈڭ نېرى تۇر،
غاپىل ئەيلە ياۋنى، تورۇڭغا چۈشۈر.

4263 كەمسىتمە دۈشمەننى، زور ۋە بۈيۈك بىل،
تاياق تۇتسا ياۋ، ئەيلە قالقان تۆمۈر.

4264 ئاداش ـ ئەش يۈكىن يۇد، قىسما كۆڭلىنى،
سۆزۈمنى ئۇنتۇما، چىڭ تۇتقىن بۇنى:

4265 ئەشىڭ بولسا دۈشمەن، جانغا قەست قىلۇر،
ۋە يا توپلىغان نەق مېلىڭنى ئالۇر.

4266 ئىچىڭنى ـ تېشىڭنى ئادىشىڭ بىلۇر،
مېلىڭنى بۇ ئىچ ـ تاشنى بىلگەن ئالۇر.

4267 ئەگەر ئۇ تىلىسە سۇنار مالغا قول،
تىلىسە جېنىڭغا قىلار قەستنى ئول.

4268 ئۆزۈڭنى ئېچۈكرەك كۆزەتسەڭ ئۆزۈڭ،
كۆزەت ھەمراھىڭنى ۋە بەس قىل سۆزۈڭ.

4269 ئاداش تۇتماق ئاسان، كۆزەتمەك قىيىن،
يېغى بولماق ئاسان، ياراشماق قىيىن.

4270 دۈشمەنلىك ئەر ئۇلساڭ، ساقلا جان ـ تېنىڭ،
ئۇنىڭدىن قۇتۇلماق ئېرۇر بەك قىيىن.

4271 قېتىلما ئىككى خىل ئەرگە، يىراق تۇر،
قېتىلساڭ كۆر ئەمدى، چاتاق چىقىرۇر:

4272 بىرىدۇر چېقىمچى، پىتنە ـ پاساتچى،
بىرى، ئىككى يۈزلۈك، ئۆز مەنپەئەتچى.

4273 يەنە سەن تۇتمىغىن مەيخورنى ئاداش،
ۋاپاسىز بولۇر ئۇ، قىلۇر دىلنى غەش.

4274 كۆڭۈل بەرمە خۇدبىن دوستقا ھېچقاچان،
ئەگەر تەگمىسە نەپ، بولۇر ياۋ ھامان.

4275 يېقىنلىق تىلىسەڭ كىشىدىن ئۆزۈڭ،
قارا رايىغا، دېمە ھاجەت سۆزۈڭ.

4276 خۇشال ھاياتتا ياشايمەن دېسەڭ،
تىرىشقىن، ھەسەتتىن يىراق بول ئۆزۈڭ.

4277 دېسەڭ سەن قىلايىن دۈشمىنىمنى قۇل،
ساپ ئالتۇن بېرىپ سەن، ساقىلىدىن ئىل.

4278 يىراقلاتماقچى بولساڭ يېقىنىنى ئۆزۈڭ،
نېمە سورىسا بەرمە، يىرىك قىل سۆزۈڭ.

www.uyghurkitap.com



4279 ئۆزۈن بولسۇن دېسەڭ بۇ ئۆمرۈڭ ھامان،
سېخىي بول ھەمىشە، يېگۈز تۈز ۋە نان.

4280 سۆيۈملۈك بولۇشنى تىلىسەڭ ئۆزۈڭ،
كۆڭۈل، تىل بىر بىكتۈر، چۈچۈك قىل سۆزۈڭ.

4281 تىلىسەڭ ئۆزۈڭگە ھامان ئەزىزلىك،
قەدىرلە كىشىنى، ئەي خۇلقى سىلىق.

4282 تولۇق باي بولۇشنى ئىستەرسەن ئەگەر،
ئۆزۈڭ قىل قانائەت، نېسۋەڭ يېتەر.

4283 مېنى ماختىسۇنلار دېسەڭ سەن ئۆزۈڭ،
مىجەز ـ خۇلقۇڭنى ئۈز قىل، ئوچۇق تۇت يۈزۈڭ.

4284 شۇ ياڭلىغ بولۇر ئول كىشى ئەسلىسى،
كىشىگە كىشىلىك ـــ كىشى بەلگىسى.

4285 كىشى ئەسلىنى بىلمەك تىلىسەڭ ئۆزۈڭ،
قىلىقىنى كۆرگىن، ئېچىلغاي سۆزۈڭ.

4286 تولا ياخشى دەپتۇ بۇ بېيىت ئېيتقۇچى،
سۆزىن مەنە بىرلە ئىسپات قىلغۇچى:

4287 كىشى ئەسلى بىلمەك تىلىسەڭ ئوچۇق،
بۇ ئىشقا گۇۋاھتۇر كۆڭۈل، تىل، قىلىق.

4288 خۇيى ياخشى، كۆڭلى، تىلى بولسا تۈز،
ھەسەپ ـ نەسەبىگە گۇۋاھ بۇ ئېنىق.

4289 قوشۇلما نادانغا، ئەي ئەسلى ئېرىغ،
تۆكەر ئابرۇيۇڭنى سېنىڭدىن ئېرىغ.

4290 نە دەيدۇ ئىشتكىن، قانۇنلۇق كىشى،
ناداندىن يىراق ئۇ ئاقىللار بېشى:

4291 ئەدەپسىز پەسكە سەن قوشۇلما، ئوغۇل،
پۇتۇن غوۋغا شۇلاردىن كېلۇر، تىنچ بول.

4292 مىجەزى چۇس، قوپالغا بولما يېقىن،
غەزەپلەنسە بۇزغاي يېقىنلىق ھەقىن.

4293 كۆڭۈلنىڭ سىرىنى ئاچما كىشىگە،
گەر ئاچساڭ، قويۇرلار زەخمەت ئىشىگە.

4294 ئېشىپ بارغاي دېسەڭ يېقىنلىقىنىڭىم،
تەمەسىز ياشا سەن، ئەي ئالىم، ھېكىم.

4295 تىلىسەڭ ھەمىشە بولۇش شادىمان،
بولۇپ تۇز، ھۇزۇردا ياشا سەن ئامان.

4296 ئەزىز بولغاي دېسەڭ ئۆزۈڭ ھەم سۆزۈڭ،
قىسىلما ھەر ئىشقا، قۇتۇلدۇر ئۆزۈڭ.

4297 ياشاي ئابرۇي بىلەن دېسەڭ سەن ھامان،
يالغاننى چىقارما تىلىڭدىن ھەر ئان.

4298 قەيەردە كۆتۈرۈلسە دۆلەت بېشى،
ئاڭا سەن بولۇشقىن، ئەي ياخشى كىشى.

4299 ئۆچەشمە بۇ دۆلەت بىلەن، سەن ياراش،
ياراشمىسا دۆلەت قىلۇر زەھەر ئاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



4300 تىلىسەڭ سۆزۈڭنىڭ ئۆتكۈر بولۇشىن،
سورالغاندا سۆزلە سۆزنى توغرا، چىن.

4301 كىشىلەرنى چاقما، قۇرۇق سۆزلىمە،
كىنە ساقلىما ھەم ئۇششاق سۆز دېمە.

4302 بوراندەك ئېرۇر سۆز كۆڭۈل ئاغرىتۇر،
كۆڭلى ئاغرىغان ئەر سېنى يوق ئېتۇر.

4303 ئۆزۈڭدىن ئۇلۇغنىڭ سۆزىن قىلما رەت،
يىرىك قىلما بەرگەن جاۋابىڭ پەقەت.

4304 ئۇلۇغنى قەدىرلە ئۇنى ھۆرمەت ئەت،
ساڭا ھەم ئۇلۇغلۇق كېلىپ يۇققاي بەخت.

4305 سەن ئۆز تەڭتۇشۇڭ بىرلە قىل كەل ـ بېرىش،
قېتىلغىن، قوشۇلغىن، قىل ئېلىش ـ بېرىش.

4306 قەدىرلە ئۇنى سەن، قەدىرلىسە چىن،
ھەقىرلە، ھەقىر كۆرسە، بارما يېقىن.

4307 ئۇلار قىلسا قانداق، سەن ئانداقنى قىل،
چۈچۈك سۆزلىسە سۆز، چۈچۈك سۆزلىگىل.

4308 پۈتۈن ياخشىغا بول سەن ياخشى كىشى،
يامانغا يامان بول، يامانلىق تۈشى.

4309 تولا ياخشى دەپتۇ قانۇن بىلگەن ئەر،
نىزام ـ قانۇن بىلەن ئەلنى تۈزگەن ئەر:

4310 سېنى سىز دېسەلەر، ئۇنى سىز دېگىن،
ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى جاۋاب سۆزلىگىن.

4311 قىيا ياڭقۇسىدىن[179] تۆۋەن بولمىغىن،
سېنى سەن دېسەلەر، ئۇنى سەئلىگىن.

* *

4312 بۇ خادىم سۆھبىتى ئاشۇنداق بولۇر،
قوشۇلماق تىلىسەڭ، داۋاسى شۇدۇر.

4313 دېدىم مەن بۇلارنى، ئىشىتتىڭ ئۆزۈڭ،
كۆڭۈل ئىچرە ساقلا، ئۇزاتما سۆزۈڭ.

ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

4314 جاۋابەن ئودغۇرمىش دېدىكى بۇ سۆز:
ئىشىتتىم مەن ئەمدى، ئايا كۆڭلى تۈز.

4315 بۇنىڭدىن بۆلەك بار يەنە بىر سۆزۈم،
ئۇنى ھەم دېگىل سەن، گۈزەل يۈزلۈكۈم.

4316 كېرەر بولسام ئەمدى شەھەر ـ كەنت ئارا،
خەلققە قوشۇلماق كېرەكتۇر ماڭا.

4317 نېچۈك كىرەك يۈرەيىن ئۇلار بىلەن مەن؟
بۇنى ھەم ئۇلاپلا سۆزلە ماڭا سەن.

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

4318 ئۆگدۈلمىش جاۋابەن دېدى: كۆڭلى تۈز،
دەرھەقە، كېرەكلىك ئېرۇر ئۇشبۇ سۆز.

4319 كېرەكلىك بۇ سۆزنى دېدىڭ سەن ماڭا،
ئىشىتكىن، بۇنى مەن ئېيتايىن ساڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



## قىرىق توققۇزىنچى باب

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئوغدۇرمىشقا ئاۋام بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش توغرىسىدا ئېيتقانلىرى

4320 ئاۋامنىڭ مىجەزى تامامەن بۆلەك،
بىلىم، ئەقلى، خۇيى ئېرۇر ئۆزىدەك.

4321 قىلىقسىز بولۇرلار بۇ ئاما ـ بودۇن،
قوشۇلغاندا بولماس قانۇن ۋە يوسۇن.

4322 ۋە لېكىن بولۇنماس بۇلارسىز ھېچ ئىش،
سۆزۈڭ ياخشى بولسۇن، تۇتما ئۇنى ئەش.

4323 ئاۋام قىلىقى بارچە بولۇر قاپقارا،
كۆزەتكىن، ئۆزۈڭنى قىلما سەن قارا.

4324 ئاۋام پەيلى ئۇچسىز چۇۋالماق ئېرۇر،
ئىشى ھەم ھەرىكىتى خۇيىدەك بولۇر.

4325 يېيىشنى بىلۇر، بەس، قورساق بولسا توق،
گېلىدىن بۆلەك غەم ـ قايغۇسى يوق.

4326 يولىدىن ئاداشماي سىناپ يۈرگەن ئەر،
ئاۋام خۇلقى ئۇچۇن، ئىشىت نېمە دەر:

4327 ئاۋامنىڭ غېمى ـ قايغۇسىدۇر قېرىن،
ئۇنىڭكىم ھەرىكىتى شۇ بىر گال ئۇچۇن.

4328 تالاي خەلق ئۆلۈپ شۇ بىر گال ئۇچۇن،
قارا يەر قېتىدا ئالار ئۇت ئۆچۈن.

4329 ئاۋام قارنى تويسا، ئۆزارغاي تىلى،
ئۆرۈنغاي تۆتمىساك چىلىك، ھاكىم بولغىلى.

4330 ئۆلارغا يەنىلا قوشۇل، ئەي قاياش،
بېرىپ تۆر ئۆلارغا يېمەك ـ ئىچمەك، ئاش.

4331 قىلىپ سۆزنى يۇمشاق، نېمە سورىسا بەر،
بېرۈرچى ئالۇر ئۆز پايدىسىن كۆرەر.

4332 تولا سۆزلىمە سۆز، تىلىڭنى كۆزەت،
تولا سۆزدە بولماس قەدىر ۋە قىممەت.

4333 نېمە دەيدۇ ئاڭلا، ئۆزىن تۆتقان ئەر،
تۆتۆپ بەك تىلىنى، ئىلىم بىلگەن ئەر:

4334 پۈتۈن سۆزنى سۆز دەپ سۆزلەۋەرمىگىن،
كېرەك سۆزنى ئويلاپ، ئورۇنلۇق دېگىن.

4335 بىر ئاقىلنى كۆردۈم، ئۇ ئاز سۆزلىدى،
تولا سۆزلىدىم دەپ، كۆپ پۇشمان يېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئەللىكىنچى باب

### پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بايانىدا

4336 خادىم ۋە بەگ خاسلىرىدىن تاشقىرى،
قوشۇلماقتا تېگىش كىشىنىڭ بىرى:

4337 پەيغەمبەر ئەۋلادى — ئۇرۇقى ئېرۇر،
بۇلار قەدىرلەنسە، سائادەت كېلۇر.

4338 قاتتىق سۆي ئۇلارنى كۆڭۈل تېگىدىن،
بېرىپ مال، ئال ياخشى خەۋەر ھالىدىن.

4339 بۇلاردۇر ئەھلى بەيت، رەسۇلغا قاياش،
ھەبىپ ئەلچى ھەققى ئۈچۈن سۆي، ئاداش.

4340 سۇرۇشتۇرمە ئىچ ھەم تېشى، ئەسلىنى،
ناچار سۆزلىسە گەر، سۇرۇشتۇر ئۇنى.

## ئەللىك بىرىنچى باب

## ئالىملار بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بايانىدا

4341 يەنە بىر گۇرۇھ ئۇ ئالىملار ئېرۇر،
ئۇلار ئىلمى خەلقنىڭ يولىدىن يورۇتۇر.

4342 قاتتىق سۆي ئۇلارنى، قەدىرلە سۆزىن،
تولا ياكى ئازدۇر ئۆگەن بىلگىنىن.

4343 يارامىلىق ـ يارامسىزنى قىلىپ پەرق ئۇلار،
تۇتار پاك ـ پاكىزە يولنىلا شۇلار.

4344 ئۇلارنىڭ ئىلمىنى ئۆگەن، تىرىش، بىل،
قىلىپ ياخشىلىق كۆت، ئۇزاتمىغىن تىل.

4345 ئېرۇر چىندىن ئۇلار بۇ دىن تۈۋرۈكى،
ئۇلارنىڭ ئىلمى، چىن شەرىئەت كۆكى.

4346 يوق ئەرسە جاھاندا ھېكىم، ئىلىملىك،
تېرىپ، ئۈنمەس ئەردى يەردە يېگۈلۈك.

4347 ئۇلار ئىلمى بولدى جاھاندا چىراغ،
يول ئازماس كېچىدە يورۇسا چىراغ.

4348 مېلىڭدىن بېرىپ تۇر چۈچۈك سۆز بىلە،
يېگۈز ئاش ـ نېنىڭنى، خىزمەت قىل كۈلە.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

4349 ئېگىز ـ پەس سۆز ئېيتما، تۇرغىن ئەيمىنىپ،
زەھەردۇر ئۇلارنىڭ گۆشى قال بىلىپ[180].

4350 قوپال سۆزلىمە، ئاش ـ تۇزۇڭنى يېدۇر،
ئۇلارنى قەدىرلەپ، ئەزىزلەپ كۆتۈر.

4351 ئىشىت گەپ ـ سۆزىنى ئىشلەت ئىلمىنى.
يامانلاپ يۇرمە سەن خۇيى ـ پەيلىنى.

4352 ئۇلاردىن كېرىكى ساڭا ئىلىمدۇر،
يېتەكلەپ، ساڭا ھەق يولىن كۆرسىتۇر.

4353 ئۇلار قوي پادىسى ئىچرە سەركەدۇر،
ئۇ باشلاپ ماڭسا قوي تۈز يولغا يۇرۇر.

4354 قوشۇل ھەم ئۇلار بىرلە سەن ياخشىلاش،
قۇتاتقاي ساڭا ئىككى دۇنيا تۇتاش.

## ئەللىك ئىككىنچى باب

### تېۋىپلار بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بابىدا

4355 بۇلاردىن بۆلەكمۇ نەچچە گۇرۇھ بار،
كۆرەرسەن بىلىمدە، پەرقىدە گەپ بار.

4356 ئۇلاردىن بىرسى تېۋىپلار ئېرۇر،
پۈتۈن دەرد ـ كېسەلگە داۋالار قىلۇر.

4357 يەنە بەك كېرەكلىك ساقا بۇ كىشى،
ئۇڭشالماس ئۇنىڭسىز تىرىكلىك ئىشى.

4358 تىرىك بولسا ئادەم ئۇ كېسەل بولۇر،
تېۋىپلار كېسەلگە داۋالار قىلۇر.

4359 كېسەللىك ــ كىشىچۇن ئۆلۈم قولدىشى،
كىشىگە ئۆلۈم بار، ھايات ئوخشىشى.

4360 ئۇلارنى سەن ياخشى كۆرۈپ، تۇت يېقىن،
ئۇلاردۇر كېرەكلىك، كۆزەت سەن ھەقىن.

www.uyghurkitap.com

## ئەللىك تۆتىنچى باب

## ئەپسۇنچىلار بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بابىدا

4361 بۇلاردىن قالسا، باردۇر ئەپسۇنچىلار،
پەرى - جىنلىق كېسەل داۋالاۋچىلار.

4362 ئاشۇلار بىلەن ھەم قوشۇلماق كېرەك،
پەرى - جىنلىق كېسەلنى ئوقۇتماق كېرەك.

4363 دېسەڭ پايدىسى گەر يېتىشسۇن ماڭا،
ياخشى بول ئۇلارغا، ئايا مەرد توڭا.

4364 تېۋىپلار تەن ئالماس ئۇلار سۆزىنى،
ئۇلارمۇ تېۋىپقا ئۆرۈر يۈزىنى.

4365 بىرى دەر: دورا يەپ كېسەل ساقىيار،
بىرى دەر: قاچار جىن، ئېسىلسا تۇمار.

## ئەللىك تۆتىنچى باب

### چۈش ئۆرۈگۈچىلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بايانىدا

4366 يەنە بىر ئىلىمدۇر بۇ چۈش ئىلمى ئۇل،
چۈشىسەڭ، ئۆرۈرچى ئاچار ياخشى يول.

4367 كىشى ئۇخلىغاندا مەگەر چۈش كۆرەر،
ئۆرۈشنى بىلسە، تېز دېگىنى كېلەر.

4368 بۇ چۈش ئۆرۈگۈچىلەر ئۇنى ئۆرۈسە خوپ،
يۇرەر ياخشىغا، ئەر قالۇر خۇش بولۇپ.

4369 بىمەنە بولسا چۈش ۋە يا بەك يامان،
بېرىپ سەدىقە ئۆزىن كۆزەتسۇن شۇ ئان.

4370 قارا، چۈش ئىلمىنى رەھىملىك خۇدا
قۇلىغا ياخشىلىق دەپ قىلدى ئاتا.

4371 چۈشۈڭ ياخشى كۆرسەڭ، سۆيۈنگىن ھامان،
يامان بولسا ھەققە سىغىنغىن شۇ ئان.

4372 پېقىرلارغا بەرسەڭ كۈمۈش، مال ـ تاۋار،
خۇدا خالىسا گەر بالانى توسار.

4373 نېمىگە جورىسا، چۈش ماڭار شۇڭا،
ئايا چۈش ئۆرۈگۈچى، كۆڭۈل بۆل مۇڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



4374 كىشىكى، بۇ چۇشنى ياخشىغا جورار،
ئىلىم ۋە مېھىرلە ياخشىلىق قىلار.

4375 بۇلارنى ھەم ياخشى كۆرۈپ، تۇت قاياش،
تىلىسەڭ قاياش تۇت، تىلىسەڭ ئاداش.

## ئەللىك بەشىنچى باب

## مۇنەججىملەر بىلەن مۇئاسىۋەتتە بولۇش باياندا

4376 بۇلاردىن سوڭ ئەمدى بۇ يۇلتۇزچىدۇر،
كۆرەرسەن بۇ يول بەك ئىنچىكە ئېرۇر.

4377 يىل، ئاي، كۈن ھېسابى بۇلاردىن بولۇر،
كېرەكلىك ئېرۇر بۇ ھېساب ئەي جەسۇر.

4378 ئۇقى ھەندىسەنى دېسەڭ بىلەيىن،
ئېچىلغاي ھېساب ئىشكى شۇندىن كېيىن.

4379 تولۇق بىل كۆپەيتىش، بۆلۈش ۋە كەسىر،
كامالغا يېتىشتە ئىمتىھاندۇر بىر.

4380 بۇ تەزئىف[181]يا تەنسىفنى[182]سەن ياخشى بىل،
ئەگەر بىلسەڭ ئاندىن ساناق جەزىر[183] قىل.

4381 يەنە جەمئى تەفرىق[184]، مىساھەتكە[185] ئۆت،
يەتتە قات پەلەكنى بىر ئال چۆپچە تۇت.

4382 تىلىسەڭ يەنە سەن ئالگېبرانى ئۇق،
يەنە ئوقلىدىسنىڭ[186] ئىشىكىنى سوق.

4383 بۇ دۇنيا، ئاخىرەت ئىشىنى، ئىشەن،
قىلۇر بۇنى ئالىم ھېسابلاش بىلەن.

4384 بۇزۇلسا ھېساب گەر، ئەي ياخشى كىشى،
بۇزۇلغاي ھەر ئىككى دۇنيانىڭ ئىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

4385 بولۇرسەن ئۆزۈڭ گەر بىر ئىش ئىشلىمەك،
يامان ـ ياخشى ۋاقنى ھېسابلاش كېرەك.

4386 كۆن، ئاينىڭ قۇتلۇقى ھەم نەسلىرى بار،
مۇبارەك چاغنى تاپ، ئەي قەلبى پاك ئەر.

4387 تولا ياخشى دەپتۇ بىلىملىك قېرى:
ئىشىڭنى بىلىملىككە دەپ قىل، يۇرى.

4388 بىلىم بىرلە ئىنسان ئىشىن باشلىسا،
تاپار مەقسىتىنى نېچۇك ئىشلىسە.

4389 ھەر ئىشتا پايدىلىق ئاۋۋال ئىلىم ئول،
كېيىن قالسا ئىلىم، يەتمەس ئىشقا قول.

4390 ئۆلاردىن سورا، تېز پۈتۈپ كەتمە چىن،
بىلۈرچى خۇدادۇر، سەن تۇت ئۇنى چىڭ.

4391 بۇلارغا ھەم ياخشى قارا، سەن ياراش،
تىلىڭنى تىيىپ تۇت، دىلىن قىلما غەش.

## ئەللىك ئالتىنچى باب

## شائىرلار بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بايانىدا

4392 كېلۇر ئەمدى شائىر، بۇ سۆز تەرگۈچى،
كىشىلەرنى ماختاپ ۋە ھەم سۆككۈچى.

4393 قىلىچتىن ئىتتىكرەك بۇلارنىڭ تىلى،
قىلدىنمۇ نازۇكراق تەپەككۇر يولى.

4394 نەپىس ھەم تېرەن سۆز دېسەڭ ئۇقايىن،
بۇلاردىن ئىشىتكىن، ئۇقۇلۇر كېيىن.

4395 كۆرەرسەن، دېڭىزغا كىرۇر كىشىدەك،
گۆھەر، ئۈنچە، ياقۇت چىقىرۇر، دېمەك.

4396 ئۇلار ماختىسا، ئەلگە تارار شۇ پېتى،
ئەگەر سۆكسە كىمنى، سېسىيدۇ ئېتى.

4397 تولا ياخشى تۇتقىن بۇلارنى قاياش،
بۇلارنىڭ تىلىغا ئىلىنما، ئاداش.

4398 ئەگەر ماختىلىشنى تىلىسەڭ ئۆزۈڭ،
بۇلارنى سۆيۈندۇر، بەس ئەمدى سۆزۈڭ.

4399 نېمىنى تىلىسە، بەرگىن سەن تۈگەل،
ئۇلارنىڭ تىلىدىن ئۆزۈڭ سېتىۋال.

## ئاللىك يەتتىنچى باب

## دېھقانلار بىلەن مۇئامىلىدە بولۇش بايانىدا

4400 يەنە بىر گۇرۇھ ئۇ دېھقانلار ئېرۇر،
بۇلار بەك كېرەكلىك كىشىلەر تۇرۇر.

4401 بۇلار بىرلە ھەم سەن قوشۇل ۋە قېتىل،
گېلىڭ توغرىسىدا سىقىلماي تىرىل.

4402 پۈتۈن جېنى بارغا بېرۇر پايدىنى،
تاپار ھەممە ئاندىن يېمەك تەمىنى.

4403 پۈتۈن جېنى بار ئاچ بولۇر ھەم تويۇر،
تىرىك بولسىلا ئاڭا موھتاج ئېرۇر.

4404 ساڭا ھەم، شۈبھە يوق، كېرەك بۇ كىشى،
پۈتەركىم، ئۈنىڭلە گېلىڭنىڭ ئىشى.

4405 ئاشۇلار بىلەن ھەم قوشۇل، ئەي قاياش،
گېلىڭ پاك بولۇپ ھەم ھالال بولغاي ئاش.

4406 نېمە دەر ئىشىتكىن تەقۋالار بېشى،
پۈتۈن ئىشنى تەدبىرلە قىلغان كىشى.

4407 ئىنچىكە ۋە توز يول تۇتاي مەن دېسەڭ،
ئەي پاك دىل، بولۇر گالغا ھالال يېسەڭ.

4408 بولاي تەقۋادار مەن دېسەڭ بەلگىلىك،
گېلىڭنى، ئېگىننى ھالال ئەتكۈلۈك.

4409 دېسەڭ باي بولايىن، پېقىر بولمايىن،
تىرىشقىن، سەن ھەرگىز زىنا قىلمىغىن.

4410 بولۇشنى تىلىسەڭ ئۆزۈڭ قەدىرلىك،
پاساتتىن يىراق قاچ، ئى خۇلقى سىلىق.

4411 تۇپىڭ ـ يىلتىزىڭنى پاساتلىق قىرار،
بۇ ياخشى ئىزىڭنى پاساتلىق بۇزار.

4412 سائادەتنى تاپقان پاساتتىن قاچار،
ھەر ئۆچكەن ئوتنى بۇ پاسات ياندۇرار.

4413 ئەجەب ياخشى دەپتۇ سىلىق خۇيلۇق ئەر،
بىلىم بىرلە ئىشقا قولى يەتكەن ئەر:

4414 پاساتنىڭ يېنىغا يېقىن بارمىغىل،
پاسات نەدە بولسا خارلىق شۇندا، بىل.

4415 پاسات بىرلە دۆلەت تۇرالماس، قاچار،
تۇنەپ ئۆتسە مېھمان، سەن تاڭ قالمىغىل.

4416 بۇ دېھقان كىشىلەر بولۇر قولى كەڭ،
خۇدا بەرگىنىدىن تۇتار دىلنى كەڭ.

4417 نەسىبە ئالۇرلار تۇمەنمىڭلىغان
يۇرۇرچى يەر ئاشنى، ئۇچقانلىرى دان.

4418 بۇلارغا قوشۇلغىن، قېتىلغىن ئۆزۈڭ،
قىلىپ ياخشى سۆزنى، ئوچۇق تۇت يۈزۈڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ئاتمىش سەككىزىنچى باب

## سودىگەرلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بايانىدا

4419 بۇنىڭدىن كېيىنكى تىجارەتچىدۇر،
قىلىپ ئال ـ سات ئۇ تىنماي پايدا تاپۇر.

4420 جاھاننى كېزەرلەر تىرىكلىك تىلەپ،
ئەقىل، كۆڭلىنى بىر خۇداغا ئۇلاپ.

4421 ئۇلارغا قوشۇل، قىل كېلىش ھەم بېرىش،
نېمە ئىستىسە بەر، ئېلىش ھەم بېرىش.

4422 ئۇلاردا بولۇر بۇ جاھان ئارزۇسى،
خەلق كۆركى، سەرخىل جىمى ياخشىسى.

4423 شەرقتىن ـ غەربكە يۇرۇپ ئايلىنۇر،
تىلىكىڭ نە ئەرسە ساڭا كەلتۇرۇر.

4424 تۈمەن خىل خەزىنە، جاھان ئاڭسۇقى،
ئۇلاردا بولۇر، ئەي بىلىملىك سېخىي.

4425 ئەگەر كەزمىسە سودىگەرلەر جاھان،
قارا قاما جۇۋا كىيەتتىڭ قاچان؟

4426 توزۇتماس بولسا چاڭ قىتان كارۋىنى،
قەيەردىن كېلەتتى تۈمەن خىل ئاغى؟

4427 كېزىپ گەر سودىگەرلەر يۇرمىسە ئىدى،
بۇ ئۈنچە تىزىقنى كىم كۆرەر ئىدى؟

4428 ساناۋەرسەم ئەمدى مىسال تۈگىمەس،
ئۆزاتماي سۆزۈمنى، قىلاي ئەمدى بەس.

4429 تىجارەتچى ھەممە مۇشۇنداق تۇرۇر،
ئېچىپ سەن ئىشىكنى، قوشۇلساڭ بولۇر.

4430 تىرىش سەن، ئۇلارنى تولا ياخشى تۇت،
كېتەر ياخشى نامىڭ يىراقلارغا، پۇت.

4431 شۇلاردۇر جاھانغا ئېتىڭ يايغۇچى،
يامانۇ ـ ياخشىنى ھەم تارقاتقۇچى.

4432 ساڭا ئاز ـ تولا گەر ئۇ قىلسا سوۋغات،
جاۋابەن سۆيۈنچلۈك قىلىپ سەن ئۇزات.

4433 زىغىرلاپ ھېسابلار زەرەر ـ پايدىنى،
قوشۇلساڭ، نەزەردە تۇتقىن سەن بۇنى.

4434 نېمە دەر، ئىشىتكىن، جاھان كەزگەن ئەر،
بېشىدىن كۆپ ئىشلار كېچىپ ئۆتكەن ئەر:

4435 تىلىسەڭ ئېتىڭنى جاھانغا يېيىش،
مۇساپىرنى ياخشى كۈتۈشكە تىرىش.

4436 ئاتالماق تىلىسەڭ ئۆزۈڭ بەلگىلىك،
سودىگەرگە ياخشى نەسىپ بەرگۈلۈك.

4437 تىلىسەڭ ئۆزۈڭگە ياخشى ئات، ئوغۇل،
مۇساپىر ۋە كارۋان ئۈچۈن ياخشى بول.

4438 بۇ ياڭلىغ قېتىلغىن سودىگەر بىلە،
ياشا ياخشى ئاتلىق بولۇپ سەن كۈلە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ئەللىك توققۇزىنچى باب

## چارۋىچىلار بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بايانىدا

4439 بۇلاردىن كېلەر سۈتلۈك بۇ چارۋىچىلار،
پۈتۈن يىلقىلارغا بولۇر باشچىلار.

4440 بۇلار بەك ئاق كۆڭۈل، چىن راستچىل ئېرۇر،
كىشىگە يۈكىنى يۈكلىمەس بولۇر.

4441 يېمەك ـ كىيمەك، ئۇلاغ ـ ئات، ئايغىر ۋە يۈك
توشۇرچى بۇلاردىن چىقار بەلگىلىك.

4442 قىمىز، سۈت، يا يۈڭ، ياغ، قېتىق يا قۇرۇت،
بىسات يا كىگىز ھەم ھۇزۇر ئۆيگە تۇت.

4443 بۇلاردۇر پايدىلىق كىشىلەر تامام،
تولا ياخشى كۆرگىن ئۇلارنى بوتام.

4444 قېتىلغىن، قوشۇلغىن، يېگۈز ھەم ئىچۈر،
دۇرۇسلۇق ئىچىدە تىرىكلىك كەچۈر.

4445 نېمە سورىسا بەرگىن، كېرەك بولسا ئال،
ئۇلار ھىيلە بىلمەس، كۆردۇم ئۇشبۇ ھال.

4446 بۇلاردىن تىلىمە بىلىم يا يوسۇن،
مىجەزى ئېرۇر تۈز، ئەي خۇلقى پۈزۈن.

4447 ئۇلارغا قوشۇلساڭ، ئۆزنى تۇتۇپ ئال،
بۇلاردۇر يوسۇنسىز، ئۇسۇلسىز، قوپال.

4448 سۆزۈڭنى ياخشى قىل، ئاداش بولمىغىل،
بۇ ئاددىي كىشىلەر، بىلىمسىز، جاھىل.

4449 تولا ياخشى دەپتۇ قانۇن تۈزگۈچى،
خەلققە قوشۇلۇپ سىناپ بىلگۈچى:

4450 بىلىمسىزنى ئارتۇق يېقىن تۇتمىغىل،
قىلۇر قىلماس ئىشنى، يېقىن تۇتسا، بىل.

4451 بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئېيتمىشتۇر بىلىك،
بىلىم بىرلە ئىشقا تەگكۈزگىن ئىلىك:

4452 تۇت ئۆزنى، بىلىمسىزگە بولما يېقىن،
ياشار بەخت ئىچىدە تۇتسا ئەر ئۆزىن.

4453 قوپالدۇر بىلىمسىز سۆزى، خۇلقى ھەم،
يىراق تۇر، تېزىپ يۇر بىلىمسىزلەردىن.

4454 شۇ ياڭلىغ بولۇرلار بۇ چارۋىچىلار،
قوشۇلساڭ، سۆزۈم ساڭا يولچى بولار.

4455 ياشاپ قانداق، ھەسسە ئېلىشنى نېچۈك
بايان قىلدىم، ساڭا بۇنى بەلگىلىك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



4456 يەنە بىر گۇرۇھ ئۇ ھۈنەرۋەن ئېرۇر،
تىرىكلىك يولىدا ھۈنەرلەر قىلۇر.

4457 كېرەكلىك كىشىلەر يەنە بۇ ساڭا،
بېرۇر پايدا يىگىت، يېقىن بول ئاڭا.

4458 تۆمۈرچى، ئۆتۈكچى، يەنە تېرىچى،
يا سىرچى، بوياقچى، يا ئوقچى، ياچى.

4459 بۇ دۇنيا زىنىنىتى بۇلاردىن بولۇر،
جاھاندا تاڭ ئىشلار بۇلاردىن كېلۇر.

4460 ساناۋەرسە كۆپتۇر، سۆزۈم ئۆزىرار،
ئۆزەي مەن سۆزۈمنى، ئۆزۈڭ سەن ئاڭقار.

4461 ئاشۇلار بىلەن ھەم قوشۇل ۋە قېتىل،
ئۇلارنى سۆيۈندۇر، سۆيۈنچتە تىرىل.

4462 ئىشىڭنى قىلسا، ئىش ھەققىنى تېز بەر،
يېگۈزگىن، ئىچۈرگىن، ئاشنى كەڭرۇ بەر.

4463 ئەيىب قىلمىسۇنلار سېنى خەلق ئارا،
ئېتىڭ بۇزۇلمىسۇن، مۇڭا خوپ قارا.

4464 يەنە ياخشى دەپتۇ بىلىملىك، سۆزۈك،
خەلققە كۆيۈمچان ۋە كۆڭلى تۈزۈك:

4465 تىرىكلىك تىلىمە، ياخشى نام تىلە،
كېرەك ياخشى نام بۇ تىرىكلىك بىلە.

4466 ئۆزۈڭ ئۆلسەڭ ئاخىر بۇ نامىڭ قالۇر،
ئېتىڭ ياخشى بولسا ھايات تەم بېرۇر.

4467 يامانلىق بىلە كىم ئېتىن داغلىسا،
ئاڭا ياخشىراقتۇر تىرىك تۇرمىسا.

4468 ھايات دەسمايىدۇر، تىلە ياخشى ئات،
يامانلىق قىلما، ياخشى بول ئۆمۈر بار.

4469 بۆلاردىن كېيىنكى پېقىرلار ئېرۇر،
قىلىپ ياخشىلىقلار، يېگۈز ھەم ئىچۈر.

4470 ئۇلاردۇر دۇئاچى ساڭا، ئەي قاياش،
تولا ياخشى نەرسە دۇئا، ئەي ئاداش.

4471 تىلىمە ئۇلاردىن جاۋابقا تاۋار،
جاۋابەن بېرۇر جەننەت پەرۋەردىگار.

*　　　　*

4472 شۇدۇر ئەلدە تۆرلۈك قوشۇلغۇ كىشى،
ئىشىڭ بولسا ياكى ئۇلارنىڭ ئىشى،

4473 كۆيۈمچان بولۇپ ھەل قىلساڭ ئىشىن گەر،
ساڭا ھەم يېقىنلاپ كېلەر كىشىلەر.

4474 ئىككى ئالەمدە ياخشى بولۇرسەن ئۆزۈڭ،
ئېتىڭ ياخشى بولغاي، تارالغاي ئۇنۇڭ.

## ئاتمىش ئىككىنچى باب

## ئۆيلىنىشتە ئالداق بولۇش باياندا

4475 ئەگەر ئۆيلىنىشنى خالىساڭ ئۆزۈڭ،
تالل ئۇال خىلىنى، ئىتتىك قىل كۆزۈڭ.

4476 تېگى ياخشى بولسۇن تۇخۇم ھەم ئۇرۇق،
ئۇياتچان ۋە تەقۋا ئۆزى بەك ئېرىق.

4477 تىرىش، ئۆي قىزىنى ئال، قول تەگمىگەن،
سېنىڭدىن بۆلەك ئەر يۈزىن كۆرمىگەن.

4478 سېنىلا سۆيۈپ، باشقىنى بىلمىگەي،
يارامسىز، قىلىقسىز ئىشلار قىلمىغاي.

4479 خوتۇن ئالساڭ ئالغىن ئۆزۈڭدىن تۆۋەن،
ئېسىلما ئېگىزگە ئەسىر بولۇرسەن.

4480 ئىشىتكىن، نېمە دەر سىنىغان كىشى،
سىنىغان كىشىنىڭ پىششىقتۇر ئىشى:

4481 خوتۇن ئالساڭ ئالغىن، تۆۋەن، توغرىنى،
سۆيۈنچ بىرلە ئۆتكەي ھاياتىڭ كۈنى.

4482 چىرايلىقنى دېمە، خۇلقى ئۇزىنى دە،
كى خۇلقى ياخشى بولسا، يورۇتقاي سېنى.

4483 خوتۇن ئالما، ئالساڭ ئۆز تېگىڭنى ئال،
ئەي، ئەرلەر ئەرى، سەن تەقۋادارنى ئال.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



4484 گۈزەل خۇيىنى ئىستە، ئاختۇرما جامال،
خۇيى ياخشى بولسا، تاپار ئۇ كامال.

4485 گۈزەللىك قىدىرغان ئاپا سەن ئىنسان،
ئۇنى قوي، يۈزۈڭنى قىلما زەپىران.

4486 دېسە كىم ئۆيلىنەي، ئەي ئەرلەر بېشى،
ئالار شۇ تۆت خىلدىن بىرىن ئۇ كىشى:

4487 بىرى، باي خوتۇننى ئالماقنى ئىستەر،
ئۇ بىرسى، چىرايلىق ئۇچۇن كۆز تىكەر.

4488 يەنە بىرسى، ئېسىل نەسەبلىك تىلەر،
ئۇلۇغلۇق ئېتىغا قوۋانىپ يۈرەر.

4489 بىرى، ئىستەر نەپىس، تەقۋادارىنى،
ئۇنى تاپسا باغلار ئاڭا كارىنى.

4490 بۇلارنىڭ ئوبدىنىنى مەن ئېيتاي ساڭا،
ئالۇر بولساڭ خوتۇن، قۇلاق سال ماڭا:

4491 ئاپا باي خوتۇنغا ئىنتىلگۈچى جان،
ئەسىر بولما ئاڭا، ئەي ئالىم ئىنسان.

4492 ئۇ مالغا سۆيۈنۈپ، تىلىن ئۇزارتۇر،
ئۇنىڭ رايى سېنى ھەر كويغا سالۇر.

4493 گۈزەلنى تىلىگەن، ئەي ئەر ياخشىسى،
ئۇنى ئالساڭ ياغار ئەلنىڭ كۈلكىسى.

4494 چىرايلىق ئايالنى پۈتۈن خەلق سۆيەر،
ئۇنى تەڭرى يەزلى ساقلىسا مەگەر.

4495 ئەي ئەسلى بۈيۈككە ئىنتىلگۈچى سەن،
ئۆمرۈڭنى خار ئەتمە بۇنىڭلىق بىلەن.

4496 ئۇرۇق ـ نەسلى بۈيۈكنىڭ سۆزى ھەم تىلى
ئۈزۈندۇر، بولما سەن خوتۇننىڭ قولى.

4497 ئەي تەقۋادار خوتۇننى ئىستەر بەگزادە،
تېپىلسا ئۇ، بولغاي تۆت شەرت ئىپادە.

4498 تېپىلسا تەقۋادار ياخشى بىر چىشى،
غەنىيمەت بىلىپ ئال، ئەي ياخشى كىشى.

4499 تىلەك بايلىق ئۇلسا، بېرۇر مال يىغىپ،
بېيىتقاي سېنى ئۇ قىزىل يۈز قىلىپ.

4500 دۇرۇس خۇيلۇق ئۇلسا، گۈزەللىك كېلۇر،
خوتۇننىڭ كۆركى ئەخلاق، بىلىملىك بىلۇر.

4501 ئېرىغ، تەقۋا بولسا، ئۇ ئېسىل بولۇر،
قالغان ئۈچ نەرسىمۇ ئۇندا تېپىلۇر.

4502 ھېكىم سەن، بىر تەقۋا خوتۇن ئىستىگىل،
ئۇ بولسا، بولۇر جەم بۇ تۆت شەرتمۇ، بىل.

4503 تېپىلسا ئەگەرچە بۇ ياڭلىغ چىشى،
تىرىش، قىلما زايە، ئەي باتۇر كىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ئاتمىش ئۈچىنچى باب

### پەرزەنتلەرنى قانداق تەربىيەلەش بايانىدا

4504 تۇغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز ـ ئوغۇل،
ئاڭا تەربىيەچى سەن ئۆزۈڭلا بول.

4505 ئېرىغ ياخشىنى ئال ئىنىكە قىلىپ،
ئوغۇل ـ قىز ئۆسەر پاك ۋە ساغلام بولۇپ.

4506 ئوغۇل ـ قىزغا ئۆگەت بىلىم ھەم ئەدەپ،
بېرۇر بۇ ئاڭا ئىككى دۇنيادا نەپ.

4507 ئوغۇلنى ئۆيلەندۈر، قىزنى ئەرگە بەر،
ياشا دەرد ـ ئەلەمسىز، ئايا قۇتلۇق ئەر.

4508 پەزىلەتنى قويماي ئوغۇلغا ئۆگەت،
ئاڭا مال بەرگۈسى يىغىپ پەزىلەت.

4509 ئوغۇلنى بىكار ـ بوش يۈرمە سەن قويۇپ،
بىكارچى بولۇر ئۇ لاغايلاپ يۈرۈپ.

4510 قىزىڭ ئۆيدە ئەرسىز ئۇزاق تۇرمىغاي،
ئۆلەرسەن پۇشايماندا سەن ئاغرىماي.

4511 ئايا قولداش، ئاداش سۆز ئېيتاي كېسىپ،
تۇغۇلماس بولسا قىز، يا ئۆلسە كېتىپ.

4512 تۇغۇلسا، ئاڭا ياخشى يەرنىڭ تېگى،
ئۆيى بولسا قوشنا ئۆلۈك گۆرلۈكى.

4513 خوتۇنغا بول ئۆيدە دائىم كۆزەتچى،
تېشىدەك بولالماس چىشىنىڭ ئىچى.

4514 ئۆيگە يات كىرمىسۇن، چىقمىسۇن خوتۇن.
ئاڭا چۈشسە يات كۆز، بۇزۇلغاي پۈتۈن.

4515 كۆزۈك كۆرمىسە گەر، تەلپۈنمەس كۆڭۈل،
كۆزۈك كۆرسە، كۆڭلۈك ئاغار، ئەي ئوغۇل.

4516 كۆزۈڭنى كۆزەتكىن، كۆڭۈل تارتمىغاي،
كۆڭۈل تارتمىسا، ئۆز ئەسىر بولمىغاي.

4517 ئايال ـ ئەر بولمىسۇن ھەرگىز ھەمداسخان،
ئەگەردە قوشۇلسا بۇزۇلغاي مىزان.

4518 خوتۇننى قويمىغىن سىرتقا چىققىلى،
يوقاتقاي چىقسا گەر دۇرۇسلۇق يولى.

4519 خوتۇننىڭ ئەسلى گۆش، كۆزەتمەك زۆرۈر،
كۆزەتمەي قويارسەن، ئۇ گۆش بۇزۇلۇر.

4520 ئەزىز كۆر خوتۇننى، نېمە دېسە بەر،
ئۆيۈڭ ئىشىكىن ئەت، يولاتمىغىن ئەر.

4521 ۋاپا يوق بولاردا ئەزەلدىن بېرى،
نە كۆرسە، دىلىمۇ ئاغار ئۇسېرى.

4522 ئۇ گويا جاپادا يېتىلگەن ياغاچ،
يېمىشى زەھەرلىك، ئاڭا بولما ئاچ.

4523 نەچە مىڭ جەسۇر ئەر يىگىتلەر ئۆزى،
خوتۇنلار تۈپەيلى قۇرۇدى يىلتىزى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



4524 تالاي ئابرۇيلۇق قىزىل يۈزلۈك ئەر،
خوتۇنلار تۈپەيلى ئۆزى بولدى يەر.

4525 تۈمەنمىڭ ئاتاقلىق باھادىرلارنى،
خوتۇنلار تىرىك يەرگە كۆمدى ئۇنى.

4526 كۆزەتكىلى بولسۇن نېچۇكمۇ تۇتۇپ،
كۆزەتسۇن كۆزەتچى خۇدالا ئۇتۇپ.

## ئاتمىش تۆتىنچى باب

### خىزمەتچىلەر بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىش بايانىدا

4527 يەنە ياخشى تۇتقىن بۇ خىزمەتچىنى،
يېمەك ـ ئىچكۈ بەر، قىل پۈتۈن ئەگنىنى.

4528 كۈچىگە مۇناسىپ يۈكلە سەن يۈكىن،
سىڭدىن سورايدۇ خۇدا ھېسابىن.

4529 تولا ئارتۇق ئەمگەك يۈكلىمە ئاڭا،
غەزەپ قىلغۇسى ھەق بۇنىڭلە ساڭا.

4530 ئۇلارمۇ تامامەن خۇدانىڭ قۇلى،
زۇلۇم ئەيلەپ ئاچما جەھەننەم يولى.

4531 ئۇلۇغسەن، ئۇلار بولدى سەندىن كىچىك،
كىچىككە ئۇلۇغلار رەھىم ئەتكۈلۈك.

4532 ئۇلۇغ بولدۇڭ ئەرسە كىچىك تۇت كۆڭۈل،
ئۇلۇغقا كىچىكلىك يارىشۇر، ئوغۇل.

4533 ئەقىللىك نىمە دەر ساڭا، ئاڭلىغىن،
ئەي دانا، بۇ سۆزگە ئەمەل ئەيلىگىن:

4534 بەگ ئولساڭ ۋە ياكى خەلققە ئۇلۇغ،
ئۆزۈڭنى مۇلايىم، كىچىك تۇتقۇلۇق.

4535 ئۆزۈڭنى ئۇنتۇما، ھەق يولدىن ئازما،
كېلەر بەخت يولىغا سەن سالما توسۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



4536 ئۆيۈڭ ـ مۈلكۈڭنى پاك ـ ئېرىغ تۇت ھامان،
ئايا مەرد، كېلەر بەخت ساڭا ھەر زامان.

4537 ئېشىڭ، تۈز ـ نېنىڭ ۋە چېيىڭ كەڭرى قىل،
ئېتىڭ ياخشى بولۇپ، بەختىڭ كېلەر، بىل.

4538 كىرىمگە يارىشا چىقىم ئەيلىگىن،
چىقىم بولسا، دەرھال قىل كىرىم يولىن.

4539 ئېلىمغا ـ بېرىمگە يۇمشاق ياخشى بول،
بولۇر ھەر زامانىڭ، ساڭا ئوچۇق يول.

4540 قولۇڭ قىسقا بولۇپ قالسا بىر ۋاقىت،
زارلانما كىشىگە، ئەي باتۇر يىگىت.

4541 ئۈنى دوست ئاڭلىسا، قولۇڭ تۇتمىغاي،
ساڭا دوست ئەمەسلەر كۈلۈپ تىنمىغاي.

4542 كۆرەر خار سېنى دوست، قولداش يا قاياش،
ئۇنىڭ ئاغرىقىدىن بولۇر دىلىڭ غەش.

4543 كىشى ياخشىسىغا قوشۇل ھەم قېتىل،
كىشى بول، كىشىلەر ئارا سەن تىرىل.

4544 قوشۇپ مال بىراۋغا سەن بولما شېرىك،
قىزىل رەڭگىڭ بولۇر پۇشماندا سېرىق.

4545 ئۆيۈڭنى يېقىن سالما چوڭ يولغا سەن،
ئۇنىڭدىن ھەزەر قىل، زەرەر كۆرسەن.

4546 تاشار دەريا يا بەگنىڭ بولما قوشنىسى،
يېقىن تۇرما ھېسارغا ئەقىل ئىگىسى.

4547 بۇ ئۈچ قوشنىلىقتىن ساڭا پايدا يوق،
زىيان تەگسە ئۇنى توسار چارە يوق.

4548 ئۆي ئالماق تىلىسەڭ، قوشنىغا قارا،
يەر ئالماق تىلىسەڭ، سۈيىنى سورا.

4549 يامانغا قوشۇلماي ئامانلىقتا تۇر،
بولۇپ تۈز خۇلق، ئارغىماقتەك يۈگۈر.

4550 قانائەت قىل بارغا، بەگ ئاتىنى ئال،
قويۇپ ئەندىشىنى، ياشا سەن خۇشال.

4551 ئۆلۈمنى ئۇنتۇما، ئويغاق تۇت ئۆزۈڭ.
ئىگەڭنى ئۇنتۇما، ئېچىلغاي كۆزۈڭ.

4552 سۆزۈڭنى قىل ئويلاپ، غېمىڭ ئاشمىغاي،
زايە قىلما ۋاقتىڭ، پۇشمان بولمىغاي.

4553 غۇرۇرلانما ئارتۇق، لاۋزا بولۇرسەن،
بېخىل بولما ئارتۇق، تىلغا قالۇرسەن.

4554 مۇلايىم كۆڭۈل ئەر، ئىشىت نېمە دەر،
كىشىلىكنى قىلغىن كىشىلىك قەدەر:

4555 ئۆزۈڭ ياخشى ئاتلىق بولاي مەن دېسەڭ،
سېخىيلىق قىلىشقا تىرىش تۇرۇپ يەڭ.

4556 قىلاي قۇل دېسەڭ ھۆر كىشىنى ئۆزۈڭ،
سېخىي بول، تاراتقىن مېلىڭنى ئۆزۈڭ.

4557 بېشىم كۆككە يەتسۇن دېسەڭ سەن تۇرۇپ،
بىلىملە ئۇرۇنلا ھەر ئىشنى كۆرۈپ.

4558 جاھانغا يېيىلسۇن دېسەڭ سەن ئېتىڭ،
مۇساپىرنى كۈتكىن، تارار شۆھرىتىڭ.

4559 ھۇزۇرنىڭ ئىچىدە بولاي مەن دېسەڭ،
غەپلەتنى تاشلا، ئەي مۇلايىم، ئۆزەڭ.

4560 ئەگەر مەقسەت ئېرۇر ھەققە ئىبادەت،
ئىشىك ياپ، بۇ نەپسكە بەرمە سەن مەدەت.

4561 دېسەڭ ياخشىلىققا ئالاي مەن يېتىپ،
بۇ نەپسنى قىسىپ تۇت، ھەۋەسنى بېسىپ.

4562 نە ياخشى دېمىشتۇر تەقۋا تۇتقۇچى،
ئەمەل قىل مۇڭا، ئەي تەۋرەپ تۇرغۇچى:

4563 بۇ نەپسىنىڭ بەرمە سەن تىلەك ئارزۇسىن،
تىلەك تاپسا يەيدۇ ئىگىسى بېشىن.

4564 ئاڭا ياخشى قىلسا، يامانلىق قىلۇر،
يامانلىق قىلىنسا، ئۇ بويۇن ئېگۇر.

*　　*

4565 ئۇزۇپ سۆز ئۆگدۈلمىش، دېدى: ئەي قاياش،
ئاۋام خۇلقى شۇنداق ئېرۇر، ئەي ئاداش.

4566 دېدىم مەن بۇنى ئەمدى، ئىشتىنىڭ ئۆزۈڭ،
بۇنى ئۇقساڭ، ئولماس بۆلەكچە سۆزۈڭ.

4567 جاۋابەن ئودغۇرمىش دېدىكى: بۇ سۆز:
تولۇق ئاڭلىدىم مەن، ئايا كۆڭلى تۈز.

4568 يانا بىر سۆزۈم بار مەن ئېيتاي ساڭا،
ئۇنى بەرگىن ئېيتىپ، ئېچىپ سەن ماڭا.

4569 ئۆزۈم مەن قوشۇلسام كىشىلەر بىلە،
بېرىشىم، كېلىشىم كېرەكتۇر كۈلە.

4570 مېنى شۇبھەسىزكى، چايغا چاقىرۇر،
قىچقىرسام مەن ئۇندەپ، ئۇلارمۇ كېلۇر.

4571 بېرىپ چايغا قانداق، نېچۈك يەيمەن ئاش،
ئۇلارنى نېچۈك ھەم قىچقىراي، ئاداش؟

4572 ئوچۇقچە بايان قىل ماڭا ھەم بۇنى،
بۇ ئىشتىن ئالاي مەن تېگىش ھەسسىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى



## ئاتمىش بەشىنچى باب

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا زىياپەتكە بېرىش قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئېيتقانلىقى باياندا

4573 جاۋابەن ئۆگدۈلمىش دېدى: بۇ ئىش ھەم
كېرەكلىك ئېرۇر، ئەي قېرىنداش، دېسەم.

4574 چاقىرغان كىشىنىڭ كۆپتۇر خىللىرى،
بولۇر خىلمۇخىل ھەم زىياپەت تۈرى.

4575 ئۇلاردىن بىرىكىم، نىكاھ تويى ئول،
يا سۈننەت تويى يا تۇغۇلسا ئوغۇل؛

4576 يا تەڭتۇش قىچقىرغاي يا قولداش، ئاداش،
چوڭ ـ كىچىك، يېقىنلار ۋە ياكى قاياش؛

4577 يا ئۆلگەن كىشىگە نەزىر ئاتىماق،
يا ئۆسكەچ مەرتىۋە، ياتقا ئاش تارتماق.

4578 بىلىش لازىم بۇلاردىن قايسىسىغا
بېرىش ۋە ياكى بارماسلىقنى تەڭلا.

4579 ئاداش، قولداش، قاياش، دوستلار ئېشىنى
يېمەك لازىم بېرىپ، كۆرگەچ ئەشنى.

4580 زىياپەتتە ياتقا قاراپ تۇرغۇلۇق،
ئاش ئازمۇ ياكى كۆپ دىققەت قىلغۇلۇق.

4581 يېقىن قوشنا ساڭا بەرسە زىياپەت،
ۋە يا تەڭرىلىك دوست گەر قىلسا دەۋەت؛

4582 ئۇلارغا بېرىپ سەن، سەن ئالغىن كۆڭۈل،
سۆيۈندۈر ئۇلارنى، سۆيۈن، ئەي ئوغۇل.

4583 ئەگەر خاس زىياپەت ئاتاركەن ساڭا،
يەپ ئاشنى خۇشال قىل، بېرىپ سەن ئاڭا.

4584 بۇلاردىن تاشقىرى بولسا زىياپەت،
بارماسلىق تۈزۈكرەك، دىل چەكمىگەي دەرد.

4585 كى ئۇندا يېرىم ـ يارتا بولۇپ ئولتۇرۇق،
دىلىڭ رەنجىپ قالۇر، ئەي ئېسىل ئۇرۇق.

4586 يا مەستلەر تۇتۇشۇپ جېدەل باشلىغاي،
ئېشىڭ سىڭمىگەي ھەم دىلىڭ ئاغرىغاي.

4587 دېمەك بىر تويۇم ئاش ۋە ئىچكۈنى دەپ،
بېرىپ خار ئەيلىمە ئۆزۈڭنى كۈچەپ.

4588 نېمە دەر ئىشىتكىن، گېلىن يىغقۇچى،
ئۆزىنىڭ گېلىغا ئىگە بولغۇچى:

4589 گېلىڭنى كۆزەتكىن، بولما پەسكەش ئەر،
دەپ گالنى كىشىگە قۇل بولما، يېتەر.

4590 تولا كۆردۇم ئەمدى ئەزىز كىشىلەر،
گېلىنى يىغالماي بولۇپ كەتتى يەر.

4591 تولا كۆردۇم ئەلدە چوڭايغانلىنى،
ئەسىر ئەتتى گېلى، يەر قىلدى ئۇنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىنى
www.uyghurkitap.com



4592 تولا باينى كۆردۈم قىلىپ گال ئەسىر،
ئۆزى كۆپ بۆلغىنىپ بولۇشنى يېقىر.

4593 گېلىڭغا ئەسىر بولما، ئەي نەپسى چوڭ،
ئەسىر بولساڭ، تېپىلماس قۇتۇلۇش يولۇڭ.

4594 قايۇ تورلۇك ئاشقا بارار ئىكەنسەن،
يېگىن ئاندا ئاشنى ئەدەپ بىلەن سەن.

4595 يوسۇنسىز، ئەقىلسىز، قىلىقسىز كىشى،
يوسۇنلۇقنى كۆرسە، گاڭگىرار بېشى.

4596 سېنىڭدىن ئۇلۇغ ئاشقا سۇنسا قولىن،
يوسۇن شۇكى قولۇڭنى ئۇزارتقىن كېيىن.

4597 سۇنۇلغاي بىسمىللا بىلەن ئوڭ قولۇڭ،
بولۇپ بەرىكەت يېمەكتە، بېيىسەن ئۆزۈڭ.

4598 كىشىنىڭ ئالدىدىن لوقما ئالمىغىن،
نېمە بولسا ئالدىڭدا شۇنى يېگىن.

4599 پىچاقنى چىقارما، غاجىما سۆڭەك،
بولۇپ كەتمە چاپقاق، تۇزۇت قىلما بەك.

4600 توق ئولساڭمۇ قانچە يېگۈلۈك ئۇ ئاش،
ئېشىلە كىشىگە ھۆرمەت قىل، ئاداش.

4601 يېمەكلەرنى چىشلەپ ئۇششاق چاينىغىل،
قىزىق ئاشنى ئاغزىڭدا پۇدىمىگىل.

4602 سۆرۈنمە يېمەكتە داستىخانسىرى،
تۈزەت خۇلق، كەتمىسۇن كىشى پەيزلىرى.

4603 يوسۇنسىزلىق شۇدۇر، يوسۇنلۇق يۇرى،
يوسۇنسىز كىشىنىڭ يېتەر زەرەرى.

4604 تولا ياخشى ئېيتقان يوسۇنلۇق كىشى:
يوسۇن بىلسە ئىنسان بولۇر تور بېشى.

4605 پۈتۈن نەرسىنىڭ تەرتىپ ـ يوسۇنى بار،
يوسۇنلۇق بولسا ئەر، يۈزى نۇرلىنار.

4606 يوسۇن ـ قائىدە ئۇقماس قىلمىقسىز كىشى،
كىشىگە قوشۇلسا، تۈزەلمەس ئىشى.

4607 غىزانى زوق بىلەن يېگىن قول سۇنۇپ،
كۆرۈپ ئۆي خانىمى سۆيۈنسۇن تورۇپ.

4608 كىشى قىلسا مېھمان سېنى ئەمگىتىپ،
زايە قىلما ئەمگىكىن سەن رەنجىتىپ.

4609 دۇرۇس سۆزلىمىش، كۆر، بىر كۆڭلى بىدار،
بۇ سۆز كۆپ مەنىلىك ھەم تولا رەڭدار:

4610 كىشى كۆڭلى نازۇك گويا شىشىدۇر،
كۆزەت بەك، قوپال سۆز قىلما، ئۇ سۇنۇر.

4611 كىشى كۆڭلى سۇنسا، تەم ـ لەززەت كېتۇر،
يېقىنلىق تۈگەپ ھەم نەپئى كېسىلۇر.

4612 يېقىنلىق تىلىسەڭ كۆڭۈلنى ئايا،
كۆڭۈل قالسا بولغاي يېقىنلىق زايا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



4613 غىزانى يە ئۆلچەپ، يېمە تولا كۆپ،
ئاقىل بىر ئەزىز سۆز ئېيتتى بۇڭا خوپ:

4614 تولا يېگۈچىنىڭ ئېشى سىڭمىگەي،
ھەزىم بولمىسا ئاش، ھەر يان ئاغرىغاي.

4615 كېسەل گالدىن كىرەر، ئۇنى چىڭ كۆزەت،
يېگىن ئاشنى تەڭشەپ، ئاز - ئاز يە پەقەت.

4616 كېتەر كۈچ ئەگەر قىلسا ئاغرىق ھۇجۇم،
ئۇنى ئەملەتمىسەڭ، ئالدىرىتار ئۆلۈم.

4617 يەنە ياخشى دەپتۇ داۋاچى ھېكىم،
ھېكىملەر سۆزىنى يامان دەيدۇ كىم؟

4618 كېسەلدۇر ئۆلۈمنىڭ باش خەۋەرچىسى،
كىشى ئاغرىدىمۇ، ئۆلۈم قوشنىسى.

4619 كېسەلدۇر بالا - مېھنەت، ئۆلۈم جارچىسى،
ئۆلۈم زوقسىز ئېرۇر، يوقتۇر ياخشىسى.

4620 كىشى مەن دېگۈچى ئادەم بالىسى،
كېرەك بىلسە ئىسسىق - سوغۇق قايسىسى.

4621 مىزاجغا ياققاننى بىلىپ يېگۈلۈك،
مىزاجغا ياقمىسا، ئۇنى قويغۇلۇق.

4622 سوغۇقلۇقنى ئىچ ئاشسا ئىسسىق ئەگەر،
سوغۇقلۇق ئەگەر ئاشسا ئىسسىق تۈزەر.

4623 يېشىڭ ياش بولۇپ، ئۆمرۈڭ ئولسا باھار،
سوغۇقنى كۆپ ئىشلەت قېنىڭ سوۋۇتار.

4624 يېشىڭ قىرىقتىن ئېشىپ، كۈن ـ ئاي بولسا كۈز،
ئىسسىق نەرسە بىرلە مىزاجىڭنى تۈز.

4625 يېشىڭ بولسا ئاتمىش، ۋاقتىڭ بولسا قىش،
ئىسسىقلىق قىل، تۇتما سوغۇقلۇقنى ئەش.

4626 قۇرۇق سوغۇق ئاشسا، ھۆل ئىسسىقنى تاپ،
بولۇر بۇ ئىككىسى ئۆتىڭغا جاۋاب.

4627 ئېشىپ بۇ ھۆل سوغۇق گەر سالسا زىيان،
ئاڭا ئىسسىق قۇرۇق بىلەن قارشىلان.

4628 سوغۇق بولسا تەبىئىتىڭ ئىسسىقلىق كۆچەيت،
ئىسسىق بولسا، ئاڭا سوغۇقلۇق ئىشلەت.

4629 مىزاجىڭ ئەگەركىم بولۇر مۆتىدىل،
ئىسسىقلىق، سوغۇقلۇق ئارا چارە قىل.

4630 مىزاجنى شۇ ياڭلىغ دۇرۇس تەڭشىسەڭ،
ھاياتىڭ ئۆتەر تىنچ، ياشارسەن ئېسەن.

4631 نېمە دەيدۇ تېۋىپ، سۆزىن ئاڭلىغىن،
قوزام، مەنىسگە ئەمەل ئەيلىگىن:

4632 مىزاجىڭنى ئېيتاي ئۇچۇق ساڭا، بىل،
سېرىق، ئاق، قارادۇر ۋە ياكى قىزىل.

4633 بۇلارنىڭ بىرىسى بىرىگە يېغى،
يېغىلارنى بۇ رەڭ بىلەن ئايرىغىل.

www.uyghurkitap.com



4634 مىزاج تەڭشىمەككە ئەقىللىك كېرەك،
ياراشسا نېمە، ئۇنى يېمەكلىك كېرەك.

4635 كىشى بىرلە هايۋان ئايرىمىسى شول:
مىزاجىغا مۇناسىپ يېسە، ئەي ئوغۇل.

4636 نېمە دەيدۇ ئاڭلا ئەمدى ئاقساقال،
ئوقۇپ تۇر بۇنى سەن، تۇرۇپ قالما چال:

4637 قىرىققا كىرىپمۇ مىزاج بىلمىسە،
تولۇق هايۋان ئېرۇر، گەرچە سۆزلىسە.

4638 سىناپ ۋە كۆرۈپ ئەر بىلمىسە بىلىم،
ئەي پاك قەلب، بولماس ئۇنى ئىنسان دېسە.

4639 كەچمىشتىن ئېلىپ ئاڭ، خۇلق تۈزەتمىسە،
بولۇر توغرا ئۇنى بىر هايۋان دېسە.

4640 ئۆتۈپ كۆپ زامان ئەر هېكىم بولمىسا،
بولۇر ئادەم دېمەي، بىر هايۋان دېسە.

4641 نە ياخشى دېمىش، كۆر، تېۋىپ ـ ئەمچىلەر.
يېسە ئاشنى ئاز، ئەر، ئېسەن ـ ساق، كۈلەر.

4642 تىلىسەڭ كېسەلسىز ئۆمۈر، ئەي تېگىن[187]،
ئېتى «ئاز يە» دېگەن دورىنى يېگىن.

4643 تىلىسەڭ هۇزۇردا ئۇزۇن ياشىماق،
يېگىن تىل گۆشىنى، ئايا قەلبى ساق[188].

## ئاتمىش ئالتىنچى باب

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا زىيابەتكە چاقىرىش قائىدىلىرى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى

4644 قىچقىرماق بولۇرسەن ئەگەر كىشىنى،
قىچقىر، ياخشى قىلغىن كۈتۈش ئىشىنى.

4645 سېلىپ كۆرپە، داستىخان، قاچا تازا قىل،
يېمەك ـ ئىچمىكىڭنى ئوبدان خىللىغىل.

4646 غىزانى ياسا پاك، ھەم تاتلىق قىلىپ،
يېسۇن زوقى بىلەن قولىنى سىلىپ.

4647 چاقىرمىساڭ ئاشقا، قوسۇر بىر بولۇر،
چاقىرساڭ، كۆرگەنلەر بىرىن يۈز قىلۇر.

4648 ئىلاج بار يېمەكنى شۇڭا راسلا خوپ،
يېنىشسۇن مېھمانلار پۈتۈنلەي تويۇپ.

4649 ئاداشىڭ، قاياشىڭ، يىراق يا يېقىن،
تۈز ـ ئاشقا قىچقىرغىن كۆزىتىپ ھەققىن.

4650 كېلەلىگەن كەلگەي، ئەگەر كەلمىسە،
كۆڭۈل قالمىغاي، كۆر ۋە ھەرنە ئېسە.

4651 بولۇر بەك يامان گال ـ بوغۇز رەنجىكى،
قالۇر ئۆلگۈچىلىك ئۆچى ھەم كېكى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى
www.uyghurkitap.com



4652 دىققەت قىل، يېتىشسۇن تاماق ھەممىگە،
يەنە تارت غىزانى كىچىككەنلىگە.

4653 يېسە ئاش كىشى سوڭ ئىچكۈ تەڭلىگىن،
تۈگەتسە يەنە قايتا ھازىرلىغىن.

4654 نە يەردە يېمەك بولسا، ئىچكۈ ھەم كېرەك،
يېمەك بىرلە ئىچمەكنى تەڭشەش كېرەك.

4655 يېمەكلىك بار يەردە ئىچكۈ بولمىسا،
بولۇر بىر زەھەر، ئۇق، ئۇ ئاشنى يېسە.

4656 تىلىسە فۇقا[189] بەر، تىلىسە مىزاپ،
ھەسەل ـ گۈل شاراب بەر، تىلىسە جۇلاپ.

4657 بېرىش لازىم بۆلەك نېمىنى يانا،
مېنىڭدىن سورىما، بۆلەكتىن سورا.

4658 ئۇلۇغلار يەپ بولۇپ يىغىلسا يېمەك،
كىچىكلەرگە ئاندىن ئاش تارتماق كېرەك.

4659 ئاش يەتسۇن ھەممىگە، كۆرۈپ تۇر ھامان،
قىلىپ ئاچ يانمىسۇن سېنى تىللىبان.

4660 غىزادىن كېيىن تارت شېرىنلىك يېمىش،
قۇرۇق ـ ھۆل يېمىش قوي ۋە ئارزاق سىمىش.

4661 يىرتىش قىل، كۆچۈك يەتسە يىرتقىن يېپەك،
بېسىلسۇن چىش ھەققى بىلەن سۆز ـ چۆچەك.

4662 ئاياغلاشسا شۇنداق زىياپەت ئىشى،
ئىشىك ئاچ، توسما سەن، گەر قايتسا كىشى.

4663 بولۇر تۆت خىل تەكلىپ قىلىنغان ئادەم،
بارۇر جايمۇ تۆت خىل بولۇر، ئەي بوتام:

4664 بىرى، ئاشقا تەكلىپ قىلىنغان هامان
بارۇر ۋە نە بەرسە، ئىچەر، يەر هەر ئان.

4665 بىراق، ئۆز ئۆيىگە قىچقىرماس كىشى،
تاماقنى ئۆزىلا يېيىشتۇر ئىشى.

4666 يەنە بىرسى، قىچقىرسا ئاشقا بارۇر،
ئېشىن يەر، ئۆزىمۇ ئۆيگە قىچقىرۇر.

4667 بىرىكىم، كىشىنىڭ بارماس چېيىغا،
ئۆزى هەم كىشىنى ئېيتماس چېيىغا.

4668 ئۆلۈك ئۇ، ئۇنى سەن تىرىكتۇر دېمە،
تىرىكلىكتە هەرگىز ئاڭا قېتىلما.

4669 يەنە بەزىلەر بار، بارمايدۇ پەقەت،
سويۇپ قائچە مالنى، بېرۇر زىيايەت.

4670 بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى شۇ،
هېكىم، ئالىم ماختىغان قىلىقمۇ شۇ.

4671 كېرەك ئاشقا بارغىن، كېرەك بارمىغىن،
يىغىپ گالنى ئاز يە، ئېسەن ياشىغىن.

4672 تولا يېگەن ئادەم كېسەلچان بولۇر،
سېرىق يۈز، ياداڭغۇ، ئۆزىن خار قىلۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



4673 مىزاجنى بىلگۈچى ئىلمى كەڭ تېۋىپ
سۆزى دەل كېلۇر، كۆر، مۇڭا ئوخشىشىپ:

4674 ئېغىزدىن كىرۇر ئاش بىلەن بۇ كېسەل،
قېرىتۇر كىشىنى يېشىدىن ئەۋۋەل.

4675 گېلىڭنى يىغىپ سەن، دائىم ئېسەن يۇر،
قىلۇر يۇزنى سولغۇن كېسەل ھەرمەھەل.

4676 شۇ ياڭلىغ بولۇر، كۆر، زىياپەت ئىشى،
زىياپەت ئۆتكۈزسۇن يا بارسۇن كىشى.

*        *

4677 بۇنى سۆزلىدىم مەن، ئىشىتتىڭ ئۆزۈڭ،
يېتەر دەپ بىل ئەمدى، ئۇزارتما سۆزۈڭ.

4678 جاھان ھالى، مىجەزى، يولىدۇر شۇلار،
كىشىگە قوشۇلماق تىلىسەڭ ئەگەر.

4679 ئەي كۆڭلۈم يورۇقى، ھەقىقىي يېقىن،
چۈشەن ھەم تازا ئۇق سۆزۈم مەنىسىن.

## ئاتمىش يەتتىنچى باب

## ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە دۇنيادىن يۈز ئۆرۈپ يارىتقانغا قانائەت قىلىش ھەققىدە ئېيتقانلىرى

4680 جاۋابەن ئودغۇرمىش ئېيتتىكى: سۆزۈڭ
ئىشىتتىم، ئىشىت قايتا بۇ سۆز ئۆزۈڭ.

4681 كىمىكى سەن ئېيتقانلىرىڭ ئۆگىنەر،
جاھاندا تىلەك ۋە ئارزۇغا يېتەر.

4682 ۋە لېكىن تىرىكلىك يەپ ـ ئىچىشلىمۇ،
بۇنى بىل ئاۋۋال سەن، ئەي ئالىم بۆگۈ[190].

4683 ئەمەس مۇمكىن كىشى ئۇزۇن چاغ قېلىش،
نە لازىم چېكىپ رەنج، شۇنچە مال يىغىش؟

4684 بۇ دۇنيانى ئىزدەپ يۈگۈرسە كىشى،
يېتىپ قالغاي تائەت ـ ئىبادەت ئىشى.

4685 بۇ كۆڭۈل سەن ماڭا كەلگىنىڭدىن بۇيان،
قاراپ كۆر، تائەت يارچە قالدى ئۇيان.

4686 قوشۇلماق بىلەن بىر كىشىگە مانا،
زىيان شۇنچە بولسا، مېنى زورلىما.

4687 شەھەر ـ كەنتكە كىرسەم ئەگەر مەن ئۆزۈم،
كىشى بىرلە بولغاي ئىشىم ھەم سۆزۈم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



4688 تائەتنى نېچۈكمۇ قىلارمەن ئادا،
يېپىلغاي ئىشىك يان تەرەپتىن ماڭا.

4689 كېتىپ ياشلىقىم، مەن بۇ كۈن قېرىدىم،
خۇدا تائىتى، شۈكرىلە ياشىدىم.

9046 يەنە قايتماق ئۇ بىھۇدىلىك تامان،
مۇناسىپمۇ ماڭا، مېھرىبان ئىنسان؟

4691 نە ياخشى بىلىم بەردى ئىلمى ئۆگۈز،
ئىشىتكىن بۇنى سەن، ئايا كۆڭلى تۈز:

4692 يىگىتلىكتە قىلغىن قېرىلىق ئىشى،
قېرىسا كېتەر كۈچ، قىلالماس ئىشى.

4693 يىگىتلىكتە ھەققە تىتماي تائەت قىل،
قېرىلىقتا بولماس بۇ ئىش ياخشى، بىل.

4694 كىچىكلىكتە ياخشى خۇلق يولىن تۇت،
چوڭايغان چېغىڭدا ئۈچەر ئۇشبۇ ئوت.

4695 ئەجەب ياخشى بىر پەيت يىگىتلىك چېغى،
پۈتۈن ياخشىلىقتىن ئۇلۇش ئالغىلى.

4696 قېرىغان كىشىگە ياراشمايدۇ بەك
بىھۇدىچە ياشلار ئىشىن ئىشلىمەك.

4697 تىرىكلىك ئۈچۈندۇر جاھان نەرسىسى،
ھايات تۈگىسە، پۈتەر مال قايغۇسى.

4698 ھاياتىڭ ئاخىرلاشتى مالنى يىغىپ،
قالۇر كىمگە، كەتسە نەپەس كېسىلىپ؟

4699 ماقۇل، سەن دېگەن بۇ ئەلىگ خىزمەتتىن
قىلاي ھەم بىلەي ئىش ۋە ئەل خۇلقلىرىن.

4700 نېمە پايدا ئاخىر ئۆلەر بولسا ئۇز،
ساڭا تەگكۈسىدۇر پەقەت ئىككى بۆز.

4701 تونۇپ گاھى تەرلەپ يۇرمەكتىن ئۈمىد،
پەقەتلا ئىككىدۇر، مۇسۇلمان يىگىت:

4702 بىرى، دۇنيا يىغىپ چوڭايتماق ئۆزۈڭ،
بىرى، ئەل ئىچرە ئاقتۇرماق سۆزۈڭ.

4703 نە ياخشى ئىدى بۇ ئىككى تېپىلغاچ،
ياشاش بولسا مەڭگۈ، ئۆلۈم تۇتمىغاچ.

4704 ئۆلۈم ئالدى مەندىن بۇ ئىككى لەززەت،
ئەي ئالىم، بۇ دۇنيا ماڭا نە ھاجەت؟

4705 بەختلىك كىشىنىڭ بولۇر بەلگىسى،
ئۇنىڭ ياخشىلىقى ھەر كۈن ئاشقۇسى.

4706 ئەگەر بولسا بەختسىز، كىشىن سوۋۇتۇر،
قېرىغاندا خۇلقى ئۇنىڭ بۇزۇلۇر.

4707 نە ياخشى دېمىش كەڭ بىلىملىك ھېكىم،
ئىشىتكىن بۇنى، ئەي قىزىل يۇزلۇكۇم:

4708 بەختلىك كىشىكىم، چوڭايغانسېرى،
بولۇپ ياخشى، قويۇر يامانىنى نېرى.

4709 ئېنىق بىل شۇنىكىم، كىشى بەختسىزى،
قېرىسا ھەم يۇگرەر ھەۋەسكە ئۆزى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



4710 قېنى ئۇ بۇ دۇنيا تىلەپ تاپقۇچى،
ئۆزىگە تۇمۇر تۇر، شەھەر قۇرغۇچى[191]؟

4711 قېنى ئۇ گۇستاخ ئىت[192] دۇنيا دەپ يۈرۈپ،
يېشىل كۆككە ئۇچقان قارىقۇش مىنىپ؟

4712 قېنى ئۇ خۇدامەن دېگۈچى جاھىل[193]؟
خۇدا قىلدى دەرياغا غەرق ئۇنى، بىل.

4713 بۇ دۇنيا مېلىنى يىغقۇچى قېنى؟[194]
مېلى بىرلە كەتتى يۇتۇپ يەر ئۇنى.

4714 قېنى شەرقتىن غەربكە قەدەر بارغۇچى،
بۇ دۇنيانى كېزىپ جاھان تۇتقۇچى؟[195]

4715 قېنى ئۇ تايىقى يىلان بولغۇچى،
دېڭىز يېرىلىپ ئاڭا يول بەرگۈچى؟[196]

4716 قېنى ئۇ پەرى، قۇش ۋە ئىنسان ئۇزە،
ئۇلۇغ بولغۇچى ئۇ خۇلقى پاكىزە؟[197]

4717 قېنى ئۇ، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەن كىشى؟
ئۆلۈمگە تۇتۇق بولدى ئاخىر ئىشى[198].

4718 قېنى ئۇ، كىشىلەر ئارا خىل ئۇلۇغ؟[199]
بوشاپ قالدى دۇنيا، كېمىپ تولۇقلۇق.

4719 ئېلىپ كەتتى ئۆلۈم شۇ ھەممىسىنى،
ئەي پاكىزە قەلب، ئۇ قويامدۇ سېنى؟

4720 مۇشۇنداق ئېرۇر بۇ جاھان قانۇنى،
خاھى سەن ئەمەل قىل، خاھ قىل ئەكسىنى.

4721 قاراپ كۆرگىن ئەمدى قوڭۇر يەر تۇۋى،
نە ياڭلىغ كىشى كىردى، تولماس ئۆيى.

4722 ئېچىپ كۆرسەڭ ئەردىڭ قارا يەر قېتىن،
كۆرەتتىڭ نى ـ نى خىل ئەرلەر جەسىتىن.

4723 نى بەگلەر ياتۇرلار قارا يەر بولۇپ،
نى ئالىم، ھېكىم سىڭدى يەرگە ئۆلۈپ.

4724 بىلەلمەيمەن ئايرىپ بەگ ـ قۇلنى ئۆزۈم،
پېقىر، باينىمۇ پەرق ئېتەلمەس كۆزۈم.

4725 يۈرگەن قانچە باتۇر، جەسۇر ئاغرىماي،
قارا يەر قېتىدا ياتۇر مىدىرماي.

4726 شۇ ياڭلىغ كىشىلەر تۆشەنگەندە يەر،
قالۇرمىزمۇ سەن ـ مەن تىرىكچە مەگەر؟

4727 تىنىپ ئۆتكۈچى بىر يولۇچى كىشى،
بۇ چوڭ يولغا قۇرماس ئۇ ئۆيۋاق ئىشى.

4728 ئۆزۈمدىن تۈگەتتىم بۇ ئۈمىد ـ تىلەك،
قويۇپ بەر، خۇدايىم ماڭا يار ـ يۆلەك.

4729 كىشىنى قۇل ئەتمەك ھېرىسلىق ئېرۇر،
ھېرىسلىقنى قويدۇم، كۆزۈم توق تۇرۇر.

4730 نە دەر ئاڭلا، دۇنيانى قويغان كىشى،
ۋاپاسىز بۇ دۇنياغا تويغان كىشى:

4731 جاھاندا تىلەككە ئېرىشتىم ئۆزۈم،
ھېرىسلىق يۈزىدىن يۇمۇلدى كۆزۈم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

4732 ئۆزۈم تەرك ئەتكەچ بۇ دۇنيا ئارزۇسىن،
تىلىكىم تۇگىدى، قىلاي بەس سۆزۈم.

4733 بۇ دۇنيا ئىچى بىر تېرىلغۇ ئېرۇر،
نېمە ئەكسە تاڭلا شۇ نەرسە ئۈنۇر.

4734 ئۇرۇق ياخشى بولسا ئۈنەر ياخشىلىق،
بولۇر ياخشىلىق ئۇ، يېمەك ـ كىيگۈلۈك.

4735 يامان ئۇرۇق ئەكسە يامانلىق ئۈنۇر،
بويۇنغا قىيامەت كۈنى يۈك بولۇر.

4736 بۇ كۈن قويمىغۇچە ھەۋەس ـ ئارزۇنى،
تاپالمايمەن خوپلۇق قىيامەت كۈنى.

4737 سېنى تاشلىماستا، ئۇنى تاشلا سەن،
تويۇشتىن بۇرۇن ئۇ، تويۇش باشلا سەن.

4738 ئۇنى قويمىساڭ سەن، سېنى ئۇ قويۇر،
ئاڭا تويمىساڭ سەن، ئۇ سەندىن تويۇر.

4739 قالۇر بولسا ئاخىر، نە لازىم جاھان؟
قوياركەن سېنى، سەن ئۇنى قوي ھامان.

4740 بۇنى قوي، تىلە، ئۇ جاھاننى تۇرۇپ،
ھۇزۇردا ياشا ئۇندا مەڭگۈ بولۇپ.

4741 تىلىسەڭ ياخشىراقنى مۇندىن ئۇبدان،
ئىمكان بولسا تاشلا سەن ئىككى جاھان.

4742 يۈرى، ئىككى دۇنيا ئىگىسىن تىلە،
نە لازىم بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيا بىلە.

4743 تۆرەتكەننى تاپساڭ، تۆرەلگەن سېنىڭ،
ياراتقاننى تاپساڭ، يارالغان سېنىڭ.

4744 تۆرەلگۈچىدىن قورقما، كۈتمە تىلەك،
تۆرەتكۈچىدىن قورق، ئۇنى قىل يۆلەك.

4745 ياراتقان ئىگەمگە قىلماي ئىبادەت،
بولامدۇ مەخلۇققا قىلىنسا خىزمەت؟

4746 ئىككىدىن بۆلەكمەس خىزمەتچى ئىشى،
ياراپ يا خىزمىتى يۈكسەلگەي بېشى؛

4747 ۋە ياكى يارىماي خىزمەت ـ ئەمگىكى،
كېتۇر بىهۇدە ئۆمرى ـــ تىرىكلىكى.

4748 ياراپ خىزمىتى بەگ كۆتۈرسە ئۇنى،
بولالماس ئۆزىگە ئىگە شۇ كۈنى.

4749 گاهى ئاچ، گاهى توق يۈگۈرمەك كېرەك،
بېگى ياتسا، ئەمگەك ئۇ قىلماق كېرەك.

4750 يارىماي قالسا گەر خىزمىتى ئۇ كۈن،
بولۇر زايە، ئەپسۇس، هاياتى پۈتۈن.

4751 قېنى ئېيت، خىزمەتچى نە پايدا ئالۇر،
بۇ خىزمەت ئىچىدە نە لەززەت تاپۇر.

4752 نېمە دەر ئىشتىكىن، ئىلى ئەركىنى[200]،
ئۇ ئېيتار خىزمەتچى قائىدە ـ يوسۇنى:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



4753 كۆرۈرسەن، قىيىن ئىش بۇ بەگلەر ئىشى،
ھەرقانچە كۆپ ئىشلەپ يارىماس كىشى.

4754 ياراپ قالسا ئىش، ئۆزگە ئەركىسىز بولۇر،
يارىمىسا ئىش ئېتىبارسىز قالۇر.

4755 خىزمەتكە ئىشەنمە، ئەي خادىم، تولا،
بولۇر خىزمەت ئاخىر بېشىڭغا بالا.

4756 سۆيۈندى دېگەنچە، سېسىتىپ سۆكەر،
ئېچىلدى دېگەنچە، قاپىقىن تۈرەر.

4757 مىجەزىنى بولماس تولۇق بىلگىلى،
ناچار ياقلىرىنى بولماس دېگىلى.

4758 جاھان بىر بوراندۇر، قارا، ئەي ئوغۇل،
تۇراقسىز كۆلەڭگە ئېرۇر، كۆرگىن ئۇل.

4759 سەراپ ئۇل، قارىساڭ كۆرۈنۈپ تۇرۇر،
تۇتايمەن دېگەندە، يىتىپ يوق بولۇر.

4760 كېزەكلە كېلۇر، كۆر، بۇ دۆلەت قۇرى،
ۋاپاسىز، قاچاق ئۇ، بولۇر تېز قېرى.

4761 كېرەك بولماس ئەمدى بۇ دۇنيا ماڭا،
كېرىكتەك بۇ بەختىنىڭ نۆۋىتى، توڭا.

4762 ئىگەم يادى بىر ئەش، يېتەر خۇشلۇقى،
يېتەرلىك ئاۋۇنچىم ئۇنىڭ بۇيرۇقى.

4763 كۇپايە قىلماسكەن گەر ھەق سۆيگىنى،
دۇشمىنىم ــــ شەيتان يار يىغلاشقىلى.

4764 تىلىكىم خۇدادىن، ئۇمىدىم شۇدۇر،
سىغىنار ئىگەم ئول، قۇۋانچىم شۇدۇر.

4765 تونۇم — قوي يۇڭى، بەس، غىزا — ئارپا ئاش،
تولۇق بولدى دۇنيا ماڭا، ئەي قاياش.

4766 نە دەر بىر مېھرىبان، ئىشىتكىن سۆزى،
ماكانى ئېرۇر غار، تەقۋادار ئۆزى:

4767 نېسىۋەم تېپىپمەن جاھاندىن بۇنى،
يېيىشكە كېپەكنى، تونغا قوي يۇڭى.

4768 كېپەك كۆپ لەززەتلىك شېكەردىن ماڭا،
بۇ ئاق تون باسار ئۇ يىپەك ئورنىنى.

4769 قورساق تويغۇچە بۇ ئىچكۇ - يېمەك،
تېرىق ياكى ئارپا تويارلىق دېمەك.

4770 يە ئاشنى قېرىنداش ئۆلمەسلىككە تەڭ،
بۇزۇلغاي مىزاجىڭ گەر ئۇيدەك يېسەڭ.

4771 زوق - ساپا قوغلاشما، قاتتىقتۇر جازا،
ساپانىڭ جاۋابى پاتقاقلىق تازا.

4772 ئاچچىق، چۇچۇك ئاشلار گال تاتلىقى ئول،
بۇ لەززەتكە بېرىلگەن كىشى يىلقى ئول.

4773 كىشىلەر يىپەك يا شايى تون كىيەر،
يېپىلسا تېنىڭ بەس قىل، ئەي ياخشى ئەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



4774 قېرىن تويسا بىر ـ ئىككى كۈنگە بارۇر،
كىيىم كىيسە بىر ـ ئىككى يىلغا يېتۇر.

4775 ئۆزۈمنى شۇ ئىككى ئۈچۈن قۇل قىلىپ،
كىشى خىزمىتىدىن قىلسام بولۇرمۇ بىلىپ؟

4776 ئېگىز ئەرشتىن تاكى يەر ئاستىغىچە،
نېمە بولسا موھتاج ئېرۇر ئۇ بارچە.

4777 مەگەر بىر خۇدادۇر ئۇ موھتاج ئەمەس،
بىلىپ ھاجەتنى ئۇ رىھىم قىلار، بەس.

4778 كۆڭۈلنى خۇداغا ئۇلىدىم كۈنى،
تىلەكچى بولۇپ مەن، تىلەرمەن ئۇنى.

4779 ئۇنىڭ بارلىقى شەكسىز ئاياندۇر ماڭا،
كۆڭۈل پۈتتى، تىل زىكىر ئېيتار ئاڭا.

4780 مەن ئىقرار ئۇ باردۇر، ئىستەيمەن ھامان،
بىلەلمەيمەن قەيەردىن تېپىشنى بۇ ئان.

4781 ئىگەمنى ئىستەيمەن، كۆزدە ئۇيقۇم يوق،
تاپسامۇ نىشانىن، ھېچ كۆرگىنىم يوق.

4782 ئىستىگەن ئۇخلىماس، تىنماي ئىستىگىن،
تاپالماي قالدىم دەپ يېتىپ قالمىغىن.

4783 ھەمىشە تىلە، يوق تىلەپ تاپقۇچى،
يوق ھەم تاپمىدىم دەپ بىغەم ياتقۇچى.

4784 تىلىگۈچى تىنماي يۈگۈرسۇن ھامان،
تىلەككە يېتەلمەس ئارام ئەپ ياتقان.

4785 تىلىگەن نېچۇنمۇ تاپالماي قالار،
تىنىپ ياتسا ئارزۇ ـ تىلەك كىم تاپار؟

4786 ئەلك ئاۋۋال سۆيۈپ ئۇ تىلىدى مېنى،
مەن ئەمدى ئىستەيمەن پەقەتلا ئۇنى.

4787 ئاۋۋال ئۇ ئەزەلدىن خالىغاچ ئۇنى،
مەن ئەمدى ئىستەيمەن پەقەتلا ئۇنى.

4788 مۇشۇنداق ئىگەمنى نېچۈك سۆيمەيىن،
تېپىشقا ئۇنى مەن نېچۈك شاشمايىن؟

4789 بېشىم قاتسا غەمدىن ماڭا ئەسقاتار،
بالا كەلسە، مېنى ئۇ خالاس قىلار.

4790 مېنى تاللىدى ئۇ ئەلك باشتا خالاپ،
تىلەيمەن شۇڭا مەن، ئۇنى دىل ئۇلاپ.

4791 سۆزۈم راستى شۇ، ئۇ ياراتتى مېنى،
يېگۈزدى، ئىچۈردى، چوڭايتتى مېنى.

4792 چېكىندىم بۇ خەلقتىن، سىغىندىم ئاڭا،
ئۇ ھەممە جەھەتتە پاناھتۇر ماڭا.

4793 ئەگەر يەككە قالسام ئىگەم يادى، بەس،
ئۆزۈم ياد ئېتەرگە ئىگەم ئاتى، بەس.

4794 سىغىنچىم، ئاۋۇنچىم، يۆلەنچىم، تايانچ
شۇ بىرلا ئىگەم، ساقلار بولسام توق ـ ئاچ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



4795 نە دەر ئاڭلا، كۆڭلى سۆزۈلگەن كىشى،
ئىگىسى بىلەن چىن تۈزەلگەن كىشى:

4796 كۆڭۈلنىڭ سىرىنى ئاچارمەن ساڭا،
تىلەك ـ ئارزۇ بىرلە ئۈچارمەن ساڭا.

4797 قۇۋانچىم، سۆيۈنچىم، ئاۋۇنچىم ئىگەم،
جىمىدىن قول ئۈزدۈم، قاچارمەن ساڭا.

4798 ئۇ دۇنيادا ئورنۇڭ بۇ دۇنيادا بار،
بۇنى قويمىغۇنچە ئۇنى كىم تاپار؟

4799 يوز ئۆروپ، بۇ دۇنيانى تاشلاش زۆرۈر،
شۇ چاغدا ئۇ دۇنيا قولۇڭغا كېلۇر.

4800 ۋاپاسىز جاھاننى چىڭ تۇتسا بۇ ئان،
نېچۈك تاپقاي كىشى مەڭگۈلۈك جاھان؟

4801 خەتەرلىك بۇ دۇنيا، شەربىتى زەھەر،
يېمەك ـ ئىچكۈدە ئىستە پاكىزنى، ئەر.

4082 ئۇ دۇنيادا تاپماق ئۈچۈن ياخشى جاي،
جاھان ئارزۇسىنى تامام تاشلىغاي.

4803 ھەقىقەت دەپ بىلگىن، ئەي ئۆگدۈلمىشىم،
ساڭا ئېيتاي ئۆزۈمنىڭ پۈتۈن بىلمىشىم.

4804 بۇ تۆتتىن تامامەن ۋاز كەچمەي كىشى،
مۇنۇ تۆتتە ياخشى بولالماس ئىشى:

4805 بۇ دۇنيا ئىشىنى تەرك ئەتمەي تولۇق،
قىلىنماس ئۇ دۇنيا ئىشى، ئەي ئۇلۇغ.

4806 كىشىدىن يىراق بولمىغۇچە قاياش،
قىلىپ بولمىغاي ھەققە تائەت، ئاداش.

4807 ئۇزۇپ ئەتمىگۇچە ھەۋەس بويىنىنى،
تاپالماس ۋۇجۇد ھەق - رۇسلۇق يولىنى.

4808 راستىن ھەق سۆيگۇسى كىرمىكى ئۇچۇن،
چىقار دىلدىن جاھانىڭ ئارزۇسى پۈتۈن.

4809 بۇ دۇنيا مۇسۇلمانغا بىر زىندان ئېرۇر،
كۆڭۇل ئۇز، بۇ زىنداندا كۇتمە ھۇزۇر.

4810 تىرىش، بەرمە نەپسىڭ دېگەن نەرسىنى،
كىرەرسەن دۇرۇس يولغا شۇندىن كېيىن.

4811 زايە قىلما سەن بۇ ئۆتكۇچى كۇنۇڭ،
يېنىپ كەلمەيدۇ قايتا ئۆتكەن تۇنۇڭ.

4812 ۋاقىت بولسا زايە، پۇشايمان كېيىن،
ھايات بولسا زايە، كەلمەس باشقىدىن.

4813 نېمە دەيدۇ ئاڭلا، بىلىمى دېڭىز،
ئۆزى كەمتەر، ھېلىم ۋە كۆڭلى ئېگىز:

4814 بۇ يۇرتتىن ئۇ يۇرتقا كۆچۇرچى كىشى،
كۆچ ئالدىن ئەۋەتسە تۇزىلەر ئىشى.

4815 كۆچىنى ئەۋەتسە كۆچۇشتىن ئاۋۋال،
كۆچۇپ بارسا پايدا تېگەر دەرمەھەل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



4816 كۆچۈڭنى ئەۋەت، خاھى ئەۋەتمىگىن،
كۆچۈرسەن ئاخىرى، غاپىل بولمىغىن.

4817 سەن مەيلى بەگ بول يا مەيلى بول بىر قۇل
قالالماسسەن ئۇزاق، ئۆلۈم تۇسار يول.

4818 سەن مەيلى مىڭغا كىر، مەيلى ئون سەككىز،
ئۆلەرسەن، قويۇپ كەت سەن بىر ياخشى ئىز.

4819 سەن خاھى بولغىن باي، خاھى بول گاداي،
ئۆتۈپ يەر ئۆمرۈڭنى يىللار ۋە كۈن ـ ئاي.

4820 بېشىڭ كۆككە ئۇلانسا ئۇلۇغلۇق ئېتى،
ياتار جايىڭ بولۇر قارا يەر قېتى،

4821 ھاياتلىق تېپىپ ئەر، گەر زايە قىلار،
ئۆزىن ئوتقا ئاتار، ھايۋان سانىلار.

4822 سالامەت بولۇپ ئەر زايە قىلسا ياش،
بۇ كۆركسىز تىرىكلىك بولۇر، ئەي قاياش.

4823 قېرىنداش، غېمىمنى يېمە سەن مېنىڭ،
يېگىن ئۆز غېمىڭنى، تۆكۈپ كۆز يېشىڭ.

4824 بۇ دۇنيا ئىشى چىڭ تۇزاقچى ئېرۇر،
تۇزاققا ئىلىنما، سېنى بېكىتۇر.

4825 بۇ كۈن دۆلەت كېلىپ رايىڭچە ماڭار،
ئۇڭا سەن ئىشەنمە، يەنە تېز كېتۇر.

4826 غەپلەتتە ئۆلۈمنى سەن كۆرمە يىراق،
چىقار پىستىرمىدىن چىققاندەك يىراق.

4827 تولا مىلىڭ غاپىلنى باسمىشتۇر ئۆلۈم،
تولا مىلىڭ توپلارنى چاچمىشتۇر ئۆلۈم.

4828 ئىشىت، كۆڭلى ئويغاق كىشى نېمە دەر:
ئۆلۈمدىن ئولما غاپىل، زەرەرى يېتەر.

4829 تاراتتى ئۆلۈم تولا توپلارنى، باق،
ئۆلۈمنى ئەسلىسەم كۆز يېشىم بۇلاق.

4830 مەن دېبان كۆككە ئۇچماق بولغاننىڭ «مەن» ى،
قالمىدى، كار قىلماي لەشكەر ۋە ياراق.

4831 غاپىل بولما، هايات بىلىنمەي ئۆتەر،
ۋاقىت ـ كۈنمۇ هېچ چاغ قايتماسقا كېتەر.

4832 هۇزۇرغا ئاۋۇنما، زايە بولۇر كۈن،
بەختكە ئىشەنمە، تۇراقسىز ئوتۇن[201].

4833 بۇيۇك مەن دېگەننى تۈگەتتى ئۆلۈم،
ئۇلۇغ مەن دېگەننى هەم ئۇتتى ئۆلۈم.

4834 ئۆلۈم بۇزدى شەهەر ـ كەنتلەرنى تالاي،
ئۆلۈم بۇزدى نۇرغۇن قەسىر ۋە ساراي.

4835 نەچە مىڭ تىرىك ئۆلدى، يەرگە تولۇپ
ياتۇر كەلمىكىمىزنى ئاندا كۈتۈپ.

4836 قاراپ كۆر ئۆلارغا، ئېچىپ سەن كۆزۈڭ،
قىلالامسەن پەرق قۇل ۋە بەگنى ئۆزۈڭ؟

4837 ئۇلۇغلۇق ئۆلۈمگە هېچ كار قىلمىدى،
ئۆلۈمدىن قاچارغا كىچىك بولمىدى.

www.uyghurkitap.com

4838 ئەپكەتتى ئۆلۈم ئەزىز پەيغەمبەرلىنى،
تۇسار كىم ئەم ـ داۋا، قۇرالله ئۆتى؟

4839 ئىشەنچسىز ئېرۇر بۇ جاپاچى جاھان،
ۋاپاسىز ۋە گۇستاخ ۋە پەيلى يامان.

4840 ئېچۇك كەچسە كەچسۇن، كېچەر تېز كۈنى،
يامان، ياخشى بولسۇن يا ئەگرى ـ كۆنى.

4841 توق ئۆلسەك كېچەر ھەم ئاچ بولساڭ كېچەر،
نە بەگۇ ـ باي بىلەن قۇلنى پەرق ئېتەر؟

4842 تۇرار نە ھۇزۇرى، تۇرار نە مېھنەت،
ئەي ئوغلان، بۇ شاۋقۇن شۇنچە نە ھاجەت؟

4843 ئەجەب ياخشى دەپتۇ ئالىم، ئىلمى كەڭ،
قىلىقى، يۇرۇشى بىلەن كۆڭلى تەڭ:

4844 بىر ئاز بەختكە ئىنسان ئۇنتار ئۆزىن،
يېشىل كۆكتىن ئۇستۇن يۇرۇتەر سۆزىن.

4845 نى باتۇر ۋە مەغرۇر غادايغانلارنىڭ
ئۆلۈم كۆكسىن يانجىپ، چىقاردى كۆزىن.

4846 بۇ ئەردى ساڭا چىن كۆيۈمچانلىقىم،
بۇنى سۆزلىدىم مەن ساڭا، ئەي سىخىم.

4847 كىمكى بىلسە بۇ ئەھۋالاتنى چىن،
دۇنياغا ئۆزىنى ئۇ قىلماس يېقىن.

4848 يوقاتتىم يىگىتلىك، يىتىلدى يىشىم،
ئىپار كەتتى، كافۇر پۈركەندى بېشىم.

4849 بۇنىڭدىن كېيىن ئەي كىشى ياخشىسى،
ئۆلۈمگە راسلانماق ئىشىم بولغۇسى.

4850 سۆيۈنچ كەتتى، تۇتتى ئۆلۈم قايغۇسى،
ئۆلۈمدىن كېيىن ئىش نېچۈك بولغۇسى؟

4851 شۇ قايغۇ ـ ئەلەم بىرلە تۇرۇپ ئۆزۈم،
بارالايمەن بەگكە نېچۈك، ئەي تۇزۇم؟[202]

4852 مېنىڭدىن ئەلىگكە ھېچ پايدا تەگمەس،
نەپئى يەتسۇن دېسە ھەم نەپئى يەتمەس.

4853 تىلىسە ئەگەر ئۇ جاھانلىق مېنى،
مېنى كەلدى بىلسۇن ۋە يۇرسۇن كۆنى.

4854 بۇ ئادەم ئوغلىنى قۇدرەتلىك بايات،
ياراتتى ئىككى ئىش ئۇچۇن قويۇپ ئات:

4855 دوزاخقا، يا جەننەت بېگى بولۇشقا،
بۇ دۇنيادا خار يا ئەزىز تۇرۇشقا.

4856 ئەزىزلىك تىلىسەڭ، ئۇ كۆرسەتتى يول،
خارلىقنىڭ يولىن ھەم ئايرىپ قويدى ئول.

4857 كىرەك ئەمدى قىلماق ئۆز بەندىلىكىنى،
تېپىپ تەۋپىق ھەقتىن بېجىرسە ئۆنى.

4858 ئەگەر تاپسا تەۋپىق خۇدادىن قۇلى،
ئېچىلغاي جىمىكى ياخشىلىق يولى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

4859 شۇڭا تىرىشىپ قىلسا تائەت بولۇر،
تۇمەن ياخشىلىق ئىشكى ئېچىلۇر.

4860 شۇلاردىن ئىبارەت مېنىڭ بىلمىشىم،
ساڭا سۆزلىدىم مەن، ئەي قېرىنداشىم.

4861 سىلەرگە پايدىلىق سۆزلىرىم كېرەك،
ئۆزۈمگە كۆرە بۇ سۆزۈم ئەزگۈرەك.

4862 تىلىسەڭ ئاخىرەت يولى شۇدۇر، ئۇق،
دۇنيالىق تىلىسەڭ، بىلۇرسەن تولۇق.

4863 پەلەك باقتى ساڭا، كېلىشۈردى قۇت،
نېمىنى تىلىسەڭ، كېلۇر يەنە، پۇت.

4864 مېنىڭدە نە ئىش بار ياخشى دېگۈدەك،
قاياشىم، سىلەرگە نەپئى قىلغۇدەك؟

4865 قويۇپ بەرسۇن ئەلىگ مېنى تەڭرىگە،
دۇئادا بولايمەن ئۇنىڭ ھەققىگە.

4866 بىلىم دېسە مەندىن، شۇدۇر بىلگىنىم،
ئىشتىنىڭ، ئوڭا ئېيت، نېمە دېگىنىم.

4867 سۆزۈمنى تۇتۇڭلار، گەر تۇتمىساڭلار،
كېلۇر تاڭلا ـ بۇگۇن پۇتمىگىنىڭلار.

4868 بىلىمى دېڭىزدەك خۇش ئېيتتى بىر سۆز،
ئەمەل قىلسا، كۆلەر بەخت ئىچرە يۈز:

4869 بۇ كۈن بۇ سۆزۈم، كۆر، ساڭا يار بولۇر،
قىيامەتتە ساڭا ئەجرى بار بولۇر.

4870 تىرىش، بولما غاپىل، ئەمەل قىل ئاڭا،
ئەگەر تۇتمىساڭ بۇ دېگىنىم كېلۇر.

4871 ئەلىگدىن سورا سەن ئۆزرەمنى مېنىڭ،
نېچۈك بولسا قىل بىر ئىلاجىن ئۇنىڭ.

4872 ساڭا يەتتى زەخمەت كېلىپ ھەم بېرىپ،
خۇدا بەرسۇن ئەجرىڭ، يۈر كۆندەك يورۇپ.

4873 قېرىنداش، دىلىڭغا ئېغىر ئالمىغىن،
مېنى ئۆز سۆيگۈگۈدىن چەتتە قويمىغىن.

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

4874 ئۆگدۈلمىش جاۋابقا تەۋرەتكەچ تىلىن،
دېدىكىم، چۈشەندىم ھەقىقەت يولىن.

4875 سۆزۈڭنى ئىشىتتىم، ئوقۇپ تىڭلىدىم،
سۆزۈم كەستىم ئەمدى، سۆزۈڭ دەڭسىدىم.

4876 دۇرۇس سۆزلىدىڭ، سۆز، ھەقىقىتى شول،
بۇنىڭدىن بۆلىكى تامام ئەگرى يول.

4877 ھەقىقەت سېنىڭدە، مېنىڭدە ئويۇن،
ئويۇننى قويۇپ، چىنغا ئېگەرمەن بويۇن.

4878 ئۆزۈڭ ياخشى قالغىن، مەن ئەمدى كېتەي،
ھەر ئىككى جاھاندا، ئەي ئەزگۈ تەلەي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



4879 ساڭا كۈچ ۋە تەۋپىقنى بەرسۇن خۇدا،
ئۇنتۇما مېنى ھەم ئەسلە دۇئادا.

4880 مېنى ھەم خۇدادىن تىلىگىن تۇرۇپ،
خۇدايىم دىلىمنى ئاچقاي ئويغىتىپ.

*　　　*

4881 سۆزىنى تۈگەتكەچ ئورنىدىن تۇرۇپ
ۋىدالاشتى، ئۆيگە ئۇ كەتتى يۈرۈپ.

4882 ئېتىغا مىنىپ، ئۆيگە ئۇ قايتىپ كېلىپ،
چۈشۈپ، ئۆيگە كىرگەچ بىر ئاز دەم ئېلىپ،

4883 يېدى، ئىچتى، تۇردى ئۇ بىر ئاز ئويلاپ،
ئىشىتكەن سۆزىنى ئۆزۈن پىششىقلاپ.

4884 قۇياش ياپتى يۈزگە قارا چۈمبەلىن،
جاھان ئالدى پۈتكۈل قارا چاڭ رېڭىن.

4885 يۈزىن ياپتى رۇمىي قىزى چاچ يېيىپ،
قارايدى جاھان چاچ رېڭىنى ئېلىپ.

4886 بولۇپ زەڭگى يۈزى پۈتۈن ئاسمان،
تىنىپ قۇشلار، ياتتى ھەممە ماڭار جان.

4887 تاھارەت ئېلىپ، سوڭ خۇپتەننى ئوقۇپ،
ئورۇن سالدۇردى، ياتتى، ئىشىن تۈگىتىپ.

4888 بىر ئازلا ئۇخلىدى، ئويغاندى يانا،
ئېڭىشكەندى پەسكە مىررىخ مانا.

4889 يەنە كۆردى ئۆكەر ئېگىشكەن تۆۋەن،
شەرقتىن چىقىپتۇ كۆتۈرۈلۈپ چايان[203].

4890 يەنە ياتتى، ئەمما ئۇيقۇ كەلمىدى،
قاراۋۇل كىشىدەك كۆزىن يۇممىدى.

4891 خىيال سۇردى بىردەم يېتىپ ئۇ ئويغاق،
بۇ ئاسمان رېڭى بولدى كافۇر بوياق.

4892 ساما ئالدى ئەنبەر رېڭىنى بىراق،
ئۇنۇپ نەيزە يەردىن، يېيىلدى پۇتاق.

4893 قۇياش ئۆرلىدى، قوپتى يەردىن توزان،
توققۇز رەڭدە هال تۇغ يېقىنلاپ هامان.

4894 ئۆگدۇلمىش قوپتى هەم تاهارەت ئېلىپ،
ئوقۇدى نامىزىن، دۇئاسىن قىلىپ.

4895 قىزىل نەيزە بىلەن چىققاندا قالقان،
سارايغا كىردى ئۇ توپتوغرا شۇ ئان.

*  *

4896 ئەلىگ ئاڭلاپ كەلگىنىنى بەردى يول،
كىرىپ ئۇ ئەلىگكە قوۋۇشتۇردى قول.

4897 ئەلىگ ئىملىدى، ئولتۇرۇق جاي بېرىپ،
ئۇ باردى ئورۇنغا ئەدەپلە، كېلىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



### ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

4898 تۇرۇپ بىرئاز ئەلىگ سۆزىنى باشلىدى،
ئەي خۇلقى ئۈز، سۆزلە، نېمە گەپ؟ دېدى.

4899 قاياشنىڭ نە ئېيتتى، نە بولدى ئىشىڭ؟
تىلىكىڭ نە بولدى، كېلەمدۇ ئەشىڭ؟

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

4900 ئۆگدۈلمىش جاۋابەن سۆزىنى دېدى،
نېمىكى سۆز بولسا، ئۆزىنى دېدى.

4901 ئىككىلەن نېمىلەر دېيىشكەنلىكىن،
دېدى ئۇ ئەلىگكە ئەينەن ھەممىسىن.

* *

4902 ئەلىگ تۇردى بىردەم ئۆزى ئويلىنىپ،
تۆكۈپ ياش كۆزىدىن، دىلى بۇزۇلۇپ.

### ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

4903 دېدى: ئۇل قاياشنىڭ دۇرۇس سۆزلىمىش،
سۆز ئۇل سۆز تورۇركىم، ئۇ ئېيتمىش، دېمىش.

4904 بۇ كۈن ئۆزىمىزگە بىز زۇلۇم ئېتىپ،
ئاڭا ھەم قىلۇرمىز زۇلۇم، رەنجىتىپ.

4905 بۇ دۇنيا كېتەر، قايتا كەلمەس يېنىپ،
ئۆمۈر قانچىلىك قالدى، بولماس بىلىپ.

4906 كېلۇر توغرا، شۇبھىسىز، مەڭگۇ جاھان،
ھۇزۇر ياكى ئەمگەك يېقىن ئۇ زامان.

4907 قەيەردە بولسا بەخت، ھۇزۇر شۇندادۇر،
كىشى ئورنى، ئىزى ھەم ياخشى بولۇر.

4908 ئويغانغانىكەن ئۇل قاياشىڭ تولۇق،
ئۇنى بىز قىچقىرماقنىڭ ئىمكانى يوق.

4909 ھاۋاغا ئەسىرمىز بۇ بىز ھەممىمىز،
بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى ۋاقىت كۈنىمىز.

4910 ئىشىت سەن، تىرىك دىل كىشى نېمە دەر،
ساڭا ياخشى سۆزلەپ نەسىھەت بېرەر:

4911 ھاۋاي ـ نەپس دۈشمەندۇر، ئەگەر تاپسا كۈچ،
سېنىڭدىن ئالۇر شۈبھىسىز، كونا ئۆچ.

4912 ھاۋاي ـ نەپس تىرىلسە ئۆلەر بۇ كۆڭۈل،
كۆڭۈل ئۆلسە تائەت قالار، ئەي ئوغۇل.

4913 بىزنىڭ كۆڭلىمىز ئۆلدى بولغاي بۇ كۈن،
ھاۋا ـ نەپس يوغان قىلدى بەكمۇ بويۇن.

4914 ئۇلۇغلۇق، بۈيۈكلۈك بۇ دۆلەت كۈنى
ئۇزۇن توختىمايدۇ، ئەي كۆڭلى كۆتى.

4915 جاھاننىڭ ھۇزۇرى ئاز، كۆپ مېھنىتى،
ئېرۇر كۆپ باش ئاغرىقى، قارغىش ـ لەنىتى.

4916 تولا ياخشى دەپتۇ بىلىملىك كىشى،
سىناپ بۇ جاھاننى، يېتىلگەن يېشى:

4917 ئۇلۇغلۇقتا ئارتۇق قوۋانما كۆلۈپ،
ئۇلۇغ بولدۇڭ ئەرسە، باش ئاغرىقى كۆپ.

4918 سۆيۈنچ قايدا بولسا، بالامۇ شۇندا،
ھۇزۇر قايدا بولسا، مىڭ زەخمەتكە جۇپ.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

4919 يەنە ئېيتتى ئەلىگ: ئەي ئۆگدۈلمىشىم،
ئىدى مەقسەت مۇنۇ، ئۇنى ئىستىشىم:

4920 ماڭا ياخشىلىقتا سەۋەبچى بولۇر،
تىرىلگەيمىكىن بۇ كۆڭۈل ئەي جەسۇر.

4921 تۇرۇپ ئالدى كۆنمەي، بۇيان كەلگىلى،
يا دوست ـ يار، قاياشلار يۈزىن كۆرگىلى.

4922 قارىساڭ، ئۇ ئېيتقان جىمى سۆز كۆنى،
يەنە زورلاشقا بولماس ئەمدى ئۇنى.

4923 ساڭا ھەم يەتتى زەخمەت كۆپ يول يۈرۈپ،
دېدىڭ قانچە سۆزلەر، ھاردىڭ يۈگۈرۈپ.

4924 كۆتەيلى، كۆرەيلى يەنە ئەي سېخىي،
زامان ھالى ئاخىر نە بولغاي تېخى.

4925 كېلەر ئىش، قارا تۈن ئىچىدە تۇرار،
ئەي دوستۇم، ئۇنى نۇر ـ قۇياش يورۇتار.

4926 قۇرۇقلۇق تۇرار بۇ زامانە ياسى،
تېگۈر گاھ زەرەرى، گاھى پايدىسى.

4927 جىمى ئىشنى قويغىن خۇدا ھۆكمىگە،
ۋاقىت كەلسە چۈشەر ئۆزى ئىزىگە.

4928 بىر ئىشتىن نەتىجە، تەم چىقمىسا گەر،
قويۇپ تۇر ئۇنى، ئەي ئىلمى تېرەن ئەر.

4929 بۇ دۇنيا خۇيى شۇ: ئەگەشسە قاچار،
قويۇپ قويسا ئاخىر، ساڭا يول ئاچار.

4930 بىرئاز بىز كۈتەيلى، سىنايلى ئۇنى،
نە بولغاي ئاخىر ھال زامانە كۈنى.

4931 يەنە بەلكى بىزنى ئۇ ئىستەر تۇرۇپ،
ئۆزىگە نېمە ياخشى، ئويلاپ كۆرۈپ.

*        *

4932 شۇنىڭ بىرلە ئەلىگ سۆزىن تۈگەتتى،
ئۆگدۈلمىشمۇ ئاستىلا چىقىپ كەتتى.

4933 شۇ سۆزدىن يەنە بىرنەچچە كۈن كېيىن،
ئەلىگ ئويلىدى ئىشنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ئاتمىش سەككىزىنچى باب

### كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىشنى ئۈچىنچى قېتىم دەۋەت قىلغانلىقى بايانىدا

4934 لازىم بولدى بىر ئىش قىلىشىڭ دېبان،
قىچقىرتتى ئۆگدۈلمىشنى بىر كۈن بۇ خان.

4935 چاقىرتسام قاياشىڭ ماڭا كەلمىدى،
بۇ ئارزۇغا يەتمەي كۆڭۈل تىنمىدى.

4936 قويۇپ مەن بۇ ئارزۇ ـ تىلىكىم بۈگۈن،
بۆلەك يول تاللىدىم ئېرىشمەك ئۈچۈن.

4937 شۇدۇركى، بۈگۈنكى تىلىكىم مېنىڭ،
بېرىپ مەن كۆرەيىن يۈزىنى ئۇنىڭ.

4938 ئۇ كەلسۇن ماڭا، يا بولاي مەن بارار،
زىيارەت قىلىشقا، ئايا بەختىيار.

4939 كېلىپ ئۇ ماڭا پەند ـ نەسىھەت قىلىپ،
يېنىپ كەتسۇن ۋە قىلسۇن ئىشىنى بېرىپ.

4940 ماڭا پايدا تەگسۇن، ئۇڭا يوق زىيان،
سۈزۈلسۇن بۇ كۆڭلۈم، يوقاپ چاڭ ـ تۇمان.

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

4941 بۇ سۆز چىن ئورۇنلۇق، بەختىيار جاناب،
بولدى، دەپ قايتۇردى ئۆگدۈلمىش جاۋاب.

4942 بۇ ئىشنى قىلاي، خان خالىسا ئۇنى،
قىلاي دەۋەت يەنە بۇيرۇسا مېنى.

4943 بېرىپ مەن بۇ سۆزنى ئۇڭا يەتكۈزەي،
ئەلىگ بارمىسۇن، مەن ئۇنى كەلتۈرەي.

4944 يەنە خەت ئىلتىپات قىلسۇنكىم ئەلىگ،
ئىشەنسۇن ئوقۇپ، كەلسۇن ئۇ خۇلقى تۈزۈك.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

4945 نە لازىم بۇ مەكتۇپ، دەپ ئېيتتى ئەلىگ،
ئۇنىڭدىن ئىشەنچلىك ئۆزۈڭ سەن تېتىك.

4946 بۇ خەت چىنپۇتمىگەن كىشىگە بولۇر،
سېنىڭدىن ئىشەنچلىك بۆلەك كىم ئېرۇر؟

4947 پۈتۈن ئىشتى ئەقلى بىلەن ئىشلىگەن
ئۇ ياغما بېگى، ئاڭلا، نە ياخشى دېگەن:

4948 گەر ئەلچى ئىشەنچلىك، بىتىك نە كېرەك؟
ئىشەنچلىك تېپىلسا ئېتىك نە كېرەك؟

4949 تىلىڭ بىرلە سۆزلە، سۆزىنى ئىشىت،
يەنە خەت يېزىش، ئەي تېتىك نە كېرەك؟

4950 ئەمەس ئانچە ئىش بۇ، ئېغىر كەلگۈدەك،
تولا ئۇركۇپ ئۇندىن يىراق تەزگۈدەك.

4951 نە لازىم بۇنىڭچە سۆزگە خەت، ئېتىك؟
ئىشەنچلىك كىشىم سەن، خەت سەن، ئەي تېتىك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



4952 ئۇ كەلسۇن، كۆرۈشسۇن ۋە قايتسۇن يانا،
ئۇنى زورلىمايمەن. ئۇ ئەركىن مانا.

4953 بۇ ھاجەت ئۈچۈن مەن ئەۋەتەي سېنى،
دەۋەت قىل چىرايلىق، زورلىما ئۇنى.

4954 بۇيان كەلمىسە مەن بارايىن ئۇيان،
يۈزىنى كۆرۈپلا يانايىن بۇيان.

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

4955 جاۋاب بېرىپ ئۆگدۈلمىش، ئېيتتى: تىلەك
تەل ئولغاي، خۇدا بولسا يارۇ ــ يۆلەك.

4956 بۇ ئارزۇ ــ تىلەككە ئېرىشمەك ئۈچۈن،
ئۆزۈم شەخسەن قىلۇرمەن غەيرەت پۈتۈن.

4957 جانابى ئەلىگ ھەم تىنچ بولسۇن ئامان،
خۇدا بارچە تىلىگىن بەرسۇن ھامان.

* *

4958 ئۇ چىقتى، ئاتلاندى ئۆيىگە يانا،
چۈشۈپ، كىردى ئۆيگە، يېشىندى مانا.

4959 قىزىل يۈزى بولدى پەلەكنىڭ سېرىغ،
جاھان بولدى ئالتۇن رەڭدەك ئېرىغ.

4960 قۇياش سۈرتتى يۈزگە سېرىق زەپىران،
ھاۋا رەڭ شېشىگە پۈركەندى جاھان.

4961 مەشۇقلار قىشىدەك بولۇپ ئاسمان،
هەبەش ـ زەڭگى تونگە كىردى جاهان.

4962 يىدى، ئىچتى، يۇيۇندى، قىلدى ناماز،
تۆشەك سالدۇردى، ياتتى ئۇخلاپ بىرئاز.

4963 سىرىق بۇلبۇل ئۈنلۈك گۈزەل سايرىدى،
چۆچۈپ ئويغاندى ئۇ، ئۇيقۇ كەلمىدى.

4964 ئويغاق ياتتى بىرئاز قولاقنى سىلىپ،
ئەجەبلەندى بۇ ئۈنگە هەيران قىلىپ.

4965 قىچىپ ئۇيقۇسى بەك ئۇزاردى كېچە،
تەقەززا بولدى تاڭغا يورۇپ بولغۇچە.

4966 پەلەك يىرتتى كىيگەن قارا كۆڭلىكىن،
كۆتۈرۈپ پەرەنجە، ئۇ ئاچتى يۈزىن.

4967 كۈلۈپ باقتى ئۆرلەپ گۈزەل قىز يۈزى،
يورۇدى جاهاننىڭ هەر ئىككى يۈزى.

4968 قۇياش چىقتى ئۆرلەپ، كۆرسەتتى ئۆزىن،
يورۇتتى ۋادى هەم دەريالار يۈزىن.

4969 يەنە قوپتى، يۇيۇندى، كىيىندى توگەل،
ناماز قىلدى، ئۆزگە جورۇپ ياخشى پال.

* *

4970 ئاتىن تۇتتى، مىندى بىر ئوغلان بىلە،
قاياشى ياققا ماڭدى خۇشال كۈلە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



4971 يېقىن بارغىنىدا ئېتىدىن چۈشۈپ،
ئىشى ئالدىغا باردى ئاستا يۈرۈپ.

4972 ئۇ چەكتى ئىشىكنى ئاستا قول بىلە.
قاياشى تۇيۇپ چىقتى تېزلىك ئىلە.

### ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

4973 دېدى ئۆگدۈلمىشكە ئۇ، چۈشكەچ كۆزى،
قاياشىم ئۇزارتتىڭ بۇ ئىشنى ئۆزى.

4974 نېمانچە قىينايسەن ئۆزۈڭنى كۈچەپ؟
نېمانچە قىيرىشتىڭ ماڭا سەن ئۆچەپ؟

4975 يۈرى، كەل كىرەيلى، ماڭا ئېيت سۆزۈڭ،
نېچۈن قايتا كەلدىڭ يەنە سەن ئۆزۈڭ؟

*　　　*

4976 بۇ ئىككى قاياش ئۆيگە كىردى تۇرۇپ،
زاھىت قارشى ئالدى قاپىقىن تۈرۈپ.

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

4977 كېلۈرچى قاياشى دېدى: ئەي تۇزۇم،
قاپاق تۈرمە، ئاۋۋال ئىشىتكىن سۆزۈم.

4978 سېنىڭ سۆزلىرىڭنى ئەلىگكە دېدىم،
كېمىتمەي، ئۆزۈم ھەم رىجا ئەيلىدىم.

4979 ئىشىتتى ئەلىگ سۆز، تولۇق تىڭلىدى،
سۆزۈڭنى ئىشىتكەچ ئۇزۇن ئويلىدى.

4980 قويۇپ مەيلىڭگە سېنى، قاياش، ئەمدى ئۇ،
بۆلەك بىر تىلەكنى ئۇ قىلدى ئارزۇ.

4981 مېنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى ساڭا،
ئەي باتۇر، ئۇيات قىلما ئەمدى ماڭا.

4982 جىمى نەرسىنىڭكىم، چېكى ـ چېنى بار،
قاچۇرما بۇ ئۆلچەمنى، ئەي نامدار.

4983 نېمە دەيدۇ ئاڭلا، ئەقىللىك تىلى،
بۇ سۆز ھەر نەرسىنىڭ قىياسى، ئۇلى:

4984 چىقارما ھېچ ئىشنى ئۆلچىمىدىن سەن،
قاچار ئىش، چىغىردىن ئۇ چىققانىكەن.

4985 پۈتۈن ئىشتا ئۆلچەم، ئۇسۇل، قايدا بار،
ھەر ئىش ئورتا ھال بولسا بولغاي ئېسەن.

4986 ئەلىگ قويدى ئەمدى بۇرۇنقى تىلەك،
تىلەر بىر زىيارەتنى، سەن بولغىن يۆلەك.

4987 ئۇ كەلسۇن قېشىڭغا، يا بارغىن ئۆزۈڭ،
ئايا كۆڭلى كەڭ، ئۇ بىر كۆرسۇن يۈزۈڭ.

4988 بۇنىڭدىن زىيان يوق ساڭا، ئەي قاياش،
بولۇشقىن ماڭا سەن، ئايا باغرى تاش.

4989 ئەلىگمۇ تولا ياخشى سۇلتان ئېرۇر،
يوقسۇل ۋە ئەيىبلىككە جان كۆيدۈرۈر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى



4990 جاۋابەن ئۆگدۈلمىش دېدىكى بۇ سۆز
ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئايا كۆڭلى تۈز.

4991 مۇسۇلمان قاياشنى مۇسۇلمان قاياش
زىيارەت قىلۇر، ئەي ماڭا قەلبداش.

4992 بۇ سۆزگە ئېگىلدىم، بىرۇرمەن بويۇن
زىيارەت قىلايىن ئۇنى مەن بۇ كۈن.

4993 ئاڭا بارمىدىم مەن، بۇنىڭدىن بۇرۇن
مېنىڭدىن ئۆزى پايدا كۆتكەن ئۈچۈن.

4994 ئۇنى قويدى، تۇتتى دۇرۇسلۇق يولىن،
كىرۇرمەن دۇرۇسلۇققا، بولغىن ئەمىن.

4995 باراي مەن ئەلىگكە، ئەلىگ كەلمىسۇن.
چېكەي مەن جاپا، ئۇ جاپا چەكمىسۇن.

4996 ئەلىگ — ئەل بېگى، خەلق ئۇلۇغى، تامام،
ئاڭا قىلغۇلۇقتۇر پۈتۈن ئېھتىرام.

4997 بۇنىڭلە تۈزەپ خۇي سۆزىدە تۇرار،
ياماندار ئىزىنى ئۇ ئەلدىن يۇيار.

4998 نە دەيدۇ ئىشىتكىن، ئەي ئىلمى دېڭىز،
بىر ئاقىل ۋە تەمكىن، كۆڭلى بەك ئېگىز:

4999 يۇقىراغا ۋاجىپتۇر بېگى يارلىقى،
قەدىرلەپ ئۇنى چوڭ - كىچىك تۇتمىقى.

5000 ھۆرمەتلەش كىرەك بەگ سۆزىن ھەم ئۆزىن،
سىتىپ ئالغان ھىندۇ قۇل ئولسا تېخى.

5001 قەدىرلەرمەن ئەمدى ئەلىگ يارلىغىن،
زىيارەت قىلۇرمەن، بولۇرمەن يېقىن.

5002 قېنى قايت، ئەلىگكە سەن يەتكۈز سۆزۈم،
كېلۇر دەپ بايان قىل، بارارمەن ئۆزۈم.

5003 يېپىنسا قاچان پەردە يورۇق جاھان،
مەن ئۆتتۈر باراي ئول قەدىمى ماكان.

5004 كىشى كۆرسە كۈندۈزدە سوغدار مېنى،
مېنى سۆزلەپ ئوتقا ئاتار ئۆزىنى.

5005 بار ئەمدى مېنى ئۆيدە سەن ساقلىغىن،
بارارمەن، كۈت بىر ئاز، يېتىپ قالمىغىن.

5006 ئەڭ ئاۋۋال ساڭا مەن تۇشەيىن بىرىپ،
كۆرەيلى نە قىلماقلىقىن ئويلىشىپ.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

5007 بولۇپ خۇش بۇ ئۆگدۈلمىش، قىلدى جاۋاب،
دېدى: بەك گۈزەل، بۇ، يەنە بەك ساۋاب.

5008 بارايىن مەن ئەمدى ئەلىگكە تۇرۇپ،
بۇ سۆزلەرنى ئېيتاي، سۆيۈنسۇن ئۇقۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن ئادرىسى

5009 مېنىڭدىن كېيىن چاڭ تۇتۇپ ئۇ سۆزۈڭ،
قارار قىلغان پەيتتە يېتىپ بار ئۆزۈڭ.

*　　*

5010 شۇ سۆزگە توختىتىپ ھەر ئىككىلىسى،
خۇشال چىقتى ئۆگدۈلمىش، كۈلۈپ چېھرىسى.

*　　*

5011 قوشۇمچە قىلىپ ئۇ، دېدى: ئەي قاياش،
يېنىپ ئالما سۆزدىن يەنە، قەلبداش.

5012 قۇياش ئولتۇرۇپ يۈز يوشۇرغان زامان،
كۆمۈردەك قارا تۈس ئالغاندا جاھان،

5013 سېنى ئۆيدە كۈتەرمەن، كەلگىن ماڭا،
نە لازىم بولسا مەن ھازىرلاي ساڭا.

*　　*

5014 ئېتىن مىندى، كەتتى ئەلىگكە قاراپ،
چۈشۈپ ئاتتىن، كىردى ئۇ رۇخسەت سوراپ.

5015 ئەلىگكە دېدى ئۇ، بۇ ئۇققان سۆزىن،
سۆيۈندى ئەلىگ، ئاچتى قاشىن - كۆزىن.

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

5016 دېدى: ياخشى بولدى، بۇ بىر ئىش بارى،
سۆزۈڭدەك راست ئولسا گەر ئېيتقانلىرى.

5017 ئەلىگ ئېيتتى يەنە: ئۇ قاچان كېلۇر؟
ئەي ئالىم، قەيەردە كۆرۈشسەك بولۇر؟

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

5018 ئۆگدۈلمىش ئېيتتىكى: باشلانغاندا تۈن،
يورۇق دۇنيا مەڭزى قارايسا پۈتۈن.

5019 ئۇ كەلمەكچى بولدى ئۆيۈمگە ـــ ماڭا،
قاچان كەل دېسەڭ سەن، كېلۇر ئۇ ساڭا.

### ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5020 ئەلىگ ئېيتتى: ئەمگەپ يۈگۈردۈڭ تولا،
بۇ ئەمگەككە ئەجرىڭ تەڭ بەرسۇن خۇدا.

5021 مېنىڭ دەرد ـ غېمىمگە داۋا شۇ ئىدى،
بۇ كۆڭلۈمنى ئەمدى خۇشال ئەيلىدى.

5022 كۆزەت ئۆيدە، كەلسە سەن ئاڭلات ماڭا،
مېنىڭدىن قىچقىرغۇچى بارغاي ساڭا.

5023 قاياشىڭنى ئېلىپ ماڭا كەل تۇرۇپ،
زىيارەت قىلايىن يۈزىنى كۆرۈپ.

5024 بۇڭا ئوخشار ئەمدى بىر ئالىم سۆزى،
نېمە دەر ئىشىتكىن، بۇ سۆزنىڭ ئۆزى:

5025 كىشى كۆڭلى دائىم بىر ئارزۇ تىلەر،
ئاۋۇنغاي ئۇنىڭغا ئېرىشكەن قەدەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

5026 ئېرىشسە بۇ ئارزۇ ـ تىلەككە تولۇق،
كۆڭۈلدىن چىقىرۇر، سۆزىنى ئۇزەر.

5027 ئۆگدۈلمىش چىقتى «باش ئۇستىگە» دېبان،
كېلىپ ئۆيگە تۆشەك سالدۇردى شۇ ئان.

5028 يۈزىنى يوشۇردى پېتىپ يەرگە كۈن،
قارايتىپ، تۇمان تولدى دۇنيا پۈتۈن.

5029 جاھان تۈل تونىن كىيدى قاپىقىن تۇرۇپ،
قارايدى كۆك، شەيتان يۈزىدەك ئۆڭۈپ.

5030 تىنىپ مىدىرغانلار، يۇمۇلدى كۆزى،
كېسىلدى شەپە ـ ئۈن، تىرىكلەر سۆزى.

## ئالتمىش توققۇزىنچى باب

### ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىش بىلەن كەلگەنلىكى بايانىدا

5031 تۇرۇپ كەلدى ئودغۇرمىش ئاستاغىنا،
كۈتۈپ ئالدى ئۆگدۈلمىش ئۇنى مانا.

5032 سالاملاشتىلار قول ئېلىشىپ شۇ ئان،
كىرىشتى ئۆيگە بۇ ئىككى پاك ئىنسان.

5033 غىزا ـ چاي بېرىپ ئوبدان يېگۈزدى كۈتۈپ،
ئەۋەتتى ئەلىگكە كىشى، ئۇقتۇرۇپ.

5034 ئىشىتكەچ ئەلىگمۇ ياندۇرۇپ جاۋاب،
قىچقارتتى ئۇلارنى يېقىنلىق ئۇلاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## يەتمىشىنچى باب

## كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىش بىلەن كۆرۈشكەنلىكى بايانىدا

5035 ئىككىيلەن تۇرۇپ باردى ئەلىگ تامان،
كۆرۈپ قارشى ئالدى ئەلىگ شۇ زامان.

5036 سالام قىلدى ئەلىگ ئەڭ ئاۋۋال كۆرۈپ،
ئىلىك ئالدى زاھىت سالامنى تۇرۇپ.

5037 ئەلىگ قول ئېلىشتى بۇ زاھىت بىلە،
ھال ـ ئەھۋال سورىدى، سۆيۈنۈپ كۈلە.

5038 ئورۇن بەردى بەكمۇ ئۆزىگە يېقىن،
كۆرسەتتى قەدرىلەپ كۆيۈمچانلىقىن.

5039 دېدى: سەن ئودغۇرمىش كۆپ جاپا چېكىپ،
قىينالدىڭ پىيادە بۇ يەرگە كېلىپ.

### ئودغۇرمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

5040 جاۋابەن ئودغۇرمىش ئېيتتىكى: كۆزۈم
سېنى كۆرگەچ، ئۇنۇتتۇم جاپانى ئۆزۈم.

5041 ئۆزۈم ئارزۇلاپ كەلدىم ئەمدى ساڭا،
نېچۈك يەتكەي ئەمگەك ئەي ئەلىگ ماڭا؟

5042 كىشى ئۆز تىلىكىچە يورسە بېرىپ،
يېتەر ئارزۇغا تېز، قالماس ھېرىپ.

5043 نېمە دەر ئىشتىكىن بۆكە[204] يابغۇسى،
جاھانغا يېيىلغان ئەقىل داڭقىسى:

5044 يىراق يەر يېقىندۇر، دىل قىلسا ئارزۇ،
تىلەككە يېتەر ئەر ئېنىق تېزلا ئۇ.

5045 كىشى ماڭسا يولغا خالاپ، ئارزۇلاپ،
يېتەر تېز ئۇمىدكە يېقىنلىق ئۇلاپ.

5046 كۆڭۈل تارتمىغان يەرگە قويسا ئاياغ،
يېقىن بولسا يەر قانچە، بولغاي يىراق.

5047 يا ياق ماڭسا يولنى ئۇ، مېھنەت چېكەر،
دىل تارتىپ ماڭسا يول ئۇ، مېھنەت كېتەر.

5048 كۆڭۈل بىرلە كەلدىم، ئەي ئەلىگ، ساڭا،
نېچۇن زەخمەت چېكەي، نەزەر سال مۇڭا.

5049 كۆڭۈل كىمنى سۆيسە، تىلىسە، قارا،
يىراق بولسا قانچە يېقىندۇر ئارا.

## ئەلىگنىڭ ئۇدغۇرمىشقا جاۋابى

5050 ئەلىگ ئېيتتى: سۆزلەشتىن ئاۋۋال ساڭا
ئېيتار بىر سۆزۈم بار، جاۋاب بەر ماڭا.

5051 سەن ئەمدى كۆڭۈل بىرلە كەلدىڭ ماڭا،
ۋە لېكىن بۇ قانداق ئىش بولدى توڭا؟

5052 بىلۇرسەن، سالام پەزلى بەك چوڭدۇر ئول،
كىم ئاۋۋال سالام بەرسە ئاچتى بۇ يول.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



5053 مېنى كۆرگىنىڭدە سالام قىلمىدىڭ،
بۇ پەرزل ساۋابىن نېچۈن كۈتمىدىڭ؟

### ئودغۇرمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

5054 جاۋابەن ئودغۇرمىش ئېيتتىكى: سالام
بىلىپ قىلمىدىم، مەن باشتا ئېھتىرام.

5055 سالامدۇر كىشىگە ئېسەنلىك يولى،
سالاملە قويۇلۇر ئېسەنلىك ئۇلى.

5056 سالامدۇر كىشىگە ئەمىنلىك ـ ئامان،
قىلىنسا سالام، ساق بولۇر ئۇشبۇ جان.

5057 مۇڭا ئوخشىشىپ كەلدى ئەمدى بۇ سۆز،
ئىشىتكىن مۇنى سەن، ئەي كۆڭلى تۈز:

5058 ئامان بەردى ئەلگە سالام بەرگۈچى،
سالامەت بولۇر ئۇ ئىلىك ئالغۇچى.

5059 سالام ساقلار ئامان كىشى شەررىدىن[205]،
سالامەتلىك ئالدى جاۋاب قىلغۇچى.

5060 كىچىككە ئۇلۇغدىن كېرەكتۇر سالام،
شۇ بىرلە جىمى ئىش بولۇرلار تامام.

5061 كىچىك تۇتسا، قىلسا ئۇلۇغلار سۆزى،
سالامەت ياشاپ ھەم قۇتۇلغاي ئۆزى.

5062 كىچىك بولسۇن ئەمىن ئۇلۇغ شەررىدىن،
سالامەتلىك تېپىپ ئۇنىڭ خەيرىدىن.

5063 مېنىڭدىن ئەلىگكە تېگەر شەر قاچان،
كىچىكمەن، كىچىكتىن تېگەر نە زىيان؟

5064 ئەلىگ قولى بارچە خەلققە ئۆزۈن،
نە قىلسا قىلۇر، گەر ئۇ تۇرسە يۈزىن.

5065 نەزەر سال، ئەي ئىلمى كەڭ ئالىم، ئاۋام ـ
بەگلەرگە شۇنىڭ ئۈچۈن قىلمايدۇ سالام.

5066 مېنى سەن ئەڭ ئاۋۋال خىزمەتكە چىللاپ،
يېنىڭغا قىچقىردىڭ تولا ئارزۇلاپ.

5067 قوبۇل قىلمىدىم مەن، سۆزۈڭ تۇتمىدىم،
بۇ ئالدامچى دۇنياغا مەن يۇتمىدىم.

5068 ئۇنى قويدۇڭ ئەمدى، زىيارەت ئۈچۈن
قىچقىردىڭ مېنى، كەلدىم ئەمدى بۇ تۈن.

5069 يەنە ئەيمىنەتتىم كېلىشتىن ساڭا،
سالىمىڭ ئامان بەردى ئەمدى ماڭا.

5070 يەنە باشتىكى سۆزگە يانغايمۇ دەپ،
ھۇنۇز قورقار ئىدىم شۇڭا ۋەھىمە يەپ.

5071 تولۇق پۈتتۈم ئەمدى ھەقىقىي ساڭا،
سېنىڭدىن تېگۇر خوپ نېسىۋە ماڭا.

## ئەلىگنىڭ ئۆدغۇرمىشقا جاۋابى

5072 ئەلىگ ئېيتتى: بەگكە بولۇر بەك يامان
يېنىپ ئالسا دېگەن سۆزىدىن قاچان.

5073 بولالماس بەھرىمەن ھېچ چوڭلۇقىدىن،
بىنىپ ئالسا ئۆزى ئېيتقان سۆزىدىن.

5074 جاھانغا ئەلىگ بولمىسۇن ئول كىشى،
سۆزى بولسا يالغان، غەزەپلىك ئىشى.

5075 نېچۈك بەگ بولۇر ئول خەلققە ئۇلۇغ،
سۆزى بولسا يالغان، قولى، كۆر، قۇرۇق؟

5076 بۇنىڭدىنمۇ خوپراق بىلىم سۆزلىمىش،
بىنىپ ئالسا سۆزدىن، قاچار بەخت، دېمىش.

5077 كىشىنىڭ يامىنىدۇر ئېيتسا يالغان،
قىلىپ ۋەدە يانغان يامانىدىن يامان.

5078 تولا ياخشى دەپتۇ دۇرۇس سۆزلۈك ئەر،
دۇرۇس سۆزلۈك ئەرگە خۇدا بەرسۇن ئەجىر:

5079 بەگ راست سۆز بولغۇلۇق ۋە تانماس كېرەك،
سۆزىدە تۇرماسنى ئەر دېمەس كېرەك.

5080 بىر ئېيتقان سۆزىدىن يانمايدۇ ئەرەن،
سۆزىدىن يانغۇچى خوتۇندۇر، دېمەك.

## ئۆدغۇرمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

5081 جاۋاب بېرىپ ئۆدغۇرمىش، ئېيتتى: ئەلىگ
بۇ ياخشى قىلىقلارغا يەتكۈزدى ئېلىگ.

5082 ساڭا بەرسۇن خۇدا يەنە ھەم ئۇشۇق،
بۇ ياخشى قىلىقلار ۋە بۇ ياخشى خۇلق.

5083 بۇ بەگلەر خەلقىنىڭ خىلىدۇر ئۆزى،
ئۆزىدەك خىل ئۇلغاي خۇلق ھەم سۆزى.

5084 بىرىپ تەلىم بىر ئالىم شۇنداق ئېيتۇر:
بېگى ياخشى، ئادىل بولسا، خەلق بېيۇر.

5085 نېمە دەر، ئىشىتكىن، بىر ئاق چاچلىق ئەر،
جاھاننى كەچۈرگەن ئۇزۇن ياشلىق ئەر:

5086 قىل ياخشى خۇلقۇڭنى، جاھان تۇتقۇچى،
بۇ بەخت كەلگۈچى ۋە ھەم كەتكۈچى.

5087 قىلىپ ئىجتىھات سەن، قازان ياخشى ئات،
ۋاپا قىلمىغاي بەخت، كۆرۈر سىنى يات.

5088 ئەي قۇدرەت ساھىبى، قىلما يامانلىق،
قىلىق ـ سۆزدە ياخشى بولغىن داۋاملىق.

5089 يۇز ئۆرەر ئۇلۇغلۇق، بۇ بەگلىك ساڭا،
پەقەت ياخشىلىق ئۆرۈمەس يۇز، توڭا.

5090 بۇ كۈن خەلق يۈكىن يۇد، قىل ئەزگۇ ھامان،
كېلۇر ياخشىلىق تاڭلا، ئۆتكەچ زامان.

5091 بۇراندەك كېچەر بۇ تىرىكلىك كۈنى،
ئىشەنچىسىز ئېرۇر بەخت، تاشلار ئۇ سىنى.

### ئەلىكنىڭ ئۆدغۇرمىشقا جاۋابى

5092 ئەلىگ ئېيتتى: ئەي ئىلمى چوڭ ئۇق بۇنى،
تىلىكىم شۇ، ئاچ ياخشىلىق يولىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



5093 سىنى مۆنچە قاتتىق تۆرۆپ ئىستىدىم،
ئەي كۆڭلۈم توقى، شۆ ئىدى مەقسىتىم.

5094 مەگەر ئەزگۆلۆككە ئىرىشمەك ئۆچۆن،
ماڭا ئەيلە پەندۆ ـ نەسىھەت پۆتۆن.

5095 چۆرەمدە كىشى كۆپ، گىلىندۆر غىمى،
دۆرۆس، چىن، كۆيۆمچان يوقتۆر، ئەي سىخىي.

5096 يىتەر بەگلەر جىمى مەقسەت ـ تىلەككە،
يىتەلمەس كۆڭۆلگە ئەرزەر يۆلەككە.

5097 بۆ دەرگاھتا بىر توپ كىشىلەر يۆرەر،
ۋە لىكىن يارامىلىق ماڭا يوق بىرەر.

5098 مۆڭا ئوخشاپ كىلەر بۆ بىيىت، ئەي سىخىي،
ئوقۆيچۆ دىسەڭ سەن مۆشۆنى ئوقى:

5099 تولىدۆر كىشى دەپ يۆرۆرچى سانى،
كىشىگە يارامىلىق دىسەڭ، ئۆ قىنى؟

5100 قىلۆر بىر كىشى مىڭ كىشىنىڭ ئىشىن،
تولا مىڭ يىغىلسا قىلالماس ئۆنى.

*             *

5101 دىدى: ئەي ئودغۆرمىش، بۆ ئەلىگ يانا،
يىغىلمىش خۆدا پەزلى سەندە مانا.

5102 ئىتىڭغا يارىشا خۆلقۆڭمۆ پۆتۆن،
تىلەك، بەختىڭنى ھەق تولۆق ئەيلىسۆن.

5103 خۇدا بەرگىنىدىن ماڭا بەر ئۇلۇگ،
تىرىلسۇن كۆڭۈل، نەپس بولسۇن ئۆلۈك.

## ئۇدغۇرمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

5104 جاۋاب بەردى ئۇدغۇرمىش، ئېيتتى: ئەي بەگ،
تېشىمنى كۆرەرسەن، ئۇ ماختىغۇدەك.

5105 ئەي قۇدرەت ساھىبى كۆرسەڭ ئىچىمنى،
بۇ كۇن لەنەت ئوقۇپ، قوغلايتتىڭ مېنى.

5106 تاقالدى ماڭا بۇ زاھىتلىق ئېتى،
ماڭا بولدى بۇ ئات تائەت ئاپىتى.

5107 مېنى يوق قىلۇرچى شۇ ئاتىم ئېرۇر،
شۇ ئاتىم ئۇچۇن نەپس ماڭا بەگ بولۇر.

5108 بېزىدىم كىشىلەر كۆرەرگە دۇكان،
ئۇنىڭدا تىجارەت، پايدا يوق ھامان.

5109 ئەلىگ سەن قارىما كىشى تېشىغا،
ئىچىگە قارا ھەم مەخپىي ئىشىغا.

5110 قوغۇنىڭ تېشى ياكى رەڭگى – يۈزى،
ھىدى، مەغزى كۆركەم نە چاغلىق ئۆزى.

5111 بىتەم بولسا لېكىن ئىچىدىن قوغۇن،
ئۇنى تاشلاش كېرەك، ئەي چاققان سوغۇن[206].

5112 نېمە دەر ئىشىت ئەمدى كۆڭلى ئويغاق:
بېزەپ ئىچنى، تېشىڭغا بەرمە بوياق.

www.uyghurkitap.com



5113 پۈتۈن نەرسە ئۈستۈنلۈكى ئىچىدە بولۇر،
ئىچى بولمىسا، تاش يارامسىز قالۇر.

## ئەلگىنىڭ ئۇدغۇرمىشقا جاۋابى

5114 جاۋاب بېرىپ ئەلىگ دېدى: ئەي سۆزۈك،
ئىچىڭمۇ تېشىڭ بىرلە بىردەك تۈزۈك.

5115 يېتىكلەتتىڭ يۈكۈڭ، دۇنيانى قويۇپ،
ئىلىندىم مەن ئەمدى ئېغىر يۈك يۈدۈپ.

5116 بۇ دۇنيا ئىشى قىلدى مەشغۇل مېنى،
تائەت قىلغىلى ھەققە ۋاقتىم قېنى؟

5117 ماڭا بەر نەسىھەت، ئۆزۈمنى تۈتاي،
قۇتاتسۇن سۆزۈڭ چىن، ئۆزۈم ساپ بولاي.

## ئۇدغۇرمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

5118 ئايا بەگ، دەپ جاۋاب قىلدى ئۇدغۇرمىش،
پۈتۈن ياخشىلىققا ياخشىلىقلە يېتىش.

5119 خۇدا قۇللىرى ئىچرە مەندەك يامان،
ئەي ئىلمى دېگىنىز، يوق ئېرۇر ھېچقاچان.

5120 مېنىڭدىن ياماتراق خۇدا قۇلىتى،
ئەگەر ئىزدىسەڭ سەن، تاپارسەن مېنى.

5121 مېنىڭ سۆزلىرىم پايدا قىلغاي نېچۈك؟
ئۆگۈتۈم ساڭا نەپ قىلارمۇ تۈزۈك؟

5122 شۇڭا مەن ئىگەمدىن ئۈمىد ئۈزمىدىم،
ئەپۇ ئەيلەر گۇناھىم شۇ بىرلا ئىزىم.

5123 نە دەيدۇ ئىشىتكىن، گۇناھكار قۇلى،
گۇناھىن تىلەپ ئۆزرە ئېيتىپ تىلى:

5124 گۇناھكار، جاپاكار، قۇلۇڭمەن نادان،
قارالسا گۇناھلىق ئۆزۈم مەن ھامان.

5125 سېنىڭدىن بۆلەك يوق سىغىنار ئىگەم،
گۇناھىم كەچۈر سەن، يۆلە بەخت تامان.

## ئەلىگنىڭ ئۇدغۇرمىشقا جاۋابى

5126 جاۋابەن دېدىكىم ئەلىگ: ئەي ئويغاق،
بۇ خۇلقۇڭ ساڭا بەردى ئەزگۈ بوياق.

5127 ئۆزۈڭنى يامانراق بىلەرسىڭ ئۈچۈن،
خەلق ئىچرە ياخشى ئېرۈرسەن بۇ كۈن.

5128 كۆڭۈل، تىل ئېرىتتىڭ، ئېرىدىڭ ئۆزۈڭ،
ئۈگۈت بەر، ماڭا نەپئى قىلسۇن سۆزۈڭ.

5129 ئەي ياخشى قىلىقلىق، پۈتۈن ئىشى چىن،
ماڭا بىر نەسىھەت شەپقەت ئەيلىگىن.

5130 خۇدا ياخشىلىقلارنى بەردى ساڭا،
ئەي نامدار، ئاچ ياخشى يولنىمۇ ماڭا.

5131 ئەي ياخشى كىشى، كەل، ئۈگۈتلە مېنى،
خۇدا ئەجىر بەرسۇن قىيامەت كۈنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com



5132 جاۋابەن ئۇدغۇرمىش ئېيتتى ئەلىگكە:
يېتىشتۇرسۇن سېنى ھەق ھەر تىلەككە.

5133 بۇ مەشئۇم، ئىچى بوش، ئۆتەرچى جاھان،
قېرىتتى قانچە بەگنى، ئۆزى نەۋ جۇۋان.

5134 سېنىڭدەك قانچە بەگنى ئۇ ئۆتتى سۆيۈپ،
ساڭا بولدى تەييار، كېتەر تېز قويۇپ.

5135 ئۇنىڭغا ھەقىقىي كۆڭۈل بەرمىگىن،
ۋاپا ئەيلىمەيدۇ ھەقىقىي، چېكىن.

5136 مېنىڭدىن ئۇگۈت ساڭا لازىم ئەمەس،
ئەي ئىنسان، پەلەكنىڭ ئىبرىتى، بەس.

5137 سېنىڭدىن بۇرۇنقى جاھان تۇتقۇچى،
قېنى، نەگە كەتتى، قېنى ئۇ كۈچى!

5138 ئۇلار نەگە كەتتى قاراپ ئويلىغىن،
سېنىڭمۇ كېتىشكە كۆڭۈلدۈر يېقىن.

5139 ساڭا تەگدى ئەمدى بۇ بەگلىك ئورۇن،
تەييارلان ئىشىڭغا، ئۇ تۇرماس ئۇزۇن.

5140 ئۇلارغا نېمە پايدا قىلغانىكەن،
شۇنى قىل، لەززىتىن تاڭلا كۆرەرسەن.

5141 ئۆكۈندى ئۆلەردە ئۇلار نېمىدىن،
تىلەپ ياخشىلىق سەن، يىراق تۇر ئۇندىن.

5142 بىلىملىك ھېكىم ياخشى ئېيتىپتۇ بەك،
بىلىملىك سۆزىدۇر ياقۇت، ئۇنچىدەك:

5143 ئۆلگەننى كۆرگەنمۇ ھېچ قالماس تىرىك،
ئۆلۈمگە تەييار تۇر، بولما خۇلقى يىرىك.

5144 ئۆلۈمنى بىلىپ سەن يۈرگەن، ئەي غاپىل،
تۇگەر بۇ ھايات، ئۆز ئىسىۋەڭنى بىل.

5145 غاپىللىقتا يۈرگەن ئەي ئىستەك قۇلى،
ھۇجۇم قىلمىسۇن ئۇ، كېلۇر ئالغىلى.

5146 قاراپ كۆر كەچۈرگەن كۈنۈڭنى بۇ كۈن،
ئەقىل بىرلە ئويلا، چۈش بولدى بۇ تۈن.

5147 ئەگەر قىلغان ئۇلساڭ ئۆزۈڭ ئەزگۈلۈك،
ئۆزۈڭگە تاپارسەن ئەجىر مەڭگۈلۈك.

5148 زايە قىلغان ئۇلساڭ ئۆمۈرنى ئەگەر،
تۈنۈ ـ كۈن پۇشايمانلە بول ئاھ چېكەر.

5149 تېپىلماس داۋاملىق ھايات ئارزۇلاپ،
يىگىتلىك كۈچىمۇ يانماس قايتىلاپ.

5150 زايە قىلما بۇ بار كۈنۈڭنى، قارا،
ئۆلۈمگە ھازىرلان، تائەتكە ئالدىرا.

www.uyghurkitap.com



5151 ئەي ئەلىگ قاراپ كۆر سىنىڭدىن بۇرۇن،
ئاتاڭ بەگ ئىدى ئەلدە كۆچلۈك پۈتۈن.

5152 خەزىنە، ھەشەم[207] لەشكىرى بار ئىدى،
تىلىكىن تېپىپ قانچە ۋاق ياشىدى.

5153 ئۆلۈم تۇتتى ئاخىر، ئەپكەتتى ئۇنى،
ئاڭا قىلمىدى پايدا چوڭلۇق ئۇنى[208] .

1554 ئاتاڭ ئۆلدى، كەتتى، ساڭا بەردى پەند،
ئاتا پەندى تۇتساڭ، بولۇر شېكەر ـ قەنت.

5155 بۇڭا ئوخشار ئەمدى، ئىشىت، ئۇشبۇ سۆز،
يېتەر پايدا ئۇندىن، بولۇر ساڭا كۆز:

5156 ئۆلەر چاغدا ئاتاڭ ۋە بەلكى شۇ ئان
دېگەندۇر: كۆر ئوغلۇم، بول ئويغاق ھامان.

5157 ئۆلۈم تۇتتى، كەتتىم، كېلەر ساڭىمۇ،
تىرىشقىن، كېيىن سەن ياخشى نام قازان.

5158 ئاتىنىڭ، ئانىنىڭ ئۆلۈمى تولۇق،
ئوغۇل ـ قىزغا پەندىدۇر، بۇنى ياخشى ئۇق.

5159 ئاتاڭنى، ئاناڭنى ئۆلۈم قويمىدى،
ۋاقىت كەلسە سېنى ھەم قويارمىدى.

5160 جاپا قىلدى دۇنيا ئۆلارغا تېتىپ،
ۋاپا قىلغايمۇ ساڭا، قىلىق ئۆزگەرتىپ.

5161 ئەزىز تۇت ھاياتنى، كېرەك ئىشقا سال،
قىلىپ ئەلگە ئېھسان، ساۋابىنى ئال.

5162 ئۆتەر كۈندىن ئالغىن كېرەكلىكنى،
تەييارلان، زامان ھەم تۈگىتەر سېنى.

5163 ئۆزۈڭ يۈدتۈڭ مۇنچە خەلق يۈكلىرى،
تۇر ئويغاق، غاپىل بولما، ھوشيار يۈرى.

5164 تولا ئاچ بۆرىلەر يىغىلدى ساڭا،
كۆزەت قويىنى بەك، ئەي ھۆكۈمدار توڭا.

5165 كېچىسى ئېلىڭدە بىرى قالسا ئاچ،
سورار تەڭرى سەندىن ئۇنى، كۆزنى ئاچ.

5166 چىراغدەك يانۇرسەن، ئەي ئەلىگ، بۇ كۈن،
ئەي پاك قەلب، يورۇقى بۆلەكلەر ئۈچۈن.

5167 تۈگىسە ھاياتىڭ يېتىلسە يېشىڭ،
نېمە پايدا بىرەر سېنىڭ ئۇ كىشىڭ؟

5168 ئۆزۈڭ ئۇتقا ئاتما كىشىلەرنى دەپ،
كۆيدۈرمە ئۆزۈڭنى بىلىپ سەن كۈچەپ.

5169 ئۇلۇغلۇق، بۈيۈكلۈك بۇ بەگلىك تۈگەل،
قالۇر، بۇ ئۆلۈم ئىشىك ئاچقان مەھەل.

5170 دۇرۇس بول، دۇرۇسلۇق بىلەن ھۆكۈم قىل،
تۇرالايدۇ بەگلىك ئۇزۇن ئۆرە، بىل.

5171 بېرىپتۇ نە ياخشى بىلىم ـ ئىلمى زور،
ئۇنىڭغا ئەمەل قىل ۋە شۇ يولدا يۈر:

5172 چىڭىتماق تىلىسەڭ بۇ بەگلىك ئۆلىن،
ھۆكۈمدە چىڭ تۇتقىن ئادالەت يولىن.

www.uyghurkitap.com



5173 تاپاي مەن دېسەڭ ئۇ جاھاننى يانا،
ئادالەت يولىن تۇت، سۆزۈم بەس، مانا.

5174 ئەي «بەگمەن» دېگۈچى غۇرۇرلانمىغىن،
ۋاپاسىز ئېرۇر دۇنيا ـ دۆلەت، چېكىن.

5175 ئىشەنمە بۇ دۇنيا، بەخت بىۋاپا،
ئىشەنچسىز ئېرۇر، كۆر، ئۇ قىلماس ۋاپا.

5176 ئەي ئەلىگ بۇ قەسىر، بۇ ئوردا ـ ساراي،
ساڭا تەگكەن پەقەت بىر تۇرالغۇ جاي.

5177 سېنىڭدىن بۇرۇنلار چۈشۈپ ئۆتتىلەر،
تۇرالماي مەنزىلدە كۆچۈپ كەتتىلەر.

5178 ساڭا تەگدى ئەمدى بۇ ئوردا ـ ئورۇن،
ئەۋەتكىن كۆچۈڭنى ئۆزۈڭدىن بۇرۇن.

5179 بۇ كۈن مۇندا قىلما قەسىر ھەم ساراي،
سېنى ھەم قويمىغاي ئۆتكۈچى يىل ـ ئاي.

5180 ياتار جايىڭ ئېنىق بىلىنىپ تۇرار،
بىزە ياخشىلىقلە ئۇنى، نامدار.

5181 مېنىڭ دەپ بىلۇرسەن بۇ قەسرنى بۇ كۈن،
قارىساڭ، ھەقىقەت ئەمەس بۇ، چۈشۈن.

5182 ئىشىتكىن، نېمە دەيدۇ بۇ قەسىر ساڭا،
قارالسا، تازا راستنى دەر، ئەي توڭا:

5183 بۇنى ئېيتادۇرسەن مېنىڭ دەپ مېنىڭ،
نېچۈن دەيسەن ئۇنداق، نېچۈك ئۇ سېنىڭ؟

5184 سېنىڭدىن كېيىنكىلەر دەر ساڭا: «چىق!»
كىرمەكنى كۈتۈپ دەر: «مېنىڭدۇر مېنىڭ».

5185 ئەي دۇنيا بېگى، زىندان ئۇشبۇ جاھان،
بۇ زىندان ئۇ ئەندىشىسىز بولمىغان!

5186 بۇ زىنداندا ئارتۇق تىلىمە سۆيۈنچ،
سۆيۈنچ ئورنى جەننەت ئېرۇر ھەم ئاۋۇنچ.

5187 ئۆتەر بۇ ھۇزۇرنى ھۇزۇر بىلمىگىن،
ئۆتەر بۇ سۆيۈنچنى سۆيۈنچ دېمىگىن.

5188 سائادەت مۇشۇنداق، ئۇ تۇرماس، قاچار،
يىغىلغان مېلىڭنى پۇتۇنلەي چاچار.

5189 ئۇ دۇنيانى بىلگىن بىر مەڭگۈ ماكان،
يۈزۈڭنى ئاڭا قىل، قويۇپ بۇ جاھان.

5190 قويۇپ ئارزۇ، ھۇزۇر، تىلە مەڭگۈلۈك،
بۇ مەڭگۈ ھۇزۇرچۇن جاپا چەككۈلۈك.

5191 خۇدا پەزلىن چۈشەن، نەزەر سال، قارا،
نېچۈك ياخشىلىقلار قىلىندى ساڭا.

5192 سېنى خەلق ئۈزە ئۇ قىلدى ھۆكۈمران،
بېرىپ ئارزۇ، سۆزۈڭ ئۇ قىلدى راۋان.

5193 سېنىڭدەك ۋۇجۇدلۇق تەڭرى قۇللىرىن،
ساڭا قىلدى موھتاج، كۆرۈرسەن بارىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى



5194 ئەلىگ ئەي، شۈكۈر قىل بۇڭا سەن بۇ كۈن،
بول ياخشى قىلىقلىق خۇدا، خەلقچۈن.

5195 ئادالەت ئۈچۈن تىكتى تەڭرى سېنى،
ئادىل بول، ئادالەت بىلە تۈز، قېنى.

5196 پۈتۈن ئىشنى ئەقىل، ئىدراك بىلەن قىل،
ھاۋاغا بېرىلمە، تىرىك ساقلا دىل.

5197 پۈتۈن خەلق ئۈچۈن سەن بولۇپ مېھرىبان،
كىچىك ـ چوڭغا ئادىل ھۆكۈم قىل ھەر ئان.

5198 بۇزۇلسا خەلقنىڭ خۇيى ئۆزگىرىپ،
تۈتۈپ قاتتىق، تۈزەت ئۇنى تەكشۈرۈپ.

5199 تېمە دەر ئىشتىكىن، ئەي بىلىمى دېڭىز،
بىلىم بىرلە ئىشلەپ قىزارتقىن مەڭز:

5200 بۇ كۈن ياخشى بولسۇن دېسەڭ بارچىسى،
ئۆزۈڭ ياخشى بولغىن، ئەي ئەل كاتتىسى.

5201 دېسەڭ بۇلغىنىشلارنى بولسۇن سۈزۈك،
سۈزۈل سەن، كېيىن خەلقمۇ بولغاي تۈزۈك.

5202 بەگلەر ـــ باش، قاياققا ماڭسا ئەل بېشى،
ئاڭا ئەگىشۈرلەر بۇ بارچە كىشى.

5203 بۇزۇلسا خەلق، ئۇنى بۇ بەگلەر تۈزەر،
ئۇنى كىم تۈزەر بەگ بۇزۇلسا ئەگەر؟

5204 تۈزەپ ئۆز قىلىقىڭ، خۇيۇڭنى تۈزەت،
تۈزىلۇر خەلقىڭ، ئۆزۈڭ راھەت ئەت.

5205 يارامىلىق ئىشلارنى تىلىسە، ئۆزۈڭ،
يارامسىزنى تاشلا، كېسىلدى سۆزۈڭ.

5206 جاھىلغا قوشۇلما، پاساتتىن يىراق[209]،
بۇ ئىككى قىلىقتىن بولۇر ئەر قارا.

5207 يارامسىز ياۋۇز نەڭ يۇرمە ئىزدىنىپ،
يارامسىزلىق قىلما، سۆز ئېيتتىم كېسىپ.

5208 ھۇزۇرغا بېرىلمە، ھاراق ئىچمىگىل،
كېچىكسىز دېگىزدۇر بۇ ئىككىسى، بىل.

5209 قىلىقىڭ توغرى تۇت، خۇلقۇڭنى سىلىق،
ئەقىل يولداش ئولسۇن، كېڭەشچىڭ بىلىك.

5210 پەزىلەتنى زور قىل، دۇرۇس تۇت كۆڭۈل،
ئۆزۈڭنى ئۇنتۇما، خاتا باسما يول.

5211 كۆڭۈلنى كىچىك تۇت، غۇرۇرلانمىغىل،
قوشۇن، خادىم كۆپ دەپ كىبىرلەنمىگىل.

5212 نى مەغرۇر، تەكەببۇر، جەسۇر ئەرلىنى،
ئۆلۈم تۇتتى تۇپراققا كۆمدى ئۇنى.

5213 يەنە ياخشى دەپتۇ بىر ئالىم بۇيۇك،
بىلىملىك سۆزىن تۇتسا بولۇر ئىش تۈزۈك:

5214 خەزىنەم تولا دەپ كۆرەڭلىمىگىل،
قوشۇن، خادىم كۆپ دەپ غۇرۇرلانمىغىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



5215 كۆچىگە ئىشىنىپ كۆكرەك كەرگۈچى،
قىلالمىدى چارە بىر پاشىغا[210]، بىل.

5216 غەزەپلەنمە ئىشتا، ئۆپكەڭ بېسىۋال،
غەزەپ كەلسە، گويا گاچا بولۇۋال.

5217 ئالدىراپ قىلما ئىش، مەگەر دىن ئىشى،
تاپالماس پايدىنى ئالدىراپ كىشى.

5218 قىلۇر چاغدا ئېھسان تولا ئالدىرا،
ئېغىر بول تاياقلاش، بېرىشتە جازا.

5210 هولۇقما سۆز ـ ھەرىكەتتە، بولما يېنىك،
ھېلىم دەپ ئاتىلۇر ھەربىر سەۋرلىك.

5220 سېخىي بول، خەلققە بېرىپ مال، يېگۈز،
بېخىل بولسا بەگلەر ئېتىنى بۇزۇر.

5221 يىرىك سۆزلىمە سەن، ئۆزنى چىڭ تۇتۇپ،
يىرىك سۆز قويۇر خەلق دىلىن توڭلىتىپ.

5222 سۆزۈڭ بولسۇن پۇتۇن كىشىگە چۈچۈك،
پېشانالڭ يورۇق تۇت، يۈزۈڭنى ئوچۇق.

5223 خىلى سەن خەلقىڭ، خۇلقۇڭنى ئۈز قىل،
تۈزىتىپ خۇيۇڭنى، رۇس قىل كۆڭۈل ـ تىل.

5224 ئاۋام ياخشى بولسا، ئۇنىڭ ئەزگۈسى
ئۆزۈڭگە بولۇر، ئەي خەلق بەلگۈسى.

5225 بۇ بەگلەر خۇيىنى ئۇز قىلسا ئەگەر،
ئېلى ياخشى بولۇپ، مىڭ ـ مىڭ سۆيۈنەر.

5226 يامان بولسا بەگلەر ھەرىكىتى، يەنە ـــ
يامانلار كۆپىيىپ، بۇزار ئەنئەنە.

5227 يامان بولما، نامىڭ يامان قىلمىغىل،
ياماننى قىسىپ تۇت، سەن يول قويمىغىل.

5228 يامانلىق زەھەردۇر، يېمە بۇ زەھەر،
زەھەرنى يەپ بولماس، تىرىكلىك كېتەر.

5229 ئەقىللىك كىم ئۇلسا، ئۇنى تۇت يېقىن،
بىلىملىك سۆزىن تۇت، ئادا قىل ھەققىن.

5230 پۈتۈن چىن، دۇرۇس، ياخشى نام كىشىلەر،
ئۆزۈڭگە يېقىن تۇت، ئۇڭا ئىشنى بەر.

5231 بۇ مەككار جاھاندا يوق ۋاپا، تۇراق،
غاپىل بولما، ساقلان، يولى بەك تايغاق.

5232 ياسىنىپ قىلىپ جىلۋە دىلنى ئالار،
كۆڭۈل بەرگىنىڭدە يۈز ئۆرۈپ قاچار.

5233 ئۆلۈمنى ئۇنتۇتما، چەكمە كۆپ ئارمان،
سېنى باسمىسۇن ئۇ، ئەي ساھىبقىران.

5234 ئۇخلىما بۇ غەپلەت ئىچرە، ئەي خاقان،
مەست بولما بۇ بەگلىككە، ئەي ئېسىل جان.

5235 بۇگۈنكى ھۇزۇرغا ئالدانمىغىن سەن،
قىيامەت ھۇزۇرىن تىلە زوق بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



5236 سۆيۈنچى ئۇزۇندۇر، ھۇزۇرى تولا،
مانا شۇ ھۇزۇرنى ھۇزۇر دەپ بولا.

5237 تىلىسەڭ ئەزگۈلۈك، راھەت، ئەزگۈ بول،
تولا نېمەت ئىچرە يۈرى، مەڭگۈ بول.

5238 نە دەيدۇ ئىشىتكىن بىلىم تاپقان ئەر،
بىلىم بىرلە ئەلدە ئەزىز بولغان ئەر:

5239 خۇدا بەرسە ئىززەتنى يوق غايىتى،
تولا رەھمىتىدە ئۆزۈڭ راھىتى.

5240 ئەگەر قاچساڭ ئۇندىن خارلىقىڭ ئېنىق،
بۇ خارلىققا كىمنىڭ يېتەر تاقىتى؟

5241 ئەلىگ سەن تېۋېپقا ئوخشارسەن بۇ كۈن،
ساڭا موھتاج ئېرۇر ئاغرىق ــ خەلق پۈتۈن.

5242 بىرى چەككەچ زۇلۇم، بەختى قارادۇر،
بىرى يوقلۇق غېمىدە يىنەۋادۇر.

5243 بىرى ئاچ، ئۇ بىرسى يالىڭاچ يۈرۈر،
بىرى قايغۇ ـ غەمدە پىغانلار چېكۈر.

5244 سېنىڭدە تۇرۇر، كۆر، بۇنىڭ دورىسى،
داۋالات بولۇپ سەن ھېكىم ـ ئۇستىسى.

5245 بېرىپ دورا ـ داۋاسىن قىلمىساڭ ئەگەر،
سېنىڭدىن بۇ خەلققە پالاكەت كېلەر.

5246 قىيامەتتە تەڭرى سېنىڭدىن سورار،
خالاسىڭ ئۈچۈن قىل جاۋابنى تەييار.

5247 تىرىكلىك كېتىپ تېز، بۇ بەگلىك قالار،
ساڭا لازىمى شۇ ياخشى ئات بولار.

5248 ئەلىگ، بۇ جاھان بىر تېرىلغۇ ئېرۇر،
نېمە تەرسە، قولۇڭ شۇنىلا ئالۇر.

5249 يۇرى، ياخشىلىق قىل، تېرى ئەزگۈلۈك،
ساڭا ياخشى بولغاي ھامان مەڭگۈلۈك.

5250 نېمە دەيدۇ ئاڭلا، ئالىم ئەلچى بەگ،
بۇ بەگلىك ئىشىنى بىلۇر يولچى بەگ:

5251 خەلق چوڭى بولغان ئەي بەگ، كىچىك دىل
شىرىن سۆز بولۇشنى ئۆزگە بەدەل قىل.

5252 ئەي باش بولغۇچى، قولى ئۈستۈن كىشى،
ئەڭ ئاۋۋال بىلىم بىرلە قىل ھەر ئىشى.

5253 بىلىم بىرلە ئىشلە پۈتۈن تۇرلۇك ئىش،
پۈتۈنلەي ئىلىمدىن كېلۇر كۆركلۈك ئىش.

5254 كېتەر كەلمەيدىغان بولۇپ بۇ جاھان،
ئۆزۈڭ ياخشىلىق قىل يوقالمايدىغان.

5255 قالۇر دۇنيا ئاخىر، تۇغۇلغان ئۆلۇر،
يامان ـ ياخشى بولسۇن بىر نامى قالۇر.

5256 يامانغا قوشۇلما، يامان كۆيدۈرۈر،
ئېتىڭ ياخشى بولسا، ياخشى ئىز قالۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



5257 ئەلىگ سەن بول ئويغاق، تىرىشقىن ھامان،
غەپلەتتە يۈرگەنگە تېگەدۇر زىيان.

5258 بۇ بەگلىك ئاساسى ئويغاقلىق ئېرۇر،
بۇ بىرلە ئۇ دۇنيا ھەم قولغا كېلۇر.

5259 غاپىل بولما، بولساڭ بۇ بەگلىك كېتەر،
ھەر ئىككى جاھاندا غاپىل ئاھ چېكەر.

5260 دۈشمەن قىلما ئۆزگە، يەنە تۆكمە قان،
بۇ ئىككى گۇناھتىن دادلار چىقسا جان.

5261 ئۆزىنى ھارامدىن كېرەك تۇسمىقى،
ھارام يېگۈچى ئورنى دوزاخ تېگى.

5262 جىمىكى كىشىگە سەن بول مېھرىبان،
ئازدۇرما يولىدىن، سەن ئۇرما زىيان.

5263 مەي ئىچمە، پاساتتىن يىراق قېچىپ تۇر،
بۇلار ئوردا، قەلئە، سارايىنى بۇزىدۇ.

5264 ئۆلۈمگە تۇغۇلۇر تۇغۇلغان كىشى،
قويۇر نامىدىن ئىز بۇ ئۆلگەن كىشى.

5265 تۆتامچە تىرىكلىك ئاخىر يوقىلار،
يامان ــ ياخشىدۇر، كۆر، بىر ئاتى قالار.

5266 ئاۋۇنچ بىرلە گوللايدۇ دۇنيا سېنى،
سېنى ئۇخلاتمىسۇن، تۇر، ئۇ غەپلەت كۈنى.

5267 بۇ غەپلەت كىشىنى ئۇخلاتقۇچىدۇر،
كىشىكىم گەر ئۇخلار ھەممە ئىش قالۇر.

5268 ئىدى ئالىمسا ئەرنى غەپلەت تۇتۇپ،
قىلاتتى ئىبادەت پەرىشتە بولۇپ.

5269 تولا ياخشى ئېيتقان ئالىم سۆزىنى،
ئەي كۆڭلى ئوچۇق، ئەمدى ئۇققىن بۇنى:

5270 غاپىللىق پۈتۈنلەي سۆيۈنچى تەرەپ[211]،
بۇ غەپلەتتە ئۇخلار كىشىلەر ئەجەب.

5271 غاپىل بولما، سېنى ئۇخلاتمىسۇن ئۇ،
بۇ غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ساقلا، يا رەب!

5272 ئىتتىك بولسۇن ئەلدە كۆزۈ ـ قۇلىقىڭ،
پۈتۈن خەلققە يەتسۇن كۆيۈمچانلىقىڭ.

5273 بولۇر ئاخىر ساڭا خۇدادىن سوراق،
گۇناھكارغا خۇدا سورىقى تۇزاق.

5274 دىققەت قىل، نېمە دەر تەقۋادار كىشى،
تەقۋادار سۆزىن تۇتسا تۈزىلەر ئىشى:

5275 ئەي بەختسىز بۇرگۇچى، خەلق ئۆكتەمى،
جاۋابنى تەييارلا، بار ھەق سورىقى.

5276 مەيلىچە يۈرگەن، ئەي گۇناھكار مەئيۇپ[212]،
سورار بىر كۈنى ھەق سوراقچى بولۇپ.

5277 ئەي ئۆمۈر ئۆتكۈزگەن يەپ ـ ئىچمەك بىلە،
ھېسابقا تەييارلان، چىقىش يول تىلە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



5278 سورىغۇچىدۇر ئۇ، خۇدا ھەممىنى،
قۇتۇلار يېرى بارمۇ قېچىپ قېنى؟!

5279 قىلىچ ھەم تاياق، ئەي ئەلىگ، سەندىدۇر،
بۇ قامچا، جازالار ياماnلارغىدۇر.

5280 ياماnلىقنى تاكى قويمىسا يامان،
كېمەيتمە جازانى، ئۇر قامچا ھامان.

5281 تۈزەلمەس ياماnلار تاياق يەپمۇ گەر،
ساقلانغىن ئۇلاردىن سەن مۇمكىنقەدەر.

5282 يامان بولسا ئەلىگ جاھاننى بۇزار،
توسۇرچى بولمىسا، يولىدىن ئازار.

5283 ئەزىزلەپ ياخشىنى بەرسەڭ ئېتىبار،
بولۇر خەلق پۈتۈن ياخشى، ئەي نامدار.

5284 ئويۇنغا ئاۋۇنما، كۆزەتكىن ئۆزۈڭ،
ھوزۇرغا سۆيۈنمە، قالدى ئاز كۈنۈڭ.

5285 ھۆكۈم قىل دۇرۇسلۇق بىلەن سەن دۇرۇس،
تۇرار بەگلىك ئۇرە قانۇن بىلەن رۇس.

5286 كۈچۈڭ يەتكىنىچە تىرىشقىن ئۆزۈڭ،
زايە كەتسە، ئۆزرە ئېيت خۇداغا ئۆزۈڭ.

5287 نېمە دەر ئاڭلا، خەلققە باش بولغۇچى،
قانۇن بىرلە ئەلدە شۆھرەت تاپقۇچى:

5288 ئايا بەگ، تىرىشقىن كۆچۈڭ يەتكۈچە،
قانۇننى خەلققە يەتكۈز ئوڭىچە.

5289 قۇسۇرۇڭ كۆرۈلسە، ئېيت ئۆزرەڭنى سەن،
تىلىڭ بىرلە تەۋبە قىل كۈندۈز ـ كېچە.

5290 تولا يىغما ئالتۇن ـ كۈمۈش خەزىنىنى،
نېمە بولسا بەرگىن ئۈلەشتۈر ئۈنى.

5291 ئۆلۈم تۇتسا قالغاي سېنىڭدىن بۇ مال،
يامانلىققا قىلۇر ئوغۇل ـ قىز قورال.

5292 تىرىكلىكتىن ئاۋۋال ئەۋەت مالنى سەن،
ھېسابتىن قۇتۇلۇپ ساۋاب ئالىسەن.

5293 تولا ياخشى ئېيتمىش خەلقلەر بېگى،
خەلق ئىچرە ياخشى ۋە ئەل بۈيۈكى:

5294 خەزىنە توپلىغان، ئەي دۇنيا بېگى،
ئۆزۈڭدىن كېيىن سەن قويمىغىن ئۇنى.

5295 ھۇزۇرى باشقىغا، ھېسابى ساڭا
بولۇر، ئەي مويسىپىت، تارتما دەردىنى.

5296 ئايا خەلق ئىچرە باي بولغان خىل ئەرەن،
ساۋاب تاپ مېلىڭنى تارقىتىش بىلەن.

5297 ۋاپاسىز جاھانغا كۆڭۈل بەرمىگىن،
جاپا قىلغاي ئاخىر، بىنا قويمىغىن.

5298 ئەي، خەلقتىن ئاۋۋال بەگ بولغان، سەن بۇرۇن
تاشلا بۇ بەگلىكنى، راسلا بىر ئورۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

5299 ئەي ئاچ كۆز، تەمەخور، ئايا بېخىل ئەر،
ئۆلۈمدىن بۇرۇن مال ئۈلەشتۈرۈپ بەر.

5300 ئۆلۈم تۇتسا ئاخىر، پايدىسىز مىلىڭ،
قالۇر مال، ساڭا يوق لەززىتى ئۇنىڭ.

5301 ئەلىگ، ئاز يەپ ئىچ، كۆپ قىل ئىبادەت،
بولۇپ كەم سۆز، ئۆگەن بارچە پەزىلەت.

5302 يېقىر، تول، يېتىمنى قورۇقدا ئامان،
شۇ چاغدا بولۇر چىن قانۇن ئامايان.

5303 يېقىن تۇتما ئۇششاق گەپلىك سۇخەنچىن،
پىتنىخور بولسا قاچ، كەلتۈرمە يېقىن.

5304 مۇشۇنداق كىشى — كىشى زىيانلىقى،
زىيانلىق كىشىنى يېغى بىل، يېغى.

5305 كۆزى ئاچقا بەرمە ئورۇن، ئىقتىدار،
ئۇ شەكسىز، تۈزۈلگەن ئېلىڭنى بۇزار.

5306 دوزاختىن يىراقلاشقا تىرىشقىن ئۇدا،
هامان ياخشىلىق قىل، ساقلايدۇ خۇدا.

5307 بۇگۈنكى كۈنۈڭدىن ئەتىكى كۈنۈڭ
پۈتۈن ياخشى بولسۇن ئەتىكى تۈنۈڭ.

5308 بىر ئالىم، مۇلايىم بەك ياخشى ئېيتمىش،
قىلۇر هەر ئىشىڭنى يېزىپ سۆزلىمىش:

5309 قىيامەت — بۇ كۈننىڭ ھېسابات كۈنى،
دۇرۇسلۇق بىلەن يۇر، چۈشىنىپ ئۇنى.

5310 غاپىل بولما ئۇخلاپ، تۇرغىن سەن ئويغاق،
ئويغاق تۇت كۆزۈڭنى، ئۇنتۇ ئۇيقۇنى.

5311 بۇ دىن «دالى» دۇنيا «دالى» قارشىدۇر،
يېقىنلاشماس، يولى كېسىشمەس ئېرۇر.

5312 بۇ دىن دۇنيا بىرلە بىرىكمىكى تەس،
قاۋۇشماس ئىككىسى، بۇنى بىلسە، بەس.

5313 يېقىنلاشسا بىرى، ئۇ بىرسى تېزەر،
تەڭ تۇتسا ئىككىسىن كىشى يول ئازار.

5314 بۇ دۇنيانى بوران يا يامغۇر سانا،
گۈرۈلدەپ بىر ئاز ئۇ، توختار تېز يانا.

5315 بەخت كەلسە دەرگاھىڭ ئادەمگە تولۇر،
كۆڭۈل بەرسەڭ ئاڭا، بۆلەككە بېرۇر.

5316 بېيىدىم دېسەڭ سەن، بولۇرسەن پېقىر،
ئەزىزمەن دېسەڭ، خار قىلار يەر ئاخىر.

5317 جاھان توقلۇقى بارچە ئاچلىق ئېرۇر،
ھۇزۇرى، سۆيۈنچى قىيىنلىق ئېرۇر.

5318 ئەلىگ، قاتتىق ئۇرۇش ئۆز نەپسىڭ بىلەن،
تىلىكىنى بەرمە، زوقلاندۇرما سەن.

5319 ھەممىدىن يامانراق يېغى شۇ ئېرۇر،
قىلساڭ ياخشىلىق گەر، يامانلىق قىلۇر.

www.uyghurkitap.com



5320 ۋاپا قىلساڭ ئاڭا، ئۇ ئەيلەر جاپا،
جاپا قىلساڭ ئاڭا، ئۇ ئەيلەر ۋاپا.

5321 خار ئەتسەڭ بۇ نەپسنى، ئىززەت تاپۇر جان،
بىلىم بەگ بولۇپ، كۆر، ئەقىل بولۇر خان.

5322 بۇ نەپس بىر يىغىندۇر، جاھان بىر يىغى،
قۇرۇقلۇق بۇ ئىككى يىغى تۈزىقى.

5323 بۇ بەختكە سۆيۈنۈپ غۇرۇرلانمىغىن،
تىرىكلىككە ئارتۇق ئىشەنمە، چېكىن.

5324 بۈيۈكلۈك، ئۇلۇغلۇق ھامانە ئۆتەر،
بۇ دۆلەت ئوتىمۇ ھېچ قالماي ئۆچەر.

5325 ئىشتىكىن، ئۇ ئېسىل بۈيۈك نېمە دەر،
كۆيۈمچان سۆزىن تۇتسا پايدا تېگەر:

5326 بۇ بەگلىككە تولا مەغرۇر بولمىغىن،
ئۆزۈڭنى كۆزەت كۆپ، كىبىر قىلمىغىن.

5327 بۇ پەسكەش جاھاننى قوغلا، نېرى سۈر،
بېرۇر ھەق ئاندا تۇرلۇك نېمەت يېگىن.

5328 ئەلىگ بەك خىللا بۇ ئۈچ خىل كىشىنى،
كېيىن تاپشۇر ئاڭا قىلار ئىشىنى:

5329 بىرى قازى، بولسۇن ئۇ بەك پاك ئېرىغ،
ۋە تەقۋا بولسۇن ئۇ، خەلققە پايدىلىق:

5330 ئىككىنچىسى خەلپەت، تولۇق بولسۇن چىن،
تېپىپ خەلق بەختىنى، كۈن كۆرسۇن ئەمىن؛

5331 ئۈچىنچى ۋەزىر، بەك خىل ئولماق كېرەك،
نە تەگسە تېگۈر خەلققە بۇندىن، دېمەك.

5332 بۇ ئۈچ ئىشنىڭ ئولسا كىشىسى كۈنى،
تېپىپ خەلق پاراغەت، يورۇيدۇ كۈنى.

5333 تۈزىلىپ ئېلىڭ ھەم خەلق بېيىغاي،
ئۇ چاغدا ساڭا خوپ دۇئا يوللىغاي.

5334 بۇ ئۈچ ئىشتا بولسا يارامسىز كىشى،
يارامسىز بولۇر ھەممە خەلقنىڭ ئىشى.

5335 مۇڭا ئوخشىشىپ كەلدى ئەمدى سۆزۈم،
ئىشىتكىن بۇنى سەن گۈزەل يۈزلۈكۈم:

5336 ۋەزىردۇر ئۇ بەگنى يېتەكلىگۈچى،
خەلق، ساقچى، خىزمەتچىگە نىزام تۈزگۈچى.

5337 بۇرۇندۇقنى ۋەزىر گەر تارتسا تەتۈر،
بولۇر تەتۈر ھەممە دەپ مەن ئېيتقۇچى.

5338 بۇ دۇنيا يېيىقلىق گويا بىر داستىخان،
كىشىلەر يەر ئۇندىن نېمەتلەر ھامان.

5339 كى بىزدىن بۇرۇنقى ئەۋلاد كەلدىلەر،
ئۇنىڭدىن يېدى، تويدى، ئۆلۈپ كەتتىلەر.

5340 ياتۇر بىر توپ كۈتۈپ مەھشەرنى ھامان،
قىچقىرۇر، بارارمىز بىزمۇ بىگۇمان.

www.uyghurkitap.com



5341 تېخى بىر گۆرۈھتۇر قېرىندىكلەر،
كى بىزدىن كېيىن ئۇ داستانغا كېلەر.

5342 كېتىشنى كۆتەر ئەمدى بىزدىن بۇلار،
بېرىشنى كۆتەر، بوتام، بىزدىن ئۇلار.

5343 بۇ كۆن بىزگە تەگدى بۇ داستىخان يېمى،
بېرۇر قانچە كىيمەك ـ يېمەكلىك تېخى.

5344 چاقىرار ئۇ ئامان بىزنى ئۆلگەنلەر،
قوپ ـ كەت، دەپ قوغلايدۇ تۇغۇلمىغانلار.

5345 ئۇ بىرسى چاقىرار، ئۇ بىرسى قوغلار،
بۇ ئىككى ئارىدا كىم راھەت تاپار؟

5346 ئەلىگ بولما غاپىل، ئۆمىد سۈرمە كۆپ،
ئەي ئېسىل، بولۇنماس ئۈزۈن ۋاقىت تۇرۇپ.

5347 هارامغا قوشۇلما، ئەلىگ، ئۆزنى تۇت،
قارايتۇر كۆڭۈلنى هارام، بۇڭا پۇت.

5348 تەقۋادار بولايچۇ دېسەڭ نامدار،
هالال يە، هالالغىلا بول ھەسسىدار.

5349 نېمە دەيدۇ ئاڭلا، هالال يېگەن ئەر،
تەقۋالىق بېشىدۇر هالال دېگەن ئەر:

5350 هالال يېگەن ھەققە گۇناھ ئەيلىمەس،
هالال يە، ئۆزنى قىل ئاڭلا ئوزۇق، بەس.

5351 كىمنىڭكى كېلى، ئەگنى بولسا ئېرىغ،
ئېرىدۇ ئۈنىڭدىن گۇناھى ئېرىغ.

3552 ئېرىغلىق تىلىسەڭ، پاك تۇت گالنى بەك،
ئېرىغ بولسا بۇ گال، نەپئى دەريادەك.

5353 دېمە ئۆز نەپئىڭ سەن، ئەل نەپئىنى دە،
ئۆزۈڭ نەپئى ئەلنىڭ نەپئى ئىچىدە.

5354 نېمە دەر ئىشىتكىن، ئۇلۇغ كەنت بېگى،
پۈتۈن ئىشقا يەتكەن ئەقىل ـ ئىدرىكى:

5355 بەگدۇر بەخت، ئەلگە بەخت بەخش قىلماق كېرەك،
بەخت تاپسا ئەل قارنىن تويدۇرماق كېرەك.

5356 بۇ بەگلەر دېڭىزدۇر، تۆۋى ئۆتچىلىك،
دېڭىزغا يېقىنلار بېيىماق كېرەك.

5357 بۇ بەگلەر بىر تاغدۇر ئالتۇن ـ كۆمۈشلۈك،
كۆمۈش كان قازغۇچى بېيىپ كەتكۈلۈك.

5358 بۇ بەگ پايدىلىق ھەم سېخىي بولغۇلۇق،
جاھاننىڭ خەلقىنى ئۇ توق قىلغۇلۇق.

5359 قۇياشتەك مۇنەۋۋەر بول، ئەي ھېكىم بەگ،
سايەڭدە ئەل تاپسۇن كىيىم ھەم يېمەك.

5360 ئامانەت يۈكلىدى بويىنۇڭغا خۇدا،
سورايدۇ، ئۇنى سەن ساقلا، قىل ئادا.

5361 ئەلىگ ئەي، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ كۆر قاراپ،
توپلايسەن ئۆزۈڭگە مالنى مۇنچىلاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



5362 دېڭىزدىكى گۆھەر تۈگىمەس ساڭا،
تۈۋىدىكى ئۈنچە يېتىشمەس ساڭا.

5363 قوڭۇر يەر قېتىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈش،
تېرەرسەن، تىلىكىڭ خەزىنە قۇرۇش.

5364 بۇ تاغلار قېتىدا جاۋاھىر ـ گۆھەر،
قېزىپ يەتكۈزەلمەس ساڭا، ئەي پاك ئەر.

5365 قوڭۇر يەردە ئۈنگەن ئۇ دانلاركى، بار،
تېرىپ تولدۇرسەن ئۈنگىدىن ئامبار.

5366 ئۈچارلىق، يۈرەرلىك ھەم سۇدا بېلىق،
قۇتۇلماس سېنىڭدىن ئەي، مۇشكۇل قىلىق.

5367 يۇرەر كارۋان جاھاندا ئەللەر كېزىپ،
يىپەك، سەۋسەر، تىيىن ئالۇرسەن تېرىپ.

5368 قەسەپ[213]، توزى رۇمىي[214] ـــ جاھان تاڭسۇقى،
ساڭا كەلسە، تولماس خەزىنەڭ قازنىقى.

5369 كەۋەل تازى[215]، بۇكتەل[216]، ئارغۇنغا[217] مانا،
ئوقۇر تولدى، تويماس ئاچ كۆزلۈك يانا.

5370 يىغىلدى تۈمەنمىڭ سۇپەتلىك تېتىر[218]،
دالادا تولا ئات، ئوقۇردا قېچىر.

5371 يۇرەر قىر ـ تاغلاردا يەرنى قاپلاپ قوي،
قۇل، چۆرە، خىزمەتچىڭ ئەي مۇلايىم خۇي.

5372 تەسكەيدە يۈرگەن ئۇ نۇرغۇنلاپ قوتۇز[219]،
تۇزلەڭدە يۈرەر كۆپ ئىنەك، ئۇي ـ ئۆكۈز.

5373 قىيالاردا يۈرگەن كېيىك ـ تاغ تېكە،
سېنىڭدىن قۇتۇلماس، ئەي باتۇر ـ بۆكە.

5374 چىشى ـ ئەركەك تاغ ئۆچكە، ئىمۇن[220]، ئاق كېيىك،
ساڭا تۇگىمەس يەم، ئەي ئۇز مىجەزلىك.

5375 تۇتۇلسا قۇلان يا ياۋا كۆك تېكە،
ساڭا كەلتۇرۇرلەر شۇ ئان، ئەي بۆكە.

5376 بۆرە، تۇلكە، توڭگۇز، ئېيىق، ئارسلان،
ئۇلار ئۇۋدا سەندىن قۇتۇلماس هامان.

5377 قوغۇ ـ قورداي ئولسۇن يا تۇرنا ـ يۇغاق،
يا توي، يۇگدىك ۋە ياكى تودلىچ يا قاق[221]؛

5378 هاۋادا ئۇچار قارىقۇش توپلىرى،
قاچالماس سېنىڭدىن، ئايا كۆك بۆرى.

5379 قاچۇرماس ئۇچارلىقنى سېنىڭ قۇشلىرىڭ،
يۇرگۇزمەس يۇرەرلىكنى ئالغۇر ئىتلىرىڭ.

5380 ئاتلىق، ئاتىسىز قالۇر ئۇ يالغۇز،
ئانلىق، ئانىسىز بولۇر بىر ئۆكسۇز.

5381 مۇشۇنچە جاهان هەممە يەتمەس ساڭا،
تۇگىمەس، تۇگەرسەن، ئەي باتۇر توڭا.

5382 ئومۇمەن شۇ بىر قۇر كىيىم، گالنى دەپ،
بۇ دۇنيانى يىغدىڭ، كېتەرسەن ئۆلۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



5383 جاھان يىغقىنىڭدىن نە پايدا بولۇر،
ئېلىپ جاننى ئەجەل، يىلتىزىڭ قۇرۇر.

5384 قاراپ كۆرسە ھەممە ھېرىسلىق ئېرۇر،
بۇ ئاچ كۆز كىشىلەر قاچانمۇ تويۇر؟

5385 نېمە دەر ئىشىتكىن، كۆزى توق كىشى،
كۆزى توقلۇق ئېرۇر بۇ بايلىق بېشى:

5386 تامام ئۆتسە ئاچ كۆز قولىغا جاھان،
مۇھالدۇر ئۇنى باي دېمەكلىك ھامان.

5387 «گاداي» دەر، ئۇ كىمدۇر ئاتالمىش گاداي،
كۆزى ئاچ گاداي شۇ ھەرقانچىدۇر باي.

5388 باي ئۇلسا ئاچ كۆزلەر، ئاڭا پايدا يوق،
ئېچىنىغىن كۆزى ئاچقا، ئەي كۆڭلى توق.

5389 كۆزى ئاچقا يەتمەس پۈتۈن بۇ جاھان،
قانائەت قىلغانلار بەختلىك ھامان.

5390 كۆزى ئاچ كىشى مالغا تويماس كۆزى،
مەگەر تولمىغۇچە قارا يەر تۇزى.

5391 ئەلىگ ئەي، شۇدۇر مېنىڭ بىلگەنلىرىم،
ساڭا سۆزلىدىم بارچە ئۇققانلىرىم.

5392 بۇنى سۆزلىدىم مەن، ئىشىتتىڭ ئۆزۈڭ،
كۆڭۈل ياخشى ئۇقسا، ئېچىلغاي كۆزۈڭ.

5393 سۆزۈم تۇتساڭ تېگەر تاڭلا پايدىلار،
بولۇر يۈك ساڭا ئۇ تۇتمىساڭ ئەگەر.

5394 ئەقىللىك نە دەيدۇ قۇلاق سال ئاڭا،
ئەگەر ئاڭلىساڭ ئۇ نەسىھەت ساڭا:

5395 بېرۇر پايدا نەسىھەت كىشىگە پۈتۈن،
نەسىھەت لوقما قىل، تىلىسە يېسۇن.

5396 بۇ لوقما يېيىشنى ئەگەر بىلمىسە،
قويۇپ بەر، قوشۇلما، كۆيەر ئوت يېسۇن.

### ئەلىگنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

5397 بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئەلىگ يىغلىدى،
ئەي ئىنسانلار ئارا ياخشىسى، دېدى.

5398 تېپىپسەن، ئەي ھوشيار، راھەت ـ پاراغەت،
بولدى بۇ بەگلىكىم ماڭا پالاكەت.

5399 مەن ئەمدى چۈشەندىم، ئېچىلدى كۆزۈم،
ئۆزۈمنى بۇ ئوتقا ئېتىپ مەن ئۆزۈم.

5400 ھەق يولدىن ئېزىپ مەن ئۆزۈم، ئەي ئۇلۇغ،
ماڭا توغرا يولنى دېدىڭ سەن تولۇق.

5401 سەن ئەمدى ئودغۇرمىش ماڭا قىل دۇئا،
ياخشىلىققا تەۋپىق ھەق بەرسۇن ماڭا.

### ئودغۇرمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

5402 ئودغۇرمىش جاۋابەن دېدى ئۇ بەگكە:
خۇدا تەۋپىق بېرىپ، يەتكىن تىلەككە.

www.uyghurkitap.com



5403 تىرىش، ئەقلىڭ بىلەن يېڭىلسۇن ھاۋا،
ھەۋەستىن يېڭىلسە، بولۇر ئەر ياۋا.

5404 سېنى يوق ئېتەر شۇ نەپسانىي لەززەت،
كەچ ئۇندىن، دېمەي سەن، كەچمەك مۇشەققەت.

5405 بۇ دۇنيا ئېرۇر كونا، تولىمۇ قېرى،
تولا بەگنى ئۆتكۈزدى بۇ خۇلقى تۇرى[222].

5406 قېرىتتى سېنىڭدەك تولا ئەرلىنى،
قويارمۇ ئۇزۇن ۋاقىت تىرىك ئۇ سېنى؟

5407 ئۇلار كەتتى، قالدى ساڭا مۇشۇ جاي،
تەييارلان، ۋاقىتنى سەن زايە قىلماي.

5408 ئۆلۈمنى ئۇنتۇما، ئەي ئەلىگ ئويغان،
كېلۇر تېزلا بىر كۈن، سەن قىلما گۇمان.

5409 ئەلىگ ئەي، ئۇنتۇما ئۆزنى، ھوشيار تۇر،
ئۇنتۇساڭ ئۆزۈڭنى، ئەسلىڭ ئويلاپ كۆر.

5410 ئۇنتۇسا بۇ ئىككى نېمىنى گەر ئەر،
دۇرۇس يول ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كېتەر.

5411 ئۆزىنى بىلگەن ئەر، ئىشىت نېمە دەر،
ھەۋەسنى ئەقىلگە ئەسىر قىلغان ئەر:

5412 ئۆلۈمنى ئۇنتۇما، گۆردۇر ئورنۇڭ، بىل،
«ئۆزۈڭنى ئۇنتۇما»نى سەن تەكرار قىل.

5413 «مەنى» دىن تۆرەلگەن ئۆزۈك، «مەن» دېمە،
ئەگەر مەن دېسەڭ سەن، قىممىتىڭ شۇ، بىل.

5414 كۆرۈنمەي ئۆلۈم پىستىرمىدا تۇرار،
ئەگەر چىقسا يولىنى ئازماي تاپار.

5415 جاپا بولمىسا ھېچ تىرىككە ئەگەر،
بۇ ئاچچىق ئۆلۈمگە بىر قاراش يېتەر.

5416 بەس ئەردى ئۆلۈمدىن كېيىنلا يانا،
قارا يەر قېتىدا چىرىمەك مانا.

5417 بۇنىڭدىن بۆلەكمۇ يەنە ئىش تولا،
ئۆلۈم كەلسە كۆرەر بارچە بىر يولا.

5418 بۇ ھالنى چۈشەنگەن جىمى ئاقىل ئەر،
نېچۈكمۇ تىنچ ئۇخلاپ، ئاش ـ ئوزۇقىن يەر؟

5419 نە دەيدۇ ئىشتىكىن، ئىلىم بەرگۈچى،
ئىلىم بىرلە ھىممەتنى چوڭ تۇتقۇچى:

5420 زورايت ھىممىتىڭنى، ئېگىز ئەيلە دىل.
بۇ دۇنيانى تاشلا، ئۇنىڭدىن چېكىل.

5421 بۇ دۇنيا ئۇ زىندان، ئىچىدۇر يىلان،
بۇنى قوي، يورۇق چىن جاھانغا ئۇلان.

5422 قارا يەرگە پۈكەت بۇ پاك جان قېپى،
قارا يەر شۇنىڭلە تولۇر، ئەي سېخىي.

5423 بۇ دۇنيا بىر زىندان، قاراڭغۇ قۇدۇق،
ئۇنىڭدا پالاكەت ۋە مېھنەت تولۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



5424 نە تىنچلىق تىلەرسەن بۇ زىنداندا ئارا،
نېمە ئارزۇلايسەن دىلىڭغا قارا.

5425 سەن قوي بۇ بىر سىقىم توپىنى تاشلاپ،
ئۆلۈم مەڭگۈ يۇرت كۈت، نە لازىم سەراپ؟

5426 غۇبار چاڭ ـ توزاندىن نېرى تارت ئۆزۈڭ،
سۈزۈك مەڭگۈ ئەل كۈت، ئېچىپ سەن كۆزۈڭ.

5427 نەچە مىڭ ياشىساڭ، ئاخىرى ئۆلۈم
كېلەر ـ دە، تۇتار ئۇ سېنى، ئەي كۆڭۈم.

5428 كۆپەيگەنچە دۇنيا ـ مېلى، دەردلىرى
تېخىمۇ بولۇر كۆپ، ئەي ئەرلەر ئەرى.

5429 نەچە مىڭ يىل ياشاپ ئەر تاپسا تىلەك،
يەنە قانماس ئارزۇ كۆڭۈلدىكىدەك.

5430 ئەي كۆڭلى ئېرىنغى سەن، نە دەيدۇ قارا،
زامانە ئۇقى بىرلە كۆڭلى يارا:

5431 كىشى مىڭ ياشىسا، تىلەككە تولۇق
يېتەلمەس ئۆزىگە كېرەككە تولۇق.

5432 تىلەر ھەر تىلەكنى، كىشى ئارزۇلاپ،
تىلەككە يەتكۈچە بولۇر ئۆمۈ يوق.

5433 بۇ سۆز پايدىسى جىقلىقتا ئەمەس.
يا سۆزنى ھەيرەتتە ئاڭلاشتا ئەمەس.

5434 بۇ سۆز پايدىسى شۇ ئىشتىكىنى
تۇتۇپ چاڭ، ئەيلىسە دۇرۇس ئۆزىنى.

* *

5435 تولا سۆزلىدىم سۆز، ئىشىتتىڭ تۈگەل،
ئۇتىڭ پايدىسىن ئال، قىلىپ سەن ئەمەل.

5436 تۇتالماي تىلىم ئۆزنى، كۆپ سۆزلىدى،
سۆزۈم ئازلىمىدى، قەدرى ئازلىدى.

5437 ئەلىگ، ساڭا تەۋپىق بەرسۇن ئۇ بايات،
پۇتۇن ياخشىلىققا قولۇڭنى ئۇزارت.

5438 تىلىكىڭ بېرىپ ھەق كۆزەتسۇن سېنى،
دۇئادا ئۇنتۇما، ئەي ئەلىگ مېنى.

* *

5439 سۆزىنى ئۈزۈپ ئۆرە قوپقانىدى،
ئەلىگ توستى، «بىر ئازراق ئولتۇر» دېدى.

5440 چىقاردى يېمەك ـ ئىچكۈ، تۇرلۇك ئېشى،
دېدىكىم: ئېتىپ كۆر، ئەي ياخشى كىشى!

5441 سۇنۇپ قول ئۇدغۇرمىش ئېلىپ لوقمىدىن
يېدى ـ ئىچتى ئازراق يېمەك ـ ئىچكۈدىن.

5442 يېمەكتىن قولىن تارتتى، كۆپ يېمىدى،
خۇداغا قىلىپ شۇكۇر، زىكىر ئەيلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



*         *

5443 ئۆرە تۇردى ئۇدغۇرمىش. قىلدى سالام.
ئەلىگ ئۆرە قوپتى قىلىپ ئېھتىرام.

5444 تۇرۇپ چىقتى ئۇدغۇرمىش ئۇندىن يۈرۈپ،
ئەلىگ چىقتى بىللە ئۇزاتماق بولۇپ.

5445 ئەلىگ بىرلە خوشلاشتى قۇچاقلىشىپ.
ئەلىگ قايغۇرۇپ قالدى، قول ئېلىشىپ.

*         *

5446 يەنە تاغسىرى ماڭدى ئۇندىن تۇرۇپ،
قاياشمۇ بىللە ماڭدى، قولىن ئۆپۈپ.

5447 ياندۇردى قاياشىن، كۆرۈك ئۇدغۇرمىش،
خوش ئېيتىپ ياندى ھەم كۆرۈك، ئۆگدۈلمىش.

5448 ئۆيىگە يېنىپ كەلدى كۆڭلى سۇنۇق،
ئەلەم ـ قايغۇ بىرلە كۆزدە ئۇيقۇ يوق.

*         *

5449 كۆتۈردى مەشرىقتىن ئۆز بېشىنى كۈن،
جاھان ئاق قۇ تۈسىگە كىردى پۈتۈن.

5450 قۇياش قوپقاچ كۆكسىن ئۇرە كۆتۈرۈپ،
سېپىلگەندەك جاھانغا كافۇر تولۇپ.

5451 پەرىشتە يۈزىدەك يورۇدى جاھان،
كافۇر سەپكەن كەبى بولدى ئاسمان.

*　　　*

5452 قوپۇپ تېز ئورنىدىن ئۆگدۈلمىش يانا،
ئېلىپ تاھارەت، نامازنى چىن قىلدى ئادا.

5453 تونىن كىيدى، ئاتلاندى ئۆيدىن چىقىپ،
يەنە قەسىرگە باردى ئۆندىن يېنىپ.

5454 قەسىرگە كىردى ئۇ ئىشىكتىن چۈشۈپ،
ئەلىگ ئۈندىدى، ئۇ كۆرۈندى كىرىپ.

## ئەلىكنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5455 ئەلىگ سورىدى ئاۋۋال ئودغۇرمىشنى،
نەچە ۋاق تۇرغىنىنى، قاچان كەتمىشىنى.

5456 يەنە ئېيتتى ئەلىگ: ئەي ئۆگدۈلمىشىم،
ئاچچىق بولدى ئەمدى ماڭا يەر ئېشىم.

5457 ئىچۈكرەك ياشارمەن بۇنىڭدىن بۇيان،
چۈشۈپ بارماقتا يەلكەم تۆۋەنلەپ ھامان.

5458 بۇ بەگلىك، بۇ خەلقنىڭ يۈكى نە كېرەك،
يۈرەك يىلتىزىنى قىردى بۇ قايغۇ بەك.

5459 خادىمسىز خەلقنى باشقۇرۇپ بولماس،
بەگلىكنىڭ ئىشلىرىنى بەگمۇ قىلالماس.

5460 خادىم ئۈچۈن، شەكسىز، كېرەك مال ـ تاۋار،
بۇ مال بولمىسا، ئەر يىغىلماس بولار.

5461 ئىشتىكىن، بىر لەشكەربېشى ئىمە دەر،
ھاياتىنى بەگ ئىشىغا بەرگەن ئەر:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



5462 خەزىنە ۋە لەشكەربەگىنىڭ كۆچىدۇر،
بۇ ئىككى بىلەن ئەر ئۆز ئۆچىن ئالۇر.

5463 بولۇر بەگ بۈيۈك بۇ ئىككىسى بىلە،
جەم ئولسا بۇ ئىككى، تاج ـ تەخت زورىيۇر.

5464 قوشۇن يىغماق ئۈچۈن تولا مال كېتەر،
يىغىش ۋاقتىدا مالنى زۇلم ـ جەبىر ئۆتەر.

5465 مېنىڭ بىرلا بويۇم بار، بىرلا قورسىقىم،
نېچۈن مۇنچە يۈكنى يۈدۈرمەن ئۆزۈم؟

5466 يېقىر بولسىمۇ قانچە، ئاچ قالماس ئول،
ئۆچ ئالماي تىرىكتىن ئۆلۈم قويماس ئول.

## يەتمىش ئىككىنچى باب

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى ھەققىدە ئېيتقانلىرى

5467 جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش، ئېيتتى: ئەلىگ،
پۈتۈن ئىشقا تەدبىرلە سۈنسۈن ئىلىگ.

5468 ئېغىزدىن چىقارما يامان سۆزلىنى،
ئەي ئىلمى دەريا، ھەق كەچۈرمەس ئۇنى.

5469 بۇ بەگلىكنى كۆچەپ ئالمىدىڭ تىلەپ،
خۇدا بەردى پەزلى بىلەن بەلگىلەپ.

5470 قەدىرلەپ سېنى، بەردى بەگلىك ساڭا،
ئەي ئىلمى كەڭ، قىلغىن سەن شۈكرى بۇڭا.

5471 تۈزەپ دىلنى پاكلاپ، تېۋىن ھەققە سەن،
ئادالەت ۋە شەپقەتنى قىل خەلققە سەن.

5472 ھەۋەسنى ئەقىل بىرلە باسقىن ئۇتۇپ،
بىلىم بىرلە يانجىغىن نەپسىڭنى تۇتۇپ.

5473 نېمە دەر ئىشىتكىن، بىلىم بەرگۈچى،
بىلىم بىرلە ھەۋەس ـ نەپسنى باسقۇچى:

5474 تۈزەلمەك تىلىسەڭ، ھەۋەس بويىنى كەس،
تۈزىلۇر ئەگرىلىك گەر ئۆلسە ھەۋەس.

www.uyghurkitap.com



5475 تىرىش، بولمىغىن سەن ھەۋەسكە ئەسىر،
ھاۋا ـ نەپس ئېرۇر بۇ دىن ئوغرىسى، بەس.

5476 ئەي ئەلىگ، نېچۇن بۇنچە ئاجىز ئۆزۈڭ،
يېتىپ تۇرسا بارچە ياخشىلىققا قولۇڭ؟

5477 نېچۇن قايغۇرارسەن مۇشۇنچە قاتتىق،
قىلۇرسەن ھاياتىڭ نېمىشقا ئاچچىق؟

5478 خەزىنە تولا ھەم خادىم ـ قوشۇن كۆپ،
ھەر ئىشقا بىلىم، ئەقىل بار يولچى بولۇپ.

5479 خادىمنى سۆيۈندۈر خەزىنەڭ بىلە،
ئۇلاردىن مىڭ ئارزۇ ئۆزۈڭگە تىلە.

5480 نېمە دەر، ئاڭلا، جەڭ قىلغان جەسۇر ئەر،
ئالتۇن ـ كۈمۈش بەرسە ئۇ ياۋنى يېڭەر:

5481 تىلىسەڭ ئۈستۈنلۈك ئەگەر ھەر زامان،
خادىمنى خۇش ئەت، ماختا، بەر شەۋق ھامان.

5482 خۇشال قىپ ئۇلارنى، سەن قويساڭ تىلەك،
كېلىپ مەقسەت، ئېگەر باش ياۋمۇ شۇ ئان.

5483 خادىمنى كۆپەيت ھەم سۆيۈندۈر ئۇنى،
شېرىن جاننى بەرگەي ساڭا بىر كۈنى.

5484 كاپىر ياۋنى يانجى لاۋ ـ لەشكەر بىلە،
تۇتۇپ دىلنى پاك، كۈچنى ھەقتىن تىلە.

5485 كاپىرچۇن خادىم تۇت ۋە لەشكەر، تولۇم،
بۇ جەڭدە ئۆلسە گەر، ئۇ بولماس ئۆلۈم.

5486 ئۆيى ـ مۈلكى كۆيدۈر، بۇتىنى يىقىت،
ئۇنىڭ ئورنىغا قۇرغىن جامە ـ مەسچىت.

5487 ئەسىر ئال ئوغۇل ـ قىزنى، قىلىپ قۇل ـ دېدەك،
ئېلىپ ئولجىلار خەزىنە قۇرماق كېرەك.

5488 ئېچىپ ئىسلامنى سەن، شەرىئەتنى ياي،
بولۇپ ياخشى ئۆزۈڭ، نامىڭ تارىغاي.

5489 مۇسۇلمانغا تەگمە، ئۇزاتما ئېلىڭ،
ئاڭا ھەق دەۋاگەر ئېرۇر، ئەي ئەلىگ.

5490 مۇسۇلمان مۇسۇلمان بىلەندۇر قاياش،
قاياشقا توقۇنما، داۋام ياخشىلاش.

5491 قانۇن تۈز خەلققە، ھۇزۇر ئەيلىسۇن،
ساڭا ياخشىلىقلە دۇئالار دېسۇن.

5492 بېرۇر تەڭرى ئەجرىڭ، خۇشاللىق ساڭا،
سېنىڭ بولغاي ئىككى جاھان، ئەي توڭا.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5493 ئەلىگ ئېيتتى: ئوبدان دېدىڭ سەن بۇنى،
خالايتتىم ئۆزۈممۇ قىلىشنى شۇنى.

5494 قېنىكىن بۇنى قىلماققا ئەش، ئەي ئەر،
قىلىشقا بۇنى سەن ماڭا يارى بەر.

5495 سۆزۈپ خەلقنى ئاۋۋال ئەلنى تۈزگۈلۈك،
ئىچكى ـ تاشقى ئىشقا دىققەت ئەتكۈلۈك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



5496 خۇشال ئەيلە دوستلارنى ئېھسان قىلىپ،
سېنى سۆيمىگەنلەرنى ھەيدە سۈرۈپ.

5497 بۇنىڭدا ئاۋۋال ئەل تۈزەتمەك كېرەك،
پۈتۈن مەيخانىلارنى بۇزماق كېرەك.

5498 تۈزەت قانۇن بىلەن سەن خەلقنى تولۇق،
بولۇنسۇن يارامسىز قىلىق ئەلدە يوق.

5499 نېچۈك ئەل تۈزەرمەن يېتىشمەي ئۆزۈم،
ئىش ئۈستىگە ئىشتۇر، يۇمۇلماس كۆزۈم.

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

5500 جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش ئېيتتى: ئەي بەگ،
بۇ ئىشلارنى سوزما، پۈتۈن ئىشقا تەگ.

5501 نېچۈن ئۇزارتۇرسەن قىلۇر بۇ ئىشنىڭ؟
تولا سوزما ئىش قىل، كېتەر بۇ يېشىڭ.

5502 بۇ كۈن قىلمىساڭ، ئەتە يەنە ئىش بولۇر،
ئىش ئۈزرە ئىش ئۇلسا يىغىلىپ قالۇر.

5503 بۈگۈنكى ئىشنى ئەتە ئۈچۈن قويمىغىل،
ئەتە ئىش بولسا، ئۇ قالۇر يەنە، بىل.

5504 تۈزەپ تۇر، سۈرۈپ تۇر بۇ ئەل ئىشلىرىن،
كۆرەرسەن ئەتە ئەل بىلەن ھۇزۇرىن.

5505 يامان بولما، يامانىنى يامانغا يۇرىت،
يامانلارنى ھەممە ئېلىڭدىن ئېرىت.

5506 دۇرۇس بول، دۇرۇس قىل، دۇرۇس تۇت خۇلق،
تۈزەتۈر يامانۇ ئەگرىمۇ قىلىق.

5507 ئۇ تەتۈر قىلىقلىق زەرەرلىك كىشى
يامان تۈگىمىگۈچە ئوڭلانماس ئىشى.

5508 يامانغا يولۇقما يالا يۇقۇشار،
دۇرۇسلار بىلەن سەن ياشىغىن بىدار.

5509 نېمە دەر، ئىشىتكىن، دۇرۇس، كۆڭلى تۈز،
كۆڭۈل، تىل، قىلىقى، پۈتۈن خۇلقى ئۆز:

5510 يامانغا قوشۇلما ۋە يۈرگىن كۆنى،
تۈز - ئەگرىلە بولسا قارايۇر كۈنى.

5511 كىم قىلسا يامانلىق بالاغا قالۇر،
يولۇق ھەققە توغرا قىيامەت كۈنى.

5512 ئەلىگ ئەي، قوشۇن يىغ، بۆلەك چارە يوق،
ئۇلار بىرلە بەگلەر سۆزەر بۇلغىنۇق.

5513 خادىملارنى توپلاپ ئېھسان قىلغۇلۇق،
پېقىرنى قىلىپ باي، ئاچنى تويغۇزغۇلۇق.

5514 خىزمەت قىلغۇچىلار ئۈمىدلە قىلۇر،
ئۈمىد ئۈزسە خىزمەتچى تۇرماس كېتۇر.

5515 ئەلىگ ئەي، خىزمەتچى نەچچە تۈرلۈك ئول،
ئىشلەت ئىلغاپ، ئايرىپ، ئاداشمىسۇن يول:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

5516 ئۇلاردىن بىرىكىم تىلەر يۈز ـ ئابرۇي،
ئۇنىڭ بۇ تىلىكىن سەن قاندۇرۇپ قوي.

5517 يەنە بىرسى سەندىن تاۋار ـ مال تىلەر،
تاۋار بەر، پىدا جان ئەيلىسۇن ئۇلار.

5518 يەنە بىرسى ئىستەر ھەم مال، ھەم شەرەپ،
قىلار ئات ۋە تون ھەم نام ـ ئۇنۋان تەلەپ.

5519 ئۇ بولسا بىر جەسۇر، ئاڭا كۆمۈش بەر،
قىلىچ ئۇرسۇن، ئالسۇن ساڭا كەنت ـ شەھەر.

5520 بىلىملىك، ئەقىللىك بولسا پاك يۈرەك،
بېرىپ مال، قەدىرلەپ، ئاۋايلاش كېرەك.

5521 ئۇ زالىم، يامان بولسا، كۆتۈرمە ئۈنى،
نوپۇز بەرمە ئەلدە، ئېگىرىتار سېنى.

5522 كۆتۈرمە، بېيىتما، يامان ئۆكتەمنى،
زەھەر قىلغاي ساڭا دورا ۋە ئەمنى.

5523 نېمە دەيدۇ ئاڭلا بۆكە يابغۇسى:
ئاجىزلار بېيىسا باش ئەگمىگۈسى.

5524 يامانىنى بېيىتما، جەسۇر ھۆكۈمدار،
يامان بولسا گەر باي، خۇيىنى بۇزار.

5525 قولى قىسقا بولسا ھەتتا ياخشىلار،
بۇ موھتاجلىق بىلەن خۇيىنى بۇزار.

5526 موھتاج ئولسا ياخشى قىلىقلىق كىشى،
بۇزار خۇلقىنى ئۇ، ياخشىلىق ئۇشى.

5527 تۇزەر خۇيىنى يامان، ئۇ تۇتۇلسا خار،
قىلىقىنى تۇزەر ياخشى، بەرسە ئېتىبار.

5528 كۆيۈمچاننى تۇتقىن ئۆزۈڭگە يېقىن،
ئۇياتسىزنى ئۆزگە يېقىن تۇتمىغىن.

5529 زەرەرلىكى كىم ئۇ، پايدىلىقى كىم —
ئايرىپ تاللىغىن سەن، ئەي ئالىم ھېكىم.

5530 سۆيەر - سۆيمەسنى سەن ئايرىم قىلىپ تۇت،
سۆيگەنلەرگە دوست بول، دۈشمەنلەرگە ئوت.

5531 يىراق قىل سۆيۈنچىڭ تىلىمەس كىشىڭ،
سۆيدۈرمە ئۇنى ھەم بەرمە ھېچ ئىشىڭ.

5532 ساداقەتنى خىيانەت بىلەن قوشمىغىن،
يارامسىز، يارامىلىقنى بىر تۇتمىغىن.

5533 بىر ئىشنى ئىككى شەخسكە بۇيرۇما تەڭ،
قىلىنماي قالۇر ئىش ئىتتىرىش بىلەن.

5534 ئىشىڭنى ئىش بىلگەن كىشىلەرگە بەر،
قىلىشنى بىلمىسە، سۇنۇپ قايغۇ يەر.

5535 خىزمەت دەپ بۆلۈپ بەرمە ھەركىمگە ئىش،
ئۆزۈڭ نەپسىگە ئەر تۇتۇشقا تىرىش.

5536 ئەل نەپئىن تىلە ھەم ئۆز نەپئىڭ تىلە،
باغلىنىپ يۈرمە سەن كىشى نەپئىلە.

www.uyghurkitap.com



5537 كىشى كۆڭلىگە باقما نەپئىنى دەپ،
ئەل نەپئىن تىلە، ئۆزنى بۇزما كۆچەپ.

5538 ساڭا پايدا قىلغانغا بەر پايدىنى،
يىراق قىل ئۆزۈڭدىن بىنەپ كىشىنى.

5539 قەدىرلە پايدىلىق بولسا ئەگەر ئەر،
ئەلىگ ئەي، ئۇنىڭغا كېرەك ئىشنى بەر.

5540 قىلىشقا تېگىش ئىش، ئەي ئەلىگ، شۇدۇر،
بۇلارنى ئىشلىسەڭ، ئېلىڭ تۈزىلۇر.

5541 ئېتىڭ ياخشى بولسا، قۇتۇلدۇڭ ئۆزۈڭ،
قالۇر سەندىن كېيىن ئېتىڭ ھەم سۆزۈڭ.

5542 بېيىپ خەلق، مەملىكەت ـ تەختىڭ تۈزىلۇر،
خەزىنىنى قانچە دېسەڭ تېپىلۇر.

5543 ئىشىتكىن، كۆيۈمچان كىشى نېمە دەر،
دىلى بىرلە تىلى ئوخشاش كەلگەن ئەر:

5544 قايۇ ئەل بېگى بولسا ياخشى كۆڭلى،
ئۇ ئەل خەلقى بېيىپ، تولغاي كۆڭلى.

5545 خەلق بايلىقى بەگكە بايلىق ئېرۇر،
خاھى سەن ئۇنى تۇت، خاھى سەن بۇنى.

5546 شەھەر ـ كەنت ئىچىدىن ئوغرىنى ئېرىت،
كارۋانۇ ـ مۇساپىرنى ئەمىن يۈرىت.

5547 يوقات ئەل ئىچىدە زوراۋاننى سەن،
تۈگەت يۈرت تېشىدا قاراقچىنى سەن.

5548 ياماننىڭ خۇلقىنى جازالە تۈزەت،
يامانغا يامانلىق يارىشۇر پەقەت.

5549 يامانغا يا زەنجىر يا زىندان كېرەك،
تا ياخشى بولسۇن ئەركىن، ئەي دىۋە يۈرەك.

5550 ئېرۇر نەچچە خىل مەملىكەت خەلقى ئۇل،
كېرەكتۇر پەرق ئېتىش، تا يورۇغاي يول.

5551 ئۇلاردىن بىرى بىلگە ـ ئالىم تۇرۇر،
ئالىملار بىلەن ئەرگە دۆلەت كېلۇر.

5552 قەدىرلە بۇلارنى، نېمە دېسە قىل،
شەرىئەت يولىن تۇت، بويۇن بەر، ئېگىل.

5553 ساقلا سەن ھەققىنى، ئاش ـ ئوزۇق بېرىپ،
قالمىسۇن، ئەي دانا، ئۇلار قىسىلىپ.

5554 ئاسايىشتا ئۇلار ئىلىم ئۆگەتسۇن،
بىلمىسىز ئۇلاردىن بىلىم ئۆگەنسۇن.

5555 بۇلاردىن كېيىن مۇھتەسىپلەر ئېرۇر،
ئۇلار ئەلدە كۈچلۈك بولغاي، ئەي جەسۇر.

5556 بىكارچى ۋە پاسىقنى تۇتسۇن قىسىپ،
مەسچىتنى جامائەت بىلەن تولدۇرۇپ.

5557 يەنە بىر گۇرۇھ ئۇ خىزمەتچىلەردۇر،
توسۇپ تۇتمىساڭ ساڭا قارشى بولۇر.

5558 بۇلار يوك كۆتۈرمەس، ئۇلارنىڭ يۈكىن
يۈدۇرسەن ئۆزۈڭ، سەن بىلىپ ئەمگەكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

5559 بۇلاردىن كېلۇر سوڭ ئاۋام ـــ خەلق قارا،
قانۇن بىرلە ئۇلارغا سەن ئويدان قارا.

5560 بۇلار ئۈچ گۇرۇھتۇر، پەرق ئەتسەڭ بولۇر،
زۇلۇم قىلما، قىلساڭ پالاكەت كېلۇر:

5561 بۇ ئۈچىنىڭ بىرىكىم، ئۇ بايلار ئېرۇر،
خەلقىنىڭ كۈچلۈكى شۇلار، ئەي جەسۇر.

5562 كېلىدۇ ئۇلاردىن سوڭ ئوتتۇرا كىشى،
بۇلار قىلالمايدۇ ئۇ بايلار ئىشى.

5563 كېلۇر ئۇندىن كېيىن خەلق يوقسۇللىرى،
كۆزەتكىن ئۇلارنى سەن ئەڭ ئىلگىرى.

5564 يۇدكۈزمە بۇ بايلار يۈكىنى ئوتتۇرىغا،
چۈشەر بۇلار بۇزۇلۇپ خاراب ھالىغا.

5565 يېقىرغا يۇدكۈزمە ئوتتۇرىلار يۈكىنى،
ئۆلەر ئاچتىن، بۇ ھال قىرىپ يىلتىزىنى.

5566 كۆزەتسەڭ يېقىرنى ئۇ ئوتتۇرا بولۇر،
بىرئاز تىنسا ئوتتۇرا، ئۇ بايلىق تاپۇر.

5567 يېقىر ئوتتۇرا بولسا، بولۇر ئوتتۇرا باي،
باي ئولسا ئوتتۇرىلار بۇ ئەل بېيىغاي.

5568 تۈزىلىپ بۇ ئەل، خەلقمۇ تاپقاي ھۇزۇر،
ساڭا شۇ چاغدا كۆپ دۇئالار بولۇر.

5569 نېمە دەيدۇ ئاڭلا، ئۇچ ئوردۇ خانى،
تىلە ياخشى نام، ئەي ئۆلۈرچى، قېنى:

5570 كىم ئۆلسە كېتەردە قويۇپ ياخشى نام،
ئاڭا ياخشى دۇئا بولۇرلار داۋام.

5571 ئۆلۈپ كىم قالۇر بولسا ياخشى دۇئا،
تۇغۇلغان بولۇر ئۇ يېڭى هاياتقا.

5572 خاهى يەر ئاستىدا، يا ئۈستىدە تۇر،
ئۆزۈڭ ياخشى نامىلە ئاتانساڭ يېتۇر.

5573 كېرەكتۇر ياخشى ئات، ئۆلەر بۇ ۋۇجۇد،
قالۇر مەڭگۇ نامىڭ، بولسا تەن نابۇت.

5574 سېنىڭدە پۇقرانىڭ هەققى ئېرۇر ئۇچ،
بۇ هەققنى ئۆتە سەن، هېچ ئىشلەتمە كۈچ:

5575 بىرى ئۆز ئېلىڭدە كۈمۈشنى پاك ئەت،
ئەي ئىلمى كۆپ ئەر سەن، ئايارىن[223] كۆزەت.

5576 بىرى، توغرا قانۇننى خەلقىڭگە بەر،
بىرىن بىرى ئەزمەكنى ئەلدىن كۆتەر.

5577 ئۈچىنچى، ئەمىن قىل پۈتۈن يوللارنى،
يوقاتقىن قاراقچى ۋە ئوغرىلارنى.

5578 ئۆتەپ بۇ خەلقىڭ هەقلىرىن، كېيىن
ئۆزۈڭمۇ، ئەي مەردان، هەققىڭ تىلىگىن.

5579 پۇقرالار ئۇزە بار سېنىڭ ئۈچ هەققىڭ،
ئۇلاردىن سورا، ئاچ ئەمدى قۇلىقىڭ:

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com



5580 بىرى، يارلىقىڭنى ئەزىز تۇتسىلار،
نېمە بولسا تېزدىن ئۇنى قىلسىلار.

5581 ئىككىنچى، خەزىنە ھەققىن تومىسا،
ئەي مەردان، ھەقنى دەل چاغدا تاپشۇرسا.

5582 ئۇچىنچى، يېغىغا يېغى بولسىلار،
سېنى سۆيگۈچىنى ئۇ ھەم سۆيسىلەر.

5583 ئۆتىگەن بولۇرسەن ئۆزۈڭ ھەقلىرىن،
ئۇلارمۇ ئۆتىگەن بولۇر ئۆز ھەققىن.

5584 ئەي ئۇلۇغ، بەگ شۇنداق يۇرىمكى كېرەك،
پۇقرامۇ ئاشۇنداق بولمىقى كېرەك.

5585 خەلق شۇندا بەگنىڭ خوشلۇقىن كۆرەر،
ھوزۇر ئىچرە بەگمۇ شۆھرىتىن يايار.

5586 ئەلىگ ئەي، شۇلاردۇر سېنىڭ دۆلىتىڭ،
ھەم ئىككى جاھانلىق ئۇلۇش ـ قىسمىتىڭ.

5587 ئۇنىڭدىن كېيىن بىلگە ـ ئالىم تۇرۇپ،
بىلىم بەرسۇن ئەلگە ئىخلاسمەن بولۇپ.

5588 يەنە قولى كۈچلۈك بولۇپ مۇھتەسىپ،
يامانلارنى يىغسۇن جامائەت كېزىپ.

5589 سودىگەر كۆزەتسۇن ئامانەتلىرىن،
ھۈنەرۋەن يېتىشتۇرسۇن شاگىرتلىرىن.

5590 دېھقانلار تېرىلغۇغا قىلسۇن ئەجرىنى،
چارۋىچى كۆپەيتسۇن چارۋىلىرىنى.

5591 مانا قالدى ساڭا خىزمەت قىلغۇچىلار،
بۆرە، ياۋغا قارشى قويۇلغۇچىلار.

5592 بۇلارنى سۆيۈندۈر سەن ئېھسان قىلىپ،
ئۇلارنى بۆلەك ئىشقا يۇرمە سېلىپ.

5593 نەپىگە مۇناسىپ ئېھسانلار تارات،
قەدىرلەپ، بېيىت ھەم كۈچىنى زورايت.

5594 يېغىغا، بۆرىگە قورال راسلىسۇن،
بولۇپ دوستقا ئۆز، ياۋغا ئۆلۈم يوللىسۇن.

5595 بولۇر تاللىنىلغان پۈتۈن ئەشلىرىڭ،
سۈزۈلگەي، تۈزەلگەي پۈتۈن ئىشلىرىڭ.

5596 بولۇر ساڭا ئىككى جاھان خوۋلۇقى،
سېنىڭ بولغۇسىدۇر تەڭرى خۇشلۇقى.

5597 دۇرۇسلۇق شۇدۇر، كۆر، دۇرۇس بول كۆنى،
تىلەككە يەتكۈزگەي دۇرۇسلۇق سېنى.

5598 سېنى تەڭرى سۆيگەن دۇرۇسلۇق ئۈچۈن،
دۇرۇستىن بۆلەك قىلما خەلققە ئۆچۈن[224].

5599 ئىشتىكىن، نېمە دەيدۇ كۆڭلى يورۇق،
بۇنىڭ مەنىسىدۇر بۇ سۆزگە ئېنىق:

5600 دۇرۇسلۇق ئۈچۈن كۆك ئاياغقا تۇرۇر،
تەۋرەنمەس ئۈچۈن يەردە ئوت ـ چۆپ ئۈنۈر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور ئادرېسى



5601 تەۋرەنمە، دۇرۇس تۇر، كۆڭۈل تۇت دۇرۇس،
دۇرۇس ئىككى دۇنيا دۇرۇسلۇق تاپۇر.

5602 ئەلىگ ئەي، شۇلاردۇر مېنىڭ بىلمىشىم،
ساڭا ئېيتتىم ئەمدى ئىچىم ھەم تېشىم.

5603 ھەر ئىككى جاھان، ئەي، قىلارلىق سۆزۈم
مۇشۇلار ئىدى، ئېيتتىم ئەمدى ئۆزۈم.

5604 بۇ دۇنيا مېلى ھەممىسىلا قالۇر،
ئۆلۈرسەن، ئېتىڭ ياخشى بولسا بولۇر.

5605 قالۇر بۇ جاھاننىڭ ھەممە نەرسىسى،
ئۆلۈرسەن ياخشى نام تاپ، شۇلا قالغۇسى.

5606 بىر ئالىم بۇنىڭغا قىياسەن قىلىپ،
شۇ مەنە ئۇزرە سۆز ئېيتمىش ئوخشىتىپ:

5607 ئېتىم ياخشى بولسۇن، ئۆزۈم ئۆلسەمۇ،
تىرىك ئۆلەر ئاخىر، ئېتىم قالسۇن ئۇ.

5608 تىرىش، ياخشىلىق قىل، ياخشى ئات تىلە،
ئۆزۈڭ مەڭگۈ، ئىتىڭ تىرىك بولسۇن ئۇ.

*            *

5609 ئەلىگ ئاڭلاپ بۇ سۆزنى سۆيۈندى بەك،
كۆڭۈل ـ كۆكسى يورۇپ، لەززەتلەندى بەك.

5610 ئۇ ماختاپ، ئالقىشلاپ ئۆگدۈلمىشنى كۆپ،
دېدىكىم، سەن ئېيتتىڭ بىلگىنىڭنى خوپ.

5611 بۇ كۈندىن بۇيان بەرسە تەۋپىق خۇدا،
سەن ئېيتقان بۇ سۆزلەرنى ئەيلەي ئادا.

5612 ماڭا بەردى سەندەك ياردەمچىنى رەب ،
كۈتەرمەن بېرۇر باشقا مەقسەتنىمۇ دەپ.

5613 خۇدا بەرسۇن ئارزۇ ـ تىلىكىڭ تۈگەل،
ئۈمىدىم تولۇق قىلدىڭ، ئەي ياخشى پال.

5614 كۆيۈمچان بولۇپ سەن، ئەي كۆڭلى يېقىن،
داۋاملىق ياردىمىڭ قىل بۇندىن كېيىن.

5615 ساڭا چىنپۈتەرمەن ئىشىنىپ ئۆزۈم،
سۆزۈڭنى يوشۇرما، كۆركەم يۈزلۈكۈم.

5616 قۇياشتەك يورۇغان قۇياش ماڭا سەن،
مەن ئەمدى سايەڭدە ئەيىبىم كۆرەرمەن.

5617 ئەجەب ياخشى ئېيتمىش دىلرەبا كىشى،
تىلى ـ كۆڭلى بىردەك بىر ئاشنا كىشى:

5618 قىل ئەينەك ئۈنى كىمگە پۈتسە كۆڭۈل،
كۆرۈشكە ئۆز ئەيىبىڭنى تۈتقىن ئۈدۈل.

5619 كۆيۈمچان كىشى ئۆزگە ئەينەك بولۇر،
ئاڭا باقسا خۇلقىڭ ـ خۇيۇڭ تۈزىلۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



5620 يېقىن بولسا كىمنىڭ دىلى كىمگە چىن،
ئاڭا پۈتكۈلۈك گەر يېقىن بولسا چىن.

5621 سۆزۈڭنى ئىشەنگەنگە ئېيتساڭ بولۇر،
سۆزىنى ئىشەنگەننىڭ تۇتساڭ بولۇر.

*　　　*

5622 ئۆگدۈلمىش ئىشىتكەچ، كۆر، ئەلىگ سۆزىن،
سۆيۈندى، دېدى «خۇش»، يورۇتتى كۆزىن.

5623 ئەلىگ ئۈزدى سۆزىن راھەتكە چۆمۈپ،
قوپۇپ چىقتى ئۆگدۈلمىش ئاندىن تۇرۇپ.

*　　　*

5624 شۇنىڭدىن بېرى خان راھەتنى قويۇپ،
تۈزەتتى ئېلىن تۈزدى ئەمگەك يۇدۇپ.

5625 ياماننى يىراق قىلدى، ياخشىنى ئۇل
ئۆزىگە يېقىن قىلدى ھەم بەردى يول.

5626 تۈزۈلدى خەلق ھەم سۈزۈلدى ئېلى،
جىمىپ تىنچلاندى يىل، ئاي، كۈن تىلى.

5627 ھايات شېرىنلەشتى ئەل نەپئى بىلە،
ھۇزۇردا سۆيۈندى ئېلى خۇش كۈلە.

5628 ئەلىگ ئۆگدۈلمىشنى قەدىرلىك قىلىپ،
جىمى ئىشنى بەردى ئاڭا ئىشىنىپ.

*　　　*

5629 شۇ هالدا ئۆگدۈلمىش يۈردى بىر زامان،
پىشىپ قايغۇ ـ ئەلەم ئىچرە ئۇ هامان.

5630 ئۆزىگە باقتى، كۆردى قىلىقىن ـ ئىشىن،
تىرىكلىك، يىگىتلىك زايە قىلمىشىن.

5631 ئېچىلدى يورۇپ كۆڭلى ـ كۆكسى، كۆزى،
ئېرىتماق تىلىدى كۆڭۈلنىڭ توزى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## يەتمىش ئۈچىنچى باب

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۆتكەن ھاياتىغا ئېچىنىپ تووا قىلغانلىقى باياندا

5632 يۇرۇپمەن دېدى: غەپلەت ئىچرە كۈلە،
تىرىكلىك زايە بولدى غەپلەت بىلە.

5633 تىرىكلىك كۈچى قالدى مەندىن كېتىپ،
ھاسا قولغا ئالدىم ھايات تەرك ئېتىپ.

5634 ئۆكۈندى، دېدى: كەتتى ئىسسىق كۈنۈم،
تىرىكلىك تۈگىدى. قارايدى تۈنۈم.

5635 مەن ئارزۇ ـ نېمەتنى ئۆكۈزدەك يېدىم،
بىلىپ ـ بىلمەيىن مەن ئۆيدەك ياشىدىم.

5636 دېدى: غەپلەت ئىچرە يۈرۈپ مەن كۈلۈپ،
كۈنۈمنى بىھۇدە يۈرۈپ ئۆتكۈزۈپ.

5637 يىگىتلىك كۈچى كەتتى مېنى تەرك ئېتىپ،
قېلىپ مەن يىگىتلىككە كۆيۈپ ـ ئېچىنىپ.

5638 تىرىكلىك تۈگىدى، يېقىنلاپ ئۆلۈم،
ئۆلۈمگە چارە يوق ئۆتۈشكە يولۇم.

5639 چېچىم بولدى شۇڭقار تۇسىدەك ئالا،
ساقىلىم كۆزدىكى ئوتتەك بولدىلا.

5640 ئۆتتۆز ئىككى چىشىم ــ ئاپپاق ئۈنچىلەر،
ئۈزۈلدى يىپى، كۆر، چېچىلدى ئۇلار.

5641 كۆرەتتى كۆزۈم كۆن چۈشكەن يەرنى ھەم،
قارايدى، كۆرەلمەس تۇرغان ئەرنى ھەم.

5642 قۇلاق سالسام ئاڭلار ئىدىم كۆپ يىراق،
ئىشارەت قىلۇرمەن بۇ كۈن قولدا، باق.

5643 قارا ئەردى قۇزغۇن تۇسىدەك بېشىم،
قوغۇ قوندى باشقا، يېتىلدى يېشىم.

5644 يانار ۋاقتىم ئولدى، خۇداغا بۇ كۈن
سېلىپ ئۈن يىغلايىن گۇناھىم ئۈچۈن.

5645 مەن ئەمدى تۇرۇپ ھەق تەرەپكە ياناي،
گۇناھىم ئۈچۈن مەن مەغپىرەت سوراي.

5646 يارامسىز ئىشلىرىم تاشلايىن پۈتۈن.
سۆزۈلگەي بۇ كۆڭلۈم غۇباردىن بۇ كۈن.

* *

5647 تىلىدى ئۇ تەۋبە قىلماقنى شۇ تاپ،
خۇداغا سىغىنغاچ، گۇناھىن سوراپ.

5648 يەنە ئويلىدى: ئالدىراپ كەتمەيىن،
ئالدىراش ــ زىيانلىق، ئۇنى قىلمايىن.

5649 ئەڭ ئاۋۋال بۇ ئىشتا كېڭەشمەك كېرەك.
يارامسىزلىق ئۆزدىن تۈگەتمەك كېرەك.

www.uyghurkitap.com



5650 قىلىش لازىم ھەر ئىشنى كېڭەشلە بىلىپ،
كېڭەشمەس كىشى ئۇ ئىگرار ئۆكۈنۈپ.

5651 نېمە دەيدۇ ئاڭلا، پەيغەمبەر ـ نەبى،
كېڭەش ــ ھەممە ئىشنىڭ داۋاسى ـ ئەمى.

5652 يېقىنلار بىلەن سەن ئەيلىگىن كېڭەش،
يېشىلگەي كېڭەش بىرلە ھەر تۈرلۈك ئىش.

5653 كېڭەش بىرلە تۈزىلۈر كىشىنىڭ ئىشى،
پۇشايمانلىق ئولغاي كېڭەشمەس كىشى.

5654 قاياشىم قېشىغا مەن ئەمدى باراي،
ئۆتىگلە بۇ ئىشتا كېڭەشلەر قىلاي.

5655 ئۇ ماقۇل دېسە مەن قىلاي ئۇشبۇ ئىش،
ئۇ ماقۇل دېمىسە قوياي بۇ كېڭەش.

5656 كىشى ئۆز ئىشىنى بىلەلمەس كۆرۈپ،
كېرەك باشقىلارغا ئېيتماق ئىشتتۇرۇپ.

5657 كېڭەشسە كىشىدە بىلىم كېڭىيۇر،
كېڭەشكە قوشۇلسا بىلىم، ئىش ئوڭۇر.

5658 ئىشتىكىن كېڭەشلىك كىشى نېمە دەر،
كىشى ئۆز ئىشىنى كېڭەشلە ئېتەر:

5659 نە ئىش قىلماق ئولساڭ كېڭەش ئەر بىلە،
كېڭەشمەس كىشىدىن يىراقلىق تىلە.

5660 نېچۈك ئىشنى قىلساڭ كېڭەش بىرلە قىل،
كېڭەش بىرلە كۈتكەن تىلەكلەر كېلە.

5661 كىچە ياتتى، يۇيۇندى سەھەر تۇرۇپ،
ئاتىن مىندى، ئەلىگكە باردى يۇرۇپ.

5662 ئەلىگ يېنىغا كىردى رۇخسەت سوراپ،
ئورۇن بەردى ئەلىگ ئۇنى قەدىرلەپ.

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە سوئالى

5663 ئەلىگدىن ئۆتۈنۈپ دېدى: مەن بۈ كۈن
قاياشىمغا بارغۇم كېلۇر بەس، پۈتۈن.

5664 ئەگەر بولسا رۇخسەت بارايمەن ئۇيان،
زىيارەت قىلىپ تېز يانايمەن بۇيان.

### ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5665 ئەلىگ ئېيتتى: بارغىن، ئەي ئىلمى تامام،
ئاڭا يەتكۈزۈپ قوي مېنىڭدىن سالام.

5666 ئۇنۇتمىسۇن ھەرگىز دۇئادا مېنى،
سېنىڭ خۇداغا دەل ئاچقان كۈنى.

5667 خۇدادىن سوراپ بەرسۇن گۇناھلىرىم،
دۇئا بىرلە بەلكى كەچۈرگەي كەرىم.

*          *

5668 يېنىپ چىقتى ئۆگدۈلمىش «ماقۇل» دېبان،
ئۆيىگە كېلىپ چۈشتى ھەم شادىمان.

5669 جاھان يۈزى ئالدى ئالتۇن رېڭىنى،
قۇياش زەپىران قىلدى ياقۇت ئۆڭىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



5670 تۆرۈپ كۆك قېشىنى قارايتتى يۈزىن،
تۆتۈپ باغلىدى بارچە ئىنسان كۆزىن.

5671 ناماز قىلدى، ياتتى تۆشەككە كىرىپ،
خىيالغا چۆمدى ھەم بىرئاز كۆز يۇمۇپ.

5672 بىرئاز ئۇخلىدى، ياتتى بىرئاز ئويغاق،
خىيال ـ ئوي تۈغلىرى تىكلەندى بىراق.

5673 تۆشەكتە يەنە ياتتى ئۇخلىدى كۆپ،
يېتىپ يالغۇز ئۆزى ئويغاندى چۆچۈپ.

5674 يۇمۇلمىدى قايتا ھەر ئىككى كۆزى،
يېتىپ ئويغاق ئويلاپ، زېرىكتى ئۆزى.

5675 قاراپ كۆردى ئاۋۋال قارىقۇش[225] تۇغۇپ،
قوپۇپ كەلدى يەردىن ئۇ ئوتتەك بولۇپ.

5676 كېيىن يىلدىرىق ۋە ئايغىر[226] تۇغۇلۇپ،
قوشۇلدى ئەرەتىر ئۆزىن كۆرسىتىپ.

5677 سەھەر قۇشى قوپتى ئەگىپ ئۇچۇپ،
ناۋا قىلدى سايراپ، ئىمبرى[227] ئوقۇپ.

5678 كۆتۈردى بېشىن، كۆردى شەرقتە قۇياش
قوپۇپ يەردىن ئۇستۇن كۆتۈرمىش ئۇ باش.

5679 نۇر نەيزە چېچىلدى يەردىن پۇتاقلاپ،
پەلەك مەڭزى ئوتتەك بولدى يېلىنجاپ.

5680 جانان كۆلگەن كەبى يورۇدى جاھان،
تاراپ قايغۇ، شادلىق بولدى نامايان.

5681 يەنە قوپتى، يۇيۇندى، ناماز ئوقۇدى،
مىنىپ ئاتقا «چۇ» دەپ تاغقا جۆنىدى.

5682 بېرىپ يەتكەچ، ئۇ ئاستا چەكتى ئىشىك،
قويۇپ تائەت قاياشى، ئاچتى ئىشىك.

5683 سالام بەردى دەرھال مانا ئۆگدۈلمىش،
ئىلىك ئالدى سالىمىن ھەم ئودغۇرمىش.

5684 كۆرۈشكەچ، ئۆي ئىچرە كىردىلەر شۇ دەم،
قاياشى سۆز ئاچتى، سوراپ سوئال ھەم.

## ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

5685 يەنە كەلدىڭ نېچۈن، قاياشىم؟ دېدى،
تېخى بىز كۆرۈشكەنگە ئاي تولمىدى.

5686 چۈشكۈنرەك كۆرەرمەن روھىڭنى سېنىڭ،
سېرىقراق كورەرمەن قىزىل ئۇ رېڭىڭ.

5687 نېمە قايغۇ تەگدى، نە كەچتى ھالىڭ؟
ماڭا سۆزلىگىن سۆز، سەن ئاچقىن تىلىڭ.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

5688 جاۋاب بېرىپ ئۆگدۈلمىش، ئېيتتى: قارا،
زامان ئوق ئېتىپ قىلدى دىلنى يارا.

5689 يورۇتسا كۆڭۈلنى ئۆگۈتلە زامان،
كۆڭۈل ئۆلگەن ئولسا تىرىلۇر ھامان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىسى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



5690 ئۆزۈم غاپىل ئەردىم، دىلىم ئۇخلىغان،
مېنى پەندى بىرلە ئويغاتتى زامان.

5691 كۆڭۈل كۆزى بىرلە قاراپ بايقىدىم،
ئۆزۈم يولدىن ئېزىپ، مەن تېڭىرقىدىم.

5692 تىرىكلىك تۈگەپ بولدى يۈكۈم ئېغىر،
گۇناھتىن يانار ۋاقىت بولدى ئاخىر.

5693 ھاياتىمچە قىلدىم كىشى خىزمىتى،
غاپىل ئۇخلىدىم، قالدى ھەق تائىتى.

5694 كېلىۋەردى دۇنيا، تىرىكلىك كېتۇر،
تىرىكلىك تۈگەر، كۆر، بۇ دۇنيا قالۇر.

5695 جاھانىنى تىلىدىم ھاياتلىق ئۈچۈن،
ھاياتسىز نە ھاجەت بۇ گۈستاخ ئاجۇن؟

5696 كېچەر مانا شۇنداق بۇگۈنكى كۈنۈم،
تاپارمەنمۇ ئۆزۈم كېلەچەك تۈنۈم؟

5697 چېچىم بولدى يازدا قۇرۇغان قاقشال،
ھەم شۇڭقار تۈكىدەك چارلاشتى ساقال.

5698 كېرەك تاڭلا ئۈچۈن تەييارلىق قىلمىش،
ئەي زېرەك، تۈزەتمەككە ئەتمكى ئىش.

5699 مۇڭا ئوخشىشىپ كەلدى ئەمدى بۇ سۆز،
ئەمەل قىل بۇ سۆزگە، ئايا كۆڭلى تۈز:

5700 بۇ ئۆتكەن ئىرىكلىككە پۇشمان ئۆزۈم،
كۈنۈم قانچە قالدىكىن، ئاي يۇزلۇكۇم.

5701 زايە كەتتى ئەپسۇس يىگىتلىك كۈنى،
زايە كەتمىسۇن ئەمدى قالغان تۈنۈم.

5702 تەييارلان بۈگۈن ئەتىكى ئىشقا سەن،
بىلىملىك ماڭا نە دېدى، ئاڭلا سەن:

5703 غاپىل ئولما، بۇ كۈن تائەت قىل كىشى،
بۈگۈنكى ئەتىچۈن تەييارلىق ئىشى.

5704 يېدىم، ئىچتىم ئۈيدەك، يۈردۈم مەن بىكار،
ۋۇجۇدنى رىيازەتتە تۈزسەم بولار.

5705 ئۇ كۆپ ئاززۇ ـ نېمەت يېدى، سەمرىدى،
ئۇنى يادىتايمەن دەل ۋاقتى كەلدى.

5706 تولا ياتتى راھەت ـ تىلەككە كۆرە،
بۇ كۈن تۇرسۇن ئەمدى ئاياغدا ئۆرە.

5707 ئۆزىگە قىلدى ياۋ ئۇ كۆپ كىشىنى،
قىلاي خۇش ئۇلارنى تۈزەپ ئىشىنى.

5708 قول ھەم تىل ئۇزارتتىم كىشىلەرگە كۆپ،
بۇ كۈن بۇ تىلىم ئۇزرە ئېيتسۇن تۇرۇپ.

5709 كىشىلەرگە ئازار بەردىم ھېسابسىز،
بېرەي ئۆزگە ئازار مەن ئەمدى، ئەزىز.

5710 نادان بىر قاچاقمەن، ئىگەمدىن قاچاق،
جىمىكى گۇناھقا كۆمۈلگەن بىراق.

www.uyghurkitap.com



5711 بۇ كۈن تەۋبە بىرلە يانايمەن مانا،
ئىگەمدىن بۇ ئۆزرەم تىلەيمەن مانا.

5712 ئۆلۈم تۇتمىغان چاغدا تائەت قىلاي،
ئۆلۈم تۇتسا، تائەت قىلىپ بولمىغاي.

5713 بىر ئىلمى كەڭ كىشى، ئىشىت نېمە دەر،
ئەي باغرى قاتتىق، ئۇ نەسىھەت بېرەر:

5714 يىغ ئۆزنى ئۆلۈمدىن ئاۋۋال، ھەققە يان،
ئۆلۈم تۇتسا پايدا بەرمەس پۇشايمان.

5715 ئۇنتۇماي ئۇنى، بول تەۋبىگە تەييار،
غاپىل بولما، ئۆلۈم ياقاڭدىن تۇتار.

5716 يىگىتلىك چېغىڭدا سەن قىل ئىبادەت،
قېرىساڭ كېتۇرلار ھەممە كۈچ ـ قۇۋۋەت.

5717 غەنىيمەت ھايات، قىل تائەت ئالدىراپ،
ئولۇم تۇتمىغانىكەن، تۇر ئويغاق قاراپ.

5718 ئولۇم تۇتمىغاندا ئويغان، دىققەت ئەت،
ئولۇم تۇتسا يوق پايدا، كۆرگىن پەقەت.

5719 مەن ئەمدى ساڭا كەلدىم ئاندىن تۇرۇپ،
بۇ ئىشقا كېڭەش بەر، ئويدان ئويلىنىپ.

5720 كۆيۈمچان قاياشىم ئەي جەسۇر توڭا،
نە قىلماق كېرەكتۇر، سەن ئېيتقىن ماڭا.

## يەتمىش ئۈچىنچى باب

### ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە كېڭەش بەرگەنلىكى بايانىدا

5721 جاۋاب بېرىپ ئودغۇرمىش ئېيتتى: قاياش
سۆزۈمنى ئېشىتكىن، ئايا قەلبداش.

5722 قىلىپسەن تولا ياخشى نىيەت ئۆزۈڭ،
خۇدا بەرسۇن تەۋپىق يورۇتسۇن كۆزۈڭ.

5723 پەقەت بىر ئىلىملا يېتىشمەس بۇڭا،
قىلىشقا تېگىشلىك يەنە ئىش تولا.

5724 ئۇلاردىن بىرىكىم، ئىشىت، ئېيتايىن،
هازىرلىق كۆرۈپ، سەن ئەمەل ئەيلىگىن.

5725 بۇ كۈن ئاندا تۇرماق ساڭا ياخشىراق،
يەنە مۇندا تۇرماق ماڭا ياخشىراق.

5726 بۇ كۈن سەندىن ئەلگە يېتەر پايدا كۆپ،
بۇ پايدا بۇزۇلسا قارغايدۇ سۆكۈپ.

5727 ئەلىڭ قىلدى ئەلگە قولۇڭنى ئۇزۇن،
قىلىپسەن ياخشىلىقلار نام ئالدىڭ پۈتۈن.

5728 خەلق تاپتى راھەت، تۈزەلدى ئېلى،
دۇئا بىرلە تىنماس رەئىيەت تىلى.

5729 نېمە دەر ئىشىتكىن، نەپئىلىك كىشى،
نەپئىلىك كىشىدۇر كىشىلەر بېشى:

www.uyghurkitap.com



5730 كىشىلەر ئارا، كۆر، كىشى ئول بولۇر،
ئۇنىڭدىن كىشىلەر كۆپ پايدا ئالۇر.

5731 نەپئىسىز كىشىدىن كىشىدۇر بىزار،
نەپئىلىك كىشى نەپئى ئەلگە كېلۇر.

5732 نىيەت ياخشى قىلسا كۆڭۈلدە كىشى،
جاھاندا بولۇر، كۆر، تىلەكتەك ئىشى.

5733 نىيەت ياخشى بولسا، ياخشىلىق بولۇر،
قىلالمىسا ھەم ئۇ ساۋابىن تاپۇر.

5734 ئەمىنلىك ۋە قانۇن ئەل راھىتىدۇر،
ئەلىگ ھەم خەلق ھەم سەندىن سۆيۈنۇر.

5735 قانۇن ۋە نىزاملار ئىشقا ئېشىپ كەڭ،
يوقالدى يامانلار، تۇگەپ ھىيلە ـ رەڭ.

5736 ئەگەردە كېلۇرسەن بۇلارنى قويۇپ،
پۇشايمان بولۇرسەن، ئۇ ئىش بۇزۇلۇپ.

5737 يەنە تېگىشلىگەي بۇ قانۇن ـ نىزام،
بۇزۇلغاي ئۇ ئىشلار تامام ۋەسسالام.

5738 ئورنۇڭغا سېنىڭ بىر يامان ئورنىغاي،
خەلقنى ئېزەر، ھېچ ھۇزۇر قالمىغاي.

5739 يامان يولغا تارتقاي ئەلىگنى يامان،
يامان ئىشلار قىلىپ، قويۇر ئىز ھامان.

5740 سېنىڭدىن سورايدۇ بۇنى بىر بايات،
يەنە قالدۇرۇش بار بىرەر ياخشى ئات.

5741 ياماندىن قاچ، نىزامىنى تۈزمە يامان،
ياماندا بولۇشما ھەم بەرمىگىن يان.

5742 نە دەيدۇ ئىشىت، كۆڭلى قىلىقى كۆنى،
نەسىھەت ساڭا قىلدى، ئۇنتۇما بۇنى:

5743 يامانغا قوشۇلما، تۇتما يامان يول،
يامانلىق قىلغۇچىغا بولۇشماس بول.

5744 نىزامىنى ياخشى تۈز ھەم ياخشىلىق قىل،
يامانلىق كۆرمەي ئىككى دۇنيا تىرىل.

5745 ساڭا بەردى تەۋپىق ھەق ياخشىلىققا،
جىمىكى ياخشىلىقنى ھەم قىلىشقا.

5746 مۇشۇ ياخشىلىقنى ئىچۈن بۇزارسەن،
ئەي كۆڭلى تىرىك، سەن زىيان كۆرەرسەن.

5747 بۇزۇپ ئەل پايدىسىن ۋە پايداڭ قويۇپ،
نە خوۋلۇق تىلەرسەن بۇ يەردە تۇرۇپ.

5748 بۇ يەر ماڭا خوپراق دېگەنتىم ئۆزۈم،
سەۋەبىن ساڭا دەي، گۈزەل يۇزلۇكۇم.

5749 ئۆزۈم دۇنيا ـ دۆلەت تېپىپ كۆرمىگەن،
تىلەك ـ ئارزۇغا ھەم كۆڭۈل بەرمىگەن.

5750 خەلق بىرلە بىللە ھەرىكەت قىلمىدىم،
يا بەگلەرگە لايىق قىلىق بىلمىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



5751 ئۆزۈم كۆرمىدىم مەن جاھان مىلىنى،
يا ياخشى ـ يامان يا كىشى ھالىنى.

5752 بىلىپ تۇرغاچ بۇ ھالەت، ئۇياققا بارسام،
بولۇر بەك يامان ھەم تائەتنى قويسام.

5753 كىشى كۆرمىگەن بولسا ئالتۇن ـ كۈمۈش،
كۆرۈپ تاپسا خۇلقى بولۇر مىڭ سۆكۈش.

5754 جاھاننى كېزۇرچى قىتان كارۋىنى
ئۇ سارتلار[228] بېشى، نە دەر ئىشىت ئۇنى:

5755 پېقىرلىقتا ئۆتكەن گاداي ـ كەمبەغەل،
بېيىسا قويۇر ئۇز خۇلقىنى دەل.

5756 تېپىپ قالسا بايلىقنى يوقسۇل ئەگەر،
دۇرۇسلۇق يولى تېز ئۇنىڭدىن كېتەر.

5757 بۇ بەخت كۆرمىگەن گەرچە دۆلەت تاپۇر،
خۇيى بۇزۇلۇپ ئەلگە ئاپەت بولۇر.

5758 ھۆكۈمدار بولمىغان گەر بولسا ھاكىم،
بولۇر قول ـ تىلىلە ئۇ خەلققە زالىم.

5759 سەن ئولساڭ، بۇ دۇنيا ـ دۆلەتكە تويۇپ،
بېسىپ سەن كۆڭۈلنى، نەپسىڭنى قويۇپ.

5760 كۆزۈڭ تويدى كۆڭلۈڭمۇ ھۇزۇرلىنىپ،
يۇرۇرسەن ئەلنىڭ بىرلە ياخشى بولۇپ.

5761 بۇ ھەقتە ساڭا تەڭرى پەزلى ئىدى،
بېرىپ ياخشىلىقلار سېنى خۇشلىدى.

## يەتمىش بەشىنچى باب

## توغرىلىقتا توغرىلىق، ئادەمگەرچىلىككە ئادەمگەرچىلىك قىلىش باياندا

5762 بۇ بىر تۇرلۇكىدۇر، يەنە بىرسىنى،
ئىشىتكىن، ئېچىپ مەن ئېيتايىن ئۇنى:

5763 ئۇنۇتتۇڭمۇ ياكى سىر قالدىمۇ گەپ؟
بۇ ئىشقا تۇتۇندۇڭ نە پايدىنى دەپ؟

5764 بىلۇرسەن جاھاندا بۇ ماختاش تولا،
ئەزىزىم، ۋاپالىق كىشىگە بولا.

5765 جاھاندا بولۇركەن قانۇن ۋە نىزام،
بەلگىسى كىشىگە كىشىلىك تامام.

5766 كىشى ياخشىلىققا قىلۇر ياخشىلىق،
بىرىگە ئۇن ھەسسە قايتۇرماق ئېنىق.

5767 نەسلىدە كىمىكى ئاتىدىن ئېسىل،
ئۇنىڭدىن كېلۇرلار پايدا ئەلگە، بىل.

5768 ئانا ئالسا يوشۇرۇنچە ئوغرى سۇ،
ئوغۇل تۇغسا ئەلگە بولۇر ئاپەت ئۇ.

5769 كۆر ئەمدى ئەلىگنىڭ ياخشىلىقلىرىن،
سەن ئالدىڭ يېمەك ـ كىيمەك نېمەتلىرىن.

5770 بۇ پەزل، ئاڭ، بىلىم ھەممىگە ئەلىگ ـــ
سەۋەب بولدى، ساڭا ئېچىلدى ئىشىك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



5771 ئۇلۇغ قىلدى ئۇنۋان ـ نام بىلەن سېنى،
ساڭا ياخشىلىققا ئېچىپ ئىشكىنى.

5772 ئەي كۆڭلى تىرىك سەن بۇ ياخشىلىقنى
ئۇنۇتتۇڭمىكىن يا ياندۇرغۇلۇقنى؟

5773 يىرىك سوزلىدىم مەن، قېرىنداش، قارا،
ئاچچىقلانما قىزىپ، دىل ئەتمە يارا.

5774 دۇرۇس سۆز يىرىكتۇر، كۆڭۈلگە ئاچچىق،
سىڭۈرسە ئۇنىڭ نەپئى بولغاي تاتىق.

5775 تېرىكمە ئەگەرچە يىرىك بولسا سۆز،
دۇرۇس سۆز يىرىكتۇر، يىرىك بولما ئۆز.

5776 بۇڭا ئوخشاپ كېلۇر ئەمدى بۇ سۆزۈم،
مۇنى سەن ئاڭلىغىن، گۈزەل يۈزلۈكۈم:

5777 دۇرۇس سۆز ئۇ ئاچچىق سىڭۈرگىن ئۇنى،
بېرىپ تاڭلا نەپئىن خۇش ئەتكەي سېنى.

5778 دۇرۇس سۆز كۆڭۈلگە، كۆر، ئاچچىق، يىرىك،
يىرىك سۆز دۇرۇس ئۇ، دۇرۇس سۆز قېنى؟

5779 سەن ئوغلان كىچىك چاغدا ئۆلدى ئاتاڭ،
قۇچىغانىدىڭ بەخت، تېپىپ بىلىم ـ ئاڭ.

5780 ئەلىگ تەربىيەتكە ئالغانلىقىچۇن،
كىشىلەر قاتارى سەن ئالدىڭ ئورۇن.

5781 ئات، ئايغىر، سۇ، يەر، قۇل ـ دېدەك ھەممىسى،
ئەلىگدىن كېلىپ، ئاچتى بەخت قاپقىسى.

5782 جىمى نېمەت ـ ياخشىلىققا ئېرىشتىڭ ئۆزۈڭ،
تارالدى ئېتىڭ ئەلدە مەشھۇر ئۇنۇڭ.

5783 يارارمۇ ساڭا ئەمدى قايتا تۇرۇپ،
يۈزۈڭ ئۆرۈسەڭ سەن، يېغىدەك بولۇپ؟

5784 تېگەر پايدا چاغدا سەن ئۇندىن قېچىپ،
يىراقلاشساڭ قالۇر دىلى ئېچىشىپ.

5785 ئەلىگ قىلدى بار ياخشىلىقنى ساڭا،
كېرەكمەسمۇ جاۋاب، ئەي مەشھۇر، ئاڭا؟

5786 سېنى كۆرسە ماختاپ ئەل ئالقىشلىسۇن.
ۋاپادار دەپ ئېتىڭ ئەلگە تارىسۇن.

5787 نېمە دەر ئىشىتكىن، كىشى ياخشىسى،
كىشىلىك ئېرۇر چىن كىشى بەلگىسى:

5788 كىشىلىك قىل، ئەي ئەر، ئۇلۇغ كىشى بول،
كىشىلىككە شۇنداق كىشى تۇتتى يول.

5789 كىشى بول، كىشىگە كىشىلىكنى قىل،
كىشى ئېتىن ئۆزگە سۈپەت ئەيلەگىل.

5790 ئەلىگ ياخشىلىق قىلدى مىڭلاپ ساڭا،
جاۋابەن ھازىرلا ياخشىلىق ئاڭا.

5791 يانۇتلۇق كىشى[229] ئۇ كىشى ياخشىسى،
خەلقنىڭ خىلىدۇر، كىشى بەلگىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



5792 ئىدىڭ سەن بىلمىسىز، نادان بىر بالا،
يۆلەپ ھەم يۇكسەلتتى بەختتە مانا.

5793 پىدا قىل سەن ئەمدى ئاڭا جان ـ تېنىڭ،
سەن ياتما، ئىشىنى كۈن ـ تۈن قىل ئۆنىڭ.

5794 ئۇ ياخشىلىق ئۈچۈن سەن قىل ياخشىلىق،
بېرۇر تەڭرى ساڭا ھەم بىل، ياخشىلىق.

5795 كىشىلىك قىلۇرچى كۆيۈمچان بىر ئەر،
ئەي كۆڭلى يېقىن سەن ئاڭلا، نېمە دەر...

5796 يېسەڭ كىم ئېشىنى، سەن قىلغىن ئىشىن،
كۆيۈمچانلىق ئارتار، ھالال يە ئېشىن.

5797 كۆزىتىپ تۇز ـ ئاشنىڭ ھەققىنى كىشى،
يېگۈزگەن كىشىگە پىدالار بېشىن.

5798 يېتىپسەن تىلەككە، تېپىپ ياخشى يول،
ئاڭا ياخشىلىقلە پايدىلىق بول.

5799 كىيىپ دۇردۇن ـ تاۋار پۇركەندىڭ ئۆزى،
ھەسەتخورلىرىڭنىڭ قاماشتى كۆزى.

5800 سەن ئەمدى ئەلىگكە كەلتۈر ياخشى ئات،
كۆرۈپ ياۋ سېزىلسۇن، ئەگسۈن بويۇن يات.

5801 تۇمەن ئارزۇ، نېمەت تاپتىڭ تىنچلىنىپ،
بويۇننى يوغاتتىڭ بۇقىدەك قىلىپ.

5802 كۈچۈڭنى سەن ئىشلەت ئەلىگ ئىشىغا،
كۆپەيسۇن دۇئالار ئۇزۇن يېشىغا.

5803 جاھان مېلى يىغدىڭ، بولدۇڭ ئۆزۈڭ باي،
مىنىدىڭ ھەم ئارغىماق يەنە تازى تاي[230].

5804 ئەلىگكە پىدا قىل بۇ مال ئىشلىتىپ،
تىلەككە ئېرىشسۇن مەڭگۈ قىزىرىپ.

5805 ئەلىگ تەختكە چىقسۇن بۇ كۈن بەھۇزۇر.
ئېگىپ باش دۈشمىنى، بولسۇن يەر ئۆپۈر.

5806 قولۇڭنى ئۇزارتتى، سۆزۈڭنى راۋان،
قارايدۇ ساڭا دوست ـ دۈشمەنلەر ھامان.

5807 ئاشۇر ئەمدى ياخشى دۇئانى ئاداش،
سېنىڭ بولدى دۆلەت، ئۇزۇن بولغاي ياش.

5808 ئېسىل كىشى قىلۇر شۇنداق ئەزگۈلۈك،
ئول ئاتى جاھاندا قالۇر مەڭگۈلۈك.

5809 تولا ياخشى ئېيتمىش ئەرەبنىڭ تىلى،
بىلىشكە كىشى ئەسلىن ئاچمىش يولى:

5810 كىشى ئەسلىگە ئىش ـ ھەرىكىتى گۇۋاھ،
ئىش ـ ھەرىكەت نە ئۇلسا، ئەسلى شۇ بولار.

5811 كىم ئۇ ئەسلى ياخشى، ئىش ـ ھەرىكىتى ئۇز،
ياماننىڭ ئەسلىگە ئۆز خۇلقى گۇۋاھ.

5812 ئەلىگ خۇلقى ئۆزگەرسە، ئەي مۇلايىم،
ئۇنى ياندۇر، تۈزەت، بېرىپ سەن بىلىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



5813 پۈتۈن ياخشىلىقلار ئەلىگ قىشىدا،
ئۇنى تەرك ئېتىپ سەن قالما تېشىدا.

5814 كېچەش سالدىڭ ئەمدى ئىشىنىپ ماڭا،
ئۆزۈم بىلگىنىمنى دېدىم مەن ساڭا.

5815 مەن ئېيتقانلىرىم ھەم ئۆزۈڭ بىلمىشىڭ،
قىياسلاپ كۆرەرسەن، يۈرۈشكەي ئىشىڭ.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

5816 سۆيۈنۈپ، قېرىنداش، دېدى ئۆگدۈلمىش،
بۇيۇكلەر شۇ ياڭلىغ بولۇشقا تېگىش.

5817 تولا ياخشى ئېيتتىڭ بۇ سۆزلەر بۇ كۈن،
يېشىلدى ماڭا بۇ تۈگۈلگەن تۈگۈن.

5818 ماڭا پەردىلىك ئەردى بۇ سۆز، ئېچىپ
كۆتۈردۈڭ بۇ پەردىنى سۆزلەپ ـ يېشىپ.

5819 ئۆزۈم قويدۇم ئەمدى بۇ ئارزۇ ـ تىلەك،
خۇدايىم بولۇپ بەرسۇن ئارقا يۆلەك.

5820 كۆزەتسۇن ئىگەم، تۇتسۇن كۆڭلۈم تۈزە،
خۇيۇم ھەمدە پەيلىمنى تۈزلۈك ئۈزە.

5821 دۇئا بىرلە سەن ھەم مەدەت بەر ماڭا،
ئۇنتۇما، مېنى سەن، سۆز ئېيتتىم ساڭا.

*　　　*

5822 سۆزىن كەستى، قوپتى ئاياغدا ئۆرە،
خوش ئېيتتى، ئاتلاندى، ياندى يول يۇرە.

5823 ئۆيىگە كېلىپ چۈشتى، كىردى يۈرۈپ،
غىزالاندى، دەم ئالدى بىر ئاز تىنىپ.

5824 پەلەك تۈل تونىن كىيدى باغلاپ بېلىن،
چېچىنى يېيىپ، ياپتى يورۇق يۈزىن.

5825 قۇياش يەشتى بولغاي ئۆرۈكلۈك چېچى،
قاما، قۇندۇز رەڭ ئالدى دۇنيا ئىچى.

5826 تۆشەك سالدۇردى، ياتتى بىر ئاز سوزۇلۇپ،
شېرىن ئۇخلىدى خېلى ۋاقىت تىنچلىنىپ.

5827 ئويغاندى، قاراپ كۆردى كۆتۈرۈپ بېشىن،
كۆرسەتتى پەلەك قىز كۆلەردەك چىشىن.

5828 قۇياش باش كۆتۈردى يۈز ئاچتى يېڭى،
جاھان ئالدى ھەر ياندا ئاق قۇش رېڭى.

5829 قوپۇپ تېز ئۆگدۈلمىش تاھارەت ئېلىپ،
ئوقۇدى ناماز، سوڭرا ناشتا قىلىپ.

5830 مىنىپ ئاتقا ماڭدى قەسىرگە يانا،
ئەلىگ قېشىغا كىردى توغرى مانا.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

5831 ئەلىگ ئاندىن ئودغۇرمىشنى سورىدى،
سالامەتمۇ ئۇ كامىل ئىنسان؟ دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



5832 دۇئا قىلغىنىنى قىلدىمۇ بايان؟
دۇئادۇر خۇدادىن بالاغا ئامان.

5833 دۇئا بىرلە ئىنسان تاپۇر ئەزگۇلۇك،
دۇئا بىرلە جەننەت بولۇر مەڭگۇلۇك.

5834 جاھاندا يوق ئۇلسا بۇ ياخشى دۇئا،
يامان يەر چۆكەتتى ئاپەت ئاستىغا.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

5835 جاۋابەن ئۆگدۈلمىش بۇ سۆزنى دېدى:
بىلىم بىرلە ئەلىگ ھەقنى سۆزلىدى.

5836 قاياشىم بۇ كۈن ئۇندا يالغۇز ئۆتەر،
ئۇ مۇڭلۇق دۇئادا بىزنى ياد ئېتەر.

5837 بىزدىنمۇ غاپىلراق بۆلەك كىم بولۇر؟
قىلۇرمىز گۇناھ بىز، ئۇ دۇئا قىلۇر.

5838 بۇ كۈن ئۇ ئەلىگكە كۆيۈمچان بولۇپ،
تىلىدىن چۈشۈرمەس دۇئالار ئوقۇپ.

5839 ئۇنىڭدىن كۆيۈمچان تېخى كىم بولۇر،
قويۇپ ئۆز غېمىنى، بىز ئۈچۈن قايغۇرۇر؟

5840 بىزنىڭدىن غاپىلراق، ئەلىگ، كىمدۇر ئۇل؟
ۋاقىت زايە، تائەتكە تەگمەيدۇ قول.

5841 سەمرىتىپ ۋۇجۇد ئارزۇ ـ نېمەت بىلەن،
يېتىپمىز ئاۋۇنۇپ بۇ راھەت بىلەن.

5842 بۇ تەن ئۆلگەي ئاخىر، يېگەي قۇرت ـ يىلان،
ئۆكۈنچتىن بۆلەك يوق چىقىپ بارسا جان.

5843 نېمە دەر ئىشىتكىن ئەقىللىك سۆزى،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىلسا، كۈپايە، قوزى:

5844 سەمىرگەن ۋۇجۇدقا تەييار قۇرت ـ يىلان،
سۆيۈنسەڭ قانچە سەن ئۆتكۈنچى مېھمان.

5845 چۈشۈڭدەك كېچەر بۇ تىرىكلىك كېتەر،
بۇنىڭغا ئۆتەر كۈن گۇۋاھتۇر ھامان.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5846 ئەي ئاقىل، — دېدى ئۆز جاۋابىدا بەگ
تۇتۇپ ئۆزنى نېچۈك ساقلىماق كېرەك؟

5847 سېنىڭدىن كۆيۈمچان كىشى يوق ماڭا،
پۈتۈن چىن ئىشىنىپ يۆرەرمەن ساڭا.

5848 مەن ئەمدى ياتۇرمەن ئۆي ئىچرە غاپىل.
ئىشىم تاشقىرىدا، ئەي ئىلمى كامىل.

5849 كۆزۈم سەن، قۇلىقىم ھەم ئاڭلا، كۆزەت،
نېمىكى نالايىق بولسا سەن تۈزەت.

5850 كېرەك بولسا ياردەم مېنىڭدىن ساڭا،
ماڭا ئېيت، قىلاي چارە ـ تەدبىر ئاڭا.

5851 خادىملار چىقىشسۇن بىر ـ بىرى بىلە،
مەشغۇل قىلما مېنى، سۆيۈنچىم تىلە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



5852 يىراق تۇتسۇن خەلقتىن قولىنى زالىم،
بىلىمسىز يامان ئولسۇن. قالسۇن ئالىم.

5853 بېيىسۇن ھەم خەلق، ھەم تۈزەلسۇن ئېلىم،
ئۇنىڭ شۈكرىنى ئېيتسۇن مېنىڭ بۇ تىلىم.

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلچىگە جاۋابى

5854 ئۆگدۈلمىش: ئايا بەگ، ـــ دەپ بەردى جاۋاب،
خۇدا بەرسۇن تەۋپىق، ئەي ئالىيجاناب.

5855 تىلىكىم ئىدى شول، كېرىكىمۇ شول،
ئېچىپ بەرسۇن تەڭرى توغرا ـ ياخشى يول.

5856 ياشىسۇن ئەلىگ بەخت ئىچىدە راھەت،
ماڭا قالسۇن ئەمگەك، باش ئاغرىق ۋە دەرد.

5857 ساڭا قىلدىم ئەمدى ئۆزۈمنى پىدا،
ئەي ئەلچى، ئۇلۇغ سەن، ھۇزۇردا ياشا.

5858 بىرلا ھاجىتىم بار سېنىڭدىن بۇ كۈن،
قوبۇل قىل شادىمان، ئىچىڭدىن چۈشۈن.

5859 بىلۇرسەنكى، بەگ كىمنى تۇتسا يېقىن،
قىلۇر غەيۋەت كىشى ئۇنىڭ بار ـ يوقىن.

5860 مېنى قانچىلىك ياخشى كۆرسەڭ ئۆزۈڭ،
چېقىمچى چاقسا گەر، تۇرۇلۇر يۈزۈڭ.

5861 جەسۇر بىر باتۇر ئەر، ئاڭلا نە دېمىش،
بۇ پەند ۋە ناساتنى بىلىپ سۆزلىمىش:

5862 كىشى كۆڭلى گۆشتۇر، سىسىپ بۇزۇلۇر،
ئۇنى بەك كۆزەتمەك كېرەك، ئەي جەسۇر.

5863 ھەرقانچە غەيۋەتنى ئاڭلىماس بۇ ئەر،
چىقىمچى ئارىغا كىرسە ئۆزگىرەر.

5864 ھەر قانچە ئەقىللىك، ھوشيار بولسا بەگ،
چىقىمچى يېقىن بولسا، تېگەر زىيان بەك.

5865 كۆڭۈل — بەگ، ۋۇجۇد ئۇ ئەسىر - قۇل ئېرۇر،
ئىسسىپ بەزىسىگە، بەزىگە سوۋۇر.

5866 كىشى تەبىئىي تۆت قارىمۇقارشى يېغى،
بىرى كۈلدۈرۈر، بىرى قىلۇر ئۇن چوغى[231].

5867 بىرى شاشسا، بىرى بېسىقلىق تىلەر،
بىرى يىغلىتىپ، ئۇ بىرى كۈلدۈرەر.

5868 خۇشاللىق دېگەن چاغدا غەم كەلتۈرۈر،
خاپىلىق دېسە بۇ خۇشال كۈلدۈرۈر.

5869 بۇڭا ئەيمىنۇرمەن، ئەي ساھىبقىران،
چىقىمچى بۇ ئىتلار چاقسا ناگىھان.

5870 دىلىڭ سىقىلىپ، ئۆزگىرەرسەن ئۆزۈڭ،
كېتەر زايە خىزمەت، ئۆرۈرسەن يۈزۈڭ.

5871 تىلىكىم شۇدۇر ھەم ئۆتۈنچىم ساڭا،
مېنى كىمكى چاقسا دېگىن سەن ماڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



5872 تېگى ـ تەكتىنگىچە تەكشۈرگىن سوراپ،
نە چىقسا قارار بەر شۇنىڭغا قاراپ.

5873 ساڭا كىمكى چاقسا ئىشتىكىن سۆزىن،
سۈرۈشتۈر ئاساسىن، چىن ۋە يالغىنىن.

5874 تولا ياخشى دەپتۇ كىشىلەر بۇرۇن،
سۆز ئاڭلا، لېكىن دىلدا بەرمە ئورۇن.

5875 تېخى ياخشى مۇندىن دېيىلگەن بۇ سۆز،
ئەمەل قىل بۇنىڭغا، ئايا ياخشى ئۆز:

5876 جىمى سۆزنى ئاڭلا، كېرىكىنى ئال،
كېرەكسىز سۆز ئولسا، يىراق تاشلا، قال.

5877 ئىشىت سۆزنى، تەكشۈر راسۇ ـ يالغىنىن،
يالغانىنى جازالا، قوبۇل قىل چىنىن.

5878 بۇ يالغانچى بىرلە بۇزۇلۇر ئاجۇن،
دۇرۇس چىن كىشى تۇت، ئەي قولى ئۇزۇن.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5879 جاۋاب بېرىپ ئەلىگ دېدى: ئەي كىشى،
راۋا بولدى ھاجەت تىلىگىڭ تۇشى.

5880 ساڭا بەردى ئىنسانىيلىقنى بايات،
كۆڭۈل، تىل، قىلىق ھەم دۇرۇس بولدى ئات.

5881 سېنىڭدىن قاچان كەلگەي يامانچىلىق،
ئۇ ئاق سۈت بىلەن كىردى ياخشى قىلىق.

5882 ئەي ئالىم كىشىكىم، چاقسا گەر سىنى،
بىلۈرمەن ئۆزۈمگە بىر دۈشمەن ئۈنى.

5883 قاچان ئاڭلىغايمەن ئۇلارنىڭ سۆزىن،
ئەگەر سۆزلىسەرلەر تولا يا ئازىن.

5884 نېچۈك بولغاي ئەلدە ئۇ ئەلچى ئۇلۇغ،
يامانۇ ـ ياخشىنى پەرق ئەتمەس ئوچۇق؟

5885 بولۇرمۇ ئۈنى خەلق ئۇزرە بەگ دېسە،
تۈز ھەم ئەگرىنى ئەقلى پەرق ئەتمىسە؟

5886 قاچان ئەل سوراركىم، ئۇ بەختى قارا،
سىنىغان كىشىنى سىنىسا يانا.

5887 نېچۈك تاپقاي ئارزۇ، قانۇنچى ھاكىم،
ئايرالماس بولسا راست ـ يالغاننى دائىم.

5888 خۇدادىن ماڭا چىن ئاتا سەن بۇ كۈن،
يېشىلدى سېنىڭلە ھەممە چىڭ تۈگۈن.

5889 خىزمەت قىلدىڭ ئارتۇق كۆيۈمچانلىقىن،
ئۆتىدىڭ ماڭا سەن تۈزۈ ـ نان ھەققىن.

5890 ماڭا ئىشلەپ ئۆتكەن ھاياتىڭ ئۈچۈن،
كېرەك ياخشى جاۋاب بېرىشىم بۇ كۈن.

5891 ئىشىتكىن، خەلقنىڭ ياخشىسى نە دەر،
دۇرۇسلۇق بىلەن ئەل ئىچرە مەشھۇر ئەر:

5892 كىشى ياخشىسىدۇر كىشلەر بېشى،
كىشلىك قىلۇرچى كىشىگە تۇشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



5893 كىشىگە جاۋاب قىل كىشىلىككە تەڭ،
شۇنىڭچۇن ئاتالدى كىشى دەپ كىشى.

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

5894 جاۋابەن ئۆگدۈلمىش دېدىكىم: ئەلىگ
ھۇزۇرلانسۇن، يەتكۈزسۇن ئەلگە بىلىك.

5895 خۇدا ياخشىلىق بەرسۇن ئىككى جاھان،
ئۈمىد - ئارزۇسىغا يەتسۇن ھەر زامان.

5896 يەلەك دەۋر قىلسۇن ئۇنىڭ مەيلىچە،
يورىسۇن زامانە تىلەكلىرىچە.

5897 ئەي كۆڭلى دۇرۇس، پاك، خۇلقى مۇلايىم،
ئېسەن بول، ياشا سەن بەختتە دائىم.

5898 ماڭا تەگدى سەندىن پۈتۈن ياخشىلىق،
ئىززەت ياكى بايلىق يېمەك - كىيگۈلۈك.

5899 خىزمەتكە بېلىمنى مەھكەم باغلىدىم،
ئىگەم بەرسۇن تەۋپىق ماڭا، ئەي ئالىم.

5900 دېدى: بەختىيار بەگ، ئۆگدۈلمىش يانا،
خۇدا ياخشى ئېتىڭنى يايدى مانا.

5901 تىلە ياخشى نام، ھەق بەردى ساڭا بەخت،
بەخت تاپقان ئۇلساڭ، كۆڭۈل ياخشى ئەت.

5902 ھەمىشە بولاي بىر مەشھۇر بەگ دېسە
كېرەكتۇر مۇنۇ تۆتتىن ئالماق ھەسسە:

5903 بىرى، تىل دۇرۇس بولسا، سۆزى پۈتۈن،
بىرى، قۇتلۇق قانۇن تەتبىق قىلىنسۇن.

5904 ئۈچىنچى، ئوچۇق قول ۋە بولسۇن سېخىي،
يېتىپ تۇرسۇن ئەلگە كۆيۈمچانلىقى.

5905 تۆتىنچى، قەيسەرلىك بىلەن ئىشلىمەك،
ياۋ بويىنىن ئېگىشكە جەسۇرلۇق كېرەك.

5906 قايۇ بەگ بۇ تۆت ئىش تولۇق قىلمىسا،
چۈشەر مەملىكەت چۈشكۈن هالغا راسا.

5907 شۇدۇر ئەمدى بەگلىك ئىشى يىلتىزى،
شۇدۇر ياخشى بەگنىڭ ئىش ـ هەرىكەت ئىزى.

5908 بۇ يولنى بۇزما سەن، مۇشۇ ئىزدا يۈر،
بۇ ئەردى سېنىڭدە بۇرۇنقىدىن قۇر.

5909 قايۇ بەگ بۇتىڭدىن بۆلەك يول تۇتار،
نېسىۋە ئالالماس ئۇ، بەگلىك بۇزار.

5910 ئەلىگ ئەي، بۇ ئۈچ خىل كىشىن ئەزىزلە،
مەن ئېيتاي، بۇنى سەن دىققەتلە ئاڭلا:

5911 بىرى، قەهرىمان، قورچ يۈرەكلىك ئەرەن،
قىلىچ بىرلە ئەلگە نەپ بېرەر تۈمەن.

5912 ئىككىنچى، هېكىم، ئالىم، ئەلچى كىشى،
كېڭەشكە نەپئىلىك، تۈزەر ئەل ئىشى.

5913 ئۈچىنچى، زېرەك ئۇستا كاتىپ ئېرۇر،
كىرىم هەم چىقىم بىلسە، خەزىنە تولۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



5914 بۆلارنى سەن خىللاپ، پەرقلىق تۇت هامان،
قەدىرلە، نەپىئىگە قىل لايىق ئېھسان.

5915 بارا، بارا تۇزىلۇر پۈتۈن ئىشلىرىڭ،
ئېلىڭ ئارتىپ هامان، كېڭەيگەي يېرىڭ.

5916 ئېتىڭ ياخشى بولغاي، ئاتىنىپ ئۆزۈڭ،
جاھان خەلقى كۆرمەك تىلىگەي يۈزۈڭ.

5917 ئەجەب ياخشى دەپتۇ كىشى بىلگىسى،
كىشى ئۆلسە، ئۆلمەس بۇ نام ياخشىسى:

5918 نە ياخشى بولۇر بىر ياخشى نام تېپىپ،
كىشى ئۆلسە ئاتى يوقالماس بولۇپ.

5919 تىرىكتۇر، ياخشى نامىلىق ئەر ئۆلگەن بىلەن،
چىرىپ ئۇ قارا يەردە ياتقان بىلەن.

5920 تىرىكلىك تىلىمە، ياخشى نام تىلە،
ئېتىڭ ياخشى بولسا تىرىكسەن، كۈلە.

5921 هايات نېمىدۇر، ياخشىلىق ئول نەدۇر؟
ئەي ئالىم، هېكىم سەن ماڭا چۈشەندۈر.

5922 ئېرۇر ياخشىلىق ئۇ، دۇرۇسلۇق چىنى،
تىرىكلىك دەل شۇدۇر، كۆرەرسەن ئۇنى.

5923 كىم قىلسا ياخشى قىلىق ئۇ بولدى تىرىك،
كىمىكى يامان خۇلق، ئۇ ئۆلدى تىرىك.

5924 كېتەر دۇنيا، بۇ ياخشى قىلىق كەتمىگەي،
بۇ ياخشى قىلىقنىڭ ئىزى ئۆچمىگەي.

5925 ۋاپاسىز جاھاننىڭ ئۆرۈلسە يۈزى،
كېرەك بولغۇسى ياخشىلىق، ئەي قوزى.

5926 ئەلىگ ئەي، گول بولما، بۇ دۇنياغا سەن،
ۋاپاسىز ئېرۇر ئۇ، بۇنى سەن چۈشەن.

5927 بۇ دۇنيا ئىشى ئۇ ئويۇندەك ئېرۇر،
دېسەڭ سەن ئاياغىن، ئۇ باشىن بېرۇر.

5928 ئويۇنغا قوشۇلما پەقەت، ئەي جەسۇر،
قوشۇلساڭ ئويۇنغا بويۇن باغلىنۇر.

5929 نەزەر سال، كىتابتا پۈتۈلگەن بۇ خوپ،
ئەي ھوشيار، ئۇنى سەن قالما ئۇنتۇپ:

5930 بۇ دۇنيا ئىشى، كۆر، ئويۇندۇر ئويۇن،
ئويۇنغا قېتىلما، نە لازىم ئويۇن؟

5931 ئىگەڭ يارلىقىن قىل، ئۆزۈڭ قۇللىقىن،
ئەگەر قىلمىساڭ سەن، تەييار تۇت بويۇن.

* *

5932 مانا، ئەي ئەلىگ، مەن نە بىلسەم شۇنى
بايان قىلدىم ساڭا ئىچى ـ تېشىنى.

5933 سۆزۈم تۇتساڭ تۇتقىن، ئەگەر تۇتمىساڭ،
كۆرەرسەن، شۈبھىسىز، ماڭا يۇتمىسەڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىستانى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



5934 ئەلىگ ئېيتتى: تەۋپىق تىلەرمەن تۇرۇپ،
خۇدادىن بۇ ئىشقا، كۆڭۈل تۈز قىلىپ.

5935 بىرەر خالىسا تەڭرى يارۇ ـ مەدەت،
ماڭا مەخپىي ئولسا، ئۇنى يورۇق ئەت.

5936 تىرىش سەن، سىرتتىكى جىمى ئىشقا باق،
ئويغاق ئول، ئىتتىك قىل قۇلاق، كۆزنى ساق.

5937 كوچۇك يەتكىنىن قىل، قارىما ماڭا،
يەنە قالسا، ياردەم قىلۇرمەن ساڭا.

* *

5938 سۆزىن كەستى ئەلىگ، تىلى شۇك بولۇپ،
بۇ ئۆگدۇلمىش چىقتى ھەم ئاستا تۇرۇپ.

5939 ئاتىن مىندى، كەلدى ئۆيىگە يانا،
چۈشۈپ كىردى ئۆيگە، يېشىندى مانا.

5940 كېچە ياتتى، ئەرتە يەنە ئاتلىنىپ،
بېرىپ قەسرگە كىردى ئاتتىن ئىنىپ.

5941 قىلىپ غەيرەت ئۆگدۇلمىش شۇنىڭدىن بۇيان،
تۇرۇپ تىك ئىشلىدى تىنماي ھەر زامان.

5942 خەلق تاپتى راھەت، تۈزەلدى جاھان،
پاراغەتتە ئەلىگ بولدى شادىمان.

5943 تولۇپ ئەلگە ياخشى دۇئا بىرلە سۆز،
ئېتى قالدى مەڭگۈ بولۇپ يىتكۈسىز.

5944 قارا، ياخشى قانۇن ئەجەب ياخشىدۇر،
قانۇن بىرلە بەگلىك ئۇ ئۆرە تۇرۇر.

5945 بۇ ياڭلىغ بەگ ئولسا بۇ خەلق باشچىسى،
راھەتكە ئېرىشۇر يۇرت ـ ئەل بارچىسى.

5946 خەلق بولسا ئىتائەتچى، خۇلقى كۆنى،
بۇنىڭ بىرلە بەگنىڭ يورۇغاي كۈنى.

5947 بۇ بەگلەر خۇدادىن قويۇلغان ئېرۇر،
خەلق ياخشى بولسا، بېگى خوپ بولۇر.

5948 يامان قىلسا خەلق، بەگ ھەم يامان قىلۇر،
يامانغا يامان قىلسا، ئۇ توسۇلۇر.

5949 خەلق تۈزسە پەيلىن، بەگ خۇلقىن تۈزەر،
قىلىق تۈزسە بەگ، پاك ئەرلەر ئەل سۈزەر.

*　　*

5950 يەنە ئۆتتى شۇ ھالدا ۋاقىت، كۈن ۋە ئاي،
گۈزەللەندى دۇنيا، خەلق بولدى باي.

5951 تۇمان ـ چاڭ تارىدى ھەم كەتتى تاڭۇق[232]
تۈزەلدى، سۈزۈلدى جىمى بۇلغانۇق[233].

5952 شۈكۈر قىلدى ئەلىگ خۇداغا يانا،
تولا مەدھىي بىرلە ئۇقۇدى سانا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## يەتمىش ئالتىنچى باب

### ئودغۇرمىشنىڭ ئاغرىپ قېلىپ ئۆگدۈلمىشنى چاقىرغانلىقى بايانىدا

5953 بۇ كۆڭلەر بىرىدە، ئۆگدۈلمىش كېچە،
بېشىن قويدى ئۇخلاي دېبان، ئاڭغىچە،

5954 ئىشىكتە ۋارقىراپ بىرى ئۈندىدى،
كىشى بۇيرۇپ، ئىتتىك «چىقىپ كۆر» دېدى.

#### خىزمەتچىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5955 خىزمەتچى كىرىپ ئېيتتى: بىر ئەر تۇرار،
سۆزۈم بار، كىرەي دەپ رۇخسەت سورار.

#### ئۆگدۈلمىشنىڭ خىزمەتچىگە سوئالى

5956 يەنە ئېيتتى: چىققىن ۋە ئېيتقىن: سۆزى
نېمىكەن، نە دەركەن، كىم ئىكەن ئۆزى؟

#### خىزمەتچىنىڭ خاۋەرچىگە سوئالى

5957 يەنە چىقتى خىزمەتچى، دېدى سۆزىن،
نەدىن كەلمىشىن ھەم تىلىكىن ئۆزىن.

#### خاۋەرچىنىڭ خىزمەتچىگە جاۋابى

5958 دېدى ئۇ: ئودغۇرمىش ئەۋەتتى مېنى،
سۆزۈم بار، قاياشىن كۆرەي مەن، قېنى؟

خىزمەتچىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5959 ئۇقۇپ كىردى، ئېيتتى نېمە دېگىنىن،
قاياشى ئۇنىڭدىن خەۋەر بەرگىنىن.

ئۆگدۈلمىشنىڭ خەۋەرچىگە سوئالى

5960 قوپۇپ تۇردى بەك تېز، ئۇڭا بەردى يول،
ئۇ ئەر كىردى، دەرھال سالام قىلدى ئول.

5961 قەيەردىن كېلۇرسەن دېبان سورىدى،
نېمىدۇر تىلىكىڭ، ئەي ھېكىم دېدى.

خەۋەرچىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5962 دېدى ئۇ: ئودغۇرمىش ئەۋەتتى مېنى،
ماڭا كەلسۇن ئۇ، بىر كۆرەي دەر سېنى.

5963 ئېغىرلاشتى ھالى، ياتۇر ئىنجىقىن،
بېرىپ كەل قېشىغا، ئەي كۆڭلى يېقىن.

ئۆگدۈلمىشنىڭ خەۋەرچىگە جاۋابى

5964 جاۋاب بېرىپ ئۆگدۈلمىش ئېيتتى: كېلە،
نېمە بولسا يېگىن، بارايلى بىللە.

خەۋەرچىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5965 ئۇنىماي دېدىكىم، قاياش ھالى بەك
ياماندۇر، ئەي ئالىم، يولغا چىقاردەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



5966 مەن ئاۋۋال بارايىن سىنىڭدىن ئۇزا،
ئارقامدىن بارارسەن، ئەي كۆڭلى تازا.

* *

5967 ئۈگدۈلمىش ئىشىكتىن ياندى يېنىشلاپ،
تېڭىرقاپ قالدى ئۇ قولىنى ئۇۋۇلاپ.

5968 تۇرۇپ ئۆيگە كىردى ئۇ بەك قايغۇلۇق،
سۆيۈنچ كەتتى، بولدى غېمى بەك ئۇلۇق.

5969 يېتىپ باقتى، لېكىن ئۇيقۇ كەلمىدى،
تۈنى بولدى يىلچە، توگەپ بولمىدى.

5970 كۆزىن يۇمدى بىرئاز بولۇپ ئۇخلىماق،
ئۇچۇپ ئۇيقۇسى كەتتى كۆزدىن يىراق.

5971 يەنە تۇردى، بىرەر دەم ئولتۇردى يا،
سىرىق تاڭ ئېتىشقا باشلاپ قوردى يا.

5972 چېچەكلىكتە بۇلبۇل يوچۇن سايرىدى،
ئۇدۇكلۇك ئىشتتى، دىل يىلىنجىدى.

* *

5973 ئېتىن مىندى ماڭدى قېرىنداشىرى،
بىرىپ كىردى، ئۆپتى ئۇ قول - يۈزلىرى.

5974 قاياشىن كۆردى ئۇ ئۇرۇنۇپ ياتۇر،
جۇۋسىن يېپىنىپ، يېڭىن ياستىنۇر.

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا سوئالى

5975 دېدى: ئەي قاياشىم، نە بولدى ساڭا؟
دىلىم بولدى كۆرگەچ سېنى كۆپ يارا.

### ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5976 دېدى: ئەي قاياشىم، كۆرۈنەر يولۇم،
ئۆلۈم تۇتقىنى تۇتتى، كېتەرمەن ئۆزۈم.

5977 يۈزۈڭنى سېنىڭ بىر كۆرەيىن دېبان،
سېنى ئەمگىتىپ مەن قىچقىرتتىم يۈيان.

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

5978 جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش: ئەي جانىم دېبان،
بولۇر دۇچار كېسەلگە هەر تىرىك جان.

5979 يامانلىق ئويلىما، سەن تىلىگىنى يىغ،
گۇناهقا كەفارەت بولۇر بۇ ئاغرىق.

5980 ئىشىتكىن، بىلىملىك كىشى نېمە دەر،
تورانىنى كۆڭۈلدىن بىلىم يوق ئېتەر:

5981 گۇناهقا كەفارەت كېسەللىك ساڭا،
گۇناهسىز كىشى كىم؟ دېگىن سەن ماڭا.

5982 گۇناهى تۆكۈلۈر، كىشى ئاغرىسا،
تۆگىسە گۇناه ئەر قۇتۇلغاي، توڭا.

5983 گۇناه ئەيلەر هەممە كىشى ئاز ـ تولا،
جاهاندا گۇناهسىز كىشى كەم بولا.

www.uyghurkitap.com



5984 ساقىيۇر كېسىلىڭ، بولۇرسەن ئېسەن،
گۇناھىڭ ئېرىغاي، ساۋاب تاپارسەن.

5985 ئېمىشقا تىلىگىدىن چىقار يامان سۆز،
ئۆلۈشنى قەيەردىن بىلدىڭ، كۆڭلى تۈز؟

## ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

5986 جاۋاب بېرىپ ئودغۇرمىش، ئېيتتى: سەۋەب
ئۆلۈمنى چۈشۈمدە ئايان قىلدى رەب.

5987 چۈشىدىم، چۈشۈمدە بىلىندى ماڭا،
ئۆلۈرۈم ئۇقۇلدى ماڭا، ئەي توڭا.

5988 يامان ـ ياخشى قازانى بىلدۈرسە خۇدا،
ئايان ئەيلەر ئۇنى ياتسا ئۇيقۇدا.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

5989 جاۋاب بېرىپ ئۆگدۈلمىش، ئېيتتى: بۇ سۆز
ھەم ياخشى ئەمەستۇر، ئايا كۆڭلى تۈز.

5990 كىشى ھەر ئاغرىقتىن گەر ئۆلسە ئىدى،
تىرىك كىشى قالمايتتى يەردە زادى.

5991 ھايات ئىنسان ئوغلى ئۇ ئاغرىر ئۆزى،
كېسىلمەس ھەر ئاغرىق بىلەن يىلتىزى.

5992 كىشى ياتسا ئۇخلاپ ئۇ چۈشلەر كۆرۈر،
ئۇنى تەبىرچىلەر ئۆز ـ ياخشى ئۆرۈر.

## ئاتمىش يەتتىنچى باب

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا چۈش تەبىرىنى ئېيتقانلىقى بايانىدا

5993 كىرەك ياخشى بىلمەك بۇ چۈش ئىلمىنى،
قىلىپ ئېھتىيات، خوپ ئۆرۈسە ئۇنى.

5994 كوپ خىللىق ئېرۇر بۇ چۈش ئۆرۈمەك،
ئەي تەمكىن ئەر، ئۇنى بىلمەكلىك كېرەك.

5995 بىلىمسىزگە چۈشنى ئېچىپ دېمىگىن،
كىچىكتۇرمەي ئۇنى بىلگەنگە دېگىن.

5996 كىچىدىكى چۈش تەبىرى باشقىدۇر،
يەنە كۆرسە كۈندۈز، ئۇ باشقا بولۇر.

5997 كۆرەرسەن، بۇ چۈش ئىلمىنىڭ شەرتى كۆپ،
ئاۋۋال بىلگۈلۈك بۇنى ئەقىل يورۇتۇپ.

5998 ئۆزۈڭچە ئۆرۈمە كۆرگەن چۈشۈڭنى،
ھەم ئېيتما كۆرۈنگەن كىشىگە ئۇنى.

5999 ئۆرۈۋەرمە چۈش دەپ چۈشنىڭ ھەربىرى،
ئەي ئالىم، بۇ چۈشنىڭ كۆپتۇر تەبىرى.

6000 ئۆرۈۋەرمە چۈشنى، بىلىم بىرلە ئۆر،
قىياسەن مەنىسىنى چۈشىنىپ كۆر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

6001 كىشى چۇش چۈشىسە ئۆرۈشكە بارۇر،
ئۆرۈش بىلمىگەندە نەپئى يوقىلۇر.

6002 نېمە دەر ئىشىتكىن بىلىمى دېگىز،
بۇ سۆزگە ئەمەل قىل، قىزارسۇن مەڭز:

6003 چۈشۈڭ ئۆرى خوپ، چۈش ئۆرۈشكە باقۇر،
بىلىپ تۇپ ۋە ئەسلىن ئەقىل بىرلە كۆر.

6004 يامان ئورۇمە چۈشنى، زىيىنى تېگۇر،
نېچۈك ئۆرۈسە چۈشنى ئۇ شۇنداق بولۇر.

6005 تالاي چۈشلەر ياركى، غىزاغا قارار،
ئۇ بولسا يارامسىز، چۈش خۇنۇك بولار.

6006 يەنە بىر چۈشكى، ئۇ پەسىلگە قارار،
كۈچەيسە تادۇسى ئاڭا ئۇ باقار.

6007 باھار پەسلى بولۇپ، كىچىك بولسا ئەر،
كۆرۈنسە قىزىل ھەممە ھەم قوڭۇر يەر.

6008 ئۇنىڭ قېنى كۈچەيگەن بولۇر بەلگىلىك،
دېگىن سەن ئۇنىڭكى قېنىن ئالغۇلۇق.

6009 گەر ئۇلسا پەسلى ياز، چۈش كۆرسە يىگىت،
چۈشىسە سېرىق، ھال يا كۇركۇم ئۆگىت[234].

6010 ئېشىپتۇر ئۇنىڭ ئەي ھېكىم سەپراسى،
سۇرگە ھەم تەرەنجىۋىل ئۇنىڭ دورىسى.

6011 كۇز پەسلى چۈشىسە ئورتا ياش بىر ئەر،
چۇقۇر، تاغ، قۇدۇق يا قارا نەرسىلەر.

6012 سەۋداسى كۆچەيگەن بولۇر، ئەي قاياش،
يېسۇن دورا مېڭە ساقلاشقا، ئاداش.

6013 قىش پەسلى بولۇپ چۈش كۆرسە گەر قېرى،
ئاقار سۇ چۈشىسە يا مۇز، قار، تولى.

6014 ئۇنىڭ بەلغىمى، كۆر، كۆچەيگەن بولۇر،
ئىسسىقلىق ئىچۇرۇپ ـ يېگۈزسە بولۇر.

6015 ئېلىشمان، بىتەرتىپ چۈشلەردۇر بىرى،
جەسۇر ئەر، بۇنىڭ يوق ئېرۇر تەبىرى.

6016 نېمە ئويلاپ يېتىپ، چۈشىسە شۇنى،
بولۇر ئۆرۈمىسە بۇ خىل چۈشلىنى.

6017 يەنە بىر چۈشكى، ئۇ شەيتانى چۈشتۇر،
بۇ چۈش كۆرگۈچى غۇسلى قىلسا بولۇر.

6018 ھۇنىرىنى بىركىم چۈشىدە كۆرۈر،
ئۇنىڭ تەبىرى يوق ئېرۇر، ئەي جەسۇر.

6019 بۇلارنىڭ بارچىسىن بىلمەكلىك زۆرۈر،
ئايرىپ تاللاپ ئاندىن ئۆرۈسە بولۇر.

6020 نېمە دەر ئىشىتكىن، چۈش ئۆرۈر ھېكىم،
سورىسۇن ئۆزى چۈش كۆرگەن بولسا كىم:

6021 بىلىپ ياكى بىلمەي بۇ چۈش ئۆرمىگىل،
نېچۇك ئۆرۈسە چۈشمۇ بولۇر دەل شۇ خىل.

6022 ئەگەر غەم چۈشىسە بولۇر خۇشچىلىق،
خۇشاللىق چۈشىسە كېلۇر قايغۇ، بىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



6023 ئەمەس بىرلا خىلدا بۇ چۈش تەبىرى،
ئەي تەمكىن، چۈشەنمەك كېرەك ھەربىرى.

6024 ئاۋامنىڭ چۈشىگە تەبىر بۆلەكتۇر،
بۆلەكتۇر بەگ چۈشىنىڭ تەبىرى، كۆر.

6025 سۆيۈنچ كۆرسە چۈشتە ئويۇن يا ئۇسۇل،
ئېچىلغاي ئەلەم ۋە قايغۇ ئۈچۈن يول.

6026 يەنە يىغلىسا چۈشتە كورسە ئەلەم،
ھۇزۇردا ياشار مىڭ، كېتىپ قايغۇ ـ غەم.

6027 يەنە بەزى چۈش بار تەبىرى ئۇنىڭ،
بۆلەككە بولۇر، نەپئى بولماس سىنىڭ.

6028 كىشىگە قاراپ چۈش تەبىرى بولۇر،
ئاڭا بولسا لايىق، ئەقىل چۈش ئۆرۈر.

6029 بۇ چۈشكى، كىشى كۆرسە ساغلام بولۇر،
شۇ چۈش بەزىلەرنى كېسەلمۇ قىلۇر.

6030 بىلىشلىك كېرەكتۇر بۇلارنى قاياش،
ئۇنىڭدىن كېيىن سەن ئۆرى چۈش، ئاداش.

6031 نىچۈكتۇر چۈشۈڭ ئۇ، سەن ئېيتقىن ئېچىپ،
بېرەي تەبىر ئاڭا مەن ئايرىم قىلىپ.

## يەتمىش سەككىزىنچى باب

## ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە چۈش كۆرگەنلىكىنى ئېيتقانلىقى بايانىدا

6032 جاۋاب بېرىپ ئودغۇرمىش ئاچتى تىلىن،
دېدى: چىن قۇلاق سال، ئۇنى سۆزلەيىن.

6033 شۇتا كۆردۈم ئېگىز، ئەللىك ۋاخىنلىق،
ئالدىمدا تۇراتتى يانتۇ قويۇقلۇق.

6034 چىقىپ باردىم ئاڭا بىر ـ بىردىن ئۆرلەپ،
ساناپ تا باشقىچە ۋاخىنا نەچچە دەپ.

6035 بېشىدا بىر ئەتچى[235] سۇ بەردى ماڭا،
ئېلىپ ئىچتىم تۈگەتتىم، قاندىم ئاڭا.

6036 كېيىن كۆككە ئۇچتۇم، ئېگىز يۈكسىلىپ،
يوقالدىم ئۆزۈم ئۇندا ئۆرلەپ سىڭىپ.

## يەتمىش توققۇزىنچى باب

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشنىڭ چۈشىگە تەبىر بەرگەنلىكى باياندا

6037 جاۋاب بېرىپ ئۆگدۈلمىش ئېيتتى: بۇ چۈش،
تولا پايدىلىقتۇر، ئېرۇر بەكمۇ خۇش.

6038 نېمىشقا بېرۇرسەن تەبىر بولمىغۇر؟
ئەي ئاقىل، بۇ چۈشكى، ئۆرۈشكە ماڭۇر.

6039 جىمى چۈشتە ئۆرلەش ئەزىزلىك بولۇر،
بۇ ئۆرلەش ئىچىگە ئۇلۇغلۇق كېلۇر.

6040 ئېگىزلەپ چۈشىسە ئۆسەر دۆلىتى،
ئەزىزلىك تېپىپ بەك ئاشۇر شۆھرىتى.

6041 شوتىغا چىقاردەك ئېشىپ بەخت ـ قۇتى،
ئۇلۇغلۇقلە ئەلدە يېيىلغاي ئېتى.

6042 گۇۋاھتۇر بۇ سۆزگە تۈۋەندىكى سۆز،
قويۇپتۇر ئۆرۈچى ئۆرۈپ ئۇنى ئۆز:

6043 شوتا چۈشتە ئىززەت يۈكسەلگەن قەدەر،
ھەر ۋاخىنا تېگىچە بولۇر مۆتىۋەر.

6044 نېچە چىقسا ئۆرلەپ شۇنچە قەدىر تاپۇر،
جاھان مالى، تەلەي ۋە بەختكە يېتۇر.

6045 قاچىدىكى سۇنى ئىچكىنىڭ پۈتۈن،
ھايات يىلتىزىڭ بولغۇسىدۇر ئۇزۇن.

6046 ئۇچۇپ كۆككە ئۆرلەپ تولۇق چىققىنىڭ،
خۇدا بەرگۇسىدۇر ئۇمىد قىلغىنىڭ.

## ئۇدغۇرمىشنىڭ بۇ چۈشكە باشقا تەبىر بەرگەنلىكى بايانىدا

6047 جاۋابەن ئۇدغۇرمىش دېدى: بۇ چۈشۈم
تەبىرى ئۇ ئەمەس، ئەزىز يولدىشىم.

6048 ئۆزۈڭ كۆرگەن ئۇلساڭ بۇ چۈشنى يېتىپ،
شۇ ئەردى تەبىرى، دېدىڭ سەن يېشىپ.

6049 كى بارچە ھىممىتىڭ دۇنيا ئۈچۈندۇر،
بۇ دۇنيا تىلىگەن، بۇ دۇنيا تاپۇر.

6050 قېچىپ مەن ئۆزۈم بۇ جاھانتى قويۇپ،
بۇ يەردە يۈرەرمەن جاپالار يۇدۇپ.

6051 تولۇق ئۆرۈمىدىڭ سەن بۇ چۈشنى ماڭا،
ئىشىتكىن، بۇ چۈشنى ئۆرەي مەن ساڭا:

6052 ئېگىز ۋاخىنلىق بىر شوتا كۆرگىنىم،
ئېرۈر ئەي قاياش ئۇ تىرىك يۈرگىنىم.

6053 شوتىنىڭ بېشىغا قەدەر ئۆرلىدىم،
كى ئۆمرۈم تۈگەتتىم، رىزقىمنى يېدىم.

6054 بېشىغا چىققاندا، ئۇ ئەتچى كېلىپ،
ماڭا سۇنى بەردى، ئىچىپمەن ئېلىپ.

6055 ئۇ ئەتچى ئېرۇر، كۆر، ئاتىلىقلىنى
ئاتىسىز قىلۇرچى، ئەي پاك، بىل بۇنى.

6056 ئۇ ئەنچى ئېرۇر، كۆر، ئابادانلىقنى
بۇزار ھەم يۈرۈتمەس يۈرگەن جانلىقنى.

6057 قاچىدىكى سۇنى تولۇق ئىچىشىم
نى جورۇپ ھاياتقا، ئۇزارتىش يېشىم.

6058 ھاياتلىق ئىدى سۇ سەن ئېيتقان كەبى،
يېرىمى ئىچىلىپ، قالسا يېرىمى.

6059 يېرىمىن ئىچىپ قويسام ئەردىم يېرىم،
يېرىم قالغاي ئەردى تىرىكلىكلىرىم.

6060 ئىچىپمەن ئۇ سۇنى تامامەن بىراق،
تۈگىدى ھاياتىم، سەن قال ئېسەن ـ ساق.

6061 نېمە دەر ئەقىللىك ھېكىم، ئاڭلىغىن،
ھېكىملەر سۆزىن سۆزگە ئاساس دېگىن:

6062 گەر چۈشتە بىر قاچا سۇ ئىچسە يېرىم،
تۈگىدى تىرىكلىك يېرىمى يېرىم.

6063 ئەگەر ئىچسە سۇنى تۈگىتىپ ئېرىغ،
تۈگىدى تىرىكلىك، قېزىلدى قەبرىم.

6064 يۇقىرى ئۇچۇپ ھەم غايىب بولغىنىم،
يېشىل كۆككە ئۆرلەپ سىڭىپ كەتكىنىم.

6065 ئېرۇر ئۇ سۇزۇك جان قېپىدىن چىقىپ،
كېتىپ قالدى، كەلمەس يېرىگە يېنىپ.

6066 خۇدا چۈشتە بىلدۈردى ئەمدى ماڭا،
ئۆلۈمگە تەييارلىق كېرەك، ئەي توڭا.

www.uyghurkitap.com

6067 بۇ چۈشىنىڭ يورۇقى شۇ ياڭلىغ ئېرۇر،
بۆلەكچە ئۆرۈرسەن ماڭا، ئەي جەسۇر.

6068 تەسەللى بېرەرسەن ياساپ كۆڭلۈمنى،
ئۆلۈم تۇتتى ئەمدى يوق دورا ــ ئەمى.

6069 ئەي كۆڭلى تىرىك، سەن دىققەت بىرلە كۆر،
قوڭۇر يەرنى قىلدى ئۆلۈم دۆۋە ــ گۆر.

6070 نەچە قەسىر، ئوردا، بېزەكلىك ساراي
نى بۇزدى ئۆلۈم، قىلدى ۋەيرانە،ۋاي!

6071 نەچە باتۇر، مەغرۇر بۈيۈك بەگلىنى،
ئۆلۈم يەرگە تىقتى تىرىك، كۆر ئۇنى.

6072 نى كۈچلۈك بىلەكلەر توپلاپ يىغقىنىن،
ئۆلۈم ئالدى، چاچتى، تاراتتى بارىن.

6073 تاڭ ئەرمەس ئۆلۈم، تۇغسا ئىنسان ئۆلۈر،
جىمىكى تىنارلىق ئۆلۈرچى ئېرۇر.

6074 ئاجايىپى شۇكى، ئۆلۈرچى بۇ جان،
ئۇنتۇپ ئۆلۈمنى ئۇرار لاپ هامان.

6075 غاپىلدۇر بۇ ئىنسان، بىلۇر ئۆلۈشىن،
يوقاتماس ئۆزىدىن غەپلەت ئۇيقىسىن.

6076 ئۆلۈم هەق ئېرۇر، يوق ئۆزگە ئامالىم،
نە بولغاي ئۆلۈمدىن كېيىن بۇ هالىم.

6077 شۇدۇر ئەندىشەم، ئەي كۆڭۈلداش ئەشىم،
ئۆلۈمدىن كېيىن ھەق ئۇڭلىسۇن ئىشىم.

6078 قانائەت قىلىپ بارغا كەچۈردۈم كۈنۈم،
ھۇزۇر، مېھنەتتە ئۆتتى، يورۇدى تۈنۈم.

6079 قولۇم قىسقا تۇتتۇم، تاۋار يىغمىدىم،
ھاۋاي ـ ئارزۇلارغا كۆڭۈل بەرمىدىم.

6080 بۇ كۈنى چۈشەنگەچ، ئۆزۈم يۈكلىرىم،
يەڭگىتمەك تىلىدىم بارچە گۇناھىم.

6081 نېمە دەيدۇ، ئاڭلا، بىلىم بەرگۈچى،
كۆيۈمچان بولۇپ پەند ـ ناسات قىلغۇچى:

6082 تىرىش، بولما غاپىل، يېنىكلەت يۈكۈڭ،
تۈزەت ئۆزنى، قىلدىن نازۇكتۇر يولۇڭ.

6083 بۇ كۈن ياتما، قىينال، ئىشىڭ تەييار ئەت،
كېچۈرچى جاپاتى ئۇنۇتقىن ئۆزۈڭ.

6084 يەنە ئېيتتى: ئەي چىن كۆيۈمچان قاياش،
كېتۈرمەن، سوڭۇمدىن بارۇرسەن، ئاداش.

6085 ساڭا بىرقانچە سۆز سۆزلەپ ئۆتەيىن،
ئۇنتۇما ئۇنى سەن مېنىڭدىن كېيىن.

6086 تىرىكمەن، كۆيۈمچانلىقىم بولسۇن ئۇ،
ئۆزۈمدىن كېيىن بۇ سۆزۈم قالسۇن ئۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## سەكسەن بىرىنچى باب

### ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە نەسىھەت قىلغانلىقى بايانىدا

6087 سۆزۈم شۇ قاياشىم، غاپىل بولمىغىن،
ھاياتنى يامانغا زايە قىلمىغىن.

6088 يوقاتما دۇرۇسلۇق يولىن، توغرا بول،
تىلەككە ئېلىتكەي سېنى ئۇشبۇ يول.

6089 كۆيۈمچان بول جىمى تىنارلىق ئۈچۈن،
تۈزەپ دىل، تىلىڭنى سەن ھەققە تېۋىن.

6090 غېمىڭنى قىسقا قىل، تائەتنى ئۇزۇن،
شاشقاندا تەمكىن بول، غەزەپتە تۈزۈن.

6091 ئۆلۈمنى ئۇنتۇما، تەييارلىقنى قىل،
ئۆزۈڭنى ئۇنتۇما، تۇپ ـ ئەسلىڭنى بىل.

6092 بۇلغانما دۇنياغا ھېرسلىق قىلىپ.
قالۇر بۇ، كېتۇرسەن، ئۆكۈنچتە ئىڭراپ.

6093 خۇدا ھۆكمىگە كۆن، نە كەلسە كۆتۈر،
خەلققە نەپئى قىل، پەيت تاپساڭ ئەگەر.

6094 دۇرۇس سۆزلە سۆزنى تولۇق قىل پۈتۈن،
بولۇر سۆزى يالغان كىشىلەر ئوتۇن[236].

6095 كۆلەر يۈز، ئىسسىق سۆز، خۇيۇڭ ياخشى قىل،
كېلۇر بەخت ئايلىنىپ دەۋر ساڭا، بىل.

6096 سېخىي ھەم مۇلايىم بول، تۈز ـ نان يېگۈر،
كىشى ئەيىبىن ئاچما، يوشۇر سەن يوشۇر.

6097 يىغ نەپسىڭ، ئەزەپتە باسقىن ئۆزۈڭنى،
گەر نەپسىڭ ئەگرىگە ماڭسا يىغ ئۇنى.

6098 ئۆزۈڭ نەپسى كۆتمە، خەلق نەپسى كۈت،
يۈكۈڭنى يۈدكۈزمە ئەلگە، ئۆزۈڭ يۈد.

6099 تاۋار ـ مال بارىنى قىل ئۆزگە يۇلۇغ[237] ،
خەلقنى سۆيۈندۈر، ئەي ئىلمى ئۇلۇغ.

6100 كىشىنىڭ خىلى ئۇ كىشى قۇتقۇزار،
سۆيۈنچتىن تىلەپ ئۆز جېنىن پىدالار.

6101 تولا ياخشى ئېيتمىش كىشى ياخشىسى،
ئەقىللىك، بىلىملىك، پىكىرلىك كىشى:

6102 كىشىلەر خىلىدۇر پايدىلىق كىشى،
خەلقنىڭ ئۇلۇغى كۆيۈملۈك كىشى.

6103 كىشىلىك دېگەن ئات ئىككى نەرسىدۇر،
كۆيۈمچان بولۇش ھەم سېخىيلىق ئېرۇر.

6104 قارا، ئېيتار ئەقىل بۇنىڭدىنمۇ خوپ،
ئەقىلنىڭ يولىن تۇتسا پايدىسى كۆپ:

6105 سېخىي دەپ ئاتارلار، كىمدۇر ئۇل سېخىي؟
سېخىي جان پىدالاپ، ئۆتەر ئەر ھەققى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



6106 سېخىيلىق ئەمەستۇر تاراتماق كۈمۈش،
سېخىيلىق — خەلققە جان پىدا بولۇش.

6107 ئېقىنتىسا سېخىي ئەر خەلققە تاۋار،
ئېقىپ خەلق ئۇنىڭغا كېلىپ توپلىنار.

6108 جاھان شۆھرىتى ئىككى نەرسە ئېرۇر،
بىرى مال، بىرسى يۈز - ئابرۇي بولۇر.

6109 تېپىپ ئىككىنى مىڭ ياشىسا تۈگەل،
ئۆلۈم تۇتسا ئاخىر، ئۆزگە بولۇر ھال.

6110 ئاۋام ئىشلىسە، بەگ ئۆسەر — زورىيۇر،
ئۆزەڭگە بار ئەرسە يۈگەن چىڭ تۇتۇر.

6111 بۇدۇر دۇنيا، دۆلەت ۋە خەلق ھاللىرى،
تېپىلماس، تېپىلسا بولۇر بەگ قېرى.

6112 كۆچۈرسەن، سېنىڭ ئۇ ئېتىڭ ھەم كۆچەر،
كۆچۈرگۈچى ئۆلۈم، ئاخىرى كېلەر.

6113 كۆچۈرچى كىشى قىلماس ئوردا - ساراي،
يۈرۈرچى كىشى يولدا قالماس يىل - ئاي.

6114 ئۆزۈڭنى يولۇچى ھېسابلا قاياش،
خۇشال بولما ئارتۇق ھەم ئوينىما قاش.

6115 كېتۇرچى ئېرۇر بۇ جاھان قالغۇسىز،
ئۆلۈرچى ئېرۇر جان، كۆڭۈل بەلگىسىز.

6116 تۇرۇپتۇ تەييار بۇ ئۆلۈم تىرنىقى،
غاپىل يۈرگىنىڭدە ئىلار قارمىقى.

6117 بۇ دۇنيا ــــ بىر ئاشتۇر، سەن يېگۈچىنىڭ
ئېتىنى ئۆزۈڭ ئېيت، چامام يوق مېنىڭ.

6118 قوغلاشما سەن ئارزۇ، سەن قىلما ھەۋەس،
غەيۋەتتىن تىلىڭ يىغ، بولغىن گاچا، بەس.

6119 دىلى بىدار كىشى، ئاڭلا، نېمە دەر،
ئەمەل قىلسا بۇڭا، دۇچ كەلمەس زەرەر:

6120 بۇ ئارزۇ قوغلىماق بەك تاتلىق ئېرۇر،
سورىقى بۇنىڭ تاڭلا قاتتىق ئېرۇر.

6121 تاتلىققا تېتىقسىز، چۈچۈككە ئاچچىق،
ئۆرلەشكە چۈشۈش بار، ئېگىزگە پاتىق.

6122 قىلىقتا دەل قىزغا ئوخشايدۇ ئاجۇن،
سېنى ئالدىمىسۇن، ئەي خۇلقى تۇزۇن.

6123 تولا يەلگە بەردى سېنىڭدەكلىنى،
كۆچۈردى ئەلىگدەك تولا بەگلىنى.

6124 كۆز ئاچتى سىلەرگە، ئۇ قول بەردى، بىل،
ئەي خۇلقى سىلىق، سەن بولمىغىن غاپىل.

6125 نېمە بەرگەن ئولسا، يەنە ئالغاي ئۇ،
نېمە يىغقان ئولسا، يەنە چاچقاي ئۇ.

6126 نېچە كۈلسە بىر كۈن يەنە يىغلىتار،
نېچە تۈزسە بىر كۈن ئۆرەر ۋە بۇزار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



6127 قىلىقى جاپادۇر، مىجەزى جاھىل،
نۇرى ئاز، تولىسى تۇتۇن ئۇنى بىل.

6128 بېرىنىپ كىشىگە ئۇزىن كۆرسىتۇر،
كۆڭۈل بەرگىنىڭدە پۇتۇڭ بېكىتۇر.

6129 شېكەر بىرلە ئاسراپ، بېرۇر سوڭ ئاغۇ،
ئەي ئالىم، ۋاپاسىز بۇ بەخت خۇيى شۇ.

6130 نە دەيدۇ ئىشىتكىن، تەقۋالار بېشى،
چۇشەنگىن، ئەي دۆلەت ئىگىسى كىشى:

6131 قالۇر بۇ جاھانغا سەن بەرمە كۆڭۈل،
ئەي ۋەزمىن قىلىقلىق، جاپاچىدۇر ئول.

6132 ئەقىل، ئاڭ، بىلىمدە سەرە ـ خىل بىر ئەر،
ئەجەب ياخشى ئېيتمىش، ئىشىت، نېمە دەر:

6133 ۋاپاسىز بەختنى كۆرۈپ ئازمىغىل،
ئۆزگىرىپ تۇرار بەخت، ئىشەنچسىز ئۇ، بىل.

6134 كۆلەڭگە ئېرۇر دۇنيا ـ دۆلەت كۇنى،
كۆلەڭگە ئۇ بىر يەردە تۇرماس كۇنى.

6135 دىنىڭنى ئەزىز تۇت، بۇ دۇنيانى خار،
ئەي ئىلمى دەريا، دىن قەدىرلىك قىلار.

6136 ھۇزۇرغا گۇل بولما، سۆيۈنمە، چۇشۇن،
خۇدا يادى بىرلە تائەت قىل پۇتۇن.

6137 سېنى مەست قىلمىسۇن بەخت ـ دۆلەت، قاياش،
ھوشۇڭ يىغقاچ، شەكسىز، تولۇر كۆزگە ياش.

6138 تېمە دەر ئىشتىكىن خەلقىنىڭ بېگى،
سۆزىنى سىنىغان، يېتىلگەن ئۆگى:

6139 كىمىنىكى مەست قىلسا بىر دۆلەت، كېلىپ،
قوڭۇر يەردە ئىگرار يۈرەك يېرىلىپ.

6140 بولۇپ مەست ئۇلۇغلۇقتا كىم سۆيۈنەر،
قارا يەر تېگىدە جازاسىنى يەر.

6141 يىگىتلىك يا بايلىق يا بەخت مەستلىكى،
شاراب مەستلىكىدىن يامان، ئەي بەكى[238].

6142 هاراقكەش مەست ئولسا هاراقنى ئىچىپ،
ئۇخلاپ قوپسا تۈزىلەر هوشىنى تېپىپ.

6143 مەست قىلسا بۇ دۆلەت ئەگەر كىشىنى،
ئويغانماس، ئۆلۈم تۇتمىغۇنچە ئۇنى.

6144 ئېتىڭ بولدى قۇل، قىلما بەگلەر ئىشى،
ئۆزۈڭ قۇللۇقى قىل، ئەي ياخشى كىشى.

6145 تۇرمايدۇ تولا بۇ تىرىكلىك كۈنى،
ئۇزۇن جايغا يەتمەس بۇيۇكلۇك ئۇنى.

6146 نەچە مىڭ ياشىسا، ئۆز ئۆلگۈچىدۇر،
ئۇلانغان ئەزالار ئۈزۈلگۈچىدۇر.

6147 مۇڭا ئوخشار ئەمدى ئىشىت ئۇشبۇ سۆز،
تۇتۇپ دىلدا مەھكەم، ھەرگىز ئۆرۈمە يۈز:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



6148 جىمى ئارزۇ ـ نېمەتكە يەتسەڭمۇ گەر،
تېپىپ ئابىھايات ئىچسەڭمۇ گەر:

6149 قولۇڭ يەتكەندىمۇ يۇلتۇزغا ھامان،
بېشىڭ كۆككە تەگسە، ئورۇن ساڭا يەر.

6150 ساڭا توغرا سۆزنى ئېيتاي، ئەي قاياش،
نېچۈنمۇ يوشۇراي مەن، ئەي كۆڭۈلداش؟

6151 نېچۈك سۆيمەس ئىنسان بۇ دۇنيا مېلىن،
ئۇ نېمەت، گۈزەل يۈز ۋە ئىشۇەلىرىن؟

6152 ھۇزۇر ـ راھەت، نېمەتنى قويغاچ ھامان،
ماڭا ياپتى ئىشىكنى ۋاپاسىز جاھان.

6153 جاھان ھەقتىن ئەرنى يىراق تاشلىغاي،
توساپ ياخشى ئىشلارنى قىلدۇرمىغاي.

6154 ئالىم شۇ تەشۋىشتە دۇنيانى قويۇپ،
جاھاننى كېزەر ھەم جاپانى يۇدۇپ.

6155 قايۇسى يۈرەر تاغدا ئۆڭكۈر ئۆيى،
يەپ يىلتىز، ئىچەر ئۇ ھەم يامغۇر سۈيى.

6156 قايۇسى باياۋاندا يۈرەرلەر كېزىپ،
خۇدادىن قورقۇشۇپ ئەندىشە سېزىپ.

6157 بىرى، ئەگنى جۇلجۇل يۈرەر دۇمچىيىپ،
بىرى زار، كېزەر يۇرت، كۆزى ياش تۆكۈپ.

6158 بىرى، ئاش يېمەستىن ئۆزىن يادىتۇر،
بىرى، تۇندە ياتماي ئاياغدا تۇرۇر.

6159 مۇشۇنداق يۈرەرلەر ئويغانغان كىشى،
بىز ئۇخلاپ ياتۇرمىز، غاپىللار بېشى.

6160 سەن ئەمدى كۆزەتكىن ئۆزۈڭنى قاياش،
سېنىڭ بولدى دۇنيا، ئۆزۈڭ ئەمدى باش.

6161 ھەۋەس باس، ئەقىل بىرلە نەپس بويىنىن كەس،
ئەقىل بىرلە ئەرلىك نىشانى بۇ، بەس.

6162 بۇ ئىككى بىلەن ئەر ئۆزىن يوقىتۇر،
بۇڭا كىم ئەسىر بولسا، كۆپ جاپا چېكۇر.

6163 مانا مەن كېتۇرمەن بۇ كۈن ئايرىلىپ،
سېنىڭ ھەم يولۇڭ شۇ، كەل ئەزگۇ قىلىپ.

6164 يامانغا قوشۇلما، پەيلى ياخشى بول،
يامان ئىككى ئالەم پالاكەتتە ئول.

6165 نېمە دەر ئىشىتكىن، يېتىلگەن كىشى،
ئۆلۈمدىن ئاۋۋال ئىش رۇسلىغان كىشى:

6166 بۇغرىدەك كۈچ بىلەن يامانلىق قىلغان،
يامانلىق قىلما، ئۇ زەھەردۇر ھامان.

6167 ئەي بېشەم، ھەرىكەتلىك خەلق ئۆكتىمى،
ئۆلۈم كېلۇر، تېز قىل سەن ئۇنىڭ ئەمى.

6168 ئايا مەن دېگۈچى «مەن»نى قوي، «مەن»نى،
ئۆلۈمگە تەييارلان ئۇ دەيدۇ سېنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



6169 ئەي ئاچ كۆز ۋە پىخسىق، بۇ دۇنيا قۇلى،
ئۆلۈم خىرىس قىلماقتا سېنى تۇتقىلى.

6170 قاياشىم ـــ دېدى مۆڭ ئىچرە كېتۇرمەن،
بۈگۈن ئىككى نەرسىگە ئېچىنۇرمەن.

6171 بىرى، ھەق تائىتى مېنىڭدىن قالۇر،
ئىككىنچى، ئىگەم يادى تىلدىن كېتۇر.

6172 بۇ كۈن ياكى تاڭلا يۇمۇلسا كۆزۈم،
دۇئايىڭغا ھاجەت بولۇرمەن ئۆزۈم.

6173 دۇئادا ئۇنتۇما مېنى، ئەي قاياش،
مېنىڭدىن كېيىن سەن كېلۇرسەن تۇتاش.

6174 مانا، ئەي كۆرەرسەن ھالىمنى مېنىڭ.
ساڭا ئىبرەت ئۇ، قىل داۋاسىن ئۇنىڭ.

6175 ئۆلۈم كەلدى يېتىپ، غەمكىن كېتەرمەن،
كېلەر ساڭا مەندىن كېيىن، سەن ئىشەن.

6176 بۇ كۈن ئايرىلۇرمەن، جېنىم مۇڭلىنار،
قوشۇلغايمىز قاچان بىز، تەڭرىم بىلەر.

6177 نېمە دەيدۇ ئاڭلا، ئۆلۈرچى كىشى،
ئۆلەردە ئىڭراپ يەرگە ئۇرغان بېشى:

6178 ئۆكۈنچتە ئۆلەرمەن، ئاقار كۆز يۇلۇم[239]،
تاتلىقنى تېتىقسىز قىلۇر بۇ ئۆلۈم.

6179 ئۆلۈمدىن سوڭ ئەرنى ئىككى يىل كۈتەر،
بۇنىڭدىن قايسىسى بولۇركىن يولۇم؟

6180 يەنە ئېيتتى: ئەي جان قېرىنداش، قارا،
غېمىم يەپ مېنىڭ، قىلما كۆڭلۈڭ يارا.

6181 دېمە ئاھ، كۆڭۈل بۇزما مەندىن كېيىن،
يېسىپ ئۆزنى، تىرىش، دۇئا ئەيلىگىن.

6182 يىغا سالما ئارتۇق، تۇساپ تۇت ئۆزۈڭ،
خۇدانىڭ ئەمرى بۇ، بەس قىلغىن سۆزۈڭ.

6183 قېنى يانغىن ئەمدى، يېنىپ ئۆيگە بار،
ئەلەم ـ قايغۇ بىرلە كۆڭۈل قىلما تار.

6184 ساڭا ئېيتتىم ئەمدى كېرەكلىك سۆزۈم،
سۆزۈمنى ئۇنتۇما، ئەي كۆڭلى تۇزۇم.

6185 ئەلىگكە دېگىن سەن مېنىڭدىن سالام،
ئاخىرقى سالام بۇ، ئەي ئىلمى تامام.

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا جاۋابى

6186 جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش، ئېيتتى تۇرۇپ:
نېچۈكمۇ كېتەرمەن سېنى مەن قويۇپ؟

6187 ئېغىر بۇ كېسەل بىرلە ئۆزۈڭ يالغۇزۇڭ،
نېچۈكمۇ قىلۇرسەن پاك نەسىل ئۆزۈڭ؟

## ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

6188 يەنە ئېيتتىكى «ماڭ» دەپ ئودغۇرمىش ئول،
مېنىڭكى غېمىمنى يېمە، ئەي ئوغۇل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



6189 ئىگەم يادى تەسەللى ئۈچۈن ماڭا بەس،
تۈزەر ھەر ئىشىمنى، مېنى تاشلىماس.

6190 ئەزىز قىلسا كىمنى خۇدا لۇتفىدىن،
بولۇر ياخشى بارچە ئىش ئاندىن كېيىن.

6191 تولا ياخشى دەپتۇ دۇرۇس سۆزلۈك ئەر،
ئىشىن باشتا كۆرگەن ئىتتىك كۆزلۈك ئەر:

6192 خۇدا كىمگە ياردەم ـ ئىنايەت ئېتەر،
ئۇنىڭ بولدى دۇنيا، سائادەت كېلەر.

6193 خۇدا پەزلى كىمگە يېتىلسە تۈگەل،
تاپار ئىككى دۇنيا، بولۇر ياخشى ھال.

6194 خۇدا كىمنى تاشلىۋەتسە، ئەي جەسۇر،
كۆك بۆرە ۋە يا ئىت بارى تەڭ بولۇر.

6195 ئۇزۇپ سۆزنى ئۇدغۇرمىش ئېيتتى: قاياش،
قېنى، كەت، ئېسەن تۇر، تولا تۆكمە ياش.

* *

6196 ئۆگدۈلمىش قوپتى ۋە قاياشىن قۇچۇپ،
يېشىن يەرگە تۆكتى، ئۇ يىغلاپ ئۆپۈپ.

6197 يېغى بىرلە چىقتى ئۇ ئاندىن تۇرۇپ،
ئېتىن مىندى كەلدى. ئۆيگە يۈزلىنىپ.

6198 چۈشۈپ كىردى ئۆيگە غەمدە بۇرچىلىپ،
سۆيۈنچى كېتىپ، دىل قايغۇغا تولۇپ.

6199 نە چاغلىق زەئىپ بۇ، كۆر، ئىنسان ئۆزى،
سۆيۈنچى ئاز، ھەر ئىش قايغۇ يىلتىزى.

6200 تىلەككە ئېرىشسە سۆيۈنچ كۆلدۈرۈر،
ئەگەر قايغۇ كەلسە ھەسرەت يىغلىتۇر.

6201 گەر كۆرسە سۆيگىنىن سۆيۈنۈر كۈلۈپ،
قالۇر ئايرىلار چاغدا غەمكىن بولۇپ.

6202 خۇشاللىقلە بەزەن بەزلەيدۇ ۋىسال،
گاھى يىغلىتۇر، كۆر، پىراقتا تۈگەل.

6203 جاھاندا پىراقتىن قاتتىق نېمىدۇر؟
پىراق قايغۇسىدۇر دېڭىزدىن چوڭقۇر.

6204 تىرىكلەر جۇدا بولسا قوۋۇشۇر يەنە،
تىلەپ ئىستەپ، قايتا كۆرۈشۈر يەنە.

6205 ئۆلۈم بارچىدىنمۇ قاتتىقراق پىراق،
ئۆلۈم چارىسىزدۇر، يوق قارشى ياراق.

6206 پۈتۈن ئىش پىراقى يېقىن يا يىراق،
ئۆلۈمنىڭ پىراقى يىراق بىر پىراق.

6207 بۇڭا ئوخشار ئەمدى بۇ بېيىت، ئوقى،
ئوقۇساڭ، ئېچىلغاي مەنىسى تېخى:

6208 ھەممىدىن قاتتىقراق ئۆلۈم ئول پىراق،
تۆكەر ياش پىراقنى كۆرۈرچى قاراق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



6209 قوشۇلماق ئۆمىد بار ئايرىلسا تىرىك،
ئۆلۈرچى ۋىسالدىن ئۇ شەكسىز يىراق.

*　　*

6210 يېدى، ئىچتى ئۆگدۈلمىش تىنچىپ بىرئاز،
تۇرۇپ ئورنىدىن سوڭ، ئوقۇدى ناماز.

6211 قوياش يەرگە پاتتى، يوشۇردى يۈزىن،
پەلەك باشلىدى ئىستىمەكنى ئىزىن.

6212 تۆشەك سالدۇردى، ياتتى، ئۇخلالمىدى،
ئەلەم ـ قايغۇ بىرلە كۆزىن يۇممىدى.

6213 قوپۇپ چىقتى ئىشىككە، تۆكۈلدى يېشى،
جاھان مەڭزى بولغان گويا ھەبەشى.

6214 يېنىپ ئۆيگە يەنە تۆشەككە كىرىپ،
يېتىپ ئالدى بىرئاز تەسەللى تېپىپ.

6215 يوشۇردى يۈزىن يەرگە رۇمىي قىزى،
جاھان مەڭزى بولدى ئۇ زەڭگى يۈزى.

6216 كەلمەي ئۇيقۇسى، تۇردى، باقتى يانا،
قىڭغايغان ئۈلكەر، تۈن ئاخىرى مانا.

6217 كۆزىن كۆككە تىكتى قارىدى ئۇزۇن،
ھېچ يوراي دېمىدى، قارا ئىدى تۈن.

6218 يېتىپ ئالدى ئازراق، ئويغاندى تۇرۇپ،
يېشىل كۆككە باقتى بېشىن كۆتۈرۈپ.

6219 ئەنە شەرقتە قارىقۇش[240] قوپۇپ ئۆرلىدى،
يېغى ئوت كۆتۈرگەندەك ئوت چاقنىدى.

6220 يەتىگەن[241] كۆتۈردە ئۆرە باش يانا،
يىلدىرىق[242] ئايغىرغا[243] ئىگىلدى مانا.

6221 ئېرەنتىر[244] بېشى ئىندى يەرگە يېقىن،
قۇياش باش كۆتۈردى ئۇ چاچتى نۇرىن.

* *

6222 يەنە قوپتى، يۈيۈنۈپ تاراندى ئېرىغ،
ناماز قىلدى، ۋىردىن[245] ئوقۇدى ئېرىغ.

6223 ئالتۇن رەڭگە كىردى دۇنيانىڭ رېڭى،
يېلىندەك قىزاردى بۇ ئاسمان ئۆڭى.

6224 تونىنى كىيىپ تېز، ئېتىنى مىنىپ،
يەنە قەسىرگە باردى ئۆيدىن مېڭىپ.

6225 چۈشۈپ كىردى تېزدىن ئۇ قەسىرگە مېڭىپ،
چاقىردى ئەلىگ، كىردى كۆڭلىن يىغىپ.

6226 ئەلىگ ئۆگدۈلمىشنى كۆردى قاراپ،
ئىدى بۇ خوپ ئەرنىڭ كۆڭلى غەش ـ خاراب.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

6227 ئەلىگ ئېيتتى: هالىڭ نېچۈك، ئېيت قېنى،
ئاي بېسىق ئەر، غەمكىن كۆرەرمەن سېنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



6228 نېمە دەرد سېلىپسەن كۆڭۈلگە بۇ كۈن،
كۆرەرمەن نىشانىن، پېشانىڭ تۈگۈن.

6229 قىزىل مەڭزىڭ نېچۈن بويالدى سېرىق؟
ساڭا بەردى دۇنيا نە ئەندىشىلىك؟

6230 سېنىڭدىن ئۆرۈمىدى بەخت تېخى يۈزىن،
ۋاپاسىز جاھان بەخت يورۇتۇر كۆزىن.

6231 بېقىپ چەرخ دەۋر ئېتەر رەڭگە توڭا،
تۇغار ۋاقىت، ئاي، كۈن ھەم تىلەكچى ساڭا.

6232 ساڭا تۇرمىدىم مەن بۇ قاشىم ـ كۆزۈم،
كۆلەر يۈز تۇتارمەن، سۆيۈنچلۈك ئۆزۈم.

6233 ساڭا كىم سالدىكىن بۇ دەرد ـ قايغۇنى؟
نېمە كەچتى ھالىڭ، دېگىن سەن ئۇنى.

6234 نېچۈك قايغۇ ۋاقتى ئېرۇر بۇ، ئوغۇل؟
ماڭا ئېيت، بىلەي مەن، ئەي خۇلقى ئامۇل[246].

6235 ئەگەر تەگسە قايغۇ ۋە مېھنەت ساڭا،
قاچان بولغۇسىدۇر خۇشاللىق ماڭا؟

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

6236 جاۋاب بېرىپ ئۆگدۈلمىش ئېيتتى سۆزىن،
قاياشى كېسىلى، ھالىن نەلىكىن.

6237 ئۆزى بارغىنىن ھەم نەلەر كۆرگىنىن،
دېدى پەندىنى ھەم نەلەر ئېيتقىنىن.

### ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

6238 بۇزۇپ كۆڭلىنى ئەلىگ، تۆكۈلدى يېشى،
دېدى: ۋاي ئىسىت، ئەردىن ياخشى كىشى.

6239 بېغىشلىسۇن تەڭرى ئۇنىڭ جېنىنى،
قۇرۇتمىسۇن ئاندىن ئېتى ـ قارنىنى.

6240 يەنە دېدى: ھالى نېچۇكتۇر ئۇنىڭ،
نېمىشقا قويۇپ كەلدى كۆڭلۈڭ سېنىڭ؟

6241 ئۇنى كىم كۈتەر، كىم كېسىلنى كۆرۈر؟
ئۇ يالغۇز، كېسەل ھالدا قانداق ياتۇر؟

6242 نېچۈن قىلمىدىڭ سەۋر، ئۇندا تۇرۇپ،
ئۇنى كىمگە قويدۇڭ، شۇ ھالدا كۆرۈپ؟

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

6243 جاۋاب بېرىپ ئۆگدۈلمىش ئېيتتى بۇ سۆز:
دېدىمەن ئۇنىڭغا، ئەي ئىلمى ئۆگۈز.

6244 مېنى ھەيدەپ تولا، سۆزۈم ئۆتمىدى،
سۆزىنى قايرىپ كۆردۈم، كۈچۈم يەتمىدى.

### ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

6245 ئەلىگ ئېيتتى: تەڭرى كۆزەتسۇن ئۇنى،
شىپالىق بېرىپ ھەم قوپارسۇن ئۇنى.

6246 خۇداغا باغلىغان ئۇ ئەقلۇ ـ كۆڭۈل،
كى زايە قىلماس بىر خۇدا، ئەي ئوغۇل.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



6247 قايۇ قۇل گەر ئۆرۈپ ھەممىدىن يۈزىن،
ياراتقان خۇداغا تاپشۇرسا ئۆزىن.

6248 بىشۇبھە، قۇرۇقدار ئۇنى بىر بايات،
بىرەر ھەم تىلىكىن، تاپار ياخشى ئات.

6249 بۇ سۆزنى ئىشىت ئەمدى ئوخشار مۇڭا،
تۇتۇپ سەن كۆڭۈلدە، ئەمەل قىل ئاڭا:

6250 خۇداغا سىغىنغىن، ھەممىدىن ئۈزۈل،
كۆڭۈل، تىل ئىبرىغ تۇت، قىلمىقتا سۈزۈل.

6251 خۇدا بەرگۈسىدۇر پۈتۈن تىلەكنى،
شەيتانغا ئوت ئاچقىن، خۇداغا تۈز ئول.

6252 ئەلىگ ئېيتتى يەنە: ئەي ئۆگدۈلمىشىم، بەس،
چۆكۈپ غەم ـ قايغۇغا يۈرگۈلۈك ئەمەس.

6253 ئۇ ياخشى كىشىدى، ياخشىلار بېشى،
ئەگەر ئۆلسە، تۈزىگەي ھەق ئۇنىڭ ئىشى.

6254 ھېكىم ئەي، تاڭلا بۇ بىزگە ھەم كېلۇر،
تاپارمىز نېمە ھەم ھايات نە يولۇر؟

6255 ئىسىت، بىز يىگىتلىك زايە قىپتىمىز،
ياماندىن يامان تەن، ئەقىل، دىلىمىز.

6256 كەچۈرگەن تىرىكلىك بۇ كۈن بولدى چۈش،
نېچۈك كەچكەن ئۇلسا، جاۋاب تەڭ ۋە تۈش.

6257 زايە قىلمىغۇلۇق بۇ قالغان ئۆمۈر،
ھەۋەسكە كۆڭۈلنى بەرمەسلىك زۆرۈر.

6258 نېچۈك قىلسىمۇ، جان ئاخىرى ئۆلۈر،
ئۆلۈمدىن كېيىن مىڭ پۇشايمان بولۇر.

6259 بۇ كۈندىن بۇيان تاشقىرىدا تۇرۇپ،
خەلق دەردىنى كۆر كۆيۈمچان بولۇپ.

6260 تىرىش قۇتقۇزۇشقا ئۆزۈڭنى، مېنى،
بېرەر ھەق ئەجرىگە خوۋلۇق يولىنى.

6261 ئىشىتكىن، نېمە دەر بىر خۇلقى ئامۇل،
خۇدا قۇللىرىغا مېھرىبان كۆڭۈل:

6262 قىلۇر ياخشىلىق كىم، بىر ياخشى يانۇت[247]،
بېرۇر ھەق، ئەي ياخشى كۆزۈڭنى يورۇت.

6263 يامانلىق قىلۇر كىم، ئۆزىگە قىلۇر،
يامانلىق جاۋابى يامانلىق بولۇر.

6264 يامانلىق تىلىسەڭ، مەيلىڭ ئۇنى قىل،
جاۋابى ئىگىرىتۇر ئۇنىڭ سېنى، بىل.

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

6265 ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە دېدى: ھەر بارى،
بولۇپ تۇرسا شۇنداق نەسىھەتلىرى.

6266 بولۇر ئەلدە قانۇن ياخشى تامامەن،
قىلۇر ھەق بۇ بەگلىكنى ئۆزە جەزمەن.

6267 ئەلىگ بەخت ئىچىدە ياشىسۇن ئۇزۇن،
پىدا بولسۇن جېنىم، ۋۇجۇدۇم پۈتۈن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

6268 ئۆلۈرچىگە ياخشى ئاتتەك نېمە بار،
شۇ ئاتنى مەڭگۈ قىلغاي پەرۋەردىگار.

6269 تۇرۇپتۇ ھازىر بۇ ئۆلۈم تۇتقىلى،
ئۆزۈڭنى قويمىغىن ئۇخلاپ ياتقىلى.

6270 تولا ياخشى دەپتۇ بىلىملىك تىلى،
شۇ ياڭلىغ بولۇرلار تەقۋادار يولى:

6271 يوشۇرۇن كۈتەر بۇ كۆرۈنمەس ئەجەل،
باسار بىتۇيۇق تۇرسا ئۈمىدتە دەل.

6272 يامان ـ ياخشى ھەممە قارا يەر بولۇر،
پېتىلسە پۈتۈلگەن ئەجىلى ئەزەل.

ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

6273 ئەلىگ ئېيتتى: بەرسە ھەق تەۋپىق ماڭا،
قىلاي شۇ يولدا مەن ھۆكۈمنى ئىجرا.

* *

6274 ئەلىگ سۆزىنى كەستى، ئۆزىنى توختىتىپ،
يېنىپ چىقتى ئۆگدۈلمىش ئۈندىن تۇرۇپ.

6275 سەۋر قىلدى ئۆگدۈلمىش بىرقانچە كۈن،
ئىچىگە سىيلىپ غەم ـ ئەندىشە پۈتۈن.

6276 قېرىنداش غېمىدە تولا قايغۇرۇپ،
سىزىپ كەتتى ئۆزى سېرىق يۈز بولۇپ.

6277 چىدالمىدى ئاخىر قېرىندىشىغا،
يەنە بارغۇسى بەك كەلدى قېشىغا.

6278 تۇرۇپ باردى ئەلىگ يېنىغا، يۈرۈپ،
قىچقىردى ئەلىگ، ئۇ كۆرۈندى كىرىپ.

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە سوئالى

6279 ئۆتۈندى ئەلىگدىن، دېدى: مەن بۈ كۈن،
بارايىن قاياشنى زىيارەت ئۈچۈن.

6280 نېچۈككىن ھالى، مەن كۆرەيىن ئۇنىڭ،
تىرىك بارمىكىن ئۇ قاياشىم مېنىڭ.

### ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

6281 ئەلىگ دېدى: بارساڭ، بەك ياخشى بولۇر،
قاياشلىق، يېقىنلىق زىيادىلىشۇر.

6282 قېتى بار، مېنىڭچۈن ھەم ھالىن سورا،
ئاۋۇت كۆڭلىنى سەن، كېسىلىن قارا.

* *

6283 دېبان «خوش» تۇرۇپ چىقتى ئۇندىن يېنىپ،
تىنىم ئالدى بىردەم ئۆيىگە كېلىپ.

6284 غىزالانغاچ بىر ئاز، يەنە ئات توقۇپ،
قاياشى تامان ماڭدى قايغۇ يۇتۇپ.

6285 ياياق ماڭدى يېقىن بارغاندا چۈشۈپ،
ئىجازەت سوردى ئىشىكتە تۇرۇپ.

## سەكسەن ئىككىنچى باب

### قۇمارۇنىڭ ئۆگدۈلمىشكە ئودغۇرمىشنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئېيتقانلىقى بايانى

6286 قاياشى مۇرىتى قۇمارۇ[248] چىقىپ،
سالام قىلدى كۆزدىن ياشلىرى ئېقىپ.

6287 يېقىن كەلگەچ دېدى: قېرىنداش، قارا،
خۇدا بەرسۇن ئەجرىن، قىلما دىل يارا.

6288 قاياشىڭ ئۆتۈپ كەتتى تاشلاپ ئاجۇن،
تىرىل سەن ھۇزۇردا، ياشا سەن ئۇزۇن.

6289 ئاھ ئۇرما، چىدا، ئەمدى تۇت ئۆزنى بەك،
تىرىككە ئامال يوق ئۆلۈمدىن بۆلەك.

6290 تۇغۇلغان ئۆلۇر، بۇ شېرىن جان كېتۇر،
نە بەگ ـ نە قۇل ۋە رەسۇللار قالۇر؟

6291 ئۆلۈم بىز ئۇچۇن ھەم تەييار، بۇنى ئۇق،
ئۆلۈمگە قورال يا ياراغ چارە يوق.

* *

6292 ئۆگدۈلمىش ئىشىتكەچ، ئۇن سەپ يىغلىدى،
يېشىنى ئېقىتىپ ئۆزىنى ئۇردى.

## سەكسەن ئۈچىنچى باب

### قۇمارۇنىڭ ئۆگدۈلمىشكە تەۋبە بىلدۈرگەنلىكى بايانىدا

6293 قۇمارۇ توسۇپ ئېيتتى: ئاچما هازا،
بول هەق هۆكمىگە تىل ۋە دىلدىن رىزا.

6294 جىمىگە ئۆلۈمنىڭ كېلەر كۈنى بار،
ئۇ ئۆلدى، سەن هەم بول ئۆلۈمگە تەييار.

6295 نېمىشقا قىلۇرسەن يىغا، ئەي ئوغۇل،
ئۇرۇپ ـ سوقتى كىم، زەربە ئۇرغان كىم ئول؟

6296 ئاڭا تەڭرى بەرگىنى روهى راۋان،
يەنە ياندۇرۇپ ئالدى، كەتتى ئۇ جان.

6297 ئۇ قايتىپ كېلۇرچى ئەمەستۇر يانا،
سەن هەم بىزمۇ قايتىپ كېتەرمىز مانا.

6298 دېدى: تۇر، قاياشنىڭ گۆرىن كۆرگىنا،
زىيارەت قىلىپ سەن يەنە قايتقىنا.

## سەكسەن تۆتىنچى باب

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشقا خاننىڭ ئۆتقانلىقى بايانىدا

6299 تۇرۇپ باردى، كۆردى قاياشى گۆرىن،
قۇچۇپ يىغلىدى، تۆكتى ياشىن بارىن.

6300 دېدى: ئەي قاياشىم، ماڭا باق تۇرۇپ،
بۇ ھەسرەتلىرىم ئۆچسۇن يۈزۈڭ كۆرۈپ.

6301 ئۈمىد بىرلە كەلدىم سېنى كۆرگىلى،
نەچۇن يۈز يوشۇردۇڭ، كۆرۈنمىگىلى؟

6302 ئەي كۆڭلۈم تاجى، بۇ شېرىن جانغا جان،
نېچۇكمۇ ياشار سەنسىز بۇ روھ راۋان؟

6303 چۈشۈمدىمۇ كۆردۈم سېنى مەن يېتىپ،
كۆزۈمدىن يوقاتتىم، يوقالدىڭ يىتىپ.

(تېكىست ئۈزۈك)

6304 ئىشىتتى ئەلىگ، كەلدى سارايدىن تۇرۇپ،
ئاڭا تەزىيەت قىلدى كۆڭلىن بۇزۇپ.

6305 ئەلىگ ئېيتتى: ئۆگدۈلمىش ئەقلىڭگە كەل،
دۇئا بىرلە قىلغىن ياردەم ھەرمەھەل.

6306 خۇدا يارلىقاسۇن ئۇ ئودغۇرمىشنى،
كەچۈرسۇن ئۇنىڭدىن خاتا قىلمىشنى.

6307 خۇدا ئەجىر بەرسۇن بۇ قايغۇڭ ئۈچۈن،
بولۇپ رازى ئۇتتىن سېنى ساقلىسۇن.

6308 ئىشىكنى ئېيتىپ سەن يەنە يول كېسىپ،
يۈزۈڭ يوشۇرۇپسەن، تىلىڭ بېكىتىپ.

6309 يارىشماس ساڭا ھېچ بۇ ياڭلىغ قىلىق،
بۇ خىل ھەرىكەتتە بولماس ھېچ ئەقىللىك.

6310 ماڭا ئېيتقىن، ساڭا كىم ئىشلەتتى كۈچ،
كىم ئاچچىق قىلدى يا كىم ساقلىدى ئۆچ؟

6311 خۇدا ھۆكمى ئەردى قاياشىڭ ئۈزە،
يورۇتتى قازاسىن، سەن پەيلىڭ تۈزە.

6312 يىغا نە ئۈچۈندۇر، نەچۈن ئىگراماق؟
ئەمەس ياخشى خۇلق بۇ، كېرەك تاشلىماق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



6313 تۇغۇلغان ئۆلەر ئول، چىققۇچى چۇشۇر،
يۇرۇرچى تىنۇر ئول، بېرۇرچى ئالۇر.

6314 قاياشىڭ ئۆلۈمى ساڭا بولسۇن پەند،
سەۋر قىل، ساۋاب تاپ، شېكەر بولغاي قەنت.

6315 ئۆلۈمنى كۆرۈرچى — تىرىك قالغۇچى،
ئىبرەت ئالسا ئەردى، قېنى ئالغۇچى؟

6316 ئۆلۈك پەندگە باق، دەر: قارا مېنى
ئۆلۈم تۇتتى، كەتتىم، تۇتار ئۇ سېنى،

6317 مۇڭا ئوخشار ئەمدى بۇ بېيىتنى ئوقى،
ئۇقۇپ ياخشى ساقلا دىلىڭدا تېخى:

6318 سېنىڭدىن بۇرۇن مىڭ ئۆلگۈچىلەر،
«ماڭا باق، ماڭا» دەپ، ساڭا پەند بېرەر.

6319 يۇرۇپ غەپلەت ئىچرە ئاۋۇندۇم تولا،
ئۆلۈم تۇتتى، كەتتىم، ساڭىمۇ كېلەر!

* *

6320 ئەلىگ ئودغۇرمىشنى يەنە سورىدى،
نېچۈك ئۆلدى، بىلگىنىڭنى ئېيت، دېدى.

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

6321 ئەلىگكە ئەرز ئەتتى نەلەر كۆرگىنىن،
ئۆلەردە ۋەسىيەت يۇتۇپ قويغىنىن.

6322 قوپۇپ ئۇ، ھاسا بىرلە ئۆرۈق ئېلىپ،
ئەلىگ ئالدىغا قويدى يادىكار قىلىپ.

6323 دېدى: بۇ قاياشنىڭ ماڭا قويغىنى،
مۇشۇدۇر ئۇنىڭدىن مىراس قالغىنى.

6324 ئەلىگ ئالسۇن بۇ يادىكارلىقتىن بىرەر،
قۇتاتقاي بۇ كۈن ھەم تاڭلا نەپ تېگەر.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

6325 ئەلىگ قول سۇنۇپ ئالدى قولغا ھاسا،
دېدى: بۇ يادىكارلىق قۇتاتسۇن ماڭا.

6326 ئۆرۈقنى سەن ئالغىن، سېغىنساڭ ئۇنى،
شۇنىڭ بىرلە ئەسلە ئۇنىڭ يۈزىنى.

* *

6327 ئۆرۈقنى ئالدى، كۆر، بۇ ئۆگدۈلمىشى،
دىلى بەك بۇزۇلغاچ تۆكۈلدى يېشى.

* *

6328 ئەلىگ ئېيتتى: كۆرگىن بۇ ئىبرەت بۇ كۈن،
يېتەرلىك ھەر ئاقىل ئاڭلىق ئەر ئۈچۈن.

6329 ئۇ ئانداق ياشىدى، تۇگىدى جاھان،
ئەي پاك دىل، قالدى بۇ دۇنيالىق ھامان.

6330 ئىشتىكىن، خۇلقى ئۇز كىشى نېمە دەر،
ھەر ئىشنى ئەقىل ـ ئاڭ بىلەن قىلغان ئەر:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



6331 تولا بولسا ئاشماس بۇ دۇنيا مېلى،
ئاز ئولسامۇ قانچە يېتەر ئۆز يولى.

6332 جاھاننىڭ پەزلى بىر، قۇسۇرى مىڭدۇر،
نېچۇك ئۆتكۈزسە كىشى، ئۇ شۇنداق ئۆتۇر.

6333 ئۆلۈمدىن كېيىن مال كۆپلۈك نە كېرەك؟
يېگەنلەر سۆيۈنەر، سېنىڭدىن بۆلەك.

6334 قاياشىڭ ئېتىپ تەرك جاھان مېلىنى،
كېيىپ جۇلدۇر، يېدى ئارپا نېنىنى.

6335 شۇ ھالدا ياشىدى، ئۆلۈپ قالمىدى،
تەييارتاپلارغا مالمۇ قالدۇرمىدى.

6336 تىرىشتى كېچە ـ كۈن، يېنىكلەپ يۈكى،
ئۆتۈپ كەتتى ئۇندىن جاھان ئەمگىكى.

6337 ئۇ قىلدى ئىشىنى، قۇتۇلدى بۇ كۈن،
نە ئۇلغاي بىزنىڭ ھال، يېشىلمەس تۈگۈن.

*        *

6338 ئەلىگ ئەيلەپ تولا ياخشى نەسىھەت،
بوشاتتى ئىچىنى ھەم تاپتى راھەت.

6339 ئەلىگ باردى يەنە قەسىرگە تۇرۇپ،
چۈشۈپ كىردى ئۆيگە ئۇ غەمكىن بولۇپ.

* *

6340 ئۆگدۈلمىش نەچچە كۈن ماتەملەر تۇتۇپ،
ئاخىر تاپتى ھوشىن، بۇ غەمنى قويۇپ.

6341 ئۇنتۇدى بۇ قايغۇ ـ ئەلەمنى مانا،
يېدى، ئىچتى، كۈلدى، سۆيۈندى يانا.

6342 تولا ياخشى دەپتۇ خەلق باشلار ئەر،
بىلىم بىرلە خەلقنىڭ ئىشىن ئىشلەر ئەر:

6343 سېنى قانچە قىلسا ئەسىر قايغۇ ـ غەم،
كۈلەر بۇ كۆزۈڭ، يىغلىسا قانچە ھەم.

6344 جاھان قانۇنى شۇ ئۇزۇندىن بويان،
ئۆتەر قانچە تۇرسا ھەم ياخشى ـ يامان.

6345 ئۆگدۈلمىشمۇ قىلدى ماتەمنى تامام،
ئىشىغا كىرىشتى ئۇ قايتا داۋام.

6346 ھېرىسلىق بىرلە ئۇ خىزمەت باشلىدى،
ئۇلاپ تاڭنى تۈنگە ئىشىن ئىشلىدى.

### ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە سوئالى

6347 ئەلىگ ئۆگدۈلمىشنى بىر كۈن ئۈندىدى،
ئەل ـ يۇرتنىڭ ئەھۋالىن ـ ھالىن سورىدى.

6348 دېدى: ئەل ھالى نە، يۇرت ھالى نەدۇر؟
زامانە ۋە كۈنلەر نېچۈكرەك كېچۈر؟

6349 ماڭا كۆز ـ قۇلاقسەن، ئىشىمنى پۈتۈن
سېنىڭدىن تىلەرمەن، ئىشىڭ ئاچ بۇ كۈن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



6350 ساڭا يەتتى بۇ نەچچە كۈن قايغۇ ـ غەم،
سەن ئىشلەلمىدىڭ، قانداق ئىشلار بۇ دەم؟

(تېكىست ئۈزۈك)

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگە جاۋابى

(تېكىست ئۈزۈك)

6351 ئۆگدۈلمىش جاۋابەن دېدىكى: ئەي بەگ،
خەلق هالى ياخشى، دۇئا ئارتقۇدەك.

(تېكىست ئۈزۈك)

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگە جاۋابى

(تېكىست ئۈزۈك)

6352 بىرى: سۆز، گال ۋە كۆز هەم شەهۋەت ئوتى،
بۇلاردۇر كىشىگە، تائەت ئاپىتى.

6353 كىمىكى يىغسا گال ۋە ئاز سۆزلىسە،
يارامسىزنى ئۆزدىن يىراق ئەيلىسە.

6354 هەۋەس ـ ئارزۇسىغا هەم بولسا ئىگە،
غەزەپ ۋاقتىدا بولسا ئۇ چىڭ ئۆزىگە.

6355 ئەقىللىك شۇدۇر هەم بىلىملىك شۇدۇر،
ئاقىل ۋە تەمكىن ئەر ئاڭا ئېرىشۇر.

6356 ئەقىللىك كىشىلەر سۆزى ئۆگكىدەك[249]
دۇرۇس، تۈز بولۇر ئۇ ئۆزى بەلگىدەك.

6357 يارامسىزغا تۇتماس ئۆزىنى يىقىن،
كېرەكسىزنى كۆرمەس، يۇمار ئۇ كۆزىن.

## ئەلىگنىڭ ئۆگدۈلمىشكە جاۋابى

6358 ئەلىگ ئېيتتى: بەكمۇ گۆزەل سۆزلىدىڭ،
سەممىي ھەم نەپلىك ئېرۇر سۆزلىرىڭ.

(تېكىست ئۈزۈك)

## ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

(تېكىست ئۈزۈك)

6359 جاپاچى ۋە گۇستاخ ئېرۇر ئۇشبۇ نەپس،
جاپاغا جاپا قىل، تۇتۇپ ئۆزنى، بەس.

6360 كىشى ياخشىلىق قىلسا نەپسكە، سۆيۈپ،
جاپا شۇنچە ئەيلەر يامانلىق ئۇرۇپ.

6361 تولا ياخشى دەپتۇ كىشى سەرەسى،
بۇ سۆزدۇر جاپاچى ۋۇجۇد چارەسى:

6362 ۋاپا كىمگە قىلساڭ، جاپاغا تەق ئول،
جاپاچى جاپاسىن قىلۇر بىر كۈن ئول.

6363 كىمى ياخشى تۇتتۇڭ، سەن قورق ئۇنىڭدىن،
ئىگراتقاي يامانلىق بىلەن سېنى شۇل،

6364 ياماندۇر بۇ ئۈچىنىڭ، ئەلىگ، سىمىزى،
بىرى ئىت، بىرى قوش، بىرى نەپس ئۆزى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



6365 سالاي يولغا دېسەڭ، ئاچ قويماق كېرەك،
كىرىپ يولغا ئېگەر ھەم بوينىن، دېمەك.

6366 يولنى قىسمىسا قۇش، ئۇ دان ئىزدىمەس،
سېمىز بولسا ئىت توق، ئوۋنى ئوۋلىماس.

6367 بولۇر بىر بۆغرىدەك تويۇپ، قانسا نەپس،
قاچار، ياخشىلىقنى تاشلار، قويما، بەس.

6368 قۇشۇڭ ئوۋلىمىسا، بىر ئۆردەك زەرەر،
ئىتىڭ ئوۋلىمىسا، بىر سۆسەر كېتەر.

6369 كىرىپ نەپس بۆغرىغا، بوينىن يوغىنىتار،
سېلىپ ئوتقا سېنى ئۈنلۈك يىغلىتار.

6370 ھۇزۇردا يۈرەرلەر، كۆر، يوقسۇل ـ گاداي،
بارىغا قىلىپ شۈكۈر، ئۆتەر كۆڭلى باي.

6371 گېلى ئاشقا تويۇپ گەر ئەگنى پۈتەر،
قىلىپ ھەققە تائەت، ئىشىنى ئېتەر.

6372 بۇ دۆلەت، بۈيۈكلۈك، بۇ بەخت كىشىنى
تەكەببۇر قىلۇر، قويدۇرۇر ئىشىنى.

6373 غۇرۇر قۇلنى ئەيلەر خۇدادىن يىراق،
بۇ خىل يولنى تۇتماس ئاقىللار ھېچ ۋاق.

6374 پېقىرمۇ ئۆلۇر، كۆر ۋە بايمۇ ئۆلۇر،
ئىككى بۆزگە ئېلىپ، قارا يەر بولۇر.

6375 قۇتلۇر يىقىر ئۆلسە، مېھنەت تۆگەر،
باي ئۆلسە قالۇر مال، يۈك ئېلىپ كېتەر.

6376 بۇڭا ئوخشار ئەمدى بۇ سۆز بەلگىلىك،
بۇ سۆزدىن ئۆزۈڭگە ئۈلۈش ئالغۇلۇق:

6377 ئەي نېمەت ئىگىسى، ئۆلۈم مېھنىتىڭ،
ئەي مېھنەت ئىگىسى، ئۆلۈم نېمىتىڭ.

6378 يىقىر ئۆلسە قۇتلۇر، كېتۇر ئەمگىكى،
ئۆلۈم تۇتسا، باي، بار ھېساب بەرمىكىڭ.

## ئەلگىنىڭ ئۆگدۈلمىشكە ئېيتقان سۆزى

6379 يەنە ئېيتتى ئەلىگ: بۇ دۇنيا ئىچى
يىلىنى، چايانى تولا دېگۈچى.

6380 يېيىشكە ئېشى ئاز، زەھەرلىرى كۆپ،
ماختارلىق يېرى ئاز، قارغار يېرى كۆپ.

6381 ئاقىل قول ئۇزارتىپ ئالۇر نەرسە كەم،
ئالىم ئاچ ئېرۇر، ئاز يېمەكلىرى ھەم.

6382 بىلىمسىزگە جەننەت ئېرۇر بۇ جاھان،
ھۇزۇردا ئۇ موھتاج ئەمەس ھېچ زامان.

6383 ئاقىلغا تىكەن بىرلە دۇنيا تولۇق،
ئاياغ باسسا سانجار، دىققەت قىلغۇلۇق.

6384 ئاغۇدۇر بىلىملىككە دۇنيا ئىچى،
شۇڭا ئاش يېيەلمەي ئاجىزلار كۆچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



6385 شۇڭا قاچتى راھەت ئوغۇل ـ قىز قويۇپ،
شۇڭا كەتتى ئابىد، بىر ئابىد بولۇپ.

6386 مۇڭا بىز ئىلىنغان تورۇرمىز بۇ كۈن،
خۇدا بىزنى بۇندىن ئامان ئەيلىسۇن.

### ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە جاۋابى

6387 ئۆگدۈلمىش دېدىكىم: بۇ سۆز ئېرۇر چىن،
تولۇق، ھەم ئەقىلگە مۇۋاپىق يېقىن.

6388 ھەرىكەتتە خۇلقىغا ئوخشار بۇ جاھان،
گوياكى ئەجدىھا يەپ تويمايدىغان.

6389 ئۆزى شەخسەن ئاسرار، ئۆزى سەمرىتۇر،
ئۆزى يەپ گۆشىنى ۋە ئاجىزلىتۇر.

6390 دىققەت بىرلە كۆرسە قاراپ ھالىنى،
قالۇر ھەيرەتتە كىشى گەر ئۇقسا ئۇنى.

6391 ئادەم بىرلە ھاۋا جاھانغا چۈشۈپ،
ئورۇق چاچتى دۇنيا ئىچىگە كېلىپ.

6392 ئۇلاردىن بۇيان تا مۇشۇ ۋاقىتچە،
نى ئەرلەر كېلىپ كەتتى، بەگلەرگىچە.

6393 تۇغۇلدى بىرى ئالىم، بىرى قەھرىمان،
بىرى تىك قىيادەك مەغرۇر ھەر زامان.

6394 بىرىدۇر ئەقىللىك، دانىشمەن پۈتۈن،
بىرى تەلۋە، ئەخمەق، بىرىدۇر ھورۇن.

6395 تۇغۇلدى قانچە ئەلچى، دەۋەتچى ئامۇل،
خۇدا ھۆكمى بىرلە بايان قىلدى يول.

6396 بىرى ئاز ياشىدى، بىراۋلار ئۇزۇن،
بىرى باش كۆتۈردى، زورايتىپ سۆزىن.

6397 قايۇسى ياراتقان ھەققە قارشى بوپ،
يېغىدەك ئوق ئاتتى يايىنى قۇرۇپ.

6398 ئوقۇ بۇ بېيىتنى، ئىشىت نېمە دەر،
ئۇنىڭغا مۇناسىپ تۇزەت ئۆزنى ئەر:

6399 خاھى ئالىم ئول، خاھ ياشا كۆپ زامان،
خاھى كۆر ھۇزۇرىن ئېلىپ سەن جاھان.

6400 ئاخىرى ئۆلەرسەن، قارا يەر بولۇپ،
ئۆلۈم تۇتسا ياقاڭ، يەيسەن پۇشايمان.

6401 نى ئالىم، ھېكىملەر، نى ياخشىلار كېلىپ،
كېتىشتى ئەبەدىي ياشالماي قېلىپ.

6402 بۇگۇن كۆر، جاھانغا كەلمىگەن كەبى،
قارا يەر قېتىدا ياتارلار ئۆلۈپ.

6403 نە ياڭلىغ، نە تۇرلۇك كىشى كەلدى، كۆر،
قارا يەر ئۇلارنى يېدى، يۇتتى، كۆر.

6404 بېزەلگەن ساراي، ئوردا، قەسىرنى قويۇپ،
قارا يەر تۆشەنىپ ياتۇرلار كۇتۇپ.

6405 ئۇلار ئۇيقۇدىمۇ، ئۇنى يوق، تىنى،
نېچۇككىن ھاللىرى، بىلۇرچى قېنى؟

www.uyghurkitap.com



6406 بۇ كۈن موھتاج ئۇلار ھەر ئەزگۈلۈككە،
قولى يەتمەس يېمەكلىك، ئىچكۈلۈككە.

6407 ياتۇرلار پۇشايماندا ئىنجىقلىشىپ،
كۈتۈپ ياخشىلىقنى مىڭ ئاززۇ قىلىپ.

6408 خۇدا بەردى بۇ كۈننى بىزگە بۈگۈن،
زايە قىلسا بولماس، پۇرسەتنى پۈتۈن.

6409 خۇدا بىزگە تەۋپىق ئاتا ئەيلىسۇن،
پۈتۈن ياخشىلىققا، ئەي ياخشى قانۇن.

* *

6410 ئۆگدۈلمىش ئەلىگنى مەدھىيەلىدى،
ئۇزۇن ياشىغىن، ئەي ھېكىم بەگ، دېدى،

6411 سېنىڭسىز بۇ ئالەم قۇرۇق قالمىسۇن،
ئۇرۇق ـ نەسلىڭنى خۇدا ھېچ ئۈزمىسۇن.

6412 نېمە بولسا سەندە تىلەك ـ ئاززۇ،
ساڭا ئۇ ئىشىڭنى ئېچىپ بەرسۇن ئۇ.

6413 نېمە بولسا ئۈمىد ـ تىلىكىڭ تېخى،
تولۇق بەرسۇن تەڭرى ساڭا، ئەي سېخى.

6414 سۆيۈنچ بىرلە خۇشال ياشا سەن ئۇزۇن،
پاراغەت ئىچرە ئۆت، ئەي خۇلقى تۈزۈن.

6415 دەرىخا، سېنىڭدەك كىشىلەر ئۆلۈپ،
قارا يەردە ياتسا سۆڭەك ئۈزۈلىپ.

6416 نە چارە، خۇدايىم بۇ دۇنيا ئىشى
مۇشۇنداق ياراتمىش، ئەي خانلار بېشى.

6417 ئۆزۈڭ ياخشىلىقلار قىلغاچ ھەر زامان،
گەر ئۆلسەڭ، دېيىلمەس ئۆلدى ھېچقاچان.

6418 خاھى ئۆل ۋە خاھى ياشا سەن ئۇزۇن،
ئېتىڭ ياخشىلىقتا يېيىلدى پۈزۈن.

6419 كۆپەيسۇن دوستلىرىڭ، سەن سۆيگەنلىرىڭ،
چېچىلسۇن دۈشمىنىڭ، كېڭەيسۇن يېرىڭ.

* *

6420 يەر ئۆپتى، تۇرۇپ چىقتى، كەستى سۆزىن،
ئېتىن مىندى، ئۆيگە ئوردى يۈزىن.

6421 كېلىپ چۈشتى كىردى ئۆيىگە يۈرۈپ،
يېدى، ئىچتى، ياتتى بىرئاز دەم ئېلىپ.

6422 يەنە قوپتى ئەرتە ئىشىن باشلىدى،
بېرىپ بۇيرۇق، كۆزەتتى، ئۆزى ئىشلىدى.

6423 قىلىپ تۈز كۆڭۈل، تىل، تۈزىدى ھەرىكىتىن،
پۈتۈن ئەگرىلەرمۇ، تۈزەتتى خۇيىن.

6424 تۈزەلدى جاھان، ئارتتى ياخشى دۇئا،
قۇتاتتى كۈنى ئەلنىڭ كۆپەيگەچ دۇئا.

6425 ئۇلار ئۆلدى، قالدى ئۇ ياخشى ئېتى،
يوقالماس ئۇلارنىڭ ئېتى ـ ھۆرمىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى



*　　*

6426 نەزەر سالغىن ئەمدى بۇ ياڭلىغ كىشى،
كىشىمۇ بولار ـ ھە، پەرىشتە ئىشى.

6427 ئۇ چاغدا ئۇلار گەر دېيىلسە ئادەم،
بۇگۈنكى خەلق نىمە، قېنى ئېيت بۇ دەم.

6428 ئەي ئالىم، بىز ئىنسان ئىكەنمىز ئەگەر،
گۇمانسىز، پەرىشتە ئېرۇرلار ئۇلار.

6429 ئۇلار خۇيى ـ پەيلى ھەممە سۆزى،
چۈشەنمەك ئېرۇر بىر سائادەت ئىزى.

6430 ئەقىللىك ئۇقار ئول، بىلىملىك بىلۇر،
ئۆلەر، شەكسىز، ئىنسان، بۇ دۇنيا قالۇر.

6431 بۇ قالغان ۋاقىتنى زايە ئەيلىمەي،
تائەت قىل، ئۆزگىدىن ھېچ نەپ تەگمىگەچ.

6432 سېنىڭدىن بۇرۇنلار ئۆلدى، كۆز كۆرۇر،
بۇنىڭدىن ئۇلۇغ پەند يەنە نە بولۇر.

6433 قالۇر قەسىر ـ ئوردا، سارايلار پۈتۈن،
قىلالماس بەند ئۇنى ھېچ قولدا ئۇزۇن.

6434 نەچچە قەسىر، ئوردا، نەچچە چىڭ تۇرا،
ئۆلۈم بۇزدى، قالدى قارا يەر، قارا.

6435 نەچچە كەنت ـ شەھەر، باغ ـ بوستانلىنى،
ئەي تىرىك، قۇرۇتتى ئۆلۈم، كۆر ئۇنى.

6436 قالۇر قەسىر، ئوردا، ساراي بوش ساڭا،
قىلارسەن تەسەررۇپ، قالدى دەپ ماڭا.

6437 تولا لەشكىرى بار جاھاندار قېنى،
قارا يەر بولدى ئۇ، قىلىپ لەشكىرى.

6438 قېنى كۆزى ئاچ بەگ، ئېلىم ئاز دېدى،
تولا ئەلنى ئالدى، بەھرە ئالمىدى.

6439 قېنى باشقىلارنىڭ يېرىن كۆزلىگەن،
غۇلاچ يەردە ياتۇر ئەمدى ئىگىرىبان.

6440 قېنى ئول مۇسۇلمان قېنىن تۆككۈچى،
نېچۈك يەرگە كىردى، قېنى ئۇ كۈچى؟

6441 قېنى ئۇ پىتنىخور، بوھتانچى كىشى،
نېچۈك بولدى ئۇ قارا يەر ئوخشىشى؟

6442 دۇنيا دەپ ئۇرۇشقان ئۇرۇشقاق قېنى،
بۇ دۇنيا قالدى، ئۇ ئۆلدى ئاخىرى.

6443 قېنى مالنى قويماي يىغقانلار تامام،
نېسىۋىسى بولدى پەقەت ئىككى خام.

6444 قېنى ئۇ تولا يەر تىلىگەن كىشى،
قارا يەر يېپىندى، تۈگىدى ئىشى.

6445 جاھان ھالى پۈتكۈل مۇشۇنداق تۇرۇر،
ئەقىل بىرلە كۆرگىن، ئىشىڭ ئېچىلۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



6446 هۇزۇرى مۇشەققەت، خۇشاللىقى غەم،
ئەزىزلىكى خارلىق، ئاۋۇنچى ئەلەم.

6447 نېمە كەلسە يۇت سەن، دادلانما، مەگەر
هالاۋەت يا مېھنەت ئۆتەر ـ دە، كېتەر.

6448 ئايا، ئەي جاپاغا سەۋرى قىلغۇچى،
ئىشىتكىن، نېمە دەر بىلىم بەرگۈچى:

6449 ئەي نېمەت ئىگىسى، شۈكۈر قىل، يېگىل،
ئەي مېھنەت ئىگىسى، سەۋرى قىل، ئىگىل.

6450 سەۋر قىلساڭ مېھنەت بولۇر نېمىتىڭ،
بولۇر نېمەت ئارتۇق، شۈكۈر قىلسا، بىل.

* *

6451 ئەي ئالىم قاراپ كۆر، بۇگۈنكى زامان
ئۆزگەردى، ئىش ـ هالەت پۈتۈنلەي بۇ ئان.

6452 بىلىملىك خار ئولدى، چەتلەتتى ئۆزىن،
ئەقىللىك گاچا بولدى، ئاچماس تىلىن.

6453 كۆپەيدى ئەل ئىچرە يامان ـ پەس كىشى،
ياۋاش بولدى دەپسەندە، چۈشتى يېشى.

6454 يۇزىنى شارابتا يۇغان بىناماز
ئاتاندى يىگىت ـ ئەر تېپىپ ئىمتىياز.

6455 پاسات ـ پىسقى ئىگىسى ئاتالدى ئەرەن،
مەي ئىچمەس كىشىلەر ئاتالدى ساران[250] .

6456 ناماز، روزا بىرلە يۈرۈرچى كىشى،
مۇناپىق ئاتالدى، ئەي بەگلەر بېشى.

6457 هالال يىتتى يۈتكۈل، هارام غولدىدى،
هارام يەر كۆڭلىنى قارا قاپلىدى.

6458 هالالنىڭ ئېتىلا قالدى، ئۆزى يوق،
هارام بولدى قاراقچى، تۇيغۇچى يوق.

6459 قېنى بۇ هارامنى هارام دېگۈچى،
هارامنى قويۇپ بىر هالال يېگۈچى.

6460 ھەقىقىي تەقۋادار كىشى كىم، قېنى،
قىيامەت كۈنى بار يورۇتۇر كۈنى.

6461 هارام بىرلە ئارتۇق قارايدى كۆڭۈل،
هالالنى قەيەردىن تاپارسەن ئوغۇل؟

6462 مۇڭا ئوخشىشىپ كەلدى ئەمدى بۇ سۆز،
بۇنى ياخشى ئاڭلا، ئايا كۆڭلى تۈز:

6463 هارام بىرلە كۆڭلۈم قارا بولدى كىر،
بىلىمگە ئەمەل قىلمىدىم يۈزدە بىر.

6464 ئېگىلمەس ۋۇجۇدۇم ھەۋەسكە ئەسىر،
مەن تائەت قىلمىدىم، ئاچاي ئەمدى سىر.

6465 جاھان پەيلى پۈتكۈل بۆلەك بولدى، كۆر،
كىشى كۆڭلى تىلدىن بۆلەك بولدى، كۆر.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

6466 ۋاپا كەتتى خەلقتىن، جاپا غولدىدى،
ئىشەنچ قىلغۇدەك بىر كىشى قالمىدى.

6467 ۋاپا كەتتى خەلقتىن، جاپا ئالدى ئىز،
ئىشەنچ ۋە تايانچقا لايىق كىشى قىز.

6468 تۇغقانلىق، يېقىنلىقنى تاشلاپ قاياش،
ساداقەتنى ئەتتى تەرك ياخشى ئاداش.

6469 كىچىكتە ئەدەپ يوق، ئۇلۇغدا بىلىك،
قوپاللار كۆپەيدى، يوقالدى سىلىق.

6470 يېقىنلىق بولدى، بەس، پۇل ـ يارماق ئۈچۈن،
قېنى ئىش قىلغۇرچى دۇرۇس، ھەق ئۈچۈن؟

6471 ئامانەت ئېتى بار، قېنى قىلغۇچى،
نەسىھەت سۆزى بار، قېنى تۇتقۇچى؟

6472 قېنى ئەمرىمەرۇپ[251] قىلغۇرچى كىشى،
قېنى ئۇ يامانلىق توسۇرچى كىشى.

6473 سودىگەر ئامانەت ۋەسپىن يوقاتتى.
ھۈنەرۋەن نەسىھەت ـ ئۆگۈت تەرك ئەتتى.

6474 بىلىملىك قىلالماس دۇرۇس سۆزىنى،
ئۇيات كەتتى، ياپماس ئايال يۈزىنى.

6475 دۇرۇسلۇق كەتتى، كەلدى نەچە ئەگرىلىك،
قېنى، قالمىدى بىر كىشى تەڭرىلىك[252].

6476 كىشى بارچە يارماق قۇلى بولدىلار،
كۈمۈش كىمدە بولسا بويۇن ئەگدىلەر.

6477 جامائەت كۆپ ئەردى، بۇ مەسچىتلەر ئاز،
تولا بولدى مەسچىت، جامائەتلەر ئاز.

6478 نىمە دەر ئىشىتكىن، بىر تەقۋا كىشى،
بۇنى دىلدا تۇت، ئەي ياخشىلار بېشى:

6479 قېنى بىر دۇرۇسلۇق قىلۇرچى قېنى؟
خۇدالىق ئۇچۇن ئىش قىلۇرچى قېنى؟

6480 جاھان باشتىن ـ ئاخىر بۇزۇلدى پۈتۈن،
كۆرۈپ تاڭ قالغۇچى ئەر بارمۇ بۈنى؟

6481 مۇسۇلمان ئۆچەشىپ، گۆشىن يېيىشۇر،
يېتىپ تىنچ، كۇپپارلار راھەت كۆرۈشۇر.

6482 بۇلاندى، تالاندى مۇسۇلمان مېلى،
قېنى ئەر، هارامنى بىلىپ يەتكىلى؟

6483 ئۇخلاتماس كېچىلەر پاسات شاۋقۇنى.
قېنى ئىلمۇ ـ قۇرئان، بەك ئازدۇر ئۇنى.

6484 كۆڭۈللەر قېتىشتى، تىللار يۇمشىدى،
دۇرۇسلۇق ئۆزى كەتتى، قالدى ھىدى.

6485 ئاتىلىق قىلۇر، كۆر، ئاتىغا ئوغۇل،
ئوغۇل بەگ بولۇپ، كۆر، ئاتا بولدى قۇل.

6486 ئېغىرلاشتى تۇرمۇش، كۆپەيدى تەشۋىش،
ئېشىپ كەتتى ھېرىسلىق، ئازلاپ سۆيۈنۈش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



6487 پېقىر، تۇل، يېتىملەرگە شەپقەتچى يوق،
جاھان ئۆزگەردى ھەيران بولغۇچى يوق.

6488 تولا ياخشى ئېيتمىش ئالىم ئىلمى كەڭ،
جاھاننى سىنىغان سېخىي قولى كەڭ:

6489 ئاخىرلاشتى دۇنيا، بۇزۇلدى قانۇن،
ياماننى كۆرۈپ ھەم ياخشىلار بوگۇن.

6490 ئەقىللىك ئۇقار، كۆر، بىلىملىك بىلۇر،
بۇزۇلدى جاھان، بىل، ئۆتۈپ ئاي ۋە كۈن.

6491 ئوغۇل ـ قىز قويۇشتى ئاتا ھۆرمىتى،
سۆكۈش بولدى ئەرگە قېرىلىق ئېتى.

6492 ئۆزگەردى جىمىكى نىزام ۋە قانۇن،
قارا بىرلە ئاق بولدى پەرقسىز پۈتۈن.

6493 بۇ ھەممە قىيامەت نىشانى ئېرۇر،
نىشانى كۆرۈنسە كېلۇرچى كېلۇر.

6494 كۆزەتسۇن بىر ئاللا بۇ ئىمانىمىز،
يوقالسۇن بۇ پىتنە بالا، يامان ئىز.

*  *

6495 يىل ئاتمىش ئىكى ئەردى تۆت يۈز بىلە،
تۈگەتتىم سۆزۈمنى پۈتۈپ ئۈلگىلە.

6496 يېتىشچە ئەقلىم پۈتتۈم تۈگەل،
ئوقۇغان، ئىشىتكەن ئۆزۈڭ ھەسسە ئال.

6497 نىچۈك بولماق كېرەك ئىش ـ ھەرىكەت يولۇق،
ئېيتىپ بەردىم ئازراق، بېكىتكىن ئۇلۇق.

6498 بۇدۇر دىن يولى ھەم بۇ دۇنيا يولى،
مۇشۇ يولچە يۈرگىن، ئازما ھېچ يولى.

6499 تىلىسەڭ بۇ دۇنيا، يولىدۇر مۇشۇ،
دېسەڭ ئاخىرەتنى ھەم يولى مۇشۇ.

6500 ئۆزۈڭ قۇللىقىن قىل، خۇدا بېرۇر كۈچ،
قايۇسىن تىلىسەڭ، تىلە، قىلما ئۇچ[253].

6501 ئىلاھا بۇ سۆزنى ئۆزۈم باشلىدىم،
تىلىكىم نە ئەردى، بىلۇرسەن ئىزىم.

6502 تىلىكىم ئەمەس شان ـ شۆھرەت، ياخشى ئات،
كىشى نەپئى كۈتتۈم، ئۆز ئۆلسۇن يا يات.

6503 ئوقۇغۇچى ئوقۇسا، مېنى ياد ئېتەر،
ئۈمىدىم: ماڭا ھەم دۇئاسىن بېرەر.

6504 تىلىكىم بۇ ئەردى، ئۈمىدىم شۇلا،
ئوقۇغان ماڭا بىر دۇئادا بولا.

6505 تىلىم سۆزلەپ بۇ سۆزنى يازدى قولۇم،
بۇ تىل ۋە قولۇمغا ھەم باردۇر ئۆلۈم.

6506 قول ھەم تىل نىشانى مانا شۇ بىتىك،
ساڭا قويدۇم ئەمدى پۈتۈپ، ئەي ئىتىك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



6507 ئۇنتۇما بۇنى سەن ئوقۇپ تىرىكلەر،
قويۇپ دۇنيانى مەن يېپىنغاندا يەر.

* *

6508 ئەي مەڭگۇ بىھاجەت ئىگەمسەن ئۇلۇغ،
كەچۈرگىن ئۆزۈڭ سەن بۇ موھتاج قۇلۇغ[254].

6509 گۇناھىم تولا، يول ئازغان بەندىمەن،
گۇناھىم كەچۈرگىن، بىرلا ئىگەمسەن.

6510 ئىگەمسەن، قۇلۇڭمەن، قۇل ئاتى قۇل ئۇل،
ئىگەمسەن رەھىملىك، ماڭا ئىگە بول.

6511 قۇلۇڭمەن، ئىگەمسەن ماڭا، ئەي غەپۇر[255]،
مېنى ئەپۇ ئەت سەن گۇناھىم كەچۈر.

6512 كەچۈرگىن يەنە ھەممە مۆمىنلىنى،
شەرقتىن غەربكە قەدەر ھەممىنى.

6513 گۇستاخمەن، گۇستاختىن گۇستاخلىق كېلەر،
رەھىملىك ئېرۇرسەن، گۇناھىم كەچۈر.

6514 ئىپاردىن ئىپارنىڭ ھىدى تارىلۇر،
پەلىددىن[256] ئېرىغسىز پۇراق چېچىلۇر.

6515 ئۇمىدىم سەنلا سەن، ماڭا سەن ئۇمىد،
ئۇمىد ئۈزمىگەيمەن، سەندىن ئەي ئۇمىد.

6516 گۇناھكار قۇلۇڭمەن، قىلغىنىم جاپا،
ۋاپالىق ئىگەمسەن، ماڭا قىل ۋاپا.

6517 جاپادىن جاپالار كېلۈر، ئەي ئىزىم،
ۋاپادا ۋاپادىن بۆلەك بىلمىدىم.

6518 كەچۈر سەن ئۆزۈڭ بارچە مۆمىنلىنى،
ئۇلار ھۆرمىتىچۈن ئەپۇ قىل مېنى.

6519 تۈمەنمىڭ سالىمىم، يەتكۈز ئەلچىگە،
ئۇ شول ياخشى رەھبەر دۇرۇس يولچىغا.

6520 ئۈنىڭ تۆت يارىغا مېنىڭدىن سالام،
يەتكۈزگىن، ئىلاھا، تۈتاش ۋە داۋام.

www.uyghurkitap.com

E

# ئىلاۋىلەر

## I

### يىگىتلىككە ئېچىنىش، قېرىلىق ھەققىدە ئېيتقانلىرى

6521 ئۆتۈرچى بولۇپتەك، يىگىتلىكنى ئىدتىم[257]،
بوران - يەل ئۆتەردەك ھاياتنى تۈگەتتىم.

6522 ئىسىت ھەي يىگىتلىك، ئىسىت ھەي يىگىتلىك،
تۇتۇش بىلمىدىم مەن سېنى تېز قاچتىتىم[258].

6523 يەنە كەلگىن ئەمدى يىگىتلىك ماڭا سەن،
تۇتاي ئالىقىنىمدا، ئاغى - چۇز تۆشەتتىم.

6524 ئىسىت، بۇ يىگىتلىك قېنى، نەگە كەتتى؟
تىلەپ تاپمىدىم مەن، شۇنچە تىلەيتتىم.

6525 ھايات تاتلىقى ئۇ شېرىن جان سۆيۈنچى،
يىگىتلىكتەك ئەزگۈ يوق ئەركەن، ئايىتتىم[259].

6526 كىچىكلىك لەززىتىن، يىگىتلىك ھۇزۇرىن
يىتتۇردۇم، مەن ئەمدى تۇتالماي كۆرەتتىم[260].

6527 قېرىلىقتا ئەيىب يوق ئىدى توغرا ئۆتسەم،
ئىسىتكىم، ئۆمۈرنى ئەجەب زايە ئەتتىم.

6528 دەرىخ! ئىچىنۇرمەن ساڭا ئەي يىگىتلىك،
جىمى ئۆزلۈقۈمنى يوقاتتىڭ، يوقاتتىم.

6529 قىزىل ئەردى مەڭزىم تامام ئەرغۇۋانداك،
بۆگۈن ئاڭا زەپەر ئۆرۈقىن سۈرتتۈم.

6530 ئىپارداك قارا باشقا مەن كافۇر پۈركىدىم،
تولۇنداك تولۇق يۈزنى نەگە ئەۋەتتىم.

6531 يورۇق يازداك ئەردىم تۈمەن رەڭ چېچەكلىك،
خازان بولدىمىكىن، ھەممىنى قۇرۇتتۇم.

6532 قېيىنداك بويۇم ئەردى، ئوقتەك دۈرۈس ـ تۈز،
بولۇپ ئەگرى يادەك ئېگىلدىم، ئېغىشتىم.

6533 ئىسسىت، زايە قىلدىم تىرىكلىك ئاۋۇنچىن،
پۇشايماندا قان ياشنى كۆزدىن ئېقىتتىم.

6534 كىچىكلىك كەچۈردۈم، يىگىتلىك يىتتۈردۈم،
كۆڭلۈمنى قارايتتىم، ئۆزۈمنى چۆكۈتتىم.

6535 يېمەك ـ ئىچمەك ئۇلسا، يېدىم، ئىچتىم ئۆيدەك،
ھەۋەس قوغلىشىپ مەن تۈمەن چاڭ توزۇتتۇم.

6536 نەچە قۇشقا، ئوۋغا ئاۋۇندۇم، سۆيۈندۈم،
ئۇچار قۇشتەك ئاتلارنى دۆڭدە يۈگۈرتتىم.

6537 ئاداش، قولدىشىمغا شېرىن جانداك ئەردىم،
گەر ئۇلسا رەقىبىم توسۇنداك ئۈركۈتتۈم.

6538 كايىپ تىللىدىم، مەن نەچەلەپ كىشىنى،
گۇناھسىزغا قول ھەم تىلىمنى ئۇزارتتىم.

6539 كېرىلدىم شۇنچە مەن ياۋنى يەڭگەن ئەرداك،
بولۇپ مەغرۇر ئۆزنى قىيادەك غادايتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



6540 ئىچىپ مەست ياتقان ئەردەك، ئويغانغىنىمدا،
سىزىپ ئازغىنىمنى، خۇدادىن ئۇياتتىم.

6541 خۇدا تائىتى قالدى، كىشى خىزمىتىچۈن،
كېزىپ مەن جاھاننى، يولدىن ئېزىقتىم.

6542 ھەۋەس ـ ئارزۇ قوغلاپ يۈگۈردۈم نەچە مەن،
قۇترىغان بۆرىدەك جاھاننى ئىگراتتىم.

6543 كىشىنى تۇتۇپ مەن، كۈچەپ پۇلىن ئالدىم،
بېرىپ ئازار بىرىگە، بىرىنى رەنجىتتىم.

6544 ماڭا تەڭرى ئېيتسا نېچۈك قىلدىڭ ئانداغ،
بولۇر نە جاۋابىم، ناھايەت ئۇياتتىم.

6545 قايۇ تەلۋە خۇلقى بولۇر مۇندىن ئارتۇق،
بولۇپ گول ئۆتەر كۈنگە، ئۆمرۈم تۈگەتتىم.

6546 سۆيۈنچ كەتتى، بۇ مېھنەتمۇ كەتسە ئەردى،
بىكار كەتتى كۈن، ئاي، ئۆكۈنچكە بېسىقتىم.

6547 قىلاي پەرەزكى، كىسرا[261] يا قەيسەرچە[262] بولدۇم،
يا شەددادۇ ـ ئادتەك بېھىشمۇ ياساتتىم؛

6548 ئىسكەندەردەك ئالدىم جاھاننى پۈتۈنلەي،
نوھ ئۆمرىنى پۈتۈن ياشىدىم، ياشاتتىم؛

6549 چېقىنىدەك قىلىچلىق ھەيدەر[263] ئەرسەم ئۆزۈم،
يا رۇستەمدەك جاھانغا داڭقىم تاراتتىم؛

6550 بولۇپ ياكى ئەيسا ئۇچۇپ كۆككە چىقتىم،
يا نوشىرۋاندەك قانۇن ئادىل يۈرگۈزتۇم؛

6551 يا خەزنەم تولۇق بولدى قارۇن مىلىدەك،
يا ئەسهابى رىستەك تۆمۈر شەھەر ياساتتىم؛

6552 نە پايدا بىردىن، كىردىم ئاخىر يەرگە،
جاھان قالدى، مەن ئىككى بۆز ئىلە كەتتىم.

6553 يالىڭاچ تۇغۇلدۇم، شۇ خىل يەرگە كىرگۈم،
نەچۈن دۇنياغا ئۆزنى مۇنچە ئىسسىتتىم؟

6554 ئۆتەر دۇنيا ئۆتتى بوران سوققىنىدەك،
يانىي دۇنياغا ئۆزنى غاپىل باستىتتىم[264].

6555 نە قىلدىم ياخشىلىق ھاياتقا پايدىلىق،
تىرىكلىكتە دانىنى نە يەرلەرگە ئەكتىم.

6556 نىمە تەرگەن ئۇلسام، ئۇنى ئورغۇم ئاخىر،
نىمە ئورغان ئۇلسام، ئۆزۈمگە تىتىتتىم.

6557 ىيگىتلىك قاچۇردۇم، قېرىلىققا چۈشتۇم،
يەنە يانغىن ئەمدى، نە سۆزلەر تاراتتىم.

6558 ئۆزۈن تۇندە ياتماي، تېۋىن تەڭرىگە سەن،
ئويغان، يىغلا تىنماي، گۇناھقا بېسىقتىم.

6559 يىلان، قوڭغۇز ـ قۇرت يېمى بۇ بەدەننى،
بۇ نېمەت بىلەن نېچۈك شۇنچە سەمرىتتىم.

6560 ئەي مەست ۋۇجۇدۇم، ئويغان، يىغلا، سەن تىنما،
تېۋىن ھەققە، بولمىسا ئۆزنى يوقاتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com



6561 قېرىلىق قورۇپ تۇتتى، ياشلىق يوقالدى،
هايات تەمى كەتتى، بارار يول تۈزەتتىم.

6562 تولا كونا دۇنيا كۆپ ئالدىدى خەلقنى،
ئۇنىڭ قايسىسىن دەي، نېمانچە سۆيەتتىم.

6563 مېنى ئەيلە ئويغاق، ئەي رەببىم، ئىگەمسەن،
مېنى قوغلىما سەن، دىلىمنى ئېرىتتىم.

6564 گۇناھىم كەچۈرگۈچى بىرلا ئىگەمسەن،
كەچۈرگىن مېنى سەن، گۇناھىم ئۇنۇتتىم.

## زاماننىڭ بۇزۇقلۇقى ۋە دوستلارنىڭ جاپاسى توغرىسىدا

6565 قوپاي مەن، ماڭاي مەن، جاھاننى كېزەي مەن،
جاھاندا ۋاپالىق ئېرۈركىم، تاپاي مەن.

6566 كىشى قىسلىقى بولدى، ئىستەي قەيەردىن؟
تىلەپ تاپقىلى بولسا ئىستەپ كۆرەي مەن.

6567 جىمى ئارزۇ تاپتىم، كىشى تاپمىدىم مەن،
بۇ ئارزۇنى تاپسام، يۈزىگە باقاي مەن.

6568 ۋاپا قەھەتى بولدى، جاھانغا تولۇپ جەبىر،
ۋاپا كىمدە باركىن، مەن ئازراق تىلەي مەن.

6569 ئەگەر تاپسام ئەردى ۋاپالىق سېخىي ئەر،
يۈدۈپ ئۇنى يەلكەمدە، كۆزگە سۈرەي مەن.

6570 ئەگەر تاپمىسام مەن ۋاپادار كىشىنى،
ياۋايى كېيىك بىرلە ئۆمۈر سۈرەي مەن.

6571 يېمەك ئوت كۆكى بولسا، يامغۇر سۈيى، بەس،
قىلىپ قۇمنى تۆشەك، تاغار تون كىيەي مەن.

6572 بولۇپ ياكى ۋەھشىي، باياۋاندا يۈگرەپ،
كىشىدىن يىراقلاپ، جاھاندىن يىتەي مەن،

6573 بۇ ھەم بولمىسا گەر، بۇ دۇنيانى تاشلاپ،
ئېقىندەك ئاقاي مەن، شامالدەك ئۇچاي مەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



6574 ئىگەم، مۇڭغا چۆمدۈم، ۋاپاسىزغا ئۇچراپ،
ۋاپالىق كىم ئۇلسا، شىرىن جان بىرەي مەن.

6575 كىشى ئاتى قالدى، يوقالدى كىشىلىك،
قايان كەتتى كىشىلىك، كەينىدىن باراي مەن.

6576 قىدىردىم، جاھاندا كۆيۈمچان كىشى يوق،
كۆيۈمسىزگە كۆڭلۈمنى قانداق ئۇلاي مەن.

6577 كۆزۈمدەك يېقىن كۆرسەم مەن كىمنى ئۆزگە،
شەيتاندەك ياۋ بولدى، ئۇنى نە قىلاي مەن.

6578 كىمى سۆيدۈم ئەرسەم، شىرىن جانچە تۇتتۇم،
جاپا كەلدى ئۇندىن، كىمنىمۇ سۆيەي مەن.

6579 كىشى كۆڭلى بىلمەككە گۇۋاھ ئىدى تىل،
كۆڭۈل، تىل ئالا بولدى، كىمگە پۈتەي مەن.

6580 بۇ كۈن مۇندا كىمنى قىلاي ئۆزگە ھەمراھ،
پۈتۈپ كىمگە ياكى كىمنى دوست تۇتاي مەن.

6581 بىرەي كىمگە كۆڭۈل، مۇڭۇم كىمگە ئېيتاي،
مەن مۇڭلاندىم ئەمدى بىرئاز مۇڭ تۆكەي مەن.

6582 ئاداش ـ قولدىشىمدىن ئۈمىد تاپمىدىم مەن،
قاياش قىلىقى ياتتەك، نېچۈك تىل ئاچاي مەن.

6583 ئەگەر ئانت بىلەن بولسا، ئىشەنچ، ئەمىنلىك،
بۇ ئانتنى تۇتقۇچى كىم؟ ئۇنى ئەر ئاتاي مەن.

6584 تۇزۇ ـ نانىڭ ھەققىنى ساقلاۋچى بارمۇ؟
كۈمۈش، جەۋھەر، ئالتۇن بىلەن غەرق قىلاي مەن.

6585 قېنى، غەم ـ سۆيۈنچكە ھەمراھ قوشنا ـ قولۇملار،
بېرىپ بارلىقىمنى، مەن ئۆيدىن چىقاي مەن.

6586 ئاداش ـ قولدىشىمدىن كىمىم بار ئىشەنچلىك،
ئۇنى مەن قىلىپ بەگ، ئۆزۈم قۇل بولاي مەن.

6587 كىشى تاپمىدىم مەن، مۇڭلاندىم يالغۇز،
سىزىپ كەتتىم غەمدە، سۆيۈنۈپ كۈلەي مەن.

6588 بۇزۇلدى نېچۇن خەلق، نىزامنى ئېتىپ تەرك،
نىچۇك بىر زامانغا قالدىم، قايان كېتەي مەن.

6589 يا تەلۋە يا ئەخمەق بولۇپ، ئاينىدىم مەن،
نېمە سۆزلىدىم مەن، سەن ئېيتقىن، ئۇقاي مەن.

6590 يا سەۋدا كۈچىيىپ بۇزۇلغانمۇ مېڭەم،
كۆرۈندىمۇ كۆزگە شۇنداق، دورا ئىچەي مەن.

6591 ماڭا دۇچ كەلدىمۇ ياكى شۇنداق كىشىلەر،
ئۆزۈم ياكى تەتۈرمۇ، بۇندىن ياناي مەن.

6592 ۋاپادىن قويۇپ ئات ئۆتكۈچىلەر قېنى،
قېنى ئۇلار؟ ئەپسۇس، مەن بىر ماختاي مەن.

6593 ئۇلار قويغان قانۇن، يوسۇن قىلىقلارنى
بۈگۈن كاشكى كۆرسەم ئىدىم، خۇش بولاي مەن.

6594 يا بولمىسا تۈزسۇن يوسۇن، قىلىق، قانۇن،
ھېلىم تۆرگە ئۆتسۇن، جاھىلنى سۈرەي مەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



6595 جىمى ياخشى كەتتى، يوسۇن ـ قانۇنمۇ ھەم،
رەزىل قالدى، ياخشىنى ئەدىن تاپاي مەن.

6596 بويى بارنىڭ جىمىسى گەر بولسا ئىنسان،
پەرىشتە ئىدىمۇ ئۇلار، نە بىلەي مەن.

6597 ئۇلار كەتتى، قالدىم بۇلار بىرلە ئۆزۈم،
ئىچۈكمۇ يۈرەي مەن، نە ئىشقا ياراي مەن.

6598 ئىچە سۆزلىسەم مەن تۈگىمەس يەنە سۆز،
قىلاي بەس، سۆزۈڭ بارمۇ، ئەمدى كېتەي مېن.

6599 تاپالمىدىم مۇندا ئۆزگە ياخشىلىقنى،
شەھەر ـ يۇرتنى تاشلاپ، كىشىدىن قاچاي مەن.

6600 ئاتىم بىلىمسۇنلار، مېنى كۆرمىسۇنلەر،
تىلەپ تاپمىسۇنلار، سۆزۈمنى كېسەي مەن.

6601 چاياندەك چاقۇرلار، چىۋىندەك شورارلار،
ئىتتەك قاۋارلار، قايسىسىنى ئۇراي مەن.

6602 ئەلەم يەتتى ماڭا بۇ جاھىللار ئارا،
پۇشايماندا كۈن ـ تۈن ئىچۈك يۈك يۈدەي مەن.

6603 ماڭا كەلمىسۇن ھەممە جەۋرۇ ـ جاپالار،
بۇ گۆستاخ، پەسلەردىن يىراقراق تۇراي مەن.

6604 ئىلاھا، نەسىپ قىل ئۇ سۆيۈملۈك رەسۇل،
ۋە تۆت يار دىدارىنى مەن بىر كۆرەي مەن.

6605 بىلىم بىل، ئۆزۈڭ بول تۆردە ئولتۇرا،
بىلىمدۇر كىشىگە ئۇ مەھكەم تۇرا.

6606 بىلىمسىز يۈرەك، تىل نېمىگە يارار،
بىلىم بىرلە سۈدەك ئومۇمغا يارا.

6607 نېچە بىلگەن ئولساڭ، يەنە ھەم تىلە،
بىلىملىك يېتەر، كۆر، تىلەككە، سورا.

6608 بىلۈرمەن دېسەڭ، سەن بىلىمدىن يىراق،
بىلىمسىز سانالدىڭ بىلىملىك ئارا.

6609 بىلىم بىر دېڭىزدۇر، ئۇچى يوق تۇۋى،
نېچەلىك سۈمۈرگەي سۇ سۈندۈك شورا.

6610 بۇ ئىلمىڭ بىلەن باش ئۆزۈڭگە يانۇر،
بۇ بىلمەس ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭدىن يىرا.

6611 بىلىم بىل، كىشى بول ئۆزۈڭنى چوڭايت،
يا ھايۋان ئاتالغىن كىشىدىن يىرا.

6612 بىلىملىك خىيالچان، ئىچىلماي يۈرەر،
بىلىمسىز سۆيۈنچتىن كۆلەر قاتقارا.

6613 بىلىملىك غەم ئىچرە نېچۈكمۇ كۈلەر،
بىلىمسىز ـ سوغۇم[265] سەن، ئويناقلاپ يۈرە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



6614 بىلىملىك ــ كىشىلىك، يورۇلمەس ئازاد،
بىلىمسىز تىلەككە بېرىلگەن، قارا.

6615 كىشىلەندىڭ ئالىم، بىلىمسىز ئازاد،
كىشىلەنسە ئۇ گەر چىگىت، سەن بورا.

6616 مانا قولنى سۇندۇم ئىلىمنى تىلەپ،
قېتىپ سۆزنى سۆزگە تىزىپمەن ئۇرا[266].

6617 بۇ تۈركىي سۆزنى كۆردۇم ياۋايى كېيىك،
ئۇنى ئاستا تۇتتۇم، ئۆگەتتىم ئارا.

6618 سىلاپ ئەركىلەتتىم، كۆڭۈل بەردى تېز،
ئېخى بەزى قورقۇپ، ئۈركۈپلا تۇرا.

6619 سۆز ئالدىم قولۇمغا چىققىنىچە مەن،
كېلىمۇەردى خۇش ھىد ئىپاردەك پۇرا.

6620 دۇرۇس سۆزلىدىم سۆز، ئاچچىق ھەم يىرىك،
دۇرۇس سۆز كۆتۈرگەن ئۇ ئاقىل، قارا.

6621 ئوقۇرچىغا ئارتۇق ئېغىر كەلمىسۇن،
ئۆزرەمنى مەن ئېيتتىم ئېچىپ ھەم يورا[267].

6622 دۇرۇس سۆزدىن ئۆزگە سۆزنى سۆز دېمە،
دۇرۇس ـ ئەگرى پەرقى ئېرۇر ئاق ـ قارا.

6623 يىل ئاتمىش ئىككى ئەردى تۆت يۈز بىلە[268]،
بۇ سۆز سۆزلىدىم مەن تۇتۇپ جان سۇرە[269].

6624 تولۇق ئون سەككىز ئايدا تۈگەتتىم بۇ سۆز،
يېشىپ سۆز تاللىدىم ھەم تىزدىم تېرە.

6625 ئېچىلغان چېچەكتەك ئېپار ھىد پۇرار،
تىزىپ سۆندۆم بۇنى تامامىلاپ، پۇرا.

6626 نېچە سۆزلىسەكىم، تۆگەرمىدى سۆز،
ئاقار توختىماستىن بۇلاقلار ئارا.

6627 يۇسۇپ، سەن يارامىلىق، دۇرۇس سۆزنى ئېيت،
يارامسىزنى يوشۇر، زەرەرلىك، قارا.

6628 تولا سۆزلىدىڭ سۆز، سۆيى كەتمىسۇن،
تولا سۆزدىن ئىنسان زېرىكىپ بارا.

6629 جاھان بىۋاپادۇر، خۇلقى ئىشەنچسىز،
ئەي ئاقىل، ئۇنىڭدىن يىراق تۇر، يىرا.

6630 سەن ئەمدى يېپىشتىڭ بۇ دۇنياغا چىڭ،
تىرىش، ئۇندىن ئۇزگىن كۆڭۈلنى، بۇرا.

6631 ئىشەنمە جاھانغا، ئىشەنمە ئارتۇق،
خۇداغا سىغىنغىن قاتتىق يالۋۇرا.

6632 ۋاپاسىز جاھان كۆپ خەقنى تاشلىدى،
ھەق يولدىن ئاداشتى نى ئەرلەر، قارا.

6633 راسلاندى ساڭا ھەم بېزىتىپ، كۇلۇپ،
ئاگاھ بول، سۆيمە بەك كۇلۇپ ـ قاتقارا.

6634 نېچە دۇنيا يىغقان جاھان بەگلىرىن
ئۆلۈم تۇتتى، كەتتى، كۆزى تەلمۇرە.

6635 يىگىتلىك زايە بولدى، ئىسىت ھەي ... كۇنۇم،
تۆگەر بۇ تىرىكلىك، ئۆكۇن، قايغۇرا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



6636 نەچە مىڭ ياشىسا، ئاخىر ئۆلگۈلۈك،
نېچە يىغسا دۇنيا قالۇر ئارقارا[270].

6637 ساڭىلا سىغىنىدىم، خۇدا، سەن كۆزەت،
بۇ غەپلەت ئۇيقۇدىن مېنى ئودغۇرا[271].

6638 ئۇياتسىز قۇلۇڭمەن، گۇناھىم تولا،
رەھمىڭنى سېنىڭدىن كېلۇر بەلگۈرە.

6639 سېنىڭدىن قېچىپ، ساڭا قىلدىم گۇناھ،
سىغىندىم بۇگۈن مەن ساڭا يالۋۇرا.

6640 نېمىگە ئىشەندىڭ ئەي موهتاج ۋۇجۇد،
نېمىگە تاياندىڭ، كۆزۈڭدە كۆرە.

6641 يولۇڭنى تۈزەتكىن، خۇي ـ پەيلىڭ تۈزەت،
بول ئىككى جاھاندا تۆردە ئولتۇرا.

6642 سۆيۈنچ بىرلە تولغان بۇ دۇنيا پۈتۈن،
بۇنى قوي، يەنە بىر جاھانغا قارا.

6643 تىلىڭنى، كېلىڭنى يىغ، كۆپ ئۇخلىما،
كۆزۈڭ يۇم، قۇلاق ئەت، بول راھەت تۇرا.

6644 جىمى مۆمىننى سەن كەچۇر، ئەي خۇدا،
تولا رەھمىتىڭدىن تولۇق تۇرغۇرا[272].

6645 يەتكۈزگىن رەسۇلغا تۈمەنمىڭ سالام،
ئۇنىڭ تۆت يارىغا يەنە ئەرتۇرە[273].

(تۈگىدى)

## ئىزاھلار

[1] ئەلىگ — (ق. ئۇ) ھۆكۈمدار، پادىشاھ، خان، خاقان مەنىلىرىدە.

[2] سازا — (ئە) لايىق، مۇناسىپ.

[3] زۇلجەلال — (ئە) ئاللانىڭ بىر سۈپىتى.

[4] روزى — (ئە) رىزىق.

[5] قامۇغ — (ق.ئۇ) ھەممە، پۈتۈن، بارچە.

[6] بەگ — (ق. ئۇ) ئەلنىڭ بېشى، خان، ھۆكۈمدار.

[7] ئەنىسۇل مەمالىك — (ئە) سەلتەنەت سىردىشى.

[8] كونى — (ق.ئۇ) توغرا، دۇرۇس، ھەق.

[9] باياات — (ق. ئۇ) خۇدا.

[10] قۇز ئوردۇ — بالاساغۇن شەھىرىنىڭ بىر خىل ئاتىلىشى.

[11] خىلئەت — (ئە) بۇ يەردە «مۇكاپات» مەنىسىدە.

[12] يارلىقا — (ق. ئۇ) ئەپۇ قىل، كەچۈر.

[13] لىقا — (ئە) دىدار.

[14] ئىزىم — (ق. ئۇ) ئىگەم، تەڭرىم.

[15] پەنا — (ئە) يوقالماق، زاۋال تاپماق.

[16] ھەققۇلىيەقىن — (ئە) ئىنساننىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا ئىسپاتلانغان ھەقىقەت.

[17] تانۇق — (ق. ئۇ) گۇۋاھ، شاھىت.

[18] ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە، خۇدانىڭ تۇرار جايى يوق، ئۇ ھەممە جايدا ھازىر، ھەممە جاي ئۇنىڭغا ئورۇن دېمەكچى.

[19] ئەقىل بىلەن ئويلىما، چۈنكى قانچە ئويلىساڭمۇ ماھىيىتىگە يېتەلمەيسەن، دېمەكچى.

[20] ساۋچى — (ق. ئۇ) ئەلچى، پەيغەمبەر. بۇ مىسرادىن مەقسەت مۇھەممەت پەيغەمبەر ھەممىدىن كېيىن كېلىپ، بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئامغا بولدى، يەنى بىرەر ھۆججەتنىڭ ئاخىرىغا تامغا بېسىلغاندىن كېيىن خەت يېزىلمىغىنىدەك، ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، دېمەكچى.

[21] پارۇق — (ئە) ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىشتا بەك ماھىر. ئادىل دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۆمەرگە بېرىلگەن لەقەم ئىدى.

[22] پەيغەمبەرنىڭ شەرىئىتىنى خەلققە چۈشەندۈردى، دېمەكچى.

[23] كۆك — (ق. ئۇ) نېگىز، ئاساس، ئۇل.

[24] تۆت تادۇ — (ق. ئۇ) ئوت، سۇ، ھاۋا، تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت زات ياكى ماددا.

[25] كافۇر ـــ (  ) ئاق، خۇش پۇراق ۋە تەبىئىتى سوغۇق بىر خىل دورا.

[26] ئېسىن ـــ (ق. ئۇ) شامال.

[27] ئۆتمۈشتىكى مۇنەججىملەر ئاسماننى ئون ئىككى بۇرجقا بۆلگەن. بۇنىڭ ئەرەبچە ئاتىلىشى: ھەمەل، سەۋر، جەۋزا، ئەسەد، سۇنبۇل، سەرەتان، مىزان، ئەقرەب، قەۋس، جەدى، دەلۋە، ھۇت؛ ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى: قوزا، ئۇي، قوشكېزەك، يولۋاس، تىمساھ، بۇغداي بېشى، تارازا، چايان، ياچاق، ئوغلان، سوغا، بېلىق، دېمەك، بېلىق قىشنىڭ ئاخىرقى ئېيى، قوزا باھارنىڭ باشلانغۇچ ئېيى. شائىر بۇ يەردە «قىش كېتىپ باھار كەلدى» دېگەن ئۇقۇمنى شائىرانە تىلدا «بېلىق قويرۇ- قىدىن قوزى بۇرنىغا» دەپ كىنايە سەنئىتى بىلەن ئىپادىلىگەن.

[28] پېيۇن ـــ (ق. ئۇ) توق قىزىل رەڭ.

[29] قىل ـــ (ق. ئۇ) بىر خىل قۇش، «قىل قۇيرۇق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

[30] كۆكىش ـــ (ق. ئۇ) بىر خىل قۇش.

[31] قاتقارا ـــ (ق. ئۇ) قاقاھلىماق.

[32] قارا قۇشقاچ ئۇچلۇق تۇمشۇغى بىلەن سايرىدى، دېمەكچى.

[33] سورى ئەبرى ـــ (ئە) داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ مۇقام بىلەن ئوقۇغان زەبۇر سۈرىلىرى.

[34] ئاس ـــ (ق. ئۇ) سەۋسەر.

[35] مۇئىن ـــ (ئە) تۇۋرۇك، ھامىي، تايانچ.

[36] ئورك ـــ (ق. ئۇ) چۇلۋۇر.

[37] را ھىندى ـــ بىر خىل قۇشنىڭ نامى.

[38] قەيسەربي ـــ بىر خىل قۇشنىڭ نامى.

[39] ئارمىغان ـــ (ق. ئۇ) ھەدىيە، سوۋغات.

[40] قىيامەتكىچە دېمەكچى. چۈنكى، قىيامەت بولغاندا يەر مىستەك قىپقىزىل بولۇپ گىياھ ئۈنمەسمىش.

[41] لوقمان يىلى ـــ لوقماندەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسۇن، دېمەكچى.

[42] يەزەك ـــ (ق. ئۇ) خەۋەرچى؛ چارلىغۇچى.

[43] سەكەتتىر ـــ (ق. ئۇ) زۇھەل (ساتۇرن) يۇلتۇزى.

[44] ئوڭاي ـــ (ق. ئۇ) مۇشتىرى (يۇپىتېر) يۇلتۇزى.

[45] كۇرۇد ـــ (ق. ئۇ) مېرىخ (مارس) يۇلتۇزى.

[46] سەۋىت ـــ (ق. ئۇ) زۇھرا، چولپان (ۋېنېرا) يۇلتۇزى.

[47] ئارزۇ ـــ (ق. ئۇ) ئاتارۇت (مېركۇرى) يۇلتۇزى.

[48] يالچىق ـــ (ق. ئۇ) ئاي.

[49] ھەمەل، سەۋر، جەۋزا ـــ باھار بۇرجى؛ ئەسەد، سەرەتان، سۇنبۇل ـــ ياز بۇرجى؛ قەۋس، مىزان، ئەقرەب ـــ كۈز بۇرجى؛ جەدى، دەلۋە، ھۇت ـــ قىش بۇرجى.

[50] ئېلىگ ـــ (ق. ئۇ) قول.

[51] يار ــ (ق. ئۇ) يەش (بۇيەق پىل).

[52] پاساھەت ــ (ئە) روشەنلىك، سەنئەتلىك.

[53] يالڭۇق ياكى يالاڭۇق ــ قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «ئادەم» دېمەكتۇر. بۇ سۆز «يېڭىل» (يېڭىلماق) سۆزدىن ئېلىنغاچقا، ئادەم يېڭىلغاق، يەنى ئېزىپ، يېڭىلىپ تۇرىدىغان نەرسە، دېمەكچى.

[54] ئەزىز ــ (ئە) بۇ يەردە نادىر، يەنى ئاز تېپىلىدىغان دېگەن مەنىدە.

[55] ئىندى (ئىنمەك) ــ (ق. ئۇ) چۈشتى (چۈشمەك).

[56] ئەزگۈلۈك ــ (ق. ئۇ) ياخشىلىق.

[57] زاھھاك ــ ئىراننىڭ «پىشدادىيان» سۇلالىسىدىن زالىم شاھ ئىسمى.

[58] پەرىدۇن ــ ئىراننىڭ «پىشاددىيان» سۇلالىسىدىن ئادىل شاھ ئىسمى.

[59] تۇرا ــ (ق. ئۇ) قورغان، قەلئە. بۇ سۆز ھازىرمۇ قومۇل شېۋىسىدە «تۇر» شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، «پالگان تۇر»، «نۆۋەن تۇر» دېگەنگە ئوخشاشلار.

[60] ئۇلۇگ ــ (ق. ئۇ) ئۇلۇش، نېسىۋە، ھەسسە.

[61] توڭا ئالپ ئەر ــ (ق. ئۇ) قەھرىمان ئەر ــ يىگىت.

[62] نوشىنراۋان ــ (نوشىرۋان) مىلادىيە 6 ـ ئەسىردە ياشىغان ۋە ئادالەت بىلەن تونۇلغان ئىران شاھى.

[63] ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە، كىچىك باللار يەتتە ياشقا تولمىغۇچە، ئۇلارنىڭ قىلمىشى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنماسىمىش. بۇ مىسرا شۇنىڭدىن ئىشارەتتۇر.

[64] كىمىيا ــ (ئە) قەدىمكى كىشىلەر ماددىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ مىسنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇش مۇمكىن دەپ ئويلىغان ۋە بۇ ساھەدىكى ئىلمىنى «كىمىيا» دەپ ئاتىغان.

[65] ئەش ــ (ق. ئۇ) يولداش، ھەمراھ.

[66] ياۋۇز ــ (ق. ئۇ) يامان، ۋەھشىي.

[67] قوغۇ ــ (ق. ئۇ) ئاق قۇ.

[68] ھەبىب ــ (ئە) سۆيۈملۈك، دوست. بۇ يەردە مۇھەممەت پەيغەمبەرنى دېمەكچى.

[69] بۇ بېيىتنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «سۇچۇل» (سۇچۇلماق)، يەنى سالماق، يەشمەك (كىيىم ـ كېچەكنى) مەنىسىدە بولۇپ، ھازىر قومۇل شېۋىسىدە «چۇچۇل» (چۇچۇلماق) شەكلىدە ساقلىنىپ قالغان.

[70] ئوڭاي ــ (ق. ئۇ) مۇلايىم، سىلىق، يۇمشاق.

[71] قۇت ــ (ق. ئۇ) بەخت ـ دۆلەت، سائادەت؛ مۇبارەك.

[72] ئېتىندى ئېتىك ــ (ق. ئۇ) بېرىشقا تەييارلاندى، دېمەكچى.

[73] ئېچىنىسۇن ــ بۇ يەردە خەير ـ ئېھسان قىلسۇن مەنىسىدە.

[74] مۇن ــ (ق. ئۇ) قۇسۇر، كەمچىلىك.

[75] ئەردەم ــ (ق. ئۇ) پەزىلەت.

[76] تۇزۇن ــ (ق. ئۇ) تۈزۈك، ياخشى، ئېسىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



[77] قۇر ــــ (ق. ئۇ) كەمەر، بەلباغ.

[78] قىز ــــ (ق. ئۇ) ① قىس، كەم؛ ② قىز (قىز بالا).

[79] تاپۇغ ــــ (ق. ئۇ) خىزمەت.

[80] شاشماق ــــ ئالدىرىماق، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماق.

[81] تاڭلىدىم ــــ (ق. ئۇ) تاڭ قالدىم، ھەيران قالدىم.

[82] قوزى ــــ (ق. ئۇ) ئامراق، سۆيۈملۈك دېگەن مەنىلەردە.

[83] باغ ــــ بىرەر نەرسىنى باغلايدىغان باغ.

[84] قەدىمكى مۇنەججىملەر كىشىلەرنىڭ تەلىيىنى يۇلتۇزلارغا قاراپ ئايرىيتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئاي بەخت ـ سائادەت يۇلتۇزى قاتارىغا كىرەتتى. شائىر بۇ بېيىتتە ئەنە شۇ پىكىرنى ئىپتىماقچى.

[85] مۇنقەلىپ ــــ (ئە) يۆتكىلىپ، ئايلىنىپ تۇرغۇچى، تۇراقسىز.

[86] ئۇراغۇن ــــ ھىندىستاندىن چىقىدىغان بىر خىل ئاچچىق (زەھەرلىك) ئۆسۈملۈك.

[87] قۇرۇم ــــ (ق. ئۇ) قورام تاش.

[88] سابىت ــــ (ئە) تۇرغۇن، قىمىرلىماس.

[89] كۈچۈن ــــ (ق. ئۇ) كۈچىنىپ.

[90] ئىلى ئاتلىقى ــــ ئىلى (ۋىلايىتى)دە ئات چىقارغان مەشھۇر شەخس، دېمەكچى.

[91] قۇتۇن – (ق. ئۇ) بەختلىك.

[92] ئاغى ــــ (ق. ئۇ) ئالتۇن ۋە كۈمۈش قوشۇپ ئىشلەنگەن بىر خىل يىپەك رەخت؛ قىممەتلىك ماللار بىلەن تولغان خەزىنە.

[93] چۇز ــــ (خەنزۇچە) جۇڭگودىن چىقىدىغان بىر خىل رەڭدار تاۋار.

[94] ئۆگ ــــ (ق. ئۇ) ئەقىل، ئىدراك.

[95] ئاجۇن ــــ (ق. ئۇ) دۇنيا، جاھان.

[96] ياي ــــ (ق. ئۇ) ياز (پەسىل).

[97] تەرياك ــــ (ئە) زەھەرنى قايتۇرۇش دورىسى.

[98] شەلىسە ــــ (ئە) بىر خىل دورا، يەنى مۇمىيا.

[99] ماترىدۇس ــــ (سانسكرىتچە) بىر تۇرلۇك دورا.

[100] باتىق ــــ (ق. ئۇ) چوڭقۇرلۇق، ئوي يەر.

[101] تاتىق ــــ (ق. ئۇ) تاتلىق، لەززەت.

[102] پىدا ــــ (ئە) بۇ يەردە «فىديە»، يەنى بەدەل مەنىسىدە.

[103] يۇرۇگلۇك ــــ يۇرۇپ تۇرغان، مېڭىپ تۇرغان.

[104] ئوت ـ ئەم ــــ (ق. ئۇ) دورا ـ داۋا.

[105] ياۋا ــــ بۇ يەردە بەڭباش مەنىسىدە.

[106] ئىز ــــ (ئە) ئىززەت.

[107] مۇن — (ق. ئۇ) بۇ يەردە دەسمايە مەنىسىدە.

[108] يارىن — (ق. ئۇ) تاڭلا، ئاخىرەت.

[109] نەڭ — (ق. ئۇ) نەرسە، مال - مۈلۈك.

[110] قوتۇم — (ق. ئۇ) ئەسلىدە يۇرت ياكى قونالغۇ مەنىسىدە، بۇ يەردە شائىر «مەخلۇقات» مەنىسىدە ئىشلەتكەن.

[111] تۈشۈن — (ق. ئۇ) قونالغۇ، چۈشكۈن، ئۆتەڭ.

[112] ساقىن — (ق. ئۇ) ساقلانماق، هوشيار بولماق.

[113] ئۆكۈش — (ق. ئۇ) تولا، كۆپ، جىق.

[114] ئالۋۇن — (قومۇل شىۋىسى) سەراپ، ۋىلۋىل، ئېزىتقۇ.

[115] ئوكسۆز — (ق. ئۇ) باشپاناهسىز.

[116] تۇرۇق — (ق. ئۇ) ئورۇن، تۇرار جاي.

[117] تۈلۈم — (ق. ئۇ) قورال - ياراق.

[118] تىتىك — بۇ يەردە ئالىم مەنىسىدە.

[119] ئاسىغ — (ق. ئۇ) پايدا، مەنپەئەت.

[120] مۇمتاز — (ق. ئۇ) تاللانغان، خىل.

[121] ئۈنى — ئۆگدۈلمىشنى، دېمەكچى.

[122] ياغما — تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ بىرى.

[123] يۇلۇغ — (ق. ئۇ) پىدا.

[124] تۇغى — تۇمان، توزان.

[125] ئاتا — (ئە) بېرىلگەن، ئېھسان قىلىنغان.

[126] ئەر بوزى — (ق. ئۇ) ئەرلەرنىڭ ئەرەنى، جەسۇرى؛ سېرىيە يىلپىزى.

[127] ساۋاب — (ئە) بۇ يەردە توغرا، دەل دېگەن مەنىدە.

[128] «ل» هەرپى ئەرەبچىدە «لام» دەپ ئوقۇلىدۇ. شائىر بۇ يەردە كونا ئىملا قائىدىسى بويىچە «بىلىك» سۆزىنىڭ «بلك» شەكلىدە «بەگ» سۆزىنىڭ «بك» شەكلىدە يېزىلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، «بلك» سۆزىدىن «ل» كەتسە، «بك» قالىدۇ، يەنى بەگ ئېتى بىلىم بىلەن باغلىقتۇر، بەگلەر بىلىملىك بولۇشى لازىم، دېمەكچى.

[129] ئۆتۈكەن — كۆك تۈركلەرنىڭ ئورخۇن ۋادىسىدىكى مۇقەددەس ئانا ۋەتىنى.

[130] شائىر بۇ ئىككى بېيىتتە شېئىرىيەتتىكى تۇيۇق سەنئىتىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان. چۈنكى، قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «ئۆگ» سۆزى بىرىنچى، ئەقىل - ئىدراك؛ ئىككىنچى، ماختاش - مەدھىيەلەش؛ ئۈچىنچى، چوڭ دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلەتتى.

[131] ئۆگە — (ق. ئۇ) ئاقىل؛ مۇشاۋىر.

[132] گەنج — (پ) خەزىنە، بايلىق.

[133] بودۇن — (ق. ئۇ) خەلق.

[134] يارۇق — (ق. ئۇ) گۇناھ.

[135] ئىسلام دىنى ئېتىقادى بويىچە، خۇدا ئالەمنى يارىتىشتىن ئىلگىرى بىر تاختىدىن قەلەمنى يارىتىپ، ھەممە ئىشنى ھېسابلاپ، ھېلىقى قەلەم بىلەن تاختىغا يازغان ۋە داۋاملىق يې زىدۇ. بۇ تاختا لەۋھى مەھفۇز (ساقلىنغۇچى تاختا) دېيىلىدۇ. شائىر بۇ بېيىتتە شۇنى دېمەكچى.

[136] قونۇق (قوناق) — (ق. ئۇ) قونۇرچى، مېھمان.

[137] تۇتغاق — (ق. ئۇ) دۈشمەننىڭ ئالدىنقى قىسمى.

[138] يۇرتۇغ — (ق. ئۇ) مۇھاپىزەتچى قىسىم.

[139] تىل — خەۋەر؛ ئەسىر مەنىسىدە.

[140] قىۋچاق — (ق. ئۇ) ئىچى بوش، كاۋاك.

[141] نەڭ — (ق. ئۇ) نەرسە.

[142] چەۋگەن — (ق. ئۇ) ئاتلىق ئوينىلىدىغان توپ ئويۇنى.

[143] نۇجۇم — (ئە) يۇلتۇز توغرىسىدىكى ئىلىم.

[144] كۆك ئايۇق — تۈركمەن چوڭلىرىغا بېرىلگەن ئۇنۋان.

[145] ئېتىك — (ق. ئۇ) قىلىشقا تېگىشلىك ئىش.

[146] ھەندىسە — (ئە) گېئومېترىيە.

[147] تادۇ — (ق. ئۇ) بۇ يەردە تەبىئەت، مىجەز، زات مەنىسىدە.

[148] ئىدىشچى — (ق. ئۇ) ئىچىملىك بېشى، يەنى ئىچىملىك ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى، شارابدار.

[149] ئۆگۈز — (ق. ئۇ) دەريا.

[150] ئۆگۈپ — (ق. ئۇ) ماختاپ.

[151] پانىي — (ئە) ئۆتۈپ كېتىدىغان دۇنيا، دېمەكچى.

[152] دۇنيا ئىشلىرىدىن كۆڭلىنى ئۈزدى، دېمەكچى.

[153] ئاغى — (ق. ئۇ) سېخىي، مەرد.

[154] ئوتى — (ق. ئۇ) دورىسى.

[155] كەنت — (ق. ئۇ) شەھەر، يۇرت.

[156] ماجاز — مېتافورا، سۆزنىڭ كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىشى. بۇ يەردە «ئەسلىي ئۆزى ئەمەس» دېمەكچى.

[157] قارا زەڭگى — ھەبەشلەرنىڭ يۈزىدەك قارا ئاسمان، دېمەكچى.

[158] ئۇستەم — (ق. ئۇ) ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن ئېگەر ـ جابدۇق.

[159] چىگىل — تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ بىرى.

[160] ئادەمئاتىنى دېمەكچى.

[161] ئابدال — (ئە) تەرىقەت ئەھلى، دەرۋىش.

[162] ئاغ — (ق. ئۇ) تور.

[163] دېڭىز ياڭى تۇزلۇق كۆل سۇلىرىدەك دېمەكچى.

[164] تۇزۇم — (ق. ئۇ) ئېسىل تەبىئەتلىكىم.

[165] كۇچۇنچى — (ق. ئۇ) كۆچتۇرگۇچى، كۆچۈرۈپ ماڭغۇچى.

[166] سىتا — (ق. ئۇ) بۇ يەردە نۇر نەيزىسى مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. شائىر كۈننىڭ ئۆزد- نى قالقانغا، ئۇنىڭ چېچىلىپ چىققان نۇرىنى نەيزىگە ئوخشىتىدۇ.

[167] ئەردەنى — (سانسكرىتچە) ئۈنچە، گۆھەر.

[168] ئىنانچ بەگ — (ق. ئۇ) مەنسەپ نامى.

[169] چاغرى بەگ — (ق. ئۇ) مەنسەپ نامى.

[170] تېگىن بەگ — (ق. ئۇ) مەنسەپ نامى.

[171] چاۋلى بەگ — (ق. ئۇ) مەنسەپ نامى.

[172] يابغۇ — (ق. ئۇ) خەلق ئىچىدىن چىقىپ، خاقاندىن ئىككى دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغانلار- غا بېرىلىدىغان ئۇنۋان.

[173] يۇغرۇش — (ق. ئۇ) مەنسەپ نامى.

[174] خەيل — (ئە) بىر توپ لەشكەر.

[175] ئون ئوتاغ — (ق. ئۇ) ئون چادىر باشلىقلىقى.

[176] سىغۇرچۇق — بىر خىل قۇش نامى.

[177] قاق — غازنىڭ بىر خىلى.

[178] يۇغاق — غازنىڭ بىر خىلى.

[179] قىيا ياڭقۇسى — (ق. ئۇ) ئاۋازنىڭ تاغقا ئۇرۇلۇشىدىن چىقىدىغان ئەكس سادا.

[180] ئىسلام شەرىئىتىدە بىراۋنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىش بىلەن تەڭ دېيىلىدۇ. شائىر بۇ يەردە كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلما، دېمەكچى.

[181] تەزئىق — (ئە) ئىككى قاتلاش، قاتلىما.

[182] تەنسىق — (ئە) كېمەيتىش، ئېلىش.

[183] جەزىر — (ئە) يىلتىز تېپىش.

[184] جەمئى تەفرىق — (ئە) قوشۇش - ئايرىش.

[185] مىساھەت — (ئە) يەر مەيدانى.

[186] ئوقلىدىس — قەدىمكى يۇنان ھېكىملىرىدىن بىرى.

[187] تېگىن — (ق. ئۇ) شاھزادە.

[188] بۇ مىسرادىن مەقسەت، تىلىڭنى يىغ، دېمەكچى.

[189] قۇقا - بىر تۈرلۈك شاراب.

[190] بۆگۈ — (ق. ئۇ) دانا، ھېكىم.

[191] شەدداتنى دېمەكچى.

[192] نەمرۇتنى دېمەكچى.

www.uyghurkitap.com



[193] فىرئەۋننى دېمەكچى.
[194] قارۇننى دېمەكچى.
[195] ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننى دېمەكچى.
[196] مۇسا پەيغەمبەرنى دېمەكچى.
[197] سۇلايمان پەيغەمبەرنى دېمەكچى.
[198] ئەيسا پەيغەمبەرنى دېمەكچى.
[199] مۇھەممەت پەيغەمبەرنى دېمەكچى.
[200] ئىلى ئەركىنى ــ ئىلى رايونىنىڭ چوڭى، يۇرت باشلىقى.
[201] ئوتۇن ــ (ق. ئۇ) گۇستاخ؛ ئەھمىيەتسىز.
[202] تۇزۇم ــ (ق. ئۇ) پاك قەلبلىك كىشىزىم.
[203] چايان ــ (ئەقرەب) يۇلتۇز نامى.
[204] بۆكە ياكى بۇگە ــ (ق. ئۇ) قەھرىمان، جەسۇر، باتۇر.
[205] شەر ــ (ئە) يامانلىق.
[206] سوغۇن ــ (ق. ئۇ) تاغ تېكىسى.
[207] ھەشەم ــ (ئە) سەلتەنەت داغدۇغىلىرى.
[208] ئۇنى ــ شۆھرىتى.
[209] يىراق ــ (ق. ئۇ) يىراقلاش (بۇيرۇق پېئىل).
[210] بۇ جايدا نەمرۇت ۋەقەسىگە ئىشارەت قىلىندۇ.
[211] تەرەپ ــ (ئە) خۇشاللىق، نەشئە، ھۇزۇر.
[212] مەئيۇپ ــ (ئە) قۇسۇرلۇق، ئەيىبلىك.
[213] قەسەپ ــ (ئە) ھىندىستان شايىسى.
[214] تۇزى رۇمىي ــ (ئە) رۇم (ۋىزانتىيە) كىمخابلىرى.
[215] كەۋەل تازى ــ (پ) يۈگۈرۈك ئەرەب ئىتى.
[216] بۇكتەل ــ (ق. ئۇ) بىر خىل چىرايلىق ئات.
[217] ئارغۇن ــ (ق. ئۇ) ياۋا ئات بىلەن نەسىللەنگەن ئارغىماق.
[218] تېتىر ــ (ق. ئۇ) ھىڭگاڭ، چىشى تۆگە.
[219] قوتۇز ــ (ق. ئۇ) قوتاز.
[220] ئىۋىن ــ (ق. ئۇ) كېيىكنىڭ بىر خىلى.
[221] قورداي، يۇغاق، توي، يۇگدىك، تودلىچ، قاق ــ (ق. ئۇ) قۇشلارنىڭ نامى.
[222] خۇلقى تۇرى ــ (ق. ئۇ) قىلىقى سوغۇق، تېتىقسىز.
[223] ئايار ــ (ئە) ئالتۇن ـ كۈمۈش پۇلنىڭ ساپلىقى.
[224] ئۆچۈن ــ ئۆچلۈك.
[225] قارىقۇش ــ مۇشتىرى (يۇپىتېر) يۇلتۇزىنى دېمەكچى.

[226] يىلدىرىق، ئايغىر، ئەرەنتىر (ق. ئۇ) — يۇلتۇز ناملىرى.

[227] ئىبرى — (ئە) سۇرە ئەبرى 33 - ئىزاھاتقا قاراڭ.

[228] سارت — بۇ يەردە سودىگەر مەنىسىدە.

[229] يانۇتلۇق كىشى — (ق. ئۇ) ياخشىلىققا ياخشىلىق ياندۇرغۇچى كىشى.

[230] تازى تاي — نەسىللىك ئەرەب ئېتى.

[231] ئۇن چوغى — (ق. ئۇ) غوۋغا قىلماق.

[232] تاڭۇق — (ق. ئۇ) زۇلۇم، ئېزىش - ئېزىلىش.

[233] بۇلغانۇق — (ق. ئۇ) قالايمىقانچىلىق، ئىسيان، توپىلاڭ.

[234] كۇركۇم ئۆگىت — ئۇۋىتىلغان (كۇكۇم - تالقان قىلىنغان) نەرسىلەر.

[235] ئەتچى — (ق. ئۇ) مال سويغۇچى ياكى گۆش ساتقۇچى، قاسساپ، بۇ يەردە «ئەزرائىل» دېمەكچى.

[236] ئوتۇن — (ق. ئۇ) جاھىل، گۇستاخ، پەس، رەزىل.

[237] يۇلۇغ — (ق. ئۇ) فىدىيە، يەنى دىنىي ئېتىقاد بويىچە، گۇناھلارنىڭ كەفارىتى ئۈچۈن بىرەر نەرسىنى قۇربان قىلماق.

[238] بەكى — (ق. ئۇ) مۇستەھكەم، ساغلام، بەك، پۇختا (كىشى).

[239] يۇل — (ق. ئۇ) بۇلاق.

[240] قارىقۇش — مۇشتىرى (يۇپىتېر) يۇلتۇزىدىن كىنايە.

[241] يەتىگەن — چوڭ ئېيىق ياكى يەتتە قاراقچى يۇلتۇزى.

[242] يىلدىرىق — چوڭ پىسا يۇلتۇزى.

[243] ئايغىر — سىرىئوس يۇلتۇزى.

[244] ئېرەنتىر — مۇشتىرى يۇلتۇزى.

[245] ۋىردىن — (ئە) بەلگىلىك چاغلاردا ئوقۇلىدىغان بىر خىل دۇئا.

[246] ئامۇل — (ق. ئۇ) تەمكىن، ۋەزمىن، ئېغىر - بېسىق.

[247] يانۇت — (ق. ئۇ) جاۋاب.

[248] قۇمارۇ — (ق. ئۇ) ۋەسىيەت، نەسىھەت، مىراس، بۇ يەردە ئودغۇرمىشنىڭ خىزمەتچىسى مەنىسىدە.

[249] ئۆگكىدەك — (ق. ئۇ) ماختىنغۇدەك.

[250] ساران — (ق. ئۇ) پىخسىق.

[251] ئەمرىمەرۇپ — (ئە) ياخشىلىققا بۇيرۇماق.

[252] تەڭرىلىك — خۇداگوي.

[253] قىلما ئۇچ — ئۈچىنچى بىر يولنى ئىزدەپ يۇرمە دېمەكچى.

[254] قۇلۇغ — (ق. ئۇ) قۇلنى، يەنى بەندىنى دېمەكچى.

[255] غەپۇر — (ئە) ئەپۇ قىلغۇچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



[256] پەلىد — (پ) پاسكىنا نەرسە.
[257] ئىدتىم — (ق. ئۇ) ئۆتكۈزۈۋەتتىم.
[258] قاچىتتىم — (ق. ئۇ) قاچۇرۇۋەتتىم.
[259] ئايىتتىم — (ق. ئۇ) سورىدىم، سوراشتۇردۇم.
[260] كۆرەتتىم — (ق. ئۇ) قولدىن چىقىرىۋەتتىم.
[261] كىسرا — ئىران شاھلىرىنىڭ ئۇنۋانى.
[262] قەيسەر — رۇم شاھلىرىنىڭ ئۇنۋانى.
[263] ھەيدەر — ھەزرىتى ئەلىنىڭ لەقىمى.
[264] باسىتتىم — (ق. ئۇ) باستۇردۇم.
[265] سوغۇن — تاغ ئۆچكىسى.
[266] ئۇرا — رەتلەپ.
[267] يورا — يورۇتۇپ، ئىزاھلاپ.
[268] ھىجرىيە تۆت يۈز ئاتمىش ئىككىنچى يىلى.
[269] جان سۇرە — (ق. ئۇ) جان بىلەن تىرىشىپ.
[270] ئارقارا — (ق. ئۇ) ئارقىدا.
[271] ئودغۇرا — (ق. ئۇ) ئويغىتىپ.
[272] تۇرغۇرا — (ق. ئۇ) بەھرىمەن قىلىپ.
[273] ئەرتۇرە — ئۇلاشتۇرۇپ.

# 《新疆文库》第一批出版文献目录

下列未注明文种的均为汉文文献，标注●者为已出版文献

## 甲部：新疆各民族经典力作

● 1 **福乐智慧**（汉文全译本） 优素甫·哈斯·哈吉甫著 郝关中等译 新疆人民出版社

● 2 **福乐智慧**（维吾尔文古语散文体今译本） 维吾尔文 优素甫·哈斯·哈吉甫著 新疆社会科学院民族文学研究所译 新疆人民出版社 2013.11

● 3 **福乐智慧**（维吾尔文古语诗体今译本） 维吾尔文 优素甫·哈斯·哈吉甫著 新疆社会科学院民族文学研究所译 新疆人民出版社 2013.11

4 **福乐智慧**（手抄本影印本） 回鹘文、阿拉伯文 优素甫·哈斯·哈吉甫著 新疆人民出版社

5 **突厥语大词典**（汉文全译本） 麻赫默德·喀什噶里著 校仲彝等译 新疆人民出版社

6–7 **突厥语大词典**（维吾尔文全译本） 维吾尔文 麻赫默德·喀什噶里著 新疆人民出版社

8 **突厥语大词典**（维吾尔文索引本） 维吾尔文 麻赫默德·喀什噶里著 新疆人民出版社

9 **突厥语大词典**（手抄本影印本） 阿拉伯文 麻赫默德·喀什噶里著 新疆人民出版社

10 **中国维吾尔十二木卡姆**（原始录音图书版） 维吾尔文 库尔班·巴拉提等整理 新疆青少年出版社

11 **中国维吾尔十二木卡姆**（原始录音CD版） 维吾尔文 新疆音像出版社整理 新疆音像出版社

● 12–13 **江格尔**（史诗歌手演唱原文记录本）（1）（2）（附光盘） 蒙古文 新疆民间文艺家协会搜集、整理 新疆人民出版社 新疆音像出版社 2013.11

● 14 **格斯尔**（史诗歌手演唱原文记录本） 蒙古文 新疆民间文艺家协会搜集、整理 新疆人民出版社 2013.11

● 15–18 **玛纳斯**（居素甫·玛玛依演唱原文记录本）（1）（2）（3）（4） 柯尔克孜文 新疆民间文艺家协会搜集、整理 新疆人民出版社

19–22 **玛纳斯**（史诗歌手演唱原文记录本）（1）（2）（3）（4） 柯尔克孜文 新疆民间文艺家协会搜集、整理 新疆人民出版社

## 乙部：新疆珍贵史籍和史料

1–2 **二十四史西域史料汇编** 陈世明等辑注 新疆大学出版社

● 3 **二十四史西域史料译注——《史记》《汉书》** 维吾尔文 新疆大学中亚文化研究所编译 新疆人民出版社 2013.11

● 4 **二十四史西域史料译注——《后汉书》《三国志》《晋书》《宋书》** 维吾尔文 新疆大学中亚文化研究所编译 新疆人民出版社 2013.11

● 5 **二十四史西域史料译注——《魏书》《北齐书》《周书》《隋书》《北史》** 维吾尔文 新疆大学中亚文化研究所编译 新疆人民出版社 2013.11

● 6 **二十四史西域史料译注——《新唐书》** 维吾尔文 新疆大学中亚文化研究所编译 新疆人民出版社 2013.11

7 二十四史西域史料译注——《新五代史》《宋史》《辽史》《金史》《元史》《明史》 维吾尔文 新疆大学中亚文化研究所编译 新疆人民出版社 2013.11

8 **山海经** 佚名 新疆人民出版社

**穆天子传** 佚名 新疆人民出版社

**佛国记** 晋·法显 新疆人民出版社

9 **大唐西域记** 唐·玄奘 新疆人民出版社

10 **宋云行记** 北魏·宋云 新疆美术摄影出版社

**往五天竺国记** 唐·慧超 新疆美术摄影出版社

**悟空入竺记** 唐·悟空 新疆美术摄影出版社

**杜环经行记** 唐·杜环 新疆美术摄影出版社

**使于阗记** 宋·高居诲 新疆美术摄影出版社

**西州使程记** 宋·王延德 新疆美术摄影出版社

**西游录** 元·耶律楚材 新疆美术摄影出版社

**长春真人西游记** 元·邱处机 新疆美术摄影出版社

**西使记** 元·刘郁 新疆美术摄影出版社

**北使记** 金·刘祁 新疆美术摄影出版社

**西域番国志、西域行程记** 明·陈诚 新疆美术摄影出版社

11–12 **西征纪略** 清·张寅 新疆人民出版社

**异域录** 清·图理琛 新疆人民出版社

**从军杂记** 清·方观承 新疆人民出版社

**西北域记** 清·谢济世 新疆人民出版社

**昆仑河源考** 清·万斯同 新疆人民出版社

**西行日记** 清·赵钧彤 新疆人民出版社

**西征纪程** 清·王大枢 新疆人民出版社

**西行纪程** 清·杨炳堃 新疆人民出版社

**轮台杂记** 清·史善长 新疆人民出版社

**东归日记** 清·方士淦 新疆人民出版社

**红山碎叶** 清·黄濬 新疆人民出版社

**莎车行记** 清·倭仁 新疆人民出版社

**西行日记** 清·冯焌光 新疆人民出版社

**冰岭纪程** 清·景廉 新疆人民出版社

**西辕琐记** 清·宋伯鲁 新疆人民出版社

**辛卯侍行记** 清·陶保廉 新疆人民出版社

**河海昆仑录** 清·裴景福 新疆人民出版社

**昆仑旅行日记** 清·温世霖 新疆人民出版社

**辛亥抚新纪程附壬子归程记** 清·袁大化 新疆人民出版社

**新疆伊犁乱事本末** 清·袁大化 新疆人民出版社

**西陲今略（秦边纪略）** 清·梁份 新疆人民出版社

**塞北纪闻、塞北纪程** 清·马思哈 新疆人民出版社

**西征纪略** 清·殷化行 新疆人民出版社

13–14 **三州辑略** 清·和宁 新疆青少年出版社

15 **乌鲁木齐事宜** 清·永保 新疆青少年出版社

**塔尔巴哈台事宜** 清·永保 新疆青少年出版社

**伊犁事宜** 清·永保 新疆青少年出版社

**乌什事宜（孚化志略）** 清·保恒、达绶 新疆青少年出版社

**乌鲁木齐政略** 清·索诺木策凌 新疆青少年出版社

**喀什噶尔英吉沙尔事宜** 清·永保 新疆青少年出版社

**喀什噶尔略节事宜** 清·珠克登 新疆青少年出版社

**喀喇沙尔事宜** 清·斐森布 新疆青少年出版社

**新疆大记、新疆大记补编** 清·阚凤楼，吴廷燮补 新疆青少年出版社

16 **中亚蒙兀儿史——拉失德史** 米尔咱·马黑麻·海达尔著 新疆人民出版社

17 **中亚蒙兀儿史——拉失德史** 维吾尔文 米尔咱·马黑麻·海达尔著 新疆人民出版社

18 **中国经营西域史** 曾问吾 新疆人民出版社

19–24 **新疆图志** 清·袁大化主修 王树枏主纂 新疆人民出版社

25 **那文毅公奏议** 清·那彦成 新疆人民出版社

**刘襄勤公奏稿** 清·刘锦棠 新疆人民出版社

**陶勤肃公奏议遗稿** 清·陶模 新疆人民出版社

**伊犁将军马广奏稿** 清·马亮、广福 新疆人民



www.uyghurkitap.com

出版社

26 **西域图志**(校注本) 清·傅恒 主纂 新疆人民出版社

27 **新疆乡土志稿** 马大正等 整理 新疆人民出版社

● 28-31 **中国史书中有关哈萨克族族源史料选译** 哈萨克文 课题组 译 民族出版社

32 **汉文文献中有关柯尔克孜族历史材料选编** 柯尔克孜文 马克来克、曼别特等 新疆人民出版社

33-34 **西域同文志** 汉文、满文 清·傅恒 撰 新疆人民出版社 新疆美术摄影出版社

## 丙部:新疆历代各类人物文集、传记

1-7 **补过斋文牍** 杨增新 新疆人民出版社

## 丁部:综合性、专题性著述集

1 **西域文明史概论** (日)羽田亨著 耿世民译 新疆人民出版社

**西域文化史** (日)羽田亨著 耿世民译 新疆人民出版社

**西域之佛教** (日)羽溪了谛著 贺昌群译 新疆人民出版社

**西域研究** (日)藤田丰八著 杨炼译 新疆人民出版社

**张骞西征考** (日)桑原骘藏著 杨炼译 新疆人民出版社

2-5 **锡伯文古典文献**(1-4) 锡伯文 佟克力、佟玉泉编 新疆人民出版社

www.uyghurkitap.com

«شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلىش ھەيئىتى

# قۇتادغۇ بىلىك

## ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسى

**ئاپتورى:** يۈسۈپ خاس ھاجىپ
**يەشمىسىنى ئىشلىگۈچىلەر:** ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەھمەد زىيائىي مەمتىمىن يۈسۈپ
**مەسئۇل مۇھەررىرلىرى:** ئابدۇراخمان ئەبەي مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
**مەسئۇل كوررېكتورلىرى:** ئادالەت مەخسۇت گۈلشەھەر نېمەت
**باش لايىھەلىگۈچىلەر:** تىڭ چېڭچۈن ليۇ كەنخەي
**باسما نازارەتچىسى:** جېڭ جۇڭ
**مۇقاۋا خېتىنى يازغۇچى:** مەمەت نەۋبەت

**نەشر قىلغۇچى:** «شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى»نى تۈزۈپ نەشر قىلىش ھەيئىتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**تېلېفون:** 0991 - 2827472
**بەت ياسىغۇچى:** ئەكبەر سالىھ
**باسقۇچى:** جۇڭخۇا سودا بىرلەشمە باسما (گۇاڭدۇڭ) چەكلىك شىركىتى
**نەشرى:** 2013 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ بېسىلىشى
**فورماتى:** 1/16 889 × 1194
**باسما تاۋىقى:** 48.625
**خەت سانى:** 1 مىليون 381 مىڭ
**تىراژى:** 1 — 1500
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 16921-4
**باھاسى:** 195.00 يۈەن

«شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسى» ھۆكۈمەت تور ئادرېسى: http://www.xjwenku.com